

لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى

پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرى، بىرلىشىڭلار!

لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى

1 ـ توم (II)

مىللەتلەر نەشرىياتى

سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاپتىكى ئىككى تاكتىكىسى[221]

سوز بېشى

ئىنقىلاپ مەزگىلىدە، ئىنقىلاۋىي پارتىيىنىڭ تاكتىكىلىق شوئارلىرىغا باھا بېرىش ئۈچۈن ئىنتايىن مول يېڭى ماتېرىياللارنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ۋەقەلەر تەرەققىياتىغا يېتىشىۋېلىش ناھايىتى تەس. بۇ كىتابچە ئودېسسا ۋەقەسى① يۈز بېرىشتىن بۇرۇن يېزىلغان. بىز «پرولېتارلار» گېزىتىدە[222] (9-سان، «ئىنقىلاپ كىشىلەرگە تەلىم بەرمەكتە» دېگەن ماقالىدا)②، بۇ ۋەقەنىڭ مەجبۇر قىلىشى ئارقىسىدا ھەتتا جەريان قوزغىلاڭ نەزەرىيىسىنى توقۇپ چىققان ھەممە ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەتنى تەشۋىق قىلىشنى ماقۇل كۆرمەيدىغان سوتسىيال دېموكراتلارمۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ مۇخالىپى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى ياكى ئۆتۈپ كېتىشكە باشلىدى، دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئىنقىلاپ كىشىلەرگە شۇنچە چاپسان، شۇنچە تەلتۆكۈس تەلىم بەرمەكتىكى، بۇ تېچ سىياسى تەرەققىيات دەۋرىدە

① بۇ يەردە "كىنەز پوتيومكىن" دېگەن پولات قاپلىمىلىق كاراپتا كوتىرىلگەن قوزغىلاڭ كوزدە تۇتۇلىدۇ. (ئاپتورنىڭ 1907-يىلدىكى نەشرىگە قوشقان ئىزاھى. — تەھرىردىن)

② «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 9-توم، 134-بەتكە قارالسۇن. — تەھرىردىن

بولمايدىغان نەرسىدەك كۆرۈندۇ. ئالاھىدە مۇھىم يېرى شۇكى، ئىنقىلاپ رەھبەرلەرگىلا ئەمەس، بەلكى ئاممىغىمۇ تەلىم بەرمەكتە.

شەك-شۈبھىسىزكى، ئىنقىلاپ روسىيىدىكى ئىشچىلار ئاممىسىغا سوتسيال دېموكراتىزمنى ئۆگىتىدۇ. ئىنقىلاپ ئەمەلىيەتتە سوتسيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ پۇروگىراممىسى ۋە تاكتىكىسىنىڭ توغرى-لىقىنى ئىسپاتلايدۇ، ئىنقىلاپ ھەر خىل ئىجتىمائىي سىنىپلارنىڭ ھەقىقى تەبىئىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ، ئېلىمىزدىكى دېموكراتىيىچىلەرنىڭ بۇرژۇئا خاراكتېرىنى ۋە دېھقانلارنىڭ ھەقىقى يۈزلىنىشىنى ئېچىپ بېرىدۇ؛ دېھقانلار بۇرژۇئا دېموكراتىزمىچە ئىنقىلاۋىلىقتا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا "ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش" ئىدىيىسى ئەمەس، بەلكى دېھقان بۇرژۇئازىيىسى بىلەن يېزا پرولې-تارىياتى ئوتتۇرىسىدىكى يېڭى سىنىپىي كۈرەش يوشۇرۇنۇپ ياتماقتا. كونا نارودنىكلارنىڭ كونا خىياللىرىنى، مەسىلەن، "سوتسيال ئىنقى-لاپچىلار پارتىيىسى"208 نىڭ پۇروگىراما لايىھىسىدە، روسىيىدىكى كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدىكى مەسىلىدىمۇ، ئېلىمىز "جەمىيىتى"نىڭ دېموكراتىك خاراكتېرى توغرىسىدىكى مەسىلىدىمۇ، دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ پۈتۈنلەي غەلىبە قىلىشىنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدىكى مەسىلىدىمۇ روشەن كۆرۈنۈپ تۇرغان بارلىق خىياللىرىنى ئىنقىلاپ بورانلىرى رەھىمسىز تۇردە، ئۈزۈل-كېسىل ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ. ئىنقىلاپ ھەرقايسى سىنىپلارنى تۇنجى قېتىم ھەقىقى سىياسى چىنىقىشتىن ئۆتكۈزىدۇ. بۇ سىنىپلار ئىنقىلاپتا مەلۇم سىياسى قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ پۇروگىراممىلىرى بىلەن تاكتىكىلىق شوئارلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى ئاممىنىڭ ئاشكارا سىياسى ھەركەتلىرىدىمۇ ئۆزلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىنقىلاپ بىزگە تەلىم بېرىدۇ، خەلق ئاممىسىغا تەلىم بېرىدۇ، بۇنىڭدا شەك يوق. بىراق، كۈرەش قىلىۋاتقان بىر پارتىيە ئۈچۈن

ئېيتقاندا، هازىرقى مەسىلە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بىز ئىنقىلاپقا ئانچە-مۇنچە بىر نەرسە ئۆگىتەلەيمىزمۇ؟ ئىنقىلاپقا پرولېتارىيات تامغىسىنى بېسىش ئۈچۈن، ئىنقىلاپنى ئېغىزدا ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەتتە ھەقىقى، ئۇزۇل-كېسىل غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، دېموكراتىيىچى بۇرژۇئازىيىنىڭ تۇراقسىزلىغى، يېرىم-ياتىلىغى ۋە ساتقىنلىغىغا يول قويماسلىق ئۈچۈن، ئۆزىمىزنىڭ سوتسىيال دېموكراتىزىملىق تەلىماتىمىزنىڭ توغرىلىغىدىن، ئۆزىمىزنىڭ بىردىن-بىر ئۇزۇل-كېسىل ئىنقىلاۋىي سىنىپ پرولېتارىيات بىلەن بولغان ئالاقىمىزدىن پايدىلىنالايمىزمۇ؟

بىز بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن بارلىق كۈچىمىزنى ئىشقا سېلىشىمىز كېرەك. ئەمما بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، سىياسى ۋەزىيەت ئۈستىدىكى مولچەرىمىز توغرا بولۇشى، تاكتىكىلىق شوئارلىرىمىز توغرا بولۇشى لازىم؛ يەنە بىر تەرەپتىن بولسا، بۇ شوئارلارنى ئىشچىلار ئاممىسى ئەمەلىي جەڭگىۋار كۈچلىرى بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلەيدىغان بولۇشى لازىم. پارتىيىمىزنىڭ بارلىق تەشكىلاتلىرى ۋە مۇئەسسەسلىرىنىڭ ھەر كۈنى، ھەر دائىم ئىشلەيدىغان ھەنىنىۋا خىزمەتلىرى، يەنى تەشۋىقات، تەرغىبات ۋە تەشكىلىي خىزمەتلىرى بىزنىڭ ئامما بىلەن بولغان ئالاقىمىزنى كۈچەيتىش ۋە كېڭەيتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ خىزمەت ھەرقانداق چاغدا زورۇر، ئەمما ئىنقىلاپ مەزگىلىدە ئۇنى ئالاھىدە چىڭ تۇتۇپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ۋاقىتلاردا ئىشچىلار سىنىپى تەبىي ھالدا ئاشكارا ئىنقىلاۋىي قوزغىلىشقا قاراپ ئىنتىلىدۇ، بىز بۇنداق قوزغىلىش ئالدىغا توغرا ۋەزىپە قويۇشقا ماھىر بولۇشىمىز، ئاندىن كېيىن بۇ ۋەزىپىلەرنى كىشىلەرگە ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە كەڭ تۈردە بىلدۈرۈشىمىز ۋە چۈشەندۈرۈشىمىز لازىم. ئۇنتۇماسلىق لازىمكى، بىزنىڭ ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز توغرىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن

ئۇمتىسىزلىك بولۇپمۇ ھازىرقى ۋاقىتتا كىشىلەرنىڭ پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاپتىكى رولى توغرىسىدىكى بۇرژۇئاچە ئىدىيىلىرىنى دائىم دېگۈدەك پەردىلەپ تۇرماقتا. شۈبھىسىزكى، ئىشچىلار سىنىپىنى تەربىيىلەش ۋە تەشكىللەش جەھەتتە يەنە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەشمىزگە توغرا كېلىدۇ، لېكىن ھازىر ھەممە گەپ شۇ يەردىكى، مۇنداق تەربىيىلەش ۋە تەشكىللەش خىزمەتلىرىنىڭ ئاساسىي سىياسى سالمىقىنى نەگە قارىتىش كېرەك، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە قانۇنىي جەمئىيەتلەر تەرەپكە قارىتىش كېرەكمۇ ياكى قوراللىق قوزغىلاڭ تەرەپكە، ئىنقىلاۋىي ئارمىيە ۋە ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەت قۇرۇش تەرەپكە قارىتىش كېرەكمۇ؟ بۇ خىزمەتلەرنىڭ ھەر ئىككىسىدىمۇ ئىشچىلار سىنىپىنى تەربىيىلىگىلى ۋە تەشكىللىگىلى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ خىزمەتلەرنىڭ ھەر ئىككىسى زۆرۈر. ئەمما ھازىرقى ۋاقىتتا، نۆۋەتتىكى ئىنقىلاپتا، ھەممە گەپ ئىشچىلار سىنىپىنى تەربىيىلەش ۋە تەشكىللەش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى قايسى تەرەپكە قارىتىش كېرەك: بىرىنچىسىگىمۇ ياكى ئىككىنچىسىگىمۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ قالدى.

ئىشچىلار سىنىپى بۇرژۇئازىيىنىڭ مۇستەبىتلىككە ھۇجۇم قىلىش جەھەتتىن كۈچلۈك، ئەمما سىياسىي جەھەتتىن كۈچسىز بولغان ياردەمچىسى بولالمىدۇ، ياكى بولمىسا، خەلق ئىنقىلاۋىنىڭ رەھبىرى بولالمىدۇ، — ئىنقىلاپنىڭ ئاقىۋىتى ئەنە شۇنىڭغا باغلىق. بۇرژۇئازىيىنىڭ سەزگۈر كىشىلىرى بۇنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنىدۇ. شۇڭا، «ئازاتلىق» ژۇرنىلى[223] ئاكىمووچىلىقنى يەنى ھازىر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىلەن قانۇنىي جەمئىيەتلەرنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىۋاتقان سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ئىچىدىكى "ئىقتىساتىۋازلىق"نى ماختىماقتا. شۇ سەۋەپتىن، ستروۋې ئەپەندى يېڭى ئوچقۇنچىلار ئىچىدىكى ئاكىمووچىلىقنىڭ پىرىنسىپلىق يۈزلىنىشىنى ئالقىشلايدۇ («ئازات-

لىق» ژۇرنىلى 72 ـ سان). شۇڭا، ئۇ روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ 3 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ قارارلىرىدا ئىپادىلەنگەن نەپرەتلىك ئىنقىلاۋىي تار رامكىلىقتا جان ـ جەھلى بىلەن ھۇجۇم قىلىدۇ.

ئامىمىغا رەھبەرلىك قىلىشتا سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ توغرا تاكتىكىلىق شوئارى، ھازىر ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىنقىلاپ مەزگىلىدە پىرىنسىپ جەھەتتىن كەسكىن شوئارلارنىڭ ئەھمىيىتىگە سەل قاراشتىنمۇ خەۋپلىك ئىش يوق. مەسىلەن، «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ[138] 104 ـ سانى، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ئىچىدىكى مۇخالىپى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى، ئەمما بۇ ئەينى ۋاقىتتا يەنە ئەمەلىي تۇرمۇشنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان، ھەركەت ئۈچۈن (گەرچە بەزى ئۇقۇشسىزلىقلارغا دۇچكەلگەن، بەزى خاتالىقلارنى سادىر قىلغان تەقدىردىمۇ ۋە باشقا ھاللاردىمۇ) ئالغا بېسىش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان شوئارلار ۋە تاكتىكىلىق قارار-لارنىڭ ئەھمىيىتىگە سەل قارىدى. دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، ۋەقەلەر-نىڭ كەينىدىنلا نائىلاج سۆرىلىپ يۈرمەي ماركسىزمنىڭ تەۋرەنمەس پىرىنسىپلىرىغا ئاساسەن پرولېتارىياتقا رەھبەرلىك قىلماقچى بولغان پارتىيە ئۈچۈن، توغرا تاكتىكىلىق قارارلارنى چىقىرىش غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە. روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى 3 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ[224] ۋە پارتىيىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتكەن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ① قارارلىرىدا ئايرىم يازغۇ-

① روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ 3 ـ قۇرۇلتىيى (1905 ـ يىل 5 ـ ئايدا لوندوندا ئۆتكۈزۈلگەن) غا بولشېۋىكلەرلا قاتناشقان. "ۋەكىللەر يىغىنى" (بىرلا ۋاقىتتا جەنۋەدە ئۆتكۈزۈلگەن) غا مېنشېۋىكلەرلا قاتناشقان. بۇ كىتاپچىدا مېنشېۋىكلەر، كۆپىنچە، "يېڭى ئۇچقۇنچىلار" دەپ ئاتىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار «ئۇچقۇن» گېزى-

چىلارنىڭ ئاغزىدىن تاسادىپى ھالدىلا چىقىپ كەتكەن بولماستىن،
بەلكى سوتسيال دېموكراتىزىمچى پۇرولېتارىياتىنىڭ مەسئۇل ۋەكىل-
لىرى رەسمىي ماقۇللىغان تاكتىكىلىق نۇقتىنەزەرلەر ئىنتايىن ئېنىق،
ئىنتايىن ئەتراپلىق، ئىنتايىن تولۇق ئىپادىلەنگەن. بىزنىڭ پارتىيە-
مىز ھەرقانداق پارتىيىدىن ئىلغار، ئۇ پۈتۈن پارتىيە ماقۇللىغان مۇكەم-
مەل پۇروگىراممىغا ئىگە. مەيدانىمىزنىڭ "ئازاتلىق جەمىيىتى"گە
مەنسۇپ بولغان دېموكراتىيىچى بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئاغمىچىلىق
مەيدانىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغانلىغىنى، ئىنقىلاپ مەزگىلى يېتىپ
كەلگەندە ئاندىن ئوزىنىڭ پۇروگىراممىسى "لايىھە"سىنى ئوتتۇرىغا
قويۇشنى ئۇشتۇمتۇت يادىغا كەلتۈرىدىغان، ئاندىن نوۋەتتە بولۇۋات-
قان ئىنقىلاپنىڭ بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى
تەتقىق قىلىشقا كىرىشىدىغان سوتسيال ئىنقىلاپچىلارنىڭ ئىنقىلاپ
توغرىسىدىكى قۇرۇق سوزلىرىگە ئوخشىمايدىغانلىغىنى ئىپادىلەش
ئۈچۈن، پارتىيىمىز ئوزىنىڭ تاكتىكىلىق قارارلىرىغا جىددى مۇئامىلە
قىلىش جەھەتتىمۇ باشقا پارتىيىلەرگە ئۈلگە كورسىتىشى لازىم.

ئەنە شۇ سەۋەپتىن بىز روسىيە سوتسيال دېموكراتىك ئىشچىلار
پارتىيىسىنىڭ 3-قۇرۇلتىيىنىڭ تاكتىكىلىق قارارلىرىنىمۇ، ۋەكىللەر
يىغىنىنىڭ تاكتىكىلىق قارارلىرىنىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىپ،
ئۇ قارارلارنىڭ قايسىلىرىدا ماركسىزىم پىرىنسىپىدىن چەتلەشتەك
ئېغىشنىڭ بارلىغىنى ئېنىقلاش، سوتسيال دېموكراتىزىمچى پۇرولېتا-

تىنى داۋاملىق چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن ئوزلىرىنىڭ شۇ چاغدىكى
مەسىلەكدىشى تروتسكىنى جارچى قىلىپ تۇرۇپ، كونا «ئۇچقۇن»
گېزىتى بىلەن يېڭى «ئۇچقۇن» گېزىتى ئوتتۇرىسىدا بىر ھاڭ
بارلىغىنى جاكالىغان ئىدى. (ئاپتورنىڭ 1907-يىلدىكى نەشرىگە
قوشقان ئىزاھى. — تەھرىردىن)

رىياتىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاپتىكى كونكرېت ۋەزىپىلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشنى، ئىنقىلاۋىي سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئەڭ جىددىي خىزمىتى، دەپ ھېساپلايمىز. بۇ كىتاپچە مانا شۇ ئىش ئۈچۈنلا يېزىپ چىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تاكتىكىمىزنى ماركسىزم پىرىنسىپلىرى ۋە ئىنقىلاپتىكى ساۋاقلار ئاساسىدا تەكشۈرۈپ چىقىش — ئاغزاكى ۋەز-نەسىھەت بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي، بەلكى روسسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ كېلىچەكتىكى تولۇق بىرلىگىنىڭ ئاساسىنى يارىتىش مەقسىدىدە ھەقىقى تاكتىكا بىرلىكىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشنى خالايدىغانلار ئۈچۈنمۇ زۆرۈر.

ن. لېنىن

1905-يىل 7-ئاي

1

جىددىي سىياسىي مەسىلە

نۆۋەتتىكى ئىنقىلاپ مەزگىلىنىڭ كۈنتەرتىۋىدە ئۇمۇم خەلق ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىنى چاقىرىش مەسىلىسى تۇرۇپتۇ. بۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىش توغرىسىدا پىكىر بىردەك ئەمەس. ھازىر 3 خىل سىياسىي يۈزلىنىش كۆرۈلمەكتە. چار ھۆكۈمىتى خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنى چاقىرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېتىراپ قىلدۇ، لېكىن بۇ ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ ئۇمۇم خەلقنىڭ يىغىنى ھەم ئاساسىي قانۇن تۈزىدىغان يىغىن بولۇپ قېلىشىنى ئىللا-بىللا خالىمايدۇ. بۇلىگىن ھەيئىتىنىڭ[225] خىزمىتى ھەققىدە گېزىتلەرگە بېسىلغان خەۋەرلەرگە قارىغاندا، چار ھۆكۈمىتى قاتتىق سالاھىيەت چەكلىمىسى ياكى قاتتىق تەبىقە چەكلىمىسى بولغان ھەمدە تەرغىبات ئەركىنلىكى بولمىغان شارائىتتا سايلىنىدىغان مەسلىھەت خاراكتېرلىق بىر يىغىننىڭ چاقىرىلىشىغا قوشۇلىدىغاندەك تۇرىدۇ. سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابىي پرولېتارىيات ھاكىمىيىتىنىڭ پۈتۈنلەي ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىغا مەنسۇپ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇمۇمىي سايلام ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش، تولۇق تەرغىبات ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا تىرىشىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى چار ھۆكۈمىتىنى دەرھال ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي

ھوكۇمەتنى قويۇشنى تەلەپ قىلدۇ. ئاخىردا، ئاتالمىش "كادىتلار پارتىيىسى"نىڭ[84] رەھبەرلىرى ئارقىلىق ئۆز ئارزۇسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن لىبىرال بۇرژۇئازىيە چار ھوكۇمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى تەلەپ قىلمايدۇ، ۋاقىتلىق ھوكۇمەت قۇرۇش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويمايدۇ، سايلامنىڭ پۈتۈنلەي ئەركىن ۋە پۈتۈنلەي ئادىل بولۇشىغا، ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ ھەقىقى ئومۇم خەلقنىڭ يىغىنى بولۇشى ۋە ھەقىقى ئاساسىي قانۇن تۈزىدىغان يىغىن بولۇشىغا ھەقىقى يوسۇندا كاپالەتلىك قىلىشتا چىڭ تۇرمايدۇ. ئەمىلىيەتتە، "ئازاتچىلار"نىڭ بىردىن-بىر مۇھىم ئىجتىمائى تۈۋرۈكى بولغان لىبىرال بۇرژۇئازىيە چار پادىشا بىلەن ئىنقىلاۋىي خەلقنىڭ مۇمكىن قەدەر تىنچ مۇرەسسەگە كېلىشىنى ئىستەيدۇ ھەمدە بۇنداق مۇرەسسە نەتىجىسىدە ھاكىمىيەتنىڭ ئەڭ كۆپ قىسمى ئۇزىنىڭ يەنى بۇرژۇئازىيىنىڭ قولىغا تېگىدىغان، ئەڭ ئاز قىسمى ئىنقىلاۋىي خەلقنىڭ يەنى پرولېتارىيات بىلەن دىخانلارنىڭ قولىغا تېگىدىغان بولۇشىنى ئىستەيدۇ.

نوۋەتتىكى سىياسى ۋەزىيەت ئەنە شۇنداق. ھازىرقى روسىيىدىكى 3 خىل ئاساسىي ئىجتىمائى كۈچكە مۇۋاپىق كېلىدىغان 3 خىل ئاساسىي سىياسى يۈزلىنىش ئەنە شۇنداق. "ئازاتچىلار" ئۇزلىرىنىڭ يېرىم-ياتا سىياسىتىنى، ئوچۇغىنى ئېيتقاندا، ئۇزلىرىنىڭ ئىنقىلاپتىن يۈز ئۆرۈش ۋە ئىنقىلاپقا ساتقۇنلۇق قىلىش سىياسىتىنى يالغان دېموكراتىيە ئىبارىلىرى بىلەن قانداق نىقاپلاپ يۈرگەنلىكى ئۈستىدە بىز «پرولېتارلار» گېزىتىدە (3-، 4-، 5-سانلاردا)[1] بىرقانچە قېتىم توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئەمدى بىز سوتسىيال دېموكراتلارنىڭ نوۋەتتىكى ۋەزىپىلەرنى قانداق مولچەرلەۋاتقانلىقىنى كۆزدىن

[1] «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 8-توم، 454 — 462-بەتلەرگە ۋە 479 — 492-بەتلەرگە قاراڭسۇن. — تەھرىردىن

كەچۈرەيلى. روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ 3 - قۇرۇلتىيى بىلەن پارتىيىدىن بولۇنۇپ چىقىپ كەتكەن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ”ۋەكىللەر يىغىنى“ يېقىندا ئايرىم-ئايرىم ھالدا ماقۇللىغان ئىككى قارار بۇ ئىشىمىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ماتېرىيال. بۇ ئىككى قارارنىڭ زادى قايسىسىدا نوۋەتتىكى سىياسى ۋەزىيەت توغرىراق مولچەرلەنگەن، ئىنقىلاۋىي پرولېتارىياتنىڭ تاكتىكىسى توغرىراق بەلگىلەنگەن — مانا بۇ، ئىنتايىن زور مەسىلە، زىممىسىدىكى تەشۋىقاتچىلىق، تەرغىباتچىلىق، تەشكىلاتچىلىق بۇرچىنى ئاڭلىق يوسۇندا ئادا قىلىشنى خالايدىغان ھەر بىر سوتسىيال دېموكرات مەسىلىنىڭ ماھىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان ئويلارنى تامامەن چۆرۈپ تاشلاپ، بۇ مەسىلىنى ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىشى كېرەك.

پارتىيىنىڭ تاكتىكىسى دېگەن پارتىيىنىڭ سىياسى ھەركىتى ياكى پارتىيىنىڭ سىياسى پائالىيىتىنىڭ خاراكتېرى، يۆنۈلۈشى ۋە ئۇسۇلى. پارتىيە قۇرۇلتىيى پۈتۈن پارتىيىنىڭ يېڭى ۋەزىيەتلىرى جەھەتتىكى سىياسى ھەركىتىنى يا بولمىسا يېڭى سىياسى ۋەزىيەتكە قارىتا قوللىنىش زۆرۈر بولغان سىياسى ھەركىتىنى ئېنىق بەلگىلەش ئۈچۈن تاكتىكىلىق قارار ماقۇللايدۇ. بۇ يېڭى ۋەزىيەتنى روسىيىدە باشلانغان ئىنقىلاپ يەنى مۇتلەق زور كۆپچىلىك خەلقنىڭ چار ھۆكۈمىتىدىن ئۈزۈل-كېسىل، قەتئىي ۋە ئوچۇق-ئاشكارا ئادا-جۇدا بولغانلىقى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. يېڭى مەسىلە قانداق ئەمەلىي ئۇسۇلنى قوللىنىپ ھەقىقى ئاساسىي قانۇن تۈزىدىغان ھەقىقى ئومۇمى خەلق يىغىنىنى چاقىرىشتىن ئىبارەت (بۇ يىغىن توغرىسىدىكى مەسىلىنى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى باشقا ھەممە پارتىيىلەردىن ئاۋال ئۆزىنىڭ پروگراممىسىدا نەزىرىيە جەھەتتىن ئاللىقاچان رەسمىي ھەل قىلىپ بولغان). خەلق ھۆكۈمەتتىن ئادا-جۇدا بولغان

ئىكەن، شۇنداقلا ئاما يېڭى تۈزۈم ئورنىتىشنىڭ لازىملىقىنىمۇ تونۇپ يەتكەن ئىكەن، ھوكۇمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى نىشان قىلغان پارتىيە ئاغدۇرۇپ تاشلىنىدىغان كونا ھوكۇمەتنىڭ ئورنىغا قانداق ھوكۇمەتنى قويۇش توغرىلىق ئويلىنىشى كېرەك. ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەت ھەققىدىكى **يېڭى** مەسىلە ئەنە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كېلىپ چىقتى. ئاڭلىق پرولېتارىيات پارتىيىسى بۇ مەسىلىگە تولۇق جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن، مۇنۇلارنى ئېنىق شەرھىلىشى كېرەك: بىرىنچى، ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەتنىڭ ھازىرقى بولۇۋاتقان ئىنقىلاپتىكى ۋە پرولېتارىياتنىڭ پۈتكۈل كۈرىشىدىكى **ئەھمىيىتى**؛ ئىككىنچى، ئۆزىنىڭ ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەتكە تۇتىدىغان **پوزىتسىيىسى**؛ ئۈچىنچى، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ بۇ ھوكۇمەتكە **قاتنىشىشتىكى** ئېنىق شەرتلىرى؛ تۆتىنچى، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى بۇ ھوكۇمەتتە بولمىغان ئەھۋالدا ئۇنىڭغا **تۈۋەندىن** بېسىم ئىشلىتىشنىڭ شەرتلىرى. مۇشۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئېنىق شەرھىلەنگەندىلا، ئاندىن پارتىيىنىڭ بۇ جەھەتتىكى سىياسى ھەرىكىتى پىرىنسىپلىق روشەن ۋە قەتئىي بولالايدۇ.

ئەمدى بىز روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى 3-قۇرۇلتىيى قارارىنىڭ بۇ مەسىلىلەرنى قانداق ھەل قىلغانلىقىنى كورۇپ باقايلى. بۇ قارارنىڭ تولۇق تېكىستى تۈۋەندىكىچە:

"ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەت توغرىسىدىكى قارار

1) مەيلى پرولېتارىياتنىڭ بىۋاستە مەنپەئەتى ئۈچۈن بولسۇن، ياكى پرولېتارىياتنىڭ سوتسىيالىزىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىدى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىكى مەنپەئەتى ئۈچۈن بولسۇن، مۇمكىن قەدەر تولۇق سىياسى ئەركىنلىك بولۇشى زورۇر، شۇ سەۋەپتىنمۇ مۇستەبىتلىك ھاكىمىيەت تۈزۈمى ئورنىغا دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى قويۇش زورۇر؛

2) روسسىيىدە يەقەت غەلىبىلىك خەلق قوزغىلىڭى ئارقىلىقلا دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ، ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەت غەلىبىلىك خەلق قوزغىلى-ڭىنىڭ ئورگىنى بولىدۇ، مۇشۇ ھوكۇمەتلا سايلام مۇسابىقىسى تەرغىباتىنىڭ تولۇق ئەركىن بولۇشىغا ھەمدە يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش يولى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ۋە ئومۇمى يۈزلۈك، باراۋەر، بىۋاستە بولىدىغان سايلام تۈزۈمى بويىچە، خەلق ئىرادىسىگە ھەقىقى يوسۇندا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىنى چاقىرىشقا كاپالەتلىك قىلالايدۇ؛

3) بۇ دېموكراتىك ئىنقىلاپ روسسىيىدە ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىجتىمائى-ئىقتىسادىي تۈزۈم شارائىتىدا بۇرژۇئازىيىنىڭ ھوكۇمرانلىغىنى ئاجىزلاشتۇرمايدۇ بەلكى كۈچەيتىدۇ؛ بۇرژۇئازىيە مەلۇم پەيتتە، روسسىيە پرولېتارىياتىنىڭ ئىنقىلاپ مەزگىلىدە قولىغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى بىر ئىلاج قىلىپ تارتىۋېلىش ئۈچۈن، مۇقەررەر ھالدا، قولىدىن كېلىدىغانلىكى ۋاستىلەرنى قوللىنىدۇ، —

مۇشۇ ئەھۋاللارنى كوزدە تۇتۇپ، روسسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ 3-قۇرۇلتىيى مۇنۇلارنى قارار قىلىدۇ:

(1) ئىشچىلار سىنىپى ئارىسىدا كەڭ تۈردە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئىنقىلاپنىڭ تولاراق قانداق يول بىلەن بېرىشى مۇمكىنلىگىنى، ئىنقىلاپ راۋاجلىنىپ مەلۇم ۋاقىتقا يەتكەندە ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەتنىڭ مۇقەررەر ھالدا مەيدانغا كېلىدىغانلىغىنى كونكرېت چۈشىندىغان قىلىش لازىم، پرولېتارىيات بو ھوكۇمەتتىن بىزنىڭ پروگراممىمىز (تۈۋەن پروگراممىدا) ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھازىرقى ھەممىۋا سىياسى تەلەپ ۋە ئىقتىسادىي تەلەپلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ؛

(2) مۇبادا كۈچ سېلىشتۇرمىسى ۋە ئالدىنالا ئېنىق ھوكۇم

قىلغىلى بولمايدىغان ئامىللار بىزگە پايدىلىق بولۇپ قالسا، بارلىق ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئۇرۇنۇشلارغا قارشى شەپقەتسىز كۈرەش قىلىش ھەمدە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئالاھىدە مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، پارتىيىمىز ئۆزىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللىرىنى ئەۋەتىپ ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەتكە قاتناشتۇرسا بولىدۇ؛

(3) ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەتكە مۇشۇنداق قاتنىشىشنىڭ زورۇر شەرتلىرى مۇنۇلار: پارتىيە ئۆزىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللىرىنى قاتتىق نازارەت قىلىشى ھەمدە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قەتئىي ساقلىشى لازىم، چۈنكى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى تولۇق سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىدۇ، مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ باشقا بارلىق بۇرژۇئا پارتىيىلىرى بىلەن كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە قارىمۇ-قارشى؛

(4) سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەتكە قاتنىشىش ئىمكانىيىتىنىڭ بولۇش-بولماسلىقىدىن قەتئىي نەزەر، ئەڭ كەڭ پۇرولېتارىيات ئاممىسى ئوتتۇرىسىدا تەشۋىق قىلىش كېرەككى، ئۇلار سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى قوراللانغان پۇرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاپ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوغداش، مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش ئۈچۈن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە دائىم بېسىم ئىشلىتىشى لازىملىقىنى بىلىۋالسۇن.“

2

روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى 3 - قۇرۇلتىيىنىڭ ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەت توغرىسىدىكى قارارى بىزگە نىمىلەرنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ؟

روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى 3 - قۇرۇلتىيىنىڭ بۇ قارارىنىڭ تېمىسىدىنلا كورۇنۇپ تۇرۇپتۇكى، بۇ قاراردا پۈتۈنلەي ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەت توغرىسىدىكى مەسىلىلا بايان قىلىنغان. بۇ شۇنداق دېگەنلىك بولىدۇكى، سوتسىيال دېموكراتلارنىڭ ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەتكە قاتنىششى بۇ مەسىلىنىڭ بىر قىسمى. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ يەردە گەپ باشقا بىر نەرسە ئۈستىدە ئەمەس، ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەت ئۈستىدىلا بارىدۇ؛ شۇڭا، بۇ يەردە، مەسىلەن، "ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش" توغرىسىدىكى مەسىلە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەر زادىلا يوق. قۇرۇلتاينىڭ بۇ كېيىنكى مەسىلىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويغانلىقى توغرا بولغانمۇ؟ بۇنىڭ توغرا بولغانلىقىدا گەپ يوق، چۈنكى، روسىيىدىكى سىياسى ۋەزىيەت بۇنداق مەسىلىلەرنى زادىلا كۈنتەرتىپكە قويغىنى يوق. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئومۇمى خەلق ھازىر مۇستەبىتلىك تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ۋە ئاساسي قانۇن چىقىرىش كېڭەشىنى چاقىرىش مەسىلىسىنى كۈنتەرتىپكە قويماقتا. پارتىيە قۇرۇلتايلىرى ئوتتۇرىغا قويۇپ ھەل قىلىشقا

تېگىشلىك مەسىلىلەر — مەلۇم بىر يازغۇچى ئورۇنلۇق ياكى ئورۇنسىز هالدا تىلغا ئالغان مەسىلىلەر ئەمەس، بەلكى ۋەزىيەتنىڭ ۋە جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ بېرىشى مۇناسىۋىتى بىلەن جىددى سىياسى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مەسىلىلەر.

هازىرقى ئىنقىلاپتا ۋە پرولېتارىياتىنىڭ ئومۇمى كۈرىشىدە ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي هوكۇمەت قانداق ئەھمىيەتكە ئىگە؟ قۇرۇلتاينىڭ قارارى بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى، بۇ قارارنىڭ بېشىدىلا: مەيلى پرولېتارىياتنىڭ بىۋاستە مەنپەئەتى ئۈچۈن بولسۇن، ياكى "سوتسىيالىزمىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىدى" ئۈچۈن بولسۇن، "مۇمكىن قەدەر تولۇق سىياسى ئەركىنلىك"نىڭ بولۇشى زورۇر، دەپ كۆرسىتىلگەن. تولۇق سىياسى ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن بولسا، خۇددى پارتىيەمىزنىڭ پروگراممىسىدا ئاللىقاچانلا مۇئەي-يەنلەشتۈرۈلگىنىدەك، چار پادىشا مۇستەبىتلىگى ئورنىغا دېموكراتىك جۇمهۇرىيەت تۈزۈمىنى قويۇش لازىم. قۇرۇلتاينىڭ قارارىدا دېموك-راتىك جۇمهۇرىيەت تۈزۈمى شوئارىنىڭ تەكىتلىنىشى لوگىكا جەھەتتىنمۇ، پرىنسىپ جەھەتتىنمۇ زورۇر، چۈنكى، پرولېتارىيات دېموكراتىيە ئۈچۈن كۈرەشتە ئالدىنقى قاتاردا تۇرغۇچى جەڭچى بولغانلىقتىن، ئەنە شۇ تولۇق ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇشۇنداق تەكىتلەش هازىرقى ۋاقىتتا تېخىمۇ مۇۋاپىق، چۈنكى ئىلىمىزدە، دەل هازىرقى ۋاقىتتا، پادىشا-پەرەسلەر يەنى ئاساسى قانۇنچى "دېموكراتلار" پارتىيىسى دەپ ئاتالغان ياكى بولمىسا "ئازاتچىلار" پارتىيىسى دەپ ئاتالغان پارتىيە "دېموكراتىزىم" دىگەن نىقاپ بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ هەركەت قىلماقتا. جۇمهۇرىيەت تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، خەلق ۋەكىل-لىرى يىغىنىنىڭ بولۇشى مۇتلەق زورۇر هەمدە بۇ يىغىن چوقۇم ئومۇمى خەلقنىڭ يىغىنى (يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش يولى بىلەن

ئېلىپ بېرىلىدىغان ۋە ئومۇمى يۈزلۈك، باراۋەر، بىۋاسىتە بولىدىغان سايلام تۈزۈمى بويىچە سايلانغان) ۋە ئاساسىي قانۇن چىقىرىدىغان كېڭەش بولۇشى لازىم. بۇمۇ قۇرۇلتاي قارارىدا يۇقۇرقىلاردىن كېيىنلا مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. ئەمما، بۇ قارار مۇشۇنىڭ بىلەنلا تۈگمەيدۇ. "خەلق ئىرادىسىگە ھەقىقى يوسۇندا ۋەكىللىك قىلىدىغان" يېڭى تۈزۈمنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ۋەكىللەر يىغىنىنى ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭەشى دەپ ئاتاشلا كۇپايە قىلمايدۇ. بۇ كېڭەش بىرەر نەرسە "چىقىرالايدىغان" ھوقۇققا ۋە كۈچكە ئىگە قىلىنىشى كېرەك. قۇرۇلتاي قارارى بۇ نۇقتىنى نەزەرگە ئېلىپ، "ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭەشى" دىگەن بۇ شەكلەن شوئار بىلەن چەكلىنىپ قالماي، بۇ يىغىنىنىڭ ئوز ۋەزىپىلىرىنى ھەقىقى ئادا قىلىشىنىڭ بىردىن-بىر كاپالىتى بولالايدىغان تۈرلۈك ماددى شەرتلەرنى قوشۇمچە قىلدى. ئېغىزدىكى ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭەشىنى ئەمىلىيەتتىكى ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭەشىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ تۈرلۈك شەرتلىرىنى مۇشۇنداق كورسىتىش مۇتلەق زورۇر، چۈنكى، دەل بىزنىڭ ئۈستى-ئۈستىگە كورسىتىپ ئوتكىنىمىزدەك، ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاپەرەسلەر پارتىيىسى ۋەكىللىك قىلغان لىبېرال بۇرژۇئازىيە ئومۇمى خەلق ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭەشى توغرىسىدىكى شوئارنى قۇرۇق گەپكە ئايلاندۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ئۇنى ئەتەي بۇرمىلاۋاتىدۇ.

قۇرۇلتاينىڭ قارارىدا: **پەقەت** ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەتلا، بەلكى غەلىبىلىك خەلق قوزغىلىڭىنىڭ ئورگىنى بولغان ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەتلا سايلام مۇسابىقىسى تەرغىباتىنىڭ تولۇق ئەركىن بولۇشىغا ھەمدە خەلق ئىرادىسىگە ھەقىقى يوسۇندا ۋەكىللىك قىلىدىغان يىغىننى چاقىرىشقا كاپالەتلىك قىلالايدۇ، دىيىلگەن. بۇ كوزقاراش توغرىمۇ؟ كىمكى بۇ كوزقاراشنى رەت قىلماقچى بولسا،

ئۇ كىشى، چار ھوكۇمىتى ئەكسىيەتچىل كۇچلەرگە ياردەم بەرمەسلىكى مۇمكىن، چار ھوكۇمىتى سايلامدا بىتەرەپ تۇرىدۇ، چار ھوكۇمىتى خەلق ئىرادىسىنىڭ ھەقىقى تۇردە ئىپادىلىنىشىگە كوڭۇل بولىدۇ، دەپ تەھقىقلەشتۇرۇشى كېرەك. ئۇنداق دەۋالار ھەقىقەتەن شۇنداق چېكىدىن ئاشقان بىمەنىلىك بولىدۇكى، ھېچكىم بۇنداق دەۋالارغا ئاشكارا يوسۇندا ھامىلىق قىلمايدۇ، بىراق بىزنىڭ ئازاتچىلىرىمىز لىبېراللىزىملىق نىقاۋى ئاستىدا ئەنە شۇنداق نەرسىلەرنى يوشۇرۇن ھالدا ئېلىپ كىرمەكتە. ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭەشىنى چاقىرىدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك؛ سايلامنىڭ ئەركىن ۋە ئادىل ئۆتكۈزۈلۈشىنى كاپالەتلەندۇرىدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك؛ بۇ كېڭەشكە تولۇق كۈچ ۋە ھوقۇق بەرگۈچى بولۇشى كېرەك؛ قوزغىلاڭ ئورگىنى بولغان ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەتلا مۇشۇنداق قىلىشنى سەممىيەتلىك بىلەن خالايدۇ ھەم پەقەت مۇشۇ ھوكۇمەتلا بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇچۇن ھەرقانداق ئۇسۇلنى قوللىنىشقا قادىر كېلىدۇ. چار ھوكۇمىتى بۇنداق قىلىشقا چوقۇم قارشى تۇرىدۇ. چار پادىشا بىلەن مۇرەسسەلىشىپ ئولجا بولۇشىدىغان ھەمدە خەلق قوزغىلىڭىغا زادىلا تايانمايدىغان لىبېراللار ھوكۇمىتى بۇنداق قىلىشنى ھەرگىز چىن دىلىدىن خالىمايدۇ، ئىنتايىن چىن دىلىدىن خالىغان تەقدىردىمۇ، بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. دېمەك، قۇرۇلتايىنىڭ قارارىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان شوئار بىردىن-بىر توغرا ھەم ئىنتايىن ئۇزۇل-كېسىل بولغان دېموكراتىك شوئار.

بىراق، ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەتنىڭ ئەھمىيىتىنى مولچەرلىگەن چاغدا، ئەگەر دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ سىنىپىي خاراكتېرىغا سەل قارىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، بۇنداق مولچەر تولۇق بولمايدۇ ۋە توغرا بولمايدۇ. شۇڭا قارارىدا ئىنقىلاپ بۇرژۇئازىيىنىڭ ھوكۇمرانلىغىنى كۇچەيتىدۇ، دەپ قوشۇمچە قىلىنغان. بۇ ھازىرقى شارائىتتا

يەنى كاپىتالىستىك ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي تۈزۈم شارائىتىدا مۇقەر-رەردۇر. سىياسى ئەركىنلىكتىن ئازدۇر-كۆپتۇر بەھرىمەن بولۇۋاتقان پۈرولېتارىياتقا بۇرژۇئازىيە ھوكۇمرانلىغى كۆچەيتىلگەن ھامان، بۇ ئىككى سىنىپ ھاكىمىيەت تالىشىش يولىدا سوزسىز جان تىكىپ كۈرەش قىلىدۇ، "پۈرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاپ مەزگىلىدە قولىغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تارتىۋېلىش" ئۈچۈن بۇرژۇئازىيە چوقۇم جېنىنىڭ بېرىچە ھەركەت قىلىدۇ. شۇڭا پۈرولېتارىيات بارچە كىشىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ ۋە بارچە كىشىگە رەھبەرلىك قىلىپ، دېموكراتىيە ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان ۋاقتىدا، بۇرژۇئا دېموكراتىك ھەركەتتە يوشۇ-رۇنۇپ تۇرغان يېڭى زىددىيەتلەرنى، يېڭى كۈرەشنى بىر مىنۇتمۇ ئۇنتۇماسلىغى لازىم.

دېمەك ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەتنىڭ ئەھمىيىتى قارارنىڭ بىز تەتقىق قىلغان بۇ قىسمىدا ناھايىتى ئەتراپلىق مولچەرلەنگەن: مەيلى ئۇنىڭ ئەركىنلىك ۋە جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرەش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بولسۇن، ئۇنىڭ ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بولسۇن ياكى ئۇنىڭ يېڭى سىنىپىي كۈرەش ئۈچۈن زېمىن ھازىرلاپ بېرىدىغان دېموكراتىك ئىنقىلاپ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بولسۇن، تولۇق مولچەرلەنگەن.

ئۇنىڭدىن كېيىن، پۈرولېتارىياتنىڭ ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇ-مەتكە تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى ئومۇمەن قانداق بولۇشى كېرەك؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. قۇرۇلتاي قارارى بۇ سوئالغا جاۋاپ بەرگە-نىدە ئالدى بىلەن: ئىشچىلار سىنىپى ئارىسىدا كەڭ تۈردە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەت قۇرۇشنىڭ زورۇرلۇگىگە ھەقىقى ئىشەندۈرۈش لازىم، دەپ پۈتۈن پارتىيىگە بىۋاستە مەسلىھەت بېرىدۇ. ئىشچىلار سىنىپى بۇنىڭ زورۇرلۇگىنى

تونۇشى لازىم. "دېموكراتىيىچى"بۇرژۇئازىيە چار ھوكۇمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش مەسىلىسىنى يوشۇرۇپ قېلىۋاتىدۇ، بىز بولساق بۇ مەسىلىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشىمىز ھەمدە ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەت قۇرۇش زورۇرلۇگىنى قەتئى تەشەببۇس قىلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، بىز يەنە بۇ ھوكۇمەتكە نوۋەتتىكى تارىخىي دەۋر-نىڭ ئوبېكتىپ شارائىتىغا ۋە پرولېتارىيات دېموكراتىيىچىلىرىنىڭ ۋەزىپىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر ھەركەت پۇروگىراممىسىنى كور-سىتىپ بېرىشىمىز كېرەك. بۇ پۇروگىراما پارتىيىمىزنىڭ **پۇتۇن** توۋەن پۇروگىراممىسى، يەنى نوۋەتتىكى سىياسى ئىسلاھات ۋە ئىق-تىسادىي ئىسلاھات پۇروگىراممىسى. بىر تەرەپتىن، بۇ ئىسلاھاتلارنى ھازىرقى ئىجتىمائى-ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر ئاساسىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇش پۈتۈنلەي مۇمكىن، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ئىسلاھاتلار داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش، سوتسىيالىزىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈنمۇ زورۇر.

شۇنداق قىلىپ، قارار‌دا ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەتنىڭ خاراك-تېرى ۋە مەقسىدى تولۇق شەرھىلەنگەن. بۇ ھوكۇمەت، ئۇزىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تۇپ خاراكتېرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خەلق قوزغىلىڭىنىڭ ئورگىنى بولۇشى كېرەك. رەسمىي ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئومۇمى خەلق ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭە-شىنى چاقىرىش قورالى بولۇشى كېرەك. پائالىيىتىنىڭ مەزمۇنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ پۇرولېتارىيات دېموكراتىيىچىلىرىنىڭ توۋەن پۇروگىراممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كېرەك، چۈنكى بۇ پۇروگ-راما — مۇستەبىتلىككە قارشى قوزغالغان خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلالايدىغان بىردىن-بىر پۇروگىراما.

ئېھتىمال بەزىلەر، ۋاقىتلىق ھوكۇمەت ۋاقىتلىق ئورگان بولغاچ-لىقتىن، ئومۇمى خەلقنىڭ تەستىقىدىن تېخى ئوتمىگەن ئىجابى

پۇروگىرامىمىنى يولغا قويالمايدۇ، دەپ قارشى چىقىشى مۇمكىن. بۇنداق قارشى چىقىش ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ۋە "مۇستەبىتچىلەر"نىڭ نەيرىڭىدىنلا ئىبارەت، خالاس. ھېچقانداق ئىجابى پۇروگىرامىمىنى يولغا قويماسلىق چىرىك مۇستەبىتلىك تۈزۈم شارائىتىدىكى يانچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىشىگە تاقەت قىلىپ تۇرغانلىق بولىدۇ. بۇنداق مۇناسىۋەتكە ئىنقىلاپ ئىشلىرىغا ئاسىلىق قىلغانلارنىڭ ھوكۇمىتىلا تاقەت قىلىپ تۇرالايدۇكى، خەلق قوزغىلىڭى ئورگىنى بولغان ھوكۇمەت ھەرگىز تاقەت قىلىپ تۇرالمايدۇ. ئەگەر بىراۋ ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭىشى يىغىن ئۆتكۈزۈش ئەركىنلىگىنى ئېتىراپ قىلماسلىغىمۇ مۇمكىن دىگەن بانا بىلەن، ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭىشى بۇنداق ئەركىنلىكنى ئېتىراپ قىلمىغىچە ئۇنى ئىش يۈزىدە يولغا قويماسلىق كېرەك دەپ تەشەببۇس قىلسا، — بۇ چاقچاق قىلغانلىق بولىدۇ! ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەتنىڭ توۋەن پۇروگىرامىمىنى دەرھال ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا قارشى تۇرۇش دەل مۇشۇنداق چاقچاق بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

ئەڭ ئاخىردا، شۇنىمۇ كورسىتىپ ئۆتىمىزكى، قاراردا توۋەن پۇروگىرامىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەتنىڭ ۋەزىپىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بۇنىڭ بىلەن يۇقۇرى پۇروگىرامىمنى دەرھال ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش يولى بىلەن سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك دىگەنگە ئوخشاش يېرىم ھوكۇمەتسىزلىك ئاساسىدىكى بىمەنە خىياللار رەت قىلىندى. روسىيە ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىش دەرىجىسى (ئوبيېكتىپ شارائىت)مۇ، كەڭ پۇرولېتارىيات ئاممىسىنىڭ ئاڭلىقلىق دەرىجىسى ۋە تەشكىللىنىش دەرىجىسى (ئوبيېكتىپ شارائىت بىلەن زىچ ئالاقىدار بولغان سۇبيېكتىپ شارائىت)مۇ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ دەرھال تولۇق ئازاتلىققا ئېرىشىشىگە ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ.

ئوتۇپ كەتكەن نادان كىشىلەرلا ھازىر يۈز بېرىۋاتقان دېموكىراتىك ئىنقىلاپنىڭ بۇرژۇئا خاراكتېرىغا سەل قارىشى مۇمكىن: ئوتۇپ كەتكەن گودەك ئۇمىتۋارلارلا ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ سوتسىيالىزىمنىڭ مەقسىدى ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇسۇلىنى ناھايىتى ئاز بىلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئىشچىلارنىڭ ئازاتلىقىنى چىقىشى ئىشچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى، بۇنىڭغا ھەممىمىز ئىشىنىمىز؛ ئاممىنىڭ ئاڭلىقلىقى ۋە تەشكىللىك بولمىغانلىقى تېخى يېتەرلىك بولماي تۇرۇپ، ئاممىنى تېخى پۈتكۈل بۇرژۇئازىيىگە قارشى ئاشكارا سىنىپىي كۈرەشلەردە چېنىقتۇرماي ۋە تەربىيىلەنمەي تۇرۇپ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپتىن سوز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ھوكۇمەتسىزلەر بىزنى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنى كەينىگە سۈرۈۋاتىسىلەر، دېيىشىدۇ، بۇنداق قارشى پىكىرگە بىز: سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنى كەينىگە سۈرۈۋاتقىنىمىز يوق، بەلكى بىردىن-بىر مۇمكىن بولغان ئۇسۇل ئارقىلىق، بىردىن-بىر توغرا يولنى بويلاپ يەنى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى يولىنى بويلاپ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپقا قاراپ تۇنجى قەدەمنى تاشلاۋاتىمىز، دەپ جاۋاپ بېرىمىز. كىمكى سىياسى جەھەتتىكى دېموكراتىك تۈزۈمنى باشقا يولدا ئەمەس، باشقا يوللار بىلەن سوتسىيالىزىمغا ماڭماقچى بولىدىكەن، ئۇ مەيلى ئىقتىسادىي جەھەتتىن بولسۇن ياكى سىياسى جەھەتتىن بولسۇن، بىمەنە ۋە ئەكسىيەتچىل خۇلاسىگە كەلمەي قالمايدۇ. ئەگەر بەزى ئىشچىلار مەلۇم ۋاقىتتا بىزدىن نىمىشقا يۇقۇرى پروگراممىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇلمايدۇ، دەپ سورىسا، بىز ئۇلارغا، دېموكراتىزىم كەيپىياتىدىكى خەلق ئاممىسى سوتسىيالىزىم بىلەن تېخى چىقىشالمايدۇ، سىنىپىي زىددىيەتلەر تېخى تەرەققى قىلمىدى، پرولېتارلار تېخى تەشكىللەنمىدى دەپ جاۋاپ بېرىمىز. سىز پۈتۈن روسىيە دائىرىسىدە نەچچە يۈز مىڭ ئىشچىنى تەشكىللىيەلەمسىز؟ سىز مىليونلىغان ئام-

مىنى قولغا كەلتۈرۈپ ئۇلارنى بىزنىڭ پروگراممىمىزغا ھېسداشلىق قىلىدىغان قىلالامسىز؟ ھۆكۈمەتسىزلەرنىڭ چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان ئەمما قۇرۇق گەپلىرى بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، ئىشلەپ كۆرۈپ شۇ كەمدە بۇنداق تەشكىللەش ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مۇشۇنداق سوتسىيالىستىك تەربىيىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تۈرلۈك دېموكراتىك ئىسلاھاتلارنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇش زۆرۈرلۈكىنى دەرھال بىلىۋالالايسىز.

ئەمدى تۆۋەندىكى مەسىلىگە ئۆتەيلۇق. بىز ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەتنىڭ ئەھمىيىتىنى ۋە پرولېتارىياتنىڭ ئۇنىڭغا تۇتىدىغان پوزىتسىيىسىنى شەرھلەپ ئۆتكەن ئىكەنمىز، بۇ ھالدا مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلىدۇ: بىزنىڭ بۇ ھۆكۈمەتكە قاتنىشىشىمىز (يۇقىرىدىن ھەركەت قىلىشىمىز) مۇمكىنمۇ ۋە قانداق شەرت ئاستىدا قاتنىشىشىمىز مۇمكىن؟ بىز يەنە تۆۋەندىن قانداق ھەركەت قىلىشىمىز كېرەك؟ قاراردا ھەر ئىككى مەسىلىگە ئېنىق جاۋاب بېرىلگەن. قاراردا پرىنسىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەتكە (دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ئۈچۈن كۈرەش قىلىنىۋاتقان دەۋردە) قاتناشسا **بولىدۇ** دەپ ئوچۇق جاكالانغان. مۇشۇنداق جاكالاش بىلەن بىز بۇ ھۆكۈمەتكە قاتنىشىشىمىزغا پرىنسىپ جەھەتتىن قارشى تۇرىدىغان ھۆكۈمەتسىزلەردىنمۇ، بۇ ھۆكۈمەتكە قاتنىشىشتىن باشقا يول يوق دەپ بىزنى **قورقۇتقان** سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىدىكى قۇيرۇقچىلار (مەسىلەن، مارتىنوۋ ۋە يېڭى ئۇچقۇنچىلار) دىنمۇ قەتئىي چېگرا ئاجراتتۇق. روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ 3-قۇرۇلتىيى مۇشۇنداق جاكالاش ئارقىلىق يېڭى «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ سوتسىيال دېموكراتلارنىڭ ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەتكە قاتنىشىشى شەكلى ئۆزگەرگەن مىللېرانىزم[143] بولىدۇ، پۇر-

ژۇنا تۇزۇمىگە چوقۇنغانلىق بولىدۇ، پىرىنسىپ جەھەتتىن بۇنىڭغا يول قويغىلى بولمايدۇ، دىگەن پىكىرنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش پىكىرلەرنى قەتئىي رەت قىلدى.

لېكىن، پىرىنسىپ جەھەتتە بولىدۇ دىگەنلىك، تېخى ئەمىلىيەتتە چوقۇم مۇۋاپىق بولىدۇ دىگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. پارتىيە قۇرۇلتىيى ئېتىراپ قىلغان بۇ يېڭى كۈرەش ئۇسۇلى يەنى "يۇقۇرىدىن" كۈرەش قىلىش ئۇسۇلى زادى قانداق شەرت ئاستىدا مۇۋاپىق بولىدۇ؟ روشەنكى، تۇرلۇك كونكىرىت شەرتلەر توغرىسىدا، مەسىلەن، كۈچلەر سېلىشتۇرمىسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار توغرىسىدا ھازىر تېخى سوز ئاچقىلى بولمايدۇ، شۇڭا قاراردا بۇ شەرتلەرنىڭ ئالدىن بەلگىلەنمىگەنلىگى تەبىي. ئەقلى-ھۇشى جايىدا بولغان ھەرقانداق بىر ئادەم ھازىر بىز توختىلىۋاتقان بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئالدىنالا كېسىپ بىرنىمە دىمەيدۇ. لېكىن بىزنىڭ قاتنىششىمىزنىڭ خاراكتىرى ۋە مەقسىدىنى ئېنىق بەلگىلەش مۇمكىن ۋە لازىم. قاراردىمۇ شۇنداق قىلىنغان، ئۇنىڭدا بىزنىڭ قاتنىششىمىزدىكى ئىككى مەقسەت كۆرسىتىلگەن: (1) ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئۇرۇنۇشلارغا قارشى شەپقەتسىز كۈرەش قىلىش، (2) ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئالاھىدە مەنپەئەتىنى قوغداش. لىبىرال بۇرژۇئازلار ئىنقىلاۋىي خەلقنى قورقۇتۇش ۋە ئۇلارنى مۇستەبىتلىك تۈزۈمىگە يول قويغۇزۇش غەرىزىدە، ئەكسىلئىنقىلاۋىي يەتچىلەرنىڭ روھىي ھالىتى ئۈستىدە ھە دەپ گەپ سېتىشقا باشلىدى (سترۇۋې ئەپەندىنىڭ «ئازاتلىق» ژۇرنىلىنىڭ 71-سانىدا ئېلان قىلغان ئىنتايىن ئىبرەتلىك «ئوچۇق خېتى»گە قارالسۇن)، مۇشۇنداق بىر پەيتتە، پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ ئەكسىلئىنقىلاپقا قارشى ھەقىقى كۈرەشنىڭ ۋەزىپىلىرى توغرىسىدا كىشىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى قوزغىشى ناھايىتى ئورۇنلۇق. سىياسى ئەركىنلىك بىلەن سىنىپىي كۈرەشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى چوڭ مەسىلىنى، تېگى-تەكتىدىن

ئالغاندا، زورلۇق كۈچ بىلەنلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ، شۇڭا، بىز ئاشۇنداق كۈچنى تەييارلاش ۋە ئۇيۇشتۇرۇشقا، ئۇنى پائال ئىشقا سېلىشقا، بۇنىڭدىن مۇداپىە ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى يەنە ھۇجۇم ئۈچۈنمۇ پايدىلىنىشقا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز لازىم. پارىژ كوممۇنىسى دەۋرىدىن بۇيان، ياۋروپادا ئۈزلۈكسىز دېگۈدەك ئۇزاق مۇددەت ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن سىياسى ئەكسىيەتچىلىك بىزنى پەقەت "تۆۋەندىن" ھەرىكەت قىلىشنىلا ئويلاشقا، مۇداپىە خاراكتېرىدىكى كۈرەشكىلا ئەھمىيەت بېرىشكە بەك ئادەتلەندۈرۈپ قويدى. بىز ھازىر، شۈبھىسىزكى، بىر يېڭى دەۋرگە كىردۇق؛ سىياسى داۋالغۇش ۋە ئىنقىلاپ دەۋرى باشلىنىپ كەتتى. روسىيە باشتىن كەچۈرۈۋاتقان بۇ دەۋردە ئۆزىمىزنى كونا ئەندىزىلەر بىلەن چەكلەپ قويۇش ھەرگىز يارىمايدۇ. يۇقۇرىدىن ھەرىكەت قىلىش ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش كېرەك، ئەڭ قەتئىي ھۇجۇم ھەرىكىتىنى قوللىنىشقا تەييارلىق كۆرۈش كېرەك، بۇنداق ھەرىكەتنىڭ شەرتى ۋە شەكلىنى تەتقىق قىلىش كېرەك. قۇرۇلتاينىڭ قارارى بۇ شەرتلەر ئىچىدە مۇنۇ ئىككى شەرتنى ئەڭ ئاساسلىق دەپ ھېساپلايدۇ: ئۇنىڭ بىرى، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەتكە قاتنىشىشىنىڭ شەكلى جەھەتتە (پارتىيىنىڭ ئۆزىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللىرىنى قاتتىق نازارەت قىلىشقا) دائىر، يەنە بىرى، بۇنداق قاتنىششىنىڭ خاراكتېرىغا (تولۇق سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ نىشانىغا بىر مىنۇتمۇ سەل قارىماسلىققا) دائىر.

قاراردا ھەم پارتىيىنىڭ "يۇقۇرىدىن" ھەرىكەت قىلىشتەك ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان دىسىمۇ بولىدىغان بۇ يېڭى كۈرەش ئۇسۇلى توغرىسىدىكى سىياسىتى ھەر جەھەتتىن شەرھىلەنگەن ھەم بىزنىڭ كېلىچەكتە يۇقۇرىدىن ھەرىكەت قىلىشىمىز مۇمكىن بولماي قالىدىغان ئەھۋاللار مولچەرلەنگەن. ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەتكە تۆۋەندىن

تەسىر كورستىش بىز ھەرقانداق سورۇندا قىلىشقا تېگىشلىك ئىش. تووۋەندىن مۇشۇنداق بېسىم ئىشلىتىش چارىسىنى يولغا قويۇش ئۇچۇن پۇرولېتارىيات قوراللىنىشى كېرەك، — چۇنكى ئىنقىلاپ مەزگىلىدە ۋەقەلەر تولىمۇ تېز سۇرئەت بىلەن راۋاجلىنىپ بىۋاستە ئىچكى ئۇرۇشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ، — ھەمدە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىگىدە بولۇشى كېرەك. پۇرولېتارىياتىنىڭ قورال كۇچىنى ئارقا تىرەك قىلىپ تۇرۇپ بېسىم ئىشلىتىشتىكى مەقسىدى "ئىنقىلاپ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى" يەنى پۇرولېتارىيات مەنپەئەتىدىن قارىغاندا بىزنىڭ پۇتكۇل تووۋەن پۇروگراممىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى مەزمۇن قىلىدىغان مۇۋەپپەقىيەتلەرنى "قوغداش، مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش"تىن ئىبارەت.

بىز 3 — قۇرۇلتاينىڭ ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەت توغرىسىدىكى قارارى ئۇستىدىكى قىسقىچە تەھلىلىمىزنى مۇشۇنىڭ بىلەن ئاياقلاشتۇرىمىز. كىتاپخانلار شۇنى كورۇۋالالايدۇكى، بۇ قاراردا يېڭى مەسىلىنىڭ ئەھمىيىتى، پۇرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ بۇ مەسىلىگە تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەتنىڭ ئىچىدە ھەم تېشىدا ئېلىپ بارىدىغان ھەركەتلىرى توغرىسىدىكى سىياسەتلىرى ئېنىق شەرھىلەنگەن.

ئەمدى "ۋەكىللەر يىغىنى"نىڭ بۇنىڭغا مۇناسىپ قارارىنى كورۇپ ئوتەيلى.

3

"ئىنقىلاپنىڭ چارىزىم ئۇستىدىن قىلىدىغان ئۇزۇل-كېسىل غەلىبىسى" دىگەن نىمە؟

"ۋەكىللەر يىغىنى"نىڭ قارارىدا "ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ۋە

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە قاتنىشىش توغرىسىدا" دېگەن مەسىلە مەخسۇس مۇھاكىمە قىلىنغان①. مەسىلىنىڭ مۇشۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدا بىر مۇجمەللىكنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. بىر تەرەپتىن، مەسىلە ناھايىتى تار مەنىدە قويۇلغان: ئومۇمەن پارتىيىنىڭ ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەت جەھەتتىكى ۋەزىپىلىرى ئۈستىدە سۆزلەنمەستىن، پەقەت بىزنىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە قاتنىشىشىمىز توغرىسىدىلا سۆزلەنگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، خاراكتېرى پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئىككى مەسىلە يەنى **دېموكراتىك** ئىنقىلاپنىڭ بىرەر باسقۇچىغا قاتنىشىش مەسىلىسى بىلەن **سوتسىيالىستىك** ئىنقىلاپ ئېلىپ بېرىش مەسىلىسى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن. ئەمەلىيەتتە، سوتسيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ "ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشى" دېگەن، ئەگەر مۇشۇ سۆزلەرنىڭ بىۋاستە ۋە ئومۇمىي مەنىسىدىن ئېيتقاندا، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ دېگەننىڭ ئۆزى، ئۇنىڭ باشقا بىرەر نەرسە بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر بۇ سۆزلەر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى دېموكراتىك ئىنقىلاپ ئۈچۈن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش دەپ چۈشىنىلسە، ئۇ ھالدا، ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەتكە قاتنىشىش توغرىسىدا سۆز بولۇۋاتقان يەردە يەنە **ئومۇمەن** "ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش" توغرىسىدا سۆزلەشنىڭ مەنىسى نېمە بولىدۇ؟ روشەنكى، بىزنىڭ "ۋەكىللەر يىغىنى تەرەپدارلىرى"مىز ئۆزلىرىنىڭ زادى نېمە ئۈستىدە سۆزلىشى كېرەكلىكىنى: دېموكراتىك ئىنقىلاپ

① كىتاپخانىلار مۇشۇ كىتاپنىڭ 704 ـ، 709 ـ، 715 ـ، 758 ـ، 762 ـ بەتلىرىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىللەرنى بىر يەرگە توپلىسا بۇ قارارنىڭ تولۇق تېكىستىگە ئىگە بولىدۇ. (ئاپتورنىڭ 1907 ـ يىلدىكى نەشرىگە قوشقان ئىزاھى. مۇشۇ توملىڭ 923 ـ، 933 ـ، 934 ـ، 942 ـ، 1000 ـ ۋە 1007 ـ بەتلىرىگە قاراڭ. — تەھرىردىن)

ئۈستىدە سوزلىشى ياكى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ئۈستىدە سوزلىشى كېرەكلىكىنى ئۇزلىرىمۇ تازا ئېنىق بىلىپ كېتەلمىگەن. بۇ مەسىلىگە ئائىت ئەسەرلەرگە زەڭ قويغان كىشىلەرگە مەلۇمكى، بۇنىداق مۇجەمەل ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى يولداش مارتىنوۋ ئۇزىنىڭ «ئىككى خىل دىكتاتۇرا» دىگەن داڭلىق ئەسىرى بىلەن باشلاپ بەرگەن، يېڭى ئۇچقۇنچىلار قۇيرۇقچىلىقىنىڭ نەمۇنىسى بولغان بۇ ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان (9- يانۋار ۋەقەسىدىن[226] ئىلگىرىلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان) مەسىلىنىڭ قايسى تەرىقىدە قويۇلغانلىقىنى تىلغا ئېلىشنى ياقتۇرمايدۇ، لېكىن بۇ ئەسەرنىڭ ۋەكىللەر يىغىنىغا ئىدىيىۋى جەھەتتىن تەسىر قىلغانلىقىدا ھېچقانداق شۇبھە يوق.

ئەمما، بىز ھازىر بۇ قارارنىڭ ماۋزۇسى ئۈستىدە توختالمايمىز. بۇ قارارنىڭ مەزمۇنىغا كەلسەك، ئۇنىڭدا ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە ئىنتايىن ئېغىر خاتالىقلار كورۇنۇپ تۇرىدۇ. بۇ قارارنىڭ 1- قىسمى توۋەندىكىچە:

”ئىنقىلاپنىڭ چارىزىم ئۈستىدىن قىلىدىغان ئۇزۇل- كېسىل غەلىبىسى يا غەلىبىلىك خەلق قوزغىلىڭىدىن بارلىققا كېلىدىغان ۋاقىتلىق ھوكۇمەتنىڭ قۇرۇلۇشى بولۇپ ئىپادىلىنىشى مۇمكىن، يا مەلۇم بىر ۋاكالەت ئورگىنىنىڭ خەلقنىڭ بىۋاستە ئىنقىلاۋي بېسىمى ئاستىدا ئومۇمى خەلق ئاساسي قانۇن چىقىرىش كېڭەشىنى چاقىرىشنى قارار قىلىش توغرىسىدىكى ئىنقىلاۋي تەشەببۇسى بولۇپ ئىپادىلىنىشى مۇمكىن“.

قىسقىسى، ئۇلار ئىنقىلاپنىڭ چارىزىم ئۈستىدىن قىلىدىغان ئۇزۇل- كېسىل غەلىبىسى غەلىبىلىك قوزغىلاڭدىن ئىبارەت بولۇشىمۇ مۇمكىن، ۋاكالەت ئورگىنىنىڭ..... ئاساسي قانۇن چىقىرىش كېڭەشىنى چاقىرىشنى قارار قىلىشىدىن ئىبارەت بولۇشىمۇ مۇمكىن دەيدۇ! بۇ نىمە دىگەنلىك؟ بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ئۇزۇل- كېسىل غەلىبە

ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭىشى چاقىرىشنى "قارار قىلىش" بولۇپ ئىپادىلىنىشى مۇمكىن؟؟ يەنە كېلىپ مۇنداق "غەلىبە" يەنە "غەلىبىلىك خەلق قوزغىلىڭىدىن بارلىققا كېلىدىغان" ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن بىر قاتارغا قويۇلىدۇ!! ۋەكىللەر يىغىنى **غەلىبىلىك** خەلق قوزغىلىڭى ۋە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ **قۇرۇلۇشى** ئىنقىلاپنىڭ **ئەمەلىيەتتە** غەلىبە قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى، ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭىشىنى چاقىرىشنى "قارار قىلىش" بولسا ئىنقىلاپنىڭ پەقەت **ئېغىزدىلا** غەلىبە قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنىمۇ سەزمىگەن.

مېنشېۋىك يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ ۋەكىللەر يىغىنى دەل لىبېراللار يەنى ئازاتچىلار دائىم ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىغان خاتالىقنى ئۆتكۈزدى. ئازاتچىلار "ئاساسىي قانۇن چىقىرىش" كېڭىشى ھەققىدە قۇرۇق گەپ ساتىدۇ-يۇ، ئۇياتچانلىق بىلەن كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ كۈچ ۋە ھاكىمىيەتنىڭ يەنىلا چار پادىشانىڭ چاڭگىلىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرمەيدۇ، بىرەر نىمىنى "چىقىرىش" ئۈچۈن شۇنى چىقىرىدىغان **كۈچكە** ئىگە بولۇش كېرەكلىكىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. ۋەكىللەر يىغىنى ھەرقانداق ۋەكىللەرنىڭ "قارارى" بىلەن بۇ قارارنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئوتتۇرىسىدا تېخى ناھايىتى ئۇزاق بىر ئارىلىقنىڭ بولىدىغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان. ۋەكىللەر يىغىنى ھاكىمىيەت تېخى چار پادىشانىڭ چاڭگىلىدا تۇرغان ۋاقىتتا، ۋەكىللەرنىڭ ھەرقانداق قارارى 1848-يىلدىكى گېرمانىيە ئىنقىلاۋى تارىخىدا داڭقى چىققان فرانكفۇرت پارلامېنتىنىڭ[227] "قارارى"غا ئوخشاشلا، بىمەنە ۋە تېتىقسىز قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدىغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان. ئىنقىلاۋىي پرولېتارىياتنىڭ ۋەكىلى ماركس ئۆزى مەسئۇل تەھرىر بولۇپ چىقارغان «يېڭى رېين گېزىتى»دە[48] فرانكفۇرتتىكى لىبېرالىزمچى "ئازاتچىلار"نى تازا جېنىغا تەككۈزۈپ مەسخىرە قىلغان ئىدى، چۈنكى

ئۇلار نۇرغۇن چىرايلىق گەپلەرنى قىلغان، خىلمۇ-خىل دېموكراتىك "قارار"لارنى ماقۇللىغان، تۇرلۇك ئەركىنلىكنى "كوتىرىپ چىققان" بولسىمۇ، ئەمىلىيەتتە ھاكىمىيەتنى پادىشانىڭ چاڭگىدا قالدۇرغان، پادىشانىڭ چاڭگىلىدىكى قوراللىق كۈچلەرگە قارشى قوراللىق كۈرەش ئۇيۇشتۇرمىغان ئىدى. فرانكفۇرتتىكى ئازاتچىلار قۇرۇق گەپ سېتىش بىلەن ئاۋارە بولۇپ تۇرغان چاغدا، پادىشا پەيتنى قولدىن بەرمەي، ئۆزىنىڭ قوراللىق كۈچىنى كۈچەيتىۋالغان، ئەكسىلئىنقىلاپچىلار ئەنە شۇ ئەمىلىي كۈچكە تايىنىپ، دېموكراتىيىچىلەرنى ئۇلارنىڭ بارلىق چىرايلىق "قارار"لىرى بىلەن قوشۇپ يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتكەن ئىدى.

ۋەكىللەر يېغىنى غەلىبىنىڭ ھەل قىلغۇچ شەرتى تولۇق ھازىرلانمىغان نەرسىنى ئۆزۈل-كېسىل غەلىبە بىلەن بىر قاتارغا قويغان. پارتىيىمىزنىڭ جۇمھۇرىيەتچىلىك پۇروگراممىسىنى ئېتىراپ قىلغان سوتسىيال دېموكراتلار قانداق قىلىپ بۇنداق خاتالىقنى سادىر قىلدى؟ بۇ غەلىتە ھادىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن 3-قۇرۇلتاينىڭ پارتىيىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتكەن بىر قىسىم كىشىلەر توغرىسىدىكى قارارىغا①

---

① ئەمدى بۇ قارارنىڭ تولۇق تېكىستىنى كەلتۈرىمىز: "قۇرۇلتاي شۇنى كورسىتىدۇكى، روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى ئىچىدە، ئىقتىسادىزىمغا قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىلغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ۋە ئوخشاشمىغان جەھەتلەردە ئىقتىسادىزىم بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولغان بەزىبىر ئالامەتلەر تېخىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ، بۇ ئالامەتلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى، ئومۇمەن، ئاڭلىق تەركىبلەرنىڭ پۇرولېتارىيات كۈرىشىدىكى ئەھمىيىتىنى تۆۋەنلىتىشكە ۋە ئۇلارنى ئىستىخىيىلىك تەركىبلەرگە بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت. تەشكىلىي مەسىلىلەردە، بۇ ئالامەتلەرنى گەۋدىلەندۈرگۈچىلەر نەزىرىيىۋى جەھەتتىن

نەزەر سېلىش كېرەك. قاراردا، پارتىيىمىز ئىچىدە ”ئىقتىساتۋازلىق بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولغان“ تۈرلۈك مەزھەپلەر تېخىچە مەۋجۇت دەپ كورسىتىلگەن. بىزنىڭ ۋەكىللەر يىغىنى تەرەپدارلىرىمىز (مارتىنوۋنىڭ ئۇلارغا قىلغان ئىدبىيۋى رەھبەرلىكى ھەققەتەن بىكارغا كەتمەپتۇ)نىڭ ئىنقىلاپ ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرى ئىقتىسات-ۋازلارنىڭ سىياسى كۇرەش ھەققىدىكى ياكى 8 سائەتلىك ئىش تۇزۇمى ھەققىدىكى مۇلاھىزىسى بىلەن ئوپمۇ-ئوخشاش. ئىقتىسات-ۋازلار ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا ”باسقۇچلۇق بولۇش نەزىرى-يىسى“نى كوتىرىپ چىقاتتى: (1) ھوقۇق ئۇچۇن كۇرەش قىلىش، (2) سىياسى تەرغىبات، (3) سىياسى كۇرەش؛ — يا بولمىسا (1) 10 سائەتلىك ئىش تۇزۇمى (2) 9 سائەتلىك ئىش تۇزۇمى، (3) 8 سائەت-لىك ئىش تۇزۇمى. بۇ ”جەريان-تاكتىكا“دىن قانداق نەتىجە كېلىپ چىققانلىقى ھەممىگە تولۇق مەلۇم. ئەمدى، ”ۋەكىللەر يىغىنى تەرەپدارلىرى“ بىزگە ئىنقىلاپنىمۇ ئالدىنالا مۇنداق بىرنەچچە

پارتىيىنىڭ پىلان بويىچە بەلگىلىگەن خىزمىتى بىلەن ماس كەلمەيى-دىغان بىر جەريان-تەشكىل پىرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئەمەلىيەت جەھەتتە كوپ ھاللاردا ئوز ئالدىغا پارتىيىنىڭ ئىنتىزامىغا زىت كېلىدىغان ئۇسۇللارنى قوللىنىدۇ، يا بولمىسا روسىيىدىكى رېيال تۇرمۇشنىڭ ئوبيېكتىپ شارائىتى بىلەن ھىساپلاشماي، سايلام پىرىن-سىپىنى كەڭ تۇردە يولغا قويۇشنى پارتىيە ئىچىدىكى ئېنىقكى ئەڭ تۇۋەن بىر قىسىم كىشىلەر ئىچىدە تەرغىپ قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن نوۋەتتە پارتىيىنىڭ ئالاقىسىنى ساقلاپ قالالايدىغان بىردىن-بىر ئاساسىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنىدۇ. تاكتىكا مەسىلىسى جەھەتتە، ئۇلار پارتىيە خىزمىتىنىڭ دائىرىسىنى تارايتىشقا تىرىشىپ، لىبېرال بۇرژۇئا پارتىيىلىرىگە نىسبەتەن تامامەن مۇستەقىل تۇرۇش دىگەن پارتىيىۋى-لىككە ئويغۇن تاكتىكىغا قارشى تۇرىدۇ، پارتىيىمىزنىڭ خەلق قوزغىلىڭىنى ئويۇشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالالايدىغانلىقى ۋە

باسقۇچقا ياخشىلاپ بولۇپ قويۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەرمەكتە: (1) چار پادىشا ۋاكالەت ئورگىنى چاقىرىش، (2) بۇ ۋاكالەت ئورگىنى ”خەلق“نىڭ بېسىمى ئاستىدا ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىنى ئېچىشنى ”قارار قىلىش“، (3)......3-باسقۇچ توغرىسىدا مېنشېۋىكلەر تېخى بىردەك پىكىرگە كەلگىنى يوق؛ ئۇلار خەلقنىڭ ئىنقىلاۋىي بېسىمى چارىزىمنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي بېسىمغا ئۇچرايدىغانلىغىنى، شۇڭا، يا ”قارار“ ئىشقا ئاشماي قالىدىغانلىغىنى، يا مەسىلىنىڭ ھەل بولۇشى يەنە خەلق قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبىسى ياكى مەغلۇبىيىتىگە باغلىق بولىدىغانلىغىنى ئۇنتۇغان. ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قارارى ئىقتىساتۋازلارنىڭ مۇنۇ مۇلاھىزىسىگىمۇ پۈتۈنلەي ئوخشاش: ئىشچىلارنىڭ ئۇزۇل-كېسىل غەلىبىسى يا ئىنقىلاۋىي ۋاستە ئارقىلىق 8 سائەتلىك ئىش تۈزۈمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، يا 10 سائەتلىك ئىش تۈزۈمىنى ئىلتىپات قىلىش ۋە 9 سائەتلىك ئىش تۈزۈمىگە ئۆتۈشنى ”قارار قىلىش“ بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ......

ئۇنىڭغا لايىقلىغىنى ئىنكار قىلىدۇ، پارتىيىمىزنى ھەرقانداق شارائىتتا ۋاقىتلىق دېموكراتىك ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەتكە قاتناشماسلىغى كېرەك دەپ ھىساپلايدۇ.

قۇرۇلتاي بارلىق پارتىيە ئەزالىرىغا ئىنقىلاۋىي سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ پىرىنسىپلىرىدىن قىسمەن چەتلەپ كېتىدىغان بۇنداق خاھىشلارغا قارشى ھەممە يەردە كۈچلۈك ئىدىيىۋى كۈرەش ئېلىپ بېرىشنى تاپشۇرىدۇ، لېكىن قۇرۇلتاي ئەينى ۋاقىتتا بۇنداق نۇقتىنەزەرلەرگە مەلۇم دەرىجىدە قوشۇلغۇچى كىشىلەر، زورۇر بىر شەرت ئاستىدا يەنى پارتىيە قۇرۇلتىيىنى ۋە پارتىيە نىزامنامىسىنى ئېتىراپ قىلىش ھەمدە پارتىيىنىڭ ئىنتىزامىغا پۈتۈنلەي بويسۇنۇش شەرتى ئاستىدا، پارتىيە تەشكىلىگە قاتنىشىشى مۇمكىن، دەپ ھىساپلايدۇ.“ (ئاپتورنىڭ 1907-يىلدىكى نەشرىگە قوشقان ئىزاھى. — تەھرىردىن)

ئىككىسىنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق.

ئېھتىمال بەزىلەر بىزگە قارارنى تۈزگۈچىلەر قوزغىلاڭنىڭ غەلى-
بىسى بىلەن چار پادىشا چاقىرىدىغان ۋاكالەت ئورگىنىنىڭ "قارار
قىلىشى"نى **بىر قاتارغا قويماقچى** ئەمەس، پەقەت، پارتىيىنىڭ
ھەر ئىككى ھالدىكى تاكتىكىسىنى ئالدىنالا بەلگىلەشنىلا ئويلىغان،
دەپ رەددىيە بېرىشەر. بۇنىڭغا بىزنىڭ جاۋابىمىز مۇنداق: (1)
قارارنىڭ تېكستىدە ۋاكالەت ئورگىنىنىڭ **قارار قىلىشى** توغرىدىن-
توغرىلا ۋە ناھايىتى ئېنىقلا "ئىنقىلاپنىڭ چارىزىم ئۈستىدىن قىلىدى-
غان ئۈزۈل-كېسىل غەلىبىسى" دەپ ئاتالغان. بۇ ئېھتىمال،
سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە سەل قارىغانلىقنىڭ نەتىجىسى، بەلكىم ئۇنى
خاتىرىگە ئاساسەن تۈزىتىۋېلىشقا بولار، لېكىن تۈزىتىلىشتىن بۇرۇن
ئۇ پەقەت بىرلا پىكىرنى، يەنە كېلىپ سېپى ئۆزىدىن **ئازاتچىلار-
نىڭ** پىكىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (2) قارارنى تۈزگۈچىلەر كىرىپ
قالغان "ئازاتچىلار"چە پىكىر قىلىش جەريانى يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ
باشقا ئەسەرلىرىدە تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، تىفلىس
كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «سوتسىيال دېموكراتلار» گېزىتى
(گرۇزىن تىلىدا چىقىدۇ؛ «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ 100-سانىدا
ماختالغان)دە بېسىلغان «مىللى ۋەكىللەر يىغىنى ۋە بىزنىڭ تاكتىكى-
مىز»[228] دېگەن ماقالىدا قىلچە تەپتارتماستىن "مىللى ۋەكىللەر يىغى-
نىنى ھەركىتىمىزنىڭ مەركىزى قىلىپ **تاللىۋېلىش** ‹بىر جۇملە قوشۇپ
قويايلى، مىللى ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ چاقىرىلىشى توغرىسىدا بىزنىڭ
تېخى ھېچبىر ئېنىق خەۋىرىمىز يوق!›، تاكتىكىسى" قوراللىق
قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ۋە ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەت قۇرۇش
"تاكتىكىسى"غا قارىغاندا "بىز **ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق**" دېيىلگەن.
بىز بۇ ماقالا ئۈستىدە كېيىن يەنە توختىلىمىز. (3) پارتىيىنىڭ
ئىنقىلاپ غەلىبە قىلغان ياكى مەغلۇپ بولغان چاغدىكى، قوزغىلاڭ

مۇۋەپپەقىيەت قازانىغان ياكى ئەۋج ئېلىپ زور كۆچكە ئايلىنىپ كېتەلمىگەن چاغدىكى تاكتىكىسىنى ئالدىنالا مۇھاكىمە قىلىشقا قىلچە قارشى تۇرماسلىق كېرەك. ئېھتىمال، چار ھوكۇمىتى لىبىرال بۇرژۇئازىيە بىلەن مۇرەسسەلىشىپ ئۇلجا بولۇشۇۋېلىش مەقسىدىدە بىر ۋەكىللەر يىغىنىنى چاقىرىشقا مۇۋەپپەق بولار، 3-قۇرۇلتاينىڭ قارارىدا بۇ نەرسە ئالدىنالا كورۇۋېلىنغان، شۇڭا "ساختا سياسەت"، "ساختا دېموكراتىيە"، "ئاتالمىش مىللى ۋەكىللەر يىغىنىغا ئوخشاش كۆلكىلىك خەلق ۋاكالەت ئورگىنى" توغرىسىدا توغرىدىن-توغرا سوزلەنگەن①. لېكىن گەپ شۇنىڭدىكى، بۇ نەرسە ۋاقىتلىق

---

① ئىنقىلاپ ھارپىسىدا ھوكۇمەتنىڭ تاكتىكىسىغا تۇتىدىغان پوزىتسىيە توغرىسىدىكى بۇ قارارنىڭ تولۇق تېكىستى تووەندىكىچە:

"نوۋەتتىكى ئىنقىلاپ مەزگىلىدە، ھوكۇمەت ئۇزىنى ساقلاپ قېلىش ئۇچۇن، بىر تەرەپتىن، ئاساسەن پۇرولېتارىياتنىڭ ئاڭلىق كىشىلىرىگە قارشى قوللىنىدىغان ئادەتتىكى قاتتىق بېسىم چارىلىرىنى كۈچەيتىدۇ، ئەينى ۋاقىتتا يەنە (1) يول قويۇش ۋە ئىسلاھ قىلىش ۋەدىلىرى ئارقىلىق ئىشچىلار سىنىپىنى سىياسى جەھەتتىن چىرىتىشكە، بۇنىڭ بىلەن ئىشچىلار سىنىپىنى ئىنقىلاۋىي كۇرەشتىن چەتلەشتۇ-رۇشكە ئۇرۇنىدۇ؛ (2) خۇددى شۇ مەقسەتتە ئىشچىلارنى تۇرلۇك ھەيئەتلەرگە ۋە مەسلىھەت كېڭەشلىرىگە ۋەكىل سايلاپ ئەۋەتىشكە تەكلىپ قىلىشتىن تا ئاتالمىش مىللى ۋەكىللەر يىغىنىغا ئوخشاش كۆلكىلىك خەلق ۋاكالەت ئورگانلىرىنى قۇرۇشقىچە بولغان ساختا يول قويۇش سىياسىتىگە ساختا دېموكراتىيە تونىنى كىيگۈزىدۇ؛ (3) دەيۈزلەر دەپ ئاتىلىدىغانلارنى ئۇيۇشتۇرىدۇ، خەلق ئارىسىدىكى ئاڭسىز ياكى ئىرقىي ئۇچمەنلىك ۋە دىنىي ئۇچمەنلىك بىلەن ئەس-ھۇشىنى يوقاتقان بارلىق ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلارنى ئىنقىلاپقا قارشى قۇترىتىدۇ، مانا شۇلارنى ئېتىۋارغا ئېلىپ، —

روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ 3-

ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەت ھەققىدىكى قاراردا ئېيتىلماسلىقى كېرەك ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەت بىلەن ئالاقىسى يوق. بۇنى ئېيتىش قوزغىلاڭنى ۋە ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەت قۇرۇش مەسىلىسىنى بىر چەتكە قايرىپ قويىدۇ، مەسىلىنى باشقا تۇسكە كىرگۈزۈپ قويىدۇ، ۋاھاكازا. ھازىر گەپ تۈرلۈك ئەھۋاللارنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئىكەنلىكىدە يەنى غەلىبە قىلىش مۇمكىن، مەغلۇپ بولۇشىمۇ مۇمكىن، تۈز يول بىلەن مېڭىش مۇمكىن، ئەگرى يول

قۇرۇلتىيى بارلىق پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا تۆۋەندىكىلەرنى تاپشۇرۇشنى قارار قىلدى:

(1) ھوكۇمەتنىڭ يول قويۇشتىكى ئەكسىيەتچىل مەقسىدىنى پاش قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەشۋىقات ۋە تەرغىبات خىزمەتلىرىدە، بىر تەرەپتىن، بۇ يول قويۇشلارنىڭ نائىلاجلىقتىن بولغانلىقىنى تەكىتلەپ چۈشەندۈرۈش، يەنە بىر تەرەپتىن، مۇستەبىت ھوكۇمەتنىڭ پرولېتارىياتنى قاندۇرغۇدەك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىنىڭ مۇتلەق مۇمكىن ئەمەسلىكىنىمۇ تەكىتلەپ چۈشەندۈرۈش كېرەك؛

(2) سايلام مۇسابىقىسى تەرغىباتىدىن پايدىلىنىپ، ھوكۇمەتنىڭ بۇ تەدبىرلىرىنىڭ ھەقىقى مەنىسىنى ئىشچىلارغا چۈشەندۈرۈش كېرەك ھەمدە پرولېتارىياتنىڭ ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭىشىنى ئىنقىلاۋىي ئۇسۇللار ئارقىلىق يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش يولى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ۋە ئومۇمى يۈزلۈك، باراۋەر، بىۋاستە بولىدىغان سايلام تۈزۈمى بويىچە چاقىرىشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك؛

(3) پرولېتارىياتنى ئۇيۇشتۇرۇپ، 8 سائەتلىك ئىش تۈزۈمىنى ۋە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ باشقا جىددى تەلەپلىرىنى دەرھال ئىنقىلاۋىي ئۇسۇل بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك؛

(4) دېھقانلارنىڭ ۋە ھوكۇمەت رەھبەرلىكىدىكى بارلىق ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ قۇتراشلىرىغا قوراللىق قارشى تۇرۇش ئىشىنى ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك.“ (ئاپتورنىڭ 1907 ـ يىلدىكى نەشرىگە قوشقان ئىزاھى. ــ تەھرىردىن)

بىلەن مېڭىشمۇ مۇمكىن ئىكەنلىكىدە ئەمەس، بەلكى سوتسىيال دېموكراتلار ئىشچىلارنىڭ ھەقىقىي ئىنقىلاپ يولىغا بولغان تونۇشىدا مۇجمەل قاراش پەيدا قىلىپ قويسا زادى بولمايدىغانلىقىدا، غەلىبىنىڭ ئاساسىي شەرتى تولۇق ھازىرلانمىغان نەرسىنى ئازاتچىلارغا ئوخشاش ئۇزۇل-كېسىل غەلىبە دەپ ئاتىسا زادى بولمايدىغانلىقىدا. ئېھتىمال بىز 8 سائەتلىك ئىش تۈزۈمىگىمۇ بىراقلا ئەمەس، بەلكى ئۇزاق ئەگرى-توقاي يوللار بىلەنلا ئېرىشەرمىز. لېكىن، ئەگەر بىر كىشى پرولېتارىياتنىڭ ئارقىغا سوزۇش، كاشىلا قىلىش، مۇرەسسەلىشىپ ئۆلجا بولۇشۇۋېلىشلارنى، ئاسىلىق ۋە ئەكسىيەتچىلىكنى يېڭىپ چۈشكۈدەك قۇدرىتى قالمىغان زەئىپلىكى ۋە ھالسىزلىقىنى قاراپ تۇرۇپ ئىشچىلارنىڭ غەلىبىسى دەپ ئاتىسا، ئۇ ھالدا، بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟ بەلكىم روسىيە ئىنقىلاۋى، بىر چاغدا «ئالغا» گېزىتىدە① ئېيتىلغاندەك، "ئاساسىي قانۇنلۇق چۈشۈك" بىلەن ئاخىرلىشار، لېكىن، بۇ ھال ھەل قىلغۇچ جەڭ ھارپىسىدا بۇنداق چۈشۈكنى "چارىزىم ئۈستىدىن قىلىنغان ئۇزۇل-كېسىل غەلىبە"دەپ ئاتايدىغان سوتسىيال

① جەنۋەدە چىقىدىغان «ئالغا» گېزىتى پارتىيىمىز ئىچىدىكى بولشېۋىك تەرەپنىڭ ئورگان گېزىتى بولۇپ، 1905-يىل 1-ئايدىن باشلاپ چىقىشقا باشلىدى. 1-ئايدىن 5-ئايغىچە جەمئىي 18 سان چىقتى، 5-ئايدىن باشلاپ، روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى 3-قۇرۇلتىيى (بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي شۇ يىلى 5-ئايدا لوندوندا ئوتكۈزۈلدى؛ مېنشېۋىكلەر بۇ قۇرۇلتايغا قاتناشمىدى، ئۇلار جەنۋەدە ئوزلىرىنىڭ "ۋەكىللەر يىغىنى"نى ئوتكۈزدى) نىڭ قارارىغا ئاساسەن «ئالغا» گېزىتى توختىتىلىپ، بۇنىڭ ئورنىغا روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى سۈپىتىدە «پرولېتارلار» گېزىتى چىقىرىلىشقا باشلاندى. (ئاپتورنىڭ 1907-يىلدىكى نەشرىگە قوشقان ئىزاھى. — تەھرىردىن)

دېموكراتىنى ئاقلىيالامدۇ؟ بەلكىم چاناق ئەھۋالدا، بىزنىڭ جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئاساسىي قانۇننىڭ ئۆزىمۇ خىيالىي، "شىپوۋچە" ئاساسىي قانۇن[229] بولۇپ قالار، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ھەققىدىكى شوئارىمىزنى يوققا چىقارغان سوتسىيال دېموكراتلارنى كېچىرىشكە بولامدۇ؟

ئەلۋەتتە، يېڭى ئۇچقۇنچىلار تېخى بۇ شوئارنى يوققا چىقىرىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكىنى يوق. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىنقىلاۋىي روھنى قانچىلىك يوقىتىپ قويغانلىقىنى، قىلچە ھاياتىي كۈچى بولمىغان ۋەز ـ نەسىھەتلەرنىڭ ئۇلارنى نوۋەتتىكى جەڭگىۋار ۋەزىپىلەردىن قانچىلىك ئايرىپ تاشلىغانلىقىنى ئۇلارنىڭ ئۆز قارارىدا دەل جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى تىلغا ئېلىشنى **ئۇنتۇپ قالغانلىقىدىن** تولىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ! بۇنىڭغا ئىشىنىش قىيىن، لېكىن، بۇ پاكىت. سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ھەممە شوئارلىرى ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ تۈرلۈك قارارلىرىدا ئېتىراپ قىلىنغان، تەكرارلانغان، چۈشەندۈرۈلگەن ۋە تەپسىلى ئەسكەرتىلگەن، ھەتتا ئىشچىلار مۇدىرىيەت ئەزالىرى بىلەن ۋەكىللەرنى كارخانىلار بويىچە سايلىشى كېرەكلىكىمۇ ئۇنتۇلمىغان، پەقەت ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەت ھەققىدىكى قاراردا جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكىلا پۇرسەت تاپالمىغان. خەلق قوزغىلىڭىنىڭ "غەلىبىسى" توغرىسىدا، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى توغرىسىدا سوزلەپ ئۆتكەنۇ ئەمما بۇ "تەدبىر" ۋە ھەركەتلەرنىڭ جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كورسەتمىگەن، دېمەك، ئۇلار قارارنى پرولېتارىياتنىڭ كۈرەشكە رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پرولېتارىيات ھەركىتىنىڭ كەينىدىن سورۇلۇپ يۈرۈش ئۈچۈن تۈزگەن.

يىغىپ ئېيتقاندا، قارارنىڭ 1 ـ قىسمىدا: (1) ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەتنىڭ ئەھمىيىتى جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ھەقىقى ئومۇمى خەلق خاراكتىرىدا بولغان ھەمدە ھەقىقى ئاساسىي قانۇن چىقىرىدىغان كېڭەشنى چاقىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتىن زادىلا شەرھىلەنمىگەن؛ (2) ھەقىقىي غەلىبىنىڭ ئاساسىي شەرتى تېخى تولۇق ھازىرلانمىغان ھالەت ئىنقىلاپنىڭ چارىزىم ئۈستىدىن قىلىدىغان ئۇزۇل ـ كېسىل غەلىبىسى بىلەن بىر قاتارغا قويۇلۇپ، پۈرولېتارىياتنىڭ دېموكراتىزىملىق ئېڭى توغرىدىن ـ توغرا بۇلغانغان.

4

پادىشالىق تۈزۈمنى تۈگىتىش ۋە جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى

ئەمدى بىز بۇ قارارنىڭ 2 ـ قىسمىغا كېلەيلى:

”......قايسى ھالدا بولمىسۇن، بۇنداق غەلىبە ئىنقىلاۋىي دەۋرنىڭ يېڭى باسقۇچىنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ.

بۇ يېڭى باسقۇچتا جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبېكتىپ شارائىتى ئىستىخىيىلىك تۈردە قويىدىغان ۋەزىپە سىياسى جەھەتتىن ئازاتلىنىققا ئېرىشكەن بۇرژۇئا جەمىيىتىدىكى تۈرلۈك تەركىپلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائى مەنپەئەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە ھاكىمىيەتنى بىۋاستە ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش جەريانىدا، پۈتكۈل تەبىقىلىق پادىشالىق تۈزۈمنى ئۈزۈل ـ كېسىل تۈگىتىشتىن ئىبارەت.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ۋاقىتلىق ھوكۇمەت تارىخىي خاراكتىر ئېتىۋارى بىلەن بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى بولغان بۇ ئىنقىلاپنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئورۇندىلاشنى ئۆز زىممىسىگە ئالىدىكەن، ئۇ ئازاتلىنىققا ئېرىشكەن مىللەتنىڭ

قارىمۇ ـ قارشى سىنىپلارنىڭ ئۆزئارا كۆرىشىنى تەكشىشى، بۇ ئارقىلىق ئىنقىلاپنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئىنقىلاپ تەرەققىياتىدا كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ ئاساسىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان ئامىللارغىمۇ بارلىق كۈچى بىلەن قارشى تۇرۇشى زۆرۈر.“

قارارنىڭ مۇستەقىل بولىگىنى تەشكىل قىلغان بۇ مۇھاكىمىنى تەھلىل قىلىپ كورەيلى. بۇ مۇھاكىمىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قۇرۇلتاي قارارىنىڭ 3 ـ ماددىسىدا بايان قىلىنغان مەزمۇنلارغا توغرا كېلىدۇ. بىراق، ھەر ئىككى قارارنىڭ بۇ قىسىملىرى سېلىشتۇرۇپ كورۇلىدىغان بولسا، بۇ ئىككى قارار ئوتتۇرىسىدا تۇۋەندىكىدەك توپ پەرقىنىڭ بارلىغى دەرھال كوزگە تاشلىنىدۇ. قۇرۇلتاي قارارىدا ئىنقىلاپنىڭ ئىجتىما- ئى ـ ئىقتىسادىي ئاساسى قىسقىچە چۈشەندۇرۇلگەندىن كېيىن، پۈتۈن دىققەت ـ ئېتىۋار ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ مەلۇم مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئېلىپ بارىدىغان ئىنتايىن مۇئەييەن كۈرەش- لىرى ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن ھەمدە پرولېتارىياتنىڭ جەڭگىۋار ۋەزىپىلىرى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلغان. ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قارارىدا بولسا، ئىنقىلاپنىڭ ئىجتىمائى ـ ئىقتىسادىي ئاساسى بەكمۇ ئۇزۇن، مۇجمەل، قالايمىقان تۇردە تەسۋىرلىنىپ، مەلۇم مۇۋەپپەقىيەتلەر ئۇچۇن ئېلىپ بېرىلىدىغان كۈرەش ئۈستىدە ناھايىتى تۇتۇقلا سوزلەپ ئوتۇلگەن، پرولېتارىياتنىڭ جەڭگىۋار ۋەزىپىلىرى بولسا تامامەن يوققا چىقىرىلغان. ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قارارىدا كونا تۈزۈمنى جەمئ- يەتتىكى ھەر خىل تەركىپلەرنىڭ ئۆزئارا كۈرەشلىرى جەريانىدا تۈگىتىش دېيىلىدۇ. قۇرۇلتاينىڭ قارارىدا بولسا، كونا تۈزۈمنى بىز پرولېتارىيات پارتىيىسى تۈگىتىشىمىز كېرەك، پەقەت دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى بەرپا قىلىشلا كونا تۈزۈمنى ھەقىقى تۈگەتكەن- لىك بولىدۇ، بىز بۇ جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز

لازىم، بىز بۇ جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ئۈچۈن ۋە تولۇق ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەشىمىز، مۇستەبىتلىككىلا قارشى تۇرۇپ قالماستىن، بەلكى بۇرژۇئازىيە بىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزنى قولىمىزدىن تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنغان چاغدا (ئۇلار چوقۇم ئۇرۇنۇپ كورىدۇ)، بۇرژۇئازىيىگىمۇ قارشى تۇرىمىز، دېيىلىدۇ. قۇرۇلتاي قارارىدا مۇئەييەن سىنىپ ئېنىق بەلگىلەنگەن ئەڭ يېقىن مەقسەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىلىدۇ. ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قارارىدا بولسا تۇرلۇك كۈچلەرنىڭ ئۆزئارا كۈرەشى سوزلىنىدۇ. بىر قارارىدا ئاكتىپ كۈرەش قىلىش روھىي ھالىتى ئىپادىلەنگەن بولسا، يەنە بىر قارارىدا پاسسىپلىق بىلەن قاراپ تۇرۇش روھىي ھالىتى ئىپادىلەنگەن؛ بىر قارارىدا جەبدەسلىك بىلەن ھەركەتكە كېلىش چاقىرىغى ياڭرىغان بولسا، يەنە بىر قارار ئۇلۇك ۋەز-نەسىھەتلەر بىلەن تولغان. ھەر ئىككى قارارىدا، ھازىر بولۇۋاتقان ئىنقىلاپ بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا پەقەت ئىككىنچى قەدەمنى بېسىش ئۈچۈن تاشلانغان بىرىنچى قەدەمدىنلا ئىبارەت دېيىلىدۇ، لېكىن، بۇنىڭدىن بۇ قارارلارنىڭ بىرىدە بىرىنچى قەدەمنى مۇمكىن قەدەر تېز بېسىپ ئۆتۈشىمىز، بۇ قەدەمنى مۇمكىن قەدەر تېز تۈگىتىشىمىز، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز، ئەكسىلئىنقىلاپنى رەھىمسىزلىك بىلەن تارمار قىلىپ، ئىككىنچى قەدەم ئۈچۈن ئاساس سېلىشىمىز لازىم، دېگەن خۇلاسە چىقىرىلىدۇ. يەنە بىر قارار بولسا، بۇ بىرىنچى قەدەم توغرىسىدىكى ئۇزۇندىن-ئۇزۇن تەسۋىرلەرگە غەرق بولۇپلا كېتىدۇ، بەلكى مۇشۇ بىرىنچى قەدەمنى سويۇپ-سويۇپ شوراۋېرىدۇ (قوپال راق ئىبارىلەرنى ئىشلەتكىنىم ئۈچۈن كېچۈرىڭلار). قۇرۇلتاينىڭ قارارى ماركسىزمنىڭ كونا لېكىن مەڭگۈ ياشناپ تۇرىدىغان پىكىرلىرىنى (دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ بۇرژۇئا خاراكتېرلىق ئىنقىلاپ ئىكەنلىگى توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى) قوبۇل قىلىپ، ئۇنى مۇقەددىمە ياكى ئالدىنقى شەرت قىلغان ھالدا، ھەم

دېموكراتىك ئىنقىلاپ ئۈچۈن، ھەم سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان ئىلغار سىنىپ ئىلغار ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىدۇ. ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قارارى بولسا باشتىن-ئاخىر مۇقەددىمە ئۈستىدىلا توختاپ قېلىپ، ئۇنى چايناۋېرىدۇ، شۇنىڭدەك بۇ مۇقەددىمە ئۈستىدە ئۇستاتلىق ئىشلىتىدۇ.

بۇ پەرق روسىيىدىكى ماركسىزىمچىلارنى ئەزەلدىن ئىككى گۇرۇھقا — قانۇنىي ماركسىزم[157] تارقىلىپ يۈرگەن دەۋردە ۋەز-نەسىھەتچىلەر بىلەن كۈرەشچىلەرگە، ئاممىۋى ھەركەت ئەۋج ئالغان دەۋردە ئىقتىسادچىلار بىلەن سىياسىچىلارغا بولۇپ كەلگەن پەرقنىڭ ئۆزى. ئىقتىسادچىلار ئومۇمەن سىنىپىي كۈرەش بولۇپمۇ سىياسىي كۈرەش چوڭقۇر ئىقتىسادىي يىلتىزغا ئىگە دېگەن ماركسىزىملىق توغرا قائىدىدىن سىياسىي كۈرەشكە تەتۈر قاراش كېرەك، ئۇنىڭ راۋاجلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش، ئۇنىڭ كۆلىمىنى تارايتىش، ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى كېمەيتىش كېرەك، دېگەن غەلىتە خۇلاسىنى چىقارغان ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، سىياسىچىلار ئەينى شۇ قائىدىدىن باشقىچە خۇلاسە يەنى ھازىر كۈرىشىمىزنىڭ يىلتىزى قانچە چوڭقۇر بولسا، بۇ كۈرەشنى شۇنچە كەڭ، شۇنچە دادىل، شۇنچە قەتئىي ۋە شۇنچە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم، دېگەن خۇلاسىنى چىقارغان ئىدى. ھازىر باشقا بىر شارائىتتا، باشقا بىر شەكىل بىلەن ئوتتۇرىغا چىققىنىمۇ يەنە شۇ تالاش-تارتىش. دېموكراتىك ئىنقىلاپ ئەسلا سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ئەمەس، ئۇنىڭغا "كوكۇل بولۇۋاتقان"لار ھەرگىز نامراتلارلا ئەمەس، ئۇ **پۈتكۈل** بۇرژۇئا جەمىيىتىنىڭ بىۋاستە ئېھتىياجى ۋە تەلەپلىرى ئاساسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن، — بىز مۇشۇنداق ئاساستا، ئىلغار سىنىپ تېخىمۇ دادىللىق بىلەن ئۆزىنىڭ دېموكراتىزىملىق ۋەزىپىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، بۇ ۋەزىپىلەرنى تېخىمۇ ئۈچۈق قىلىپ

تەلتوكۇس، ئېنىق ئېيتىشى، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى بىۋاستە شوئار تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك. ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەت قۇرۇش زورۇرلۇگى ۋە ئەكسىلئىنقىلاپنى ئايىماي تارمار قىلىش زورۇرلۇگى توغرىسىدىكى ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىشى كېرەك، دىگەن خۇلاسىنى چىقىرىمىز. ۋاھالەنكى بىزنىڭ مۇخالىپىمىز بولغان يېڭى ئۇچقۇنچىلار بولسا ئەينى شۇ ئاساستا، دېموكراتىزىملىق خۇلاسىلەرنى تەلتوكۇس، ئېنىق ئېيتماسلىق كېرەك، ئەمىلىي شوئارلار ئىچىدە جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى توغرىسىدىكى شوئار ئوتتۇرىغا قويۇلمىسىمۇ بولىدۇ، ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەت قۇرۇش زورۇرلۇگى توغرىسىدىكى ئىدىيە تەشۋىق قىلىنمىسىمۇ بولىدۇ، ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭەشىنى چاقىرىشنى قارار قىلىشنى ئۇزۇل-كېسىل غەلىبە دەپ ئاتاشقا بولىدۇ، ئەكسىلئىنقىلاپقا قارشى تۇرۇش ۋەزىپىسىنى ھەركەت ۋەزىپىمىز سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويماي، ئۇنى ”ئۆزئارا كۆرەش قىلىش جەريانى“نى بانا قىلغان تۇتۇق (بەلكى ناتوغرا ئىپادىلەنگەن، — بۇنى ھېلىلا كورىمىز) مۇلاھىزىلەر ئىچىدە غەرق قىلىۋېتىشكە بولىدۇ، دىگەن خۇلاسىنى چىقىرىشتى. بۇ سىياسىيونلارنىڭ سوزى ئەمەس، بەلكى قانداقتۇ ئەلمىساقتىن قالغان مەسلىھەتكويلارنىڭ سوزى!

سىز يېڭى ئۇچقۇنچىلار قارارىنىڭ ھەر بىر ئىبارىسىنى قانچە ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلسىڭىز، ئۇنىڭدىكى بۇ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلەرنى شۇنچە روشەن كورۇۋالالايسىز. مەسىلەن، ئۇلار قانداقتۇ ”سىياسىي جەھەتتىن ئازاتلىققا ئېرىشكەن بۇرژۇئا جەمىيىتىدىكى تۇرلۇك تەركىپلەرنىڭ..... ئۆزئارا كۆرەش قىلىش جەريانى“ توغرىسىدا گەپ ئاچىدۇ. بىز قاراردا بايان قىلىنغان مەسىلىنى (ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەت مەسىلىسىنى) ئەسكە ئېلىپ، تەئەججۇپ بىلەن مۇنداق سوئال قويىمىز: ئۆزئارا كۆرەش قىلىش جەريانى ھەققىدە سوزلەنگەن ئىكەن، بۇرژۇئا جەمىيىتىنى سىياسىي جەھەتتىن **قۇللۇققا**

چۇشۇرىدىغان تەركىپلەر ئۈستىدە قانداقمۇ ئېغىز ئاچماي تۇرغىلى بولسۇن؟ ۋەكىللەر يىغىنى تەرەپدارلىرى ئىنقىلاپ غەلىبىسىنى قىياس قىلساقلا بۇ تەركىپلەر غايىپ بولۇپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىشامدۇ ـ يا؟ بۇنداق ئوي، ئومۇمى جەھەتتىن ئېيتقاندا، بىمەنىلىك، كۆلكىلىك، قىسمەنلىكتىن ئېيتقاندا، ھەددىدىن ئاشقان سياسى گودەكلىك، سياسى كالتا پەملىك. ئىنقىلاپ ئەكسىلئىنقىلاپنى يەڭگەندىن كېيىن، ئەكسىلئىنقىلاپ غايىپ بولۇپ كەتمەيدۇ، ئەكسىچە، مۇقەررەر ھالدا تېخىمۇ ئوله ـ تىرىلىشكە باقماي يېڭى كۈرەشنى باشلايدۇ. قارارىمىزدا ئىنقىلاپ غەلىبە قىلغان پەيتتىكى ۋەزىپىلەر تەھلىل قىلىنغان ئىكەن، ئۇ ھالدا ئەكسىلئىنقىلاپنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۇرۇش ۋەزىپىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز زورۇر (قۇرۇلتاي قارارىدا ئەنە شۇنداق قىلىنغان)، جەڭگىۋار بىر پارتىيىنىڭ نوۋەتتىكى، جىددى ۋە قىلچە كېچىكتۇرگىلى بولمايدىغان بۇ سياسى ۋەزىپىلىرىنى نوۋەتتىكى ئىنقىلاۋى دەۋر ئۇتۇپ كەتكەندىن **كېيىن** قانداق بولىدىكىن، كېلەـ چەكتە "سياسى جەھەتتىن **ئازاتلىققا ئېرىشكەن** جەمىيەت" بارلىققا كەلگىنىدە قانداق بولىدىكىن، دىگەن ئادەتتىكى مۇلاھىزىلەر ئىچىگە غەرق قىلىۋەتمەسلىكىمىز لازىم. ئىقتىساتۋازلار سياسىنىڭ ئىقتىساتقا بوي سۇنۇشى توغرىسىدىكى ئومۇمى ھەقىقەتنى سۇيىستىمال قىلىش بىلەن ئۇزلىرىنىڭ قىلچە كېچىكتۇرۇپ بولمايدىغان سياسى ۋەزىپە- لەرنى چۈشەنمەسلىكلىرىنى نىقاپلىغان ئىدى، ھازىر يېڭى ئۇچقۇنچە- لارمۇ ئۇلارغا ئوخشاش، سياسى جەھەتتىن **ئازاتلىققا ئېرىشكەن** جەمىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا كۈرەش بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئومۇمى ھەقىقەتنى سۇيىستىمال قىلىش بىلەن، ئۇزلىرىنىڭ بۇ جەمىيەتنى سياسى جەھەتتىن **ئازات قىلىشتا** قىلچە كېچىكتۇرۇپ بولمايدىغان ئىنقىلاۋى ۋەزىپىلەرنى چۈشەنمەسلىكىنى نىقاپلاۋاتىدۇ.

"پۇتكۇل تەبىقىلىق پادىشالىق تۇزۇمنى ئۇزۇل - كېسىل تۇگىتىش"

دىگەن سوزنى ئالايلى. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتساق، پادىشالىق تۈزۈمنى ئۇزۇل-كېسىل تۈگىتىش دىگەنلىك دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت تۈزۈمنى ئورنىتىش دىگەنلىك. لېكىن، بىزدىكى ئاق كوڭۇل مارتىنوۋ ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى بۇنداق دىيىشنى بەكمۇ ئاددى ۋە روشەن بولۇپ قالىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇلار جەزمەن "چوڭقۇرلاشتۇرۇپراق، "ئاقىلانىراق" قىلىپ ئېيتماقچى بولىدۇ. نەتىجىدە، بىر تەرەپتىن، قۇرۇقتىن-قۇرۇق ئاۋارە بولىدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىگە قالىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئېرىشكىنى شوئار ئەمەس، بەلكى قۇرۇق تەسۋىر، جەسۇرانە ئىلگىرىلەش چاقىرىقى ئەمەس، بەلكى مەيۇسانە ئارقىغا قاراش بولۇپ چىقىدۇ. بىزنىڭ ئالدىمىزدا، ھازىردىن باشلاپ دەررۇ جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ئۈچۈن كۈرەشكۈچى جانلىق كىشىلەر ئەمەس، بەلكى مەسىلىگە ئەبەدىلىك جەھەتتىن، ۋاقتى ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن نۇقتىنەزەرلەردىن قارايدىغان قاتمال مۇمىيالار زاھىر بولىدۇ.

كېيىن، ".....ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى بولغان بۇ .....ئىنقىلاپنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشنى ئۆز زىممىسىگە ئالىدىكەن" .....دىگەن سوزنى ئېلىپ كورەيلى. بۇ يەردە پرولېتارىياتنىڭ سىياسى رەھبەرلىرىنىڭ ئالدىدا تۇرغان كونكرېت مەسىلىگە ۋەكىللەر يىغىنى تەرەپدارلىرىمىزنىڭ ئېتىۋارسىز قارىغانلىقى مانا مەن دەپ كوزگە چېلىقىپلا تۇرىدۇ. ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەت ھەققىدىكى كونكرېت مەسىلە كەلگۈسىدە ئومۇمەن بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلايدىغان بىرمۇنچە ھۆكۈمەتلەر بولىدىغانلىقى مەسىلىسى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغان. ئەگەر سىلەر مەسىلىنى "تارىخىي نۇقتىدىن" كۆزەتمەكچى بولساڭلار، ياۋروپادىكى ھەرقانداق بىر دولەتنىڭ مىسالى سىلەرگە شۇنى كورسىتىپ بېرىدۇكى، ئەسلا "ۋاقىتلىق" بولمىغان ئەنە شۇنداق بىرمۇنچە

ھوكۇمەتلەر بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلىغان،
ھەتتا ئىنقىلاپ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ھوكۇمەتلەرمۇ، بەرىبىر
مەغلۇپ بولغان بۇ ئىنقىلاپنىڭ تارىخىي ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشقا
مەجبۇر بولغان. لېكىن "ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەت" دەپ ئاتال-
غىنى ھەرگىز سىلەر ئېيتقاندەك ھوكۇمەت ئەمەس. بۇنداق ھوكۇمەت
ئىنقىلاۋىي دەۋردىكى ھوكۇمەت، ئۇ ئاغدۇرۇلغان ھوكۇمەتنىڭ ئورنىنى
بىۋاستە ئالىدىغان ھوكۇمەت، قانداقتۇ خەلق ئارىسىدىن ۋۇجۇتقا
كەلگەن ۋاكالەت ئورگىنىغا ئەمەس، بەلكى خەلق قوزغىلىڭىغا تايىنى-
دىغان ھوكۇمەت، ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەت ئومۇمەن بۇرژۇئا
ئىنقىلاۋىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلايدىغان ئورگان ئەمەس،
بەلكى ئىنقىلاپنىڭ دەررۇ غەلىبە قىلىشى، ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئۇرۇنۇش-
لارنى دەررۇ بىتچىت قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ئورگان.
ئەپەندىلەر، بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى ۋەزىپىلىرىنىڭ زادى قايسىلىرى
بىزنىڭ قولىمىزدا، قايسىلىرى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا ياكى بىرەر ھوكۇمەت-
نىڭ قولىدا ئورۇنلانغانلىقىنى كەلگۈسىدىكى تارىخچىلار كەلگۈسى
«روسىيە ئۇتمۇشى»[167] ژورنىلىدا ئېنىقلاپ چىقىشۇن! — بۇ 30 يىلدىن
كېيىن قىلىسىمۇ كېچىكمەيدىغان ئىش، بىز ھازىر جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى
ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتا زورۇر بولغان ھەمدە پرولېتارىياتىنىڭ بۇ
كۈرەشكە ئەڭ ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىشىغا تۈرتكە بولىدىغان شوئار-
لارنى ۋە ئەمىلىي يولىيورۇقلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشىمىز لازىم.

قارارنىڭ يۇقۇرىدا بىز كوچۇرۇۋالغان بولىگىدىكى ئاخىرقى بىر-
نەچچە كوزقاراشمۇ خۇددى يۇقۇرىدا كورسىتىپ ئوتۇلگەن سەۋەپلەر
تۈپەيلىدىن كىشىنى قانائەتلەندۇرەلمەيدۇ. ۋاقىتلىق ھوكۇمەت
قارىمۇ-قارشى سىنىپلارنىڭ ئوزئارا كۈرىشىنى "تەڭشىشى" كېرەك
دىگەن سوز ئىنتايىن ناموۋاپىق، ھىچ بولمىغاندا قامالاشمىغان سوز؛
ماركسىزىمچىلار لىبېراليزىمچى ئازاتچىلارغىلا خاس بولغان بۇنداق

ئىبارىنى ئىشلەتمەسلىكى كېرەك ئىدى، چۈنكى بۇنداق ئىبارىلەر كىشىلەرنى بەزى ھوكۇمەتلەر سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئورگىنى بولماي، بەلكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ "تەڭشىگۈچىسى" بولۇشى مۇمكىن ئىكەن دىگەن ئويغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ......ھوكۇمەت "ئىنقىلاپنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئىنقىلاپ تەرەققىياتى جەريانىدا كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ ئاساسىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان ئامىللارغىمۇ بارلىق كۈچى بىلەن قارشى تۇرۇشى" زورۇر ئىدى. بۇ "ئامىل"لار پرولېتارىياتنىڭ دەل ئۆزى، بۇ قارار ئەنە شۇ پرولېتارىيات نامىدىن سۆزلەيدۇ! بۇ قاراردا پرولېتارىياتنىڭ نۆۋەتتە قانداق قىلىپ "ئىنقىلاپنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى" (ئۇنى ئاساسىي قانۇنچى بۇرژۇئازىيىنىڭ كۆزلىگەن يېرىدىنمۇ نېرىراق سۈرۈشى) لازىملىقى كۆرسىتىلمىگەن، بۇرژۇئازىيە كەينىگە يېنىپ ئىنقىلاپنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە قارشى چىققان چاغدا بۇرژۇئازىيىگە قارشى كۈرەش قىلىش ئۈچۈن، مەلۇم چارىلەرنى تەييارلاپ قويۇش توغرىسىدا پرولېتارىياتقا مەسلىھەت بېرىلمىگەن، **بىزنىڭ** پائالىيىتىمىزنىڭ كونكرېت ۋەزىپىلىرى ھەققىدە ھېچ نەرسە دىيىلمىگەن، بىرلا جەريان ئومۇمى ھالدا تەسۋىرلەنگەن. يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ ئۆز پىكىرلىرىنى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى كىشىگە دىيالېكتىكىلىق ئىدىيىگە تۇيۇن يات بولغان كونا ماتېرىيالىزىم توغرىسىدا ماركسنىڭ بەرگەن باھاسىنى ئەسلىتىدۇ (ماركس يازغان فېيېرباخ توغرىسىدىكى مەشھۇر "تېزىس"قا قاراڭلار). ماركس: پەيلاسوپلار دۇنيانى تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق **چۈشەندۈرۈش** بىلەنلا چەكلىنىدۇ، لېكىن گەپ دۇنيانى **ئۆزگەرتىشتە**، دىگەن ئىدى[230] . يېڭى ئۇچقۇنچىلارمۇ كۆز ئالدىدىكى كۈرەش جەريانىنى ھەر ھالدا يامان ئەمەس تەسۋىرلەپ ۋە چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ، لېكىن بۇ كۈرەشنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن توغرا شوئارلارنى زادىلا ئوتتۇرىغا قويالمايدۇ. ئۇلار يۈرۈشتە

ناھايىتى كۆچىگىنى بىلەن، رەھبەرلىك قىلىشتا ناھايىتى ناچار، ئۇلار ئىنقىلاپنىڭ ماددىي شەرتلىرىنى تونۇغان ھەمدە ئىلغار سىنىپقا رەھبەر-لىك قىلىۋاتقان پارتىيىلەرنىڭ تارىختا ئاكتىپ رەھبەرلىك رولىنى ۋە يېتەكچىلىك رولىنى ئوينىيالايدىغانلىقىغا بەلكى ئوينىشى لازىملىقىغا سەل قارايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ماتېرىيالىستىك تارىخقارىشىنىڭ ئەھمى-يىتىنى تۇۋەنلەشتۇرىدۇ.

5

قانداق قىلىپ "ئىنقىلاپنى ئالغا سۈرۈش" لازىم؟

بۇ قارارنىڭ كېيىنكى بۆلىكىنى نەقىل كەلتۈرىمىز:

"بۇنداق شارائىتتا سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى پۈتۈن ئىنقىلاپ جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئىنقىلاپنى ئالغا سۈرۈش ئۈچۈن ھەممە-مىدىن بەكرەك ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەلەيدىغان، بۇرژۇئا پارتىيە-لىرىنىڭ ئىزچىل بولمىغان ۋە شەخسىي مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان سىياسىتىگە قارشى كۆرەش قىلغاندا ئامالسىز قالمايدىغان، بۇرژۇئا دېموكراتىيىچىلىرىگە قوشۇلۇپ كەتمەيدىغان ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك.

دېمەك، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ۋاقىتلىق ھوكۇمەت ئىلكىدىكى ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ياكى بولۇشۇۋېلىشنى مەقسەت قىلماسلىقى، بەلكى ئۇزۇل-كېسىل ئىنقىلاۋىي ئوكتىچى پارتىيە بولۇپ قېلىۋېرىشى لازىم."

بىزگە ئىنقىلاپنى ئالغا سۈرۈش ئۈچۈن ھەممىدىن بەكرەك ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەلەيدىغان ئورۇننى ئىگىلەش ھەققىدە بېرىل-گەن مەسلىھەت بىزنى ئىنتايىن شاتلاندۇرىدۇ. بىز بۇ ئوبدان مەسلىھەت-

تىن باشقا يەنە، دەل ھازىرقى ۋاقىتتا، نۆۋەتتىكى سىياسى ۋەزىيەت ئاستىدا، خەلق ۋەكىللەر يىغىنىنى چاقىرىش توغرىسىدا كەينى-كەينىدىن پىتنە-پاساتلار، پەرەزلەر، مۇلاھىزىلەر ۋە پىلانلار چىقىۋاتقان چاغدا، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئىنقىلاپنى قانداق قىلىپ ئالغا سۈرۈشى لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىۋاستە يوليورۇقلارغا ئىگە بولۇشنىمۇ خالايتتۇق. خەلق بىلەن چار پادىشانىڭ "مۇرەسسەلىششى"نى تەشەببۇس قىلىدىغان بۇنداق ئازاتچىلارچە نەزىرىيىنىڭ خەۋپلىكلىكىنى چۈشەنمەي، ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭىشىنى چاقىرىشنى "قارار قىلىش"نىلا غەلىبە دەپ ئاتايدىغان ھەمدە ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەت قۇرۇش لازىملىقىنى پائال تەشۋىق قىلمايدىغان ئادەملەر ھازىر ئىنقىلاپنى ئالغا سۈرەلەمدۇ؟ دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ھەققىدىكى شوئارنى ئاغزىغا ئالمايدىغان ئادەملەر ھازىر ئىنقىلاپنى ئالغا سۈرەلەمدۇ؟ بۇنداق ئادەملەر ئەمەلىيەتتە **ئىنقىلاپنى ئارقىغا چېكىندۈرىدۇ**، چۈنكى، ئۇلار **سىياسى ئەمەلىيەت** جەھەتتە **ئازاتچىلار** مەيدانىنىڭ سەۋىيىسىدە توختاپ قالغان. ئۇلار ئىنقىلاۋىي دەۋردە پارتىيىنىڭ ھازىرقى ۋە يېقىنقى ۋەزىپىلىرىنى بەلگىلەيدىغان تاكتىكىلىق قاراردا جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش شوئارىنى ئاغزىغا ئالمىغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ مۇستەبىتلىكىنىڭ ئورنىغا جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى قويۇش پۈروگراممىسىنى ئېتىراپ قىلىشىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى قالىدۇ؟ ئەمەلىيەتتە، ئازاتچىلار مەيدانىنىڭ يەنە ئاساسىي قانۇنچى بۇرژۇئازىيە مەيدانىنىڭ ھازىرقى خۇسۇسىيىتى ئومۇمىي خەلق ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭىشىنى چاقىرىشنى قارار قىلىشنى ئۈزۈل-كېسىل غەلىبە دەپ قاراپ ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەت ۋە جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى مەسىلىسىدە ئېھتىياتلىق بىلەن جىم بولۇۋېلىشتىن ئىبارەت! ئىنقىلاپنى **ئالغا سۈرۈش** ئۈچۈن،

ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنقىلاپنى پادىشاپەرەس بۇرژۇئازىيە يەتكۈزەلەيدىغان چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش ئۈچۈن، بۇرژۇئا دېموكراتىيىچىلىرىنىڭ "شاللاقلىغى"نى **مۇتلەق چەتكە قاقىدىغان** شوئارلارنى پائال تۈردە ئوتتۇرىغا قويۇش، بۇ شوئارلارنى تەكىتلەش ۋە بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش لازىم. بۇنداق شوئاردىن ھازىر **ئىككىسىلا بار:** (1) ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەت، (2) جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى، چۈنكى ئومۇمى خەلق ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭىشى ھەققىدىكى شوئارنى پادىشاپەرەس بۇرژۇئازىيە **قوبۇل قىلغان** ("ئازاتلىق جەمىيىتى"نىڭ پۇروگىراممىسىغا قاراڭلار)، ئۇلار بۇ شوئارنى دەل ئىنقىلاپنى يوشۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن، ئىنقىلاپنى تولۇق غەلىبىگە ئېرىشتۈرمەسلىك ئۈچۈن، چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ چار ھوكۇمىتى بىلەن مۇرەسسەلىشىپ ئولجا بولۇۋېلىشىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن قوبۇل قىلغان. لېكىن بىز كۆرۈپ تۇرۇپتۇمىزكى، ۋەكىللەر يىغىنى ئىنقىلاپنى بىردىن-بىر ئالغا سۈرەلەيدىغان بۇ ئىككى شوئاردىن جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى توغرىسىدىكى شوئارنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان، ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەت توغرىسىدىكى شوئارنى بولسا، ئازاتچىلارنىڭ ئومۇمى خەلق ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭىشى توغرىسىدىكى شوئارى بىلەن بىر قاتارغا قويۇپ، ھەر ئىككىسىنى "ئىنقىلاپنىڭ ئۈزۈل-كېسىل غەلىبىسى" دەپ ئاتىغان!!

شۇنداق، بۇ گۇمانلىنىشقا بولمايدىغان بىر پاكىت، بىز بۇ پاكىتنىڭ كېلەچەكتىكى روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ھەركىتىنىڭ تارىخشۇناسلىرى ئۈچۈن يول كۆرسەتكۈچ بولۇپ قالىدىغانلىغىغا ئىشىنىمىز. سوتسىيال دېموكراتلار 1905-يىل 5-ئايدا ئۆتكۈزگەن ۋەكىللەر يىغىنىدا قارار ماقۇللىدى، قاراردا دېموكراتىك ئىنقىلاپنى ئالغا سۈرۈش كېرەكلىگى توغرىسىدا چىرايلىق گەپلەر ئېيتىلدى،

ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ ئىنقىلاپنى ئارقىغا چېكىندۈردى، پادىشاپەرەس بۇرژۇئازىيىنىڭ دېموكراتىيە ھەققىدىكى شوئارىدىن بىر قەدەممۇ نېرىغا ئۆتەلمىدى.

يېڭى ئۇچقۇنچىلار بىزنى، سىلەر پرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئا دېموكراتىيىچىلىرىگە قوشۇلۇپ كېتىش خەۋپىگە سەل قارىدىڭلار، دەپ ئەيىپلەشكە ئامراق. روسسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ 3 ـ قۇرۇلتىيى ماقۇللىغان قارارلارنىڭ تېكىستىگە ئاساسەن بۇ ئەيىپنى دەلىللەپ بېرەلەيدىغان كىم بار، بىز بىر كۆرۈپ باقساق بولاتتى. بىزنىڭ مۇخالىپلىرىمىزغا بېرىدىغان جاۋابىمىز مۇنداق: بۇرژۇئا جەمئىيىتىدە ھەرىكەتلىنىۋاتقان سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى بەزى ئايرىم سورۇنلاردا بۇرژۇئا دېموكراتىيىچىلىرى بىلەن يانمۇ ـ يان ماڭمىسا سىياسىغا قاتنىشالمايدۇ. بۇ جەھەتتە بىزنىڭ سىلەردىن پەرقىمىز شۇكى، بىز ئىنقىلاۋىي ـــ جۇمھۇرىيەتچى بۇرژۇئازىيە بىلەن يانمۇ ـ يان ماڭىمىز، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ كەتمەيمىز؛ سىلەر بولساڭلار پادىشاپەرەس لىبېرال بۇرژۇئازىيە بىلەن يانمۇ ـ يان ماڭىسىلەر، سىلەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ كەتمەيسىلەر. ئەمەلىي ئەھۋال ئەنە شۇنداق.

سىلەرنىڭ ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ نامىدىن ئوتتۇرىغا قويغان تاكتىكىلىق شوئارىڭلار بىلەن "كادېتلار" پارتىيىسىنىڭ يەنى پادىشاپەرەس بۇرژۇئازىيە پارتىيىسىنىڭ شوئارى بىر بىرىگە ياپسا كېلىدۇ، لېكىن سىلەر بۇنداق ياپسا كېلىشنى سەزمىدىڭلار، ئاڭقىرالمىدىڭلار، شۇنداق قىلىپ سىلەر ئەمەلىيەتتە ئازاتچىلارنىڭ قۇيرۇغى بولۇپ قالدىڭلار.

بىزنىڭ روسسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى 3 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ نامىدىن ئوتتۇرىغا قويغان تاكتىكىلىق شوئارلىرىمىز

دېموكراتىيىچى، ئىنقىلاۋىي-جۇمھۇرىيەتچى بۇرژۇئازىيىنىڭ شوئار-لىرىنى ياپسا كېلىدۇ. بۇنداق بۇرژۇئازىيە ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيە روسىيىدە تېخى چوڭراق بىر خەلق پارتىيىسى① بولۇپ شەكىللەن-گىنى يوق. لېكىن، روسىيىنىڭ ھازىرقى ئەمەلىي ئەھۋالىدىن پۈتۈن-لەي خەۋەرسىز كىشىلا، مۇشۇنداق بىر پارتىيە تەركىۋىنىڭ مەۋجۇت-لۇغىدىن ئىبارەت پاكىتتىن گۇمانلىنىدۇ. بىز (ئۇلۇغ روسىيە ئىنقى-لاۋى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا) سوتسيال دېموكراتلار پارتىيىسى تەشكىللىگەن پرولېتارىياتقىلا ئەمەس، بەلكى بىز بىلەن يانمۇ-يان ماڭالايدىغان بۇ ئۇششاق بۇرژۇئازىيى-گىمۇ رەھبەرلىك قىلماقچىمىز.

ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قارارى ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ ئاڭسىز ھالدا پادىشاپەرەس لىبېرال بۇرژۇئازىيە سەۋىيىسىگە **چۈشۈپ قالغانلى-غىنى** كۆرسىتىدۇ. پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ قارارى بولسا، قۇرۇلتاينىڭ كۈرەش قىلالايدىغان ئەمما دەللاللىق قىلمايدىغان ئىنقىلاۋىي دېمو-كراتىيىچىلەرنى ئاڭلىق ھالدا قۇرۇلتاي سەۋىيىسىگە **كۆتۈرىدىغان-لىغىنى** كۆرسىتىدۇ.

بۇنداقلار دىخانلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن كۆپ. چوڭ-چوڭ ئىجتىمائى گۇرۇھلارنى سىياسى يۈزلىنىشلىرى بويىچە ئايرىغاندا، ئىنقىلاۋىي-جۇمھۇرىيەتچى دېموكراتىيىچىلەرنى دىخانلار ئاممىسى بىلەن تەڭلەشتۈرسەك، ئانچە چوڭ خاتالىق بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

---

① "سوتسيال ئىنقىلاپچىلار پارتىيىسى"نى بۇنداق بىر پارتىيىسىنىڭ بىخى دىگەندىن كۆرە، زىيالىيلارنىڭ تېرورلۇق گۇرۇھى دىگەن تۈزۈك، گەرچە بۇ گۇرۇھ شۇغۇللانغان پائالىيەتلەرنىڭ ئوبېكتىپ ئەھمىيىتى دەل شۇ ئىنقىلاۋىي-جۇمھۇرىيەتچى بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا بولسىمۇ.

ئىشچىلار سىنىپىنى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى بىلەن قانداق چەكلىمىلەر ۋە ئۆز ئۆزىدىن مەلۇملۇق بولغان شەرتلەر ئاساسىدا تەڭلەشتۈرگەن بولساق، ئۇلارنىمۇ خۇددى شۇ ئاساستا تەڭلەشتۈرىدىمىز. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بىز خۇلاسىمىزنى مۇنداق بايان قىلساقمۇ بولىدۇ: ۋەكىللەر يىغىنى ئىنقىلاپ دەۋرىدە ئوتتۇرىغا قويغان **پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىق**① **سىياسى** شوئارلار ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ ئاڭسىز ھالدا **پومېشچىكلار ئاممىسىنىڭ سەۋىيىسىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى** كورسىتىدۇ. پارتىيە قۇرۇلتىيى ئوتتۇرىغا قويغان پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىق سىياسى شوئارلار بولسا، قۇرۇلتاينىڭ **دېخانلار ئاممىسىنى ئىنقىلاۋىي سەۋىيىگە كوتىرىدىغانلىقىنى** كورسىتىدۇ. ئەگەر كىمدە-كىم بىزنىڭ شۇنداق خۇلاسە چىقارغىنىمىز ئۈچۈن بىزنى ئاجايىپ-غارايىپ پىكىرلەرنى بايان قىلىشقا ئامراق دەپ ئەيىپلەيدىكەن، بىز سەن مۇنۇ پىكىرنى رەت قىلىپ كور دەپ شەرت قويىمىز: ئەگەر بىزدە ئىنقىلاپنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بارىدىغان كۈچ-قۇۋۋەت بولماي قالسا، ئەگەر ئىنقىلاپ ئازاتچىلارچە "ئۈزۈل-كېسىل غەلىبە" بىلەن يەنى چار پادىشا چاقىرغان، پەقەت چاخچاق ئۈستىدىلا ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭىشى دەپ ئاتاشقا بولىدىغان ۋەكىللەر يىغىنى بىلەنلا **ئاخىرلاشسا**، ئۇ ھالدا بۇ، **پومېشچىكلار بىلەن چوڭ بۇرژۇئازىيىدىن ئىبارەت** تەركىپ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بىر ئىنقىلاپ بولىدۇ. ئەكسىچە، ئەگەر ھەقىقى ئۇلۇغ ئىنقىلاپنى جەزمەن باشتىن كەچۈرىدىغان بولساق، ئەگەر تارىخ بۇ قېتىم "چۈشۈك"كە يول قويمىسا، ئەگەر بىزدە ئىنقىلاپنى تا ئاخىرغىچە ئېلىپ بارىدىغان، ئازاتچىلار بىلەن

① ئايرىم قارار بىلەن ئىزاھلانغان ۋە دېخانلارغىلا ئالاقىدار بولغان شوئارلار توغرىسىدا گەپ قىلماي تۇرايلى.

يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ نەزىرىدىكىدەك ئەمەس، ھەقىقىي ئۇزۇل-كېسىل غەلىبىگە ئېلىپ بارىدىغان كۈچ-قۇۋۋەت بولسا، ئۇ ھالدا بۇ، دېخانلار بىلەن پورولېتارىياتتىن ئىبارەت تەركىپ ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن بىر ئىنقىلاپ بولىدۇ.

ئېھتىمال، بەزىلەر بىزنىڭ ئىنقىلاپتا دېخانلار بىلەن پورولېتارىيات تەركىۋى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى پەرىزىمىزنى نوۋەتتىكى ئىنقىلاپنىڭ بۇرژۇئا خاراكتېرىدىكى ئىنقىلاپ ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگەنلىك دەپ ھېساپلىشار. مۇبادا بۇ ئۇقۇم «ئۇچقۇن» گېزىتىدىكىدەك كەلسە-كەلمەس ئىشلىتىلىۋەرسە، بۇنداق گۇماننىڭ تۇغۇلۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. شۇڭا، بۇ مەسىلىنى تەھلىل قىلىپ ئوتۇش ئەسلا ئارتۇقچە ئىش ئەمەس.

6

شاللاق بۇرژۇئازىيىگە قارشى كۇرەشتە پورولېتارىياتنىڭ ئامالسىز قېلىش خەۋپى قەيەردىن كېلىدۇ؟

ماركسىزىمچىلار روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ بۇرژۇئا خاراكتېرىدىكى ئىنقىلاپ ئىكەنلىكىگە مۇتلەق ئىشىنىدۇ. بۇ نېمە دېگەنلىك؟ بۇ شۇنداق دېگەنلىككى، روسىيە ئۇچۇن مۇقەررەر بولۇپ قالغان سىياسىي تۈزۈم جەھەتتىكى دېموكراتىك ئىسلاھات بىلەن ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئىسلاھاتنىڭ ئۆزىنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇ ئىسلاھاتلار كاپىتالىزىمنى پاچاقلاپ تاشلاش، بۇرژۇئازىيىنىڭ ھوكۇمرانلىقىنى پاچاقلاپ تاشلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، كاپىتالىزىمنىڭ كەڭ ۋە چاپسان تەرەققى قىلىشى ئۇچۇن يەنى ئاسىياچە ئەمەس، ياۋروپاچە تەرەققى قىلىشى ئۇچۇن بىرىنچى قېتىم ھەقىقىي تۇردە

زىمىن ھازىرلاپ بېرىدۇ، بۇرژۇئازىيىدىن ئىبارەت بۇ سىنىپنىڭ
ھوكۇمرانلىغىنى بىرىنچى قېتىم مۇمكىنچىلىككە ئايلاندۇرىدۇ. سوتسىـ
يال ئىنقىلاپچىلار بۇ ئىدىيىنى چۈشىنەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار تاۋار
ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ۋە كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىيات
قانۇنىيىتىنى قىلچە بىلمەيدۇ، ئۇلار دىخانلار قوزغىلىڭى پۈتۈنلەي
مۇۋەپپەقىيەت قازانغان تەقدىردىمۇ، ھەتتۋا يەر دىخانلارنىڭ مەنپەـ
ئەتى ئۈچۈن ۋە دىخانلارنىڭ ئارزۇسى بويىچە يېڭىۋاشتىن تەقسىم
قىلىنغان تەقدىردىمۇ ("يەرنى تەڭ تەقسىم قىلىش" ياكى مۇشۇنىڭغا
ئوخشاپ كېتىدىغان باشقا ئۇسۇللار بىلەن) كاپىتالىزىمنى ئەسلا
يوقاتمايدىغانلىغىنى، ئەكسىچە، كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققى قىلىشىغا
تۈرتكە بولىدىغانلىغىنى، دىخانلارنىڭ ئۆزىدىكى سىنىپى بۆلۈنۈشنى
تېزلىتىدىغانلىغىنى كورەلمەيدۇ. سوتسىيال ئىنقىلاپچىلار بۇ ھەقىقەتنى
چۈشەنمىگەنلىگى ئۈچۈن ئاڭسىز ئۇششاق بۇرژۇئا مۇتەپەككۇرلىرى
بولۇپ قالىدۇ. بۇ ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش، سوتسىيال دېموكراتلار
پارتىيىسى ئۈچۈن نەزىرىيە جەھەتتىلا ئەمەس، سىياسى ئەمەلىيەت
جەھەتتىمۇ ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە، چۈنكى بۇنىڭدىن،
پۇرولېتارىيات پارتىيىسى نوۋەتتىكى "ئومۇمى دېموكراتىك" ھەرـ
كەتتە تولۇق سىنىپى مۇستەقىللىغىنى ساقلىشى كېرەك، دىگەن
خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ.

لېكىن بۇنىڭدىن، **دېموكراتىك** ئىنقىلاپ (ئۆزىنىڭ ئىجتىمائى-
ئىقتىسادى مەزمۇنىدىن ئېيتقاندا بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى)نىڭ پۇرولېتارىـ
يات ئۈچۈن **زور** مەنپەئەتى يوق، دىگەن خۇلاسىنى چىقىرىشقا
ئەسلا بولمايدۇ. بۇنىڭدىن، دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ يا ئاساسەن
چوڭ كاپىتالىستلار، مالىيە زومىگەرلىرى ۋە "ئوقۇمۇشلۇق" پومېشـ
شىكلارغا پايدىلىق بولغان شەكىلدە، يا دىخانلار ۋە ئىشچىلارغا پايـ
دىلىق بولغان شەكىلدە ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىككى خىل ئىمكانىيەتـ

نىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، دېگەن خۇلاسە ئەسلا چىقمايدۇ.

يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ مەزمۇنى ۋە ئەھمىيىتىگە بولغان چۈشەنچىسى تۈپتىن خاتا. ئۇلارنىڭ مۇلاھىزىلىرىدىن، بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى پەقەت بۇرژۇئازىيە ئۈچۈن پايدىلىق نەتىجىلەرنىلا بېرىدىغان ئىنقىلاپ، دېگەن قاراش ھەمىشە مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن ئارتۇق خاتا قاراش يوق. بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى بۇرژۇئازىيە دائىرىسىدىن يەنى كاپىتالىستىك ئىجتىمائى-ئىقتىسادىي تۈزۈم دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەيدىغان ئىنقىلاپ. بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى كاپىتالىزم تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىنى ئىپادىلەيدۇ، ئۇ كاپىتالىزم ئاساسلىرىنى يوقىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، بۇنداق ئاساسنى كېڭەيتىدۇ ھەمدە چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. شۇڭا، بۇ ئىنقىلاپ يالغۇز ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىگىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتىگىمۇ ۋەكىللىك قىلىدۇ. كاپىتالىزم شارائىتىدا بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپى ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشى مۇقەررەر ئىكەن، بەس، بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنى پۇرولېتارىياتنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ دېگەندىن كۆرە، بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ دېگەن تۈزۈكرەك دەپ ئېيتىشقا پۈتۈنلەي ھەقلىقمىز. ئەمما، بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى پۇرولېتارىياتنىڭ مەنپەئەتىگە قىلچىمۇ ۋەكىللىك قىلمايدۇ دەپ قاراش ئۇتتۇپ كەتكەن بىمەنىلىك بولىدۇ. بۇنداق بىمەنە پىكىر، ئاخىرقى ھېساپتا، يە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى پۇرولېتارىياتنىڭ مەنپەئەتىگە زىت كېلىدۇ، شۇڭا بىزگە بۇرژۇئا سىياسى ئەركىنلىگى كېرەك ئەمەس، دەپ قارايدىغان كونا نارودنىكلىق نەزەرىيەسى، يە پۇرولېتارىيات بۇرژۇئازىيە سىياسىتىغا، بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىغا، بۇرژۇئا پارلامېنتىغا ھەرگىز قاتناشماسلىقى لازىم، دەپ ھېساپلايدىغان ھۆكۈمەتسىزلىك ئىدىيىسى بولۇپ چىقىدۇ. نەزەرىيە جەھەتتىن

ئېيتقاندا، بۇنداق پىكىرلەر ماركسىزىمنىڭ تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى ئاساسىدا كاپىتالىزىم مۇقەررەر يوسۇندا تەرەققىي قىلىدۇ، دىگەن بۇ ئەقەللى قائىدىسىنى ئۇنتۇغانلىق. ماركسىزىم بىزگە، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلغان ھەممە مەدەنىي كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بىلەن ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتى بولغان جەمىيەتنىڭ ئۆزىمۇ، تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا كەلگەندە، سوزسىز كاپىتالىزىم يولىغا ماڭىدۇ، دەپ تەلىم بېرىدۇ. نارودنىكلار بىلەن ھوكۇمەتچىلەر روسىيە كاپىتالىزىم تەرەققىياتىدىن خالىي بولۇشى مۇمكىن، كاپىتالىزىم ئاساسىدا ۋە دائىرىسى ئىچىدە سىنىپىي كۈرەش ئېلىپ بېرىش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى باشقا يول بىلەن بۇ كاپىتالىزىمدىن چىقىپ كېتىشى ياكى ھالقىپ ئۆتۈشى مۇمكىن، دېيىشىدۇ. ماركسىزىم بۇ خىل مەنىسىز جۆيلۈشلەرنى قەتئىي رەت قىلىدۇ.

ماركسىزىمنىڭ بۇ قائىدىلىرىنىڭ ھەممىسى، ئومۇمەن ئېيتقاندىمۇ ياكى مەخسۇس روسىيە ئۈچۈنمۇ، ئىنتايىن تەپسىلىي ئىسپاتلانغان ھەممە قايتا-قايتا چۈشەندۈرۈلگەن ئىدى. بۇ قائىدىلەرگە ئاساسەن شۇنداق خۇلاسىنى چىقىرىش كېرەككى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ چىقىش يولىنى كاپىتالىزىمنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن باشقا ھەرقانداق جەھەتتىن ئىزلەش خام خىيالدا بولۇش **ئەكسىيەتچىلىك** بولىدۇ. روسىيەدەك مەملىكەتلەردە، ئىشچىلار سىنىپى كاپىتالىزىمدىن كورە، كاپىتالىزىمنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلمىغىنىدىن تولاراق ئازاپ چېكىۋاتىدۇ. شۇڭا ئىشچىلار سىنىپى كاپىتالىزىمنىڭ ئەڭ كەڭ، ئەڭ ئەركىن، ئەڭ چاپسان تەرەققىي قىلىشىدىن **مۇتلەق مەنپەئەتدار**. كاپىتالىزىمنىڭ كەڭ تۈردە، ئەركىن، چاپسان تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان بارلىق كونا تۈزۈم قالدۇقلىرىنى يوقىتىش ئىشچىلار سىنىپى ئۈچۈن مۇتلەق **پايدىلىق**. بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى دەل كونا تۈزۈمنىڭ قالدۇغىنى يەنى يانچىلىقنىڭ قالدۇغىنى

ئەڭ قەتئىلىك بىلەن سۇپۇرۇپ تاشلايدىغان (بۇ قالدۇقلار قاتارىغا يالغۇز مۇستەبىتلىكلا ئەمەس، بەلكى پادىشالىق تۈزۈممۇ كىرىدۇ)، كاپىتالىزىمنىڭ ئەڭ كەڭ، ئەڭ ئەركىن ۋە ئەڭ چاپسان تەرەققى قىلىشىنى ئەڭ تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ئىنقىلاپ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، **بۇرژۇئا** ئىنقىلاۋى **پۇرولېتارىيات ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىق**. بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى پۇرولېتارىياتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن **مۇتلەق** زورۇر. بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى قانچىكى تولۇق، قانچىكى قەتئىي، قانچىكى ئۈزۈل ـ كېسىل ئېلىپ بېرىلىدىكەن، پۇرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئازىيىگە قارشى سوتسىيالىزىم يولىدىكى كۈرىشىمۇ شۇنچە كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. بۇ خۇلاسە ئىلمىي سوتسىيالىزىمدىن قىلچىمۇ ساۋادى بولمىغان كىشىلەرگىلا بىر يېڭى ياكى غەلىتە، بىمەنە خۇلاسە بولۇپ تۇيۇلۇشى مۇمكىن. بۇ خۇلاسىگە ئاساسەن مۇنداق قائىدىنىمۇ چىقىرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ: **مەلۇم مەنىدە**، بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى بۇرژۇئازىيىدىن كۆرە، پۇرولېتارىياتقا **بەكرەك پايدىلىق**. بۇ قائىدە دەل مۇنداق بىر مەنىدە شۈبھىسىز: پۇرولېتارىياتقا قارشى تۇرۇشتا كونا تۈزۈمنىڭ بەزىبىر قالدۇقلىرىغا، مەسىلەن، پادىشالىق تۈزۈمگە، دائىمىي ئارمىيىگە ۋە باشقىلارغا تايىنىش بۇرژۇئازىيە ئۈچۈن پايدىلىق. بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ كونا تۈزۈمنىڭ بارلىق قالدۇقلىرىنى بەكمۇ قەتئىيەتلىك بىلەن سۇپۇرۇپ تاشلىماسلىقى، ئەكسىچە، ئۇنىڭ بەزىلىرىنى قالدۇرۇپ قويۇشى يەنى بۇ ئىنقىلاپنىڭ ئانچە ئۈزۈل ـ كېسىل بولماسلىقى، ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىلماسلىقى، قەتئىي ۋە رەھىمسىز بولماسلىقى بۇرژۇئازىيە ئۈچۈن پايدىلىق. بۇ پىكىرنى سوتسىيال دېموكراتلار كۆپ ھاللاردا باشقىچىراق سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەپ، بۇرژۇئازىيە ئۆزىگە ئۆزى ئاسىلىق قىلىدۇ، بۇرژۇئازىيە ئەركىنلىك ئىشلىرىغا ساتقىنلىق قىلىدۇ، بۇرژۇئازىيە ئۈزۈل ـ كېسىل بولغان دېموكراتىزىمنى يولغا قويالمايدۇ دەيدۇ. بۇرژۇئا دېموكراتىيىگە

خاراكتېردىكى تۇرلۇك زورۇر ئىسلاھاتلارنىڭ ئاستىراق، پەيدىن-پەي، ئېھتىياتلىق ۋە قەتئىيەتسىزلىك بىلەن ئېلىپ بېرىلىشى يەنى ئىنقىلاۋىي ئۇسۇل بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىسلاھاتچىلىق ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ بېرىلىشى؛ بۇ ئىسلاھاتلارنىڭ يانچىلىقنىڭ "تەۋەرۇك" مۇئەسسەسىلىرى (مەسىلەن، پادىشالىق تۈزۈم)گە قارىتا مۇمكىن قەدەر ئېھتىياتلىقىراق ئېلىپ بېرىلىشى؛ بۇ ئىسلاھاتلارنىڭ ئاددى پۇقرالارنىڭ يەنى دىخانلارنىڭ، بولۇپمۇ ئىشچىلارنىڭ ئىنقىلاۋىي تەشەببۇسكارلىقىنى، پائالىيەتچانلىقىنى ۋە غەيرىتىنى مۇمكىن قەدەر ئازراق جارى قىلدۇرۇشى بۇرژۇئازىيە ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق، چۈنكى بۇنداق بولمىغاندا، ئىشچىلارنىڭ، فرانسۇزلار ئېيتقىنىدەك، "مىلتىقنى ئوڭ مۈرىسىدىن سول مۈرىسىگە يۆتكىشى" تېخىمۇ ئاسان بولىدۇ يەنى بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى بېرىدىغان قورال بىلەن، بۇ ئىنقىلاپ بېرىدىغان ئەركىنلىك بىلەن، يانچىلىق تازىلانغان زېمىندا بارلىققا كېلىدىغان دېموكراتىك مۇئەسسەسەلەر بىلەن بۇرژۇئازىيىنىڭ ئۆزىگە قارشى تۇرۇشى تېخىمۇ ئاسان بولىدۇ.

ئەكسىچە، بۇرژۇئا دېموكراتىك خاراكتېردىكى تۇرلۇك زورۇر ئىسلاھاتلارنىڭ ئىسلاھاتچىلىق يول بىلەن ئەمەس، بەلكى دەل ئىنقىلاۋىي يول بىلەن ئەمەلگە ئېشىشى ئىشچىلار سىنىپى ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق بولىدۇ، چۈنكى ئىسلاھاتچىلىق يول — ۋاقىتنى سوزىدىغان، ئىلگىرىلىمەيدىغان، خەلقنىڭ ئورگانىزمىدىكى چىرىگەن ئەزالارنىڭ ئولۇش جەريانىنىڭ ئاستىلىقى سەۋەپلىك ھېساپسىز ئازاپلارنى ئېلىپ كېلىدىغان بىر يول. بۇ ئەزالارنىڭ چىرىشىدىن پۇرولېتارىيات بىلەن دىخانلار ھەممىدىن ئاۋال ۋە ھەممىدىن قاتتىق ئازاپ تارتىدۇ. ئىنقىلاۋىي يول — پۇرولېتارىيات ئازاپىنى ئەڭ ئاز تار-تىدىغان، تېز ئوپېراتسىيە قىلىدىغان يول، چىرىگەن ئەزانى چورتلا

كېسىپ تاشلايدىغان يول، پادىشالىق تۈزۈمگە ۋە بۇ تۈزۈمگە مۇنا-سىپ بولغان تۈرلۈك يىرگىنىشلىك، ئىپلاس، چىرىپ ئەبجەغى چىققان ۋە سېسىق بۇسى هاۋانى بۇزىدىغان مۇئەسسەسەلەرگە ئەڭ ئاز يول قويىدىغان ۋە ئۇلارنى ئايىمايدىغان يول.

دەل شۇنداق بولغاچقا، بۇرژۇئا لىبېراللىرىمىزنىڭ مەتبۇئاتى ئىنقىلاۋىي يولنىڭ مۇمكىنچىلىككە ئايلىنىشىدىن زارلىنىدۇ، ئىنقىلاپ-تىن قورقىدۇ، چار پادىشانى ئىنقىلاپ بولىدۇ دەپ چوچۇتىدۇ، ئىنقى-لاپتىن ساقلىنىشنىڭ غېمىنى قىلىدۇ، ئىسلاهاتچىلىق يولىغا ئاساس سېلىش ئۈچۈن ئۇششاق-چۈششەك ئىسلاهاتلارنى ئېلىپ بېرىشنى قۇللارچە باش ئېگىپ تىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلىشلىرى پەقەت مەتبۇئات تەكشۈرۈش تۈزۈمىدىن ئەندىشە قىلغانلىقىغى، هوكۇمەت دائىرىلىرىدىن قورققانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس. «روسىيە خەۋەرلىرى»، «ۋەتەن ئوغلى» گېزىتى، «بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز» گېزىتى، «بىزنىڭ دەۋرىمىز» گېزىتى دىگەن گېزىتلەرلا ئەمەس، بەلكى قانۇنسىز بولغان ئەمما تەكشۈرۈلمەيدىغان «ئازاتلىق»[231] ژورنىلىمۇ شۇ مەيداندا تۇرۇۋاتىدۇ. بۇرژۇئازىيىنىڭ كاپىتالىزم جەمىيىتىدىكى سىنىپىي ئورنى ئۇنى دېموكراتىك ئىنقىلاپتا شالاقلىق قىلىدىغان قىلىپ قويىدۇ. پرولېتارىياتنىڭ سىنىپىي ئورنى بولسا پرولېتارىياتنى مۇقەررەر هالدا ئۈزۈل-كېسىل دېموكراتىزمچىغا ئايلاندۇرىدۇ. بۇرژۇئازىيە پرولېتارىياتنى مۇقەررەر كۆچەيتىدىغان دېموكراتىك تەرەققىياتتىن قورقۇپ هامان ئارقىسىغا قارايدۇ. پرولېتارىيات پەقەت كىشەندىنلا ئايرىلىدۇ، ئەمما ئۇ دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ ياردىمى بىلەن پۈتۈن دۇنياغا ئىگە بولىدۇ. شۇڭا، بۇرژۇئا ئىنقىلا-ۋىدىكى دېموكراتىك ئىسلاهاتلار قانچە ئۈزۈل-كېسىل بولسا، بۇ ئىنقىلاپنىڭ پەقەت بۇرژۇئازىيىگىلا پايدىلىق بولغان دائىرە بىلەن چەكلىنىشى شۇنچە ئاز بولىدۇ. بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى قانچە

ئۈزۈل-كېسىل بولسا، پرولېتارىيات بىلەن دېھقانلارنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاپتا مەنپەئەتكە ئېرىشىشى شۇنچە كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.

ماركسىزم پرولېتارلارغا بۇرژۇئا ئىنقىلابىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالماسلىقنى، بۇرژۇئا ئىنقىلابىغا بىپەرۋالىق بىلەن قارىماسلىقنى، ئىنقىلاپتىكى رەھبەرلىك ھوقۇقىنى بۇرژۇئازىيىگە ئۆتكۈزۈپ بەرمەسلىكنى، ئەكسىچە، بۇ ئىنقىلاپقا ئەڭ زور تىرىشچانلىقلار بىلەن قاتنىشىشنى، تەلتۆكۈس پرولېتارىيات دېموكراتىزمى ئۈچۈن، ئىنقىلاپنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئەڭ قەتئىيلىك بىلەن كۈرەش قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. بىز روسىيە ئىنقىلابىنىڭ بۇرژۇئا دېموكراتىك دائىرىسىدىن سەكرەپ چىقىپ كېتەلمەيمىز، ئەمما بىز بۇ دائىرىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتەلەيمىز، بىز بۇ دائىرىدە پرولېتارىياتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، پرولېتارىياتنىڭ نۆۋەتتىكى ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن، پرولېتارىياتنىڭ كۈچىنى كېلەچەكتىكى تولۇق غەلىبىگە تەييارلاشنىڭ شەرت-شارائىتلىرىنى ھازىرلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلالايمىز ۋە كۈرەش قىلىشىمىز لازىم. بۇرژۇئا دېموكراتىيىچىلىرى ھەر خىل-ھەر ياڭزا بولىدۇ. يۇقىرى پالاتانى ھىمايە قىلىدىغان، ئومۇمى سايلامنى يولغا قويۇشنى "تىلەيدىغان"، ئەينى ۋاقىتتا يېرىم-ياتا ئاساسىي قانۇن توغرىسىدا چار ھۆكۈمىتى بىلەن يەڭ ئىچىدە مۇرەسسەلىشىپ ئولجا بولۇشىدىغان پادىشاپەرەس يەرلىك ئاپتونومىيىچى زاتلار بۇرژۇئا دېموكراتىيىچىلىرى ھېساپلىنىدۇ. پومىشچىكلار ۋە ئەمەلدارلارغا قوراللىق قارشى تۇرىدىغان، "باللارچە جۇمھۇرىيەتچىلىك كەيپىياتى" بىلەن "چار پادىشانى ھەيدىۋېتىش"نى① تەكلىپ قىلىدىغان دېھقانلارمۇ بۇرژۇئا دېموكراتىيىچىلىرى ھېساپلىنىدۇ.

① «ئازاتلىق» ژۇرنىلىنىڭ 71-سان، 337-بېتىدىكى 2-ئىزاھقا قارالسۇن.

بۇرژۇئا دېموكراتىك تۈزۈم ھەر خىل-ھەر ياڭزا بولىدۇ: گېرمانىيىدىكىدەك بۇرژۇئا دېموكراتىك تۈزۈم بولىدۇ، ئەنگلىيىدىكىدەك بۇرژۇئا دېموكراتىك تۈزۈممۇ بولىدۇ؛ ئاۋسترىيىدىكىدەك بۇرژۇئا دېموكراتىك تۈزۈم بولىدۇ، ئامېرىكىدىكىدەك ياكى شۋېتسارىيىدىكىدەك بۇرژۇئا دېموكراتىك تۈزۈممۇ بولىدۇ. ئەگەر بىر ماركسىزىمچى دېموكراتىك ئىنقىلاپ دەۋرىدە دېموكراتىزىمنىڭ تۈرلۈك دەرىجىدىكى پەرقلىرىنى، دېموكراتىزىمنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرىنىڭ خاراكتىر جەھەتتىكى پەرقلىرىنى كورمەستىن، "ئۇستاتلىق ئىشلىتىش" بىلەنلا بولۇپ، قانداقتۇ بۇ بەرىبىر "بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى"، بەرىبىر "بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى"نىڭ مېۋىسى، دەيدىغان بولسا، بۇنداق ماركسىزىمچى قالتىس ماركسىزىمچى بولىدۇ-دە.

بىزدىكى يېڭى ئۇچقۇنچىلار خۇددى ئەنە شۇنداق يىراقنى كورەلمەسلىگى بىلەن ماختانچاقلىق قىلىدىغان ئاقىللار. ئۇلار شاللاق بۇرژۇئا دېموكراتىزىمى بىلەن ئىزچىل پرولېتارىيات دېموكراتىزىمىنى پەرق ئېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، جۇمھۇرىيەتچى-ئىنقىلاپچى بۇرژۇئازىيىنىڭ دېموكراتىيىسى بىلەن پادىشاپەرەس لىبېرال بۇرژۇئازىيىنىڭ دېموكراتىيىسىنى پەرق ئېتىشكە ماھىر بولۇش كېرەك بولغان چاغدا ۋە جايدا، پەقەت ئىنقىلاپنىڭ بۇرژۇئا خاراكتىرى ئۈستىدە گەپ سېتىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ. گەپ ھازىرقى ئىنقىلاپتا **دېموكراتىزىملىق رەھبەرلىك** بولۇشى زۆرۈرلۈگى، ستروۋې ئەپەندى قاتارلىقلارنىڭ ساتقىنلىق شوئارلىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن **ئىلغار، دېموكراتىك** شوئارلارنى تەكىتلەش زۆرۈرلۈگى، پومېشىك ۋە زاۋۇت ئىگىلىرىنىڭ لىبېرالىزىمچە دەللاللىق ھەركىتىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن پرولېتارىيات بىلەن دېخانلارنىڭ ھەقىقى ئىنقىلاۋي كۈرەشلىرىنىڭ ھازىرقى ۋەزىپىلىرىنى بىۋاستە ۋە ئېنىق كورسىتىپ بېرىش زۆرۈرلۈگى ئۈستىدە بېرىۋاتقان

چاغدا، ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ "غەلىپ بەندىلىرى"[232] گە ئايلىنىپ قالىدۇ-دە، "قارىمۇ-قارشى سىنىپلارنىڭ ئوزئارا كۈرەش قىلىش جەريانى" توغرىسىدا تەرىنى تۈرۈپ سوزلەش بىلەنلا قانائەتلىنىدۇ. ھازىر، مەسىلىنىڭ ماھىيىتى يەنى مەسىلىنىڭ سىز ئەپەندىلەر بايقىۋالالمىغان ماھىيىتى: ئىلىمىزنىڭ ئىنقىلاۋى ھەقىقەتەن ئۇلۇغ غەلىبە بىلەن ئاياقلىشامدۇ ياكى ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدىغان مۇرەسسەلىشىپ ئۇلجا بولۇشۇۋېلىش بىلەنلا ئاياقلىشامدۇ؛ بۇ ئىنقىلاپ پرولېتارىيات ۋە دېھقانلارنىڭ ئىنقىلاۋىي دېموكراتىك دىكتاتورىسىغىچە بارامدۇ ياكى لىبېراللىزىمچى شىپوۋچە قەغەز يۈزىدىكى ئاساسىي قانۇن بىلەنلا "ھالىدىن كېتىپ قالامدۇ" دېگەندىن ئىبارەت!

مۇنداقلا قارىغاندا، بىزنىڭ بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز مۇھاكىمە قىلىدىغان تېمىدىن پۈتۈنلەي چەتلەپ كەتكەندەك بولۇپ تۇيۇلۇشى مۇمكىن. لېكىن مۇنداقلا قارىغاندا، شۇنداق تۇيۇلۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى 3-قۇرۇلتىيىنىڭ سوتسىيال دېموكراتىزىملىق تاكتىكىسى بىلەن يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ ۋەكىللەر يىغىنىدا بەلگىلەنگەن تاكتىكا ئوتتۇرىسىدىكى ھازىر ئىنتايىن ئېنىق ئاشكارا بولۇپ قالغان پرىنسىپال ئىختىلاپلارنىڭ مەنبەسى دەل ئاشۇ مەسىلىدىن ئىبارەت. ھازىر، ئىشچىلار پارتىيىسى ئۈچۈن ئېخىمۇ مۇرەككەپ، ئېخىمۇ مۇھىم ۋە مىسلىسىز دەرىجىدە جىددىي بولغان مەسىلىنى يەنى ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ ئىنقىلاپ دەۋرىدىكى تاكتىكىسى مەسىلىسىنى ھەل قىلىۋاتقان چاغدا يېڭى ئۇچقۇنچىلار ئىقتىساتۋازلىقنىڭ خاتالىقلىرىنى يەنە تىرىلدۇردى، نەتىجىدە ئارقىغا ئىككى قەدەم ئەمەس، بەلكى ئۈچ قەدەم چېكىنىپ كەتتى. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، يۇقۇرىدا قويۇلغان مەسىلىنى ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلىپ ئۆتۈشىمىز كېرەك.

يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ قارارىنىڭ بىر كوچۇرۇۋالغان قىسمىدا، بۇرژۇئازىيە سىياستىنىڭ ئىزچىلسىزلىقىغا قارشى كۆرەشتە سوتسيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئامالسىز قېلىش خەۋپى بار، سوتسيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ بۇرژۇئا دېموكراتىيىچىلىرىگە قوشۇلۇپ كېتىش خەۋپى بار، دەپ كورسىتىلگەن. بۇنداق خەۋپنىڭ پەيدا بولۇشىدىن قورقۇش ئىدىيىسى يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ ھەممە تىپىك ئەسەرلىرىگە سىڭدۇرۇلگەن، بۇ ئىدىيە پارتىيىمىزنىڭ بولۇنۇشىدە ئىپادىلەنگەن پۈتۈن پىرىنسىپال مەۋقەنىڭ ھەقىقىي تۈگۈنى بولۇپ كەلدى (بۇ بولۇنۇشتىكى يولسىز جاڭجال قىلىش ئامىللىرى ئىقتىسادۋازلىقا بۇرۇلۇپ كېتىش ئامىللىرىغا پۈتۈنلەي ئورۇن بوشاتقان ۋاقىتىدىن باشلاپ). بىز بۇنداق خەۋپنىڭ ھەقىقەتەن بارلىقىنى، بەلكى دەل ھازىرقى پەيتتە، روسسىيە ئىنقىلاۋى قايىنام تاشقىنلىق بىلەن ئەۋج ئېلىۋاتقان بىر پەيتتە، بۇنداق خەۋپنىڭ تولىمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىنى قىلچە يوشۇرماستىن ئېتىراپ قىلىمىز. بىز ھەممىمىز يەنى سوتسيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ نەزىرىيىچىلىرى ياكى سىياسى مۇھاكىمىچىلىرى — مەن ئوزەمنى سىياسى مۇھاكىمىچى دەپ ئاتاشنى خالايمەن — قىلچە كېچىكتۇرۇپ بولمايدىغان ئىنتايىن زور بىر ۋەزىپىنى يەنى بۇنداق خەۋپنىڭ ئەمەلىيەتتە **قايسى تەرەپتىن** تۇغۇلىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىمىزگە ئالغانمىز. چۈنكى بىزدىكى ئىختىلاپلارنىڭ مەنبەسى بۇنداق خەۋپنىڭ بار ياكى يوقلۇغى ئۈستىدىكى تالاش-تارتىشتا ئەمەس، بەلكى، بۇنداق خەۋپنىڭ قايسى تەرەپتىن تۇغۇلىدىغانلىغى ئۈستىدىكى تالاش-تارتىشتا، بۇنداق خەۋپ "ئاز سانلىقلار"نىڭ قۇيرۇقچىلىغى دەپ ئاتىلىدىغان نەرسىدىن تۇغۇلامدۇ ياكى "كوپ سانلىقلار"نىڭ ئىنقىلاپچىلىغى دەپ ئاتىلىدىغان نەرسىدىن تۇغۇلامدۇ، دېگەن تالاش-تارتىشتا.

تەتۈر چۈشىنىپ قىلىش ۋە ئۇقۇشۇلماسلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئەڭ ئاۋال شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىزكى، بىز ئېيتىۋاتقان خەۋپ سۇبيېكتىپ جەھەتتە ئەمەس، بەلكى ئوبيېكتىپ جەھەتتە؛ سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ كۈرەشتە قوللانغان شەكلىدىكى مەۋقەسى جەھەتتە ئەمەس، بەلكى ھازىرقى پۈتكۈل ئىنقىلاۋىي كۈرەشنىڭ ماددى نەتىجىسى جەھەتتە. گەپ بىر قىسىم سوتسىيال دېموكراتلار-نىڭ بۇرژۇئا دېموكراتىيىچىلىرىگە قوشۇلۇپ كېتىشنى خالاش-خالىماسلىقىدا ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قوشۇلۇپ كېتىدىغانلى-غىنى چۈشەنگەن-چۈشەنمىگەنلىكىدە ئەمەس، — بىزنىڭ ئېيتىۋاتقى-نىمىز ھەرگىز بۇ مەسىلە ئەمەس. بىز بىرەر سوتسىيال دېموكراتتا بۇنداق ئارزۇ بار دېگەنگە چۈمپۈتمەيمىز، يەنە كېلىپ گەپ ھەرگىز ئارزۇدا ئەمەس. گەپ بىر قىسىم سوتسىيال دېموكراتلارنىڭ پۈتكۈل ئىنقىلاپ جەريانىدا شەكىل جەھەتتىن ئۆز مۇستەقىللىقى، ئالاھىدىلىكى ۋە بۇرژۇئا دېموكراتىيىچىلىرىگە بېقىنماي ئۆز ئالدىغا تۇرۇش ئورنىنى ساقلاپ قالالىشى ياكى قالالماسلىقىدىمۇ ئەمەس. ئۇلار بۇنداق "مۇستەقىللىق"نى جاكالاپلا قالماستىن، بەلكى شەكىلدە بۇنداق "مۇستەقىللىق"نى ساقلاپمۇ قالالايدۇ، لېكىن **ئاقىۋەتتە** ئۇلار بۇرژۇئازىيىنىڭ شاللاقلىقىغا قارشى كۈرەشتە **يەنىلا** ئامالسىز قىلىشى **مۇمكىن**. ئىنقىلاپنىڭ سىياسى جەھەتتىكى ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسى مۇنداق بولۇشى مۇمكىن: گەرچە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى شەكلىدىكى "مۇستەقىللىقى"نى، تەشكىلىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى يەنى پارتىيىنىڭ تولۇق ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالالىغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇ مۇستەقىل بولالماي قېلىشى، ۋەقەلەرنىڭ بېرىشىغا ئۆزىنىڭ پرولېتارىياتچە مۇستەقىللىق تامغىسىنى بېسىپ قويۇشقا قادىر بولالماسلىقى مۇمكىن، بەلكى ئۇ شۇنچىلىك ئاجىز بولۇپ قېلىشى مۇمكىنكى، نەتىجىدە، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئاخىرقى

ھىساپتا، ئۇنىڭ بۇرژۇئا دېموكراتىيىچىلىرىگە "قوشۇلۇپ كېتىشى" ئاخىر، بەربىر تارىخىي پاكىت بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ھەقىقى خەۋپ ئەنە شۇنىڭدا. ئەمدى بىز بۇ خەۋپنىڭ قايسى تەرەپتىن كېلىدىغانلىغىنى كورۇپ ئوتەيلى: بۇ خەۋپ، بىز ئويلىغاندەك سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ يېڭى «ئۇچقۇن» گېزىتى ۋەكىللىگىدىكى ئوڭچىلىغىدىن كېلەمدۇ ياكى يېڭى ئۇچقۇنچىلار ئويلىغاندەك سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ "كوپ سانلىقلار"، «ئالغا» گېزىتى ۋاھاكازالار ۋەكىللىگىدىكى سولچىللىغىدىن كېلەمدۇ.

يۇقۇرىدا كورسىتىپ ئوتكىنىمىزدەك، بۇ مەسىلىنىڭ يېشىلىشى تۈرلۈك ئىجتىمائى كۈچلەرنىڭ رولىنىڭ ئوبيېكتىپ جەھەتتە بىر بىرىگە قانداق ماسلىشىشىغا باغلىق. بۇ كۈچلەرنىڭ خاراكتېرى، نەزىرىيە جەھەتتە، ماركسىزىمچىلارنىڭ روسىيىنىڭ ھازىرقى رېيال تۈرمۈشىنى تەھلىل قىلىشى بىلەن ئېنىقلىنىپ بولغان، ۋاھالەنكى، ھازىر، ئەمەلىيەت جەھەتتە، ھەرقايسى گۇرۇھ ۋە ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ ئىنقىلاپ داۋامىدىكى ئاشكارا ھەركەتلىرى بىلەن ئېنىقلىنىۋاتىدۇ. ماركسىزىمچىلارنىڭ دەۋرىمىزدىن خېلى بۇرۇنلا قىلغان ھەممە نەزىرىيىۋى تەھلىللىرى ۋە ئىنقىلاپنىڭ تەرەققىيات جەريانى ئۈستىدىكى ھەممە ئەمەلىي كۈزىتىشلىرى بىزگە ئوبيېكتىپ شارائىت نۇقتىسىنەزىرىدىن قارىغاندا روسىيە ئىنقىلاۋىدا ئىككى خىل جەريان ۋە ئىككى خىل ئاقىۋەت بولۇشى مۇمكىنلىگىنى كورسىتىپ بېرىدۇ. روسىيىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمى بىلەن سىياسى تۈزۈمىنىڭ بۇرژۇئا دېموكراتىيىسى يونۇلۇشى بويىچە ئىسلاھ قىلىنىشى مۇقەررەر ۋە شۇنداق بولماي قالمايدۇ. دۇنيادا بۇنداق ئىسلاھاتنى توساپ قالالايدىغان ھېچقانداق كۈچ يوق. لېكىن، بۇنداق ئىسلاھاتنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان تۈرلۈك كۈچلەرنىڭ ئوينايدىغان رولىنىڭ بىر بىرىگە ماسلىشىشىدىن بۇنداق

ئىسلاھاتنىڭ ئىككى خىل نەتىجىسى ياكى ئىككى خىل شەكلى ھاسىل بولۇشى مۇمكىن. ئىككىسىنىڭ بىرى بولىدۇ: (1) ئىش يا "ئىنقىلاپنىڭ چارىزىم ئۈستىدىن ئۇزۇل-كېسىل غەلىبە قىلىشى" بىلەن پۈتىدۇ؛ (2) يا ئۇزۇل-كېسىل غەلىبە قىلىشقا كۈچ يېتىشمەي قالىدۇ-دە، ئىش چار ھوكۇمىتى بىلەن بۇرژۇئازىيە ئىچىدىكى ئەڭ "شاللاق"، ئەڭ "شەخسى مەنپەئەتپەرەس" ئۇنسۇرلارنىڭ مۇرەسسەلىشىپ ئۇلجا بولۇشۇۋېلىشى بىلەن ئاياقلىشىدۇ. بىھساپ تەپسىلاتلارنى ۋە ماسلىشىش ئەھۋالىنى ھېچكىممۇ ئالدىنالا كۆرەلمەيدۇ: لېكىن ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئاقىۋەت ھامان يۇقۇرقى ئىككى خىلنىڭ بىرى بولماي قالمايدۇ.

ئەمدى بۇ ئىككى خىل ئاقىۋەتنى تەكشۇرۇپ چىقايلى، ئالدى بىلەن بۇ ئىككى خىل ئاقىۋەتنى ئىجتىمائى ئەھمىيىتى جەھەتتىن، ئاندىن كېيىن سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ بىرىنچى خىل ئاقىۋەتتىكى ۋە ئىككىنچى خىل ئاقىۋەتتىكى ئەھۋالى (سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ "قوشۇلۇپ كېتىشى"ياكى "ئامالسىز قېلىشى") جەھەتتىن تەكشۇرۇپ چىقايلى.

"ئىنقىلاپنىڭ چارىزىم ئۈستىدىن قىلىدىغان ئۇزۇل-كېسىل غەلىبىسى" دىگەن نىمە؟ بىز يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ بۇ ئۇقۇمنى ئىشلەتكەندە ھەتتا ئۇنىڭ توغرىدىن-توغرا سىياسى مەنىسىنىمۇ چۈشەنمىگەنلىكىنى كورۇپ ئوتتۇق. بۇ ئۇقۇمنىڭ سىنىپىي مەزمۇنىنى بولسا ئۇلار تېخىمۇ چۈشەنمەيدۇ. بىز ماركسىزىمچىلار ھەرگىز ھازىرقى نۇرغۇن ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزىمچىلارغا ئوخشاش (مەسىلەن، گاپوندەكلەرگە ئوخشاش) "ئىنقىلاپ"ياكى "ئۇلۇغ روسىيە ئىنقىلاۋى" دىگەنگە ئوخشاش **ئىبارىلەرگە** مەھلىيا بولۇپ قالماسلىغىمىز كېرەك. بىز زادى قايسى ھەقىقى ئىجتىمائى كۈچلەرنىڭ "چارىزىم"غا قارشى تۇرىدىغانلىغىنى (بۇ پۈتۈنلەي ھەقىقى ۋە ھەم-

مە ئادەم ئۇچۇن پۈتۈنلەي ئېنىق بىر خىل كۆچ) ھەمدە چارىزىم ئۈستىدىن "ئۈزۈل - كېسىل غەلىبە" قىلالايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىۋېلىشىمىز كېرەك. چوڭ بۇرژۇئازىيە، پومىششىكلار، زاۋۇت ئىگىلىرى ۋە ئازاتچىلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭىدىغان "جەمىيەت ئەرباپلىرى" ھەرگىز بۇنداق كۆچ بولالمايدۇ. بىزگە مەلۇمكى، ئۇلارنىڭ ھەتتا ئۈزۈل - كېسىل غەلىبە قىلغۇسىمۇ يوق. بىزگە مەلۇمكى، ئۇلارنىڭ سىنىپىي ئورنى ئۇلارنىڭ چارىزىم بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلالمايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن: ئۇلار خۇسۇسىي مال - مۈلۈك، كاپىتال، يەر قاتارلىق تولىمۇ ئېغىر كىشەنلەر بىلەن كىشەنلەنگەنلىكى ئۈچۈن قەتئىي كۈرەش قىلالمايدۇ. ئۇلار چارىزىم ۋە ئۇنىڭ ساقچى - بيۇروكراتلىرى ھەم ھەربى كۈچلىرى ئارقىلىق پرولېتارىياتقا ۋە دېھقانلارغا قارشى تۇرۇشقا ئىنتايىن مۇھتاج بولغاچقا، ئۇلارنىڭ چارىزىمنى يوق قىلىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىنتىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ياق، ئەگەر بىز يېزا بىلەن شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسىنى (بولارمۇ "خەلق") پرولېتارىيات بىلەن دېھقانلارغا قوشۇپ ھىساپلىغان ھالدا ئاساسىي، زور كۈچلەرنىلا ئالىدىغان بولساق، پەقەت **خەلق** يەنى پرولېتارىيات بىلەن دېھقانلارلا "چارىزىم ئۈستىدىن ئۈزۈل - كېسىل غەلىبە" قىلالايدىغان كۈچ بولالايدۇ. "ئىنقىلاپنىڭ چارىزىم ئۈستىدىن قىلىدىغان ئۈزۈل - كېسىل غەلىبىسى" دېگەن **پرولېتارىيات بىلەن دېھقانلارنىڭ ئىنقىلاۋىي دېموكراتىك دىكتاتۇرىسىنى** ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. «ئالغا» گېزىتى ئاللىبۇرۇنلا كۆرسىتىپ ئۆتكەن بۇ خۇلاسىدىن بىزنىڭ يېڭى ئۇچقۇنچىلىرىمىز ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ ئۆزىنى چەتكە ئالالمايدۇ. باشقا ھەرقانداق كۈچ چارىزىم ئۈستىدىن ئۈزۈل - كېسىل غەلىبە قىلالمايدۇ.

بۇنداق غەلىبە دىكتاتۇرىنىڭ دەل ئۆزى، يەنى ئۇ مەلۇم "قانۇنىي"، "تىنچ يول" بىلەن قولغان ئورگانلارغا ئەمەس، بەلكى

مۇقەررەر يوسۇندا ھەربىي كۈچكە، قورال-لانغان ئاممىغا، قوزغىلاڭغا تايىنىدۇ. بۇ پەقەت دىكتاتۇرا بولىدۇ، چۈنكى پۈرولېتارىيات بىلەن دىخانلار ئۈچۈن جىددىي زورۇر ۋە مۇتلەق زورۇر بولغان ئىسلاھاتنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى چوقۇم پومىششىكلارنىڭ، چوڭ بۇرژۇئازلارنىڭ ۋە چارىزىمنىڭ جان-جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دىكتاتۇرا بولمىسا، بۇنداق قارشىلىقنى بىتچىت قىلىش مۇمكىن ئەمەس، ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئۇرۇنۇشلارنى يېڭىش مۇمكىن ئەمەس. بىراق، بۇ سوتسىيالىستىك دىكتاتۇرا ئەمەس، بەلكى دېموكراتىك دىكتاتۇرا بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇ (ئىنقىلاپنىڭ تەرەققىياتى داۋامىدىكى بىر قاتار ئوتتۇرا باسقۇچلاردىن ئۆتمىگىچە) كاپىتالىزىمنىڭ ئاساسىغا تېگەلمەيدۇ. ئۇ ئېشىپ كەتسە، يەرلەرنى دىخانلارنىڭ مەنپەئەتى ھىساۋىغا تەلتۆكۈس قايتىدىن تەقسىم قىلىش چارىلىرىنىلا يولغا قويالايدۇ، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىگىچە بولغان تەلتۆكۈس ۋە تولۇق دېموكراتىزىمنىلا يولغا قويالايدۇ، بارلىق ئاسىياچە، قۇللۇق خاراكتېردىكى ئالامەتلەرنى يالغۇز يېزا ھاياتىدىنلا ئەمەس، بەلكى زاۋۇت ھاياتىدىنمۇ تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاپ، ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئەستايىدىل ياخشىلاش ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقۇرى كۆتىرىشنىڭ ئاساسىنى سېلىپ بېرەلەيدۇ، ئاخىردا، last but not least①، ئىنقىلاپ يالقۇنىنى ياۋروپاغىچە تۇتاشتۇرالايدۇ. بۇنداق غەلىبە ئېلىمىزدىكى بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنى ھەرگىز سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپقا ئايلاندۇرالمايدۇ؛ دېموكراتىك ئىنقىلاپ بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ دائىرىسىدىن بىۋاستە چىقىپ كېتەلمەيدۇ؛ لېكىن

① مۇھىملىقى جەھەتتىن ئاخىردا ئەمەس، تەرتىۋى جەھەتتىن ئاخىردا.

بۇنداق غەلىبە روسىيىنىڭمۇ ۋە پۈتۈن دۇنيانىڭمۇ كەلگۈسىدىكى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. روسىيىدە باشلانغان ئىنقىلاپنىڭ بۇ ئۇزۇل-كېسىل غەلىبىسىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە پۈتۈن دۇنيا پۇرولېتارىياتىنىڭ ئىنقىلاۋىي جاسارىتىنى شۇنچىلىك دەرىجىگە كۆتۈرەلمەيدۇ، پۈتۈن دۇنيا پۇرولېتارىياتىنى تولۇق غەلىبىگە ئېلىپ بارىدىغان يولنى شۇ قەدەر قىسقارتالمايدۇ.

بۇ غەلىبىنىڭ قانچىلىك مۇمكىن بولىدىغانلىقى باشقا بىر مەسىلە. بىز بۇنىڭغا ھەرگىز قارىغۇلارچە ئۈمىتۋارلىق بىلەن مۇئامىلە قىلمايمىز، بىز بۇ ۋەزىپىنىڭ غايەت مۇشكۈللۈكىنى ھەرگىز ئېسىمىزدىن چىقارمايمىز، لېكىن بىز كۈرەشكە ئاتلانغىنىمىزدا غەلىبە قىلىشقا ئىنتىلىشىمىز، بۇنداق غەلىبىگە بارىدىغان ھەقىقىي يولنى كۆرسىتىپ بېرىشكە ماھىر بولۇشىمىز كېرەك. بۇنداق غەلىبىگە ئېلىپ بارىدىغان يۈزلىنىش سۆزسىز مەۋجۇت. دۇرۇس، بىزنىڭ سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىمىزنىڭ پۇرولېتارىيات ئاممىسىغا بولغان تەسىرى تولىمۇ يېتەرسىز؛ دېخانلار ئاممىسىغا بولغان ئىنقىلاۋىي تەسىرى بەكمۇ ئاز؛ پۇرولېتارىيات بولۇپمۇ دېخانلار ئىنتايىن تارقاق، ئىنتايىن ئارقىدا، ئىنتايىن نادان. لېكىن ئىنقىلاپ كىشىلەرنى چاپسان ئىتتىپاقلاشتۇرالايدۇ، كىشىلەرنىڭ كۆزىنى چاپسان ئاچىدۇ. ئىنقىلاپنىڭ تەرەققىيات يولىدىكى ھەر بىر قەدىمى ئاممىنى ئويغۇتالايدۇ ھەمدە ئاممىنى ئىنقىلاۋىي پۇروگىراما تەرەپكە، جۇملىدىن ئاممىنىڭ ھەقىقىي جانىجان مەنپەئەتىگە ئۇزۇل-كېسىل ۋە تامامەن ۋەكىللىك قىلىدىغان بىردىن-بىر پۇروگىراما تەرەپكە ئاجايىپ زور كۈچ بىلەن تارتىدۇ.

مېخانىكا قانۇنى بىزگە تەسىر ئەكس تەسىرگە تەڭ دەپ ئۆگىتىدۇ. تارىختا، ئىنقىلاپنىڭ بۇزۇش كۈچىنىڭ قانداق بولۇشىمۇ ئەركىنلىككە ئىنتىلىشنىڭ باستۇرۇلۇشى قانچىلىك قاتتىق ۋە ئۇزاق بولغانلىقىغا، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن ”ئۇستقۇرۇلما“ بىلەن ھازىرقى

زامانىنىڭ يېڭى كۈچلىرى ئۈتتۈرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر بولغانلىقىغا خېلى زور دەرىجىدە باغلىق بولۇپ كەلدى. خەلقارا سىياسى ۋەزىيەتمۇ نۇرغۇن جەھەتلەردە روسىيە ئىنقىلاۋىغا تازا پايدىلىق بولۇۋاتىدۇ. ئىشچىلار ۋە دىخانلارنىڭ قوزغىلىڭى پارتلىدى، بۇ قوزغىلاڭلار تارقاق، ئىستىخىيىلىك، ئاجىز، لېكىن ئۇ قەتئىي كۈرەش قىلالايدىغان ۋە ئۈزۈل-كېسىل غەلىبە قىلالايدىغان كۈچلەرنىڭ بار ئىكەنلىكىنى سۆزسىز ۋە شەرتسىز ئىسپاتلىدى.

ئەگەر بۇ كۈچلەر يەتمەي قالسا، ئۇ هالدا، چار هوكۇمىتى هازىر بۈلگىن ئەپەندىلەر بىلەن ستروۋې ئەپەندىلەر ئىككى تەرەپتىن تەييارلاۋاتقان مۇرەسسەلىشىپ ئۇلجا بولۇشۇۋېلىشنى ئەمەلگە ئاشۇ-رۇشقا ئۈلگۈرىدۇ. ئۇنداقتا، ئىش قەغەز يۈزىدىكى چالا-پۇچۇق ئاساسي قانۇن بىلەن تۈگەيدۇ، ھەتتا، يامان ئەھۋالىنىڭ يامىنىدا، ئاساسي قانۇن توغرىسىدىكى هەجۋى تەسۋىر بىلەن تۈگەيدۇ. بۇمۇ "بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى" بولىدۇ، لېكىن بۇ، چۈشۈكتەك، ۋاقتى-قەرەلى-دىن بۇرۇن تۇغۇلغان، تولۇق يېتىلمىگەن كەم ئەقىل بالىدەك بولۇپ قالىدۇ، خالاس. سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى هېچقانداق خام خىيالغا بېرىلمەيدۇ، ئۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ ئاينىپ كېتىش تەبىئىتىنى بىلىدۇ، ئەڭ قاراڭغۇ-زۇلمەتلىك كۈنلەردىمۇ يەنى "شىپوۋچە" بۇرژۇئا ئاساسي قانۇنچىلىقى ئەۋج ئالغان كۈنلەردىمۇ روهسىزلانمايدۇ، ئۆزىنىڭ پرولېتارىياتقا سىنىپىي تەربىيە بېرىش جەهەتتە قەيسەرلىك، سەۋرچانلىق ۋە قەتئىيەتلىك بىلەن ئىشلەيدىغان خىزمەتلىرىنىمۇ تاشلاپ قويمايدۇ. بۇنداق ئاقىۋەت 19-ئەسىردە ياۋروپادا يۈز بەر-گەن دېموكراتىك ئىنقىلابلارنىڭ ھەممىسىدە دىگۈدەك كۆرۈلگەن ئاقىۋەتلەرگە ئازدۇر-كۆپتۇر ئوخشاپ كېتىدۇ، ئۇ كەمگە بارغاندا، پارتىيىمىزنىڭ تەرەققىياتى قىيىن، مۈشكۈل، ئۇزاق يول بىلەن، لېكىن بىزگە تونۇشلۇق بولغان ۋە ئالدىنقىلار مېڭىپ تۈزلەپ قويغان

يول بىلەن بارىدۇ.

ئەمدى مۇنداق سوئال تۇغۇلىدۇ: مۇمكىن بولغان بۇ ئىككى خىل ئاقىۋەتنىڭ قايسىسىدا سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى شاللاق، شەخسى مەنپەئەتپەرەس بۇرژۇئازىيىگە قارشى كۇرەشتە ھەقىقەتەن ئامالسىز قالىدۇ. بۇرژۇئا دېموكراتىيىچىلىرىگە ھەقىقەتەن "قوشۇلۇپ كېتىدۇ" ياكى ئاساسەن قوشۇلۇپ كېتىدۇ؟

بۇ سوئال ئېنىق قىلىپ قويۇلىدىغانلا بولسا، ئۇنىڭغا دەرھال جاۋاپ بېرىش تەس ئەمەس.

ئەگەر بۇرژۇئازىيە چار ھوكۇمىتى بىلەن مۇرەسسەلىشىپ ئۇلجا بولۇشۇۋېلىش ۋاستىسى ئارقىلىق روسىيە ئىنقىلاۋىنى بەربات قىلىشقا راستلا مۇۋەپپەق بولىدىكەن، ئۇ چاغدا، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى شاللاق بۇرژۇئازىيىگە قارشى كۇرەشتە ھەقىقەتەن ئامالسىز قالىدۇ، ئۇ چاغدا، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى بۇرژۇئا دېموكراتىيىچىلىرىگە "قوشۇلۇپ كېتىدۇ"، بۇ شۇنداق دېگەنلىك بولىدۇكى، پرولېتارىيات ئىنقىلاپقا ئۆزىنىڭ روشەن تامغىسىنى باسالمايدۇ، چارىزىمغا پرولېتارىياتچە ئۇسۇل بىلەن ياكى ماركس ئۆز ۋاقتىدا ئېيتقان "پېقىرلارچە ئۇسۇل بىلەن" تاقابىل تۇرالمايدۇ.

ئەگەر ئىنقىلاپ ئۇزۇل-كېسىل غەلىبە قىلالىسا، ئۇ چاغدا، بىز چارىزىمغا ياكوبىنلارچە ئۇسۇل بىلەن، باشقىچە سوز بىلەن ئېيتساق، پېقىرلارچە ئۇسۇل بىلەن تاقابىل تۇرالايمىز. ماركس 1848-يىلى مەشھۇر «يېڭى رېين» گېزىتىدە مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: "پۈتۈن فرانسۇز تېرورلۇغى پېقىرلارنىڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ دۈشمەنلىرىنى، يەنى مۇستەبىتلىكنى، فېودالىلىقنى ۋە مىشچانلىقنى يوقىتىش ئۇسۇلىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى." («ماركسنىڭ ئەدىبىي مىراسلىرى» 'Marx' Nachlass' مېرىڭ نەشرى، 3-توم، 211-بەتكە قاراڭ)[233]

دېموكراتىك ئىنقىلاپ دەۋرىدە روسىيە سوتسىيال دېموكراتلار

پارتىيىسىدىكى ئىشچىلارنى "ياكوبىنىزىم" دىگەن بۇ قورقۇنچلۇق
سوز بىلەن قورقۇتماقچى بولغان كىشىلەر ماركسىنىڭ مۇشۇ سوزىنىڭ
مەنىسىنى ئويلاپ بېقىشقانمىكىن؟

هازىرقى زامان روسىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىدىكى
ژىروندىچىلار يەنى يېڭى ئۇچقۇنچىلار ئازاتچىلار بىلەن ئىچقويۇن-
تاشقويۇن بولۇپ كەتكىنى يوق، لېكىن ئەملىيەتتە ئوز شوئارىنىڭ
خاراكتېرى ئېتىۋارى بىلەن ئۇلار ئازاتچىلارنىڭ قۇيرۇغى بولۇپ
قالدى. ئازاتچىلار يەنى لىبېرال بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ۋەكىللىرى بولسا،
مۇستەبىتلىككە يۇمشاق، ئىسلاهاتچىلىق يولى بىلەن: يول قويغۇدەك
يەر بولسىلا يول قويۇش، ئاقسوڭەكلەرنى ۋە ساراي ئەهلىنى رەنجىتى-
مەسلىك، ئېهتىياتچان بولۇپ، هازىرقى مەۋجۇت تۈزۈمنى قىلچە
بۇزماسلىق يولى بىلەن؛ خوش مۇئامىلە، ئىززەت-ئىكرام بىلەن،
تورىلەرچە ئاق پەلەي (خۇددى پېترۇنكېۋىچ ئەپەندى قانخور نىكولاي
"خەلق ۋەكىللىرى" (؟)نى قوبۇل قىلغاندا جاللاتنىڭ قولىدىن ئېلىپ
كىيىۋالغان پەلەيگە ئوخشاش پەلەي، «پۇرولېتارلار» گېزىتىنىڭ 5-
سانىغا قارالسۇن)[234] كىيىپ تاقابىل تۇرماقچى بولىدۇ.

هازىرقى زامان سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىدىكى ياكوبىنى-
چىلار يەنى بولشېۋىكلەر، ئالغىچىلار، قۇرۇلتاي تەرەپدارلىرى ياكى
پۇرولېتارچىلار، — بىلمىدىم، يەنە قانداق نام بىلەن ئاتاشقا بولىدى-
كىن، — ئوزلىرىنىڭ شوئارى ئارقىلىق ئىنقىلاۋىي-جۇمهۇرىيەتچى
ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنى بولۇپمۇ دىخانلارنى ئوزىنىڭ سىنىپىي ئالاهىدى-
لىكىنى پۈتۈنلەي ساقلاۋاتقان پۇرولېتارىياتنىڭ ئۈزۈل-كېسىل دېمو-
كراتىزىمى سەۋىيىسىگە يەتكۈزمەكچى. ئۇلار خەلقنى يەنى پۇرولې-
تارىيات بىلەن دىخانلارنى پادىشالىق تۈزۈمگە ۋە ئاقسوڭەكلەرگە
"پېقىرلارچە ئۇسۇل بىلەن" تاقابىل تۇرۇشقا، ئەركىنلىك دۈشمەنى-
لىرىنى رەهىمسىزلىك بىلەن يوقىتىشقا، دۈشمەنلەرنىڭ قارشىلىقىنى

زورلۇق بىلەن باستۇرۇشقا، ياۋۇز يانچىشقىنىڭ، ئاسىياچە زوراۋانلىق-نىڭ ۋە ئىنسان ئۇچۇن ھاقارەتلىك بولغان سىياسەتنىڭ قالدۇقلىرىغا قىلچە يول قويماسلىققا ئۈندەيدۇ.

بۇ بىز چوقۇم 1793-يىلدىكى ياكوبىنچىلارنى تەقلىت قىلىپ، ئۇلارنىڭ نۇقتىنەزىرى، پروگراممىسى، شوئارى ۋە ھەركەت ئۇسۇ-لىنى شۇ پېتىچە قوللىنىمىز دىگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەسلا ئۇنداق ئەمەس، بىزنىڭ پروگراممىمىز كونا پروگرامما ئەمەس، يېڭى پروگرامما، روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيە-سىنىڭ تۆۋەن پروگراممىسى. بىزنىڭ يېڭى شوئارىمىز بار: بۇ — پرولېتارىيات بىلەن دېخانلارنىڭ ئىنقىلاۋىي دېموكراتىك دىكتا-تۇرىسى، دىگەن شوئار. مۇبادا بىز ئىنقىلاپنىڭ ھەقىقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرسەك، بىزدە يەنە يېڭى ھەركەت ئۇسۇلى يەنى تولۇق سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىدىغان ئىشچىلار سىنىپى پارتىيىسىنىڭ خاراكتىرى ۋە مەقسىدىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ھەركەت ئۇسۇلى بولىدۇ. بىز بۇنداق ئوخشىتىش ئارقىلىق 18-ئەسىر-دىكى ئىلغار سىنىپ بولغان بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋەكىللىرى ژىروندىچىلار ۋە ياكوبىنچىلار[148] دەپ ئىككىگە بولۇنگىنىدەك، 20-ئەسىردىكى ئىلغار سىنىپ بولغان پرولېتارىياتنىڭ ۋەكىللىرى يەنى سوتسىيال دېموكراتلارمۇ ئىككىگە (ئاغمىچىلار ۋە ئىنقىلاپچىلارغا) بولۇنگەنلىكىنىلا چۈشەندۈرمەكچىمىز.

پەقەت دېموكراتىك ئىنقىلاپ تولۇق غەلىبە قىلغان چاغدىلا، پرولېتارىيات شاللاق بۇرژۇئازىيىگە قارشى كۈرەشتە ئامالسىز قالماي-دۇ؛ پەقەت شۇ چاغدىلا پرولېتارىيات بۇرژۇئا دېموكراتىيىچىلىرىگە "قوشۇلۇپ" كەتمەستىن، بەلكى پۈتكۈل ئىنقىلاپقا پرولېتارىياتنىڭ تامغىسىنى باسىدۇ، ياكى تېخىمۇ توغرىراق قىلىپ ئېيتساق، پرولې-تارىيات بىلەن دېخانلارنىڭ تامغىسىنى باسىدۇ.

قىسقىسى، شاللاق بۇرژۇئا دېموكراتىيىچىلىرىگە قارشى كۈرەشتە ئامالسىز ھالغا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن، پرولېتارىيات دېخانلارنى ئاڭلىق تۈردە ئىنقىلاپ قىلىدىغان دەرىجىگە كوتىرەلەيدىغان، ئۇلار-نىڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈشىگە رەھبەرلىك قىلالايدىغان، بۇنىڭ بىلەن ئۆزۈل-كېسىل پرولېتارىيات دېموكراتىزىمىنى مۇستەقىل ھالدا يۈرگۈزەلەيدىغان تولۇق ئاڭغا ۋە يېتەرلىك كۈچكە ئىگە بولۇشى لازىم.

شاللاق بۇرژۇئازىيىگە قارشى كۈرەشتە ئامالسىز قېلىش خەۋپى بار دېيىلگەن، يېڭى ئۈچقۇنچىلار ئىنتايىن ئورۇنسىز ھەل قىلغان مەسىلە ئەنە شۇنداق مەسىلە. بۇرژۇئازىيە مەڭگۈ شاللاق. بۇرژۇئازىيە دېموكراتىيىچىلىرى بەزى شەرتلەرنى ياكى ماددىلارنى ئورۇنلىسىلا خەلقنىڭ چىن دوستى ھېساپلىنىدۇ دەپ، بەزىبىر شەرتلەرنى ياكى ماددىلارنى① تۈزۈشكە ئۇرۇنۇشتىنمۇ ئارتۇق گودەكلىك ۋە بىھۇدە ئاۋارىچىلىق يوق. پەقەت پرولېتارىياتلا دېموكراتىيە ئۈچۈن ئۆزۈل-كېسىل كۈرەشكۈچى جەڭچى بولالايدۇ. پەقەت دېخانلار ئاممىسى پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرىشىگە قاتناشقاندىلا، پرو-لېتارىيات دېموكراتىيە ئۈچۈن كۈرەشكۈچى غالىپ جەڭچى بولالايدۇ. ئەگەر، پرولېتارىياتنىڭ بۇنىڭغا كۈچى يەتمىسە، بۇرژۇئازىيە دېمو-كراتىك ئىنقىلاپنىڭ رەھبىرى بولۇپ قالىدۇ ۋە بۇ ئىنقىلاپنى ئىزچىللىقى بولمىغان شەخسىي مەنپەئەتپەرەسلىك ئىنقىلاۋىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. بۇنداق خەۋپنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، پرولېتا-رىيات بىلەن دېخانلارنىڭ ئىنقىلاۋىي دېموكراتىك دىكتاتۇرىسىنى

① ستاروۋېر ئۆزىنىڭ 3-قۇرۇلتاي بىكار قىلىۋەتكەن قارارىدا 235
مۇشۇنداق قىلىشقا ئۇرۇنغان؛ ۋەكىللەر يىغىنىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش
نامۇۋاپىق قاراردا مۇشۇنداق قىلىشقا ئۇرۇنغان.

يولغا قويۇشتىن باشقا چارە يوق.

بۇنىڭ بىلەن بىز مۇنداق بىر شەك-شۈبھىسىز خۇلاسىگە يەنى يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ تاكتىكىسى ئوبيېكتىپ جەھەتتە دەل **بۇرژۇئا دېموكراتىيىچىلىرىنىڭ كەتمىنىنى چاپىدۇ** دېگەن خۇلاسىگە كېلەمىز. تەشكىلىي جەھەتتىكى تارقاقلىقنى تەشەببۇس قىلىپ، پارتىيە ئىچىدە ئومۇمى خەلق ئاۋاز بېرىش تۈزۈمىنى، كېڭىشىش پىرىنسىپىنى يولغا قويۇشنى ياقلاش، پارتىيە مەتبۇئاتىنى پارتىيىدىن چەتلەشتۈرۈشكىچە ئېلىپ بېرىش؛ قوراللىق قوزغىلاڭ ۋەزىپىسىگە سەل قاراش؛ ئىنقىلاۋىي پرولېتارىياتنىڭ ئومۇمى خەلققە قاراتقان سىياسى شوئارلىرى بىلەن پادىشاپەرەس بۇرژۇئازىيىنىڭ شوئارلىرىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش؛ "ئىنقىلاپنىڭ چارىزىم ئۈستىدىن قىلىدىغان ئۇزۇل-كېسىل غەلىبىسى" توغرىسىدىكى شەرتلەرنى بۇرمىلاش، — مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ، ئىنقىلاپ دەۋرىدە دەل شۇنداق بىر قۇيرۇقچىلىق سىياسىتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇكى، بۇ سىياسەت غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ بىردىن-بىر يولىنى كورسىتىپ بېرىش، خەلق ئىچىدىكى بارلىق ئىنقىلاۋىي-جۇمھۇرىيەتچى ئۇنسۇرلارنى پرولېتارىيات شوئارىغا جەلپ قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، پرولېتارىياتنى يولدىن ئېزىقتۇرىدۇ، ئۇنىڭ قوشۇنىنى پارچىلايدۇ، ئۇنىڭ ئاڭ-پىكرىنى چىگىشلەشتۈرىدۇ، سوتسيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ تاكتىكىسىنى سۇندۇرىدۇ.

قارارنى تەھلىل قىلىشتىن چىقارغان بۇ خۇلاسىمىزنى دەلىللەش ئۈچۈن، بۇ مەسىلىنى باشقا جەھەتتىن تەكشۈرۈپ كورەيلى. ئالدى بىلەن، موگرەك لېكىن گەپنىڭ ئوچۇغىنى ئېيتىدىغان بىر مېنشېۋىكنىڭ گرۇزىيە «سوتسيال دېموكراتلار» گېزىتىدە يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ تاكتىكىسىنى قانداق چۈشەندۈرگەنلىكىنى كورۈپ ئوتەيلى.

ئاندىن كېيىن، ئەمىلىيەتتە نوۋەتتىكى سىياسى شارائىتتا يېڭى «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ شوئارلىرىدىن كىملەرنىڭ پايدىلىنىۋاتقانلىغىنى كورۇپ ئوتەيلى.

7

"مۇتەئەسسىپلەرنى ھوكۇمەتنىڭ سىرتىغا قىيقىپ چىقىرىۋېتىش" تاكتىكىسى

مېنشېۋىكلەرنىڭ تىفلىس "كومىتېتى"نىڭ ئورگان گېزىتى («سوتسىيال دېموكراتلار» گېزىتىنىڭ 1 ـ سانى)دىكى بىز يۇقۇـ رىدا تىلغا ئېلىپ ئوتكەن ماقالا «مىللى ۋەكىللەر يىغىنى ۋە بىزنىڭ تاكتىكىمىز» دەپ ئاتىلىدۇ. مەزكۇر ماقالىنىڭ ئاپتورى بىزنىڭ پۇروگراممىمىزنى تېخى پۇتۇنلەي ئۇنتۇپ قالمىغان، ئۇ جۇمھۇرىيەت شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويىغان، بىراق تاكتىكا مەسىلىسى ئۇستىدە توختالغاندا ئۇ مۇنداق دىگەن:

"بۇ مەقسەتكە (جۇمھۇرىيەت)كە يېتىش ئۇچۇن ئىككى يولنى كورسىتىش مۇمكىن: بىرى، ھوكۇمەت چاقىرىدىغان مىللى ۋەكىللەر يىغىنىغا قىلچە پەسەنت قىلماي، قولغا قورال ئېلىپ ھوكۇمەتنى يوقىتىش، ئىنقىلاۋى ھوكۇمەت تەشكىللەش، ئاساسى قانۇن چىقىـ رىش كېڭىشىنى چاقىرىش؛ يەنە بىرى، مىللى ۋەكىللەر يىغىنىنى ئوز ھەركىتىمىزنىڭ مەركىزى دەپ جاكالاش، قولغا قورال ئېلىپ ئۇنىڭ تەركىۋىگە ۋە پائالىيىتىگە تەسىر كورسىتىش ھەمدە زورلۇق بىلەن ئۇنى ئوزىنى ئاساسى قانۇن چىقىرىش كېڭىشى دەپ جاكاـ لاشقا قىستاش ياكى ئۇ ئارقىلىق ئاساسى قانۇن چىقىش كېڭىشى چاقىرىش. بۇ ئىككى خىل تاكتىكا بىر بىرىگە زادى ئوخشىمايدۇ.

ئەمدى بىز زادى قايسى تاكتىكىنىڭ بىزگە پايدىلىقراق ئىكەنلىكىنى كورۇپ ئوتىمىز.“

قاراڭلار، روسىيىدىكى يېڭى ئۇچقۇنچىلار بىز تەھلىل قىلىپ ئوتكەن ھىلىقى قاراردا كېيىنرەك گەۋدىلەنگەن پىكىرنى مانا مۇشۇنداق بايان قىلغان. دىققەت قىلىڭلاركى، بۇ ماقالا سۇسما ۋەقەسىدىن[236] بۇرۇن يېزىلغان، ئۇ چاغدا بۇلىگىن ”لايىھىسى“ تېخى زادىلا دۇنياغا كەلمىگەن. ئۇ چاغدا، ھەتتا لىبېراللارمۇ سەۋرى-تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان ھەمدە قانۇنىي مەتبۇئاتتا ئۇزلىرىنىڭ ئىشەنمەيدىغانلىغىنى بىلدۇرگەن ئىدى، ئەمما سوتسيال دېموكراتلار پارتىيىسىدىكى بۇ يېڭى ئۇچقۇنچىلار بولسا لىبېراللاردىنمۇ بەكرەك چومپۇتكەن. ئۇ، مىللى ۋەكىللەر يىغىنى ”چاقىرىلىۋاتىدۇ“ دەپ جاكالىغان ھەمدە چار پادىشاغا شۇنچە ئىشەنچ باغلىغانكى، تېخى ۋوجۇتقا كەلمىگەن بۇ مىللى ۋەكىللەر يىغىنى (بەلكىم ”دولەت دۇماسى“ ياكى ”قانۇن تۇزۇش مەسلىھەت يىغىنى“دۇ؟)نى ھەركىتىمىزنىڭ مەركىزى قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. ۋەكىللەر يىغىنىدا ماقۇللانغان ھىلىقى قارارنى تەييارلىغۇچىغا قارىغاندا گەپنى ئوچۇق، كېسىپ ئېيتىدىغان بۇ تىفلىسلىق ئىككى ”تاكتىكا“نى (ئوزى ئىنتايىن گودەكلەرچە بايان قىلغان تاكتىكىنى) بىر قاتارغا قويماستىن، بەلكى ئىككىنچى تاكتىكىنى ”پايدىلىقراق“ دەپ جاكالىغان. قۇلاق سېلىڭلار:

”بىرىنچى تاكتىكا. ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، نوۋەتتىكى ئىنقىلاپ بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى، يەنى ئۇ ھازىرقى تۇزۇمنى پۇرولېتارىياتقىلا ئەمەس، بەلكى پۇتكۇل بۇرژۇئا جەمىيىتىگىمۇ پايدىلىق قىلىپ ئوزگەرتىشنى نىشان قىلغان. ھەممە سىنىپلار، ھەتتا كاپىتالىستلارنىڭ ئوزىمۇ ھوكۇمەتكە قارشى پوزىتسىيە تۇتماقتا. كۇرەش قىلىۋاتقان پۇرولېتارىيات بىلەن كۇرەش قىلىۋاتقان بۇرژۇئازىيە، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بىرلىكتە ماڭماقتا، مۇستەبىتلىككە تەرەپ-تەرەپتىن بىر-

لىكتە ھۇجۇم قىلماقتا. بۇ يەردە، ھۆكۈمەت پۈتۈنلەي يېتىم قېلىپ جەمئىيەتنىڭ خەيرىخاھلىقىدىن ئايرىلدى. شۇڭا، ئۇنى يوقىتىش بەك ئاسان. پۈتكۈل روسىيە پۇرولېتارىياتىنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى ۋە تەشكىللىنىش دەرىجىسى ئانچە يۇقىرى ئەمەس، شۇ سەۋەپتىن ئىنقىلاپنى ئۇنىڭ بىر ئۆزى ۋۇجۇتقا چىقىرالمايدۇ. ئەگەر ئۇ مۇشۇنداق قىلالىسا، بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنى ئەمەس، بەلكى پۇرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنى (سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنى) ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشكەن بولاتتى. دېمەك، ھۆكۈمەتنى ئۆزىگە ئىتتىپاقچى تاپالمايدىغان، ئوكتىچىلەرنى بولۇۋېتەلمەيدىغان، بۇرژۇئازىيىنى ئۆزىگە تارتىپ پۇرولېتارىياتنى يېتىم قالدۇرالمايدىغان قىلىپ قويۇش بىز ئۈچۈن پايدىلىق......"

قىسقىسى، چار ھۆكۈمىتىنى بۇرژۇئازىيە بىلەن پۇرولېتارىياتنى بولۇۋېتەلمەيدىغان قىلىپ قويۇش پۇرولېتارىيات ئۈچۈن پايدىلىق ئىمىش! بۇ گرۇزىيە ئورگان گېزىتى «ئازاتلىق» دەپ ئاتىلىش ئورنىغا «سوتسىيال دېموكراتلار» دەپ ئاتىلىپ يېڭىلىشىپ قالغان بولمىسۇن، يەنە؟ قاراڭلار، بۇ — دېموكراتىك ئىنقىلاپ توغرىسىدىكى نەقەدەر تەڭداشسىز پەلسەپە — ھە! بۇ يەردە بىز بۇ بىچارە تىفلىسلىقنىڭ "بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى" دېگەن ئۇقۇمنىڭ قۇيرۇقچىلىق بىلەن ۋەز - نەسىھەتلەرچە چۈشەندۇرۇلۇشى ئارقىسىدا پۈتۈنلەي گاڭگىراپ قالغانلىقىنى ئۇچۇق كورۇۋاتىمىزمۇ، ئاخىر؟ ئۇ دېموكراتىك ئىنقىلاپتا پۇرولېتارىياتنىڭ يېتىم قېلىش ئېھتىمالى بارلىقى مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلغان، بىراق، شۇنى **ئۇنتۇغانكى**......كىچىككىنە بىر ئىشنى ئۇنتۇغان......دېخانلارنى ئۇنتۇغان! پۇرولېتارىياتنىڭ مۇمكىن بولغان ئىتتىپاقچىلىرى ئىچىدىن ئۇ يەرلىك ئاپتونومىيە ئىدارىسىدىكى[71] پومېشچىكلارنىلا بىلگەن ۋە ياقتۇرۇپ قالغان، دېخانلارنى بولسا بىلمىگەن. يەنە كېلىپ بۇ كاۋكازدا - دە! خوش، بىز يېڭى «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ مۇلاھىزىسى ئىنقىلاۋىي دېخانلارنى

ئۇزىنىڭ ئىنتىپاقچىسى قىلىپ كورسىتىش ئۇرنىغا ئەكسىچە ئۇزىنى
پادىشاپەرەس بۇرژۇئازىيىنىڭ سەۋىيىسىگە چۈشۈرۈپ قويىغان
دىسەك، ــ بۇ خاتا بولامدۇ؟

"...... بولمىسا پرولېتارىيات چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ، هوكۇمەت چوقۇم
غەلىبە قىلىدۇ. مۇستەبىت هوكۇمەت دەل شۇنىڭغا تىرىشىدۇ. هوكۇمەت مىللى
ۋەكىللەر يىغىنىدا ئاقسوڭەكلەر، يەرلىك ئاپتونومىيە ئورگانلىرى، شەهەرلەر،
داشۇېلەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بۇرژۇئا مۇئەسسەسىلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى ئوز
تەرىپىگە سوزسىز تارتىپ كېتىدۇ. ئۇ سەل - پەل يول قويۇش ئارقىلىق بىر
ئامال قىلىپ ئۇلارنى ئوزىگە رام قىلىۋېلىپ، ئۇلارنى ئوزى بىلەن يارىشى-
دىغان قىلىشقا تىرىشىدۇ. مۇشۇنداق يوللار بىلەن ئوزىنى مۇستەهكەملىۋال-
غاندىن كېيىن بارلىق كۈچىنى يېتىم ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان ئىشچىلار ئامى-
سىغا زەربە بېرىشكە سالىدۇ. بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز مۇشۇنداق بەختسىز
ئاقىۋەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش. بىراق، بۇنى بىرىنچى يول بىلەن ئورۇنلاش
مۇمكىنمۇ؟ بىز مىللى ۋەكىللەر يىغىنىغا قىلچە پىسەنت قىلماستىن ئوز ئالدى-
مىزغا قوزغىلاڭ كوتىرىشكە تەييارلاندۇق ۋە كۈنلەرنىڭ بىرىدە قولىمىزغا
قورال ئېلىپ كوچىلارغا چىقىپ كۈرەش قىلدۇق، دەپ پەرەز قىلايلۇق. ئۇ
چاغدا، بىز دۈچكېلىدىغان دۈشمەن بىر ئەمەس، بەلكى ئىككى بولىدۇ، يەنى
هوكۇمەت بىلەن مىللى ۋەكىللەر يىغىنى بولىدۇ. بىز تېخى تەييارلىق قىلىۋات-
قان ۋاقىتتا ئۇلار ئاللىقاچان كېلىشىم هاسىل قىلىشقان، توختام تۈزۈشۈپ
بولغان، ئوزلىرىگە پايدىلىق قانۇننى تۈزۈپ چىققان هەمدە هاكىمى-
يەتنى بولۇشۇپ بولغان بولىدۇ. بۇ ــ هوكۇمەتكە بىۋاستە پايدىلىق تاكتىكا،
بىز ئۇنى ئەڭ قەتئىلىك بىلەن رەت قىلىشىمىز كېرەك......"

نىمە دىگەن ئۇچۇق ئېيتىلغان - هە! قوزغىلاڭغا تەييارلىنىش
"تاكتىكا"سىنى قەتئى رەت قىلىش كېرەك ئىكەن، ئۇنداق قىلمى-
غاندا، هوكۇمەت "مۇشۇ ۋاقىتتا" بۇرژۇئازىيە بىلەن مۇرەسسەلىشىپ
ئولجا بولۇشۇۋالىدىكەن! ئىنقىلاۋىي سوتسىيال دېموكراتىنىڭ هەر-
كەتلەرگە داغ تەككۈزىدىغان مۇنداق مۇقامىغا سەل - پەل بولىسمۇ

يېقىن كېلىدىغان بىرەر نەرسىنى بەلكىم ئەڭ تەرسا "ئىقتىساتۋازلىق"نىڭ كونا ئەسەرلىرىدىنمۇ تاپقىلى بولماس. ئىشچىلار بىلەن دېخانلارنىڭ گايىدا بۇ يەردە، گايىدا ئۇ يەردە قوزغىلاڭ ۋە دولقۇن كوتىرىۋاتقانلىقى پاكىت. مىللى ۋەكىللەر يىغىنى پەقەت بۇلغىنىنىڭ ۋەدىسىدىنلا ئىبارەت. تىفلىس شەھىرىدىكى «سوتسىيال دېموكراتلار» گېزىتى بولسا قوزغىلاڭغا تەييارلىنىش تاكتىكىسىنى رەت قىلىپ، "تەسىر كورسىتىش مەركىزى"—مىللى ۋەكىللەر يىغىنىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا قەتئىي بەل باغلاپتۇ.....

"...... ئەكسىچە، ئىككىنچى تاكتىكا: مىللى ۋەكىللەر يىغىنىنى بىزنىڭ نازارىتىمىز ئاستىغا قويۇش، ئۇنىڭ ئۆز ئىرادىسى بويىچە ھەركەت قىلىپ، ھوكۇمەت بىلەن مۇرەسسەلىشىشىگە يول قويماسلىق①.

مىللى ۋەكىللەر يىغىنى مۇستەبىت ھوكۇمەت بىلەن كۈرەش قىلغاندا، بىز ئۇنى قوللايمىز، مۇستەبىت ھوكۇمەت بىلەن ياراشقاندا بولسا، بىز ئۇنىڭ بىلەن كۈرەش قىلىمىز. بىز قەتئىي ئايرىلىش ۋە زورلۇق ئىشلىتىش ئارقىلىق ۋەكىللەرنى بىر بىرىدىن ئايرىۋېتىشىمىز②، رادىكاللارنى ئۆز تەرىپىمىزگە تارتىپ، مۇتەئەسسىپلەرنى ھوكۇمەتنىڭ سىرتىغا قېقىپ چىقىرىۋېتىشىمىز، بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل مىللى ۋەكىللەر يىغىنىنى ئىنقىلاۋىي يولغا ماڭدۇرۇشىمىز لازىم. بىز مۇشۇنداق تاكتىكا قوللانساق، ھوكۇمەتنى دائىم يىتىم قالدۇرالايمىز، ئۆكتىچىلەرنى كۈچەيتەلەيمىز، شۇنىڭ بىلەن، دېموكراتىك تۈزۈم ئورنىتىش ئىشى ئاسانلىشىدۇ."

شۇنداق، شۇنداق! ئەمدى كىشىلەر بىزنى يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ

---

① مىللى ۋەكىللەر يىغىنى تەركىۋىدىكى كىشىلەرنى ئىرادىسىدىن قانداق چارە بىلەن قايتۇرۇش كېرەك؟ ئالاھىدە لاكمۇس قەغىزى بىلەنمۇ؟

② ياپىر! بۇ ئىمىدىگەن "سىرلىق" تاكتىكا — ھە! كوچىلاردا كۈرەش قىلغاندا زورلۇق ئىشلىتىلمەيدىكەن، "ۋەكىللەرنى ئايرىۋېتىش"تە بولسا "زورلۇق" ئىشلىتىشكە بولىدىكەن. تىفلىسلىق يولداش، قۇلاق سېلىڭ، كاپىشىمۇ بىرئاز لايىغىدا بولسۇن — دە.....

ئەڭ چاكىنا ئىقتىساتۋازلىق تەرەپكە بۇرۇلۇپ كەتكەنلىكى توغرىسى-
دىكى پاكىتلارنى مۇبالىغە قىلىۋاتىدۇ، دەۋەرسۇن. بۇ مەشھۇر چۈشىن
ئولتۇرۇش دورىسىنىڭ دەل ئۆزىگۇ: ئاۋال چۈشىنى تۇتۇۋېلىپ،
ئۇنىڭغا دورا چاچساڭ ئۆلىدۇ. مىللى ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ ۋەكىللىرى
زورلۇق بىلەن ئايرىۋېتىلسە، "مۇتەئەسسىپلەر ھوكۇمەتىنىڭ سىرتىغا
قىقىپ چىقىرىۋېتىلسە"، **پۈتكۈل** مىللى ۋەكىللەر يىغىنى **ئىنقىلاۋىي
يولغا** ماڭىدۇ...... "ياكوبىنچە" قورالىق قوزغىلاڭنىڭ ھېچبىر
زورۇرىيىتى قالمايدۇ، **مىللى ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ ئەزالىرىغا** ئاد-
چىكى، سىلىق-سىپايە، پارلامېنتچە دېگۈدەك ئۇسۇللار ئارقىلىق
"تەسىر كورسىتىش"لا كۇپايە قىلىدۇ.

ۋاي بىچارە روسىيە! كىشىلەر ئۇنى ياۋروپا ئاللىبۇرۇنلا تاشلىۋەت-
كەن كونا فورمىدىكى شلەپىنى كىيىپ يۈرگەن، دېيىشىدۇ.
بىزدە پارلامېنت دېگەن نەرسە يوق، ھەتتا بولىغىنىمۇ پارلامېنت
تەسىس قىلىشقا تېخى ماقۇل بولغىنى يوق، پارلامېنت مەستانىلىغى 237
بولسا قانچىلىك لازىم بولسا شۇنچىلىك تېپىلىدۇ.

"...... بۇنداق ئارىلىشىشنى قانداق ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؟ ئالدى
بىلەن، بىز مىللى ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش يولى بىلەن
ئېلىپ بېرىلىدىغان، ئومۇمى يۈزلۈك، باراۋەر، بىۋاستە بولىدىغان سايلام
تۈزۈمى بويىچە چاقىرىلىشىنى تەلەپ قىلىمىز. بۇنداق سايلام رەسمىيىتىنى
ئېلان قىلغاندا① سايلام مۇسابىقىسى تەرغىباتىنىڭ تولۇق ئەركىن بولۇشىنى
يەنى يىغىلىش، سوز ۋە مەتبۇئات ئەركىنلىكىنى قانۇن بىلەن بەلگىلەش②،
سايلىغۇچىلار بىلەن سايلانغۇچىلارنىڭ دەخلىسىز بولۇشىنى بەلگىلەش، بارلىق
سىياسى مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىشنى بەلگىلەش لازىم. سايلامنى خەلققە
بىلدۈرۈشكە ۋە تەييارلىق قىلىشقا بىزدە تولۇق ۋاقىت بولۇشى ئۈچۈن، سايلام

① «ئۈچقۇن» گېزىتىدە ئېلان قىلىنامدۇ؟
② نىكولاي بەلگىلەمدۇ؟

ۋاقتى ئىمكان قەدەر كېيىنرەك بېكىتىلىشى لازىم. مىللىي ۋەكىللەر يىغىنىنى چاقىرىش توغرىسىدىكى نىزاملار ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى بولىغىن ھەيئىتىنىڭ تۈزۈپ چىقىشىغا تاپشۇرۇلغان ئىكەن، بىز بۇ ھەيئەتكە ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرىغا تەسىر كۆرسىتىشىمىز كېرەك①. ئەگەر بولىغىن ھەيئىتى بىزنىڭ تەلىۋىمىزنى قاندۇرۇشنى رەت قىلسا②، مۇلۇكدارلارغىلا ۋەكىل سايلاش ھوقۇقىنى بېرىدىغان بولسا، بىز بۇنداق سايلامغا ئارىلىشىشىمىز، سايلىغۇچىلارنى ئىلغار نامزاتلارنى سايلاشقا ئىنقىلاۋىي ۋاستە ئارقىلىق مەجبۇر قىلىشىمىز ھەمدە مىللىي ۋەكىللەر يىغىنىدا ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭىشى چاقىرىشنى تەلەپ قىلىشىمىز كېرەك. ئاخىردا، ھەر خىل چارىلەر بىلەن، مەسىلەن، نامايىش قىلىش، ئىش تاشلاش ۋە زورۇر بولغاندا قوزغىلاڭ كوتىرىش چارىلىرى بىلەن مىللىي ۋەكىللەر يىغىنىنى ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭىشى چاقىرىشقا ياكى ئۆزىنى ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭىشى دەپ جاكالاشقا مەجبۇر قىلىشىمىز كېرەك. ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭىشىنى قوغدىغۇچىلار قوراللانغان پرولېتارىيات بولۇشى كېرەك، شۇنىڭدا ئۇلار ئىككىسىلا بىرلىكتە③ دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتكە قاراپ ماڭىدۇ.

مانا بۇ سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ تاكتىكىسى، پەقەت مۇشۇ تاكتىكىلا بىزنىڭ غەلىبە قازىنىشىمىزنى كاپالەتلەندۈرەلەيدۇ."

كىتاپخانلار ئەقىلغە سىغمايدىغان بۇ بىرتالاي سەپسەتىنى ئادەتتىكى ۋە ئابرويسىز بىر يېڭى ئۇچقۇنچىنىڭلا يېزىپ كورگەن بىر نەرسىسىمىكىن دەپ قالماسلىغى كېرەك. ئۇنداق ئەمەس، بۇ يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ پۈتۈن بىر ھەيئىتىنىڭ يەنى تىفلىس ھەيئىتىنىڭ **ئورگان گېزىتىدە** ئېيتىلغان سوزلەر. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، **«ئۇچقۇن»**

① "مۇتەئەسسىپلەرنى ھوكۇمەتنىڭ سىرتىغا قېقىپ چىقىرىۋېتىش" تاكتىكىسى مۇشۇنداق بولىدىكەن ـ دە!

② بىزدە شۇنچىلىك توغرا ھەم سىرلىق تاكتىكا تۇرغان يەردە بۇنداق ئىش ھەرگىز يۈز بەرمەيدۇ!

③ قوراللانغان پرولېتارىيات بىلەن "ھوكۇمەتنىڭ سىرتىغا قېقىپ چىقىرىۋېتىلگەن" مۇتەئەسسىپلەرمۇ؟

گېزىتىنىڭ 100 ـ سانى بۇ سەپسەتىنى تېخى **توغرىدىن ـ توغرا ماختىغان**، بۇ «سوتسىيال دېموكراتلار» گېزىتىگە بولسا، مۇنداق باها بەرگەن:

"1 ـ سان جانلىق ھەم قالتىس ئىشلەنگەن. بۇنىڭدىن تەھرىر ـ يازغۇچىنىڭ تەجرىبىلىك ۋە تالانتلىق ئىكەنلىكى ئوچۇق كورۇنۇپ تۇرىدۇ......شۇنى مۇئەييەنلەشتۇرۇپ ئېيتىش مۇمكىنكى، مەزكۇر گېزىت ئوزىگە يۇكلەنگەن ۋەزىپىنى چوقۇم ئاجايىپ ياخشى ئورۇنلايدۇ."

شۇنداق ـ تە! ئەگەر بۇ ۋەزىپە يېڭى ئۇچقۇنچىلار ئىدىيىسىنىڭ پۇتۇنلەي چىرىكلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھەممىگە كونكرېت كورسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، بۇ ۋەزىپە ھەقىقەتەن "ئاجايىپ ياخشى" ئورۇنلانغان. يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ چۇشكۇنلىشىپ لىبېرال بۇرژۇئا ئاغمىچىلىقى دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى ھېچكىم بۇنىڭدىن ئارتۇق "جانلىق تۇردە، تالانتلىق ۋە ئۇستىلىق بىلەن" ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ.

8

ئازاتچىلار ۋە يېڭى ئۇچقۇنچىلار

ئەمدى بىز يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ سىياسى رولىنى كونكرېت دەلىللەپ بېرىدىغان باشقا بىر پاكىتنى كورۇپ ئوتىمىز.

ستروۋې ئەپەندى «ئوزىنىڭ ۋەزىپىسىنى قانداق تونۇش كېرەك» دىگەن قالتىس، تەگدىشى يوق، ناھايىتى ئىبرەتلىك ماقالىسىدا («ئازاتلىق» ژورنىلىنىڭ 71 ـ سانىدا) ئېلىمىزدىكى چېكىدىن ئاشقان پارتىيىلەرنىڭ "پۇروگىرامىملىق ئىنقىلاپچىلىغى"غا شىددەتلىك

ھۇجۇم قىلدى. سترۇۋې ئەپەندى شەخسەن مەندىن بەك نارازى①. مەن بولسام سترۇۋې ئەپەندىدىن ھەقىقەتەن چەكسىز رازىمەن، چۈنكى يېڭى ئۇچقۇنچىلار ئارىسىدا كۆنسايىن تىرىلىۋاتقان ئىقتىسادشۇناسلىقىغا، «ئىقتىسادىي» ئىنقىلابچىلار «سوتسىيال ئىنقىلابچىلار»نىڭ پۈتۈنلەي پىرىنسىپسىز بولغان مەيدانىغا قارشى كۈرەش قىلغان ۋاقتىمدا سترۇۋې ئەپەندى مېنىڭ ئەڭ ئۇبدان ئىتتىپاقچىم بولغان ئىدى. سوتسىيال ئىنقىلابچىلارنىڭ پىروگراممىسى لايىھىسىدە ماركسىزىمغا كىرگۈزۈلگەن تۈرلۈك "تۈزىتىش"لەرنىڭ ھەممە ئەكسىيەتچىلىكىنى سترۇۋې ئەپەندى بىلەن «ئازاتلىق» ژورنىلىنىڭ ئەمەلىيەتتە قانداق ئىسپاتلاۋاتقانلىقى

① "لېنىن ئەپەندىنىڭ ۋە ئۇنىڭ يولداشلىرى ئەپەندىلەرنىڭ ئىنقىلابچىلىقىغا سېلىشتۇرغاندا، بېبېل ۋە ھەتتا كائۇتسكىنىڭ غەربىي ياۋروپا سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئىنقىلابچىلىقىمۇ ئاغمىچىلىق بولۇپ چىقىدۇ، لېكىن يۇمشاپ قالغان مۇشۇ ئىنقىلابچىلىقنىڭ ئاساسىنىمۇ تارىخ يېمىرىپ تاشلىدى ۋە پۈتۈنلەي ئېقىتىپ كەتتى." پاھ، نېمىدېگەن قاتتىق ھۇجۇم بۇ. بىراق سترۇۋې ئەپەندى مېنى ئۆلگەن ئادەم ھېساپلاپ، خالىغانچە تۆھمەت قىلىشقا بولىدۇ، دەپ ئويلىسا، بۇ قۇرۇق ئاۋارىچىلىق بولىدۇ. مەن سترۇۋې ئەپەندىنى مۇنازىرىگە چاقىرىپ، ئۇنىڭغا: مەن قەيەردە ۋە قاچان "بېبېل ۋە كائۇتسكىنىڭ ئىنقىلابچىلىقى"نى ئاغمىچىلىق دەپتىمەن؟ مەن قەيەردە ۋە قاچان خەلقارا سوتسىيال دېموكراتىك ھەركەتتە بېبېل بىلەن كائۇتسكىنىڭ يونىلىشىگە ئوخشىمايدىغان بىر ئالاھىدە يونىلىش ياراتماقچى بوپتىمەن؟ زادى قەيەردە ۋە قاچان مەن بىلەن بېبېل، كائۇتسكىلار ئوتتۇرىسىدا پىكىر ئىختىلاۋى يۈز بەرگەن ئىكەن، جىددىيلىك ئېتىۋارى بىلەن، مەسىلەن، برېسلاۋل قۇرۇلتىيىدا بېبېل بىلەن كائۇتسكى ئوتتۇرىسىدا تۇغۇلغان يەر مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئىختىلاپقا238 ئازراق بولسىمۇ يېقىن كېلىدىغان ئىختىلاپ يۈز بەرگەن ئىكەن؟ دېگەنگە ئوخشاش مەڭگۈ جاۋاپ بېرەلمەيدىغان سوئاللارنى قويسامالا

توغرىسىدا مورىتى كەلگەندە توختىلىپ ئۆتىمىز. سترۇۋې ئەپەندى-نىڭ يېڭى ئۇچقۇنچىلارنى ھەر قېتىم **پىرىنسىپ جەھەتتە** ماختىشى ماڭا سەمىمى، ئىشەنچلىك ۋە ھەقىقى ياردەم بولۇپ كەلگەنلىكىنى بىز بۇرۇن كوپ ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق①، ھازىر بۇنى يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ ئۆتمەكچىمىز.

كۇپايە قىلىدۇ. قېنى، سترۇۋې ئەپەندى بۇ 3 سوئالغا جاۋاپ بېرىپ باقسۇنچۇ.

بىز بولساق كىتاپخانلارغا مۇنداق دەيمىز: لىبېرال بۇرژۇئازىيە ھەرقاچان ھەر يەردە شۇنداق بىر ئۇسۇلنى قوللىنىدۇكى، ئۇلار ئۆز ئېلىدىكى مەسلەكداشلىرىنى شۇ ئەلدىكى سوتسىيال دېموكراتلار تازا ئەقىلسىز كىشىلەر، خوشنا ئەللەردىكى سوتسىيال دېموكراتلار بولسا "ئوبدان باللار" دەپ ئىشەندۇرۇش كويىدا بولىدۇ. گېرمانىيە بۇرژۇئازىيىسى فرانسىيە سوتسىيالىستلىرىنى نەچچە يۈز قېتىملاپ "ئوبدان باللار" دەپ سۆيەتلەپ، بېبېل بىلەن كائۇتسكىغا ئوخشاش كىشىلەرگە ئۈلگە قىلىپ كورسەتكەن ئىدى. فرانسىيە بۇرژۇئازىيىسمۇ بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرىلا بېبېلنى "ئوبدان بالا" دەپ سۆيەتلەپ، فرانسىيە سوتسىيالىستلىرىغا ئۈلگە قىلىپ كورسەتكەن ئىدى. بۇ بىرنىمىلىرىڭىز كونا نىمىلەرغۇ، سترۇۋې ئەپەندى! سىز بۇ دامغا كىچىك باللار بىلەن نادانلارنىلا چۈشۈرەلەيسىز. خەلقارا ئىنقىلاۋىي سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىلىرىنىڭ پۇروگىراممىسى ۋە تاكتىكا جەھەتتىكى ھەممە مۇھىم مەسىلىلەردە پۈتۈنلەي بىردەك ئىكەنلىكى مۇتلەق مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىت.

① «نىمە قىلماسلىق كېرەك؟» دىگەن ماقالا («ئۇچقۇن» گېزىتى 52 — سان) ئاغمىچىلارغا يول قويۇشقا مايىل بولۇش جەھەتتىكى "چوڭ بۇرۇلۇش" دەپ قارىلىپ، «ئازاتلىق» ژورنىلىنىڭ ئاجايىپ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەنلىكىنى كىتاپخانلارنىڭ يادىغا ئېلىپ بېقىشىنى تەكلىپ قىلىمىز. يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ پىرىنسىپال يۈزلىنىشى «ئازاتلىق» ژورنىلىنىڭ روسىيە سوتسىيال دېموكراتلىرىنىڭ بولۇ-

ستروۋې ئەپەندىنىڭ بۇ ماقالىسىدا بىرمۇنچە ئاجايىپ قىزىق بايانلارنىڭ بارلىقىنى بۇ يەردە پەقەت مۇندىتىسىغىلا كۆرسىتىپ ئۆتۈپ كېتىمىز. ئۇ "سىنىپىي كۈرەشكە ئەمەس، سىنىپىي ھەمكارلىققا تايىنىپ روسىيە دېموكراتىك پارتىيىسىنى قۇرماق" بولىدۇ، "جەمىيەتتە ئىمتىيازلىق ئورۇندا تۇرغان زىيالىلار" (مەسىلەن، ستروۋې ئەپەندى ھەقىقى يۇقۇرى تەبىقىلىق...... مالايلىق سەلتەنىتى بىلەن ياغلىمچىلىق قىلىۋاتقان "مەدىنى ئاقسۆڭەكلەر" قاتارلىقلار) بولسا "ئۆزىنىڭ ئىجتىمائى ئورنىنىڭ ۋەزنى" (ھەمىيىنىنىڭ ۋەزنى)نى مۇشۇ "سىنىپتىن خالى" پارتىيىگە ئېلىپ كىرىدۇ دەپ ھىساپلايدۇ. ستروۋې ئەپەندى مۇنداق بىر ئارزۇدا يەنى ياشلارغا "بۇرژۇئازىيە ئالاقزادە بولۇپ كېتىپ پۇرولېتارىياتقا ۋە ئەركىنلىك ئىشلىرىغا ساتقىنلىق قىلدى دېگەن بۇنداق رادىكاللارچە مۇقام"نىڭ ھىچقانداق قىممىتى يوق دېگەننى بىلدۈرۈش ئارزۇسىدا بولىدۇ (بىز بۇن-

نۇشى ھەقىقىدىكى بىر قىسقا خەۋىرىدە ئالاھىدە ماختالىغان. «ئازاتلىق» ژورنىلى تروتسكىنىڭ «سىياسى ۋەزىپىلىرىمىز» دېگەن كىتاپچىسى توغرىسىدا توختىلىپ، ئۇشبۇ كىتاپچە ئاپتورىنىڭ ئىدىيىسى ئىشچىلار ئىشى تەرەپدارلىرىدىن بولغان كرىچېۋسكىي، مارتىنوۋ ۋە ئاكىموۋلارنىڭ بۇرۇن يازغان ۋە ئېيتقان نەرسىلىرى بىلەن ئوخشاش، دەپ كۆرسەتكەن ئىدى («ئالغا» گېزىتى چىقارغان «مالايلىق قىلىشقا رازىمەن لىبېرال» دېگەن تەشۋىق ۋارىقىغا قارالسۇن). مارتىنوۋنىڭ ئىككى خىل دىكتاتۇرا ھەققىدىكى كىتاپچىسى «ئازاتلىق» ژورنىلىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان ئىدى («ئالغا» گېزىتىنىڭ 9 - سانىدىكى قىسقا خەۋەرگە قارالسۇن). ئاخىردا، ستاروۋېرنىڭ ئىش ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن كونا «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ "ئاۋال چەك - چېگرىنى ئايرىش، ئاندىن بىرلىككە كېلىش" دېگەن كونا شوئارىدىن ئاغرىنغانلىقى «ئازاتلىق» ژورنىلىنىڭ ئالاھىدە خەيرىخاھلىقىغا ئېرىشكەن ئىدى.

داق ئارزۇنى سەمىمى قارشى ئالىمىز. سترۇۋې ئەپەندىنىڭ بۇ ماركسىزىمچە "مۇقام"غا ھۇجۇم قىلغانلىقى بۇ "مۇقام"نىڭ توغرىلىغىنى ھەممىدىن ئوبدان ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. سترۇۋې ئەپەندى، بۇ ئاجايىپ بەلەن پىلانىڭىزنى ئۇزاقىچە تاشلاپ قويۇۋەرمەڭ!)

بىزنىڭچە، بىز مۇھاكىمە قىلىۋاتقان مەسىلىدىن ئېيتقاندا، مۇھىمى، روسىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ سىياسى جەھەتتىن ناھايىتى تۈيغۇن بولغان ۋە ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگىرىشكە تولىمۇ ماھىر بولغان بۇ ۋەكىللىنىڭ ھازىر زادى قايسى **ئەمەلىي** شوئارلارغا ھۇجۇم قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىش. بىرىنچىسى، جۇمھۇرىيەتچىلىك شوئارى. سترۇۋې ئەپەندى بۇ شوئار "خەلق ئاممىسى ئۈچۈن چۈشىنىكسىز ۋە يات" دەپ قاتتىق ئىشىنىدۇ. (ئۇ بۇ شوئار بۇرژۇئازىيىگە ناھايىتى چۈشىنىشلىك، لېكىن پايدىسىز، دەپ قوشۇمچە قىلىپ قويۇشنى ئۇنتۇغان!) سترۇۋې ئەپەندىنىڭ بىزنىڭ گۇرۇپپىلىرىمىزغا ۋە ئاممىۋى يىغىنلىرىمىزغا قاتناشقان ئىشچىلاردىن قانداق جاۋاپ ئالىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باققۇمىز بار! بەلكىم، ئىشچىلار خەلق ھېساپلانمايدىغاندۇ، دېخانلارچۇ؟ سترۇۋې ئەپەندىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، دېخانلاردا بىر خىل "**باللارچە** جۇمھۇرىيەتچىلىك" ("چار پادىشانى ھەيدىۋېتىش") بولىدۇ، لېكىن، لىبېرال بۇرژۇئازىيە كېلەچەكتە باللارچە جۇمھۇرىيەتچىلىكنىڭ ئورنىنى ئاڭلىق جۇمھۇرىيەتچىلىك ئەمەس، بەلكى ئاڭلىق پادىشاپەرەسلىكنىڭ ئالىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ! سترۇۋې ئەپەندى، بۇنىڭدا ئەھۋالغا قاراش كېرەك، بۇ تېخى شارائىتقا باغلىق. مەيلى چار ھۆكۈمىتى بولسۇن ياكى بۇرژۇئازىيە بولسۇن، پومېششىكلارنى يەردىن مەھرۇم قىلىش ھېساۋىغا دېخانلارنىڭ ئەھۋالىنى تۈپتىن ياخشىلاش چارىسىگە قارشى تۇرماي قالمايدۇ، ئىشچىلار سىنىپى بولسا بۇ جەھەتتە دېخانلارغا ياردەم قىلماي تۇرالمايدۇ.

ئىككىنچىسى، سترۇۋې ئەپەندى "ئىچكى ئۇرۇشتا، ھۇجۇم قىلغان

تەرەپ ھامان ئورۇنسىز بولىدۇ“ دەپ كېسىپ ئېيتىدۇ. بۇ ئىدىيە يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ خاھىشىغا بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. بىز ئېچكى ئۇرۇشتا ھۇجۇم **ھامان** پايدىلىق بولىدۇ دېمەيمىز، ئەلۋەتتە؛ يوغىسۇ، گايىدا مۇداپىئەلىنىش تاكتىكىسىمۇ **ۋاقتىنچە** زورۇر بولىدۇ. لېكىن، سترۇۋې ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان بۇ كوزقاراشنىڭ 1905 ـ يىلدىكى روسىيىگە تەتبىق قىلىنىشى دەل ھىلىقى ”رادىكاللارچە مۇقام“ (”بۇرژۇئازىيە ئالاقزادە بولۇپ كېتىپ ئەركىنلىك ئىشلىرىغا ساتقىنلىق قىلىدۇ“)نى ئىسپاتلايدۇ. ھازىر، كىمكى مۇستەبىتلىككە، ئەكسىيەتچىل كۈچلەرگە ھۇجۇم قىلىشنى خالىمايدىكەن، بۇنداق ھۇجۇمنى تەييارلىمايدىكەن، بۇنداق ھۇجۇمنى تەشۋىق قىلمايدىكەن، ئۇنىڭ ئىنقىلاپنىڭ ھىمايىچىسى دەپ ئاتىلىشقا سالاھىيىتى يوق.

سترۇۋې ئەپەندى ”مەخپى پائالىيەت“ ۋە ”توپىلاڭ“ (بۇنى ”كىچىك تىپتىكى قوزغىلاڭ“ دەيدۇ) دىگەن بۇ ئىككى شوئارنى سوكىدۇ. سترۇۋې ئەپەندى بۇ شوئارنىڭ ھەر ئىككىسىدىن يىرگىنىدۇ — ”ئاممىغا يېقىنلىشىش“ نۇقتىئىنەزىرىدە تۇرۇپ يىرگىنىدۇ! سترۇۋې ئەپەندى ئېيتىپ باقسۇنچۇ قېنى، ئۇ ئۆزىچە ئۇچىغا چىققان ئىنقىلاپچىلىق تەرەپدارى دەپ ھىساپلىغان كىشى يازغان ئەسەردىن، مەسىلەن، «نىمە قىلىش كېرەك؟» دىگەن ئەسەردىن توپىلاڭنى تەرغىپ قىلىشقا دائىر سوزلەرنى كورسىتىپ بېرەلەمدۇ؟ ”**مەخپى پائالىيەت**“ مەسىلىسىگە كەلسەك، بىز بىلەن سترۇۋې ئەپەندى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بەك چوڭمۇ؟ ھەر ئىككى تەرەپ ”قانۇنسىز“ گېزىتلەرنى چىقىرىۋاتمايمىزمۇ ۋە ئۇنى ”ئازاتلىق جەمىيىتى“نىڭ ياكى روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ ”مەخپى“ تەشكىلاتلىرىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن روسىيىگە ”مەخپى“ توشۇپ كېلىۋاتمايمىزمۇ؟ بىزدە ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ يىغىنلىرى **ھەقىقەتەن** ھەممىشە

"مەخپى" ئېچىلدۇ. ئازاتچى ئەپەندىلەرنىڭ يىغىنلىرىچۇ؟ ستروۋې ئەپەندى، بۇنداق يىرگىنىشلىك مەخپى پائالىيەتلەرنى ھىمايە قىلىدىغان يىرگىنىشلىك ئادەملەرنىڭ ئالدىدا سىزنىڭ مەغرۇرلىنارلىق نىمىڭىز بار؟

دەرۋەقە، ئىشچىلارغا قورال توشۇپ بىرىشتە مەخپىيەتلىكنى قاتتىق ساقلاش زورۇر. ستروۋې ئەپەندى بۇ يەردە بىرقەدەر توپ-توغرىسىنى ئېيتىدۇ. ئاڭلاڭلار: "قوراللىق قوزغىلاڭغا ياكى تېخنىكىلىق مەنىدىن ئېيتىلىۋاتقان ئىنقىلاپقا كەلسەك، دېموكراتىك پۇروگراممىنى كەڭ تەشۋىق قىلغاندىلا، ئاندىن ئومۇمى يۈزلۈك قوراللىق قوزغىلاڭ ئۈچۈن ئىجتىمائى روھىي ھالەت جەھەتتىن شەرت ياراتقىلى بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھەتتا مەن ماقۇل كورمەيدىغان نۇقتىنەزەردىن يەنى قوراللىق قوزغىلاڭ نوۋەتتىكى ئازاتلىق كۈرىشىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولىدۇ دىگەن نۇقتىنەزەردىن قارىغاندىمۇ، ئاممىنى دېموكراتىك ئىسلاھات ئىدىيىسى بىلەن سۇغۇرۇش ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ زورۇر ئىش."

ستروۋې ئەپەندى مەسىلىدىن قېچىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۇ قوزغىلاڭنىڭ كوتىرىلىشى مۇقەررەر دەيدۇ، ئەمما قوزغىلاڭنىڭ ئىنقىلاپ غەلىبىسىنى كاپالەتلەندۇرۇشتە زورۇر ئىكەنلىكى توغرىلىق سوزلىمەيدۇ. تەييارلىقسىز، ئىستىخىيىلىك، پارچە-پۇرات قوزغىلاڭلار باشلىنىپ كەتتى. ھىچكىممۇ بۇ قوزغىلاڭلار راۋاجلىنىپ بىر پۇتۇن ۋە مۇكەممەل خەلق قوراللىق قوزغىلىڭى بولىدۇ دەپ مۇتلەق ھوددە قىلالمايدۇ، چۇنكى بۇنداق بولۇشى ئىنقىلاۋىي كۇچلەرنىڭ (بۇنى پەقەت كۇرەش داۋامىدىلا تولۇق مولچەرلىگىلى بولىدۇ) ئەھۋالىغا، ھوكۇمەت بىلەن بۇرژۇئازىيىنىڭ ھەركەتلىرىگە ھەمدە ئېنىق مولچەرلەشكە بولمايدىغان باشقا نۇرغۇن ئەھۋاللارغا باغلىق. مۇقەررەرلىك مەسىلىسى توغرىسىدا يەنى ستروۋې ئەپەندى ئاساسىي مەسىلىدىن

ئۇزىنى چەتكە ئالغان ھالدا ئارتۇقچە ئېيتقان مەسىلە — مەلۇم كونكرېت
ۋەقەگە بولغان مۇتلەق ئىشەنچ مەسىلىسى توغرىسىدا سوزلەپ ئول-
تۇرۇشىمىزنىڭ زادىلا ھاجىتى يوق. ئىنقىلاپ **غەلىبىسىنى كاپالەت-
لەندۇرۇش ئۇچۇن** قوزغىلاڭ **زورۇرمۇ**، زورۇر ئەمەسمۇ، ئۇنى پائال
ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە تەرغىپ قىلىش ھەمدە دەرھال تىرىشىپ تەييار-
لاش كېرەكمۇ، كېرەك ئەمەسمۇ، — ئىنقىلاپنى راستلا ھىمايە قىلماقچى
بولسىڭىز، — مۇشۇ مەسىلە ئۇستىدە سوز قىلىش كېرەك. ستروۋې
ئەپەندى مۇنداق پەرقنى چۈشەنمەيدىغان يەردە ئەمەس، مەسىلەن، ئۇ
دېموكراتىيىچىلەر ئۇچۇن مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئومۇمى ساي-
لامنى يولغا قويۇش كېرەكلىگى مەسىلىسىنى نوۋەتتىكى ئىنقىلاپ
جەريانىدا مۇقەررەر بولىدىغان، سىياسىيونلار ئۇچۇن مۇنازىرە قىلىشقا
بولىدىغان ئەمما جىددى بولمىغان ئومۇمى سايلام مەسىلىسى بىلەن
يوشۇرۇپ ئولتۇرغىنى يوق. ستروۋې ئەپەندىنىڭ قوزغىلاڭ كوتىرىش
كېرەكلىگى مەسىلىسىدىن قاچقانلىغى لىبېرال بۇرژۇئازىيىنىڭ سىياسى
مەۋقەسىنىڭ سىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. بىرىنچىدىن، بۇرژۇئازىيە
مۇستەبىت ھوكۇمەت بىلەن مۇرەسسەلىشىپ ئولجا بولۇشۇۋېلىشقا
رازىكى، ئۇنى بىتچىت قىلىشقا رازى ئەمەس؛ بۇرژۇئازىيە قانداق
قىلىپ بولسىمۇ قوراللىق كۇرەشتىن ئىبارەت ئېغىر يۇكنى ئىشچىلارغا
يۇكلەپ قويۇش كويىدا بولىدۇ (بۇ ئىككىنچىسى). ستروۋې ئەپەندى-
نىڭ مەسىلىدىن قېچىشتىكى **ھەقىقى** مەقسىدى ئەنە شۇ. مانا بۇ
ئۇنىڭ قوزغىلاڭ كوتىرىش كېرەكلىگى مەسىلىسىدىن قوزغىلاڭنىڭ
"ئىجتىمائى روھىي ھالەت جەھەتتىكى شەرت مەسىلىسىگە **چېكىنگەنلە-
گىنىڭ**، ئالدىن "تەشۋىق قىلىش" مەسىلىسىگە **چېكىنگەنلىگىنىڭ**
سەۋەۋى. 1848 - يىلدىكى فرانكفۇرت پارلامېنتىدىكى بۇرژۇئا سەپ-
سەتىچىلىرى ھوكۇمەتنىڭ قوراللىق كۇچلىرىگە قايتۇرما زەربە بېرىش
شەرت بولغان چاغدا، ھەركەت قوراللىق كۇرەشنى "زورۇر قىلىپ

قويغان“ چاغدا، ساپلا سوز بىلەن قايىل قىلىش چارىسى (تەييارلىق
مەزگىلىدە ئىنتايىن زورۇر چارە) پەسكەش بۇرژۇئا پاسسىپلىغى ۋە
قورقۇنچاقلىغىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ قالغان چاغدا، بېشىنى ئىچىگە
تىقىۋېلىپ قارار، خىتاپنامە ۋە بەلگىلىمىلەر تەييارلاش، ”كەڭ تەشە-
ۋىقات ئېلىپ بېرىش“ ۋە ”ئىجتىمائى روھىي ھالەت جەھەتتىن
شەرت“ ھازىرلاش بىلەنلا بولۇپ كەتكەن ئىدى، سترۇۋې ئەپەندىمۇ
شۇنىڭغا ئوخشاش ھازىر **قۇرۇق گەپنى** ئۆزىگە تىلتۇمار قىلىۋېلىش
ئارقىلىق قوزغىلاڭ مەسىلىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرماقتا. **سترۇۋې**
ئەپەندى بىزگە ئىنقىلاپ دەۋرى بىلەن تارىختىكى ئاددى، نورمال
تەييارلىق دەۋرىنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى ئاممىنىڭ كەيپىياتى،
ئويغىنىشى ۋە ئىشەنچىسى **ھەركەتتە** ئىپادىلىنىشى كېرەكلىگىدىن،
بەلكى، ھەقىقەتەن **ھەركەتتە** ئىپادىلىنىدىغانلىغىدىن ئىبارەت
پاكىتنى نۇرغۇن سوتسيال دېموكراتلار تەرسالىق بىلەن كوزىنى
يۇمۇۋېلىپ كورمەسكە سالىدىغانلىغىنى كونكرېت ئىپادىلەپ بەردى.

چاكىنا ئىنقىلاپچىلىق سوزنىڭ ئۆزى ھەركەت بولىدىغانلىغىنى
چۈشەنمەيدۇ. بۇ داۋلىنى **ئومۇمى** تارىخىي دەۋرلەرگە ياكى ئاممىۋى
ئاشكارا سىياسى قوزغىلىش (ھەرقانداق قارغۇلارچە ھەركەت ئۇرنىنى
ئالالايدىغان ھەمدە مەجبۇرەن ۋۇجۇتقا كەلتۇرگىلى بولىدىغان قوز-
غىلىش ئەمەس) بولمىغان تارىخىي دەۋرلەرگە تەتبىق قىلىشقا
بولىدىغانلىغىدا گەپ يوق. قۇيرۇقچى ئىنقىلاپچىلار شۇنى چۈشەنمەي-
دۇكى، ئىنقىلاپ دەۋرى باشلانغان، كونا ”ئۇستقۇرۇلما“نىڭ ھەممە
يېرىدىن چاك كەتكەن، ئۆزى ئۆچۈن يېڭى ئۇستقۇرۇلما يارىتىۋاتقان
سىنىپ ۋە ئاممىنىڭ ئاشكارا سىياسى قوزغىلىشى ئەمىلىيەتكە ئايلى-
نىپ قالغان، ئىچكى ئۇرۇش پارتلىغان چاغدا، **بۇرۇنقىدەكلا** ”سوز“
بىلەن چەكلىنىپ قىلىپ ”ھەركەت“ توغرىسىدا **بىۋاستە شوئار** قويماس-
لىق ۋە ”روھىي ھالەت جەھەتتىكى شەرت“ بىلەن ئادەتتىكى

"تەشۋىقات"نى بانا قىلىپ ھەركەتلىنىشكە ئۇتىماسلىق قىلچە ھاياتىي كۈچى بولمىغانلىق، ئۇلۇك-روھسىزلىق، ۋەز-نەسھەتچىلىك ھەتتا ئىنقىلاپقا ساتقىنلىق ۋە ئاسىلىق قىلغانلىق. دېموكراتىيىچى بۇرژۇئازىيىنىڭ فرانكفۇرتتىكى سەپسەتچىلىرى ئەنە شۇنداق ساتقىنلىقنىڭ ياكى شۇنداق ئەخمىقانە ۋەز-نەسھەتنىڭ مەڭگۈ سېسىپ تۇرىدىغانلىقىنىڭ تارىخىي مىسالى.

سىلەر چاكىنا ئىنقىلاپچىلىق بىلەن ئىنقىلاپچىلارنىڭ قۇيرۇقچىلىقى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ پەرقنى روسىيىدىكى سوتسىيال دېموكراتىك ھەركەتنىڭ تارىخىغا ئاساسەن چۈشەندۈرۈپ ئوتتۇشىمىزنى تەلەپ قىلامسىلەر؟ ماقۇل، بىز بۇنى سىلەرگە چۈشەندۈرۈپ بېرەيلى. ئۆتۈپ كەتكىنىگە ئۇزاق بولمىغان، ئەمما ھازىر بىزگە ئۇزاق يىللار بولغاندەك بىلىنىۋاتقان 1901 — 1902 - يىللارنى كۆز ئالدىڭلارغا كەلتۈرۈپ بېقىڭلار. نامايىشلار باشلىنىپ كەتكەن ئىدى. چاكىنا ئىنقىلاپچىلىق "ئاتاكا"غا ئۈندەپ شاۋقۇن كۆتەردى («ئىشچىلار ئىشى» [139])، "قانلىق تەشۋىقات ۋاراقلىرى" تارقىتىشتى (ئېسىمدە قېلىشىچە، بېرلىندىن تارقىتىلغاندەك تۇراتتى)، پۈتۈن روسىيىدە گېزىت ئارقىلىق تەرغىبات ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان پىكىرنى "قۇرۇق ئەدىبلىك" ۋە قارىلىق دەپ ھۇجۇم قىلغان ئىدى (نادېژدىن)[239] . بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىنقىلاپچىلارنىڭ قۇيرۇقچىلىقى بولسا ئۇ چاغدا "ئىقتىسادىي كۆرەش سىياسىي تەرغىباتنىڭ **ئەڭ ياخشى** ۋاستىسى" دىگەننى تەرغىپ قىلغان ئىدى. ئىنقىلاۋىي سوتسىيال دېموكراتىيىچىلەر قانداق پوزىتسىيىدە بولدى؟ ئۇلار بۇ ئېقىملارنىڭ ھەر ئىككىسىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار قارامىلىقنى ۋە ئاتاكا شاۋقۇنلىرىنى سۆكتى، چۈنكى، ئۇ چاغدا ھەممەيلەن ئاشكارا ئاممىۋى قوزغىلىش تېخى ئەتىنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆردى ياكى كۆرۈشى لازىم ئىدى. ئۇلار قۇيرۇقچىلىقنى سۆكتى ۋە **ھەتتا** ئومۇمى

خەلق قوراللىق قوزغىلىڭى شوئارىنى بىۋاستە ئوتتۇرىغا قويدى،
ئەلۋەتتە، بۇ بىۋاستە چاقىرىق تەرىقىسىدە ئەمەس (ستروۋۋى
ئەپەندى بىزنىڭ شۇ چاغلاردىكى سوزلىرىمىزدىن "توپىلاڭ"غا دائىر
چاقىرىق تاپالمايدۇ). بەلكى بىر خىل **زورۇر** يەكۈن تەرىقىسىدە، بىر
خىل "تەشۋىقات" تەرىقىسىدە (بۇنداق "تەشۋىقات"نى ستروۋۋى
ئەپەندى هازىرلا خىيالغا كەلتۈرگەن،ــهورمەتلىك ستروۋۋى ئەپەندىمىز
هەمىشە بىرنەچچە يىل كېيىن قالىدۇ)، ئالاقىزادە بولۇپ كەتكەن،
ئىنتايىن شەخسى مەنپەئەتپەرەس بۇرژۇئا ۋەكىللىرى هازىر "تەرىنى
پۇرۇشتۇرۇش ۋە ۋاقتىسىز هالدا" ئەزىملىك بىلەن سوزلەپ يۈرگەن
بۇ "ئىجتىمائى روهى هالەت جەهەتتىكى شەرت"لەرنى تەييارلاش
ئۈچۈن قويۇلغان ئىدى. **ئۇ چاغدا**، تەشۋىقات بىلەن تەرغىبات،
تەرغىبات بىلەن تەشۋىقات هەققى تۈردە ئوبيېكتىپ ئەهۋال تەرد-
پىدىن بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلغان ئىدى. **ئۇ چاغدا**، قوزغىلاڭغا
تەييارلىق كورۇش خىزمىتىنىڭ يادروسى سۇپىتىدە مەملىكەت خاراك-
تىرلىق سىياسى گېزىت چىقىرىشنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولاتتى (بەلكى
«نىمە قىلىش كېرەك؟»تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى)، بۇنداق
گېزىت هەپتىدە بىر قېتىم چىقىرىلغان تەقدىردىمۇ كوڭۈلدىكىدەك
بولغان بولاتتى. **ئۇ چاغدا**، بىۋاستە قوراللىق قوزغىلىشنى يولغا
قويماي، ئاممىۋى خاراكتىرلىق تەرغىبات ئېلىپ بېرىش، قاراملىق
قىلماي، قوزغىلاڭنىڭ ئىجتىمائى روهى هالەت جەهەتتىكى شەرت-
لىرىنى هازىرلاش دىگەن شوئارلار ئىنقىلاۋىي سوتسىيال دېموكرا-
تىيىچىلەرنىڭ بىردىن-بىر توغرا شوئارلىرى ئىدى. **ئەمدىلىكتە**،
ۋەقەلەر بۇ شوئارلاردىن ئېشىپ كەتتى، هەركەت ئىلگىرىلەپ
كەتتى، بۇ شوئارلار بىكار نەرسە بولۇپ قالدى، ئازاتچىلارنىڭ
ساختا سىخلىغىنى ۋە يېڭى ئۈچقۇنچىلارنىڭ قۇيرۇقچىلىغىنى يېپىش-
قىلا باپ كېلىدىغان جۇل-جۇل كىيىمگە ئايلىنىپ قالدى!

ئېھتىمال مەن خاتا قىلىۋاتقاندىمەن؟ ئېھتىمال، ئىنقىلاپ تېخى باشلانمىغاندۇ؟ ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ ئاشكارا سىياسى قوزغىلىش پەيتى تېخى يېتىپ كەلمىگەندۇ؟ ئىچكى ئۇرۇش تېخى پەيدا بولمىغاندۇ ۋە شۇ سەۋەپتىن قورال تەنقىدى تېخى دەررۇلا تەنقىت قورالىنىڭ زورۇر ۋە باش تارتىپ بولمايدىغان ئىزباسارى، ۋارىسى، ۋەسىيەت ئادا قىلغۇچىسى ۋە ئورۇنلانمىغان ئىشلىرىنىڭ ئورۇنلىغۇچىسى بولماسلىغى كېرەكتۇ؟

ئەتراپقا نەزەر سالىسىڭىز، كاللىڭىزنى ئىشخانىدىن چىقىرىپ كوچىغا نەزەر تاشلىسىڭىز، بۇ مەسىلىلەرگە جاۋاپ بېرەلەيسىز. ھوكۇمەتنىڭ ئۆزى قولىدا تومۇرنىڭ سۇنۇغىمۇ بولمىغان تېچ پۇقرالارنى ھەممىلا يەردە كوپلەپ قىرىۋاتامدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئىچكى ئۇرۇشنى باشلىۋەتمىدىمۇ؟ تولۇق قوراللانغان دەيۇزلەر مۇستەبىت ھوكۇمەتنىڭ قولىدىكى ”دەلىل“ سۈپىتىدە ھەركەتلەنمىدىمۇ؟ بۇرژۇئازىيە ــ ھەتتا بۇرژۇئازىيمۇ ــ خەلق ئەسكىرىنىڭ زورۇرلۇگىنى ھىس قىلمىدىمۇ؟ ستروۋې ئەپەندى، ئىنتايىن مۇلايىم ۋە ئەدەپلىك ستروۋې ئەپەندى ”ئىنقىلاۋىي ھەركەتنىڭ ئاشكارا خاراكتىرى ‹ھازىر بىز دەل شۇنداققۇ!› ھازىرقى ۋاقىتتا خەلق ئاممىسىغا بىلىندۇرمەي تەسىر كورسىتىشنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى“ دەۋاتامدۇ، ئاخىر؟ (ئەپسۇسكى، دىگەندىمۇ پەقەت قۇتۇلۇش ئۇچۇنلا دەپ قويىۋاتىدۇ!)

كوزنى ئېچىپ قاراشنى خالىغان كىشى ئىنقىلاپ تەرەپتە تۇرغانلارنىڭ ھازىر قوراللىق قوزغىلاڭ مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەكلىگى توغرىسىدا گۇمان قىلمايدۇ. **ئاما** ئارىسىدا ئازدۇر-كوپتۇر تەسىر كورسىتەلەيدىغان ۋە تەكشۇرۇلمەيدىغان ئورگان مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىنىغان بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى **3 خىل** قويۇلۇشنى كورۇپ ئوتەيلى.

بىرىنچى خىل قويۇلۇش — روسيه سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى 3 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ قارارىدىكى① قويۇلۇش. بۇنىڭدا، ئومۇمى دېموكراتىك ئىنقىلاۋىي ھەركەتلەرنىڭ قوراللىق قوزغىلاڭنى **زورۇر قىلىپ قويغانلىقى** مۇقىملاشتۇرۇلغان ھەمدە ئۇنىلۇك جاكالانغان. پرولېتارىياتنى ئۇيۇشتۇرۇپ قوزغىلاڭ كوتىرىش ئىشى كونتەرتىپكە قويۇلغان ۋە بۇ ئىش پارتىيىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم، ئاساسلىق ۋە **زورۇر** ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى قىلىنغان. **ئەڭ ئۇنۇملۇك** تەدبىرلەرنى قوللىنىپ پرولېتارىياتنى قوراللاندۇرۇش ۋە قوزغىلاڭغا بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىشقا كاپالەتلىك قىلىش تەلەپ قىلىنغان.

---

① بۇ قارارنىڭ تولۇق تېكستى تۆۋەندىكىچە:

1) پرولېتارىيات ئۆزىنىڭ تۇرغان ئورنىدىن ئېيتقاندا ئەڭ ئىلغار ۋە بىردىن ـ بىر ئىزچىل ـ كېسكىن ئىنقىلاۋىي سىنىپ بولغاچقا، روسىيەدىكى ئومۇمى دېموكراتىك ئىنقىلاۋىي ھەركەتتە رەھبەرلىك رولىنى ئوتەش ۋەزىپىسى ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن؛

2) بۇ ھەركەت ھازىر قوراللىق قوزغىلاڭنى زورۇر قىلىپ قويدى؛

3) پرولېتارىيات بۇ قوزغىلاڭغا چوقۇم ئەڭ ئاكتىپ تۇردە قاتنىشىدۇ، ئۇنىڭ قاتنىشىشى بولسا روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ؛

4) پرولېتارىيات پەقەت سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى (بۇ پارتىيە پرولېتارىياتنىڭ كۈرىشىگە يالغۇز ئىدىيە جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەت جەھەتتىمۇ رەھبەرلىك قىلىدۇ) نىڭ تۇغى ئاستىدا بىرلىككە كەلگەن ۋە مۇستەقىل سىياسى كۈچ بولۇپ ئۇيۇشقاندىلا، بۇ ئىنقىلاپتا رەھبەرلىك رولىنى ئوينىيالايدۇ؛

5) مۇشۇ رولنى ئىشقا ئاشۇرغاندىلا، پرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئا دېموكراتىك روسىيەدىكى مۇلۈكدار سىنىپلارغا قارشى تۇرۇپ،

ئىككىنچى خىل قويۇلۇش — "روسىيە ئاساسىي قانۇنچىلىرىنىڭ يولباشچىسى" (بۇ ياۋروپا بۇرژۇئازىيىسىنىڭ تەسىرى ناھايىتى زور بولغان ئورگان گېزىتى — «فرانكفۇرت» گېزىتىنىڭ[220] بۇنىڭدىن سەل

سوتسىيالىزمنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىنى ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق شارائىتنى قولغا كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، —
مانا مۇشۇلارنى نەزەردە تۇتۇپ:

روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ 3 - قۇرۇلتىيى پۇرولېتارىياتنى ئۇيۇشتۇرۇپ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتىرىش ئارقىلىق مۇستەبىتلىككە قارشى بىۋاستە كۈرەش قىلىش پارتىيىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئىنقىلاپ مەزگىلىدىكى ئەڭ ئاساسىي، ئەڭ جىددىي ۋەزىپىلىرىدىن بىرى، دەپ ھېساپلايدۇ.

شۇڭا قۇرۇلتاي ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا مۇنۇلارنى تاپشۇرىدۇ:

(1) تەشۋىقات ۋە تەرغىبات ئارقىلىق پۇرولېتارىياتقا پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغان قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ سىياسى ئەھمىيىتىلا ئەمەس، بەلكى بۇ قوزغىلاڭغا دائىر ئەمەلىيەت جەھەتتىكى ۋە تەشكىلىي جەھەتتىكى مەسىلىلەرمۇ چۈشەندۈرۈلسۇن؛

(2) بۇنداق تەشۋىقات ۋە تەرغىبات ئىشىنى ئېلىپ بارغاندا، ئاممىۋى سىياسى ئىش تاشلاشنىڭ رولى، بۇنداق ئىش تاشلاشنىڭ قوزغىلاڭنىڭ دەسلەپكىدىمۇ ۋە قوزغىلاڭ داۋامىدىمۇ ئوخشاشلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈلسۇن؛

(3) پۇرولېتارىياتنى قوراللاندۇرۇش، قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ ۋە قوراللىق قوزغىلاڭغا بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىشنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش يولىدا ئەڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر قوللىنىلسۇن، زۆرۈر تېپىلغاندا بۇ خىزمەتنى ئىشلەش ئۈچۈن پارتىيە خادىملىرىدىن تەشكىل تاپقان مەخسۇس گۇرۇپپا تەسىس قىلىنسۇن." (ئاپتورنىڭ 1907 - يىلدىكى نەشرىگە قوشقان ئىزاھى. — تەھرىردىن)

بۇرۇن ستروۋې ئەپەندىگە قويىغان نامى) ياكى روسىيە تەرەققىپەرۋەر بۇرژۇئازىيە يولباشچىسىنىڭ «ئازاتلىق» ژورنىلىدا ئىپلان قىلىنغان پىرىنسىپال ماقالىسىدىكى قويۇلۇش. بۇ يولباشچى، قوزغىلاڭنىڭ بولۇشى مۇقەررەر، دىگەن پىكىرگە قوشۇلمايدۇ. مەخپى پائالىيەت ۋە توپىلاڭ ئەقىلغە سىغمايدىغان ئىنقىلاپچىلىقنىڭ ئالاھىدە ۋاستىسى. جۇمھۇرىيەتچىلىك كىشىنى قورقۇتۇشنىڭ ئۇسۇلى. قوراللىق قوزغىلاڭ ھەقىقەتتە بىر تېخنىكا مەسىلىسىدىنلا ئىبارەت، "ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ زورۇر ئىش"—كەڭ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىجتىمائى روھىي ھالەت جەھەتتىكى شەرتلەرنى ھازىرلاش.

ئۈچىنچى خىل قويۇلۇش—يېڭى ئۇچقۇنچىلار ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قارارىدىكى قويۇلۇش. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز—قوزغىلاڭنى تەييارلاش. قوزغىلاڭنىڭ پىلان بويىچە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. قوزغىلاڭ ئۈچۈن ئوڭۇشلۇق شەرتلەرنى ھۆكۈمەتنىڭ قالايمىقانچىلىقى، بىزنىڭ تەرغىباتىمىز ۋە تەشكىلىي خىزمىتىمىز ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ. شۇ چاغدىلا، "تېخنىكا جەھەتتىكى جەڭ تەييارلىقى خىزمىتى ئازدۇر-كۆپتۇر جىددى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالىدۇ".

پەقەت شۇمۇ؟ پەقەت شۇ. پرولېتارىياتنىڭ يېڭى ئۇچقۇنچى رەھبەرلىرى قوزغىلاڭنىڭ زورۇر بولۇپ قالغان-قالمىغانلىقىنى تېخى بىلمەيدۇ، پرولېتارىياتنى ئۈيۈشتۈرۈپ بىۋاستە كۈرەش قىلىش ۋەزىپىسىنىڭ قىلچە كېچىكتۈرگىلى بولمايدىغان ۋەزىپە بولۇپ قالغان-قالمىغانلىقى ئۇلارغا تېخى ئايدىڭ ئەمەس. ئەڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا چاقىرىق قىلىشنىڭ زورۇرىيىتى يوق؛ بۇ تەدبىرلەرنىڭ قانداق شارائىتتا "ئاندىن" "ئازدۇر-كۆپتۇر جىددى" ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش (1902-يىلدا ئەمەس، بەلكى 1905-يىلدا) تېخىمۇ مۇھىمراق......

يېڭى ئۇچقۇنچى يولداشلار، سىلەر ھازىر ئۇزەڭگىلارنىڭ مارتى-

نوۋچىلىق تەرەپكە بۇرۇلۇپ كەتكەنلىگىڭلار سەۋەۋىدىن نەگە بېرىپ قالغانلىغىڭلارنى بىلەمسىلەر؟ سىلەر ئۆزەڭلارنىڭ سىياسى پەلسەپەڭلارنىڭ ئازاتچىلارنىڭ كونا پەلسەپىسىنى تەكرارلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس بولۇپ چىققانلىغىنى ئۇقامسىلەر؟ سىلەر ئۆزەڭلارنىڭ پادىشاپەرەس بۇرژۇئازىيىسىنىڭ قۇيرۇغى بولۇپ قالغانلىغىڭلارنى (گەرچە بۇنداق بولۇپ قىلىشنى خالىمىساڭلارمۇ، ئاڭقىرىۋالالمىغان بولساڭلارمۇ) ئۇقامسىلەر؟ سۆدەك يادلىۋالغان نەرسىلەرنى تەكرارلىغان ۋە ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى مەشق قىلغىنىڭلاردا، ـــ پېتىر ستروۋېنىڭ ئۇنتۇلماس ماقالىسىدىكى ئۇنتۇلماس بىر جۈملىسى بىلەن ئېيتقاندا ـــ "ئىنقىلاۋىي **ھەركەتنىڭ** ئاشكارا خاراكتېرى ھازىر خەلق ئاممىسىغا بىلىندۈرمەي تەسىر كورستىشنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى" ئىكەنلىگىنى بايقىماي قالغانلىغىڭلار ئەمدى ئۆزەڭلارغا ئايدىڭ بولدىمۇ ـ يوق؟

٩

ئىنقىلاپ مەزگىلىدە ئۇزۇل ـ كېسىل ئوكتىچى پارتىيە بولۇش دېگەن نىمە؟

ئەمدى ۋاقىتلىق ھوكۇمەت توغرىسىدىكى قارارنى تەكشۈرۈشكە قايتىمىز. بىز، يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ تاكتىكىسى ئىنقىلاپنى ئالغا سىلجىتمايدۇ، ـــ ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ قارارى ئارقىلىق ئىنقىلاپنى ئالغا سىلجىتىشقا كاپالەتلىك قىلماقچى بولغاندۇ، ئېھتىمال، ـــ بەلكى ئىنقىلاپنى ئارقىغا چېكىندۈرىدۇ، دەپ كورسىتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. بىز دەل ئۇلارنىڭ مۇشۇ تاكتىكىسى شاللاق بۇرژۇئازىيە بىلەن بولغان كۈرەشتە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنى **ئاماسىز قىلىپ**

قويىدۇكى، ھەرگىز ئۇنىڭ بۇرژۇئا دېموكراتىيىچىلىرىگە قوشۇلۇپ كېتىش خەۋپىنىڭ ئالدىنى ئالالمايدۇ، دەپ كورسىتىپ ئوتكەن ئىدۇق. قارارنىڭ ناتوغرا ئاساسىدىن توۋەندىكىدەك ناتوغرا خۇلاسىنىڭ چىقىرىلىدىغانلىغى تەبىي: "دېمەك، سوتسيال دېموكراتلار پارتىيىسى ۋاقىتلىق ھوكۇمەتتىكى ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ياكى بولۇشۇۋېلىشنى مەقسەت قىلماسلىغى، بەلكى ئۇزۇل-كېسىل ئىنقىلاۋىي ئوكتىچى پارتىيە بولۇپ قېلىۋېرىشى لازىم." بۇ خۇلاسىنىڭ مەقسەتكە دائىر بىرىنچى بولىگىنى كوروپ بېقىڭلار. يېڭى ئۇچقۇنچىلار ئىنقىلاپنىڭ چارىزىم ئۇستىدىن ئۇزۇل-كېسىل غەلىبە قىلىشىنى سوتسيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ پائالىيەت مەقسىدى قىلىپ ئوتتۇرىغا قويامدۇ-يوق؟ ھەئە، ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇلار ئۇزۇل-كېسىل غەلىبىنىڭ شەرتلىرىنى توغرا بايان قىلىشنى بىلمەي "ئازاتچىلار"نىڭ پىكىرلىرىنى قوللىنىپ خاتا قىلغان، بىراق ئۇلار ھەر ھالدا يۇقۇرىدا كورسىتىلگەن مەقسەتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئاندىن قالسا، ئۇلار ۋاقىتلىق ھوكۇمەت بىلەن قوزغىلاڭنى بىر بىرىگە باغلامدۇ؟ ھەئە، شۇنداق قىلىدۇ، ئۇلار بۇ ئىككىسىنى بىر بىرىگە بىۋاستە باغلاپ، ۋاقىتلىق ھوكۇمەتنى "غەلىبىلىك خەلق قوزغىلىڭىدىن كېلىدۇ" دەيدۇ. ئاخىردا، ئۇلار قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلىشنى ئوزىنىڭ مەقسىدى قىلىپ ئوتتۇرىغا قويامدۇ؟ ھەئە، شۇنداق قىلىدۇ، ئۇلار ستروۋي ئەپەندىدەك ئوزىنى قاچۇرۇپ، قوزغىلاڭنىڭ زورۇرلۇگى ۋە قىلچە كېچىكتۇرۇپ بولمايدىغانلىغىنى ئېتىراپ قىلىشقا ئۇنىمايۋاتقان بولسىمۇ لېكىن ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يەنە ستروۋي ئەپەندىدىن پەرقلەنگەن ھالدا، "سوتسيال دېموكراتلار پارتىيىسى ئۇنى (قوزغىلاڭنى) ئوز تەسىرىگە ۋە رەھبەرلىگىگە بويسۇندۇرۇشقا تىرىشىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىنى قولغا كەلتۇرىدۇ" دەيدۇ.

بۇ سوزلەرنىڭ ھەممىسى جايىدا ئېيتىلغان سوزلەر ئەمەسمۇ؟ بىزنىڭ **مەقسىدىمىز** — پۇرولېتارلار ئاممىسىنىڭ ۋە **غەيرى پۇرولې-تارلار** ئاممىسىنىڭ قوزغىلىڭىنى ئۆز تەسىرىمىزگە ۋە رەھبەرلىگىمىزگە بوي سۇندۇرغان قىلىش ھەمدە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆزىمىزنىڭ مەنپەئەتىمىزنى قولغا كەلتۈرۈش. شۇڭا بىزنىڭ مەقسىدىمىز — قوزغىلاڭ ۋاقتىدا ھەم پۇرولېتارىياتقا رەھبەرلىك قىلىش، ھەم ئىنقىلاۋىي بۇرژۇئازىيە بىلەن ئۇششاق بۇرژۇئازىيەگە ("غەيرى پۇرولېتارىيات گۇرۇھى"غا) رەھبەرلىك قىلىش يەنى قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى بىلەن ئىنقىلاۋىي بۇرژۇئازىيە **"بولۇشۇۋېلىپ تۇتۇش"**. بىزنىڭ مەقسىدى-مىز — ۋاقىتلىق ھوكۇمەت ("غەلبىلىك خەلق قوزغىلىڭىدىن كېلىدۇ"غان ۋاقىتلىق ھوكۇمەت) قۇرۇش ئۈچۈن، قوزغىلاڭنى **غەلبىگە** ئېرىشتۈرۈش. **دېمەك**...... دېمەك بىز ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇ-مەتنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ياكى بولۇشۇۋېلىشنى مەقسەت قىلماسلىغىمىز لازىم!!

بىزنىڭ دوستلىرىمىز ئۇنداق دەپمۇ، بۇنداق دەپمۇ ئۆز گېپىنى زادى قاملاشتۇرالمايدۇ. ئۇلار قۇرۇق بانا كورسىتىپ قوزغىلاڭنى رەت قىلغۇچى ستىرۇۋې ئەپەندىنىڭ نۇقتىنەزىرى بىلەن قىلچە كېچىكتۈرۈپ بولمايدىغان بۇ ۋەزىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كىرىشىشنى چاقىرىق قىلغۇچى ئىنقىلاۋىي سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ نۇقتىنەزىرى ئوتتۇرىسىدا ئارىسالدا بولۇپ يۈرىدۇ. ئۇلار پىرىنسىپ جەھەتتە ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەتكە قاتنىشىشنىڭ ھەرقانداغىنى پۇرولېتارىياتقا ساتقىنلىق قىلغانلىق دەپ ئەيىپلەيدىغان ھوكۇمەت-سىزلىك بىلەن سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك تەسىرى بولغان شارائىتتا ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەتكە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىدىغان ماركسىزىم ئوتتۇرىسىدا ئارىسالدا

بولۇپ يۈرىدۇ①. ئۇلاردا ھېچقانداق مۇستەقىل مەيدان يوق: نە چار ھۆكۈمىتى بىلەن مۇرەسسەلىشىپ ئولجا بۆلۈشمەكچى بولغان ۋە شۇ سەۋەپتىن قوزغىلاڭ مەسىلىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان ۋە ئۇنى سىلاپ-سىپاپ ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان ستروۋې ئەپەندىنىڭ مەيدانى يوق، نە ھەرقانداق "يۇقۇرىدىن" ھەركەت قىلىشنى ۋە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىغا ھەرقانداق ھالدا بولمىسۇن قاتنىشىشنى ئەيىپلەيدىغان ھوكۇمەتسىزلەرنىڭ مەيدانى يوق. يېڭى ئۇچقۇنچىلار چار ھوكۇمىتى بىلەن مۇرەسسەلىشىپ ئولجا بولۇشۇۋېلىشنى چارىزىم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىغا قاتناشقۇسى بار. ئۇلار مارتىنوۋنىڭ "ئىككى خىل دىكتاتۇرا" سىدىن سەل-پەل ئىلگىرىلىدى. ئۇلار ھەتتا خەلق قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلىشقا قوشۇلىدۇ، بىراق، قوزغىلاڭ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن (بەلكىم قوزغىلاڭ غەلىبە قىلاي دەپ قالغان ۋاقىتتا؟) رەھبەرلىك قىلىشتىن دەرھال ۋازكېچىشنى يەنى **غالىبىيەت مېۋىسى-دىن بەھرىمەن بولماسلىقنى** بەلكى غالىبىيەت مېۋىسىنىڭ **ھەممىۋا-سىنى پۈتۈنلەي بۇرژۇئازىيىگە** تەقدىم قىلىشنى **تەشەببۇس قىلىدۇ.** ئۇلارنىڭ "قوزغىلاڭدىن پايدىلىنىپ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىنى قولغا كەلتۈرۈش" دېگەن نىمىسى ئەنە شۇ......

بۇ مۇجمەل ئىدىيىنى داۋاملىق تەھلىل قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇنىڭدىن كورە، "ئۇزۇل-كېسىل ئىنقىلاۋىي ئوكتىچى پارتىيە بولۇپ قېلىۋېرىش" دېگەن سوز بىلەن ئىپادىلەنگەن بۇ مۇجمەل

① «پرولېتارلار» گېزىتىنىڭ 3-سانىدىكى «ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەت ھەققىدە» دېگەن تېمىدىكى ئىككىنچى ماقالىغا قارالسۇن («لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 8-توم، 441—449-بەتلەر...... تەھرىردىن)

ئىدىيىنىڭ **كېلىپ چىقىشىنى** تەكشۈرۈپ كۆرگىنىمىز تۈزۈكرەك.

بۇ سۆز — خەلقارا ئىنقىلاۋىي سوتسىيال دېموكراتىك ھەركەتنىڭ بىزگە ناھايىتى تونۇش قائىدىلىرىدىن بىرى. بۇ تامامەن توغرا قائىدە. بۇ قائىدە پارلامېنت تۈزۈمىدىكى مەملىكەتلەردە شيۇجېڭجۇيىغا ياكى ئاغمىچىلىققا قارشى تۇرغۇچى بارلىق كىشىلەرنىڭ ئادەت تىلى بولۇپ قالدى. بۇ قائىدە "پارلامېنت مەستانىلىقى"، مىلېرانىزىم، بېرنىشتېيىنچىلىق[115] ۋە تۇراتىچە ئىتالىيە ئىسلاھاتچىلىقىغا قارشى ئورۇنلۇق ۋە زورۇر قايتۇرما زەربە، بۇنى ھەممە ئېتىراپ قىلىدۇ. كوكۆلچەك يېڭى ئۇچقۇنچىلىرىمىز بۇ ياخشى قائىدىنى سۇدەك يادلىۋالغان ھەمدە ئۇنى قىزغىنلىق بىلەن...... **پۈتۈنلەي بىمەھەل** تەتبىق قىلغان. ھېچبىر پارلامېنت مەۋجۇت بولمىغان ئەھۋالغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن يېزىلغان قاراردا قاراپ تۇرۇپ پارلامېنت كۈرىشىنىڭ كاتېگورىيىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. **قوزغىلاڭ** ھەققىدە ھېچكىممۇ ئەستايىدىل سۆز ئاچمىغان ۋاقىتتىكى سىياسى ۋەزىيەتنىڭ ئىنكاسى ۋە ئىپادىسى بولغان "ئوكتىچى" دېگەن ئۇقۇم قوزغىلاڭ **باشلىنىپ كەتكەن** ۋە ئىنقىلاپنى ياقلىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلىش توغرىسىدا ئويلاۋاتقان ۋە سۆزلىشىۋاتقان ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتكە ئۆلۈك ھالدا كۆچۈرۈپ كېلىندى. **دەل** ئىنقىلاپ قوزغىلاڭ غەلىبە قىلغان چاغدا **يۇقۇرىدىن** ھەركەت قىلىش كېرەك دېگەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان **چاغدا**، "**باشتىن-ئاخىر**" بۇرۇنقىدەك ھەركەت قىلىشنى يەنى پەقەت "تۆۋەندىن" ھەركەت قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى ئالاھىدە بىر ئىش قىلىپ سۆرەن-شاۋقۇن بىلەن بىلدۈرۈشمەكتە.

يېڭى ئۇچقۇنچىلىرىمىزنى تازا نەس باسقان! ئۇلار ھەتتا سوتسىيال دېموكراتىزىملىق توغرا قائىدىنى ئىپادىلىگىنىدىمۇ، بۇ قائىدىنى توغرا تەتبىق قىلالمايدۇ. ئۇلار ئىنقىلاپ باشلىنىپ كەتكەن

مەزگىلدە، پارلامېنت بولمىغان ئەھۋالدا، ئىچكى ئۇرۇش بولۇۋاتقان چاغدا، قوزغىلاڭ پارتلاۋاتقان چاغدا، پارلامېنت كۇرىشى توغرىسىدىكى تۇرلۇك ئۇقۇملار ۋە ئاتالغۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇزىنىڭ ئەكس تەرىپىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ كورۇشمىگەن. ئۇلار، بۇنداق شارائىتتا، تۇزىتىلگەن لايىھىنىڭ نامايىش ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىقىرىلىدىغانلىقىنى، سوئال-سوراقلارنىڭ قوراللانغان پۇقرالارنىڭ ھۇجۇمى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغانلىقىنى، ھوكۇمەتكە قارشى تۇرۇشىنىڭ ھوكۇمەتنى زورلۇق بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتمىگەن.

خۇددى ئېلىمىزنىڭ خەلق چوچىكىدىكى مەشھۇر باش قەھرىمانىنىڭ ھەمىشە نامۇۋاپىق سورۇنلاردا ئۇزىنىڭ خەيرلىك سوزلىرىنى تەكرارلىغىنىدەك، بىزدىكى مارتىنوۋنىڭ مۇرىتلىرىمۇ بىۋاستە ھەربى ھەركەت باشلىنىپ كەتتى دەپ ھىساپلىغان چاغلاردىلا تېچ پارلامېنت كۇرىشى توغرىسىدىكى ۋەز-نەسىھەتلەرنى تەكرارلاپ قويۇشىدۇ. ھە دىگەندىلا "ئىنقىلاپنىڭ ئۇزۇل-كېسىل غەلىبىسى" ۋە "خەلق قوزغىلىڭى" تىلغا ئېلىنغان قاراردا "ئۇزۇل-كېسىل ئوكتىچىلەردىن بولۇش" دىگەن شوئارنى تەنتەنە بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشتىنمۇ كۇلكىلىك ئىش بولماس! مۇھتەرەم ئەپەندىلەر، ئويلاپ بېقىڭلارچۇ: قوزغىلاڭ مەزگىلىدە "ئۇزۇل-كېسىل ئوكتىچىلەردىن بولۇش" دىگەنىنىڭ مەنىسى نىمە؟ ھوكۇمەتنى پاش قىلىش دىگەنلىكمۇ ياكى ھوكۇمەتنى ئاغدۇرۇش دىگەنلىكمۇ؟ ھوكۇمەتكە ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق قارشى تۇرۇش دىگەنلىكمۇ ياكى ئاشكارا جەڭدە ھوكۇمەتنىڭ قوراللىق كۇچلىرىنى يېڭىش دىگەنلىكمۇ؟ ھوكۇمەتنىڭ غەزنىسىنى تولدۇرۇشنى رەت قىلىش دىگەنلىكمۇ ياكى شۇ غەزنىنى قوزغىلاڭ ئېھتىياجلىرىغا، ئىشچىلار بىلەن دىخانلارنى قوراللاندۇرۇشقا ۋە ئاساسي قانۇن چىقىرىش كېڭىشىنى چاقىرىشقا سەرپ قىلىش

ئۇچۇن ئىنقىلاۋىي ۋاستىلەر بىلەن تارتىشىلىش دېگەنلىكمۇ؟ مۇھتەرەم ئەپەندىلەر، سىلەر "ئۇزۇل-كېسىل ئوكتىچىلەردىن بولۇش" دېگەن ئۇقۇمنىڭ پەقەت پاسسىپ ھەركەتلەرنىلا يەنى پاش قىلىش، ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق قارشى تۇرۇش، رەت قىلىشلارنىلا بىلدۈرىدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە باشلىدىڭلارمۇ؟ نىمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ چۈنكى بۇ ئۇقۇم پارلامېنت كۈرىشى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك، يەنە كېلىپ ئۇ "ئۇزۇل-كېسىل غەلىبە"نى ھېچكىممۇ كۆرەشنىڭ بىۋاستە مەقسىدى قىلىپ ئوتتۇرىغا قويمىغان دەۋردىلا قوللىنىلىدۇ. سىياسى جەھەتتىن ئېزىلگەن خەلق غەلىبىنى جانپىدالىق بىلەن قولغا كەلتۈرۈش يولىدا پۈتۈن سەپ بويىچە قەتئى ھۇجۇمنى باشلىۋەتكەندىن بېرى بۇ جەھەتتىكى ئەھۋالنىڭ تۈپتىن ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى سىلەر چۈشىنىشكە باشلىدىڭلارمۇ-يوق؟

ئەمدى ئىشچىلار بىزگە، قىلچە كېچىكتۈرۈپ بولمايدىغان قوزغىلاڭ خىزمىتىنى تىرىشىپ ئىشلەش كېرەكمۇ-يوق؟ باشلىنىپ كەتكەن قوزغىلاڭنى قانداق قىلىپ غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش كېرەك؟ بۇ غەلىبە-دىن قانداق پايدىلىنىش كېرەك؟ غەلىبە قىلغاندا قانداق پۇروگرام-منى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ ۋە ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؟ دېگەن سوئاللارنى قويماقتا. ماركسىزمنى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋاتقان يېڭى ئۇچقۇنچىلار: ئۇزۇل-كېسىل ئىنقىلاۋىي ئوكتىچى پارتىيە بولۇپ قېلىۋېرىش كېرەك...... دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. شۇنداق ئىكەن، بىز بۇ رىتسارلارنى چاكىنىنىڭ چاكىنىسى دەپ ئاتىغىنىمىزدا توغرا قىلغان بولمايمىزمۇ؟

10

”ئىنقىلاۋىي كوممۇنا“ ۋە پرولېتارىيات بىلەن دېخانلارنىڭ ئىنقىلاۋىي دېموكراتىك دىكتاتۇرىسى

يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ ۋەكىللەر يىغىنى يېڭى «ئۇچقۇن» گېزىتى تۇرۇپ كەلگەن هوكۇمەتسىزلىك مەيدانىنى (”هەم تۆۋەندىن، هەم يۇقۇرىدىن“ هەركەت قىلىش ئەمەس، پەقەت ”تۆۋەندىن“ لا هەركەت قىلىشنى) ساقلاپ قالالمىدى. قوزغىلاڭ كوتىرىشكە يول قويۇش، لېكىن غەلىبە قىلىشقا هەم ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي هوكۇمەتكە قاتنىششقا يول قويماسلىقنىڭ ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك بولىدىغانلىغى بەكمۇ ئوچۇق كورۇنۇپ تۇراتتى. شۇڭا، قارارىدا مارتىنوۋ بىلەن مارتوۋنىڭ مەسىلىگە بەرگەن جاۋاپلىرىغا بەزىبىر قوشۇمچە شەرتلەر ۋە چەكلىمىلەر كىرگۈزۈلگەن. قارارنىڭ تۆۋەندىكى بولىگىدە بايان قىلىنغان بۇ قوشۇمچە شەرتلەرنى كوزدىن كەچۇرۇپ چىقايلى:

”بۇنداق تاكتىكىنى يولغا قويۇش («ئۇزۇل-كېسىل ئىنقىلاۋىي ئوكتىچى پارتىيە بولۇپ قېلىۋېرىش») هەرگىز قوزغىلاڭنى كېڭەيىتىشكە ۋە هوكۇمەتنى پارچىلاشقا تۇرتكە بولۇشنىلا كوزلەپ بىرەر شەهەر، بىرەر رايوندا هاكىمىيەتنى جۇزئى هالدا، ۋاقىتىنچە تارتىۋېلىپ، ئىنقىلاۋىي كوممۇنىلار قۇرۇشىمۇ مۇۋاپىق بولمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە.“

شۇنداق ئىكەن، دېمەك، پرىنسىپ جەهەتتە تۆۋەندىنلا ئەمەس، بەلكى يۇقۇرىدىن هەركەت قىلىشقىمۇ يول قويۇلغان بولىدۇ. دېمەك ل. مارتوۋنىڭ «ئۇچقۇن» گېزىتىدە (93-سانىدا) ئېلان قىلىنغان

داڭلىق فىلىيەتونىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان كوزقاراشلىرى رەت قىلىنغان بولىدۇ ۋە «ئالغا» گېزىتىنىڭ تاكتىكىسى يەنى "توۋەندىن" لا ئەمەس، بەلكى "يۇقۇرىدىن"مۇ ھەركەت قىلىش كېرەك، دىگەن تاكتىكىسى توغرا دەپ ئېتىراپ قىلىنغان بولىدۇ.

ئاندىن قالسا، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشقا (جۇزئى ھالدا، ۋاقتىنچە ۋە باشقا تەرىقىدە تارتىۋېلىنغاندىمۇ) يالغۇز سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭلا، يالغۇز پۇرولېتارىياتنىڭلا قاتنىشىشى شەرت ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇنىڭ سەۋەۋى شۇكى، دېموكراتىك ئىنقىلاپ پۇرولېتا-رىياتقىلا پايدىلىق بولۇپ قالمايدۇ، بۇ ئىنقىلاپقا پائال قاتناشقانلارمۇ بىر پۇرولېتارىياتنىڭ ئوزىلا ئەمەس. بۇنىڭ سەۋەۋى شۇكى، بۇ قارارنىڭ 1 - بولىگىدە ئېيتىلغىنىدەك، قوزغىلاڭ "خەلق" قوزغىلىڭى، قوزغىلاڭغا قاتناشقانلار ئىچىدە "غەيرى پۇرولېتارلار گۇرۇھى"مۇ (ۋەكىللەر يىغىنى تەرەپدارلىرىنىڭ قوزغىلاڭ مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارارىدا شۇنداق دىيىلگەن) يەنى بۇرژۇئازىيىمۇ بار. دىمەك، سوتسىيالىزىمچىلارنىڭ ئۇششاق بۇرژۇئازىيە بىلەن بىرلىكتە ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەتكە قاتنىشىشى يولىدىكى ھەرقانداق قىلىغى ئىشچىلار سىنىپىغا ئاسىلىق قىلغانلىق بولىدۇ دىگەن پىرىنسىپنى، خۇددى «ئالغا» گېزىتىنىڭ ئارزۇ قىلغىنىدەك، **ۋەكىللەر يىغىنى چورۇپ تاشلايدۇ.** "ئاسىلىق" نىڭ جۇزئى، ۋاقىتىنچە، رايون خاراكتىرلىق ياكى باشقىچە بولۇشى بىلەن "ئاسىلىق" ئاسىلىق بولماي قالىدۇ. دىمەك، ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەتكە قاتنىشىشنى چاكىنا ژورېسىزىم بىلەن بىر قاتاردا قويۇشنى، خۇددى «ئالغا» گېزىتىنىڭ ئارزۇ قىلغىنىدەك[240]، ۋەكىللەر يىغىنى **چورۇپ تاشلايدۇ**. ھوكۇمەت ئوز ھوقۇقىنىڭ نۇرغۇن شەھەرلەرگە ئەمەس، بىرلا شەھەرگە، نۇرغۇن رايونلارغا ئەمەس، بىرلا رايونغا يېتىدىغانلىغى بىلەنلا ھوكۇمەت بولماي قالمايدۇ؛ شۇنداقلا ئۇنىڭ قانداق

ئاتىلىدىغانلىغى بىلەنلا ھوكۇمەت بولماي قالمايدۇ. شۇنىداق قىلىپ، **مەسىلىنىڭ** يېڭى «ئۇچىقۇن» گېزىتى توغرىلاپ قويماقچى بولغان **پىرىنسىپلىق قويۇلۇشى ۋەكىللەر يىغىنى تەرىپىدىن چورۇپ تاشلىنىدۇ.**

ئەمدى بىز، ۋەكىللەر يىغىنى ئۇزىنىڭ ھازىر پىرىنسىپ جەھەتتە يول قويغان ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەت قۇرۇش ۋە ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەتكە قاتنىشىش توغرىسىدىكى تەشەببۇسىغا قويغان چەكلىمىلەرنىڭ مۇۋاپىق ياكى مۇۋاپىق ئەمەسلىگىنى كوزدىن كەچۇرۇپ چىقايلى. "ۋاقتىنچە" («времен - ный») دىگەن ئۇقۇمدىن نىمە پەرقى بارلىغى بىزگە نامەلۇم. بۇ يەردە ئۇ "يېڭى" سوز ۋە چەتتىن كىرگەن سوز ئارقىلىق روشەن پىكىر يوقلۇ- غىنى يوشۇرۇش ئۇچۇنلا قوللىنىلىۋاتقان بولسا كېرەك. **قارىماققا** بۇ سوز "چوڭقۇر مەنىلىك" تەك كورۇنىدۇ، ئەمىلىيەتتە، تېخىمۇ تۇتۇق ۋە مۇجمەل، خالاس. مەلۇم شەھەردە ياكى مەلۇم رايوندا جۇزئى ھالدا "ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش"نىڭ "مۇۋاپىق" بولۇشى بىلەن پۇتۇن مەملىكەت دائىرىلىك ۋاقتىلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەتكە قاتنىشىشنىڭ نىمە پەرقى بار؟ 9 - يانۋار ۋەقەسى بولغان پېتېربۇرگدەك جايمۇ بىر "شەھەر" ئەمەسمۇ؟ نۇرغۇن دولەتلەردىن چوڭ بولغان كاۋكازدەك جايمۇ بىر رايون ئەمەسمۇ؟ بىر رايوندا ئەمەس، ھەتتا بىر شەھەردە "ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان"چاغدىمۇ تۇرمە، ساقچى ۋە دولەت غەزنى- سى، ۋاھاكازا، ۋاھاكازالارغا قانىداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى (بىر ۋاقىتلاردا يېڭى «ئۇچقۇن» گېزىتىنى تەڭلىككە سېلىپ قويغان مەسىلىلەر) بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويۇلمامدۇ؟ ئەلۋەتتە، كۇچلەر يېتىش- مەي، قوزغىلاڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان چاغدا، قوزغىلاڭ ئۇزۇل - كېسىل غەلىبىگە ئېرىشەلمىگەن چاغدا، جۇزئىلىكتە، شەھەر **ياكى** باشقا دائىرىدە ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەتنىڭ بولۇشى مۇمە-

كىنلىگىنى ھىچكىم ئىنكار قىلمايدۇ. بىراق، ئەپەندىلەر، بۇنىڭ مەسىلە بىلەن نىمە ئالاقىسى بار؟ سىلەر قارارىڭلارنىڭ بىشىدىلا "ئىنقىلاپنىڭ ئۇزۇل-كېسىل غەلىبىسى" ۋە "غەلىبىلىك خەلق قوزغىلىڭى" ئۇستىدە توختالمىغانمىدىڭلار؟؟ قاچاندىن بىرى سوتسىيال دېموكراتلار ھوكۇمەتسىزلەرنىڭ **قىلغىنى** تىپىۋىلىپ، پۇرولېتارىياتنىڭ دىققەت نەزىرىنى ۋە نىشانىنى **چىچىۋىتىدىغان**، پۇرولېتارىياتنى **ئومۇمى** يۇزلۇك بىرلىككە كەلگەن، مۇكەممەل ۋە ئەتراپلىق كۇرەش ئېلىپ بېرىشقا ئەمەس، بەلكى "جۇزئى" كۇرەش ئېلىپ بېرىشقا يېتەكلەيدىغان بولۇپ قالدى؟ سىلەر بىر شەھەردە "ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش" ئۇستىدە توختالغىنىڭلاردا، بۇنى "قوزغىلاڭنى كېڭەيتىش" ئۇچۇن دىدىڭلار، ئۇنداق بولسا، بىز بۇنى باشقا بىر شەھەرگىچە كېڭەيتىش ئۇچۇن دەپ دادىللىق بىلەن قىياس قىلساق بولامدۇ؟ بىز بۇنى ھەممە شەھەرگىچە كېڭەيتىش ئۇچۇن دەپ دادىللىق بىلەن ئۇمىت قىلساق بولامدۇ؟ ئەپەندىلەر، سىلەرنىڭ خۇلاسەڭلار خۇددى ئۇنىڭ ئاساسلىرىغا ئوخشاشلا ئاياق بېسىپ تۇرالمايدۇ، ئوخشاشلا تاسادىپى، ئوخشاشلا بىر بىرىگە زىت، ئوخشاشلا مۇجىمەل. روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ 3-قۇرۇلتىيى ئومۇمى ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەت مەسىلىسىگە تەپسىلى ۋە ئېنىق جاۋاپ بەردى. بۇ جاۋاپ ھەممە جۇزئى ۋاقىتلىق ھوكۇمەتلەرنىمۇ ئوز ئىچىگە ئالىدۇ. ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ جاۋاۋى بولسا مەسىلىنىڭ **بىر قىسمىنى** زورمۇ-زور، خالىغانچە ئايرىپ چىقىدۇ، نەتىجىدە پۇتۇن مەسىلىدىن قېچىپ (بىراق بۇنى ئىشقا ئاشۇرالمايدۇ)، مەسىلىنى ئىنتايىن چىگىشلەشتۇرۇۋېتىدۇ.

"ئىنقىلاۋىي كوممۇنا" دىگەن نىمە؟ بۇ ئۇقۇمنىڭ "ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەت" تىن پەرقى بارمۇ؟ پەرقى بولسا نەدە؟ بۇلارنى ۋەكىللەر يىغىنى تەرەپدارى بولغان ئەپەندىلەرنىڭ ئوزىمۇ بىلمەيدۇ.

ئۇزلىرىنىڭ ئىنقىلاۋىي پىكىرلىرىنىڭ چىگىشلىگى نەتىجىسىدە، — بۇ دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئىش، — ئۇلار ساپلا **ئىنقىلاۋىي قۇرۇق گەپلەرنى** ساتىدۇ. دەرھەقىقەت، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ۋەكىللىرىنىڭ قارارىدا "ئىنقىلاۋىي كوممۇنا" دېگەن سوزنىڭ ئىشلىتىلىشى ئىنقىلاۋىي قۇرۇق گەپ سېتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ماركس **ئاللىقاچان ۋاقتى ئوتۇپ كەتكەن** بۇنداق "تەسىرلىك" ئاتالغۇ ئارقىلىق كەلگۈسىدىكى ۋەزىپىلەرنى يوشۇرۇپ قالىدىغان قۇرۇق گەپلەرنى كوپ ئەيىپلىگەن ئىدى. تارىختا رول ئوينىغان تەسىرلىك ئاتالغۇ مۇنداق ئەھۋالدا قۇرۇق، زىيانلىق، پۇچەك نەرسىگە، زىبۇ-زىننەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. بىز **نىمە ئۇچۇن** ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەت قۇرماقچىمىز؟ باشلىنىپ كەتكەن خەلق قوزغىلىڭى كەلگۈسىدە غەلىبە قىلغان ھەمدە بىز ھاكىمىيەتكە ھەل قىلغۇچ تەسىر كورسەتكەن چاغدا، بىز **زادى قانداق ئىسلاھاتلارنى** ئىشقا ئاشۇرماقچىمىز؟ — مانا مۇشۇ مەسىلىلەرنى بىز ئىشچىلارغا ۋە بارلىق خەلققە قىلچە مۇجمەللەشتۇرمەستىن، ئېنىق چۈشەندۇرۇپ بېرىشىمىز كېرەك. سىياسى رەھبەرلەرنىڭ ئالدىدا تۇرغان مەسىلىلەر ئەنە شۇ.

روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ 3-قۇرۇلتىيى بۇ مەسىلىلەرگە ناھايىتى ئېنىق جاۋاپ بەردى، بۇ ئىسلاھاتلار توغرىسىدا مۇكەممەل پۇروگىراما يەنى پارتىيىمىزنىڭ توۋەن پۇروگىراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. "كوممۇنا" دېگەن سوز بولسا بۇ مەسىلىلەرگە ھېچقانداق جاۋاپ بەرمەيدۇ، پەقەت يىراقتىكى سادالار بىلەن ......ياكى قۇرۇق گەپلەر بىلەنلا كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى ئېلىشتۇرىدۇ، خالاس. بىز، مەسىلەن، 1871-يىلدىكى پارىژ كوممۇنىسىنى قانچە قەدىرلىسەك، ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى ۋە ئالاھىدە شارائىتىنى تەھلىل قىلماي تۇرۇپ، ئۇنى پەش قىلىش ئارقىلىق ئىشنى سىلاپ-

سىپاپ ئۆتكۈزۈۋېتىشكە يول قويمايمىز. ئۇنداق قىلىش كوممۇنىنىڭ ھەر بىر ھەركىتىگە چوقۇنۇپ ئېنگېلسنىڭ مەسخىرىسىگە قالغان بلانكىچىلارنىڭ خاتالىقلىرىنى (ئۆزلىرىنىڭ 1874 ـ يىلدىكى "خىتاپنا-مە"سىدە) تەكرارلىغانلىق بولىدۇ[241] . ئەگەر بىرەر ئىشچى ۋەكىللەر يىغىنى تەرەپدارلىرىدىن قاراردا ئېيتىلغان بۇ "ئىنقىلاۋىي كوممۇنا" دىگەن نىمە؟ ــ دەپ سوراپ قالسا، ۋەكىللەر يىغىنى تەرەپدارلىرى قانداق جاۋاپ بېرىدۇ؟ ئۇلار، تارىختا ئۆتكەن بىر ئىشچىلار ھوكۇمىتى ئاشۇ نام بىلەن ئاتىلىپتىكەن، بۇ ھوكۇمەت دېموكراتىك ئىنقىلاپ ئامىللىرى بىلەن سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ئامىللىرىنى پەرق ئېتىشكە ماھىر بولالماپتىكەن ۋە شۇ چاغدا پەرق ئېتىشمۇ مۇمكىن ئەمەسكەن، ئۇ جۇمھۇرىيەت ئۇچۇن كۈرەش قىلىش ۋەزىپىسى بىلەن سوتسىيالىزىم ئۇچۇن كۈرەش قىلىش ۋەزىپىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپتىكەن، ۋېرسالغا قەتئى ھەربى ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى ھەل قىلالماپتىكەن، فرانسىيە بانكىسىنى تارتىۋالالماي خاتا قىپتىكەن ۋە باشقىلار دەپلا جاۋاپ قايتۇرىدۇ، خالاس. قىسقىسى، سىلەر بۇ مەسىلىلەرگە جاۋاپ قايتۇر-غىنىڭلاردا، مەيلى پارىژ كوممۇنىسىنى شېپى كەلتۈرۈڭلار ياكى باشقا ئاللىقانداق كوممۇنىنى شېپى كەلتۈرۈڭلار، سىلەر جەزمەن: **بىزنىڭ ھوكۇمىتىمىز تەقلىت قىلىدىغان ھوكۇمەت** ئۇنداق ھوكۇمەت **بولماس-لىقى كېرەك** دەپ جاۋاپ بېرىسىلەر. سوزسىزكى، بۇ ناھايىتى ياخشى جاۋاپ! بىراق، قاراردا پارتىيىنىڭ ئەمەلىي پروگراممىسىدىن قىلچە ئېغىز ئاچماي، ئورۇنسىز ھالدا تارىختىن دەرس بېرىش قارىلارچە ۋەز ـ نەسىھەتكويلۇقىنى ۋە ئىنقىلاپچىنىڭ دەرمانسىز-لىقىنى كورسەتمەمدۇ؟ بۇ سىلەر بارلىق كۈچۈڭلار بىلەن بىزگە ئارتماقچى بولۇپ ئارتالمىغان خاتالىقنى يەنى ھېچبىر "كوممۇنا" ئايرىيالمىغان دېموكراتىك ئىنقىلاپ بىلەن سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنى بىر بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىش خاتالىقىنى كورسەتمەمدۇ؟

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت (يەنى كوممۇنا دەپ نامۇۋاپىق ئاتالغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت)نىڭ مەقسىدى "مەخسۇس" لا قوزغىلاڭنى كېڭەيتىش ۋە ھۆكۈمەتنى پارچىلاش دەپ جاكالانغان. "مەخسۇس" دېگەن سۆز، ئەسلى مەنىسىدىن ئېيتقاندا، "تۆۋەندىنلا"ھەرىكەت قىلىشنى قۇۋۋەتلەيدىغان بىمەنە نەزەرىيىنىڭ تىرىلىشى بولۇپ، باشقا ھەممە ۋەزىپىلەرنى چەتكە قاقىدۇ. باشقا ۋەزىپىلەرنى مۇشۇ تەرىقىدە چەتكە قېقىش — كالتا پەملىك ۋە شاللاقلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. "ئىنقىلاۋىي كوممۇنا"يەنى ھەتتا بىر شەھەر بىلەنلا چەكلىنىدىغان ئىنقىلاۋىي ھاكىمىيەتمۇ، مۇقەررەر ھالدا **بارلىق** دۆلەت ئىشلىرىنى (مەيلى ۋاقىتلىق، "جۇزئى، ۋاقىتىنچە" بولسىمۇ) ئورۇنلىشى لازىم بولىدۇ؛ كۆزنى يۇمۇۋېلىپ بۇنى كۆرمەسكە سېلىشنىڭ ئۆزى ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىق. بۇ ھاكىمىيەت جەزمەن قانۇنىي يوسۇندا 8 سائەتلىك ئىش تۈزۈمىنى بەلگىلىشى، ئىشچىلارنىڭ زاۋۇتقا نازارەتچىلىك قىلىش تۈزۈمىنى تىكلىشى، پۇلسىز ئومۇمىي مائارىپنى يولغا قويۇشى، سوراقچىلارنى سايلاش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشى، دېھقانلار كومىتېتلىرىنى قۇرۇشى لازىم ۋاھاكازالار، — قىسقىسى، جەزمەن بىرتالاي ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىشى لازىم. بۇ ئىسلاھاتلارنى "قوزغىلاڭنىڭ كېڭەيتىشكە تۈرتكە بولۇش" دېگەن ئۇقۇمغا يىغىنچاقلاش سۆز ئويۇنى قىلغانلىق، پۈتۈنلەي ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈر بولغان جايلارنى ئەتەي تېخىمۇ مۇجمەللەشتۈرۈۋەتكەنلىك بولىدۇ.

يېڭى ئۇچقۇنچىلار قارارىنىڭ ئاخىرقى قىسمى پارتىيىمىز ئىچىدە تىرىلگەن "ئىقتىساتۋازلىق"نىڭ پرىنسىپال يۈزلىنىشىنى تەنقىت قىلىش ئۈچۈن بىزنى بىرەر يېڭى ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن يۇقۇرىدا ئېيتىلغان گەپلەرنى سەل باشقىراق جەھەتتىن ئىسپاتلايدۇ.

قارارنىڭ بۇ قىسمى توۋەندىكىچە:

"بىرلا شارائىتتا، يەنى ئىنقىلاپ سوتسىيالىزىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ شەرتلىرى خېلىلا (؟) پىشىپ يېتىلگەن غەربى ياۋروپادىكى ئالغا كەتكەن مەملىكەتلەرگىچە يېيىلغان چاغدىلا، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ئاندىن ھاكىمىيەتنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىگىلەش تارتىۋېلىشى ھەمدە ئۇنى مۇمكىن قەدەر ئۇزاقراق تۇتۇپ تۇرۇشى كېرەك. بۇنداق ئەھۋالدا، روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ تارىختا چەكلىك بولۇپ كەلگەن دائىرىسى زور دەرىجىدە كېڭىيەلەيدۇ، ئۇ چاغدا سوتسىيالىستىك ئىسلاھات يولىغا مېڭىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ.

سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ئىنقىلاپ داۋامىدا ئالمىشىپ تۇرىدىغان ھەممە ھوكۇمەتلەرگە قارشى پۈتكۈل ئىنقىلاپ دەۋرىدە ئۇزۇل-كېسىل ئىنقىلاۋىي ئوكتىچى بولۇشىنى ئۆز تاكتىكىسىنىڭ ئاساسى قىلىۋالسا، ئۇ ھالدا ھوكۇمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن تازا ئوبدان تەييارلىنىشقا قادىر بولالايدۇ، مۇبادا ھوكۇمەت ھوقۇقى ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ (؟؟) قالغۇدەك بولسا."

بۇ يەردىكى ئاساسىي پىكىر «ئالغا» گېزىتىدە كۆپ بايان قىلىنغان پىكىرنىڭ ئۆزى. «ئالغا» گېزىتى: بىز سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاپتا پۈتۈنلەي غەلىبە قىلىشىدىن يەنى پۇرولېتارىيات بىلەن دېھقانلارنىڭ ئىنقىلاۋىي دېموكراتىك دىكتاتۇرىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىدىن (مارتىنوۋدەك) قورقۇپ يۈرمەسلىكىمىز لازىم، چۈنكى، بۇنداق غەلىبە بىزنى ياۋروپانى ھەركەتكە كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ، ياۋروپانىڭ سوتسىيالىستىك پۇرولېتارىياتى بۇرژۇئازىيىنىڭ كىشەنىدىن قۇتۇلسا، ئۆز نۆۋىتىدە بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ، دېگەن ئىدى. بىراق، يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ بايان قىلىشى

ئارقىسىدا بۇ پىكىرنىڭ قانداق ئاياق ئاستى قىلىۋېتىلگەنلىكىگە نەزەر سېلىڭلار. بىز بۇ يەردە ئۇششاق مەسىلىلەر ئۈستىدە، مەسىلەن، ھاكىمىيەت ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشنى زىيانلىق تاكتىكا دەپ قارايدىغان ئاڭلىق پارتىيىنىڭ قولىغا "چۈشۈپ قېلىشى" مۇمكىن دېگەن بىمەنە پەرەز ئۈستىدە توختالمايمىز، ياۋروپادا سوتسىيالىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش شەرتلىرىنىڭ خېلى دەرىجىدە ئەمەس، بەلكى تۈپتىن پىشىپ يېتىلگەنلىكى ئۈستىدىمۇ توختالمايمىز؛ پارتىيىمىزنىڭ پۇروگىراممىسى سوتسىيالىستىك ئىسلاھات دېگەن نەرسىنى زادىلا بىلمەيدىغانلىغى، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنىلا بىلىدىغانلىغى ئۈستىدىمۇ توختالمايمىز. بىز ھازىر «ئالغا» گېزىتىنىڭ پىكىرلىرى بىلەن ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قارارىدىكى پىكىرلەر ئارىسىدىكى ئاساسلىق ۋە تۈپ پەرقلەرنىلا ئېغىزغا ئېلىپ ئۆتىمىز. «ئالغا» گېزىتى روسىيىنىڭ ئىنقىلاۋىي پۇرولېتارىياتىغا: دېموكراتىيە يولىدىكى كۈرەشتە غەلىبە قازىنىش ھەمدە بۇ غەلىبىدىن پايدىلىنىپ ئىنقىلاپنى ياۋروپاغا تارقىتىش دېگەن ئاكتىپ ۋەزىپىنى كۆرسىتىپ بەردى. قارار بىزنىڭ "ئۈزۈل - كېسىل غەلىبە" مىز (يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ چۈشەنچىسىدىكى "ئۈزۈل - كېسىل غەلىبە" ئەمەس) بىلەن ياۋروپا ئىنقىلاۋى ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق باغلىنىشنى بىلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، پۇرولېتارىياتنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئېغىزغا ئالمايدۇ، پۇرولېتارىياتنىڭ غەلىبىسىنىڭ ئىستىقبالىنى ئېغىزغا ئالمايدۇ، پەقەت ئومۇمى ئىمكانىيەت ئىچىدىكى بىر خىل ئىمكانىيەت ئۈستىدىلا يەنى "ئىنقىلاپ......يېيىلغان چاغ" ئۈستىدىلا توختىلىدۇ. «ئالغا» گېزىتى سوتسىيالىزمنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ دېموكراتىك ئاساسلىرى سۈپىتىدە جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ نۆۋەتتىكى باسقۇچىدا نىمىنى دەرھال ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولىدىغانلىغىنى، نىمىنى ھەممىدىن ئاۋال ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەكلىگىنى مولچەرلەپ، پۇرولېتارىياتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن "ھوكۇمەت ھوقۇقىدىن" قايسى تەرە-

قىدە "پايدىلىنىش" مۇمكىنلىگى ۋە كېرەكلىگىنى بىۋاستە ۋە ئېنىق كورسىتىپ بەردى (بەلكى بۇ سوزلەر روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى 3 - قۇرۇلتىيىنىڭ قارارىغا كىرگۈزۈلدى. قارار "پايدىلىنىش ئۇچۇن تەييارلىنىشقا قادىر بولالايدۇ" دەيدۇ - يۇ، بىراق، **قانداق** قادىر بولالايدىغانلىغىنى، **قانداق** تەييارلىنىدىغانلىغىنى، **قانداق** پايدىلىنىدىغانلىغىنى دەپ بېرەلمەي، بۇ يەردىمۇ ۋەقەدىن كېيىن قېلىپ ئۈمىتسىز ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن، بىز يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى رەھبەرلىك ئورنىدىن "پايدىلىنىش ئۇچۇن تەييارلىنىشقا قادىر" ئىكەنلىگىگە شۈبھىلەنمەيمىز، لېكىن گەپ شۇنىڭدىكى، ئۇلارنىڭ بۇنداق پايدىلىنىش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرى ۋە تەييارلىقلىرىدا، بۇ كەمگىچە مۇمكىنچىلىكىنى رىياللىققا ئايلاندۇرۇشتىن تېخى ئۈمىت يوق......

«ئالغا» گېزىتى "ھاكىمىيەتنى تۇتۇپ تۇرۇش"نىڭ ئەمەلىي "ئىمكانىيىتى" پۇرولېتارىيات بىلەن دېخانلارنىڭ ئىنقىلاۋىي دېموكراتىك دىكتاتۇرىسىدا، پۇرولېتارىيات بىلەن دېخانلار ئاممىسىنىڭ بارلىق ئەكسىلئىنقىلاۋىي كۈچلەرنى بېسىپ چۈشىدىغان بىرلەشمە كۈچىدە، بۇ ئىككى سىنىپنىڭ **دېموكراتىك** ئىسلاھات جەھەتتىكى مەنپەئەتىنىڭ مۇقەررەر بىردەك بولۇشىدا ئىكەنلىگىنى ئېنىق بايان قىلىپ بەردى. ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قارارى بۇ يەردىمۇ مەسىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ھېچقانداق نەرسىنى ئېنىق كورسىتىپ بېرەلمەيدۇ. روسىيەدە ھاكىمىيەتنى تۇتۇپ تۇرۇش ئىمكانىيىتى، سوزسىزكى، روسىيىنىڭ ئۆزىدىكى ئىجتىمائى كۈچلەرنىڭ تەركىۋىگە، مەملىكىتىمىزدە بولۇۋاتقان دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ شارائىتلىرىغا باغلىق بولۇشى كېرەك. ياۋروپا پۇرولېتارىياتىنىڭ غەلىبىسى (ئىنقىلاپنىڭ ياۋروپاغا تارقىلىشى بىلەن پۇرولېتارىياتنىڭ غەلىبە قازىنىشى ئارىسىدا تېخى خېلىلا ئارىلىق بار) سوزسىزكى، روسىيەدىكى بۇرژۇئا ئەكسىلئىنقىلاۋىي

كۈچلىرىنىڭ ئولە-تىرىلىشىگە باقماي قارشىلىق قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، — يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ قارارىدا بۇ ئەكسىلئىنقىلاۋىي كۈچ توغرىسىدا لام-جىم دېيىلمىگەن، روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى 3-قۇرۇلتىيىنىڭ قارارىدا بولسا بۇ ئەكسىلئىنقىلاۋىي كۈچلەرنىڭ قايسى دەرىجىدە بولىدىغانلىقى مولچەرلەنگەن. ئەگەر بىز جۇمھۇرىيەت بىلەن دېموكراتىيە يولىدىكى كۈرەشتە پۇرولېتارىياتتىن باشقا دېھقانلارغىمۇ تايانمايدىغان بولساق، ئۇ ھالدا، "ھاكىمىيەتنى تۇتۇپ تۇرۇش" ئىشىدىن ھېچقانداق ئۈمىت بولمايدۇ. ئەگەر بۇ ئىشتىن ئۈمىت بار ئىكەن، ئەگەر "ئىنقىلابنىڭ چارىزىم ئۈستىدىن ئۈزۈل-كېسىل غەلىبە قىلىشى" مۇشۇنداق ئىمكانىيەتنى يارىتىدىكەن، ئۇنداقتا بىز ئىنقىلابنىڭ ياۋروپاغا تارقالغاندىن كېيىنكى ۋەزىيەتكە **ماسلىشىشنىلا** ئەمەس، بەلكى ئىنقىلابنى ياۋروپاغا تارقىتىش **مەقسىدىدە** مۇشۇنداق ئىمكانىيەتنى كۆرسىتىپ بېرىشىمىز، بۇنداق ئىمكانىيەتنى رېياللىققا ئايلاندۇرۇشنى پائال تۈردە چاقىرىق قىلىشىمىز، ئەمەلىي شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز كېرەك. سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىدىكى قۇيرۇقچىلارنىڭ "روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ تارىختىكى چەكلىك دائىرىسى" دېگەننى كوتىرىپ چىقىشى ئوزلىرىنىڭ مۇشۇ دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ۋەزىپىسىنى ۋە پۇرولېتارىياتنىڭ بۇ ئىنقىلابتىكى ئىلغارلىق رولىنى چۈشىنىشىنىڭ ئىنتايىن چەكلىك ئىكەنلىكىنى ياپماقچى بولۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس!

"پۇرولېتارىيات بىلەن دېھقانلارنىڭ ئىنقىلاۋىي دېموكراتىك دىكتاتۇرىسى" دېگەن شوئارغا قارشى تۇرىدىغان پىكىرلەرنىڭ بىرى، دىكتاتۇرا "ئىرادە بىرلىكى"نى تەلەپ قىلىدۇ («ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ 95-سانى)، ھالبۇكى، پۇرولېتارىياتنىڭ ئۇششاق بۇرژۇئازىيە بىلەن بىر ئىرادىدە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ قاراشتىن ئىبارەت. بۇ

قارشى پىكىرنىڭ قىلچە ئاساسى يوق، چۈنكى ئۇ"ئىرادە بىرلىكى" دىگەن ئۇقۇمنىڭ ئابستىراكت، "مىتافىزىكىچە" چۈشەندۈرۈلۈشىنى ئاساس قىلىدۇ. ئىرادىنىڭ مەلۇم بىر جەھەتتە بىرلىككە كىلىپ، باشقا بىر جەھەتتە بىرلىككە كەلمەي قىلىشى دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئىش. سوتسىيالىزىم مەسىلىسىدە ۋە سوتسىيالىزىم يولىدىكى كۈرەشتە ئىرادە بىرلىگىنىڭ بولماسلىغى ھىچقاچان دىموكىراتىزىم مەسىلىسىدە ۋە جۇمھۇرىيەت يولىدىكى كۈرەشتە ئىرادە بىرلىگىنىڭ بولۇشىنى ئىنكار قىلمايدۇ. بۇنى ئۇنتۇش دىموكىراتىك ئىنقىلاپ بىلەن سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنىڭ مەنتىقىي ۋە تارىخىي جەھەتتىكى پەرقلىرىنى ئۇنتۇش بولىدۇ. بۇنى ئۇنتۇش دىموكىراتىك ئىنقىلاپنىڭ **"ئومۇمى خەلققە** خاس" خاراكتىرىنى ئۇنتۇش بولىدۇ: "ئومۇمى خەلققە خاس" ئىكەن، "ئىرادە بىرلىگى"مۇ **بولىدۇ**، بۇنىڭ مۇنداق بولۇشى بۇ ئىنقىلاپ ئومۇمى خەلقنىڭ ئىھتىياجى ۋە تەلىۋىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. دىموكىراتىزىم دائىرىسىدىن ھالقىغان ھالدا پۈرولىتارىيات بىلەن دىخان بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىرادە بىرلىگىدىن سوز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا سىنىپىي كۈرەشنىڭ بولۇشى مۇقەررەر، لىكىن، دىموكىراتىك جۇمھۇرىيەت زىمىنىدا بۇ كۈرەش **سوتسىيالىزىم يولىدىكى** ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ كەڭ دائىرىلىك خەلق كۈرىشى بولىدۇ. دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەرگە ئوخشاش، پۈرولىتارىيات بىلەن دىخانلارنىڭ ئىنقىلاۋىي دىموكىراتىك دىكتاتۇرىسىنىڭمۇ ئوتمۇشى ۋە كىلەچىگى بار. ئۇنىڭ ئوتمۇشى مۇستەبىتلىك، يانچىلىق، پادىشالىق، ئىمتىيازلىق تۈزۈم. مۇشۇنداق ئوتمۇشكە قارشى كۈرەشتە، ئەكسىل-ئىنقىلاپقا قارشى كۈرەشتە پۈرولىتارىيات بىلەن دىخانلارنىڭ "ئىرادە بىرلىگى" بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى، بۇ يەردە مەنپەئەت بىرلىگى بار.

ئۇنىڭ كىلەچىگى — خۇسۇسى مۈلۈكچىلىككە قارشى كۈرەش، ياللانما ئىشچىنىڭ خوجايىنغا قارشى كۈرىشى، سوتسىيالىزىم يولىدىكى

كۆرەش. بۇ يەردە ئىرادە بىرلىكىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس①. ئۇ چاغدا، بىزنىڭ ئالدىمىزدا مۇستەبىتلىكتىن جۇمھۇرىيەت تۈزۈمگە بارىدىغان يول ئەمەس، بەلكى ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىدىن سوتسىيالىزمغا بارىدىغان يول تۇرغان بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، كونكرېت تارىخىي مۇھىتتا ئۆتمۈش بىلەن كېلەچەكنىڭ ئامىللىرى بىر بىرىگە چىرمىشىپ كېتىدۇ، ئالدىنقى يول بىلەن كېيىنكى يول بىر بىرىگە گىرەلىشىپ كېتىدۇ. يالانما ئەمگەك ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىككە قارشى كۆرىشى مۇستەبىتلىك شارائىتىدىمۇ بار ئىدى، ھەتتا يانچىلىق دەۋرىدىلا بىخ ئۇرۇپ چىققان ئىدى، لېكىن بۇ ھال بىزنىڭ تەرەققىيات جەريانىنىڭ بىرنەچچە چوڭ باسقۇچلىرىنى مەنتىقىي ۋە تارىخىي جەھەتتىن ئايرىشىمىزغا قىلچە كاشىلا قىلمايدۇ. بىز ھەممىمىز بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى بىلەن سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ بىر بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ دەيمىز، ھەممىمىز بۇ ئىككى خىل ئىنقىلاپنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈشنى شەرتسىز ھالدا قەتئىي تەشەببۇس قىلىمىز، لېكىن، بۇ ئىككى خىل ئىنقىلاپنىڭ ئايرىم، جۇزئىي ئامىللىرىنىڭ تارىختا بىر بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشقا بولامدۇ؟ ياۋروپادىكى دېموكراتىك ئىنقىلاپ دەۋرىدە نۇرغۇن سوتسىيالىستىك ھەركەتلەر ۋە سوتسىيالىزمغا بولغان ئىنتىلىشلەر بولمىغانمىدى؟ ياۋروپادا كەلگۈسىدىكى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنىڭ ئاخىر ئورۇنلىشىغا تېگىشلىك بولغان دېموكراتىك خاراكتېردىكى نۇرغۇن ئىشلار قالغان ئەمەسمۇ؟

---

① كاپىتالىزمنىڭ ئەركىن شارائىتتا تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ چاپسان راۋاجلىنىشى ئىرادە بىرلىكىنى مۇقەررەر يوسۇندا تېزدىن يوقىتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەكسىلئىنقىلاۋىي كۈچلەر بىلەن ئەكسىيەتچىل كۈچلەر قانچە تېز بىتچىت قىلىنسا، بۇنداق بىرلىكمۇ شۇنچە تېز يوقىلىدۇ.

پۈرولېتارىياتنىڭ دېموكىراتىك جۇمھۇرىيەتنى ھەممىدىن بەك تەشەببۇس قىلىدىغان بۇرژۇئازىيە ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيىگە قارشى سوتسىيالىزىم يولىدا سىنىپىي كۈرەش ئېلىپ بارماي قالمايدىغانلىقىنى سوتسىيال دېموكىراتلار مەڭگۇ ئۇنتۇماسلىقى ھەمدە بىر مىنۇتمۇ ئۇنتۇماسلىقى لازىم. بۇ شەك-شۈبھىسىز. ئەنە شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن، سوتسىيال دېموكىراتلار پارتىيىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، سىنىپىلىقى ئىنتايىن قاتتىق بولغان بىر مۇستەقىل پارتىيە بولۇشى مۇتلەق زورۇر. ئەنە شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن، بىزنىڭ بۇرژۇئازىيە بىلەن "بىرلىكتە جەڭ قىلىش" ھەركىتىمىز ۋاقىتلىق خاراكتىر ئالغان، شۇڭا بىز "ئىتتىپاقچىمىزنى خۇددى دۇشمەننى نازارەت قىلغاندەك" قاتتىق نازارەت قىلىشىمىز كېرەك ۋاھاكازالار. بۇلاردىن قىلچىمۇ شۈبھىلىنىشكە بولمايدۇ. ئەمما بۇنىڭدىن، ۋاقىتنىچە ۋە ۋاقىتلىق بولۇشىغا قارىماي ھازىر جىددى زورۇر بولغان ۋەزىپىلەرنى ئۇنتۇپ قالسىمۇ، ئېتىۋارغا ئالمىسىمۇ، ياكى مەنسىتمىسىمۇ بولىدۇ دېگەن خۇلاسە چىقىرىلسا، بۇ ناھايىتى كۈلكىلىك ھەتتا ئەكسىيەتچىلىك بولىدۇ. مۇستەبىتلىككە قارشى كۈرەش قىلىش سوتسىيالىزىمچىلارنىڭ ۋاقىتلىق ۋە ۋاقىتنىچە ۋەزىپىسى، بىراق بۇ ۋەزىپىنى ئېتىۋارغا ئالماسلىق ياكى مەنسىتمەسلىكنىڭ ھەممىسى سوتسىيالىزىمدىن يۈز ئۆرۈش ۋە ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنىڭ كەتمىنىنى چېپىش بىلەن باراۋەر بولىدۇ. پۈرولېتارىيات بىلەن دېھقانلارنىڭ ئىنقىلاۋىي دېموكىراتىك دىكتاتۇرىسى سوتسىيالىزىمچىلارنىڭ ۋاقىتنىچە، ۋاقىتلىق ۋەزىپىسىدىنلا ئىبارەت، ئەلۋەتتە، ئەمما دېموكىراتىك ئىنقىلاپ دەۋرىدە بۇ ۋەزىپىنى ئېتىۋارغا ئالماسلىق راسا ئەكسىيەتچىلىكتۇر.

كونكىرېت شارائىتتا كونكىرېت سىياسى ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. ھەممە نەرسە نىسبى بولىدۇ، ھەممە نەرسە ھەركەتلىنىپ تۇرىدۇ، ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. گېرمانىيە سوتسىيال دېمو-

كىراتلار پارتىيىسى ئۆز پۇروگىراممىسىدا جۇمھۇرىيەت تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويغىنى يوق. ئۇ يەرنىڭ شارائىتىدا جۇمھۇرىيەت مەسىلە-سىنى ئەمەلىيەتتە سوتسىيالىزىم مەسىلىسىدىن ئاجرىتىش ناھايىتى تەس ئىدى (گەرچە گېرمانىيە مەسىلىسىدە ئېنگېلس 1891 ـ يىلدىكى ئېرفۇرت پۇروگىراممىسى لايىھىسىگە باھا بەرگىنىدە جۇمھۇرىيەتكە ۋە جۇمھۇرىيەت يولىدىكى كۈرەشنىڭ ئەھمىيىتىگە سەل قارىماسلىق توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن بولسىمۇ![242]). روسىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ئىچىدە جۇمھۇرىيەت تەلىۋىنى پۇروگىرام-مىدىن ۋە تەشۋىقاتتىن چىقىرىۋېتىش كېرەك دىگەن مەسىلە زادىلا يۈز بەرگىنى يوق، چۈنكى بىزدە جۇمھۇرىيەت مەسىلىسى بىلەن سوت-سىيالىزىم مەسىلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇ ئاجرالماس باغلىنىشنىڭ بارلىغى توغرىسىدا سوز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. 1898 ـ يىلى گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلىرىنىڭ جۇمھۇرىيەت مەسىلىسىنى ئالاھىدە قىلىپ بىرىنچى قاتارغا قويمىغانلىغى ناھايىتى تەبىي ئىدى، بۇ ھېچكىمنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرمىغان، تاپا ـ تەنىمۇ پەيدا قىلمىغان ئىدى. ئەگەر گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلىرى 1848 ـ يىلى جۇمھۇرىيەت مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويمىغان بولسا ئىدى، بۇ، ئىنقى-لاپقا بىۋاستە ئاسىلىق قىلغانلىق بولاتتى. ئابىستىراكىت ھەقىقەت يوق. ھەقىقەت ھەمىشە كونكىرىت بولىدۇ.

روسىيىدىكى مۇستەبىتلىككە قارشى كۈرەش ئاياقلىشىدىكەن، روسىيىدە دېموكراتىك ئىنقىلاپ دەۋرى ئوتمۇش بولۇپ قالىدىكەن، ئۇ چاغدا قانداقتۇ پۇرولېتارىيات بىلەن دىخانلارنىڭ ”ئىرادە بىر-لىگى“ توغرىسىدا، قانداقتۇ دېموكراتىك دىكتاتورا ۋە باشقىلار توغرىسىدا يەنە سوزلەپ ئولتۇرۇش كۈلكىلىك ئىش بولۇپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا بىز توغرىدىن ـ توغرا پۇرولېتارىياتنىڭ سوتسىيالىستىك دىكتاتورىسى ھەققىدە ئويلايمىز ھەمدە بۇ دىكتاتورا توغرىسىدا

تەپسىلى سۆزلەيمىز. هازىر بولسا، ئىلغار سىنىپنىڭ پارتىيىسى دېمو-
كراتىك ئىنقىلاپنىڭ چارىزىم ئۈستىدىن ئۈزۈل-كېسىل غەلىبە
قىلىشى ئۈچۈن بارلىق كۈچى بىلەن هەركەت قىلماي تۇرالمايدۇ.
ئۈزۈل-كېسىل غەلىبە بولسا پرولېتارىيات بىلەن دېخانلارنىڭ
ئىنقىلاۋىي دېموكراتىك دىكتاتۇرىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئەسكەرتىش[243]

1) كىتاپخانىلارغا ئەسلىتىپ ئۆتىمىزكى، «ئۈچقۇن» گېزىتى «ئالغا» گېزىتى بىلەن قىلغان بەس-مۇنازىرىسىدە ئېنگېلسنىڭ تۇراتىگە يازغان خېتىنى شىپى كەلتۈرگەن. ئېنگېلس بۇ خېتىدە دېموكراتىك ئىنقىلاپ بىلەن سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك توغرىسىدا ئىتالىيىنىڭ بۇ (كېيىنكى) ئىسلاهاتچى يولباشچىسىنى ئاگاهلاندۇرغان ئىدى. ئىتالىيىدە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ئىنقىلاپ، — دەپ يازغان ئىدى ئېنگېلس ئىتالىيىنىڭ 1894-يىلدىكى سىياسى ۋەزىيىتى ئۈستىدە توختالغىنىدا، — سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ئەمەس، بەلكى ئۇششاق بۇرژۇئاچە دېموكراتىك ئىنقىلاپ بولىدۇ.[244] «ئۈچ-قۇن» گېزىتى «ئالغا» گېزىتىگە ئېنگېلس بەلگىلەپ بەرگەن پىرىن-سىپتىن چەتلىدى، دەپ تاپا-تەنە قىلىدۇ. بۇنداق تاپا-تەنە پۈتۈنلەي ئورۇنسىز، چۈنكى «ئالغا» گېزىتى (14-سان)① ماركسنىڭ 19-ئەسىر ئىنقىلاۋىدىكى 3 خىل ئاساسىي كۈچىنى قاتتىق پەرق ئېتىش توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنىڭ توغرىلىغىنى، ئومۇمەن ئېيت-قاندا، پۈتۈنلەي ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇ نەزەرىيە بويىچە، كونا تۈزۈمگە يەنى مۇستەبىتلىككە، فېوداللىققا، يانچىلىققا قارشى تۇرىدىغانلار (1) لىبېرال چوڭ بۇرژۇئازىيە، (2) رادىكال ئۇششاق بۇرژۇئازىيە، (3)

① «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 8-توم، 247 — 262-بەتلەرگە قارالسۇن. — تەھرىردىن

پرولېتارىيات. بىرىنچىسى پەقەت ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشالىق تۈزۈم ئۈچۈنلا كۈرەش قىلىدۇ، ئىككىنچىسى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ، ئۈچىنچىسى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ تولۇق دېموكراتىك ئىنقىلاب ئۈچۈن ئېلىپ بارىدىغان كۈرىشىنى پرولېتارىياتنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ئۈچۈن ئېلىپ بارىدىغان كۈرىشى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىش سوتسىيالىزمچىلارنى سىياسىي ھالاكەت خەۋپىگە دۇچار قىلىدۇ. ماركسنىڭ بۇ ئاگاھلاندۇرۇشى پۈتۈنلەي توغرا. لېكىن، دەل مۇشۇ سەۋەپتىن "ئىنقىلاۋىي كوممۇنا" شوئارى خاتا، چۈنكى تارىختا ئۆتكەن كوممۇنىلار دەل دېموكراتىك ئىنقىلاب بىلەن سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن. بۇنىڭ ئەكسىچە، بىزنىڭ شوئارىمىز يەنى پرولېتارىيات بىلەن دېھقانلارنىڭ ئىنقىلاۋىي دېموكراتىك دىكتاتۇرىسى دېگەن شوئار بۇ خاتالىقنى سادىر قىلماسلىققا پۈتۈنلەي كاپالەتلىك قىلالايدۇ. بىزنىڭ شوئارىمىز ئىنقىلاپنىڭ بۇرژۇئا خاراكتېرىنى شەرتسىز ئېتىراپ قىلىدۇ، ئۇنى ھەرگىزمۇ دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ دائىرىسىدىن بىۋاستە نېرىغا ئۆتەلمەيدۇ، دەپ ھېساپلايدۇ، لېكىن، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ يەنە نۆۋەتتىكى بۇ ئىنقىلاپنى ئالغا سۈرىدۇ، بۇ ئىنقىلاپنى پرولېتارىياتقا ئەڭ پايدىلىق شەكىلگە ئىگە قىلىشقا تىرىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن دېموكراتىك ئىنقىلاپتىن كۆچىنىڭ بېرىچە زور دەرىجىدە پايدىلىنىپ، پرولېتارىياتنىڭ سوتسىيالىزم يولىدىكى كەلگۈسى كۈرىشىنىڭ تازا ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىدۇ.

11

روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى 3-قۇرۇلتىيىنىڭ بەزى قارارلىرى بىلەن "ۋەكىللەر يىغىنى" نىڭ بەزى قارارلىرىنىڭ قىسقىچە سېلىشتۇرۇلۇشى

ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەت مەسىلىسى ھازىرقى كۇندە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ تاكتىكا مەسىلىسىنىڭ مەركىزى ھىساپلىنىدۇ. ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ باشقا قارارلىرىنى تولىمۇ مۇپەسسەل تەھلىل قىلىشقا ئىمكانىيەتىمۇ يوق، زورۇرىيەتىمۇ يوق. بىز يۇقۇرىدا تەھلىل قىلىپ ئۇتكەن روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى 3-قۇرۇلتىيىنىڭ قارارىنىڭ تاكتىكىلىق يونۇلۇشى بىلەن ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قارارىنىڭ تاكتىكىلىق يونۇلۇشى ئۇتتۇرىسىدىكى پىرىنسىپلىق پەرقنى دەلىللەپ بېرىش ئۇچۇن، پەقەت بىرنەچچە نۇقتىنى قىسقىچە كورسىتىپ ئۇتىمىز.

ئىنقىلاپ ھارپىسىدا ھوكۇمەتنىڭ تاكتىكىسىغا تۇتىدىغان پوزىتسىيە مەسىلىسىنى ئالايلۇق. سىلەر روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى 3-قۇرۇلتىيىنىڭ قارارىدىن بۇ مەسىلىگە يەنە بىر رەت مۇكەممەل جاۋاپ تاپالايسىلەر. بۇ قارار پەۋقۇلئاددە پەيتتىكى بارلىق مۇرەككەپ شارائىت ۋە ۋەزىپىلەرنى: ھوكۇمەتنىڭ يول قويۇش ئۇستىدىكى ساختىلىقىنى ئېچىپ تاشلاش كېرەكلىكىنى، تۇرلۇك "كۇلكىلىك خەلق ۋاكالەت ئورگانلىرى" دىن پايدىلىنىش لازىملىقىنى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ جىددى تەلەپلىرى (8 سائەتلىك

ئىش تۈزۈمىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان تەلەپلەر)نى ئىنقىلاۋىي يول بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەكلىكىنى، ئەڭ ئاخىردا، دەيۈز-لەرگە قايتۇرما زەربە بېرىش كېرەكلىكىنى ھىساپقا ئالغان. ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قارارىدا مەسىلە بىرىنچە جايغا بولۇپ بايان قىلىنغان: "زۇلمەتلىك ئەكسىيەتچىل كۈچلەرگە قايتۇرما زەربە بېرىش" مەسىلە-سى باشقا پارتىيىلەرگە قانداق مۇئامىلىدە بولۇش مەسىلىسى توغرى-سىدىكى قارارنىڭ ئاساسلىرى قاتارىدىلا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن. ۋاكالەت ئورگانلىرىنىڭ سايلىمىغا قاتنىشىش مەسىلىسى چارىزىمىنىڭ بۇرژۇئازىيە بىلەن "مۇرەسسەلىشىشى" مەسىلىسىدىن ئايرىپ تۇرۇپ تەكشۈرۈلگەن. 8 سائەتلىك ئىش تۈزۈمىنى ئىنقىلاۋىي يول بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش چاقىرىق قىلىنماي، پەقەت "ئىقتىسادىي كۈرەش توغرىسىدا" دېگەن ياغراق ماۋزۇ قويۇلغان ئايرىم قارار ئارقىلىق ("ئىشچىلار مەسىلىسىنىڭ روسىيىنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشىدا تۇتقان مەركەزلىك ئورنى" توغرىسىدا ياغراق ئەمما تازا دوتلەرچە بىر تاغار سوزلەرنى قىلغاندىن كېيىن) كونا تەرغىبات شوئارى يەنى "8 سائەتلىك ئىش تۈزۈمىنى قانۇندا بەلگىلەش" دېگەن نەرسىلا تەكرارلانغان. بۇ شوئارنىڭ ھازىر كۇپايە قىلمايدىغانلىغى ۋە قالاق شوئار بولۇپ قالغانلىغىنى بىر قاراپلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ، ئۇنى ئىس-پاتلاشنىڭ ھاجىتى يوق.

ئوچۇق-ئاشكارا سياسى پائالىيەت توغرىسىدىكى مەسىلە. 3-قۇرۇلتاي پائالىيىتىمىزنىڭ **تۈپتىن** ئۆزگىرىدىغانلىغىنى ھىساپقا ئال-غان. مەخپى پائالىيەتلەردىن ۋە مەخپى ئورگانلارنى تەرەققى قىلدۇ-رۇش ئىشىدىن ۋازكېچىشكە زادى بولمايدۇ، بۇ ئىشلاردىن ۋاز-كېچىش ساقچىلارنىڭ كەتمىنىنى چاپقانلىق بولىدۇ ۋە بۇ ھوكۇمەتكە ئىنتايىن پايدىلىق بولىدۇ. لېكىن ئەمدى ئوچۇق-ئاشكارا پائالىيەت ئېلىپ بېرىش مەسىلىسىنى ئويلىماي بولمايدۇ. بۇنداق پائالىيەت

ئۈچۈن دەرھال مۇۋاپىق شەكىل **تەييارلاپ قويۇش كېرەك،** شۇ مەقسەت ئۈچۈن ئالاھىدە ئورگانلارنى — مەخپىيەتلىك دەرىجىسى ئازراق بولغان ئورگانلارنىمۇ تەييارلاپ قويۇش كېرەك. قانۇنىي ۋە يېرىم قانۇنىي جەمىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى ئىمكان قەدەر روسىيىنىڭ كەلگۈسىدىكى ئوچۇق-ئاشكارا سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ تايانچ پونكىتلىرىغا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

ۋەكىللەر يىغىنى بۇ يەردىمۇ مەسىلىنى پارچە-پۇرات قىلىۋېتىپ، مۇكەممەل شوئاردىن بىرەرسىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويمايدۇ. بولۇپمۇ، تەشكىلات ھەيئىتىگە قانۇنىي يازغۇچىلارنى "ئورۇنلاشتۇرۇش" قا ئېتىۋار بېرىشنى تاپشۇرۇپ ناھايىتى كۈلكىلىك ئىش قىلىپ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. "ئىشچىلار ھەركىتىگە مەدەت بېرىشنى مەقسەت قىلغان دېموكراتىك گېزىتلەرنى ئۆزىمىزگە بويسۇندۇرىمىز" دەپ قارار قىلىدۇ. بۇ ئوتتۇپ كەتكەن بىمەنىلىك. ئېلىمىزدىكى لىبېراللارنىڭ ھەممە قانۇنىي گېزىتلىرى (يونۇلۇشىدىن ئېيتقاندا ھەممىسى دېگۈدەك "ئازاتچىلار" نىڭ گېزىتلىرى) مۇشۇنى مەقسەت قىلغان. نىمە ئۈچۈن «ئۇچقۇن» گېزىتى تەھرىر بولۇمى بۇ نەسىھەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۆزىدىن باشلاپ، بىزگە «ئازاتلىق» ژورنىلىنى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ تەسىرىگە بويسۇندۇرۇش ئۆلگىسىنى كورسەتمەيدۇ؟ **پارتىيىنىڭ** تايانچ پونكىتلىرىنى قۇرۇش ئۈچۈن ئۇلار بىزگە قانۇنىي جەمىيەتلەردىن پايدىلىنىش شوئارىنى ئەمەس، بەلكى بىرىنچىدىن، پەقەت "كەسپىي" ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى توغرىسىدىكى جۇزئى (پارتىيە ئەزالىرى بۇ ئۇيۇشمىلارغا قاتنىشىش كېرەك دېگەن) تەكلىپنى، ئىككىنچىدىن، "ئىشچىلارنىڭ ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتلىرى" = "مۇقىملاشمىغان تەشكىلاتلىرى" = "ئىنقىلاۋىي ئىشچىلار كۇلۇپلىرى" غا رەھبەرلىك قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپنى بېرىدۇ. "كۇلۇپلار" قانداق قىلىپ مۇقىملاشمىغان تەشكىلات بولۇپ

قالدى، بۇ ”كۈلۈپلار“ زادى قانداق نەرسە، بۇنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. بۇ پارتىيىنىڭ ئالى ئورگىنىنىڭ ئېنىق يولىيورۇغى ئەمەس، بەلكى يازغۇچىلارنىڭ پارچە-پۇرات تەسىراتلىرى ۋە خاتىرىلىرى تەرزىدىكى بىرنىمىلەر. پارتىيىنىڭ قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى پۈتۈنلەي يېڭى ئاساسقا كۆچۈرۈشى كېرەكلىكى مەسىلىسى توغرىسىدا ھېچبىر مۇكەممەل چۈشەندۈرۈش يوق.

”دېھقانلار مەسىلىسى“ پارتىيە قۇرۇلتىيى بىلەن ۋەكىللەر يىغىنىدا پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدىغان تەرزدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. قۇرۇلتاي ”دېھقانلار ھەركىتىگە تۇتىدىغان پوزىتسىيە“ دېگەن قارارنى چىقاردى. ۋەكىللەر يىغىنى ”دېھقانلار ئارىسىدىكى خىزمەت“ دېگەن قارارنى چىقاردى. ئالدىنقىسىدا، چارىزىمغا قارشى كۈرەشتىكى ئومۇمى خەلق مەنپەئەتى كوزدە تۇتۇلۇپ، كەڭ كولەمدىكى پۈتكۈل ئىنقىلاۋىي دېموكراتىك ھەركەتكە رەھبەرلىك قىلىش باش ۋەزىپە قىلىنغان، كېيىنكىسىدە، مەسىلە ئالاھىدە بىر قاتلام ئارىسىدا ”خىزمەت قىلىش“ قىلا تاقاپ قويۇلغان. ئالدىنقىسىدا، دەرھال ئىنقىلاۋىي دېھقانلار كومىتېتىنى تەشكىللەش ئارقىلىق بارلىق دېموكراتىك ئىسلاھاتلارنى يولغا قويۇش تەرغىبات خىزمىتىنىڭ مەركىزىي ئەمىلىي شوئارى قىلىنغان. كېيىنكىسىدە بولسا، ”كومىتېت قۇرۇش تەلىۋى“ نى ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭىشى قويۇش كېرەك دېيىلگەن. بىز نېمە ئۈچۈن چوقۇم بۇ ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭىشىنى كۈتۈپ تۇرىدىكەنمىز؟ ئۇ راستىنلا ئاساسىي قانۇن چىقىرىدىغان كېڭەش بولامدۇ؟ ئەگەر ئىنقىلاۋىي دېھقانلار كومىتېتى ئالدىنالا ۋە تەڭلا ۋاقىتتا قۇرۇلمىسا، ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭىشى مۇستەھكەملىنەلەمدۇ؟ — بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە ۋەكىللەر يىغىنى سەل قارىغان. ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ ھەممە قارارلىرىدا بىز تەكشۈرۈپ ئۆتكەن بىر ئومۇمى پىكىر، يەنى بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىدا پۈتكۈل دېموكراتىك

ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلىش ۋە بۇ ھەرىكەتنى مۇستەقىل ئېلىپ بېرىشقا ئىنتىلمەي ئۆزىمىزگە خاس خىزمەتنىلا ئىشلىشىمىز لازىم، دىگەن پىكىر ئەكس ئەتكەن. سوتسىيال دېموكراتلارنى ئىقتىسادىي كۆرەش بىلەنلا چەكلەپ، سىياسى كۆرەشنى لىبېراللارنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ بەرمەكچى بولۇپ كەلگەن ئىقتىساتۋازلارغا ئوخشاش، يېڭى ئۇچقۇنچىلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھەممە مۇھاكىمىلىرىدە بىزنى بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ چېتىدە يۇۋاش تۇرۇپ بېرىدىغان قىلىپ قويۇپ، بۇ ئىنقىلاپنى بۇرژۇئازىيىنىڭ پائال ئېلىپ بېرىشىغا تاشلاپ بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ.

ئاخىردا، ئىككى تەرەپنىڭ باشقا پارتىيىلەرگە قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارارلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتمەي بولمايدۇ. روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى 3-قۇرۇلتىيىنىڭ قارارى بۇرژۇئا ئازاتلىق ھەرىكىتىنىڭ چەكلىمىلىكلىگى ۋە يېتەرسىزلىگىنى ئېچىپ تاشلاش ئۈستىدە سۆزلەيدۇ، ئەمما بۇنداق چەكلىمىلىكنىڭ تۇرلۇك ئېھتىماللىرىنى ھەر قېتىملىق قۇرۇلتايدا ساناپ ئوتۇش ھەممىدە يامان بۇرژۇئاز بىلەن ياخشى بۇرژۇئاز ئوتتۇرىسىغا سىزىق تارتىپ قويۇش ئۈستىدە بالىلارچە خىيال قىلمايدۇ. ۋەكىللەر يىغىنى بولسا ئۆزىنىڭ مەشھۇر "لاكمۇس قەغىزى" نەزىرىيىسىنى ئالغا سۈرۈش ئۈچۈن ستاروۋېرنىڭ خاتالىغىنى تەكرارلاپ، ئاشۇنداق بىر سىزىقنى زورمۇ-زور پەيدا قىلماقچى بولىدۇ. ستاروۋېر بۇرژۇئازىيىگە قاتتىق شەرت قويۇش كېرەك دىگەن ئىدىيىنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇ شۇنى ئۇنتۇپ قالغانكى، بۇرژۇئا دېموكراتىيىچىلىرىدىن قوللاشقا كېلىشىم ھاسىل قىلىشقا ۋە باشقا ئىشلارنى قىلىشقا بولىدىغانلىرى بىلەن بولمايدىغانلىرىنى ئالدىنالا ئايرىپ چىقىش يولىدىكى ھەرقانداق ئۇرۇنۇش ۋەقەلەرنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن دەرھال چورۇپ تاشلىنىدىغان ۋە پۇرولېتارىياتـ

نىڭ سىنىپىي ئېڭىنى تۇتۇقلاشتۇرىدىغان "فورمۇلا" غا ئېلىپ بارىدۇ، خالاس. نەتىجىدە مۇھىم نۇقتا كۈرەش جەريانىدىكى ھەقىقى بىرلىك- تىن بايانات، ۋەدە ۋە شوئارلارغا يۆتكىلىپ كەتكەن. ستاروۋېر "يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش يولى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ۋە ئومۇمى يۈزلۈك، باراۋەر، بىۋاستە بولىدىغان سايلام" ئەنە شۇنداق تۈپ خاراكتېرلىق شوئار دەپ قارايدۇ. ئىككى يىل بولمايلا "لاكمۇس قەغىزى" ئۆزىنىڭ قىلچە كارغا يارىمايدىغانلىغىنى ئىسپاتلىدى، ئومۇمى سايلام شوئارى ئازاتچىلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى، لې- كىن، ئازاتچىلار بۇنىڭ بىلەن سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىگە يېقىنلىشىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە بۇ شوئار ئارقىلىق ئىشچىلارنى ئېزىقتۇرۇشقا، ئىشچىلارنى ئازدۇرۇپ سوتسىيالىزمدىن چەتلەش- تۈرۈشكە ئۇرۇندى.

ھازىر، يېڭى ئۇچقۇنچىلار تېخىمۇ "قاتتىق" "شەرت"لەرنى قويماقتا، چارىزىمنىڭ دۈشمەنلىرىدىن "تەشكىللىك پورولېتارىياتنىڭ بارلىق قەتئى ھەركەتلىرىنى قەتئىيەتلىك بىلەن ۋە قىلچە مۇجمەللەش- مەستىن ‹! ؟› قوللاش" ۋاھاكازالاردىن تارتىپ تاكى "خەلقنىڭ ئۆز ئۆزىدىن قوراللىنىش ئىشىغا ئاكتىپ قاتنىشىش" قىچە بولغان ئىش- لارنى قىلىشنى "تەلەپ قىلماقتا". سىزىق تېخىمۇ نېرىراق تارتىپ قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ سىزىق **كونىراپ قالدى**، ئۆزىنىڭ ھېچقانداق كارغا كەلمەيدىغانلىغىنى بىردىنلا ئىسپاتلىدى. مەسىلەن، نىمە ئۈچۈن جۇمھۇرىيەت شوئارى ئوتتۇرىغا قويۇلمايدۇ؟ سوتسىيال دېموكراتلار "رەھىمسىز ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش ئارقىلىق تەبىقىلىق پادىشالىق تۈزۈمىنىڭ بارلىق ئاساسىغا قارشى تۇرۇش" ئۈچۈن بۇر- ژۇئا دېموكراتىيىچىلىرىدىن ھەر خىل ئىشلارنى قىلىشنى "تەلەپ قىلىدۇ" كەنۇ، پەقەتلا جۇمھۇرىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى تەلەپ قىلمايدىكەن، بۇ قانداق ئىش؟

بۇ قەستەن يوق يەردىن پۇتاق چىقارغانلىق ئەمەس، يېڭى ئۇچ-قۇنچىلارنىڭ خاتالىقى ھەقىقەتەن ئەڭ ئەمەلىي سىياسىي خاتالىق، "روسىيە ئازاتلىق ئىتتىپاقى" بۇنىڭ دەلىلى («پرولېتارلار» گېزىتى-نىڭ 4 - سانىغا قاراڭ)①. بۇ "چاررىزىمنىڭ دۈشمەنلىرى" يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ بارلىق "تەلەپلىرى" گە پۈتۈنلەي ئۇيغۇنلىشالايدۇ. بىراق بىز بۇ "روسىيە ئازاتلىق ئىتتىپاقى" نىڭ پروگراممىسى (ياكى ئۇنىڭ پروگراممىسىز مەيدانى)نىڭ ئازاتچىلار روھى بىلەن تولغانلىقىنى، ئازاتچىلارنىڭ ئۇنى ناھايىتى ئاسانلا يېتىلەپ ماڭالاي-دىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ۋەكىللەر يىغىنى قارارنىڭ ئايىغىدا "سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى خەلقنىڭ ساختا دوست-لىرىغا، لىبېرالىزىم ۋە دېموكراتىزىم بايرىقىنى كۆتۈرۈپ پرولېتا-رىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرىشىنى ھەقىقىي قوللاشنى رەت قىلغان ھەممە پارتىيىلەرگە بۇرۇنقىدەك قارشى تۇرىدۇ" دېگەن. "روسىيە ئازاتلىق ئىتتىپاقى" بۇ كۈرەشنى رەت قىلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئۇنى

① «پرولېتارلار» گېزىتىنىڭ 1905 - يىل 6 - ئاينىڭ 4 - كۈندىكى 4 - سانىغا «يېڭى ئىنقىلاۋىي ئىشچىلار بىرلەشمىسى» دېگەن ماۋزۇدا ئۇزۇن ماقالا بېسىلغان ئىدى («لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 8 - توم، 467 — 478 - بەتلەرگە قاراڭ. — تەھرىردىن). بۇ ماقالىدا بۇ ئىتتىپاقنىڭ خىتاپنامىسىنىڭ مەزمۇنى بايان قىلىنغان: بۇ ئىتتىپاق "روسىيە ئازاتلىق ئىتتىپاقى" دېگەن نامنى قوللانغان ھەمدە قوراللىق قوزغىلاڭ ئارقىلىق ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭەشنى چاقىرىشنى مەقسەت قىلغان. ئۇنىڭدىن قالسا، بۇ ماقالىدا سوتسىيال دېموكراتلارنىڭ بۇنداق پارتىيىسىز ئىتتىپاقلارغا تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى بەلگىلەنگەن. بۇ ئىتتىپاقنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقى، ئۇنىڭ ئىنقىلاپتىكى تەقدىرىنىڭ قانداق بولغانلىقى بىزگە پۈتۈنلەي نامەلۇم. (ئاپتورنىڭ 1907 - يىلدىكى نەشرىگە قوشقان ئىزاھى. — تەھرىردىن)

قوللاش ئارزۇسىدا ئىكەنلىكىنى قىزغىنلىق بىلەن بىلدۈردى. بۇ— "ئىتتىپاق" رەھبەرلىرىنىڭ گەرچە ئازاتچىلاردىن بولسىمۇ لېكىن ھەرگىز "خەلقنىڭ ساختا دوستلىرى" ئەمەس ئىكەنلىكىگە كاپالەتلىك قىلالامدۇ؟

بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، يېڭى ئۈچقۇنچىلار بەزى "شەرت" لەرنى ئالدىنالا ئويدۇرۇپ چىقىپ، كۆرۈنۈشتە قالتىس، ئەمەلىيەتتە ھالسىز ۋە كۈلكىلىك "تەلەپ" لەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆزلىرىنى بىردىنلا كۈلكىلىك ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇلارنىڭ شەرت ۋە تەلەپلىرى جانلىق رىياللىققا ئۇيغۇنلىشالمايدىغانلىقى ھە دېگەندىلا چېنىپ قالدى. ئۇلارنىڭ فورمۇلىغا تەلۋىلەرچە يېپىشىۋېلىشلىرى قۇرۇق ئاۋارىگەرچىلىك، چۈنكى ھەرقانداق فورمۇلا بۇرژۇئا دېمو- كراتىيىچىلىرىنىڭ ساختىلىقى، تۇراقسىزلىقى ۋە چەكلىمىلىكلىكىنىڭ ھەر خىل ئىپادىلىرىنى قويماي ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كېتەلمەيدۇ. گەپ "لاكمۇس قەغىزى" دە ئەمەس، شەكىلدە ئەمەس، يېزىپ قويۇلغان ۋە بېسىپ چىقىرىلغان تەلەپتە ئەمەس، شۇنداقلا ساختا "خەلق دوستلىرى" بىلەن ساختا بولمىغان "خەلق دوستلىرى" نى ئالدىنالا پەرقلەندۈرۈشتىمۇ ئەمەس، بەلكى كۈرەشتىكى ھەقىقىي بىرلىكتە، سوتسىيال دېموكراتلارنىڭ بۇرژۇئا دېموكراتىيىچىلىرىنىڭ ھەر بىر "تۇراقسىز" قەدىمىنى قىلچە بوشاشماي تەنقىت قىلىشىدا. "دېمو- كراتىك ئۆزگەرتىشكە كۆڭۈل بۆلىدىغان بارلىق ئىجتىمائىي كۈچلەر بىلەن ھەقىقىي تۈردە ئىتتىپاقلىشىش" ئۈچۈن، ۋەكىللەر يىغىنىغا ئوخشاش تىرمىشىپ خىلمۇ-خىل "ماددىلار"نى بەلگىلەش بىلەن قۇرۇق ئاۋارە بولۇپ يۈرمەي، ھەقىقىي ئىنقىلاۋىي شوئارلارنى ئوت- تۇرىغا قويۇشقا ماھىر بولۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن پرولېتارىيات- نىڭ ۋەزىپىسىنى پادىشاپەرەس بۇرژۇئازىيىنىڭ سەۋىيىسىگە چۈشۈ- رۈپ قويىدىغان شوئار ئەمەس، بەلكى ئىنقىلاۋىي-جۇمھۇرىيەتچى

بۇرژۇئازىيىسىنى پۇرولېتارىيات سەۋىيىسىگە كوتىرىدىغان شوئار بولۇشى زورۇر. بۇنىڭ ئۇچۇن، قىلچە كېچىكتۇرۇپ بولمايدىغان قورالىلىق قوزغىلاڭنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن ۋەز ـ نەسىھەت يولى بىلەن باش تارتماي، بەلكى ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن قوزغىلاڭغا قاتنىشىش زورۇر.

12

دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ كولىمى بۇرژۇئازىيىنىڭ چېكىنىپ چىقىپ كېتىشى بىلەن تارىيىپ كېتەمدۇ؟

يۇقۇرىدىكى بولۇملەر يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن، بىز يېڭى ئۇچـ قۇنچىلارنىڭ كاۋكاز ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ «ئۇچقۇن» گېزىتى باسقان قارارىنى تاپشۇرۇۋالدۇق. Pour la bonne bouche (سوزنى ئوبدان ئاياقلاشتۇرۇش ئۇچۇن)، بىز بۇنىڭدىن ياخشىراق ماتىريالنى ئويلاپمۇ تاپالمايتتۇق.

«ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ تەھرىر بولۇمى ئادىللىق بىلەن مۇنداق كورسىتىدۇ: "ئاساسىي تاكتىكا مەسىلىسىدە، كاۋكاز ۋەكىللەر يىغىنىمۇ پۇتۇن روسىيە ۋەكىللەر يىغىنى ‹يەنى يېڭى ئۇچقۇنچىلار ۋەكىللەر يىغىنى› ماقۇللىغان قارارغا **ئوخشاپ كېتىدىغان** ‹راست گەپ!› قارار ماقۇللىدى." "سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەتكە تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى مەسىلىسىدە، كاۋكازدىكى يولداشلار ماقۇللىغان قارار 'ئالغا' گورۇھى ۋە ئۇنىڭغا جور بولغان ئاتالمىش قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى تەشۋىق قىلغان يېڭى ئۇسۇلغا قەتئىي قارشى تۇرغان." "ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ پۇرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىدىكى تاكتىكىسىنى **تازا لايىقىدا**

بايان قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك."

توغرىسى ھامان توغرا. يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ تۇپ خاتالىقىنى ھېچكىم بۇنىڭدىنمۇ "لايىق"راق بايان قىلىپ بېرەلمەيدۇ. بىز ھازىر بۇ بايانىنى تولۇق كوچۇرۇۋېلىپ، ئالدى بىلەن تىرناق ئىچىدە ئۇنىڭ چېچەكلىگەن چېچىگىنى، ئاندىن ئۇنىڭ ئاخىرىدا بەرگەن مېۋىلىرىنى كورسىتىپ ئوتىمىز.

يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ كاۋكاز ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ ۋاقىتلىق ھوكۇمەت توغرىسىدىكى قارارى تووەندىكىچە:

"ۋەكىللەر يىغىنى ئىنقىلاۋىي پەيتتىن پايدىلىنىپ پۇرولېتارىياتىنىڭ سوتسيال دېموكراتىزىملىق ئېڭىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئوز ۋەزىپىسى دەپ ھېساپلايدۇ (ھە شۇنداق، ئەلۋەتتە! بىراق يەنە: مارتىنوۋچە چوڭقۇرلاشتۇرۇش دېگەن بىر جۇملىنى قوشۇپ قويۇش كېرەك ئىدى!)، (جۇمھۇرىيەت ئۇچۇن ئەمەس، پەقەت ئاڭنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۇچۇنلا پايدىلىنىشمۇ؟ بۇ ئىنقىلاپقا بولغان نەقەدەر 'چوڭقۇر' چۈشەنچە-ھە!)، ھازىر مەيدانغا كېلىۋاتقان بۇرژۇئا دولەت تۇزۇمىگە قارىتا پارتىيىدە ئەڭ تولۇق تەنقىت ئەركىنلىكىنىڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۇچۇن (جۇمھۇرىيەت ئورنىتىشقا كاپالەتلىك قىلىش بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەس! بىزنىڭ ئىشىمىز پەقەت تەنقىت ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش. ھوكۇمەتسىزلىك ئىدىيىسى "بۇرژۇئا دولەت" تۇزۇمى! دېگەن ھوكۇمەتسىزلىك تىلىنى پەيدا قىلىدۇ)، ۋەكىللەر يىغىنى سوتسيال دېموكراتىزىملىق ۋاقىتلىق ھوكۇمەت قۇرۇشقا قارشى تۇرىدۇ ھەمدە بۇ ھوكۇمەتكە قاتنىشىشقا قارشى تۇرىدۇ (ئېنگېلس نەقىل كەلتۇرگەن، باكۇنىنىزىمچىلار ئىسپانىيە ئىنقىلاۋىدىن 10 ئاي بۇرۇن چىقارغان قارارنى ئەسكە ئېلىڭلار، «پۇرولېتارلار» گېزىتىنىڭ 3-سانىغا[245] قارالسۇن)، دولەت تۇزۇمىنى مۇمكىن قەدەر (؟!) دېموكراتىيىلەشتۇرۇش ئۇچۇن

بۇرژۇئا ۋاقىتلىق ھوكۇمىتىگە سىرتتىن «يۇقۇرىدىن ئەمەس، تۆۋەندىن» بېسىم ئىشلىتىشنى ئەڭ مۇۋاپىق ھساپلايدۇ. ۋەكىللەر يىغىنى شۇنداق دەپ ھساپلايدۇكى، سوتسىيال دېموكراتلارنىڭ ۋاقىتلىق ھوكۇمەت قۇرۇشى ياكى بۇ ھوكۇمەتكە قاتنىشىشى، بىر تەرەپتىن، پرولېتارىياتنىڭ سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىدىن كوڭلى قالغان كەڭ ئاممىسىنى بۇ پارتىيىدىن ئايرىۋېتىدۇ، چۈنكى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان بىلەن، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سوتسىيالىزىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقىچە بولغان جىددى ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ «جۇمھۇرىيەت جىددى ئېھتىياج ئەمەس! قارارنى تەييارلىغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ساددىلىقى ئارقىسىدا، گويا بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىغا قاتنىشىشنى ئىنكار قىلغاندەك، تازا ھوكۇمەتسىزلىك تىلىدا سوزلەۋاتقانلىقىنى سەزمەيدۇ!»، يەنە بىر تەرەپتىن، **بۇرژۇئازىيىنى ئىنقىلاپتىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىپ، بۇنىڭ بىلەن ئىنقىلاپنىڭ كولىمىنى تارايتىۋېتىدۇ.»**

ھەممە بالا مانا مۇشۇ يەردە. ھوكۇمەتسىزلىك ئىدىيىسى بىلەن سېپى ئۆزىدىن بولغان ئاغمىچىلىق ئىدىيىسىنىڭ (غەربىي ياۋروپادىكى بېرنشتېينچىلار ئارىسىدا ھەمىشە بولۇپ تۇرغىنىدەك) گىرەلىشىپ كەتكەن يېرى ئەنە شۇ. ۋاقىتلىق ھوكۇمەتكە كىرمەسلىك كېرەك، چۈنكى ۋاقىتلىق ھوكۇمەتكە كىرىش بۇرژۇئازىيىنى ئىنقىلاپتىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىنقىلاپنىڭ كولىمى تارىيىپ كېتىدۇ! دىگىنىنىلا ئويلاپ كورۇڭلارچۇ، بۇ — ئىنقىلاپ بۇرژۇئازىيىنىڭ، شۇڭا بىز بۇرژۇئازىيىنىڭ چاكىنا ئىدىيىسىگە سەجدە قىلىشىمىز، يولنى ئۇلارغا بوشىتىپ بېرىشىمىز كېرەك، دەيدىغان تەلتوكۇس يېڭى ئۇچقۇنچىلار پەلسەپىسىنىڭ ئەينى ئۆزى. بىزنىڭ ۋاقىتلىق ھوكۇمەتكە قاتنىشىشىمىز بۇرژۇئازىيىنى چېكىنىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىدۇ، دەيدىغان پىكىرنى قىسمەن ھالدا

بولسىمۇ، بىر مىنۇت بولسىمۇ يېتەكچى پىكىر قىلىۋالىدىغان بولساق، بىز شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلاپنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي بۇرژۇئازىيىگە ئۆتۈنۈپ بەرگەن بولىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىز پرولېتا- رىياتنى پۈتۈنلەي بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن بولىمىز (تولۇق "تەنقىت ئەركىنلىكى" ساقلىنىپ قالغاندىمۇ!!)، بۇرژۇئازىيە چېكىنىپ چىقىپ كەتمىسۇن دەپ پرولېتارىياتنى موتىدىل، مۆلايىم بولۇشقا مەجبۇر قىلغان بولىمىز. پرولېتارىياتنىڭ ئەڭ جىددى ئېھتىياجلىرىنى يەنى ئىقتىسادىي ۋە ئۆلارنى تەقلىت قىلغۇچىلار ئەزەلدىن ئوبدان چۈشەنمەي كېلىۋاتقان سىياسى ئېھتىياجلىرىنى پۈچەكلەشتۈرۈپ قويغان بولىمىز، بۇرژۇئازىيە چېكىنىپ چىقىپ كەتمىسۇن دەپ بۇ ئېھتىياجلارنى پۈچەكلەشتۈرۈپ قويغان بولىمىز. بىز پرولېتارىياتقا ئېھتىياجلىق بولغان دائىرە ئىچىدە دېموكراتىك تۈزۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئىنقىلاۋىي كۈرەش ئېلىپ بېرىش مەيدانىدىن پۈتۈنلەي چەتلەپ، بۇرژۇئازىيە بىلەن سودىلىشىش مەيدانىغا ئۆتۈپ كەتكەن، پىرىنسىپتىن يۈز ئۆرۈش، ئىنقىلاپتىن يۈز ئۆرۈش ھېساۋىغا بۇرژۇئازىيىنى رازى قىلغان بولىمىز. ("چېكىنىپ چىقىپ كەتمەيدىغان قىلىش ئۈچۈن").

كاۋكازدىكى يېڭى ئۇچقۇنچىلار قىسقىغىنا بىرنەچچە قۇر خەت بىلەنلا ئۆزلىرىنىڭ ئىنقىلاپقا ساتقىنلىق قىلىش ۋە پرولېتارىياتنى بۇرژۇئازىيىنىڭ بىچارە مالىيىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇش تاكتىكىسىنىڭ پۈتۈن ماھىيىتىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بەرگەن. بىز يۇقۇرىدا يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ خاتالىقىدا ئۇچراتقان خاھىش ھازىر راۋاجلىنىپ پادىشاپەرەس بۇرژۇئازىيىنىڭ قۇيرۇغى بولۇش دېگەن ئېنىق بىر پىرىنسىپقا ئايلاندى. جۇمھۇرىيەتنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى بۇرژۇئاز- يىنى چېكىنىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىدۇ (بەلكى مەجبۇر قىلىپ كەلدى — سترۇۋې ئەپەندى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ)، شۇ

سەۋەپتىن جۇمھۇرىيەت يولىدىكى كۆرەشنى يوقىتىش لازىم. پرولېتارىياتنىڭ ھەرقانداق قەتئىي ۋە ئۈزۈل-كېسىل دېموكراتىك تەلىۋى ھەرقانداق ۋاقىتتا، دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدە بۇرژۇئازىيىنى چېكىنىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىدۇ، شۇ سەۋەپتىن، ئىشچى يولداشلار، ئۇۋاڭلاردىن چىقماي موكۇنۇپ يېتىۋېرىڭلار، تاشقىرىدىنلا ھەركەت قىلىڭلار، ئىنقىلاپ ئۈچۈن "بۇرژۇئا دولەت" تۈزۈمىنىڭ تۈرلۈك قوراللىرى ۋە ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىشنى ئويلىماڭلار، قولۇڭلاردا "تەنقىت ئەركىنلىگى"نى ساقلاپ قالساڭلارلا بولدى.

"بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى" دېگەن ئاتالغۇنى چۈشىنىشتىكى توپ خاتالىق بۇ يەردە قىپ-يالىڭاچ ئاشكارىلىنىدۇ. بۇ ئاتالغۇنى مارتىنوۋچە ياكى يېڭى ئۇچقۇنچىلارچە "چۈشىنىش" پرولېتارىيات ئىشلىرىنى بۇرژۇئازىيىگە توغرىدىن-توغرا سېتىۋېتىشتەك نەتىجىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

كونا ئىقتىساتۋازلىقنى ئۇنۇتۇپ قالغان، تەتقىق قىلمىغان، ئەسلەپ كورمىگەن كىشىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە تىرىلىۋاتقان ئىقتىساتۋازلىقنى چۈشىنىشى ناھايىتى قىيىن. بېرنىشتېينچىلىق «ئەقىدە»[114]نى ئەسلەپ كورۈڭلار. شۇ چاغلاردا كىشىلەر "ساپ پرولېتارىياتچە" نۇقتىنەزەر ۋە پروگراممىدىن: بىز سوتسىيال دېموكراتلار ئىقتىسات بىلەن، ھەقىقى ئىشچىلار ئىشى بىلەن مەشغۇل بولساقلا بولدى، ھەرقانداق سىياسەتۋازلىقنى ئەركىن تەنقىت قىلالايدىغان بولساقلا، سوتسىيال دېموكراتىزىملىق ئىشلارنى ھەقىقى چوڭقۇرلاشتۇرالايدىغان بولساقلا بولدى. سىياسى بىلەن لىبېراللار ھەپىلەشسۇن. "ئىنقىلاپچىلىق"قا پېتىپ قېلىشتىن خۇدا ساقلىسۇن، چۈنكى بۇ ھال بۇرژۇئازىيىنى چېكىنىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىدۇ ئەمەسمۇ دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشقان ئىدى. «ئەقىدە»نىڭ تولۇق تېكىستىنى يا بولمىسا «ئىشچىلار پىكرى» گېزىتى[123] (1899-يىل 9-ئايدىكى)

9-سانىنىڭ قوشۇمچە بېتىنى ئوقۇپ چىققان كىشى، بۇ مۇلاھىزىنىڭ پۈتۈن جەريانىنى كورۈۋالالايدۇ.

ھازىرقىسىمۇ يەنە شۇ بىرنىمىلەر، پەقەت بۇنىڭ كولىمى چوڭراق بولۇپ، پۈتكۇل "ئۇلۇغ" روسسىيە ئىنقىلاۋىغا باھا بېرىش ئۈچۈن تەدبىق قىلىنغان، خالاس، — ئەپسۇسكى، بۇ ئىنقىلاپنى ئەنئەنىچى چاكىنىلىق نەزىرىيىچىلىرى ئاللىقاچان چاكىنىلاشتۇرۇپ ناھايىتى كۆلكىلىك ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى! بىز سوتسىيال دېموكراتلارغا تەنقىت ئەركىنلىكى، ئاڭنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، سىرتتىن ھەركەت قىلىش بولسىلا كۇپايە. ھەركەت ئەركىنلىكىدىن، ئىنقىلاۋىي رەھبەرلىك بىلەن شۇغۇللىنىش ("لىبېرالىزىم"لىق رەھبەرلىك دەپ ئوقۇش كېرەك) ئەركىنلىكىدىن، يۇقۇرىدىن "ئىسلاھات" ئېلىپ بېرىش ئەركىنلىكىدىن بۇرژۇئازىيە بەھرىمەن بولىۋەرسۇن.

ماركسىزىمنى چاكىنىلاشتۇرغۇچى بۇ ئادەملەر ماركسىنىڭ تەنقىت قورالىنىڭ ئورنىغا قورال تەنقىدىنى قويۇش كېرەك دېگەن سوزلىرىنى ھېچقاچان ئويلاپ كورۇشمىگەن[246]. ئۇلار ماركسىنىڭ نامىنى بىكاردىن-بىكارغا كوتىرىپ يۈرۈشىدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇلار تاكتىكىلىق قارارلارنى تۈزۈشتە پۈتۈنلەي فرانكفۇرتتىكى بۇرژۇئا ۋالاقتەككۈرلىرىنى دورايدۇ، ئۇلارنىڭ مۇستەبىتلىكىنى ئەركىن تەنقىت قىلىشىنى، دېموكراتىك ئاڭنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى دورايدۇ-دە، ئىنقىلاپ دەۋرىنىڭ ھەركەت قىلىش دەۋرى ئىكەنلى-گىنى، ھەم يۇقۇرىدىن، ھەم تۆۋەندىن ھەركەت قىلىش دەۋرى ئىكەنلىگىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار ماركسىزىمنى قۇرۇق ۋەز-نەسىھەتكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئەڭ قەتئىي ئەڭ ئاكتىپ بولغان ئىلغار ئىنقىلاۋىي سىنىپنىڭ ئىدىيىسىنى شۇ سىنىپقا تەۋە ئەڭ قالاق قاتلامنىڭ ئىدىيىسىگە يەنى مۇشەققەتلىك ئىنقىلاۋىي دېموك-راتىزىملىق ۋەزىپىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان ۋە بۇ دېموكراتىزىم-

ملىق ۋەزىپىلەرنى ستىروۋۋې ئەپەندىلەرنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ئەڭ قالاق قاتلامنىڭ ئىدىيىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەتكە قاتنىشىشى ئارقىسىدا بۇرژۇئازىيە ئىنقىلاپتىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىپلا قالسا، "ئىنقىلاپنىڭ كولىمى تارىيىپ كېتىدۇ".

روسىيە ئىشچىلىرى، قۇلاق سېلىڭلار: ئەگەر ئىنقىلاپنى چارىزىمنى يېڭىشنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بىلەن مۇرەسسەلىشىپ ئولجا بولۇشۇۋېلىشنىلا ئويلايدىغان، سوتسىيال دېموكراتلار تەرىپىدىن چوچۇتۇپ قويۇلمىغان ستروۋۋې ئەپەندىلەر قىلىدىغان بولسا، ئىنقىلاپنىڭ كولىمى تېخىمۇ زورىيىدۇ. ئەگەر روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ بىز يۇقۇرىدا بايان قىلىپ ئوتكەن ئىككى خىل ئېھتىمالنىڭ بىرىنچىسى ئەمەلگە ئاشسا، يەنى پادىشاپەرەس بۇرژۇئازىيە مۇستەبىت ھوكۇمەت بىلەن شىپوۋچە "ئاساسىي قانۇن" ئاساستا سودىلىشالىسا، ئىنقىلاپنىڭ كولىمى تېخىمۇ زورىيىدۇ!

پۇتۇن پارتىيىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان قاراردا مۇشۇنداق رەزىل نەرسىلەرنى يازغان ياكى مۇشۇنداق "لايىق" قارارنى ماختىغان سوتسىيال دېموكراتلار ماركسىزىمنىڭ جانلىق روھىنى پۇتۇنلەي چىرىتىۋەتكەن قۇرۇق ۋەز - نەسىھەتلەر تەرىپىدىن شۇنچىلىك گاڭگىرىتىپ قويۇلغانكى، بۇنىڭ ئارقىسىدا ئۇلار بۇ قارارلارنىڭ قالغان ياخشى گەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى قانداق قىلىپ قۇرۇق گەپكە ئايلاندۇرۇپ قويغانلىغىنى كورۇۋالالمىغان. ئۇلارنىڭ «ئۇچقۇن» گېزىتىگە يازغان ھەرقانداق بىر ماقالىسىنى ئېچىپ قاراڭلار، ھەتتا بىزدىكى داڭلىق مارتىنوۋ يازغان ھېلىقى سېسىق نامى پۇر كەتكەن كىتاپچىنى ئېچىپ قاراڭلار، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە خەلق قوزغىلىڭى ئۇيۇشتۇرۇش، ئىنقىلاپنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش، شاللاق بۇرژۇئازىيىگە قارشى كۇرەشتە خەلقنىڭ توۋەن قاتلاملىرىغا يولىنىشقا تىرىشىش

دىگەن گەپلەرنى كورگىلى بولىدۇ. لېكىن، سىلەر "ئىنقىلاپنىڭ كولىمى" بۇرژۇئازىيىنىڭ چېكىنىپ چىقىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن "تارىيىپ" كېتىدۇ، دەيدىغان پىكىرنى قوبۇل قىلغان ياكى ماختىغان نىڭلاردا، مۇشۇ ياخشى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى دەرھال ھىچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئىككىنىڭ بىرى بولۇشى كېرەك، ئەپەندىلەر: يا بىز ھىلىقى شالاق، شەخسىيەتچى، توخۇ يۈرەك بۇرژۇئازىيىگە قارىماي، ئىنقىلاپنى خەلق بىلەن بىرلىكتە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىپ، چارىزىم ئۇستىدىن تولۇق غەلىبە قازىنىشىمىز كېرەك؛ يا بۇرژۇئازىيە "چېكىنىپ چىقىپ" كېتەمدىكىن دەپ ئەندىسىرەپ، ئۇلارغا "قارىماي" ئىش كورۇشكە يول قويمايمىز، ئۇنداقتا بىز، پرولېتارىيات بىلەن خەلقنى بۇرژۇئازىيىگە، شالاق، شەخسىيەتچى ۋە توخۇ يۈرەك بۇرژۇئازىيىگە ساتقان بولىمىز.

مېنىڭ گەپلىرىمنى بۇرمىلاپ چۈشىنىپ يۈرمەڭلار. بىزنى ئەتەي ساتقان دەپ ئەيىپلىگۈچىلەر بار دەپ قارىسىغا چۇقىراشماڭلار. ياق، ماركسىزىمنى "چوڭقۇرلاشتۇرۇش"نىڭ چوققىسىدىن پەسكە قاراپ توختىماي ۋە كەينىگە يانماي دومىلاپ، ئىنقىلاپقا قارشى تۇرۇشنى كەسىپ قىلىۋالغان، جانسىز ۋە ئولۇك ھالدا "ئۇستاتلىق ئىشلەتكەن" دەرىجىگە يېتىپ بارغان كونا ئىقتىساتشۇنازلارغا ئوخشاش سىلەرمۇ تازا بايقىماي پاتقاقتا قاراپ ماڭغان ئىدىڭلار. ئەندى شۇ پاتقاقتا پېتىپ قالدىڭلار.

ئەپەندىلەر، "ئىنقىلاپنىڭ كولىمى" قانداق ئەمەلىي ئىجتىمائى كۈچلەرگە باغلىق دىگەن مەسىلىنى سىلەر ئويلاپ كورگەنمۇ؟ بىز تاشقى سىياسى ۋە خەلقارا جەھەتتىن ماسلىشىدىغان كۈچلەر ئۇستىدە سوزلىمەي تۇرايلى، بۇ كۈچلەر ھازىر بىزگە ناھايىتى پايدىلىق بولۇپ راۋاج تېپىۋاتقان بولسىمۇ، بىز ھەممىمىز ئۇلارنى قويۇپ تۇرايلى، بۇنداق قىلىشىمىز توغرا، چۈنكى بۇ يەردە گەپ روسىيە-

نىڭ ئىچكى كۈچلىرى مەسىلىسى ئۈستىدە بارىدۇ. ئىچكى قىسمىدىكى بۇ ئىجتىمائى كۈچلەرگە نەزەر سېلىڭلار. مۇستەبىتلەر، ساراي ئەھلىلىرى، ساقچىلار، ئەمەلدارلار، ئارمىيە ۋە بىر ئوچۇم ئىسلزادىلەر ئىنقىلاپ بىلەن دۈشمەنلىشىدۇ. خەلق ئارىسىدا غەزەپ كۈچەيگەنسېرى ئارمىيە ئىشەنچسىز بولۇپ قالىدۇ، ئەمەلدارلار ئارىسىدىكى تەۋرىنىش شۇنچە كۈچىيىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، بۇرژۇئازىيە ھازىر ئومۇمەن ۋە ئومۇمى جەھەتتىن ئېيتقاندا ئىنقىلاپنى ياقلايدۇ، ئۇلار ئەركىنلىك توغرىسىدا قىزغىنلىق بىلەن سوزلەشمەكتە، بارغانسېرى بەس-بەس بىلەن خەلق نامىدىن ھەتتا ئىنقىلاپ نامىدىن پىكىر بايان قىلىشماقتا①. لېكىن بىز ماركسىزىمچىلار بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىنقىلاپنى ياقلاش يولىدىكى شاللاقلىغىنى، شەخسىيەتچىلىگىنى، توخۇ يۈرەكلىكلىگىنى نەزىرىيىدىن بىلىمىز ھەمدە ئېلىمىزدىكى لىبېراللار يەنى يەرلىك ئاپتونومىيىچىلەر، باشقىچە ئېيتقاندا ئازاتچىلارنىڭ ئەمەلىي مىسالىدىن ھەر سائەت، ھەر مىنۇت كوروۈپ تۇرىمىز. بۇرژۇئازىيە ئوزىنىڭ تار شەخسى مەنپەئەتىنى قاندۇرۇۋالغان ھامان، تەلتوكۇس دېموكراتىزىمدىن "چەتلىگەن" ھامان (**ئۇ ھازىر تەلتوكۇس دېموكراتىزىمدىن چەتلەۋاتىدۇ!**)، سوزسىز ھالدا ئەكسىلئىنقىلاپ تەرەپكە، مۇستەبىتلىك تەرەپكە تۇركۇم-تۇركۇملەپ ئوتۇپ، ئىنقىلاپقا، خەلققە قارشى تۇرىدۇ. پەقەت "خەلق"لا قالىدۇ، يەنى پۈرولېتارىيات بىلەن دېخانلار قالىدۇ: پەقەت پۈرولېتارىياتلا ئاخىرغىچە چىڭ تۇرالايدۇ،

① بۇ جەھەتتە ستروۋې ئەپەندىنىڭ ژورىنقا يازغان ئوچۇق خېتى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ خەتنى يېقىندا ژورىن «ئىنسانپەرۋەرلىك» گېزىتىدە 247، ستروۋې ئەپەندى «ئازاتلىق» ژورنىلىنىڭ 72 ـ سانىدا باستۇرۇپ چىقاردى.

چۈنكى ئۇ دېموكراتىك ئىنقىلاپتىن خېلى نېرى ماڭالايدۇ. شۇ سەۋەپتىنمۇ پرولېتارىيات جۇمھۇرىيەت ئۈچۈن بولغان كۈرەشتە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ، ئۇ ئۆزى يامان كورىدىغان، بۇرژۇئازىيە-نىڭ چىكىنىپ چىقىپ كېتىپ قالىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىش كېرەك دەيدىغان ئەخمىقانە نەسىھەتلەرنى مەنسىتمىگەن ھالدا رەت قىلىدۇ. دېھقانلار ئارىسىدا كوپلىگەن يېرىم پرولېتارلار بار، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇششاق بۇرژۇئا ئۇنسۇرلىرىمۇ بار. بۇ ھال دېھقانلارنىمۇ تۇراقسىز قىلىپ قويىدۇ، شۇ سەۋەپتىن پرولېتارىياتنى سىنىپىيلىكى ئىنتايىن چىڭ بولغان بىر پارتىيە بولۇپ ئۇيۇشۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. لېكىن دېھقانلارنىڭ تۇراقسىزلىقى بۇرژۇئازىيىنىڭ تۇراقسىزلىقىغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ، چۈنكى دېھقانلارنىڭ ھازىر كوڭۇل بولىۋاتقىنى خۇسۇسى مۈلۈكچىلىكنى شەرتسىز ساقلاپ قېلىش دىگەندىن كورە، خۇسۇسى مۈلۈكچىلىكنىڭ ئاساسىي شەكىللىرىدىن بىرى بولغان پومىشچىك يەرلىرىنى تارتىۋېلىش دىگەن تۇزۇك. دېھقانلار بۇنىڭلىق بىلەن سوتسىيالىزىمچى بولۇپ كەتمىسىمۇ، بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزىنىڭ ئۇششاق بۇرژۇئازىيىلىكىگە خاتىمە بەرمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار دېموك-راتىك ئىنقىلاپنى جان-دىل بىلەن ۋە ئەڭ تۈزۈل-كېسىل ھىمايە قىلىدىغان كۈچ بولالايدۇ. دېھقانلارنىڭ كوزىنى ئاچىدىغان ئىنقىلاۋىي ۋەقەلەرنىڭ راۋاجى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئاسىلىق قىلىشى ۋە پرولېتا-رىياتنىڭ مەغلۇپ بولۇشى بىلەن ۋاقىتسىز ئۈزۈلۈپ قالمىسىلا، دېھقان-لار سوزسىز ئاشۇنداق كۈچ بولۇپ قالىدۇ. يۇقۇرىدا كورسىتىلگەن شارائىتتا، دېھقانلار سوزسىز ئىنقىلاپنىڭ ۋە جۇمھۇرىيەتنىڭ تۇۋرۈكى بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى تولۇق غەلىبىگە ئېرىشكەن ئىنقىلاپلا دېھقان-لارنى يەر ئىسلاھاتى ساھەسىدە **ھەممىگە**، ئۇلار ئارزۇ قىلىپ كەلگەن، خىيال قىلىپ يۈرگەن **ھەممىگە**، يەنە كېلىپ "سوتسىيال ئىنقىلاپچىلار" تەسەۋۋۇر قىلغاندەك كاپىتالىزىمنى يوقىتىش ئۈچۈن

ئەمەس، بەلكى يېرىم يانچىلىق پاتقىغىدىن، قاتتىق زۇلۇم، قۇللۇقنىڭ زۇلمەتلىك چوڭقۇر ئازگىلىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۇزلىرىنىڭ تۇرمۇش شارائىتلىرىنى تاۋار ئىگىلىگى يار بەرگەن دائىرىدە ئىمكان قەدەر ياخشىلاش ئۈچۈن ھەقىقى ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىگە قىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن تاشقىرى، دېخانلارنى ئۇزۇل-كېسىل يەر ئىسلاھاتىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئومۇمى ۋە دائىملىق مەنپەئەتلىرىمۇ ئىنقىلاپقا مايىل قىلىدۇ. دېخانلار ھەتتا پرولېتارىيات بىلەن كۈرەش قىلغان چاغدىمۇ دېموكراتىيىگە مۇھتاج بولىدۇ، چۈنكى پەقەت دېموكراتىك تۈزۈملا دېخانلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنى دەل گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئامما سۈپىتىدە، كۆپچىلىك سۈپىتىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇشىغا ئىمكان بېرىدۇ. دېخانلارنىڭ كۆزى قانچە ئېچىلسا (ياپونىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشتىن بۇيان دېخانلارنىڭ كۆزى شۇنداق تېز ئېچىلماقتىكى، تەربىيلىنىش دەرىجىسىنى پەقەت مەكتەپ ئۆلچىمى بىلەنلا ئۆلچەشكە ئادەتلىنىپ قالغان بىر مۇنچە كىشىلەر بۇنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ)، ئۇلار تولۇق دېموكراتىك ئىنقىلاپنى شۇنچە ئۇزۇل-كېسىل، شۇنچە قەتئى ھىمايە قىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار بۇرژۇئازىيىگە ئوخشاش خەلقنىڭ ھوكۇمرانلىغىدىن قورقمايدۇ، ئەكسىچە، خەلقنىڭ ھوكۇمرانلىغى ئۇلار ئۈچۈن پايدىلىق. دېخانلار باللارچە پادىشاپەرەسلىكتىن قۇتۇلۇشقا باشلىغان ھامان دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت ئۇلارنىڭ غايىسى بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى دەللاللىق قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالغان بۇرژۇئازىيىنىڭ ئاڭلىق پادىشاپەرەسلىگى (جۇملىدىن يۇقۇرى پالاتا ۋاھاكازالار) دېخانلارنى ياۋروپا ئاساسى قانۇنچىلىغى سىرى بىلەن ئانچە-مۇنچە سىر بېرىپ پەدەزلەنگەن بايىقى ھوقۇقسىزلىق، زۇلمەتلىك ۋە نادانلىق ھالىتىدە تۇتۇپ تۇرۇۋېرىدۇ، خالاس.

دەل شۇنداق بولغاچقا، بۇرژۇئازىيە سىنىپ سۈپىتىدە تەبىي ۋە مۇقەررەر ھالدا پادىشاپەرەس لىبېراللارنىڭ قانات ئاستىغا كىرىۋېلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ، دېخانلار ئاممىسى بولسا تەبىي ۋە مۇقەررەر ھالدا ئىنقىلاۋىي جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ رەھبەرلىگىدە بولۇشقا ئىنتىلىدۇ. دەل شۇنداق بولغانلىغى ئۈچۈن، بۇرژۇئازىيە دېموكراتىك ئىنقىلاپنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بارالمايدۇ، دېخانلار بولسا ئىنقىلاپنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بارالايدۇ، بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز دېخانلارنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىغا بارلىق كۈچىمىز بىلەن ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت.

ئېھتىمال بەزىلەر ماڭا رەددىيە بېرىپ: بۇنى ئىسپاتلاشنىڭ ھاجىتى يوق، بۇلا ئەقەل ساۋات، بۇنى سوتسيال دېموكراتلارنىڭ ھەممىسى ئوبدان بىلىدۇ، دېيىشەر. ياق، بۇرژۇئازىيىنىڭ چېكىنىپ چىقىپ كېتىشى بىلەن ئىنقىلاپنىڭ "كولىمى تارىيىپ كېتىدۇ" دېيىشكە ئاغزى بارىدىغانلار بۇنى چۈشەنمەيدۇ. بۇنداق ئادەملەر بىزنىڭ يەر پۇروگىراممىمىزدىن سۆدەك يادلاۋالغان ئىبارىلەرنى تەكرارلايدۇ، لېكىن، بۇ ئىبارىلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەيدۇ، بۇنى چۈشەنگەن بولسا، ئۇلار پۈتۈن ماركسىزىملىق دۇنياقاراشتىن ۋە بىزنىڭ پۇروگىراممىمىزدىن مۇقەررەر يوسۇندا كېلىپ چىقىدىغان پۇرولېتارىيات ۋە دېخانلارنىڭ ئىنقىلاۋىي دېموكراتىك دىكتاتۇرىسى دېگەن ئۇقۇمدىن قورقمىغان بولاتتى، بۇنى چۈشەنگەن بولسا، ئۇلۇغ روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ كولىمىنى بۇرژۇئازىيىنىڭ كولىمى بىلەن چەكلەپ قويمىغان بولاتتى. بۇنداق ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئابىستىراكىت ماركسىزىملىق، ئىنقىلاۋىي ئىبارىلىرىنى ماركسىزىمغا قارشى ۋە ئىنقىلاپقا قارشى كونكىرېت قارارلىرى بىلەن رەت قىلىپ تاشلايدۇ.

دېخانلارنىڭ غەلىبىلىك روسىيە ئىنقىلاۋىدىكى رولىنى ھەققىي يوسۇندا چۈشەنگەن كىشى بۇرژۇئازىيە چېكىنىپ چىقىپ كەتسە

ئىنقىلاپىنىڭ كولىمى تارىيىپ كېتىدۇ دەپ ئېيتالمايدۇ. چۈنكى ئەمەلىيەتتە بۇرژۇئازىيە چېكىنىپ چىقىپ كېتىپ، دېھقانلار ئاممىسى ئاكتىپ ئىنقىلاپچى سۈپىتىدە پرولېتارىيات بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇپ كۈرەش قىلغان چاغدىلا، روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ كولىمى ھەقىقى تۈردە راۋاجلىنىشقا باشلايدۇ؛ پەقەت شۇ ۋاقىتتىلا، بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋى دەۋرىدە مۇمكىن بولىدىغان ھەقىقى كەڭ ئىنقىلاپ كولىمى مەيدانغا كېلىدۇ. بىزنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاۋىمىزنى ئاخىرىغىچە قەتئى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بۇرژۇئازىيىنىڭ تەبىي شاللاقلىقىغا يول قويمايدىغان كۈچلەرگە (يەنى "بۇرژۇئازىيىنى چېكىنىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىش"نى، «ئۈچقۇن» گېزىتىنىڭ كاۋكازلىق مۇرىتلىرىنى كالتا ئويلاشلىرى ئارقىسىدا بۇ ئىشتىن قورقۇپ كېتىدىغان دەرىجىگە يەتكۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغان كۈچلەرگە) تايىنىشى كېرەك.

پرولېتارىيات مۇستەبىتلىكنىڭ قارشىلىغىنى زورلۇق بىلەن يانچىپ تاشلاش ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ تۇراقسىزلىغىغا يول بەرمەسلىك ئۈچۈن، دېھقانلار ئاممىسىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، دېموكراتىك ئىنقىلاپنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىشى كېرەك. پرولېتارىيات بۇرژۇئازىيىنىڭ قارشىلىغىنى زورلۇق بىلەن يانچىپ تاشلاش ۋە دېھقانلار بىلەن ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ تۇراقسىزلىغىغا يول بەرمەسلىك ئۈچۈن، ئاھالىنىڭ ئىچىدىكى يېرىم پرولېتار ئاممىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كېرەك. پرولېتارىياتنىڭ ۋەزىپىلىرى ئەنە شۇلار، يېڭى ئۈچقۇنچىلار بولسا ئىنقىلاپنىڭ كولىمى توغرىسىدىكى ھەممە مۇھاكىمە ۋە قارارلىرىدا بۇ ۋەزىپىلەرگە ئىنتايىن تار قارايدۇ.

كىشىلەر ئىنقىلاپنىڭ "كولىمى" توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزگەندە كوپىنچە سەل قاراپ قويىدىغان بىر ئەھۋالنى ھەرگىز ئەستىن چىقى-

رىپ قويماسلىق كېرەك. مۇنازىرىنىڭ تۈگۈنى ۋەزىپىنىڭ قىيىنلىقىدا ئەمەس، بەلكى بۇ ۋەزىپىنى قايسى يول بىلەن بېجىرىشتە ئىكەنلىگىنى ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىق كېرەك. مۇنازىرىنىڭ تۈگۈنى ئىنقىلاپنىڭ كولمىنى ئىنتايىن ھەيۋەتلىك ۋە يېڭىلمەس دەرىجىسىگىچە كېڭەيتىش ئاسانمۇ ياكى قىيىنمۇ دىگەن مەسىلىدە ئەمەس، بەلكى قانداق قىلىپ ئىنقىلاپنىڭ كولمىنى كېڭەيتىش كېرەكلىگىدە. پىكىر ئىختىلاۋى دەل ھەرىكەتنىڭ تۈپ خاراكتىرى توغرىسىدا، ھەرىكەتنىڭ يۆنىلىشى توغرىسىدا بولۇۋاتىدۇ. بىزنىڭ بۇ نۇقتىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، بەزى ئىجتىھاتسىز ۋە سەممىيەتسىز كىشىلەر ھەمىشە بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى مەسىلىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ: بۇنىڭ بىرى، يولنىڭ يۆنىلىشى توغرىسىدىكى مەسىلە يەنى بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى يولدىن بىرسىنى تاللىۋېلىش مەسىلىسى؛ يەنە بىرى، تاللىۋېلىنغان يولدا مەقسەتكە ئاسان يېتىشكە بولۇش-بولماسلىق ياكى تېز ئارىدا يەتكىلى بولۇش-بولماسلىق مەسىلىسى.

بىز يۇقۇرىدا كېيىنكى مەسىلە ئۈستىدە زادىلا توختالمىدۇق، چۈنكى بۇ مەسىلە ئۈستىدە پارتىيىمىز ئىچىدە مۇنازىرە ياكى ئىختىلاپ تۇغۇلغىنى يوق. لېكىن، بۇ مەسىلىنىڭ ئۆزى ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە ۋە ھەممە سوتسىيال دېموكراتلارنىڭ جىددى ئېتىۋار بېرىشىگە ئەرزىيدىغان مەسىلە، ئەلۋەتتە. ئاممىنى ھەرىكەتكە جەلپ قىلىش (يالغۇز ئىشچىلار سىنىپى ئاممىسىنىلا ئەمەس، بەلكى دېھقانلار ئاممىسىنىمۇ جەلپ قىلىش) ئىشىدىكى تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى ئۇنتۇش يول قويۇپ بولمايدىغان ئۈمىتۋارلىق بولىدۇ. دەل مۇشۇ قىيىنچىلىقلار دېموكراتىك ئىنقىلاپنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش يولىدىكى تىرىشچانلىقلارنى كۆپ قېتىم نابۇت قىلىۋەتتى، شاللاق ۋە شەخسىيەتچى بۇرژۇئازىيىنى بولسا ئەڭ زور مەنپەئەتكە ئېرىشتۈردى: بۇرژۇ-

ئازىيە ھەم پادىشالىق تۈزۈم ئارقىلىق خەلققە تاقابىل تۇرىدىغان "دەسمايە"گە "ئېرىشتى"، ھەم لىبېرالىزىمنىڭ......ياكى "ئازاتچىلار" نىڭ "پاك"لىقىنى "ساقلاپ قالدى". لېكىن قىيىنچىلىق بار دىگەنلىك ھەرگىز ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ دىگەنلىك ئەمەس. مۇھىمى يولنىڭ توغرا تاللانغانلىقىغا ئىشىنىش، بۇنداق ئىشەنچ ئىنقىلاۋىي جاسارەت ۋە ئىنقىلاۋىي قىزغىنلىقنى يۈز ھەسسىلەپ كۈچەيتىدۇ، بۇنداق ئىنقىلاۋىي جاسارەت ۋە ئىنقىلاۋىي قىزغىنلىق بولغاندا موجىزە ياراتقىلى بولىدۇ.

يول تاللاش مەسىلىسىدە بۈگۈنكى سوتسىيال دېموكراتلار ئارىسىدا چىققان ئىختىلاپلارنىڭ ئېغىرلىقى قانچىلىك دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىگە كەلسەك، بۇنى كاۋكاز يېڭى ئۇچقۇنچىلىرىنىڭ قارارى بىلەن روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى 3-قۇرۇلتىينىڭ قارارىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغانلا بولساق دەل كۆرۈۋالالايمىز. قۇرۇلتاي قارارى: بۇرژۇئازىيە شاللاقلىق قىلىدۇ، ئۇ چوقۇم ئىنقىلاپ مۇۋەپپەقىيىتىمىزنى قولىمىزدىن تارتىپ ئېلىشقا تىرىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىشچى يولداشلار، تېخىمۇ تىرىشچانلىق بىلەن كۈرەشكە تەييارلىنىڭلار، قورالىنىڭلار، دېھقانلارنى ئۆز تەرىپىڭلارغا جەلپ قىلىڭلار. بىز ئىنقىلاپ مۇۋەپپەقىيىتىمىزنى شەخسىيەتچى بۇرژۇئازىيىگە ھەرگىز كۈرەشسىز تۇتقۇزۇپ قويمايمىز دەيدۇ. كاۋكاز يېڭى ئۇچقۇنچىلىرىنىڭ قارارى: بۇرژۇئازىيە شاللاقلىق قىلىدۇ، ئۇ ئىنقىلاپتىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىشچى يولداشلار، سىلەر ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە قاتنىشىشنى زادىلا ئويلىماڭلار، بولمىسا بۇرژۇئازىيە چوقۇم چېكىنىپ چىقىپ كېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىنقىلاپنىڭ كولىمى تارىيىپ كېتىدۇ! دەيدۇ.

بىر قارار: شاللاق بۇرژۇئازىيىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى ياكى پاسسىپلىق قىلىشىغا قارىماي، ئىنقىلاپنى ئالغا سۈرۈڭلار، ئاخىرغىچە

سىلجىتىڭلار، دەيدۇ.

يەنە بىر قارار: سىلەر ئىنقىلاپنى ئاخىرغىچە مۇستەقىل ئېلىپ بېرىشنى زادىلا ئويلىماڭلار، بولمىسا شاللاق بۇرژۇئازىيە ئىنقىلاپتىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىدۇ، دەيدۇ.

بۇ تۈپتىن قارىمۇ-قارشى بولغان ئىككى يول ئەمەسمۇ؟ بۇ ئوت بىلەن سۇدەك زادىلا سىغىشالمايدىغان ئىككى خىل تاكتىكا ئەمەسمۇ؟ بىرىنچى تاكتىكا ئىنقىلاۋىي سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ بىردىن-بىر توغرا تاكتىكىسى، ئىككىنچى تاكتىكا بولسا ماھىيەتتە پۈتۈنلەي ئازاتچىلارنىڭ تاكتىكىسى، بۇ شۇنداق ئوچۇق تۇرمامدۇ؟

13

خۇلاسە. غەلىبە قىلىشقا جۈرئەت قىلالايمىزمۇ؟

روسىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئىچىدىكى ئەمەلىي ئەھۋالنى ئانچە بىلمەيدىغان ياكى بىزنىڭ ئىقتىساتۋازلىق مەزگىلىدىن بۇيانقى پارتىيە ئىچىدىكى كۈرەشىمىزنىڭ ئومۇمى تارىخىنى بىلمەي تۇرۇپ سىرتتىن ھوكۇم چىقىرىدىغانلار ھازىر (بولۇپمۇ 3-قۇرۇلتايدىن كېيىن) روشەن بولۇپ قالغان تاكتىكىلىق ئىختىلاپلاردىن سوز ئاچقاندىمۇ ھامان ھەرقانداق بىر دولەتنىڭ سوتسىيال دېموكراتىك ھەرىكىتىدە تەبىي ۋە مۇقەررەر بولغان، ئۇزئارا پۈتۈنلەي كېلىشەلەيدىغان ئىككى خىل خاھىش بولىدۇ دەپلا تۇگىشىدۇ. ئۇلارچە، بىر تەرەپ ئادەتتىكى، كوز ئالدىدىكى، كۈندىلىك خىزمەتنى، تەشۋىقات ۋە تەرغىبات خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش كېرەكلىگىنى، كۈچ تەييارلاپ، ھەرىكەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەكلىـ

گىنى ۋە باشقىلارنى ئالاھىدە تەكىتلىگەنىدەكمىش: يەنە بىر تەرەپ، ھەركەتنىڭ جەڭگىۋار، ئومۇمى سىياسى، ئىنقىلاۋىي ۋەزىپىلىرىنى تەكىتلەپ، قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ زورۇرلۇگىنى كورسىتىپ، ئىنقىلاۋىي دېموكىراتىك دىكتاتۇرا ۋە ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەت شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغۇدەكمىش. مەيلى قايسى تەرەپ بولسۇن تولىمۇ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىگى كېرەكمىش، مەيلى قەيەردە بولسۇن (دۇنيانىڭ ھەرقانداق بىر جايىدىكىگە ئوخشاشلا) بىر قۇتۇپقا كېتىپ قېلىش يارىماسمىش ۋاھاكازالار.

بۇنداق مۇھاكىمىلەردە جاھاندارچىلىق (ۋە تىرناق ئىچىدىكى "سىياسى") سىرلىرىغا ياتىدىغان ئەرزان باھالىق ھەقىقەتلەرنىڭ بارلىغىدا گۇمان يوق، لېكىن بۇنداق ھەقىقەتلەر ھەمىشە كىشىلەرنىڭ پارتىيىنىڭ زورۇر ۋە جىددى ئېھتىياجلىرى توغرىسىدىكى بىلمەسلىگىنى يېپىشقا ئىشلىتىلىدۇ. روسىيە سوتسىيال دېموكىراتلىرى ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تاكتىكىلىق ئىختىلاپلارنى ئېلىپ ئېيتايلى. يېڭى ئۇچقۇنچىلار تاكتىكا مەسىلىسى ئۇستىدە توختالغانلىرىدا كۇندىلىك ئاددى خىزمەتلەرنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ، بۇنىڭ ئوزى، ئەلۋەتتە، ھېچقانداق خەۋپ تۇغدۇرالمايدۇ، تاكتىكىلىق شوئار جەھەتتە ھېچقانداق ئىختىلاپ تۇغدۇرالمايدۇ. ئەمما، روسىيە سوتسىيال دېموكىراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى 3-قۇرۇلتىيىنىڭ قارارى بىلەن ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قارارىنى سېلىشتۇرۇپ باقىدىغانلا بولساق، بۇنداق ئىختىلاپنى دەرھال كورۇۋالالايمىز.

مەسىلە زادى قەيەردە؟ مەسىلە شۇ يەردىكى، بىرىنچىدىن، ھەركەتتە ئىككى ئېقىمنىڭ بارلىغىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ بىر قۇتۇپقا كېتىپ قېلىشىنىڭ زىيىنىنى تومتاق ۋە ئابستراكت ھالدا دەپ قويۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ. نوۋەتتىكى ھەركەتنىڭ ھازىرقى مەزگىلدە قانداق ئاجىزلىقلىرى بارلىغىنى، پارتىيە ئۇچۇن

ھازىرقى ھەقىقىي سىياسىي خەۋپىنىڭ زادى قەيەردە ئىكەنلىكىنى كونكرېت بىلىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، بىزنىڭ مەلۇم تاكتىكىلىق شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز (بەلكىم بىزدە مەلۇم شوئارلارنىڭ كەم بولۇشى) ئارقىسىدا قايسى رىيال سىياسىي كۈچلەرنىڭ پايدا ئالىدىغانلىقىنى بىلىش كېرەك. ئەگەر سىلەر يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ گېپىگە ئىشەنسەڭلار، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى تەشۋىقات-تەرغىبات خىزمىتىدىن، ئىقتىسادىي كۈرەشتىن ۋە بۇرژۇئا دېموكرا-تىيىچىلىرىنى تەنقىد قىلىش خىزمىتىدىن ۋازكېچىپ، ھەربىي تەييارلىق، قورallıق ھۇجۇم، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارغا ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلىپ كېتىش خەۋپىگە دۇچكەپتۇ، دەيدىغان خۇلاسىنى چىقىرىسىلەر. ئەمىلىيەتتە، پارتىيە ئۇچۇن ھەقىقىي خەۋپ پۈتۈنلەي باشقا بىر تەرەپتىن تۇغۇلماقتا. ھەركەتنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئاز-پاز تونۇشلۇغى بولغان، ھەركەتنىڭ ئەھۋالىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ۋە كوڭۇل قويۇپ كۈزەتكەن كىشىلەر-نىڭ ھەممىسى يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ بۇنداق ئەنسىرەشلىرىنىڭ كۈلكىلىك تەرەپلىرىنى كورمەي قالمايدۇ. روسىيە سوتسىيال دېموك-راتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ ھەممە خىزمىتى پۈتۈنلەي مۇقىم-لىشىپ كەتكەن بىر قېلىپقا سېلىنغان، بۇ قېلىپ خىزمەتنىڭ مۇھىم مەركىزىنى تەشۋىقات ۋە تەرغىباتقا، چاقىرىق يىغىنلار ۋە ئاممىۋى يىغىنلارغا، تەشۋىقات ۋاراقىلىرى ۋە كىتابچىلار تارقىتىشقا، ئىقتىسا-دىي كۈرەشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئىقتىسادىي كۈرەش شوئارلىرىنى ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويۇشقا مەركەزلەشتۈرۈشكە مۇتلەق كاپالەتلىك قىلالايدۇ. 90-يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىلا بەلگىلەنگەن بۇ ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلىش ئۇچۇن پۈتۈن زېھنى، كۈچى ۋە ۋاقتىنىڭ 99 پىرسەنتىنى داۋاملىق سەرپ قىلمىغان بىرەرمۇ پارتىيە كومىتېتى، بىرەرمۇ رايونلۇق كومىتېت، بىرەرمۇ مەركىزىي يىغىن، بىرەرمۇ

زاۋۇت گۇرۇپپىسى يوق. پەقەت ھەركەت ئەھۋالىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز كىشىلا بۇنى بىلمەيدۇ. پەقەت ناھايىتى گودەك ياكى ئەھۋالدىن خەۋەرسىز كىشىلا يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ كونا ئىشلارنى رەسمىي بىر ئىش قىلىپ ئالاھىدە تەكرارلاشتەك تەيرەڭلىرىنى راست دەپ قارايدۇ.

پاكىت شۇكى، بىز قوزغىلاڭنىڭ ۋەزىيەتلىرىگە، ئومۇمىي سىياسىي شوئارلارغا ۋە پۈتكۈل خەلق ئىنقىلاۋىي ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىشقا ئارتۇقچە بېرىلىپ كېتىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، دەل مۇشۇ تەرەپلەردە كوزگە كورۇنەرلىك دەرىجىدە **ئارقىدا قالدۇق**، مانا بۇ — ئەڭ چوڭ ئاجىزلىق، ھەركەتنى ئاينىتىپ ھەقىقىي ئىنقىلاۋىي ھەركەتتىن ئېغىزدىكى ئىنقىلاۋىي ھەركەتكە ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان (ھەمدە بەزى جايلاردا ئايلىنىشقا باشلىدى) رىيال خەۋپ. پارتىيىنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقان يۈزلىگەن، مىڭلىغان تەشكىلات، مۇئەسسەسە ۋە گۇرۇپپىلاردىن ئۆزى بارلىققا كەلگەن ۋاقىتتىن باشلاپلا يېڭى «ئۇچقۇن» گېزىتىدىكى دانىشمەنلەر يېڭى تېپىلغان ھەقىقەت دەپ ئالاھىدە سوزلەپ يۈرگەن كۈندىلىك خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانمىغان بىرەرسىمۇ يوق. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ مۇئەسسەسە ۋە گۇرۇپپىلار-نىڭ پەقەت ناھايىتى ئاز بىر قىسمىلا قوراللىق قوزغىلاڭ ۋەزىپە-لىرىنى چۈشەندى ۋە ئورۇنلاشقا كىرىشتى، چارىزىمغا قارشى پۈتكۈل خەلق ئىنقىلاۋىغا رەھبەرلىك قىلىشنىڭ لازىملىغىنى چۈشەندى، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۇچۇن باشقىچە ئەمەس، دەل شۇنداق ئىلغار شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش زورۇرلۇگىنى چۈشەندى.

بىز ئىلغار ۋە ھەقىقىي ئىنقىلاۋىي ۋەزىپىلەردىن ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە كېيىن قالدۇق، كوپ ھاللاردا، بىز ھەتتا بۇ ۋەزىپىلەرنى تونۇپ يېتەلمىدۇق، بۇ تەرەپتە ئارقىدا قالغانلىغىمىز ۋەجىدىن ئىنقىلاۋىي بۇرژۇئا دېموكراتىيىچىلىرىنىڭ كۈچىيىپ كېتىۋاتقانلىغىنى

كوپىنچە سىزنىۋالالمىدۇق. لېكىن، يېڭى «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ يازغۇچىلىرى ۋەقەنىڭ بېرىشى ھەم ۋەزىيەتنىڭ تەلىۋى بىلەن قىلچە ھېساپلاشماي، كونىنى ئۇنتۇماڭلار! يېڭىغا بېرىلىپ كەتمەڭلار!! دەپ تەرسالىق بىلەن تەكرارلىماقتا. بۇ — ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ ھەممە مۇھىم قارارلىرى ئىچىدىكى ئاساسلىق ۋە ئۆزگەرمەس ئاساسىي تېما، قۇرۇلتاينىڭ قارارلىرىغا بولسا كونا نەرسىنى ئېتىراپ قىلىش (لېكىن ئۇ ھەل بولغان ھەممىدە مەتبۇئات، قارار ۋە تەجرىبىلەردە قارارلىشىپ بولغان كونا نەرسە بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ئۇنى تەكرار-تەكرار سوزلەۋەرمەسلىك)، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە يېڭى ۋەزىپىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە بۇ يېڭى ۋەزىپىلەرگە ئەھمىيەت بېرىش، يېڭى شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش، ھەقىقى ئىنقىلاۋىي سوتسيال دېموكراتلاردىن بۇ يېڭى شوئارلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا دەرھال ئىشقا كىرىشىشنى تەلەپ قىلىش، دېگەن ئىدىيە باشتىن-ئاخىر سىڭدۇرۇلگەن.

سوتسيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ تاكتىكا جەھەتتىن ئىككى گۇرۇھقا بولۇنگەنلىكى مەسىلىسى، ئەمەلىيەتتە ئەنە شۇنداق. ئىنقىلاۋىي دەۋر پۇتۇنلەي قارغۇلارلا كورەلمەيدىغان يېڭى ۋەزىپىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بىر قىسىم سوتسيال دېموكراتلار بۇ ۋەزىپىلەرنى قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنى كۈنتەرتىپكە قويۇپ: قورالىق قوزغىلاڭنى قىلچە كېچىكتۇرۇپ بولمايدۇ، ئۇنىڭغا دەرھال تەييارلىق كورۇش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىش كېرەك، ئۇنىڭ ئۇزۇل-كېسىل غەلىبە قىلىشىتا زورۇر ئىكەنلىكىنى ئەستە تۇتۇش كېرەك، جۇمھۇرىيەت، ۋاقىتلىق ھوكۇمەت ۋە پرولېتارىيات بىلەن دېخانلارنىڭ ئىنقىلاۋىي دېموكراتىك دىكتاتورىسى ھەققىدىكى شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك، دېمەكتە. يەنە بىر قىسىم سوتسيال دېموكراتلار بولسا ئارقىغا شوخشۇپ، بىر ئىزدا تېپىر-

لاپ، شوئارلارنى قويۇش ئورنىغا ھە دەپ كىرىش سوزلەرنى سوزلەش بىلەن ئاۋارە بولماقتا، كونا نەرسىنى ئېتىراپ قىلىشتىن سىرت يەنە يېڭى نەرسىلەرنى كورسىتىپ بېرىشنىڭ ئورنىغا، بۇنداق كونا نەرسىلەرنى بولۇشىچە ۋە تېتىقسىزلىق بىلەن قايتا-قايتا چاينىماقتا، يېڭى نەرسىنى تۈرلۈك چارىلەر بىلەن بىر چەتكە قايرىپ قويماقتا، ئۇلار ئۈزۈل-كېسىل غەلىبە قىلىشنىڭ شەرتلىرىنى بەلگىلەيەلمەيدۇ، تولۇق غەلىبە قىلىش ئارزۇسىغا يېتىشكە بىردىن-بىر مۇۋاپىق كېلىدىغان شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويالمايدۇ.

بىزدە بۇنداق قۇيرۇقچىلىقنىڭ سىياسى جەھەتتىكى نەتىجىسى كورۇلدى. روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىدىكى "كوپ سانلىقلار" ئىنقىلاۋىي بۇرژۇئا دېموكراتىيىچىلىرى بىلەن يېقىنلاشماقتا دىگەن پىتنە-پاساتلار بەرىبىر پىتنە-پاساتتىن باشقا نەرسە ئەمەس، چۈنكى بۇنداق پىتنە-پاساتنى دەلىللەپ بېرەلەيدىغان بىرەر سىياسى پاكىت، "بولشېۋىك" لەرنىڭ بىرەر نوپۇزلۇق قارارى، روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى 3-قۇرۇلتىيىنىڭ بىرەر ھەركىتى يوق. يەنە بىر تەرەپتىن، «ئازاتلىق» ژورنىلى ۋەكىللىگىدىكى ئاغمىچى پادىشاپەرەس بۇرژۇئازىيە يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ "پىرىنسىپال" يۈزلىنىشىنى خېلى بۇرۇنلا قارشى ئالغان ئىدى، ھازىر، توغرىدىن-توغرا ئۇلارنىڭ سۈيى بىلەن ئوز تۈگمىنىنى چۆگىلەتمەكتە، ئۇلارنىڭ ھەممە سوز ۋە ئاتالمىش "ئىدىيە" لىرىدىن پايدىلىنىپ "مەخپى پائالىيەت" ۋە "توپىلاڭ" غا قارشى تۇرماقتا، ئىنقىلاپنىڭ تېخنىكا جەھەتىنى مۇبالىغە قىلىشقا، قوراللىق قوزغىلاڭ شوئارىنى بىۋاستە ئوتتۇرىغا قويۇشقا، چېكىدىن ئاشقان تەلەپلەرنى قويىدىغان "ئىنقىلاپچىلىق" قا ۋاھاكازالارغا قارشى تۇرماقتا. كاۋكازدىكى "مېنشېۋىك" سوتسىيال دېموكراتلارنىڭ پۈتۈن بىر ۋەكىللەر يىغىنى ماقۇللىغان قارار ھەمدە يېڭى «ئۇچقۇن»

گېزىتى تەھرىر بولۇمىنىڭ بۇ قارارنى ماختىغانلىقى مانا بۇلار توغرىسىدا تازا ئوچۇق سىياسى خۇلاسىنى، يەنى: پۇرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي دېموكراتىك دىكتاتۇرىغا قاتنىشىشى سەۋەبىدىن بۇر-ژۇئازىيە چېكىنىپ چىقىپ كېتىدىغان بولۇپ قالمىسۇن! دېگەن خۇلاسىنى چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن ھەممە سىر ئېچىپ تاشلاندى. بۇنىڭ بىلەن پۇرولېتارىياتنى پادىشاپەرەس بۇرژۇئازىيىنىڭ قۇيرۇغىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇش ئاخىرقى ھىساپتا بەلگىلەندى. بۇنىڭ بىلەن يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ قۇيرۇقچىلىغىنىڭ **سىياسى ئەھمىيىتى** ئەمىلىيەتتە مەلۇم بىر ئادەمنىڭ تاسادىپى باياناتى بىلەن ئەمەس، بەلكى پۈتۈن گۇرۇھ ئالاھىدە ماختىغان قارار بىلەن ئىسپاتلاندى.

كىمكى بۇ پاكىتنى ئوبدان ئويلاپ كۆرسە، ئۇ سوتسيال دېموكراتىك ھەركەتتە ئىككى تەرەپ ۋە ئىككى تۈرلۈك يۈزلىنىش بار دېگەن تارقالما گەپلەرنىڭ ھەقىقى مەنىسىنى چۈشىنىۋالالايدۇ. بۇ ئىككى تۈرلۈك يۈزلىنىشنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە تەتقىق قىلىش ئۈچۈن بېرنشتېينچىلارنى ئېلىپ كۆرەيلى. بېرنشتېينچىلار پۇرولېتارىياتنىڭ ھەقىقى ئېھتىياجىنى پەقەت بىزلا بىلىمىز، پۇرولېتارىياتنىڭ كۈچىنى تەرەققى قىلدۇرۇش، ھەممە خىزمەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، يېڭى جەمىيەتنىڭ ئامىللىرىنى تەييارلاش ۋە تەشۋىقات ھەم تەرغىبات قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئېلىپ بېرىشنى پەقەت بىزلا بىلىمىز، دەپ بىر قېلىپتا دەۋا قىلىپ كەلدى. بىز بار نەرسىنى ئوچۇق-ئاشكارا ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلىمىز! — دەيدۇ بېرنشتېين ھەم شۇنىڭ بىلەن "ئاخىرقى مەقسەدى" **بولمىغان** "ھەرىكەت" نى كۆككە كۆتىرىدۇ، نوقۇل مۇداپىئە كۆرۈش تاكتىكىسىنى كۆككە كۆتىرىدۇ، "بۇرژۇئازىيە چېكىنىپ چىقىپ كېتىپ قالمىسۇن" دېگەن قورقۇنچاقلىق تاكتىكىسىنى تەرغىپ قىلىدۇ. بېرنشتېينچىلار ئىنقىلاۋىي سوتسيال دېموكراتلارنىڭ "ياكوبىنچىلىغى" نىمۇ،

"ئىشچىلارنىڭ تەشەببۇسكارلىغى"نى بىلمەيدىغان "يازغۇچىلار"نىمۇ ۋە باشقىلارنىمۇ ئاغزىغا كەلگىنىچە تىللىغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئىنقىلاۋىي سوتسىيال دېموكراتلارنىڭ كۆندىلىك ئۇششاق خىزمەتلەردىن، كۆچ تەييارلاش خىزمىتىدىن ۋە باشقا خىزمەتلەردىن ۋازكېچىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانلىغى ھەممىگە ئايان. ئۇلار پەقەت ئاخىرقى مەقسەتنى ئۇچۇق بىلىشنى، ئىنقىلاۋىي ۋەزىپىلەرنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەلەپ قىلدۇ؛ ئۇلار پۈرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي سەۋىيىسىنى "بۇرژۇئازىيە چېكىنىپ چىقىپ كېتىپ قالامسۇن" دەيدىغان ئاغمىچىلىقچە قاراشقا چۈشۈرۈپ قويۇشنى ئەمەس، بەلكى يېرىم پۈرولېتارلار تەبىقىسى ۋە يېرىم ئۇششاق بۇرژۇئازلار تەبىقىسىنى پۈرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي سەۋىيىسىگە كۆتىرىشنى ئويلايدۇ. Dürfen wir siegen? "غەلىبە قىلىشقا جۈرئەت قىلالايمىزمۇ؟" غەلىبە قىلىشىمىزغا يول قويۇلامدۇ؟ غەلىبە قىلىشىمىزدا خەۋپ-خەتەر بارمۇ؟ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزگە تېگىشلىكمۇ-يوقمۇ؟ — بۇ مەسىلىلەر پارتىيە ئىچىدىكى زىيالى ئاغمىچىلار بىلەن پۈرولېتارىيات ئىنقىلاپچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئىختىلاپنى تازا گەۋدىلىك ئىپادىلەپ بەردى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ سوئاللار قارىماققا ناھايىتى غەلىتە كورۇنگىنى بىلەن، ھەقىقەتەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەلكى ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى كېرەك ئىدى، چۈنكى ئاغمىچىلار غەلىبىدىن قورقاتتى، پۈرولېتارىياتقا ھەيۋە قىلىپ، پۈرولېتارىياتنى غەلىبە قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان قىلىپ قويماقچى بولغان، غەلىبە تۇرلۇك بەختسىزلىكلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ ھوكۇملىق قىلىشىپ، غەلىبە قىلىشقا بىۋاستە چاقىرىلغان شوئارنى مەسخىرە قىلغان ئىدى.

ئاساسەن زىيالىلارچە ئاغمىچىلىق ۋە پۈرولېتارىياتچە ئىنقىلاۋىلىق دەپ ئايرىش بىزدىمۇ بار، لېكىن بۇنىڭدا ئىنتايىن مۇھىم بىر

پەرق باركى، بۇ يەردە گەپ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى دېموكراتىك ئىنقىلاپ ئۈستىدە بولۇۋاتىدۇ. بىزدىمۇ قارىماققا ناھايىتى بىمەنىدەك تۇيۇلىدىغان: ”غەلىبە قىلىشقا جۈرئەت قىلالايمىزمۇ؟“ دېگەن سوئال قويۇلدى. بۇ سوئالنى مارتىنوۋ ئۆزىنىڭ «ئىككى خىل دىكتاتۇرا» دېگەن كىتاۋىدا ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇ شۇ كىتاۋىدا: ئەگەر بىز قوزغىلاڭغا ئوبدان تەييارلىق كۆرىدىغان ھەمدە قوزغىلاڭنى تازا ئۇتۇقلۇق ئىشقا ئاشۇرىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا، تۈرلۈك بەختسىزلىكلەرگە يولۇقىمىز، دەپ ھۆكۈمالىق قىلغان. بۇ سوئال يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەت توغرىسىدىكى بارلىق ھۆججەتلىرىدىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان، شۇنىڭدەك ئۇلار ھەمىشە مىلېراننىڭ بۇرژۇئا ئاغمىچى ھۆكۈمەتكە قاتناشقانلىقى بىلەن ۋارلىننىڭ[248] ئۇششاق بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمىتىگە قاتناشقانلىقىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە كۆچەپ تىرىشتى، گەرچە مەقسىدىگە يېتەلمىگەن بولسىمۇ. بۇ سوئال ”بۇرژۇئازىيە چېكىنىپ چىقىپ كېتىپ قالمىسۇن“ دېگەننى تەشەببۇس قىلغان قارار بىلەن قارارلاشتۇرۇلدى. ئەمدى كائۇتسكى بىزنىڭ ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەت مەسىلىسى ئۈستىدىكى مۇنازىرىمىزنى تېخى ئۆلتۈرۈلمىگەن ئېيىقنىڭ تېرىسىنى تالاشقانغا ئوخشاش دەپ مەسخىرە قىلىپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەسخىرە ھەتتا ئەقىللىق ۋە ئىنقىلاۋىي سوتسىيال دېموكراتلارنىڭمۇ، مىش-مىش گەپلەردىنلا بىلىۋالغان ئىشلار ئۈستىدە سۆزلەپ يۈرۈشىدىغان بولسا، قېيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنىلا كۆرسىتىپ بېرىدۇ. گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلىرى ئېيىقنى ئۆلتۈرۈش (سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش) تىن خېلى يىراقتا تۇرۇپتۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ ئېيىقنى ئۆلتۈرۈشكە ”جۈرئەت قىلىش-قىلالماسلىق“ توغرىسىدىكى مۇنازىرىسى پرىنسىپ ۋە سىياسى ئەمەلىيەت جەھەت-

لەردىن غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالدى. روسىيە سوتسىيال دېموكراتلىرى "ئۆزىنىڭ ئېيىغىنى ئۆلتۈرۈش" كە قادىر بولۇش (دېموكراتىك ئىنقىلاپنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش) تىن خېلى يىراقتا تۇرۇپتۇ، لېكىن بىز بۇ ئېيىقنى ئۆلتۈرۈشكە "جۈرئەت قىلالايمىزمۇ" دىگەن مەسىلە روسىيىنىڭ پۈتكۈل ئىستىقبالى ئۈچۈن ۋە روسىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەگەر بىزدە غەلىبە قىلىشقا "جۈرئەت قىلىدىغان" ئىشەنچ بولمىسا، ئارمىيىنى تىرىشچانلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك بىلەن توپلاش ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىش توغرىسىدا سوز ئېچىشىمىز ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

بىزدىكى كونا ئىقتىساتۋازلارنى ئالايلى. ئۇلارمۇ بىزنىڭ مۇخالىپلىرىمىز سۇيىقەستچىلەر، ياكوبىنچىلار («ئىشچىلار ئىشى» ژورنىلىغا بولۇپمۇ بۇ ژورنالنىڭ 10 ـ سانىغا ۋە مارتىنوۋنىڭ 2 ـ قۇرۇلتايدا پارتىيە پۇروگىراممىسىنى مۇزاكىرە قىلغاندا سوزلىگەن نۇتقىغا قارالسۇن)، بۇلار سىياسىغا بېرىلىپ كېتىپ ئاممىدىن ئايرىلىپ قالدى، ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ ئاساسىنى ئۇنتۇپ قالدى، ئىشچىلارنىڭ تەشەببۇسكارلىقىغا ئېتىۋار بەرمىدى، ئاقلەي ـ كوكلەي دەپ كارنىيى يىرتىلغىچە ۋاقىراشقان ئىدى. ئەمىلىيەتتە، "ئىشچىلارنىڭ تەشەببۇسكارلىقى"نى ياقلىغۇچى بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ پۇرولېتارىياتنىڭ ۋەزىپىلىرىگە بولغان تار ۋە چاكىنا چۈشەنچىلىرىنى ئىشچىلارغا تاڭدىغان زىيالى ئاغمىچىلار ئىدى. ئەمىلىيەتتە، كونا «ئۇچقۇن» گېزىتىدىن ئىقتىساتۋازلىققا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ خىزمىتىدىكى ھەرقانداق بىر تەرەپتىن ۋازكەچمىگەنلىگىنى ياكى ئۇنىڭغا سەل قارىمىغانلىغىنى، ئىقتىسادىي كورەشنى قىلچە ئۇنتۇمىغانلىغىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە نۆۋەتتىكى جىددى سىياسى ۋەزىپىلەرنى ئىمكان قەدەر كەڭ كولەمدە

ئۇتتۇرىغا قويۇشقا ماھىر بولغانلىغىنى، ئىشچىلار پارتىيىسىنى لىبېرال
بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ”ئىقتىسادىي“ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشقا
قارشى تۇرغانلىغىنى ھەرقانداق كىشى كورۇۋالالايدۇ.

ئىقتىساتۋازلار سىياسى بولسا ئىقتىساتنى ئاساس قىلىدۇ دىگەن
قائىدىنى سۇدەك يادلىۋېلىپ، بۇ قائىدىنى سىياسى كۈرەشنى ئىقتىسا-
دىي كۈرەش دەرىجىسىگە چۈشۈرۈش كېرەك دىگەن مەنىدە ”چۈشەن-
گەن“ ئىدى. يېڭى ئۇچقۇنچىلار دېموكراتىك ئىنقىلاپ ئۆزىنىڭ
ئىقتىسادىي ئاساسىدىن ئېيتقاندا بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى دىگەن قائىدىنى
سۇدەك يادلىۋالىدۇ-دە، بۇ قائىدىنى پۇرولېتارىياتنىڭ دېموكراتى-
زىملىق ۋەزىپىلىرىنى بۇرژۇئاچە موتىدىللىك سەۋىيىسىگە چۈشۈرۈش
كېرەك، ”بۇرژۇئازىيە چېكىنىپ چىقىپ“ كەتمەيدىغان دەرىجىگە
چۈشۈرۈش كېرەك دىگەن مەنىدە ”چۈشىنىدۇ“. ئىقتىساتۋازلار خىز-
مەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش دىگەن ۋىۋىسكىنى، ئىشچىلارنىڭ تەشەب-
بۇسكارلىغى ۋە ساپ سىنىپىي سىياسەت دىگەن ۋىۋىسكىنى كوتىرى-
ۋېلىپ، ئەمىلىيەتتە ئىشچىلار سىنىپىنى لىبېرال بۇرژۇئازىيە سىياسى-
چىلىرىنىڭ ئىلكىگە كىرگۈزۈپ قويىغان يەنى پارتىيىنى ئوبېكتىپ
مەنىسى دەل شۇنداق بولغان يولغا تارتقان ئىدى. ھازىر يېڭى
ئۇچقۇنچىلارمۇ خۇددى شۇ ۋىۋىسكىنى كوتىرىۋېلىپ، ئەمىلىيەتتە
پۇرولېتارىياتنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاپتىكى مەنپەئەتىنى بۇرژۇئازى-
يىگە ساتماقچى يەنى پارتىيىنى ئوبېكتىپ مەنىسى دەل شۇنداق بولغان
يولغا تارتماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئىقتىساتۋازلار سىياسى كۈرەشكە رەھ-
بەرلىك قىلىش سوتسىيال دېموكراتلارنىڭ ئىشى ئەمەس، بەلكى
لىبېراللارنىڭ زىممىسىدىكى ئىش دەپ ھىساپلىغان ئىدى. يېڭى
ئۇچقۇنچىلار دېموكراتىك ئىنقىلاپنى پائال ئەمەلگە ئاشۇرۇش سوت-
سىيال دېموكراتلارنىڭ ئىشى ئەمەس، بەلكى دېموكراتىيىچى بۇر-
ژۇئازىيىنىڭ زىممىسىدىكى ئىش، چۈنكى پۇرولېتارىياتنىڭ رەھبەر-

لىگى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىك قىلىش رولىنى ئوينىغۇچى سوپەتتە قاتنىشىشى ئىنقىلاپنىڭ "كولىمىنى تارايتىۋېتىدۇ" دەپ ھېساپلىماقتا.

قىسقىسى، يېڭى ئۇچقۇنچىلار ئۇزلىرىنىڭ پارتىيە 2-قۇرۇلتىيىدا كېلىپ چىقىشى جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى ھازىرقى ۋاقىتتا پرولېتارىياتنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاپتىكى تاكتىكىلىق ۋەزىپىلىرىنى قويۇشلىرى جەھەتتىنمۇ ئىقتىساتۋازلىقنىڭ پوشتى ھېساپلىنىدۇ. ئۇلارمۇ پارتىيە ئىچىدىكى زىيالى ئاغمىچىلار. تەشكىلىي جەھەتتە، ئۇلار ئىشنى زىيالىلارنىڭ ھوكۇمەتسىزلىك شەخسىيەتچىلىكى بىلەن باشلاپ، "تەشكىلنى بۇزۇش جەريانى" بىلەن ئاياقلاشتۇردى، ئۇلار ۋەكىللەر يىغىنىدا ماقۇللانغان "نىزامنامە[249]"دە، پارتىيىنىڭ نەشرىيات ئىشلىرىنى پارتىيە تەشكىلىدىن ئايرىۋېتىشنى، ئاساسەن 4 دەرىجىلىك ۋاستىلىك سايلام تۈزۈمىنى، دېموكراتىك ئاساستىكى ۋەكىللەر تۈزۈمىنىڭ ئورنىغا بوناپارتىزىمچە[250] ئومۇمى خەلق ئاۋاز بېرىش تۈزۈمىنى قويۇشنى، ئاخىردا قىسمەنلىك بىلەن ئومۇملىق ئوتتۇرىسىدا "كېلىشىم" تۈزۈش پرىنسىپىنى ئېنىق بەلگىلىدى. پارتىيىنىڭ تاكتىكىسى جەھەتتىمۇ ئۇلار خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش يانتۇلۇقتىن دومىلاپ چۈشتى. ئۇلار "يەرلىك ئاپتونومىيە ھەركىتى پىلانى"دا، يەرلىك ئاپتونومىيىچى زاتلارنىڭ ئالدىدا سوزلەشنى "ئالى شەكىلدىكى نامايىش" دەپ ئاتاپ، سىياسى سەھنىدە پەقەت ئىككى خىل ئاكتىپ كۈچ (9-يانۋار ۋەقەسىنىڭ ھارپىسىدا!) يەنى ھوكۇمەت بىلەن بۇرژۇئازىيە دېموكراتىيىچىلىرى بار دەپ ھېساپلىدى. ئۇلار قوراللىنىشتىن ئىبارەت جىددى ۋەزىپىنى "چوڭقۇرلاشتۇرۇپ"، بۇ بىۋاستە ئەمەلىي شوئارنى ئوزىنى قوراللاندۇرۇش ئارزۇسى بىلەن قوراللىنىش دىگەن چاقىرىقنى ئالماشتۇرۇپ قويدى. ئۇلار قوراللىق قوزغىلاڭ، ۋاقىتلىق ھوكۇمەت، ئىنقىلاۋىي دېموكراتىك دىكتاتۇرا دىگەن ۋەزىپىلەرنى ئوزلىرىنىڭ رەسمىي قارارلىرىدا بۇرمىلىدى ۋە

گاللاشتۇردى. "بۇرژۇئازىيە چېكىنىپ چىقىپ كېتىپ قالمىسۇن" — ئۇلارنىڭ ئاخىرقى قارارىدىكى يەكۈن ئەنە شۇ، بۇ يەكۈن ئۇلارنىڭ يولىنىڭ پارتىيىنى نەگە باشلاپ بارىدىغانلىغىنى ئېنىق ئۇچۇق كورسىتىپ بېرىدۇ.

روسىيىدىكى دېموكراتىك ئىنقىلاپ ئىجتىمائى-ئىقتىسادىي ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى ھىساپلىنىدۇ. بۇ توغرا ماركسىزىملىق قائىدىنى تەكرارلاپ قويۇش بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ. ئۇنى چۈشىنىشكە ماھىر بولۇش كېرەك، ئۇنى سىياسى شوئارلاردا قوللىنىشقا ماھىر بولۇش كېرەك. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ھازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى (يەنى كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى) ئاساسىدىكى ھەممە سىياسى ئەركىنلىك بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەركىنلىگى بولىدۇ. ئەركىنلىك دىگەن بۇ تەلەپ ئالدى بىلەن بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىرى بۇ تەلەپنى بىرىنچى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان. بۇرژۇئازىيە تەرەپدارلىرى ئېرىشكەن ئەركىنلىكتىن ھەممىلا يەردە خوجايىنلىق سالاھىيىتى بىلەن پايدىلىنىدۇ، ئۇنى موتىدىل، تەرتىپلىك بۇرژۇئاچە قېلىپقا سېلىپ، تېچلىق ۋاقىتلىرىدا ئۇنى ئىنقىلاۋىي پرولېتارىياتنى باستۇرىدىغان ئەڭ نازۇك ۋاستىلەر بىلەن، بوران-چاپقۇن ۋاقىتلىرىدا ئۇنى ئىنقىلاۋىي پرولېتارىياتنى باستۇرىدىغان ۋەھشى، ياۋۇز ۋاستىلەر بىلەن ماسلاشتۇرىدۇ.

لېكىن، توپىلاڭنى قۇۋۋەتلەيدىغان نارودنىكلار، ھوكۇمەتسىزلەر ۋە "ئىقتىساتۋازلار"لا موشۇنىڭ بىلەن ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۇرۇش كۇرىشىنى ئىنكار قىلىدۇ ياكى ئۇنىڭغا سەل قارايدۇ. پرولېتارىياتنى زىياللارنىڭ بۇنداق چاكىنا تەلىماتىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلاش پەقەت ۋاقىتلىق ئۇنۇم بېرىدۇ، شۇنداقلا ئۇ پرولېتارىياتنىڭ قارشىلىغىغا ئۇچرايدۇ. پرولېتارىيات سىياسى ئەركىنلىك گەرچە بۇرژۇئا-

زېمىنى بىۋاستە كۈچەيتىدىغان ۋە تەشكىللەيدىغان نەرسە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پۇرولېتارىيات ئۈچۈن ئېھتىياجلىق نەرسە ئىكەنلىكىنى، پۇرولېتارىيات ئۈچۈن ئەڭ ئېھتىياجلىق نەرسە ئىكەنلىكىنى تەبىي ھىس قىلىپ كەلدى. پۇرولېتارىيات ئۆزىنىڭ نىجاتلىق يولى سىنىپىي كۆرەشتىن چەتلەش ئەمەس، بەلكى سىنىپىي كۆرەشنى راۋاجلاندۇرۇش، سىنىپىي كۆرەش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، سىنىپىي كۆرەشتىكى ئاڭلىقلىق، تەشكىللىك ۋە قەتئىيلىكنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت، دەپ قارايدۇ. كىمكى سىياسى كۆرەش ۋەزىپىلىرىگە سەل قارايدىكەن، ئۇ خەلقنىڭ ۋەكىلى بولغان سوتسىيال دېموكراتلارنى ئىشچىلار بىرلەشمىسىنىڭ شۇجىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان بولىدۇ. كىمكى پۇرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاپتىكى ۋەزىپىلىرىگە سەل قارايدىكەن، ئۇ خەلق ئىنقىلاۋىنىڭ يولباشچىسى بولغان سوتسىيال دېموكراتلارنى ئەركىن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كاتىۋىشىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان بولىدۇ.

ھە شۇنداق، **خەلق** ئىنقىلاۋى. سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى بۇرژۇئا دېموكراتىيىچىلىرىنىڭ خەلق دېگەن سۆزنى قالايمىقان ئىشلىتىشىگە قارشى تامامەن ھەقلىق كۆرەش قىلىپ كەلدى ۋە قىلىۋاتىدۇ. ئۇ خەلق ئىچىدىكى سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىق ئۈستىدىكى نادانلىقنى بۇ سۆز بىلەن پەردىلىمەسلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ پۇرولېتارىيات پارتىيىسى ئۆزىنىڭ تولۇق سىنىپىي مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قېلىشى كېرەكلىكىنى قەتئىي تەشەببۇس قىلىدۇ. لېكىن ئۇ "خەلق"نى "سىنىپ"لارغا ئاجرىتىدۇ، ئىلغار سىنىپ ئۆزى بىلەنلا بولسۇن، تار رامكىدىن چىقمىسۇن، دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي خوجايىنلىرى چېكىنىپ چىقىپ كەتمىگەيدى دېگەن ئەندىشە بىلەن ئۆز پائالىيىتىنى پۇچەكلەشتۈرۈپ قويسۇن، دەپ ئەمەس، بەلكى ئىلغار سىنىپ ئارىلىقتىكى سىنىپنىڭ شالاقلىقى، تۇراقسىزلىقى ۋە قەتئىيەتسىزلىكىنى

ئۆزىگە يوقتۇرۇۋالمىسۇن، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن خەلقنى باشلاپ پۈتۈن خەلق ئىشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور شىجائەت ۋە تېخىمۇ زور قىزغىنلىق بىلەن كۈرەش قىلالىسۇن دەپ شۇنداق قىلىدۇ.

بۇنى ھازىرقى يېڭى ئۇچقۇنچىلار كوپىنچە چۈشىنەلمەي كېلىۋاتىدۇ، ئۇلار دېموكراتىك ئىنقىلاپتا ئاكتىپ سىياسى شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئورنىغا، پەقەت "سىنىپىي" دېگەن سوزنى ۋەزنە سەھەتكويلارچە ھەر مۇقامغا سېلىپ تەكرارلاۋېرىدۇ!

دېموكراتىك ئىنقىلاپ — بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى. يەرنى تەڭ تەقسىم قىلىش ياكى يەر ۋە ئەركىنلىك توغرىسىدىكى شوئار يەنى تارتىمغان زۇلۇمى قالمىغان، غەپلەت ۋە نادانلىقتا قالدۇرۇلغان، ئەمما يورۇقلۇققا ۋە بەختكە قاتتىق تەشنا بولغان دېخانلار ئاممىسى ئىچىدە ئەڭ كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن بۇ شوئار بۇرژۇئازىيىنىڭ شوئارى. لېكىن بىز ماركسىزىمچىلار بىلىشىمىز كېرەككى، پرولېتارىيات بىلەن دېخانلارنىڭ ھەقىقى ئەركىنلىككە ئىگە بولۇشىدا بۇرژۇئا ئەركىنلىگى ۋە بۇرژۇئا تەرەققىپەرۋەرلىگى يولىدىن باشقا يول يوق ۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. بىز شۇنى ئۇنتۇماسلىغىمىز كېرەككى، سوتسىيالىزىمنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تېزلىتىشتە ھازىرقى ۋاقىتتا تولۇق سىياسى ئەركىنلىكتىن، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتتىن، پرولېتارىيات بىلەن دېخانلارنىڭ ئىنقىلاۋىي دېموكراتىك دىكتاتۇرىسىدىن باشقا ۋاستە يوق ۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. بىز ئىلغار ۋە بىردىن-بىر ئىنقىلاۋىي سىنىپنىڭ، شەرتسىز، قىلچە ئىككىلەنمەي، زادىلا ئارقىغا قايتماي ئىنقىلاپ قىلىدىغان سىنىپنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، پۈتۈن خەلق ئالدىغا ئىمكان قەدەر كەڭ دائىرىدە، ئىمكان قەدەر دادىللىق بىلەن، ئىمكان قەدەر ئىجاتچانلىق روھىمىز بىلەن دېموكراتىك ئىنقىلاپ ۋەزىپىلىرىنى قويۇشىمىز كېرەك. بۇ ۋەزىپىلەرگە سەل قاراش نەزىرىيە جەھەتتە ماركسىزىمنى مەسخىرە قىلىش ۋە

ئۇنى چاكىنىلىق بىلەن بۇرمىلاش بولىدۇ، سىياسى ئەمەلىيەت جەھەتتە بولسا، ئىنقىلاۋىي ئىشلارنى ئىنقىلاپنى ئۈزۈل-كېسىل ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ۋەزىپىدىن چوقۇم ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بۇرژۇئازىيىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغانلىق بولىدۇ. ئىنقىلاپنى تولۇق غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش يولىدا قىيىنچىلىقلار ناھايىتى زور بولىدۇ. پرولېتارىياتنىڭ ۋەكىللىرى ئۆزلىرىنىڭ قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئىشلارنى قويماي ئىشلىسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن ھەممە تىرىش-چانلىقلىرى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى، بۇرژۇئا-زىيىنىڭ ئاسىلىق قىلىشى ۋە ئاممىنىڭ نادانلىقى تۈپەيلىدىن مەغلۇپ بولۇپ كەتسە، ئۇ ھالدا، ھېچكىممۇ ئۇلارنى ئەيىپلىيەلمەيدۇ. ئەمما، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى غەلىبىدىن قورقۇپ، بۇرژۇئازىيە-نىڭ چېكىنىپ چىقىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىش بىلەن، دېموك-راتىك ئىنقىلاپتىكى ئىنقىلاۋىي كۈچلەرنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان، ئىنقى-لاۋىي قىزغىنلىققا زەربە بېرىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ھەممە ئادەم، ئالدى بىلەن ئاڭلىق پرولېتارىيات ئۇنى ئەيىپلەيدۇ.

ئىنقىلاپ — تارىخنىڭ پاراۋۇزى، — ماركس شۇنداق دېگەن ئىدى[251]. ئىنقىلاپ — ئېزىلگۈچىلەرنىڭ ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇ-چىلارنىڭ كاتتا بايرىمى، خەلق ئاممىسى ھېچقانداق ۋاقىتتا ئىنقىلاپ مەزگىلىدىكىدەك يېڭى ئىجتىمائى تەرتىپنىڭ ئاكتىپ ئىجاتچىلىرى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقمايدۇ. بۇنداق مەزگىلدە، خەلق مىشچانلارنىڭ ئاستا تەرەققىياتچىلىقتىن ئىبارەت تار مىزانى بويىچە تەسەۋۋۇر قىلىپ بولمايدىغان موجىزىلەرنى يارىتالايدۇ. لېكىن، بۇنداق ۋاقىتتا، ئىنقى-لاۋىي پارتىيىنىڭ رەھبەرلىرىمۇ ۋەزىپىلەرنى تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ دادىل ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەككى، ئۇلارنىڭ شوئارلىرى باشتىن-ئاخىر ئاممىنىڭ ئىنقىلاۋىي تەشەببۇسكارلىقىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، ئام-مىنىڭ ماياكى بولسۇن، ئاممىغا بىزنىڭ دېموكراتىك غايىمىز ۋە

سوتسيالىستىك غايىمىزنىڭ چەكسىز بۈيۈكلۈگىنى ۋە چەكسىز سەل-تەنەتلىكلىگىنى كورسىتىپ تۇرسۇن. ئامىمىغا تولۇق، شەرتسىز، ئۈزۈل-كېسىل غەلىبىگە يېتىشنىڭ ئەڭ يېقىن، ئەڭ تۈز يولىنى كورسىتىپ بەرسۇن. "ئازاتچى" بۇرژۇئا ئاغىمچىلىرى ئىنقىلاپتىن قورقانلىغى، تۈز يولدا مېڭىشتىن قورقانلىغى سەۋەبىدىن ئايلانما، ئەگرى-توقاي بولغان مۇرەسسەلىشىش يولىنى ياساپ چىقىرىۋەرسۇن. ئەگەر بىز شۇ يول بىلەن پۈتىمىزنى سورەپ مېسلىداپ مېڭىشقا مەجبۇر بولۇپ قالساق، ئۇ هالدا، بىز كۈندىلىك ئۇششاق خىزمەتلەردىمۇ ئۈز مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلالايمىز. لېكىن، يول تاللاش مەسىلە-سىنى ئالدى بىلەن رەھىمسىز كۈرەش هەل قىلسۇن. ئەگەر بىز ئام-مىنىڭ كاتتا بايرامدىكى بۇنداق جانلىق كۈچى ۋە ئىنقىلاۋىي قىزغىن-لىغىدىن پايدىلىنىپ بىۋاستە ۋە قەتئىي يول ئۈچۈن رەھىمسىز پىدا-كارانە كۈرەش قىلمايدىغان بولساق، ئۇ ۋاقىتتا بىز ئىنقىلاپقا ئاسى-لىق ۋە ساتقىنلىق قىلغۇچىلارغا ئايلىنىپ قالىمىز. بۇرژۇئا ئاغىمچىلىرى كەلگۈسىدىكى ئەكسىيەتچىلىك ئۈستىدە توختۇ يۈرەكلىك بىلەن ئويلاۋەرسۇن. ئىشچىلار ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ تېرورلۇق ۋاستىلىرىنى ئىشقا سالماقچى بولۇشىدىنمۇ قورقمايدۇ، بۇرژۇئازىيىنىڭ چېكىنىپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇشىدىنمۇ قورقمايدۇ. ئىشچىلار مۇرەسسەلىشىپ ئۇلچا بولۇشۇۋېلىشنىمۇ ئارزۇ قىلمايدۇ، خەير-سەدىقىمۇ تىلىمەيدۇ، ئۇلار ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنى رەھىمسىزلىك بىلەن تارمار قىلىشقا يەنى **پرولېتارىيات بىلەن دېخانلارنىڭ ئىنقىلاۋىي دېموكراتىك دىكتاتۇرىسىنى** ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىدۇ.

سوزسىزكى، چوڭ بوران-چاپقۇن مەزگىلىدە پارتىيىمىزنىڭ چوڭ كېمىسى لىبېرالىزىمچە ئاستا ئىلگىرىلەيدىغان تىنچ "ئۈزۈپ بېرىش" مەزگىلىدىن، يەنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچىلار ئىشچىلار سىنىپىنىڭ قېنىنى ئاستا-ئاستا شوراش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ جېنىنى قىيناۋاتقان

مەزگىلدىن كورە كوپرەك خەۋپكە ئۇچرايدۇ. سوزسىزكى، ئىنقىلاۋىي دېموكراتىك دىكتاتۇرا ۋەزىپىلىرى ”ئۇزۇل-كېسىل ئوكتىچىلىك“ تىن ۋە نوقۇل پارلامېنت كۇرىشى ۋەزىپىلىرىدىن مىڭ ھەسسە قىيىن، مىڭ ھەسسە مۇرەككەپ بولىدۇ. لېكىن، كىمكى نوۋەتتىكى ئىنقىلاپ مەزگىلىدە تېپ-تېچ ئۇزۇپ بېرىشنى ۋە بىخەتەر ”ئوكتىچى“ بولۇش يولىنى ئەتەي تاللىۋالىدىكەن، ئۇ ئەڭ ياخشىسى، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ خىزمىتىدىن ۋاقتىنچە چىقىپ تۇرسۇن، ئىنقىلاپنىڭ ئاخىرلىشىشىنى كاتتا بايرامنىڭ ئوتۇپ كېتىشىنى، ئادەتتىكى تۇرمۇشنىڭ يېڭىۋاشتىن باشلىنىشىنى كۇتۇپ يېتىۋەرسۇن، ئۇ ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئۇنداق ئادەتتىكى تار مىزانى ئاشۇنداق يىرگىنىشلىك دەرىجىدە قاملاشمايدىغان بولۇپ كورۇنمەيدۇ، ئىلغار سىنىپنىڭ ۋەزىپىلىرى ئاشۇنداق رەزىللىك بىلەن بۇرمىلانمايدۇ.

پۇتۇن خەلققە، بولۇپمۇ دېخانلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، تولۇق ئەركىنلىك ئۇچۇن ئۇزۇل-كېسىل دېموكراتىك ئىنقىلاپ ئۇچۇن، جۇمھۇرىيەت ئۇچۇن كۇرەش قىلايلى! بارلىق ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ئەمگەكچىلەرگە رەھبەرلىك قىلىپ، سوتسىيالىزم ئۇچۇن كۇرەش قىلايلى! ئىنقىلاۋىي پرولېتارىياتنىڭ سىياستى ئەمەلىيەتتە ئەنە شۇنداق بولۇشى كېرەك؛ ئىنقىلاپ دەۋرىدە ھەر بىر تاكتىكىلىق ۋاستىنى ۋە ھەر بىر ئەمەلىي قەدەمنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە بەلگىلەشتە ئىشچىلار پارتىيىسى قوللىنىشى كېرەك بولغان سىنىپىي شوئار ئەنە شۇنداق بولۇشى لازىم.

ئاخىرقى سوز
يەنە ئازاتچىلار ھەقىدە، يەنە يېڭى ئۇچقۇنچىلار ھەقىدە

«ئازاتلىق» ژورنىلىنىڭ 71 — 72-سانلىرى بىلەن «ئۇچقۇن»

گېزىتىنىڭ 102 — 103 - سانلىرى بىز بۇ كىتاپنىڭ 8 - پاراگرافىدا مۇھاكىمە قىلغان مەسىلىنى ئىنتايىن مول يېڭى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. بىزنىڭ بۇ يەردە بۇ مول ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىدىن پايدىلىنىپ كېتەلىشىمىز ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، بىز پەقەت ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىنى: بىرىنچىدىن، «ئازاتلىق» ژورنىلىنىڭ سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىدىكى قانداق "رېيالىزم"نى ماختاۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇ "رېيالىزم"نى ماختايدىغانلىقىنى؛ ئىككىنچىدىن، ئىنقىلاپ ۋە دىكتاتۇرا دېگەن بۇ ئىككى ئۇقۇمنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتىمىز.

1. بۇرژۇئا لىبېرال رېيالىزمچىلىرى نېمە ئۈچۈن سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىدىكى "رېيالىزمچىلار"نى ماختايدۇ؟

«روسىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىدىكى بۆلۈنۈش» ۋە «ئەقىلنىڭ غالىبىيىتى» دېگەن بۇ ئىككى ماقالا («ئازاتلىق» ژورنىلىنىڭ 72 - سانى) لىبېرال بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىرىنىڭ سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىگە قىلغان ھۆكۈمى بولۇپ، بۇ ھۆكۈم ئاڭلىق پرولېتارلار ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىكتۇر. ھەر بىر سوتسىيال دېموكراتنىڭ بۇ ئىككى ماقالىنى باشتىن - ئاخىر ئوقۇپ چىقىشى ھەمدە ئۇنىڭ ھەر بىر جۈملىسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئويلاپ كۆرۈشى مۇتلەق زۆرۈر. بىز ئالدى بىلەن بۇ ئىككى ماقالىدىكى مۇھىم كۆز قاراشلارنى تۆۋەندە بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

"سىرتتىن قارىغاندا، — دەيدۇ «ئازاتلىق» ژورنىلى، — سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنى ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن پىكىر ئىختىلاپلىرىنىڭ ھەقىقى سىياسى مەنىسىنى بىلمەك خېلى تەس. 'كۆپ سانلىقلار' رادىكالراق ۋە

تۈز سىزىق بويىچە باردۇ، ‘ئاز سانلىقلار’ بولسا ئىشنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن مەلۇم مۇرەسسەلەرنى قىلىشقا يول قويىدۇ، دېيىش ئانچە جايىدا ئەمەس، قانداقلا بولمىسۇن مەسىلىنى تولۇق ۋە تەپسىلى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ھېچ بولمىغاندا، ئاز سانلىقلار بەلكىم ماركسىزملىق ئەنئەنىلىك ئىدىيىنىڭ ئەنئەنىۋى دوگمىلىرىغا لېنىنچىلاردىنمۇ بەكرەك ئەمەل قىلىدىغاندۇ. بىزچە، تۈۋەندىكى باھا توغرىراق بولىدۇ. ‘كۆپ سانلىقلار’نىڭ تۈپ سىياسى كەيپىياتى ئابستراكت ئىنقىلاپچىلىق، توپىلاڭچىلىق بولۇپ، ئۇلار خەلق ئاممىسى ئىچىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ نامىدىن ھاكىمىيەتنى دەرھال تارتىۋېلىش ئۈچۈن ھەرقانداق يولدىن يانمايدۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ‘لېنىنچىلار’ بىلەن سوتسىيال ئىنقىلاپچىلار خېلى يېقىن، ئۇلارنىڭ ئېڭىدىكى روسىيە ئۇمۇمى خەلق ئىنقىلاۋى ئىدىيىسى سىنىپىي كۈرەش ئىدىيىسىنى تۇتۇقلاشتۇرۇپ قويغان ‘لېنىنچىلار’ ئەمەلىيەت جەھەتتە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ تەلىماتىدىكى بىرمۇنچە تارلىقلارنى ئىرغىتىپ تاشلىغان بولسىمۇ، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئىنقىلاپچىلىق ئاساسىدىكى تار رامكىلىقنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋالغان، ئۇلار دەرھال قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىنىشتىن باشقا ھەرقانداق ئەمەلىي خىزمەتنى قىلىشنى رەت قىلىدۇ، قانۇنىي ۋە يېرىم قانۇنىي تەرغىبات خىزمىتىنىڭ بارلىق شەكىللىرىنى باشقا ئۆكتىچى ئېقىملار بىلەن ئەمەلىي جەھەتتىن پايدىلىق كېلىشىم ھاسىل قىلىشنىڭ بارلىق تۈرىنى پىرىنسىپ جەھەتتە مەنسىتمەيدۇ. ئەكسىچە، ئاز سانلىقلار گەرچە ماركسىزملىق دوگمىلارغا چىڭ ئېسىلىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا ماركسىزملىق دۇنياقاراشىنىڭ رېئالىزملىق تەركىۋىنىمۇ ساقلاپ قالدى. بۇ گۇرۇھنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى ‘پرولېتارىيات’ مەنپەئەتىنى بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتىگە قارىمۇ-قارشى قىلىپ قويۇشتىن ئىبارەت. لېكىن، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار پرولېتارىياتنىڭ كۈرىشىنى رېئال سەگەكلىك بىلەن — ئەلۋەتتە، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ تەۋرەنمەس دوگمىلىرى يول قويىدىغان مۇئەييەن چەك ئىچىدە — ئويلايدۇ ھەم بۇ كۈرەشنىڭ ھەممە كونكرېت شەرتلىرى ۋە ۋەزىپىلىرىنىمۇ روشەن ئاڭقىرىدۇ. ھەر ئىككى گۇرۇھ ئۆزلىرىنىڭ تۈپ نۇقتىنەزەرلىرىنى پۈتۈنلەي ئىزچىل ھالدا يولغا قويۇپمۇ كەتمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار ئىدىيە ۋە سىياسى جەھەتلەردىكى ئىجادىيىتىدە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ قىرىق پەرزىدىكى قاتتىق

فورمۇلىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، بۇ فورمۇلىلار 'لېنىنچىلار'نىڭ ھېچ بولمىغاندا بەزى سوتسىيال ئىنقىلاپچىلارغا ئوخشاش تۈز سىزىق بويىچە بارىدىغان توپىلاڭچىلاردىن بولۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 'ئۇچقۇنچىلار'نىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ رېئال سىياسىي ھەركەتلىرىنىڭ ئەمەلىي رەھبىرى بولۇشىغىمۇ توسقۇنلۇق قىلىدۇ."

«ئازاتلىق» ژورنىلىنىڭ يازغۇچىسى ئارقىدىنلا بىرنەچچە مۇھىم قارارنىڭ مەزمۇنىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئاندىن بۇ قارارلار توغرىسىدىكى بىرنەچچە كونكرېت پىكرىنى ئېلان قىلىش بىلەن ئۆزىنىڭ ئومۇمىي "ئىدىيە"سىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: 3 - قۇرۇلتاي بىلەن سېلىشتۇرغاندا، "ئاز سانلىقلارنىڭ ۋەكىللەر يىغىنى قوراللىق قوزغىلاڭغا پۈتۈنلەي باشقىچە نۇقتىنەزەر بىلەن قارايدۇ." "قوراللىق قوزغىلاڭغا تۇتقان پوزىتسىيە باشقىچە بولغانلىقتىن"، ۋاقىتلىق ھوكۇمەت توغرىسىدىكى قارارمۇ بىر بىرىگە ئوخشىمايدۇ. "ئىشچىلار ئۆيۈشمىسىغا بولغان پوزىتسىيە جەھەتتىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش پىكىر ئىختىلاپلىرى ئاشكارىلاندى. 'لېنىنچىلار' ئۆزلىرىنىڭ قارارىدا ئىشچىلار سىنىپىنى سىياسىي جەھەتتىن تەربىيىلەش ۋە تەشكىللەشتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم نۇقتىنى ئېغىزغا ئېلىپمۇ قويمىدى. ئەكسىچە، ئاز سانلىقلار ناھايىتى تەمكىن قارار تۈزۈپ چىقتى." لىبېراللارغا تۇتۇلىدىغان پوزىتسىيە جەھەتتە، ئاگلىشىمىزچە، ئىككى تەرەپنىڭ پىكرى بىردەكمىش، لېكىن 3 - قۇرۇلتاي "2 - قۇرۇلتاينىڭ لىبېراللارغا تۇتۇلىدىغان پوزىتسىيە توغرىسىدا پلېخانوۋ قويغان لايىھەگە ئاساسەن ماقۇللىغان قارارىنى سۆزمۇ - سۆز، جۈملىمۇ - جۈملە دېگۈدەك تەكرارلىدى ۋە شۇ قۇرۇلتاينىڭ ستاروۋېر قويغان لايىھەگە ئاساسەن ماقۇللىغان ۋە لىبېراللارغا يېقىنلىق بىلدۈرۈلگەن قارارىنى رەت قىلىپ تاشلىدى". قۇرۇلتاي بىلەن ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ دېھقانلار ھەركىتى مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارارلىرى ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، "لېكىن 'كۆپ سانلىقلار' پومېششىكلار ۋە باشقىلارنىڭ يەرلىرىنى ئىنقىلاۋىي يول بىلەن مۇسادىر قىلىش ئىدىيىسىنى تېخىمۇ تەكىتلىگەن، 'ئاز سانلىقلار' بولسا، دولەت ۋە مەمۇرىي جەھەتلەردە دېموكراتىك ئىسلاھاتنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلىشنى تەرغىبات خىزمىتىنىڭ ئاساسى قىلماقچى بولغان."

ئاخىردا «ئازاتلىق» ژورنىلى مېنشېۋىكلەرنىڭ «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ 100 - سانىغا بېسىلغان بىر قارارىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ، ئۇنىڭ ئاساسىي

ماددىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: "ھازىر يالغۇز يەر ئاستى خىزمىتىگە تايىنىش بىلەن ئاممىنىڭ پارتىيە تۈرمۇشىغا تولۇق قاتنىشىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ، بەلكى ئۇ ھەقىقى ئاما بىلەن مەخپى تەشكىلات بولغان پارتىيىنى مەلۇم دەرىجىدە قارىمۇ - قارشى قىلىپ قويىدۇ، شۇڭا پارتىيە ئىشچىلارنىڭ قانۇنىي ئاساستا ئېلىپ بارىدىغان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلىشى ھەمدە بۇ كۈرەش بىلەن سوتسىيال دېموكراتىزىملىق ۋەزىپىلەرنى زىچ بىرلەشتۈرۈشى كېرەك." «ئازاتلىق» ژورنىلى بۇ قارارغا باھا بېرىپ: "بىز بۇ قارارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، چۈنكى ئۇ ئەقىلنىڭ غالىبىيىتى، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىدىكى بىر بولەك كىشىلەرنىڭ تاكتىكا جەھەتتە ئويغان-غانلىقىنىڭ ئىپادىسى" دەپ جار سالىدۇ.

ئەمدى كىتابخانلار «ئازاتلىق» ژورنىلىنىڭ ھەممە مۇھىم ھوكۇم-لىرىنى كوردى. ئەگەر بۇ ھوكۇملەر ئوبېكتىپ ھەقىقەتكە ئۇيغۇن دېيىلىدىغان بولسا، بۇ ئەلۋەتتە ئىنتايىن خاتا بولىدۇ. بۇ ھوكۇملەر-نىڭ ھەر بىر يېرىدىن ھەرقانداق بىر سوتسىيال دېموكراتنىڭ خاتالىق تېپىۋېلىشى تەس ئەمەس. ئەگەر بۇ ھوكۇملەرگە لىبېرال بۇرژۇئا-زىيىنىڭ مەنپەئەتى ۋە نۇقتىنەزەرلىرىنىڭ سىڭگەنلىكى، مۇشۇ مەنىدە بۇ ھوكۇملەر باشتىن - ئاخىر بىر تەرەپلىمىلىك ۋە خاھىشلار بىلەن تولغانلىقى ئۇنتۇپ قېلىنىدىغان بولسا، ئۇ گودەكلىك بولىدۇ. پېتىنقى ئەينەك بىلەن كوپۇنكى ئەينەك نەرسىنى قانداق ئەكس ئەتتۇرسە، بۇ ھوكۇملەرمۇ سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ نۇقتىنەزەرلىرىنى خۇددى شۇنداق ئەكس ئەتتۇرىدۇ. لېكىن، ئەگەر بۇ بۇرژۇئازىيىچە بۇرمىلانغان ھوكۇملەرنىڭ، تېگى - تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇرژۇئازىيىنىڭ ھەقىقى مەنپەئەتىنى ئەكس ئەتتۇر-دىغانلىقى، بۇرژۇئازىيىدىن ئىبارەت بۇ سىنىپنىڭ بولسا، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىدىكى قايسى خاھىشنىڭ ئۆزىگە — بۇرژۇئا-زىيىگە — پايدىلىقلىقى، ئۆزىگە يېقىنلىقى، ئۆزى بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بارلىقى، ئۆزىگە ياقىدىغانلىقىنى، قايسى خاھىشنىڭ ئۆزىگە

زىيانلىق ئىكەنلىگى، ئۇزىگە يېراقلىغى، ئۇزىگە ياتلىغى، ئۇزىگە ياقمايدىغانلىغىنى شەكسىز توغرا چۈشىنىدىغانلىغى ئۇنتۇپ قېلىنىدىغان بولسا — ئەگەر بۇلار ئۇنتۇپ قېلىنىدىغان بولسا، ئۇ تېخىمۇ خاتا قىلغانلىق بولىدۇ. بۇرژۇئا پەيلاسوپلىرى ياكى بۇرژۇئا سىياسى ئوبزورچىلىرى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنى — مەيلى مېنشېۋىكلەرنىڭ سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنى بولسۇن، ياكى بولشېۋىكلەرنىڭ سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنى بولسۇن — مەڭگۈ توغرا چۈشىنەلمەيدۇ. لېكىن، ئەگەر ئۇ ئىشنىڭ يولىنى ئاز-تولا بىلىدىغان سىياسى ئوبزورچى بولسا، ئۇ ھالدا، ئۇنىڭ سىنىپىي تەبىتى ئۇنى ئالدىمايدۇ، ئۇ ھامان سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ئىچىدىكى بۇ ياكى ئۇ گۇرۇھنىڭ بۇرژۇئازىيىگە بولغان ئەھمىيىتىنى ماھىيىتىدىن توغرا چۈشىنەلەيدۇ، گەرچە ئۇ بۇنداق ئەھمىيەتنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرىدىغان بولسىمۇ. شۇڭلاشقا، دۈشمەنلىرىمىزنىڭ سىنىپىي تەبىتى، ئۇلار چىقارغان سىنىپىي ھوكۇملەر ھەرقانداق ۋاقىتتا ھەر بىر ئاڭلىق پرولېتارنىڭ ئەڭ جىددى ئەھمىيەت بېرىشىگە ئەرزىيدۇ.

خوش، روسىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ سىنىپىي تەبىتى ئازاتچىلارنىڭ تىلى بىلەن بىزگە نىمىلەرنى دېدى؟

ئۇ يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ رىيالىزمىنى، ئەس-ھۇشىنىڭ جايىدىلىغىنى، ئەقلىنىڭ غالىبىيىتىنى، قارارىنىڭ تەمكىنلىگىنى، تاكتىكا جەھەتتىكى ئويغاقلىغىنى، ھەقىقەتنى ئەمىلىيەتتىن ئىزلەيدىغانلىغىنى ۋاھاكازالارنى ماختاپ ئۇنىڭ يۈزلىنىشىدىن رازى ئىكەنلىگىنى ئىنتايىن ئېنىق بىلدۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ 3-قۇرۇلتاينىڭ تار رامكىلىقلىغى، ئىنقىلاپچىلىغى، توپىلاڭچىلىغى، ئەمىلىي جەھەتتىن پايدىلىق كېلىشىم ھاسىل قىلىشنى ئىنكار قىلىدىغانلىغى ۋاھاكازالارنى ئەيىپلەپ، ئۇنىڭ يۈزلىنىشىدىن نارازى ئىكەنلىگىنى

ئىنتايىن ئىنىق بىلدۇردى. بۇرژۇئازىيىنىڭ سىنىپىي تەبىئتى ئۇنىڭغا
بىزنىڭ مەتبۇئاتىمىزدا ئەڭ توغرا ماتىرىياللار ئارقىلىق قايتا-قايتا
ئىسپاتلانغان نەرسىنى يەنە يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ ھازىرقى روسسى-
يە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ئىچىدىكى ئاغمىچىلار ئىكەنلى-
گىنى، ئۇلارغا قارشى تۇرغۇچىلار بولسا ھازىرقى روسسىيە سوتسىيال
دېموكراتلار پارتىيىسى ئىچىدىكى ئىنقىلاپچىلار ئىكەنلىگىنى سەز-
دۇرگەن. لىبىراللار ئالدىنقىلارنىڭ يۇزلىنىشىگە ھىسداشلىق قىلماي
قالمايدۇ، كېيىنكىلەرنىڭ يۇزلىنىشىنى ئەيىپلىمەيمۇ قالمايدۇ. لىبىراللار
بۇرژۇئا مۇتەپەككۇرلىرىدۇر، ئۇلار ئىشچىلار سىنىپىنىڭ "ھەققەتىنى
ئەمىلىيەتتىن ئىزلىشى، ئەس-ھۇشىنىڭ جايىدا بولۇشى ۋە تەمكىنى-
لىگى" يەنى ئەمىلىيەتتە ئۇنىڭ پائالىيەت مەيدانىنىڭ كاپىتالىزىم،
ئىسلاھاتچىلىق، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كۇرىشى ۋاھاكازالار دائىرى-
سىدىلا چەكلىنىشى بۇرژۇئازىيىگە پايدىلىق ئىكەنلىگىنى ناھايىتى
ئوبدان بىلىدۇ. پۇرولېتارىياتنىڭ "ئىنقىلاپچىلىق ئاساسىدىكى تار راھ-
كىلىقلىغى" ۋە پۇرولېتارىياتنىڭ ئوزىنىڭ سىنىپىي ۋەزىپىلىرى
ئۇچۇن روسسىيە ئومۇمى خەلق ئىنقىلاۋىنىڭ رەھبىرى بولۇشقا تىرى-
شىشى بۇرژۇئازىيە ئۇچۇن خەۋپلىك ۋە قورقۇنچلۇق.

بۇ ھەققەتەنمۇ "رىيالىزىم" دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ ئازاتچىلارنىڭ
نەزىرىدىكى مەنىسى ئىكەنلىگىنى «ئازاتلىق» ژورنىلى بىلەن
ستروۋې ئەپەندىنىڭ بۇ ئاتالغۇنى بۇرۇن قانداق قوللانغانلىغىدىنمۇ
كورۇۋالغىلى بولىدۇ. «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ ئوزىمۇ ئازاتچىلارنىڭ
"رىيالىزىمى"دا بۇنداق مەنىنىڭ بارلىغىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرال-
مايدۇ. مەسىلەن، «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ 73 — 74-سانلىرىنىڭ قوشۇم-
چە بېتىگە بېسىلغان «پەيتى كەلدى!» دېگەن سەرلەۋھەدىكى
ماقالىنى ئەسلەپ كورۇڭلار. بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى (ئۇ روسسىيە سوتسى-
يال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ 2-قۇرۇلتىيىدىكى "پاتقاق-

چىلار“نىڭ نۇقتىنەزەرلىرىنى ئىزچىل ئىپادىلەپ كەلگەن) ”ئاكىمووۋ قۇرۇلتايدا ئاغمىچىلىقنىڭ ھەقىقىي ۋەكىلى بولۇپ رول ئوينىدى دىگەندىن كورە، ئاغمىچىلىقنىڭ سايىسى بولۇپ رول ئوينىدى دىگەن تۇزۇك“ دەپ ئوز پىكرىنى ئوچۇق ئېيتقان. «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ تەھرىر بولۇمى «پەيتى كەلدى!» دىگەن ماقالىنىڭ ئاپتورىنىڭ سوزىنى دەرھال تۈزىتىشكە مەجبۇر بولغان ۋە ئىلاۋىدە مۇنداق دىگەن:

”بىز بۇ پىكىرگە قوشۇلالمايمىز. يولداش ئاكىمووۋنىڭ پروگرامما مەسىلىسىدىكى نۇقتىنەزىرىدە ئاغمىچىلىقنىڭ روشەن بەلگىسى بار، بۇنى «ئازاتلىق» ژورنىلىنىڭ تەنقىتچىسىمۇ ئېتىراپ قىلغان. بۇ تەنقىتچى مەزكۇر ژورنالنىڭ يېقىنقى بىر سانىدا، يولداش ئاكىمووۋ ’رېيالىزملىق‘ — بۇنى شيۇجېڭجۇيىلىق دەپ ئوقۇش كېرەك — مەزھەپكە مەنسۇپ دىدى.“

دىمەك، ئازاتچىلارنىڭ ”رېيالىزمى“ نەق ئاغمىچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكى «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ ئوزىگىمۇ ئىنتايىن ئايان. ئەمدى «ئۇچقۇن» گېزىتى ”لىبېرالىلارنىڭ رېيالىزمى“غا ھۇجۇم قىلغىنىدا («ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ 102-سانىدا) **لىبېرالىلارنىڭ «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ** رېيالىزمىنى **ماختىغانلىقىنى** قىلچە ئېغىزغا ئالمايدۇ، چۇنكى بۇنداق ماختاش ھەرقانداق ئەيىپلەشتىنمۇ زەھەرلىك. بۇنداق ماختاش («ئازاتلىق» ژورنىلى تاسادىپىي ھالدا ۋە بىرەر قېتىملا ماختاپ قويغان ئەمەس) ئەمەلىيەتتە، لىبېراللارنىڭ رېيالىزمى بىلەن سوتسىيال دېموكراتلارنىڭ ”رېيالىزم“ (بۇنى ئاغمىچىلىق دەپ ئوقۇش كېرەك)لىق خاھىشىنىڭ يەنى يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ پۈتۈن تاكتىكىلىق مەيدانىنىڭ خاتالىقى تۈپەيلىدىن ھەر بىر قاراردا نامايەن قىلغان خاھىشىنىڭ قانداش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

ئەمەلىيەتتە، روسىيە بۇرژۇئازىيىسى ئوزىنىڭ ”ئومۇمىي خەلق“ ئىنقىلاۋىدىكى شاللاقلىقى ۋە شەخسىيەتچىلىكىنى پۈتۈنلەي ئاشكار-

لىدى، — ھەم ستروۋې ئەپەندىنىڭ مۇلاھىزىلىرىدە، ھەم نۇرغۇنلى-
غان لىبېراللار گېزىتلىرىنىڭ ھەممە مۇقامىلىرى ۋە مەزمۇنلىرىدا
ئاشكارىلىندى، نۇرغۇنلىغان يەرلىك ئاپتونومىيىچى زاتلار، نۇرغۇنلى-
غان زىيالىلار ھەمدە تروۋېتسكوي، پېترۇنكېۋىچ، رودىچېۋ ئەپەندىلەر
تەرەپتە تۇرغانلارنىڭ سىياسى گەپ-سوزلىرىنىڭ خاراكتېرىدىمۇ
ئاشكارىلىندى. بىر تەرەپتىن، پرولېتارىيات ۋە "خەلق"نىڭ **بۇرژۇ-
ئازىيىنىڭ** ئىنقىلاۋىدا ئەسقاتىدىغانلىغىنى، دېمەك ئۇلارنى زەمبىرەك
يېمى ۋە مۇستەبىتلىكنى بىتچىت قىلىدىغان تاران قىلغىلى بولىدىغان-
لىغىنى، لېكىن، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەگەر پرولېتارىيات بىلەن
ئىنقىلاۋى دېخانلار "چارىزىم ئۈستىدىن ئۈزۈل-كېسىل غەلىبە"
قازانسا ھەمدە دېموكراتىك ئىنقىلاپنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بارسا، ئۇ
ۋاقىتتا بۇرژۇئازىيە ئۈچۈن ئىنتايىن خەۋپلىك بولىدىغانلىغىنى بۇر-
ژۇئازىيە ئەلۋەتتە ھەمىشە ئوچۇق چۈشىنىۋەرمەسمۇ، لېكىن ئومۇمەن
ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ سىنىپى تەبىئىتى بويىچە ئوبدان ئاڭقىرىۋالا-
لايدۇ. شۇڭلاشقا، بۇرژۇئازىيە پرولېتارىياتنى ئىنقىلاپتا "لايىغىدا"
رول ئويناش بىلەن قانائەتلىنىدىغان، سەگەكرەك، ئەمىلىرەك،
رېياللاق بولىدىغان، ئۆز پائالىيىتىدە "بۇرژۇئازىيە چېكىنىپ چىقىپ
كەتمىسۇن" دېگەن پىرىنسىپنى ئولچەم قىلىدىغان قىلىش ئۈچۈن
بارلىق كۈچىنى ئىشقا سالىدۇ.

بىلىملىك بۇرژۇئازلار ئىشچىلار ھەركىتىنى توساپ قالالمايدى-
غانلىغىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇلار ئىشچىلار ھەر-
كىتىگە، پرولېتارىياتنىڭ سىنىپى كۈرىشىگە قارشى چىقمايدۇ؛ ياق،
ئۇلار ھەتتا ئىش تاشلاش ئەركىنلىگىنى مەدىنى سىنىپى كۈرەشنى
كۈچىنىڭ بېرىچە ماختايدۇ، ئىشچىلار ھەركىتى بىلەن سىنىپى
كۈرەشنى بىرېنتانوچە ياكى ھىرش-دۇنكېرلارچە بىرنىمە دەپ
چۈشىنىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىشچىلار "توپىلاڭچىلىق"تىن،

"تار ئىنقىلاپچىلىق"تىن ۋاز كېچىپ، "ئەمەلىي پايدىسى تېگىدىغان مۇرەسسە"نى ئوچ كورمەيدىغان، "روسسىيە ئومۇمىي خەلق ئىنقىلاۋى"غا **ئوزىنىڭ** سىنىپىي كۇرەش تامغىسىنى بېسىشنى، پۇرولېتارىياتچە ئىزچىللىقنى، پۇرولېتارىياتچە قەتئىيلىكنى، "پېقىر ياكوبىنچىلىقى" تامغىسىنى بېسىشنى قوغلاشمايدىغان ۋە ئارزۇ قىلمايدىغان بولسىلا بۇرژۇئازلار ئىش تاشلاش ۋە تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش ئەركىنلىكىنى (ئەمەلىيەتتە ئىشچىلار ئوزلىرى قولىغا كەلتۈرۈپ بولدى دېسىمۇ بولىدىغان ئەركىنلىكنى) ئىشچىلارغا "ھەدىيە قىلىپ بېرىش"كە پۇتۇنلەي رازى. شۇڭلاشقا، ئەقىللىق بۇرژۇئازلار مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردا تۇرلۇك چارىلەرنى قوللىنىپ، كىتاپ①، دوكلات، نۇتۇق، سوھبەت ۋە باشقىلار ئارقىلىق ئىشچىلارنى (بۇرژۇئاچە) سەگەك بولۇشقا، (لىبېرالىزىمچە) راستچىللىققا، (ئاغمىچىلىقچە) رېيالىزىملىققا، (برېنتانوچە) سىنىپىي كۇرەش[188] ئېلىپ بېرىشقا، (ھېرش–دۇنكېرلاچە) ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى[176] قۇرۇشقا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نىملەرگە دەۋەت قىلىش ئۇچۇن تىرىشىدۇ. كېيىنكى ئىككى شوئار "كادېتلار" پارتىيىسىدىكى ياكى "ئازاتچىلار" پارتىيىسىدىكى بۇرژۇئازلارغا ناھايىتى ئەپلىك، چۇنكى، بۇ شوئارلار قارىماققا ماركسىزىمچە شوئارلار بىلەن بىردەك كورۇنىدۇ، چۇنكى بۇ شوئارلار سەل-پەل قىسقارتىلسىلا، سەل-پەل بۇرمىلانسىلا ئۇلارنى سوتسىيال دېموكراتىزىمچە شوئارلار بىلەن ئاسانلا ئارىلاشتۇرۇۋەتكىلى بولىدۇ، بەزىدە ھەتتا ئۇلارنى سوتسىيال دېموكراتىزىمچە شوئار دەپ قوللىنىش ناھايىتى ئاسان. مەسىلەن، لىبېراللارنىڭ قانۇنىي گېزىتى — «تاڭ نۇرى» گېزىتى[252] (بۇ گېزىت توغرىسىدىق بىز «پۇرولېتارلار»

① پروكوپوۋىچنىڭ «روسسىيەدىكى ئىشچىلار مەسىلىسى» دىگەن كىتاۋىغا قارالسۇن.

گېزىتنى ئوقۇيدىغانلار بىلەن كېيىنچىرەك تەپسىلى سۆزلىشىمىز) قانداقتۇ سىنىپىي كۈرەش، پرولېتارىيات بۇرژۇئازىيە تەرىپىدىن ئالدىنىپ قېلىشى مۇمكىن، ئىشچىلار ھەركىتى، پرولېتارىياتنىڭ تەشەببۇسكارلىقى دىگەندەك "دادىل" گەپلەرنى قىلىش بىلەن بۇ گېزىتنىڭ بىخەستە ئوقۇغۇچىلىرىنى ۋە تەجرىبىسىز ئىشچىلارنى بۇ گېزىتنىڭ "سوتسىيال دېموكراتىزىمى"نى راست دەرسىمكىن دەيدىغان قاراشقا ئاسانلا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. ئەمىلىيەتتە، بۇ — سوتسىيال دېموكراتىزىمنى بۇرژۇئاچە روھ بىلەن ساختىلاشتۇرىدىغان سىنىپىي كۈرەش ئۇقۇمىنى ئاغمىچىلىق بىلەن بۇرمىلايدىغان ۋە بۇزۇپ كورستىدىغان نەيرەڭ.

ناھايىتى زور كولەملىك (ئاممىغا بولغان تەسىرىنىڭ كەڭلىگىدىن ئېيتقاندا) بولغان بۇ بىر يۈرۈش بۇرژۇئاچە كوز بويىمچىلىق تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىشچىلار ھەركىتىنى ئاساسەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ھەركىتىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشنى، ئىشچىلار ھەركىتىنى مۇستەقىل (يەنى ئىنقىلاۋىي، دېموكراتىك دىكتاتۇرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى نىشان قىلغان) سىياسەتتىن تازا چەتلىتىشنى، "سىنىپىي كۈرەش ئىدىيىسى ئارقىلىق ئىشچىلارنىڭ ئېڭىدىكى روسىيە ئومۇمى خەلق ئىنقىلاۋىي ئىدىيىسىنى تۇتۇقلاشتۇرۇش"نى كوزلەيدۇ.

كىتاپخانىلار كورۇپ تۇرۇپتۇكى، بىز «ئازاتلىق» ژورنىلىنىڭ فورمۇلىسىنىڭ ئاستىنى ئۈستۈن قىلىۋەتتۇق. بۇ ئاجايىپ فورمۇلا بولۇپ، ئۇ پرولېتارىياتنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاپتىكى رولى مەسىلىسى ئۈستىدىكى ئىككى خىل نۇقتىنەزەرنى — بۇرژۇئا نۇقتىنەزىرى بىلەن سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ نۇقتىنەزىرىنى ئىنتايىن ئوچۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇرژۇئازىيە پرولېتارىياتنى پەقەت ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ھەركىتىدىلا ئېلىپ بېرىشقا ئۈندەش، بۇنىڭ بىلەن "(بىرېنتانوچە) سىنىپىي كۈرەش ئىدىيىسى ئارقىلىق ئىشچىلارنىڭ

ئېلمىزدىكى روسيه ئومۇمى خەلق ئىنقىلاۋى ئىدىيىسىنى تۇتۇقلاشتۇ-
رۇش“ كويىدا بولىدۇ، — بۇ «ئەقىدە»نىڭ بېرنشتېيىنچى يازغۇچى-
لىرىنىڭ ”ساپ ئىشچىلار“ ھەركىتى ئىدىيىسى ئارقىلىق ئىشچىلارنىڭ
ئېڭىدىكى سياسى كۆرەش ئىدىيىسىنى تۇتۇقلاشتۇرغىنىغا پۈتۈنلەي
ئوخشاش ئىش. ئەكسىچە، سوتسيال دېموكراتلار پارتىيىسى بولسا،
پرولېتارياتىنىڭ سىنىپىي كۆرىشىنى پرولېتارياتىنىڭ روسيه ئومۇمى
خەلق ئىنقىلاۋىغا قاتنىشىش ئارقىلىق ئىنقىلاپقا رەھبەرلىك قىلىدىغان
بىر ۋەزىيەتنى پەيدا قىلغىنىغا قەدەر راۋاجلاندۇرۇش يەنى بۇ ئىنقى-
لاپنى پرولېتارىيات بىلەن دېخانلارنىڭ دېموكراتىك دىكتاتۇرىسىنى
ئەمەلگە ئاشۇرغانغا قەدەر ئېلىپ بېرىش كويىدا بولىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ ئىنقىلاۋى — ئومۇمى خەلق ئىنقىلاۋى، — دەيدۇ
بۇرژۇئازىيە پرولېتارىياتقا، — شۇڭا سىلەر، ئالاھىدە بىر سىنىپ
سۈپىتىدە، ئۆزەڭلارنىڭ سىنىپىي كۆرىشىڭلار بىلەن چەكلىنىشىڭلار
كېرەك، ”ئەقىلغە مۇۋاپىق“ بولسۇن ئۈچۈن ئاساسىي دىققىتىڭلارنى
ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى تەرەپكە ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنى قانۇنىي-
لاشتۇرۇش تەرىپىگە مەركەزلەشتۈرۈشۈڭلار كېرەك، بۇ ئىشچىلار
ئۇيۇشمىلىرىنى ”ئۆزەڭلارنى سياسى جەھەتتىن تەربىيىلەيدىغان ۋە
تەشكىللەيدىغان ئەڭ مۇھىم ئورۇن“ قاتارىدا كورۇشۇڭلار كېرەك،
ئىنقىلاپ مەزگىلىدە يېڭى ئۈچقۇنچىلارنىڭ قارارلىرىغا ئوخشاش
تولاراق ”تەمكىن“ بولغان قارارلارنى ئىشلەپ چىقىشىڭلار كېرەك،
”لىبېراللارغا يېقىنلىق بىلدۈرۈلگەن“ قارارلارنى قەدىرلىشىڭلار
كېرەك، ”ئىشچىلار سىنىپىنىڭ رىيال سياسى ھەركىتىنىڭ ئەمەلىي
رەھبىرى“ بولۇشنى خالايدىغانلىغىنى بىلدۈرگەن كىشىلەرنىڭ رەھبەر-
لىگىنى چىن دىلىڭلاردىن قوبۇل قىلىشىڭلار كېرەك، ”ماركسىزىملىق
دۇنياقاراشنىڭ رىيالىزىملىق تەركىۋىنى ساقلاپ قېلىشىڭلار“ كېرەك
(ئەگەر سىلەر بەختكە قارشى بۇنداق ”ئىلمىي بولمىغان“ ئەقىدىلەر

دەستۇرىدىكى "قاتتىق فورمۇلا"نى ئۆزەڭلارغا يۇقتۇرۇۋالغان بولساڭلار).

ئېلىمىزنىڭ ئىنقىلاۋى ئومۇمى خەلق ئىنقىلاۋى، — دەيدۇ سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى پرولېتارىياتقا، — شۇڭا سىلەر ئەڭ ئىلغار ۋە بىردىن-بىر ئۇزۇل-كېسىل ئىنقىلاپ قىلىدىغان سىنىپ سۈپىتىدە، بۇ ئىنقىلاپقا ئەڭ ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىپلا قالماستىن، بەلكى بۇ ئىنقىلاپقا رەھبەرلىك قىلىشقا تىرىشىشىڭلار كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاساسەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ھەركىتىدىن ئىبارەت دەپ تار چۈشىنىلىدىغان سىنىپىي كۈرەش دائىرىسىدە چەكلىنىپ قالماسلىقىڭلار كېرەك، ئۇنىڭ ئەكسىچە، سىنىپىي كۈرىشىڭلارنىڭ دائىرىسىنى ۋە مەزمۇنىنى بارلىق كۈچۈڭلار بىلەن كېڭەيتىشىڭلار، ئۇنى يالغۇز روسىيىنىڭ نۆۋەتتىكى ئومۇمى خەلق دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ **بارلىق** ۋەزىپىلىرىنى **ئۆز ئىچىگە ئېلىش** بىلەنلا قالماستىن، بەلكى كېيىنكى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنىڭ ۋەزىپىلىرىنىمۇ **ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان دەرىجىگىچە** كېڭەيتىشىڭلار كېرەك. شۇڭلاشقا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ھەركىتىگە سەل قارىماسلىق، ھەرقانداق بىر قانۇنىي پائالىيەت پۇرسىتىدىن پايدىلىنىشنى رەت قىلماسلىق زۆرۈر بولسىمۇ، لېكىن سىلەر ئىنقىلاپ دەۋرىدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتىرىش، ئىنقىلاۋىي ئارمىيە ۋە ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەت قۇرۇش ۋەزىپىلىرىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشۇڭلار كېرەك، بۇ — خەلقنىڭ چارىزىم ئۈستىدىن تولۇق غەلىبە قىلىشىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت ۋە ھەقىقى سىياسى ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىدىغان بىردىن-بىر يول.

دىمەك، يېڭى ئۇچقۇنچىلار قارارلىرىنىڭ "لۇشيەن"خاتالىقى سەۋەۋىدىن بۇ مەسىلىدە قانداقسىگە يېرىم يولدا توختاپ قالىدىغان، ئىزچىل بولمىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن تەبىي ھالدا بۇرژۇئازىيە ياقتۇر-

دىغان مەۋقەنى تۇتقانلىغى توغرىسىدا ئارتۇق گەپ قىلىپ ئولتۇ-
رۇشنىڭ هاجىتى يوق.

2. يولداش مارتىنوۋنىڭ مەسىلىنى يېڭىدىن "چوڭقۇرلاشتۇرۇشى"

ئەمدى بىز مارتىنوۋنىڭ «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ 102-ۋە 103-
ساندا ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرى ئۇستىدە توختىلىپ ئوتىمىز. مار-
تىنوۋ ئېنگېلس بىلەن ماركسنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئېلىنغان نۇرغۇن
سوزلەرنى بىزنىڭ چۇشەندۇرۇشىمىزنىڭ ناتوغرا، ئوزىنىڭ چۇشەن-
دۇرۇشىنىڭ توغرا بولغانلىغىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ، بىز ئۇنىڭ
بۇ غەرىزىگە رەددىيە بېرىپ ئولتۇرمايمىز، ئەلۋەتتە. بۇنداق
غەرەزدە بولۇش ئورۇنسىز، مارتىنوۋنىڭ بانالىرىنى بىر قاراپلا بىلى-
ۋالغىلى بولىدۇ، مەسىلە ناهايىتى ئېنىق، يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ تەهلىل
قىلىش مەنىسىزلىك بولىدۇ. كوڭۇل قويغان هەرقانداق بىر كىتاپخان
مارتىنوۋنىڭ پۇتۇن سەپ بويىچە چېكىنىشتە ئىشلەتكەن ئانچە قام-
لاشمىغان هىلىلىرىنى ئاسانلا بىلىۋالالايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە «پۇرولې-
تارلار» گېزىتىنىڭ بىر بولۇم تەھرىرلىرى تەييارلىغان ئېنگېلسىنىڭ
«هەركەتتىكى باكۇنىنچىلار» دىگەن ئەسىرى ۋە ماركسنىڭ «كوممۇنى-
زىمچىلار ئىتتىپاقى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئۇقتۇرۇشى» دىگەن
ئەسىرى (1850-يىل 3-ئاي)نىڭ[253] تولۇق تەرجىمىسى پات ئارىدا
نەشردىن چىقىدۇ. مارتىنوۋنىڭ چېكىنىشنى كىتاپخانلارغا چۇشىنىشلىك
قىلىپ كورسىتىش ئۇچۇن، ئۇنىڭ ماقالىسىدىن بىر نەقىل كەلتۇ-
رۇشلا كۇپايە.

مارتىنوۋ «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ 103-سانىدا مۇنداق دەيدۇ:
«ئۇچقۇن» گېزىتى "ۋاقىتلىق هوكۇمەت قۇرۇش ئىنقىلاپنى راۋاجلان-

دۇرۇشنىڭ مۇمكىن بولغان ۋە مۇۋاپىق يوللىرىدىن بىرى ئىكەنلىگىنى 'ئېتىراپ قىلىدۇ'، سوتسىيال دېموكراتلارنىڭ **بۇرژۇئا** ۋاقىتلىق ھوكۇمىتىگە قاتنىشىشىنىڭ مۇۋاپىقلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ، بۇ دەل كەلگۈسىدە دولەت ماشىنىسىنى تامامەن ئۆز قولىغا ئېلىش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنى يولغا قويۇشنى مەقسەت قىلىدۇ". باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، «ئۇچقۇن»گېزىتى ئۆزىنىڭ ھەممە ئەندىشىلىرىنىڭ — ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەت دولەت غەزىنىسىگە ۋە بانكىغا جاۋاپكار بولۇشى كېرەكلىكىدىن قورقۇش، "تۈرمە"نى ئۆز قولىغا ئالسا خەۋپ تۇغۇلۇشىدىن بەلكى ئۆز قولىغا ئالالماي قېلىشىدىن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلاردىن قورقۇشنىڭ قىلچە ئاساسىي يوقلۇغىنى ئەمدى ئېتىراپ قىلدى. «ئۇچقۇن» گېزىتى دېموكراتىك دىكتاتۇرا بىلەن سوتسىيالىستىك دىكتاتۇرىنى ئايرىلاشتۇرۇۋېتىپ ئىشىنى ئېلىشتۇرۇۋاتىدۇ، چېكىنىشنى پەردىلەش ئۈچۈن ئېلىشتۇرۇشى مۇقەررەر.

لېكىن يېڭى «ئۇچقۇن» گېزىتىدىكى ھاماقەتلەر ئىچىدە مارتىنوۋ ئالاھىدە چىقىپ تۇرغان بىرىنچى دەرىجىلىك ھاماقەت، ھەتتا ئۇنى پەۋقۇلئاددە ھاماقەت دىسىمۇ بولىدۇ. ئۇ ھەر قېتىم بارلىق كۈچى بىلەن مەسىلىنى "چوڭقۇرلاشتۇرىمەن" دەپ مەسىلىنى مۇجىمەللەشتۈرۈپ قويغان ۋاقتىدا ھەمىشە دىگۈدەك بەزى يېڭى فورمۇلىلارنى "ئويلاپ چىقىرىدۇ"-دە، مەۋقەسىنىڭ ھەممە ساختىلىقىنى قويماي ئاشكارىلاپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئىقتىساتۋازلىق دەۋرىدە پلېخانوۋنى قانداق "چوڭقۇرلاشتۇرۇپ"، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك بىلەن "زاۋۇت ئىگىلىرىگە ۋە ھوكۇمەتكە قارشى ئىقتىسادىي كۆرەش ئېلىپ بېرىش "فورمۇلىسىنى ئىجات قىلغانلىقىنى ئەسكە ئېلىڭلار. بۇ ھەقىقەتەن ئىقتىساتۋازلارنىڭ ھەممە ئەسەرلىرى ئىچىدە بۇ گۇرۇھنىڭ ھەممە ساختىلىقلىرىنى ھەممىدىن مۇۋاپىق ئىپادىلەپ بەرگەن فورمۇلا بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. ھازىرمۇ شۇنداق. مارتىنوۋ يېڭى «ئۇچقۇن» گېزىتى

ئۇچۇن ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن كەتمەن چېپىۋاتىدۇ ھەمدە ئاغزىنى ئاچسىلا بىزنى يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ ساختا مەۋقەسىنى باھالايدىغان قالتىس يېڭى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدىغان بولۇپ قالدى دېسىمۇ بولىدۇ. ئۇ يېڭى «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ 102 ـ سانىدا: لېنىن "ئىنقىلاپ دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئورنىغا ئوغرىلىقچە دىكتاتۇرا دېگەن ئۇقۇمنى قويىدى"دېدى (3 ـ بەت، 2 ـ ئىستون).

ئەمىلىيەتتە، يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ بىزگە چاپلىغان ھەممە بەتنامىلىرىنى مۇشۇ بەتنامغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. مارتىنوۋ بىزگە مۇشۇنداق بەتنامنى چاپلىغانلىغى ئۈچۈن بىز ئۇنىڭدىن تولىمۇ مىننەتدارمىز ـ دە! ئۇنىڭ بۇنداق بەتنامنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى بىزنىڭ يېڭى ئۇچقۇنچىلار بىلەن بولغان كۈرىشىمىز ئۈچۈن نىمىدېگەن قىممەتلىك ياردەم ـ ھە! بىز ھەقىقەتەن «ئۇچقۇن» گېزىتى تەھرىرى بولۇمىدىن مارتىنوۋنى بىزگە قارشى كۆپرەك ئوتتۇرىغا چىقىرىشنى، «پرولېتارلار» گېزىتىگە قىلىۋاتقان ھۇجۇمنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش"نى ھەمدە بۇ ھۇجۇملارنى "ھەقىقى پىرىنسىپاللىق"بىلەن بايان قىلىشنى تەلەپ قىلىمىز. چۈنكى مارتىنوۋ پىرىنسىپلىقراق سوزلەشكە قانچىكى تىرىشسا، شۇنچە چاتاق سوزلەيدۇ، يېڭى ئۇچقۇنچىلاردىكى يوچۇقلارنى شۇنچە ئوچۇق ئاشكارىلاپ بېرىدۇ، ئۆزىنىڭ ۋە دوستلىرىنىڭ ئىچ ـ باغرىنى كوپچىلىككە شۇنچە ئىبرەتلىك قىلىپ كورسىتىشكە مۇۋەپپەق بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنى يېڭى «ئۇچقۇن» گېزىتى پىرىنسىپلىرىنىڭ قانداق قىلىپ reductio ad absurdum (ئوتتۇپ كەتكەن بىمەنىلىك دەرىجىسىگە يەتكۈزۈلگەن)لىگىنى كورۈۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

«ئالغا» گېزىتى بىلەن «پرولېتارلار» گېزىتى ئىنقىلاپ دېگەن ئۇقۇمنى دىكتاتۇرا دېگەن ئۇقۇمغا "ئالماشتۇرۇپ قويىدى". «ئۇچقۇن» گېزىتى بۇنداق "ئالماشتۇرۇش"نى خالىمايدۇ. ھورمەتلىك يولداش

مارتىنوۋ، ئەھۋال دەل شۇنداق! سىز بايقىمايلا ئاجايىپ بىر ھەقى-
قەتنى دەپ سالدىڭىز. سىز بىزنىڭ «ئۇچقۇن» گېزىتى ئىنقىلاپنىڭ
قۇيرۇغى بولۇپ قالدى، ئىنقىلاۋىي ۋەزىپىلەرنى ئازاتچىلارغا ئوخشاش
بايان قىلىدىغان ئېزىتقۇ يولغا كىرىپ قالدى، «ئالغا» گېزىتى بىلەن
«پرولېتارلار» گېزىتى بولسا دېموكراتىك ئىنقىلاپنى ئالغا يېتەك-
لەيدىغان شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى، دېگەن پىكرىمىزنى **يېڭىچە**
سوزلىرىڭىز بىلەن ئىسپاتلاپ بەردىڭىز.

يولداش مارتىنوۋ، سىز بۇنى چۈشەنمەيۋاتامسىز؟ بۇ ناھايىتى
مۇھىم مەسىلە بولغانلىقتىن، بىز بىرئاز ئەجىر قىلىپ سىزگە تەپسىلى
چۈشەندۈرۈپ قويساق دەيمىز.

دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ بۇرژۇئا خاراكتېردا ئىكەنلىگىنىڭ بىر
ئىپادىسى شۇكى، پۈتۈنلەي خۇسۇسى مۈلۈكچىلىكنى ۋە تاۋار ئىگىلە-
گىنى ئېتىراپ قىلىشنى ئاساس قىلىدىغان ۋە بۇ دائىرىدىن چىقىپ
كېتەلمەيدىغان بىرمۇنچە ئىجتىمائى سىنىپ، گۇرۇھ ۋە قاتلاملار
ۋەزىيەت تەقەززاسى بىلەن مۇستەبىتلىكنىڭ ۋە پۈتكۈل يانچىلىقنىڭ
قىلچە كېرەككە كەلمەيدىغانلىغىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولماقتا،
ئەركىنلىك تەلەپ قىلىش ساداسىغا جور بولماقتا. يەنە بىر تەرەپ-
تىن، "جەمىيەت" تەلەپ قىلىۋاتقان، يومشىلىك ۋە كاپىتالىستلارنىڭ
پۈتمەس-تۈگمەس سوزلىرى (پەقەت سوزلىرى!) بىلەن قوغداپ
قېلىنىۋاتقان **بۇنداق** ئەركىنلىكنىڭ بۇرژۇئا خاراكتېرىمۇ بارغان-
سېرى روشەن ئاشكارىلىنىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىشچى-
لارنىڭ ئەركىنلىك يولىدىكى كۈرىشى بىلەن بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەركىن-
لىك يولىدىكى كۈرىشى ئوتتۇرىسىدىكى، پرولېتارىياتنىڭ دېموكرا-
تىزمى بىلەن لىبېراللارنىڭ دېموكراتىزمى ئوتتۇرىسىدىكى تۈپ
پەرقمۇ بارغانسېرى ئايدىڭلىشىۋاتىدۇ. ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئۇنىڭ
ئاڭلىق ۋەكىللىرى ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە ھەمدە بۇ كۈرەشنى

ئالغا سىلجىتماقتا، بۇ كۈرەشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىشتىن قورقمايلا قالماستىن، بەلكى بۇ كۈرەشنى دېموكراتىك ئىنقىلاب يېتەلەيدىغان ئەڭ يىراق نىشاندىنمۇ كوپ دەرىجىدە ئاشۇرۇۋېتىشكە تىرىشماقتا. بۇرژۇئازىيە تۇراقسىز ۋە شەخسىيەتچى بولغانلىغى ئۈچۈن ئەركىنلىك توغرىسىدىكى شوئارنى پەقەت يېرىم-ياتا ۋە ساختىلىق بىلەنلا قوبۇل قىلىدۇ. ئوزىنى ئەركىنلىكنىڭ دوستى دەپ يۈرگەن بۇرژۇئا-زىيىنىڭ ساختىپەزلىگىنى ياكى ئوزىنى ئەركىنلىكنىڭ دوستى دەپ يۈرگەن بۇرژۇئازىيىنىڭ ساتقىنلىغىنى باھالاش ئۈچۈن ئالاھىدە رامكا ۋە ئالاھىدە تۈزۈلگەن "ماددا"لار (مەسىلەن، ستارو-ۋېرنىڭ قارارىدىكى ياكى ۋەكىللەر يىغىنى تەرەپدارلىرىنىڭ قارارى-دىكى ماددىلارغا ئوخشاش بىرنىملەر) ئارقىلىق بىر چەك بەلگىلەشكە ئۇرۇنۇشلارنىڭ ھەممىسى، سوزسىز مەغلۇبىيەتكە مەھكۇم بولىدۇ، چۈنكى ئىككى يالقۇن (مۇستەبىتلىك بىلەن پۇرولېتارىيات) ئوتتۇرى-سىدا تۇرغان بۇرژۇئازىيە بارلىق چارە-ئاماللار بىلەن ئوزىنىڭ مەيدانى ۋە شوئارىنى ئوزگەرتىپ تۇرۇشقا، شامالغا قاراپ بۇرۇلۇشقا قادىر، بىر دەم سولغىراق دەسسەيدۇ، بىر دەم ئوڭغىراق دەسسەيدۇ، دائىم سودىلىشىپ يۈرىدۇ، دائىم دەللاللىق ماھارىتىنى ئىشقا سالىدۇ. پۇرولېتارىيات دېموكراتىزىمىنىڭ ۋەزىپىسى بۇنىداق ئولۇك "ماددا"لارنى ئويدۇرۇپ چىقىش ئەمەس، بەلكى ئۇزلۇكسىز راۋاجلىنىۋاتقان سىياسى ۋەزىيەتنى ھارماستىن تەنقىت قىلىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ شەكلىنى ئوزگەرتىپ تۇرىدىغان ۋە ئالدىن تەسەۋۋۇر قىلىش تەس بولغان مۇرەسسەلىرىنى ۋە ئاسىلىغىنى پاش قىلىش.

ستروۋې ئەپەندىنىڭ مەخپى مەتبۇئاتتا سىياسى پىكىرلەرنى ئېلان قىلىش تارىخىنى، سوتسيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۈرەش قىلىش تارىخىنى ئەسلەپ كورىدىغان بولساقلار، پۇرولې-تارىيات دېموكراتىزىمى ئۈچۈن كۈرىشىۋاتقان سوتسيال دېموك-

راتلار پارتىيىسىنىڭ بۇ ۋەزىپىلەرنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىنى
ئوپ-ئوچۇق كورەلەيسىلەر. ستروۋې ئەپەندى دەسلەپتە ساپ
شىپوۋچە شوئارنى يەنى: "ھوقۇق ۋە ھوقۇقلۇق يەرلىك ئاپتونومىيە
ئىدارىسى" دىگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى (مېنىڭ «تاڭ نۇرى»
ژورنىلىدا[147] ئېلان قىلغان «يەرلىك ئاپتونومىيە ئىدارىلىرىگە زىيانـ
كەشلىك قىلغۇچىلار ۋە لىبېرالىزىمنىڭ ھانىبالىلىرى»① دىگەن
ماقالامغا قاراڭلار). سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ئۇنى پاش
قىلدى ھەمدە ئۇنىڭ ئېنىق ئاساسىي قانۇنچىلىق پۇروگىرامىمىسىنى
ئوتتۇرىغا قويۇشىغا تۇرتكە بولدى. بۇنداق "تۇرتكە" ئىنقىلاۋىي
ۋەقەلەرنىڭ ناھايىتى تېز تەرەققى قىلىشى ئارقىسىدا تەسىر كورسەتـ
كەن چاغدا، كۇرەش دېموكراتىزىمنىڭ **كېينكى** مەسىلىسىگە يەنى
ئاساسىي قانۇن زورۇر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى چوقۇم يوشۇرۇن
ئاۋاز بېرىش يولى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ۋە ئومۇمى يۇزلۇك،
بىۋاستە، باراۋەر بولىدىغان سايلام بولۇشى لازىم دىگەن مەسىلىگە
قارىتىلدى. بىز "دۇشمەن"نىڭ بۇ يېڭى پوزىتسىيىسىنى "ئىشغال
قىلغان" چاغدا (يەنى "ئازاتلىق جەمىيىتى" ئومۇمى سايلامنى قوبۇل
قىلغان چاغدا) بىز تېخمۇ ئالغا سىلجىپ، ئىككى پالاتا تۇزۇمىنىڭ
ساختىلىقى ۋە يالغانلىقىنى كورسەتتۇق، ئازاتچىلارنىڭ ئومۇمى
سايلامنى تولۇق ئېتىراپ قىلمىغانلىقىنى كورسەتتۇق ھەمدە ئۇلارنىڭ
پادىشاپەرەسلىك مەيدانىنى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ
دېموكراتىزىمنىڭ دەللاللىق خاراكتىرىنى پاش قىلدۇق، ياكى
باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئازاتچى ھەمىيان باتۇرلىرىنىڭ ئۇلۇغ
روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ مەنپەئەتىنى **ئەرزان باھادا سېتىۋېتىشكە**

① «لېنىن ئەسەرلىرى»، 5-توم، خەنزۇچە نەشرى، 17 — 63-بەتـ
لەرگە قارالسۇن. — تەھرىردىن

ئۇرۇنغانلىقىنى پاش قىلدۇق.

ئاخىردا، مۇستەبىت ھوكۇمەتنىڭ جاھىللىقى، ئىچكى ئۇرۇشنىڭ زور ئىلگىرىلىشى، پادىشاپەرەسلەرنىڭ روسسىيىنى ھالاكەت گىردا-ۋىغا ئاپىرىپ قويۇشى ئەڭ مۇتەئەسسىپ كالللىنىمۇ ئېچىشقا باشلىدى. ئىنقىلاپ **پاكىت** بولۇپ قالدى. ھازىرقى ۋاقىت ئىنقىلاپنى پەقەت ئىنقىلاپچىلارلا ئېتىراپ قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس. مۇستەبىت ھوكۇ-مەت ئەمەلىيەتتە چىرىپ كېتىۋاتىدۇ، بەلكى كوپچىلىكنىڭ كوز ئالدىدا چىرىپ كېتىۋاتىدۇ. خۇددى بىر لىبېرال (گرېدېسكۇل ئەپەندى) قانۇنىي مەتبۇئاتتا ئادىللىق بىلەن كورسەتكىنىگە ئوخشاش، ئەمەلىيەتتە بۇ ھوكۇمەتكە بوي سۇنمايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. مۇستەبىتلىك قارىماققا ناھايىتى كۇچلۇكتەك تۇرغىنى بىلەن، كۇچسىزلىنىپ ھالى قالمىدى؛ كۇنساناپ راۋاجلىنىۋاتقان ئىنقىلاۋىي ۋەقەلەر تىرىك پېتى چىرىپ كېتىۋاتقان بۇ تىرىكتاپ ئورگانىزىمنى چەتكە چىقىرىپ قويىدى. لىبېرال بۇرژۇئازلار ئەمەلى-يەتتە شەكىللىنىۋاتقان ھازىرقى مۇناسىۋەتنى ئاساس قىلغان ھالدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىش (ياكى تېخىمۇ توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا، سىياسى پۇرسەتپەرەسلىك قىلىش)قا، **ئىنقىلاپنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك ئىكەن دىگەن ھىسسىياتقا كېلىشكە** مەجبۇر بولدى. ئۇلار ئىنقىلاپچى بولغانلىقى ئۇچۇن بۇنداق قىلىپ يۇرگىنى يوق، ئۇلار ئىنقىلاپچى بولمىغان تەقدىردىمۇ مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلىشى ئىلاجىسىزلىقتىن بولۇپ، ئوزلىرىنىڭ ئار-زۇسىغا خىلاپ كېلىدۇ، ئۇلار ئىنقىلاپنىڭ راۋاجلىنىۋاتقانلىقىغا غەزەپ بىلەن قاراپ تۇرماقتا، مۇستەبىت ھوكۇمەت مۇرەسسەلى-شىشنى خالىماي، جان تىكىپ كۇرەش قىلىش كويىدا بولغانلىقتىن، ئىنقىلاپنى ئەۋج ئالدۇرۇۋەتتى، دەپ مۇستەبىت ھوكۇمەتكە تاپا-تەنە قىلماقتا. ئۇلار تۇغما ئېلىپساتارلار بولۇپ، كۇرەشكە، ئىنقى-

لاپقا ئۆچ، لېكىن ئوبيېكتىپ ۋەزىيەت ئۇلارنى ئىنقىلاپ زېمىنىدا تۇرۇشقا مەجبۇر قىلماقتا، چۈنكى ئۇلار ئۈچۈن پۈت تىرەپ تۇرغۇدەك باشقا جاي قالمىدى.

بىز تازا قىزىق ۋە تازا كۈلكىلىك بىر ئەھۋالنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپتۇمىز. بۇرژۇئا لىبېرالىزىمچى جالاپلار ئىنقىلاپ تونىغا ئورۇنىۋېلىشقا ئۇرۇنماقتا. ئازاتچىلار، — كۈلمەي تۇرۇڭلار، ئەپەندىلەر! — ئازاتچىلار ئىنقىلاپ نامى بىلەن گەپ قىلغىلى تۇردى! ئازاتچىلار بىزنى ئۆزلىرىنىڭ ”ئىنقىلاپتىن قورقمايدىغان“ (سترۇۋې ئەپەندىنىڭ سۆزى، «ئازاتلىق» ژورنىلىنىڭ 72-سانىغا قارالسۇن) لىقىغا ئىشەندۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ!!! ئازاتچىلار ”ئىنقىلاپقا رەھبەرلىك قىلىدىغان“ لىقىنى بىلدۈردى!!!

بۇ بۇرژۇئا لىبېرالىزىمىنىڭلا ئىلگىرىلىگەنلىكىنى ئەمەس، بەلكى ئۇزىنى **مەجبۇرى** ئېتىراپ قىلدۇرغان ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتنىڭمۇ ئەمەلىي مۇۋەپپەقىيەت جەھەتتىكى ئىلگىرىلىگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغان ئەھۋال. ھەتتا بۇرژۇئازىيىمۇ ئىنقىلاپ زېمىنىغا ئۆتۈۋېلىشنىڭ پايدىلىقراق ئىكەنلىكىنى سېزىشكە باشلىدى، بۇنىڭدىن مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ نەقەدەر تەۋرىنىپ قالغانلىقىنى تولۇق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. لېكىن، يەنە بىر تەرەپتىن، پۈتۈن ھەرىكەتنىڭ يېڭى، تېخىمۇ يۇقۇرى باسقۇچقا كۆتىرىلگەنلىكىنى ئىسپاتلىغان بۇ ئەھۋال، ئالدىمىزغا شۇنداق يېڭى، يۈكسەك ۋەزىپىلەرنى قويىدۇ. بۇرژۇئازىيىنىڭ بىرەر مۇتەپەككۇرىنىڭ سەمىمى بولۇش-بولماسلىقىدىن قەتئىي نەزەر، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىنقىلاپنى چىن دىلىدىن ئېتىراپ قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، بۇرژۇئازىيە ئۆزىنىڭ شەخسى مەنپەئەتپەرەسلىكى ۋە شاللاقلىقىنى، ئۇششاق سودىگەرلەرگە خاس خۇلق-مىجەزىنى ۋە ئەكسىيەتچىل ئۇششاق-چۈششەك ھىيلە-مىكىرلىرىنى ھەرىكەتنىڭ بۇ يۇقۇرى باسقۇچىغا ئۆزى بىلەن

بىللە ئېلىپ كىرمەي قالمايدۇ. ئەمدى پۇروگىراممىمىزنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن، بىز ئىنقىلاپنىڭ نۆۋەتتىكى **كونكىرىت** ۋەزىپىلىرىنى **باشقىدىن** بەلگىلىشىمىز كېرەك. تۈنۈگۈن كۆپايە قىلىنغان نەرسە، **بۈگۈن كۆپايە قىلمايدىغان بولۇپ قالدى.** تۈنۈگۈن، ئىلغار دېموكراتىك شوئار ھىساۋىدا ئىنقىلاپنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلىش بەلكىم كۆپايە قىلاتتى. ئەمدى ئۇ كۆپايە قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. ئىنقىلاپ ھەتتا سترۇۋې ئەپەندىنىمۇ ئىنقىلاپنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. ئەمدى، ئىلغار سىنىپتىن بۇ ئىنقىلاپنىڭ قىلچە كېچىكتۈرۈپ بولمايدىغان جىددى ۋەزىپىلىرىنىڭ **مەزمۇنىنىڭ ئۆزىنى** ئېنىق بەلگىلەش تەلەپ قىلىنىدۇ. سترۇۋې ئەپەندىلەر ئىنقىلاپنى ئېتىراپ قىلىسىمۇ، لېكىن شۇنىڭ بىلەن تەڭلا تېچلىققا كېلىشىنىڭ يولى تېپىلىشى مۇمكىن، **نىكولاي ئازاتچى** ئەپەندىلەرنى تەختكە چىقىپ ھاكىمىيەت تۇتۇشقا چاقىرىدۇ، ئاقىلەي-كوكىلەي دەپ كونا مۇقاملىرىنى تەكرارلاپ ئۆزىنى چاندۇرۇپ تۇرىدۇ. ئازاتچى ئەپەندىلەرنىڭ ئىنقىلاپنى ئارامخۇدا كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن ۋە بۇ ئىنقىلاپقا ساتقىنلىق قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەمدى بىز پۇرولېتارىياتقا ۋە پۈتۈن خەلققە ئىنقىلاپ دىگەن بۇ شوئارنىڭ كۆپايە قىلمايدىغانلىغىنى كورسىتىپ بېرىشىمىز، ئىنقىلاپنىڭ **مەزمۇنىنىڭ ئۆزىنى** قىلچە مۇجمەللەشتۈرمەستىن ئۈچۈق، تەل-توكۇس ۋە قەتئى ئېنىقلىۋېلىشنىڭ زۆرۈرلۈگىنى كورسىتىپ بېرىشىمىز كېرەك. ئىنقىلاپنىڭ مەزمۇنىنى شۇنداق ئېنىقلاپ بېرەلەيدىغان شوئار — ئىنقىلاپنىڭ "ئۈزۈل-كېسىل غەلىبىسى"نى بىردىن-بىر توغرا ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان، پۇرولېتارىيات بىلەن دىخانلارنىڭ ئىنقىلاۋىي دېموكراتىك دىكتاتۇرىسى[254] دىگەن شوئار.

سوزنى كەلىسە-كەلمەس ئىشلىتىش سىياسى جەھەتتىكى ئەڭ

ئومۇمى ھادىسە. مەسىلەن، ئەنگلىيىنىڭ بۇرژۇئا لىبىراللىرىمۇ (”ھازىر ھەممىمىز سوتسىيالىزىمچىلارمىز“ —«We all are socialists now»— دەيدۇ ھاركۇرت)، بىسماركنىڭ مۇرىتلىرىمۇ پاپا لېو XIII نىڭ دوستلىرىمۇ ئۇزلىرىنى ”سوتسىيالىزىمچى“ دەپ ئاتاپ يۇرۇشىدۇ. ”ئىنقىلاپ“ دىگەن سوزنىمۇ كەلسە-كەلمەس ئىشلىتىش تامامەن مۇمكىن، ھەركەت راۋاجلىنىپ مۇئەييەن باسقۇچقا يەتكەندە، بۇنداق كەلسە-كەلمەس ئىشلىتىش ھەتتا مۇقەررەر بولىدۇ. سترۇۋې ئەپەندى ئىنقىلاپ نامىدىن سوزلىگەن ۋاقىتتا، بىز ئىختىيارسىز ھالدا تىپىرنى ئەسكە ئالىدۇق. فېۋرال ئىنقىلاۋىدىن[255] بىرنەچچە كۇن ئىلگىرى، بۇرژۇئازىيىنىڭ سىياسى ساتقىنلىغىنى تازا كوكۇلدىكىدەك كورستىپ بېرەلەيدىغان بۇ ئەشەددى ۋەھشى پەتەك خەلق بورىنى-نىڭ يىتىپ كىلىۋاتقانلىغىنى سەزگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پارلامېنت مۇنبىرىدە تۇرۇپ، مەن **ئىنقىلاۋىي پارتىيىگە مەنسۇپ ئادەممەن!** دىگەن (ماركسنىڭ «فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش»[256] دىگەن ئەسە-رىگە قارالسۇن). ئازاتچىلارنىڭ ئىنقىلاۋىي پارتىيە تەرەپكە ئوتۇشى-نىڭ سىياسى مەنىسى تىپىرنىڭ بۇنداق ”ئۇزگىرىشى“گە **پۇتۇنلەي ئوخشايدۇ**. روسىيىدىكى تىپىرلار ئۇزلىرىنى ئىنقىلاۋىي پارتىيىگە مەنسۇپمىز دەپ يۇرۇشكىنىدە، دىمەك، ئىنقىلاپ دىگەن شوئار ئەمدىلىكتە كۇپايە قىلمايدىغان، ھېچ نەرسىنىمۇ چۇشەندۇرۇپ بېرەل-مەيدىغان، ھېچقانداق ۋەزىپىنى ئېنىق كورستىپ بېرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى، دىگەنلىك بولىدۇ، چۇنكى ئىنقىلاپ پاكىت بولۇپ قالدى، خىلمۇ-خىل ئادەملەر ئارقا-ئارقىدىن ئىنقىلاپ تەرىپىگە ئوتۇۋالغىلى تۇردى.

ماركسىزىملىق نۇقتىنەزەردىن قارىغاندا، ئىنقىلاپ دىگەن زادى نىمە؟ ئىنقىلاپ دىگەن كونا سىياسى ئۇستقۇرۇلمىنى زورلۇق بىلەن پاچاقلاپ تاشلاش يەنى يىڭى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىگە زىت

كېلىشى ئارقىسىدا بەلگىلىك پەيتتە يېمىرىلىپ كېتىدىغان ئۇستقۇرۇلمىنى پاچاقلاپ تاشلاش دېگەنلىكتۇر. كاپىتالىستىك روسىيىنىڭ پۈتكۈل تۈزۈلۈشى ۋە ئۇنىڭ بۇرژۇئا دېموكراتىك تەرەققىياتىدىكى بارلىق ئېھتىياجلىرى بىلەن مۇستەبىتلىك ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئورۇنسىز ئۇزاققا سوزۇلغانسېرى، بۇ زىددىيەت مۇستەبىتلىكنىڭ يېمىرىلىشىگە شۇنچە كۈچلۈك تۈرتكە بولىدۇ. ئۇستقۇرۇلمىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدىن چاك كەتكەن، ئۇ بىر ھۇجۇم بىلەنلا غۇلاپ چۈشىدۇ، ئۇ كۈندىن-كۈنگە زەئىپلەشمەكتە. ئەمدى خەلقنىڭ ئۆزى سىنىپلار ۋە گۇرۇھلارنىڭ ۋەكىللىرى ئارقىلىق ئۆزى ئۈچۈن يېڭى ئۇستقۇرۇلما بەرپا قىلماي تۇرالمايدۇ. كونا ئۇستقۇرۇلمىنىڭ ھېچبىر كېرىكى يوق نەرسە بولۇپ قالغانلىقى مۇئەييەن تەرەققىيات باسقۇچىدا ھەممىگە ئايان پاكىت بولۇپ قالىدۇ. ئىنقىلاپنى ھەممەيلەن ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەمدىكى ۋەزىپە يېڭى ئۇستقۇرۇلمىنى **زادى قايسى** سىنىپلارنىڭ قۇرۇپ چىقىشىنى ۋە **قانداق ئۇسۇللار بىلەن** قۇرۇپ چىقىشىنى ئېنىقلىۋېلىشتىن ئىبارەت. بۇنى ئېنىقلىۋالمىغاندا، ئىنقىلاپ دېگەن شوئار ھازىرقى پەيتتە قۇرۇق، مەزمۇنسىز شوئار بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى مۇستەبىتلىكنىڭ زەئىپلىكى ۋە ئاجىزلىقى كىنەزلەرنى ۋە «موسكۋا خەۋەرلىرى»نىمۇ[66] "ئىنقىلاپچى"لارغا ئايلاندۇرۇپ قويماقتا! بۇنى ئېنىقلىۋالمىغاندا، ئىلغار سىنىپنىڭ ئىلغار دېموكراتىزملىق ۋەزىپىلىرىدىن زادىلا ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. بۇنى ئېنىقلايدىغان نەرسە پۇرولېتارىيات بىلەن دېھقانلارنىڭ دېموكراتىك دىكتاتۇرىسى دېگەن شوئار. بۇ شوئار ھەم يېڭى ئۇستقۇرۇلمىنىڭ يېڭى "قۇرغۇچىلىرى"نىڭ قايسى سىنىپلارغا تايىنىشى مۇمكىنلىكى ۋە لازىملىقىنى ئېنىقلاپ بېرىدۇ، ھەم بۇ يېڭى ئۇستقۇرۇلمىنىڭ قانداق خاراكتېردا بولىدىغانلىقىنى (سوتسىيالىستىك دىكتاتۇرىغا ئوخشىمايدىغان "دېموكراتىك" دىكتاتۇرا بولىدىغانلىقىنى) ۋە قانداق

يول بىلەن قۇرۇلىدىغانلىقىنى (دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈش يەنى زورلۇق بىلەن قىلىنغان قارشىلىقنى زورلۇق بىلەن باستۇرۇشنى، خەلق ئىچىدىكى ئىنقىلاۋىي سىنىپلارنى قوراللاندۇرۇشنى) ئېنىقلاپ بېرىدۇ. ھازىر، كىمكى ئىنقىلاۋىي دېموكراتىك دىكتاتۇرا شوئارىنى، ئىنقىلاۋىي ئارمىيە قۇرۇش، ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەت قۇرۇش ۋە ئىنقىلاۋىي دىخانلار كومىتېتى قۇرۇش شوئارىنى ئېتىراپ قىلمايدىكەن، ئۇ يا ئىنقىلاپنىڭ ۋەزىپىلىرىنى زادىلا چۈشەنمىگەنلىگىدىن، نوۋەتتىكى ۋەزىيەت ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى ۋە تېخىمۇ يۇكسەك ئىنقىلاۋىي ۋەزىپىلەرنى ئېنىقلىۋېلىشقا ئىقتىدارسىزلىغىدىن شۇنداق قىلىدۇ، يا بولمىسا، "ئىنقىلاپ" دىگەن شوئارنى كەلسە-كەلمەس ئىشلىتىش ئارقىلىق، خەلقنى ئالداش، ئىنقىلاپنى سېتىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ.

يولداش مارتىنوۋ ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئالدىنقى ئەھۋالغا مىسال بولالايدۇ. ستروۋې ئەپەندى ۋە پۈتكۈل "ئاساسىي قانۇنچى دېموكراتىك" ئاپتونومىيىچىلەر پارتىيىسى كېيىنكى ئەھۋالغا مىسال بولالايدۇ.

يولداش مارتىنوۋ شۇ قەدەر زېرەك ھەم چېچەن ئادەمكى، ئۇ ئىنقىلاپنىڭ راۋاجى كىشىلەردىن ئىنقىلاپ ۋەزىپىلىرىنى دىكتاتۇرا شوئارى بىلەن ئېنىقلىۋېلىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان بىر ۋاقىتتا، باشقىلارنى دىكتاتۇرا ئۇقۇمىنى ئىنقىلاپ ئۇقۇمىنىڭ ئورنىغا "قويدى" دەپ ئەيىپلەپ يۈردى! يولداش مارتىنوۋ ئەمەلدە يەنە بەختكە قارشى قۇيرۇق بولۇپ قالدى، ئوتۇپ كەتكەن باسقۇچتا توختاپ قالدى، **نەتىجىدە ئازاتچىلارنىڭ سەۋىيىسىدە توختاپ قالدى**، چۈنكى، ھازىر پرولېتارىيات بىلەن دىخانلارنىڭ دېموكراتىك دىكتاتۇرىسى (ئەمىلىيەتتىكى ئىنقىلاپ)نى ئېتىراپ قىلىشنى خالىماي بەلكى دەل "ئىنقىلاپ" (ئېغىزدىكى ئىنقىلاپ)نى ئېتىراپ قىلىش ئازاتچىلارنىڭ

سىياسى مەيدانىغا يەنى پادىشاپەرەس لىبېرال بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپە-ئەتىگە ئۇيغۇن، لىبېرال بۇرژۇئازىيە ھازىر سترۇۋې ئەپەندىنى ئۇزىگە ۋەكىل قىلغان ھالدا ئىنقىلاپنى ياقلايدىغانلىقىنى بىلدۇرمەك-تە. ئاڭلىق پۇرولېتارىيات ئىنقىلاۋىي سوتسىيال دېموكراتلارنى ئۇزىگە ۋەكىل قىلغان ھالدا پۇرولېتارىيات بىلەن دىخانلارنىڭ دىك-تاتۇرىسىنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلماقتا. مۇشۇ پەيتتە، يېڭى «ئۇچقۇن» گېزىتى تەرەپتىن بىر ئەقىللىق كىشى شاپاشلاپ چىقىپ: دىكتاتۇرا ئۇقۇمىنى ئىنقىلاپ ئۇقۇمىنىڭ ئورنىغا "قويماڭلار"! دەپ چۇقان كوتىرىپ، ئىككى تەرەپنىڭ مۇنازىرىسىگە ئارىلاشتى. قاراڭلار، يېڭى ئۇچقۇنچىلارنىڭ ساختىلىغى ئۇزلىرىنى مەڭگۇ ئازاتچىلارنىڭ قۇيرۇغى بولۇپ قېلىشقا مەھكۇم قىلغان، دىسەك، بۇ، ھەقىقەت بولمامدۇ؟

بىز ئازاتچىلارنىڭ دېموكراتىزىمنى ئېتىراپ قىلىشتا قەدەممۇ-قەدەم (بۇنىڭدا سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئىلھامى ۋە تۇرتكىلىك رولى يوق ئەمەس) كورسىتىپ ئوتكەن ئىدۇق. باشتا، ئۇلار بىلەن شىپوۋچىلىق (ھوقۇق ۋە ھوقۇقلۇق يەرلىك ئاپتونومىيە ئىدارىسى)كېرەكمۇ ياكى ئاساسىي قانۇنچىلىق كېرەكمۇ؟ دىگەن مەسىلە ئۇستىدە مۇنازىرىلەشتۇق. كېيىن بولسا، چەكلىك سايلام كېرەكمۇ؟ ياكى ئومۇمى سايلام كېرەكمۇ؟ دىگەن مەسىلە ئۇستىدە مۇنازىرىلەش-تۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا، ئىنقىلاپنى ئېتىراپ قىلىش كېرەكمۇ ياكى مۇستەبىت ھوكۇمەت بىلەن دەللاللارچە سودىلىشىش كېرەكمۇ؟ دىگەن مەسىلە ئۇستىدە مۇنازىرىلەشتۇق. ئەڭ ئاخىردا، ھازىر: ئىنقىلاپنى پۇرولېتارىيات بىلەن دىخانلارنىڭ دىكتاتۇرىسىنى چەتكە قايرىپ قويغان ھالدا ئېتىراپ قىلىشمۇ ياكى بۇ ئىككى سىنىپنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاپتىكى دىكتاتۇرا تەلىۋىنى ئېتىراپ قىلىشمۇ؟ دىگەن مەسىلە ئۇستىدە مۇنازىرىلىشىۋاتىمىز. ھەتتا ئازاتچى ئەپەندى-

لەرمۇ (ھازىرقىلىرىمۇ ياكى ئۇلارنىڭ بۇرژۇئا دېموكراتىيىچىلىرى-
نىڭ سول قانىتى ئىچىدىكى ۋارىسلىرىمۇ بۇنىڭ ھېچۋەقەسى يوق) يەنە
بىر بالداق كۆتىرىلەر، يەنى بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن (بەلكىم
يولداش مارتىنوۋمۇ يەنە بىر بالداق كۆتىرىلگەن ۋاقىتتا) دىكتاتۇرا
شوئارىنىمۇ ئېتىراپ قىلۇر. ئەگەر روسىيە ئىنقىلاۋى ئوڭۇشلۇق ئالغا
ئىلگىرىلىسە ۋە ئۆزۈل-كېسىل غەلىبە قازانسا، بۇ ھەتتا مۇقەررەر
بىر ئىش بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيە-
سىنىڭ مەۋقەسى يەنە قانداق بولىدۇ؟ ھازىرقى ئىنقىلاپنىڭ تولۇق
غەلىبە قازىنىشى دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ ئاخىرلاشقانلىغى ۋە سوت-
سىيالىستىك ئىنقىلاپ ئۈچۈن قەتئىي كۈرەش قىلىشنىڭ باشلىنىشى
بولىدۇ. بۈگۈنكى دېھقانلارنىڭ تەلەپلىرى قانائەتلەندۈرۈلگەن، ئەكسى-
يەتچى كۈچلەر پۈتۈنلەي تارمار قىلىنغان، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت
قولغا كەلتۈرۈلگەن ھامان بۇرژۇئازىيىنىڭ ھەتتا ئۇششاق بۇرژۇئازىيە-
نىڭ ئىنقىلاۋىلىغىمۇ پۈتۈنلەي تۈگەيدۇ، پۇرولېتارىياتنىڭ
سوتسىيالىزم يولىدىكى ھەقىقى كۈرىشى بولسا باشلىنىپ كېتىدۇ.
دېموكراتىك ئىنقىلاپ قانچىكى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلسا، بۇ يېڭى
كۈرەش شۇنچە چاپسان، شۇنچە كەڭ، شۇنچە ساغلام، شۇنچە قەتئىي
قانات يايىدۇ. "دېموكراتىك" دىكتاتۇرا دېگەن بۇ شوئار ھەم ھازىر-
قى ئىنقىلاپنىڭ تارىخىي چەكلىمىلىكلىگىنى كورسىتىپ بېرىدۇ، ھەم
يېڭى تۈزۈم زېمىنىدا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ھەرقانداق زۇلۇم ۋە ھەر-
قانداق ئېكسپىلاتاتسىيىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇش ئۈچۈن يېڭى كۈرەش
ئېلىپ بېرىشىنىڭ مۇقەررەرلىگىنى كورسىتىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقان-
دا، دېموكراتىيىچى بۇرژۇئازىيە ياكى ئۇششاق بۇرژۇئازىيە يەنە بىر
بالداق كۆتىرىلگەن ۋاقىتتا ئىنقىلاپلا ئەمەس، ھەتتا ئىنقىلاپنىڭ
تولۇق غەلىبىسىمۇ پاكىت بولۇپ قالغان چاغدا، بىز پۇرولېتارىياتنىڭ
سوتسىيالىستىك دىكتاتۇرىسى شوئارىنى يەنى تولۇق سوتسىيالىستىك

ئىنقىلاپ شوئارىنى (ئېھتىمال كەلگۈسىدىكى يېڭى مارتىنوۋلارنىڭ ۋايىسلىق دات-پەرياتلىرى ئىچىدە دېموكراتىك دىكتاتۇرا شوئارىنىڭ "ئورنىغا قويىمىز".

3. چاكىنا بۇرژۇئازىيىچە دىكتاتۇرا قارىشى ۋە ماركسنىڭ دىكتاتۇرا قارىشى

مېرىڭ ماركسنىڭ 1848-يىلى «يېڭى رېين» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرىنىڭ توپلىمىنى نەشر قىلدى، ئۇ ماقالىلار توپلىمىنىڭ ئىزاھاتىدا: بۇرژۇئا مەتبۇئاتلىرى «يېڭى رېين» گېزىتىنى "دېموكراتىيىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ بىردىن-بىر ۋاستىسى سۈپىتىدە دىكتاتۇرىنى دەرھال يولغا قويۇش"نى تەلەپ قىلدى، دەپ ئەيىپلىگەن ئىدى («ماركسنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 3-توم، 53-بەت) دەيدۇ. چاكىنا بۇرژۇئازىيىچە نۇقتىنەزەر بويىچە قارىغاندا، دىكتاتۇرا بىلەن دېموكراتىيىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئۇقۇم بىر-بىرىنى چەتكە قاقىدۇ. بۇرژۇئازلار سىنىپىي كۆرەش نەزەرىيىسىنى ئۇقمايدۇ، ئۇلار بۇرژۇئازىيىنىڭ سىياسى سەھنىدىكى تۈرلۈك ئۇششاق گۇرۇھلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇنسىز تالاش-تارتىشلارنى تولا كۆرۈپ ئادەتلىنىپ قالغانلىقتىن، دىكتاتۇرا دېگەن بارلىق ئەركىنلىكنى ۋە بارلىق دېموكراتىيىنى يوق قىلىش دېگەنلىك، ئۆز مەيلىچە زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىش دېگەنلىك، دىكتاتۇرا يۈرگۈزگۈچى شەخسنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ ھوقۇقتىن كەلسە-كەلمەس پايدىلىنىش دېگەنلىك، دەپ قارايدۇ. ماھىيەتتە، بىزدىكى مارتىنوۋ مۇشۇنداق چاكىنا بۇرژۇئازىيىچە نۇقتىنەزەرنى ئىپادىلىدى، ئۇ يېڭى «ئۇچقۇن» گېزىتىدە ئېلىپ بارغان "يېڭى جازا يۈرۈشى"نىڭ خاتىمىسىدە: «ئالغا» گېزىتى بىلەن «پۇرولېتارلار»

گېزىتىنىڭ دىكتاتۇرا دېگەن شوئارغا خۇشتار بولۇپ قېلىشىغا لېنىننىڭ "بەخت لەززىتىنى بەكمۇ تېتىغۇسى كېلىپ كەتكەن"لىگى سەۋەپ بولغان، دەيدۇ («ئۇچقۇن» گېزىتى 103 ـ سان، 3 ـ بەت، 2 ـ ئىستون). مارتىنوۋقا سىنىپىي دىكتاتۇرا ئۇقۇمى بىلەن شەخسىي دىكتاتۇرىنىڭ پەرقىنى ۋە دېموكراتىك دىكتاتۇرىنىڭ ۋەزىپىسى بىلەن سوتسىيالىستىك دىكتاتۇرىنىڭ ۋەزىپىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن «يېڭى رېين» گېزىتىنىڭ نۇقتىنەزىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئوتۇش پايدىسىز بولماس.

«يېڭى رېين» گېزىتى 1848 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: "ئىنقىلاپتىن كېيىن ھەرقانداق ۋاقىتلىق دولەت ئاپاراتى دىكتاتۇرىغا، يەنە كېلىپ كۈچلۈك دىكتاتۇرىغا مۇھتاج بولىدۇ. بىز كامپىخاۋسېننىڭ ‹1848 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن كېيىنكى كابېنتىنىڭ باشلىغى› دىكتاتۇرا يۈرگۈزمىگەنلىكىنى، كونا تۈزۈمنىڭ قالدۇقلىرىنى دەرھال بىتچىت قىلمىغانلىغىنى ۋە تازىلىمىغانلىغىنى باشتىلا ئەيىپلىگەن ئىدۇق. كامپىخاۋسېن ئەپەندى ئاساسىي قانۇن چىقىرىش خام خىيالىغا غەرق بولۇپ يۈرگەن چېغىدا، ئاغدۇرۇلغان پارتىيە ‹يەنى ئەكسىيەتچىل پارتىيە› بيۇروكرات ئاپاراتلاردا ۋە ئارمىيە ئىچىدە ئۆزىنىڭ سېپىنى مۇستەھكەملىۋالدى، ھەتتا تەپ تارتماي تەرەپ ـ تەرەپتە ئاشكارا كۈرەشلەرنى قىلدى."[257]

بۇ سوزلەر «يېڭى رېين» گېزىتىنىڭ بىرنەچچە ئۇزۇن ماقالىسىدىكى كامپىخاۋسېن كابېنتى توغرىسىدىكى تەپسىلى بايانلارنى بىرنەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلىغان، دەپ مېنىڭ ناھايىتى توغرا ئېيتىدۇ. ماركسنىڭ بۇ سوزلىرى بىزگە زادى نېمىلەرنى ئۇقتۇرىدۇ؟ ئۇ بىزگە ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەتنىڭ دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈشى **زورۇرلۇگىنى** (دىكتاتۇرا دېگەن شوئاردىن قاچىدىغان «ئۇچقۇن» گېزىتى ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ بۇنى چۈشىنەلمەيدۇ) ئۇقتۇرىدۇ؛ ئۇ بىزگە بۇ دىكتا

تۇرنىڭ ۋەزىپىسى كونا تۈزۈمنىڭ قالدۇقلىرىنى يوقىتىش ئىكەنلى-كىنى (خۇددى بىز يۇقۇرىدا كورسىتىپ ئوتكىنىمىزدەك، بۇ دەل روسىيە سوتسيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ 3-قۇرۇلتى-يىنىڭ ئەكسىلئىنقىلاپقا قارشى كۈرەش قىلىش توغرىسىدىكى قارارىدا ئوچۇق كورسىتىلگەن، ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قارارىدا بولسا بۇنىڭغا ئېتىۋارسىز قارالغان) ئۇقتۇرىدۇ. ئاخىردا، ئۈچىنچىدىن، بۇ سوزلەر-دىن بۇرژۇئا دېموكراتىيىچىلىرى ئىنقىلاپ ۋە ئاشكارا ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە "ئاساسىي قانۇن چىقىرىش خام خىيالى"غا بېرىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ماركسنىڭ ئۇلارنى قاتتىق سوككەنلىكىنى كورۇ-ۋالغىلى بولىدۇ. بۇ سوزلەرنىڭ مەنىسىنى «يېڭى رېين» گېزىتىنىڭ 1848-يىل 6-ئاينىڭ 6-كۈنىدىكى ماقالىسىدىن ئالاھىدە روشەن كورۇۋالغىلى بولىدۇ. ماركس مۇنداق دەپ يازىدۇ: "ئاساسىي قانۇن تۈزگۈچى مىللى پارلامېنت ئالدى بىلەن ئىنقىلاۋىي ئاكتىپچانلىقتا ئىگە ئاكتىپ پارلامېنت بولۇشى لازىم. فرانكفۇرت پارلامېنتى بولسا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلىگىنىدەك، پارلا-مېنت تۈزۈمى بىلەنلا ئاۋارە بولۇپ، ھوكۇمەتنىڭ ھەركىتىنى ئوز مەيلىگە قويۇپ بېرىۋاتىدۇ. بۇ ئىلمىي يىغىن تولۇق مۇھاكىمىدىن كېيىن ئەڭ ياخشى كۈنتەرتىپ ۋە ئەڭ ئوبدان ئاساسىي قانۇننى چىقىرالايدۇ دەپمۇ تۇرايلى. لېكىن، ئەگەر گېرمانىيىنىڭ ھەرقايسى ئىشتاتلىرىدىكى ھوكۇمەتلەر بۇ ۋاقىتتا نەيزىنى كۈنتەرتىپكە قويغان بولسا، بۇ ھالدا ئەڭ ياخشى كۈنتەرتىپ ۋە ئەڭ ئوبدان ئاساسىي قانۇننىڭ نېمە كېرىكى بار؟[258]

دىكتاتۇرا دېگەن شوئارنىڭ مەنىسى ئەنە شۇ. "ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭىشىنى چاقىرىشنى قارار قىلىش"نى ئۆزۈل-كېسىل غەلىبە دەپ ئاتايدىغان ياكى ئۆزۈل-كېسىل ئىنقىلاۋىي ئوكتىچى پارتىيە بولۇپ قېلىشۋېرىش"قا چاقىرىدىغان قارارغا ماركسنىڭ قانداق

قارايدىغانلىقىنى بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ھەرقايسى مەملىكەت خەلقىنىڭ ھاياتىدىكى چوڭ مەسىلىلەرنى پەقەت كۈچ بىلەنلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ. بارلىق ئەكسىيەتچىل سىنىپلار ئادەتتە ئالدى بىلەن ئۆزى زورلۇق ئىشلىتىدۇ، ئىچكى ئۇرۇش قوزغايدۇ، "نەيزىنى كۈنتەرتىپكە قويىدۇ"، روسسىيە مۇستەبىت ھۆكۈمىتى مۇشۇنداق قىلغان، بەلكى 1-ئاينىڭ 9-كۈنىدىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرىدا ئىزچىل تۈردە ۋە جاھىللىق بىلەن مۇشۇنداق قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەھۋال مۇشۇنداق ئىكەن، نەيزە راستىلا سىياسىي كۈنتەرتىپتە بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلغان ئىكەن، قوزغىلاڭ زورۇر ۋە قىلچە كېچىكتۈرۈپ بولمايدىغان ئىش بولۇپ قالغان ئىكەن، بۇ ھالدا، ئاساسىي قانۇن چىقىرىش خام خىيالدا بولۇش ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلىگىنىدەك، پارلامېنت تۈزۈمى بىلەنلا ئاۋارە بولۇش پەقەت بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىنقىلاپقا ساتقىنلىق قىلىشىنى نىقاپلاش، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىنقىلاپتىن "چېكىنىپ چىقىپ كېتىشى"نى نىقاپلاش رولىنىلا ئوينايدۇ. بۇنداق چاغدا، ھەقىقىي ئىنقىلاۋىي سىنىپ دەل شۇ دىكتاتۇرا شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك.

بۇ دىكتاتۇرىنىڭ ۋەزىپىسى توغرىسىدىكى مەسىلىدە ماركس «يېڭى رېين» گېزىتىدە يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: "مىللىي پارلامېنت ھەرقايسى ئىشتاتلاردىكى چىرىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەكسىيەتچىل ئورۇنۇشلىرىغا دىكتاتۇرا يولى بىلەن قارشى تۇرۇشى كېرەك ئىدى، مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئۇ خەلقنىڭ جامائەت پىكرىدە قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە بولالايتتى، بۇنداق كۈچ ئالدىدا بارلىق نەيزىلەر......بىتچىت بولاتتى......بۇ پارلامېنت گېرمانىيە خەلقىنى يېتەكلەش ياكى گېرمانىيە خەلقىنىڭ يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىش ئورنىغا بىر تاغار قۇرۇق گەپ بىلەن خەلقنى بەزدۈرمەكتە".[259] ماركسنىڭ پىكرىچە، مىللىي

پارلامېنت "خەلق مۇستەبىتلىگى پىرىنسىپى بىلەن توقۇنۇشىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى گېرمانىيىنىڭ ھازىرقى تۈزۈمىدىن تۈگىتىشى"، ئاندىن كېيىن "پارلامېنتنىڭ ئىنقىلاۋىي ئاساسىنى مۇستەھكەملىشى، ئىنقىلاپ ئارقىلىق ئورنىتىلغان خەلق مۇستەبىتلىگىنى ھەرقانداق دەخلى-تەرۇزدىن ساقلىشى"[260] كېرەك ئىدى.

دېمەك، ماركس 1848-يىلى ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەت ياكى ئىنقىلاۋىي دىكتاتورا ئالدىغا قويغان ۋەزىپە، مەزمۇنىدىن ئېيتقاندا، ھەممىدىن ئاۋال، **دېموكراتىك** ئىنقىلاپنى يولغا قويۇش: ئەكسىلئىنقىلاۋىي كۈچلەرگە تاقابىل تۇرۇش، ئەمەلىيەتتە، خەلق مۇستەبىتلىگى بىلەن توقۇنۇشىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تۈگىتىش ئىدى. بۇ ئىنقىلاۋىي دېموكراتىك دىكتاتورىنىڭ دەل ئۆزى.

سوز–مىزنى يەنە داۋاملاشتۇرايلى: ماركسىنىڭ پىكرىچە، شۇ ۋاقىتلاردا قايسى سىنىپلار بۇ ۋەزىپىنى (خەلق مۇستەبىتلىگى پىرىنسىپىنى ھەقىقى تۈردە ئاخىرغىچە ئىزچىللاشتۇرۇش ھەمدە ئەكسىلئىنقىلاپنىڭ ھۇجۇملىرىنى چېكىندۈرۈشنى) ئورۇنلىيالايتتى ۋە ئورۇنلىشى لازىم ئىدى؟ ماركسنىڭ سوزى "خەلق" ئۈستىدە بارىدۇ. لېكىن بىزگە مەلۇمكى، ماركس "خەلق" بىردەك بولىدۇ، خەلق ئىچىدە سىنىپى كۈرەش بولمايدۇ، دەپ قارايدىغان ئۇششاق بۇرژۇئاچە خام خىياللارغا ئەزەلدىن شەپقەتسىز قارشى تۇرۇپ كەلدى. ماركس "خەلق" دىگەن سوزنى قوللانغاندا ھەرقايسى سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى يوققا چىقارمايدۇ، بەلكى ئىنقىلاپنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بارالايدىغان ئېنىق تەركىپلەرنى بىر گەۋدە قىلىپ بىرلەشتۈرىدۇ.

[261] بېرلىن پرولېتارىياتىنىڭ 3-ئاينىڭ 18-كۈنىدىكى غەلىبىسىدىن كېيىن، — دەپ يازىدۇ «يېڭى رېين» گېزىتى، — ئىنقىلاپنىڭ نەتىجىسى ئىككى خىل بولۇپ چىقتى: "بىرى، خەلق قورالغا ئېرىشتى، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈردى، ئەمەلىيەتتە

خەلق مۇستەبىتلىگى قولغا كەلدى؛ يەنە بىرى، پادىشالىق ھاكىمىيەت تۈزۈمى ساقلاپ قېلىندى، كامپخاۋسېن-ھانسېمان كابىنېتى يەنى چوڭ بۇرژۇئازىيىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ھوكۇمەت قۇرۇلدى. شۇنداق قىلىپ، ئىنقىلاپتا سوزسىز قارىمۇ-قارشى يول ئالىدىغان ئىككى خىل نەتىجە بارلىققا كەلدى. خەلق غەلىبە قازاندى؛ ئۇلار شۈبھىسىز، دېموكراتىك خاراكتېر ئالغان ئەركىنلىككە ئېرىشتى، لېكىن بىۋاستە ھوكۇمرانلىق قىلىش ھوقۇقى ئۇلارنىڭ قولىغا ئۆتمەستىن، چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كەتتى. قىسقىسى، ئىنقىلاپ ئاخىر-غىچە ئېلىپ بېرىلمىدى. خەلق كابىنېت تەشكىل قىلىشنى چوڭ بۇرژۇ-ئازىيە ۋەكىللىرى ئىختىيارىغا قويۇۋەتتى، ئەمما چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ بۇ ۋەكىللىرى كونا پرۇسسىيىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرىگە ۋە بيۇروكراتى-لىرىغا ئىتتىپاق تۈزۈش تەكلىۋىنى بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ غەرەزلىرىنى شۇ زامات ئىپادىلىدى. كابىنېتتا ئارنىم، كانىتس ۋە شۋېرىنلار كىردى.

دەسلەپتىلا ئىنقىلاپقا قارشى تۇرغان چوڭ بۇرژۇئازىيە خەلقتىن قورققانلىقى يەنى ئىشچىلار ۋە دېموكراتىيىچى بۇرژۇئازىيىدىن قورققانلىقى ئۈچۈن، ئەكسىيەتچىلەر بىلەن ھۇجۇم-مۇداپىئە ئىتتىپاقى تۈزدى" (تەكىتلەش بەلگىسىنى بىز قويدۇق)[262].

دېمەك، ئىنقىلاپنىڭ ئۇزۇل-كېسىل غەلىبىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، "ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭىشى چاقىرىشنى قارار قىلىش"لا ئەمەس، بەلكى ئۇنى ھەقىقى چاقىرىشنىڭ ئۆزىمۇ كۇپايە قىلمايدۇ! ھەتتا قورال-لىق كۆرەشتە قىسمەن غەلىبە قازانغان (بېرلىن ئىشچىلىرىنىڭ 1848-يىل 3-ئاينىڭ 18-كۈنى ئارمىيە ئۈستىدىن قىلغان غەلىبىسى)دىن كېيىنمۇ، ئىنقىلاپ تېخى "ئورۇنلانمىغان" ۋە "ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىلمىغان" بولۇپ ھېساپلىنىشى مۇمكىن. ئىنقىلاپنىڭ ئاخىرغىچە

ئېلىپ بېرىلىش ـ بېرىلماسلىقى زادى نېمىگە باغلىق؟ بۇ ــ بىۋاستە ھوكۇمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ زادى كىمنىڭ قولىدا بولۇشىغا، يەنى پېترۇنكېۋىچ بىلەن رودىچېۋ قاتارلىقلارنىڭ يەنى كامپخاۋسېن بىلەن ھانسېمان قاتارلىقلارنىڭ قولىدا ياكى **خەلقنىڭ** يەنى ئىشچىلار بىلەن دېموكراتىيىچى بۇرژۇئازىيىنىڭ قولىدا بولۇشىغا باغلىق. ئالدىنقى ئەھۋالدا بۇرژۇئازىيە ھاكىمىيەتكە ئىگە بولىدۇ، پرولېتارىيات بولسا "تەنقىت ئەركىنلىكى"گە يەنى "ئۆزۈل ـ كېسىل ئىنقىلاۋىي ئوكتىچى پارتىيە بولۇپ قېلىۋېرىش" ئەركىنلىكىگە ئىگە بولىدۇ. ئىنقىلاپ غەلىبە قىلىش بىلەنلا، بۇرژۇئازىيە دەرھال ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزىدۇ (مەسىلەن، پېتېربۇرگ ئىشچىلىرى ئارمىيە بىلەن قىلغان كوچا جەڭلىرىدە پەقەت قىسمەن غەلىبە قازانسا ۋە ھوكۇمەت قۇرۇشنى پېترۇنكېۋىچ ئەپەندىلەرگە تاپشۇرسا، ئۇ ھالدا بۇنداق ئەھۋالنىڭ روسىيىدىمۇ يۈز بېرىشى تۇرغان گەپ). كېيىنكى ئەھۋالدا بولسا، ئىنقىلاۋىي دېموكراتىك دىكتاتۇرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يەنى ئىنقىلاپنى تولۇق غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش ئىمكانىيىتى بولىدۇ.

ماركس ئىشچىلار بىلەن بىرگە قوشۇپ ۋە چوڭ بۇرژۇئازىيىگە قارشى قويۇپ خەلق دەپ ئاتىغان "دېموكراتىيىچى بۇرژۇئازىيە" (demokratische Bürgerschaft) زادى نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ ــ ئەمدى قالغان گەپ مۇشۇ مەسىلىنى ئېنىقراق يېشىش بولۇپ قالدى.

بۇ مەسىلىگە «يېڭى رېين» گېزىتىنىڭ 1848 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان بىر ماقالىنىڭ مۇنۇ بىر ئابزاسىدا ئوچۇق جاۋاپ بېرىلىدۇ: "......1848 ـ يىلىدىكى گېرمانىيە ئىنقىلاۋى 1789 ـ يىلىدىكى فرانسىيە ئىنقىلاۋىغا قىلىنغان مەسخىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

1789 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، باستىل تۈرمىسى ئېلىنىپ 3 ھەپتىدىن كېيىن، فرانسىيە خەلقى بىر كۈن ئىچىدىلا بارلىق فېودال ـ

لىق مەجبۇرىيەتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ئىدى.

1848 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، مارت كوچا ئىستىھكاملىرى چېقىلىپ 4 ئاي كېيىن، فېودالىلىق مەجبۇرىيەتلەر گېرمانىيە خەلقىنى يەڭدى. Teste Gierke cum Hansemanno[1]

1789 ـ يىلى فرانسىيە بۇرژۇئازىيىسى ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقچىسى — دېھقانلارنى بىر مىنۇتمۇ تاشلاپ قويمىغان ئىدى. بۇرژۇئازىيە ئۆز ھوكۇمرانلىقىنىڭ ئاساسى يېزىلاردا فېودالىلىقنى يوقىتىش، يەرگە ئىگە (grundbesitzenden) ئەركىن دېھقانلار سىنىپىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

1848 ـ يىلدىكى گېرمانىيە بۇرژۇئازىيىسى ۋىجدانسىزلىق قىلىپ دېھقانلارغا، ئۆزىنىڭ تەبىي ئىتتىپاقچىلىرىغا ساتقىنلىق قىلدى، لېكىن دېھقانلار بۇرژۇئازىيە بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىدى، دېھقانلار بولمىسا بۇرژۇئازىيىنىڭ ئاقسوڭەكلەرگە قارشى تۇرۇشقا چامىسى يەتمەيتتى.

فېودالىلىق ھوقۇقنى ساقلاپ قېلىش، بۇ ھوقۇقلارنى (ساختىلىق

---

[1] "گۇۋاچىلار — گىركې ئەپەندى بىلەن ھانسېمان ئەپەندى." ھانسېمان — چوڭ بۇرژۇئازىيە پارتىيىسىنىڭ كابىنت ئەزاسى (روسىيىدىكى ترۇبېتسكوي ياكى رودىچېۋقا تەڭ كېلىدۇ). گىركې — ھانسېمان كابىنتىدىكى يېزا ئىگىلىك ۋەزىرى، ئۇ كورۇنۇشتە گويا "فېودالىلىق مەجبۇرىيەتلەرنى" "ھەقسىز" "بىكار قىلىدىغان"، ئەمىلىيەتتە بولسا، تايىنى يوق مەجبۇرىيەتلەرنىلا بىكار قىلىپ، چوڭراق مەجبۇرىيەتلەرنى ساقلاپ قالىدىغان ياكى ئۇلارنى سېتىۋېلىشنى تەلەپ قىلىدىغان بىر "دادىل" لايىھە تۈزگەن. گىركې ئەپەندى دېھقانلار بىلەن دوست بولۇشۇپ يۈرگەن روسىيىدىكى كابلۇكوۋ، مانۇئىلوۋ، گېرتسېنشتېين كەبى بۇرژۇئا لىبېرال ئەپەندىلەرگە بەكمۇ ئوخشايدۇ، ئۇلار "دېھقانلارنىڭ مۈلكىنى كېڭەيتىش"نى خالايدۇ، لېكىن پومېشچىكلارنى رەنجىتىشنى خالىمايدۇ.

بىلەن) سېتىۋېلىش ىىقاۋى ئاستىدا تەستىقلاش، — مانا بۇ 1848 ـ يىلىدىكى گېرمانىيە ئىنقىلاۋىىنىڭ نەتىجىسى. گۈلدۈرى بار، يامغۇرى يوق دېگەننىڭ نەق ئۆزى شۇ."263

بۇ ناھايىتى ئىبرەتلىك سوز، ئۇ بىزگە 4 مۇھىم قائىدىنى ئۇقتۇرىدۇ: (1) ئورۇنلانمىغان گېرمانىيە ئىنقىلاۋىنىڭ ئورۇنلانغان فرانسىيە ئىنقىلاۋىدىن پەرقى شۇكى، گېرمانىيە بۇرژۇئازىيىسى ئومۇمەن دېموكراتىزىمغىلا ئەمەس، بەلكى بولۇپمۇ دېخانلارغا ۋاپاسىزلىق قىلدى. (2) دېموكراتىك ئىنقىلاپنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسى ئەركىن دېخانلار سىنىپىنى ۋۇجۇتقا كەلتۇرۇشتىن ئىبارەت. (3) بۇنداق سىنىپنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش دېگەنلىك فېودالىلىق مەجبۇرىيەتلەرنى بىكار قىلىش، فېودالىلىق تۈزۈمنى يوقىتىش دېگەنلىك، لېكىن بۇ ھەرگىز سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ئەمەس. (4) دېخانلار بۇرژۇئازىيە (دېموكراتىيىچى بۇرژۇئازىيە)نىڭ "ئەڭ تەبىي" ئىتتىپاقچىسى، بۇنداق ئىتتىپاقچى بولمىسا، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە قارشى تۇرۇشقا "چامىسى كەلمەيدۇ".

كونكرېت مىللى ئالاھىدىلىكلەرگە يارىشا مۇۋاپىق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ قويۇلسىلا، فېودالىلىق يانچىلىق دەپ ئۆزگەرتىلسىلا، بۇ قائىدىلەر 1905 ـ يىلىدىكى روسىيىگە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. شۈبھىسىزكى، بىز ماركس شەرھىلىگەن گېرمانىيە تەجرىبىلىرىدىن ساۋاق ئالغان چېغىمىزدا، ئىنقىلاپنىڭ ئۈزۈل ـ كېسىل غەلىبە قازىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان بىردىن ـ بىر شوئار — پرولېتارىيات بىلەن دېخانلارنىڭ ئىنقىلاۋى دېموكراتىك دىكتاتۇرىسى دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز. شۈبھىسىزكى، ماركس 1848 ـ يىلى، قارشىلىق كورسەتكەن ئەكسىيەتچىل كۈچلەرگە ۋە ساتقىن بۇرژۇئازىيىگە قارشى قويغان "خەلق"نىڭ ئاساسىي تەركىۋىي قىسمى — پرولېتارىيات بىلەن دېخانلار. شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ روسىيىدە، لىبېرال بۇرژۇئازىيە بىلەن ئازاتچى ئەپەندىلەرمۇ

دىخانلارغا ساتقىنلىق قىلىۋاتىدۇ ھەمدە داۋاملىق ساتقىنلىق قىلىدۇ، يەنى ئۇلار ساختا ئىسلاھاتلار ئارقىلىق ئىشنى ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ، پومېششىكلار بىلەن دىخانلار ھەل قىلغۇچ كۈرەش قىلىدىغان چاغدا پومېششىكلار تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ كۈرەشتە پەقەت پرولېتارىياتلا دىخانلارنى تەل-تۆكۈس قوللايدۇ. ئاخىردا، شۇنىسىمۇ شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ روسىيىدىمۇ دىخانلار كۈرەشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى (يەنى ھەممە يەرنىڭ دىخانلارنىڭ ئىگىدارلىغىغا ئۆتۈشى) تولۇق دېموكراتىك ئىنقىلاپتىن دېرەك بېرىدۇ، شۇنداقلا ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىنقىلاپنىڭ ئىجتىمائى تۈۋرۈكى ھېساپلىنىدۇ، ئەمما ئۇ ھەرگىز سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ھېساپلانمايدۇ، شۇنداقلا ھەرگىز ئۇششاق بۇرژۇئا مۇتەپەككۈرلىرى يەنى سوتسىيال ئىنقىلاپچىلار ئېيتىپ يۈرگەن "ئىجتىمائىلاشتۇرۇش" ھېساپلانمايدۇ. دىخانلار قوزغىلىڭىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى، دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ غەلىبە قىلىشى پەقەت دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت زېمىنىدا سوتسىيالىزىم يولىدىكى ھەقىقى ۋە قەتئى كۈرەش ئۈچۈن يول ئېچىپ بېرىدۇ. دىخانلار — يەر ئىگىلىگۈچى سىنىپ، بۇرژۇئازىيە دېموكراتىيە يولىدىكى كۈرەشتە ھازىر ساتقىنلىق، تۇراقسىزلىق رولىنى ئوينىۋاتقىنىدەك ئۇلارمۇ سوتسىيالىزىم يولىدىكى كۈرەشتە خۇددى شۇنداق رول ئوينايدۇ. بۇنى ئۇنتۇش سوتسىيالىزىمنى ئۇنتۇغانلىق بولىدۇ، پرولېتارىياتنىڭ ھەقىقى مەنپەئەتى ۋە ۋەزىپىسى مەسىلىسىدە ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئالدىغانلىق بولىدۇ.

ماركسىنىڭ 1848-يىلىدىكى نۇقتىنەزىرىنى تەپسىلى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، شۇ چاغدىكى گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى (ياكى شۇ چاغدىكى تىل بىلەن ئېيتقاندا پرولېتارىياتنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىسى) بىلەن ھازىرقى روسىيە سوتسىيال دېموك-

راتلار پارتىيىسىنىڭ بىر ماھىيەتلىك پەرقىنى كورسىتىپ ئوتۇش كېرەك. مېرىڭنىڭ سوزىگە قۇلاق سالايلى:

"«يېڭى رېين» گېزىتى دېموكراتىيىچىلەرنىڭ ئورگان گېزىتى سۈپىتىدە سىياسى سەھنىگە چىقتى. ئۇنىڭ بارلىق ماقالىلىرىغا سىڭدۇرۇلگەن ئاساسىي پىكىرنى كورمەي بولمايدۇ. بىراق ئۇنىڭ بىۋاستە نىشانىنى پۈرولېتارىياتنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتىگە قارشى تۇرۇش دىگەندىن كورە، بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ، مۇستەبىتلىككە ۋە فېودالىلىق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇش دىگەن تۈزۈك. بۇ گېزىت بىلەن بىرلىكتە ھەپتىدە 2 سان چىقىدىغان، مول ۋە شاپپېرلار تەھرىرلىك قىلغان مەخسۇس كىيۇلىن ئىشچىلار بىرلەشمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى[264] بارلىغىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك بولسىمۇ، بۇ گېزىتنىڭ ئىستونلىرىدا ئىنقىلاپ مەزگىلىدىكى ئىشچىلار ھەركىتى مەسىلىسى مەخسۇس مۇھاكىمە قىلىنغان ماتىرىياللار بەكمۇ ئاز ئۇچرايدۇ. قانداق بولۇشىدىن قەتئى نەزەر، شۇ چاغدىكى گېرمانىيە ئىشچىلار ھەركىتىدىكى ئەڭ قابىلىيەتلىك پائالىيەتچى ستېفان بورن پارىژ ۋە بىريۇسسېلدا ماركس بىلەن ئېنگېلستىن ئوگەنگەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە 1848 - يىلى تېخى ئۇلارنىڭ گېزىتى ئۇچۇن بېرلىندىن خەۋەر يېزىپ تۇرغان بولسىمۇ «يېڭى رېين» گېزىتىنىڭ شۇ چاغدىكى گېرمانىيە ئىشچىلار ھەركىتىگە ئانچە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىگى ھازىرقى كىتاپخانلارغا ئالاھىدە كورۇنىدۇ. بورن ئوزى يازغان «ئەسلىمىلەر»دە، ماركس بىلەن ئېنگېلس مېنىڭ ئىشچىلار ئىچىدە ئېلىپ بارغان تەرغىبات خىزمىتىمنى قوللىمايدىغانلىغىنى بىلدۇرىدىغان بىرەر ئېغىز سوز قىلىپ باقمىغان، دەپ يازىدۇ. بىراق، ئېنگېلسنىڭ كېيىنكى باياناتلىرىدىن قارىغاندا، ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ ھېچ بولمىغاندا بۇنداق تەرغىبات خىزمەتىنىڭ ئۇسۇلىدىن نارازى ئىكەنلىگىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن،

ئۇلارنىڭ نارازى بولۇشىدا ئاساس بار ئىدى، چۈنكى بورن پۇرولې-تارىياتنىڭ گېرمانىيىنىڭ كوپچىلىك رايونلىرىدا پۈتۈنلەي راۋاج تاپمىغان سىنىپىي ئېڭىغا نۇرغۇن جەھەتلەردىن يول قويۇشقا، «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»نىڭ نۇقتىنەزەرلىرى بويىچە ھېچقانداق رەددىيىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان يول قويۇشلارغا مەجبۇر بولغان ئىدى. ئۇلارنىڭ نارازى بولۇشى ھەم ئاساسسىز ئىدى، چۈنكى بورن ھەر ھالدا ئۆزى رەھبەرلىك قىلغان تەرغىبات خىزمىتىنى خېلى يۇقىرى سەۋىيىدە ئېلىپ بارغان ئىدى......شۈبھىسىزكى، ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ قارىشىچە، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەنپەئەتى ھەممىدىن ئاۋال بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئالغا سىلجىتىش ئىدى، بۇ تارىخىي جەھەتتىن قارىغاندىمۇ، سىياسى جەھەتتىن قارىغاندىمۇ توغرا......شۇنداق بولسىمۇ، ئىشچىلار ھەركىتى ئەقەللىسى ئەڭ تالانتلىق مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىدىيىسىنى تۈزىتەلەيدىغانلىقىنى قالتىس ئىسپاتلاپ بېرىدىغان مۇنداق بىر پاكىت بار: ئۇلار 1849-يىل 4-ئايدا مەخسۇس ئىشچىلار تەشكىلاتى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى ھەمدە بولۇپمۇ ئېلبا دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى (شەرقىي پرۇسسىيىدىكى) پۇرولېتارىيات چاقىرماقچى بولغان ئىشچىلار قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىشنى قارار قىلدى.“

دېمەك، پەقەت 1849-يىل 4-ئايدا، ئىنقىلاۋىي گېزىت چىقىرىلغىنىغا بىر يىلدەك بولغاندىن كېيىن («يېڭى رېين» گېزىتى 1848-يىل 6-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ چىقىرىلغان)، ماركس بىلەن ئېنگېلس ئاندىن مەخسۇس ئىشچىلار تەشكىلاتى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان! بۇنىڭدىن ئىلگىرى بولسا، ئۇلار مۇستەقىل ئىشچىلار پارتىيىسى بىلەن تەشكىلىي جەھەتتە قىلچە ئالاقىسى بولمىغان ”دېموكراتىيىچىلەرنىڭ ئورگان گېزىتى“نىلا چىقارغان! بۇ پاكىت، بىزنىڭ ھازىرقى

نۇقتىسىنەزىرىمىزدىن قارىغاندا كىشىنى چوچۇتىدىغان ۋە تەسەۋۋۇر قىلىپ بولمايدىغان بۇ پاكىت بىزگە شۇ چاغلاردىكى گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى بىلەن ھازىرقى روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى ئارىسىدىكى پەرقنىڭ نەقەدەر چوڭلۇغىنى ئوچۇق كورسىتىپ بېرىدۇ. بۇ پاكىت بىزگە گېرمانىيىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاۋىدا ھەركەتنىڭ پۈرولېتارىياتلىق ئالامەتلىرىنىڭ ۋە پۈرولېتارىيات ئېقىمىنىڭ قانچىلىك ئاز كورۈلگەنلىگىنى كورسىتىپ بېرىدۇ (چۈنكى 1848 ـ يىلىدا گېرمانىيە تېخى قالاق ئىدى، ئىقتىسادىي جەھەتتە قالاق ئىدى، سىياسى جەھەتتىمۇ قالاق ئىدى ــ دولەت بىرلىكىگە كەلمىگەن ئىدى). ماركسىنىڭ شۇ ۋاقىتتا ۋە ئۇنىڭدىن سەل كېيىنلا مۇستەقىل ھالدا پۈرولېتارىيات پارتىيىسىنى تەشكىللەش كېرەكلىگى توغرىسىدىكى باياناتلىرىنى باھالاشتا بۇنى ئۇنىتۇماسلىق لازىم. ماركسىنىڭ پەقەت دېموكراتىك ئىنقىلاپىنىڭ تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن بىر يىل دىگۈدەك ۋاقىتنى سەرپ قىلىپ ئاندىن ئەمەلدە بۇ خۇلاسىنى چىقارغانلىغىدىن گېرمانىيىنىڭ شۇ چاغدىكى ئومۇمى كەيپىياتىدا مىشچانلىق، ئۇششاق بۇرژۇئازلىق ھوكۇم سۇرگەنلىگىنى تولۇق كورۈۋالغىلى بولىدۇ. بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ خۇلاسە ئاللىقاچان خەلقارا سوتسىيال دېموكراتىك ھەركەتنىڭ يېرىم ئەسىر جەريانىدىكى تەجرىبىلىرىدىن ئېلىنغان مۇستەھكەم نەتىجە بولۇپ، بىز مۇشۇ نەتىجىگە ئاساسەن روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنى تەشكىللەشكە **كىرىشكەن** ئىدۇق. مەسىلەن، بىزدە پۈرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي گېزىتىنىڭ پۈرولېتارىياتنىڭ سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىدىن تاشقىرىدا تۇرۇشىدىن، بۇنداق گېزىتنىڭ بىر مىنۇت بولسىمۇ "دېموكراتىيىچىلەرنىڭ ئورگانى گېزىتى" سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىشىدىن سوز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

لېكىن، ماركس بىلەن ستېفان بورن ئوتتۇرىسىدا ئەمەلىي بىلى-
نىشكە باشلىغان قارىمۇ-قارشىلىق بىزدە كۆپ دەرىجىدە پىشقان
شەكىل بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا، يەنە كېلىپ روسىيە ئىنقى-
لاۋىنىڭ ئۇلۇغ دېموكراتىك ئېقىمىدىكى پرولېتارىياتلىق ئېقىم
كۈچەيگەنسېرى، بۇنداق قارىمۇ-قارشىلىق ئۆتكۈرلىشىپ بارىدۇ.
مېرىڭ ماركس بىلەن ئېنگېلس ستېفان بورنىنىڭ تەرغىبات
خىزمىتىدىن نارازى بولغان بولۇشى مۇمكىن دېگىنىدە، سۆزنى
بەك يۇمشاق، بەك مۇجمەل ئېيتقان. ئېنگېلسىنىڭ 1885-يىلى
بورنغا باھا بېرىپ يازغان مۇنۇ سۆزىگە قاراڭلار («كېيۇلىندىكى
كوممۇنىستلار ئەنزىسىنى ئاشكارىلاش»نىڭ 1885-يىلدىكى سيۇرىخ
نەشرىگە يېزىلغان سۆز بېشىدىن ئېلىندى):
"كوممۇنىزىمچىلار ئىتتىپاقى"[47] ئەزالىرىنىڭ ھەممىلا يەردە
ئەڭ دېموكراتىك ھەركەتلەرنىڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرغانلىقى
ئىتتىپاقنىڭ ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلەرنىڭ ئەڭ ياخشى مەكتىۋى ئىكەن-
لىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. "برېيۇسسېل ۋە پارىژدا ئىتتىپاقنىڭ
ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن پائال پائالىيەت ئېلىپ بارغان ھەرپ
تىزغۇچى ئىشچى ستېفان بورن بېرلىندا 'ئىشچى قېرىنداشلار
ئۇيۇشمىسى' («Arbeiterverbrüderung»)نى قۇرغان، بۇ تەشكىلات
كەڭ تەرەققى قىلغان ھەمدە تاكى 1850-يىلغىچە مەۋجۇت بولۇپ
تۇرغان ئىدى. بورن ئىقتىدارلىق ياش ئىدى، بىراق ئۇ سىياسىي
پائالىيەتچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ ھەركەتلىنىشكە بەك ئالدىراپ
كەتتى. ئۇ ھەتتا ھەر رەڭ-ھەر شەكىلدىكى بۇزۇق ئەبلەخلەر
(Krethi und Plethi)بىلەن "ئاكا-ئۇكا" بولۇپ، ئۆز ئەتراپىغا بىر
توپ كىشىلەرنى توپلاشنىڭلا كويىدا بولدى. ئۇ تۇرلۇك. قارىمۇ-قارشى
تەلەپلەرنى بىرلىككە كەلتۈرەلەيدىغان، گادىرماشلىق ھالەتنى ئايدىڭ-
لاشتۇرالايدىغان كىشى ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ قېرىنداشلار

ئۇيۇشمىسى ئېلان قىلغان رەسمىي ھوججەتلەر كۆپىنچە تازا گادىرماش بولۇپ، «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»نىڭ نۇقتىنەزەرلىرىنى كاسپلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ قىلىقلىرى ۋە ئارزۇلىرى بىلەن، لۇئى بلان ۋە پرۇدونلارنىڭ نۇقتىنەزەرلىرىنىڭ قالدۇقلىرى بىلەن، چېگرا بېجى سىياسىتىنى قوغداشنى ھىمايە قىلىدىغان مەيدان ۋاھاكازالار بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتەتتى؛ قىسقىسى، بۇ ئادەملەر ھەممىلا ئادەمگە ياخشىچاق بولۇشنى ئويلايتتى (Allen alles sein). ئۇلار ئىش تاشلاشنى ئۇيۇشتۇرۇشقا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشقا ئالاھىدە تىرىشىپ، بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ۋەزىپە سىياسىي غەلىبە ئارقىلىق ئالدى بىلەن بۇ نەرسىلەرنى بىردىن ـ بىر مۇستەھكەم، ئىشەنچلىك تۇردە ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان پائالىيەت مەيدانىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان ئىدى ‹تەكىتلەش بەلگىسىنى بىز قويدۇق›. شۇڭا ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنىڭ غەلىبىسى بۇ قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى ئىنقىلاۋىي كۈرەشكە بىۋاستە قاتنىشىش لازىملىقىنى ھېس قىلىشقا مەجبۇر قىلغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا توپلانغان قالاق ئامما تەبىي ھالدا ئۇلاردىن چەتلىدى. بورن 1849 ـ يىلى 5 ـ ئايدىكى درېسدېن قوزغىلىڭىغا[265] قاتناشتى ھەمدە تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ئامان قالدى. لېكىن، ئىشچى قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى بولسا پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ سىياسىي ھەركىتىگە قارىتا قول قوشتۇرۇپ چەتتە قاراپ تۇرۇش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ، يەككە ـ يېگانە بىر تەشكىلات بولۇپ قالدى ـ دە، ناھايىتى زور دەرىجىدە پەقەت قەغەز يۈزىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇردى، ئۇنىڭ رولى كىچىكلەپ ئەڭ تۆۋەن چەككە يەتتى، شۇڭا، ئەكسىيەتچىلەر 1850 ـ يىلغا كەلگەندىلا ئاندىن ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش لازىملىقىنى ھېس

قىلدى، ئۇنىڭ شوبىلىرى بولسا ئارىدىن كۆپ يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئەسلىدە بۇتتېرمىلچ (Buttermilch①) دەپ ئاتىلىشقا تېگىشلىك بولغان بورن ئاخىر سىياسىي پائالىيەتچى بولۇپ چىقالمىدى، بەلكى شۋېيتسارىيىنىڭ كىچىككىنە بىر پروفېسسورى بولۇپ قالدى، ئۇ ماركس ئەسەرلىرىنى كاسىپلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلمايدىغان، بەلكى موتىدىل رېناننىڭ[267] ئەسەرلىرىنى شېرىن نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلىدىغان بولدى.“[268]

---

①مەن بۇ كىتابنىڭ 1 ـ نەشرىدە ئېنگېلسنىڭ بۇ سۆزلىرىنى تەرجىمە قىلغان ۋاقتىمدا Buttermilch دېگەن سۆزنى خاس ئىسىم دەپ قارىماي ئومۇمىي ئىسىم دەپ قاراپ خاتا قىپتىمەن. بۇ خاتالىق مېنشېۋىكلەرنى بەكمۇ خوشال قىلدى، ئەلۋەتتە. كولتسوۋ ماقالا يېزىپ مېنى "ئېنگېلسنىڭكىنى چوڭقۇرلاشتۇردى" دېدى (بۇ ماقالا «ئىككى يىلدىن بۇيان» دېگەن ماقالىلار توپلىمىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان ئىدى)، پلېخانوۋ بۈگۈنكى كۈندىمۇ «يولداشلار» گېزىتىدە[266] بۇ خاتالىقنى ئاغزىغا ئېلىپ يۈرىدۇ، قىسقىسى، 1848 ـ يىلىدىكى گېرمانىيە ئىشچىلار ھەرىكىتىدە ئىككى خىل خاھىش مەۋجۇت ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ بىرى بورن (بىزدىكى ئىقتىساتۋازلارنىڭ جەمەتى)چە خاھىش، يەنە بىرى ماركسىزمچە خاھىش ئىكەنلىكى مەسىلىسىنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن ئۇلارغا قالتىس بىر بانا تېپىلدى. مۇخالىپىنىڭ خاتالىقىدىن — بورننىڭ ئىسىم ـ پەمىلىسى مەسىلىسى توغرىسىدىكى خاتالىق بولغان تەقدىردىمۇ — پايدىلىنىش، ئەسلىدە ئىنتايىن تەبىي ئىش. بىراق تەرجىمىنى تۈزىتىش ۋاستىسى ئارقىلىق مەسىلىنىڭ ئىككى تاكتىكىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ئىبارەت ماھىيىتىنى يوققا چىقىرىش مۇنازىرىنىڭ ماھىيىتىگە تېگىشتىن قورققانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. (ئاپتورنىڭ 1907 ـ يىلىدىكى نەشرىگە قوشقان ئىزاھى. — تەھرىردىن)

ئېنگېلس سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاپتىكى ئىككى تاكتىكىسىغا ئەنە شۇنداق باھا بەرگەن ئىدى!

بىزدىكى يېڭى ئۇچقۇنچىلارمۇ "ئىقتىساتۋازلىق"نى تەلۋىلەرچە قوغلاشماقتىكى، ھەتتا ئۇلار پادىشاپەرەس بۇرژۇئازىيىنىڭ "مىڭىسى سەگەك" دەپ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. ئۇلارمۇ ھەر رەڭ-ھەر شەكىلدىكى ئادەملەرنى ئوز ئەتراپىغا توپلاپ، "ئىقتىساتۋازلار"نى كوككە كوتىرىپ، "تەشەببۇسكارلىق"، "دېموكراتىزم" ۋە "ئاپتونومىيە" دىگەنگە ئوخشاش شوئارلار بىلەن ئارقىدا قالغان ئاممىنى ئوزىگە تارتماقتا. ئۇلارنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىمۇ، كوپىنچە، پەقەت ئۇلار-نىڭ خلېستاكوۋچە[269] يېڭى «ئۇچقۇن» گېزىتى سەھىپىسىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. ئۇلارنىڭ شوئارلىرى ۋە قارارلىرى ئۇلار-نىڭمۇ "پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ سىياسى ھەركىتى"نىڭ ۋەزىپىلىرىنى چۈشەنمەيدىغانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويدى.

1905 - يىل 6 — 7 - ئايلاردا يېزىلغان.

1905 - يىل 7 - ئايدا جەنۋەدە تۇنجى قېتىم كىتاپچە قىلىپ بېسىلغان.

كىتاپچىنىڭ ئەسلى تېكىستى بويىچە بېسىلدى ھەم قولىيازمىغا ئاساسەن تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى،

«لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 9 - توم، 1 — 125 - بەتلەردىن ئېلىندى.

سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ دېخانلار ھەركىتىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى

دېخانلار ھەركىتىنىڭ روسىيىنىڭ ھازىرقى دېموكراتىك ئىنقىلاۋىدىكى غايەت زور ئەھمىيىتى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ھەممە مەتبۇئاتلىرىدا نۇرغۇن قېتىم چۈشەندۈرۈلگەن ئىدى. ھەممىگە مەلۇم، پۈتكۈل ئاڭلىق پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ ھازىرقى دېخانلار ھەركىتىگە قاراتقان پائالىيەت فاڭجېنىنى تېخىمۇ ئېنىق بەلگىلەش ھەم بۇ پائالىيەتلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن، روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ 3-قۇرۇلتىيى بۇ مەسىلە توغرىسىدا مەخسۇس قارار ماقۇللىدى. بۇ قارار ئالدىنالا تەييارلانغان (بىرىنچى لايىھە «ئالغا»[270] گېزىتىنىڭ بۇ يىل 3-ئاينىڭ 10-كۈنى (23-كۈنى)دىكى 11-سانىغا بېسىلغان)①، بۇ قارارغا روسىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ پۈتۈن پارتىيە بويىچە مۇقىملاشتۇرۇلغان كۆزقاراشلىرىنى بايان قىلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان پارتىيە قۇرۇلتىيى ئاللىقاچان ئىنچىكىلەپ تۈزىتىش كىرگۈزگەن بولسىمۇ، يەنىلا مەملىكەت ئىچىدە خىزمەت قىلىۋاتقان نۇرغۇن يولداشلاردا گۇمان قوزغىدى. ساراتوۋ كومىتېتى بىردەك بۇ قارارنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ دەپ ھېسابلىدى(«پرولېتارلار»[222]

① «لېنىن ئەسەرلىرى»، 8-توم، خەنزۇچە نەشرى، 208 — 209 — بەتلەر. — تەھرىردىن

گېزىتىنىڭ 10 ـ سانىغا قارالسۇن)[271]. بىز ئۇلارنىڭ بۇ باھاسى توغرىسىدا ئىزاھات بېرىلىشىنى ئۈمىت قىلىدىغانلىقىمىزنى دەرھال بىلدۈردۇق، ئەپسۇسكى، بۇ ئارزۇيىمىز ھازىرغا قەدەر ئىشقا ئاشمىدى. ساراتوۋ كومىتېتى يېڭى ئىسكراچىلار ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ يەر مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارارىنىمۇ قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ دەپ ھىساپلىغانلىقىنىلا ئۇقتۇق، دېمەك، ئۇنىڭ نارازى بولغىنى بۇ ئىككى قارارنىڭ ئوخشاش بولمىغان جايلىرى ئەمەس، بەلكى ئورتاق جايلىرى ئىكەن.

موسكۋادىكى بىر يولداشنىڭ بىزگە يازغان بىر پارچە خېتى (تۆز بەتلىك مەتبەدە تەشۋىق ۋاراقىسى قىلىپ چىقىرىلغان) بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى يېڭى ماتىرىيال ھىساپلىنىدۇ. تۆۋەندە بۇ خەتنىڭ ئەينىنى كۆچۈرۈپ باستۇق.

مەركىزىي كومىتېتقا ۋە يېزا خىزمىتىدىكى يولداشلارغا ئوچۇق خەت

يولداشلار! موسكۋا كومىتېتىغا قاراشلىق ۋىلايەتلىك تەشكىلاتلار دېخانلار ئارىسىدا بىۋاستە خىزمەت ئىشلەشكە باشلىدى. بۇ خىزمەتنى ئۇيۇشتۇرۇشتا تەجرىبىمىز كەم بولغانلىقى، مەملىكىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى يېزىلارنىڭ شارائىتىدا نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلەر بولغانلىقى، بۇ مەسىلە توغرىسىدا 3 ـ قۇرۇلتاينىڭ قارارىدىكى يوليورۇقلار دىگەندەك ئېنىق بولمىغانلىقى، شۇنىڭدەك مۇددەتلىك ژورناللار ۋە ئادەتتىكى ژورناللاردا يېزا خىزمىتىدە پايدىلىنىدىغان ماتىرىيال پەقەت يوق دېيەرلىك بولغانلىقتىن، مەركەزدىن پىرىنسىپال ۋە ئەمەلىي خاراكتىرلىق تەپسىلى يولىيورۇق ئەۋەتىشىنى سوراشقا مەجبۇر بولدۇق، مۇشۇ خىزمەتنى ئوتەۋاتقان يولداشلارنىڭمۇ تەجرىبىلەردە ھاسىل قىلغان ئەمەلىي ماتىرىياللىرىڭلارنى بىزگە تونۇشتۇرۇشۇڭلارنى ئوتۇنىمىز.

بىز 3 ـ قۇرۇلتاينىڭ «دېخانلار ھەركىتىگە تۇتۇلىدىغان پوزىتسىيە ھەق-

قىدە» دېگەن قارارنى ئوقۇغاندا تۇغۇلغان گۇمانىمىزدىن ھەم يېزىلاردا ئەمەلگە قويۇشقا باشلىغان تەشكىلىي پىلانىمىزدىن سىزلەرنى خەۋەردار قىلىشنى لازىم تاپتۇق.

"(1) كەڭ خەلق ئارىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ۋەزىپىسى پومېشچىكلارنىڭ، مەھكىمىلەرنىڭ، چېركاۋلارنىڭ، خانىقالارنىڭ ۋە پادىشا جەمەتىنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىشقا قەدەر دېھقانلار تەشەببۇس قىلغان، دېھقانلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلىيالايدىغان بارلىق ئىنقىلاۋىي تەدبىرلەرنى ئاكتىپ قوللاش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش لازىم." (روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى 3 ــ قۇرۇلتىيىنىڭ قارارىغا قارالسۇن)

بۇ ماددىدا ئالدى بىلەن پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ تەشۋىقاتىنى قانداق ئېلىپ بارىدىغانلىقى ھەم قانداق ئېلىپ بېرىشى كېرەكلىكى ئېنىق بايان قىلىنمىغان. تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ھەممىدىن ئاۋال، تەشۋىقاتتا كۆزدە تۇتۇلىدىغان ئاممىغا ناھايىتى يېقىن بولغان تەشكىلات بولۇشى لازىم، يېزا پرولېتارىياتىدىن تەركىب تاپقان كومىتېتلار ئاشۇنداق تەشكىلات بولامدۇ، ياكى ئېغىز تەشۋىقاتى ۋە يېزىق تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىشنىڭ باشقا ئۈيۈشتۈرۈش ئۇسۇللىرى بارمۇ، بۇ ــ ھەل بولمىغان مەسىلە.

ئاكتىپ قوللاش دېگەن ۋەدىمۇ شۇنداق. قوللاش، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاكتىپ قوللاشقا كەلسەك، بۇنىمۇ شۇ جاينىڭ ئۆزىدە تەشكىلات بولغاندىلا ئورۇنلىغىلى بولىدۇ. "ئاكتىپ قوللاش" مەسىلىسى بىزگە ئىنتايىن مۇجمەل تۇيۇلۇۋاتىدۇ، ماشىنىلاردىن پايدىلىنىش ۋە ياخشى تېرىقچىلىق ئۇسۇللىرى ئارقىلىق تۈجۈپىلەپ ئىشلەۋاتقان پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىشنى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى قوللىسا بولامدۇ؟ بۇ يەرلەرنى ئۇششاق بۇرژۇئا خۇسۇسى مۈلۈكدارلارغا ئېلىپ بېرىش ــ گەرچە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش ناھايىتى مۇھىم بولسىمۇ ــ بۇنداق ئىگىلىكنىڭ كاپىتالىزم تەرەپتىكى تەرەققىياتىدىن ئېيتقاندا، بىر قەدەم چېكىنگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بىز سوتسىيال دېموكراتلار بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، "قوللاش" توغرىسىدىكى بۇ ماددىغا "ئەگەر بۇ يەرلەرنى مۇسادىرە قىلىپ دېھقانلار (ئۇششاق بۇرژۇئازىيە)نىڭ ئىگىدارچىلىقىغا بېرىش چارىسى بۇ يەرلەردىكى مۇشۇنداق ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ تېخىمۇ يۇقۇرى شەكلى بولى-

دىغان بولسا" دىگەن شەرتنى ئەسكەرتىپ قويغان بولاتتۇق.

ئىككىنچىدىن:

"(4) يېزا پۇرولېتارىياتىنى ئۆز ئالدىغا ئايرىم تەشكىللەپ، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ بايرىغى ئاستىدا ئۇلارنى شەھەر پۇرولېتارىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرىنى دىخانلار كومىتېتلىرىغا قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىش لازىم."

بۇ ماددىنىڭ ئاخىرقى جۈملىسى گۇمان تۇغدۇرۇۋاتىدۇ. گەپ شۇ يەردىكى، "دىخانلار جەمىيىتى"گە ئوخشاش بۇرژۇئا دېموكراتىك تەشكىلاتى بىلەن سوتسىيال ئىنقىلاپچىلار پارتىيىسىدەك ئەكسىيەتچىل خىيالپەرەس تەشكىلات دىخانلار ئارىسىدىكى بۇرژۇئازلارنىمۇ، پۇرولېتارلارنىمۇ ئۆز بايرىغى ئاستىغا ئۇيۇشتۇرغان. يېزىلاردىكى پۇرولېتارىيات تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىللىرىنى مۇشۇنداق "دىخانلار" كومىتېتلىرىغا قاتناشتۇرساق ئۆزىمىزگە ۋە ئىتتىپاق مەسىلىسى ۋاھاكازالار توغرىسىدىكى نۇقتىنەزەرلىرىمىزگە زىت ئىش كورگەن بولىمىز.

بىزنىڭچە، بۇنىڭغا بەزى تۈزىتىشلەرنى، يەنە كېلىپ چوڭ تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزۈش لازىم.

بۇلار بىزنىڭ 3 ـ قۇرۇلتاينىڭ قارارى ئۈستىدىكى بىر قىسىم ئورتاق پىكرىمىز. تېزرەك ۋە تەپسىلرەك تەھلىل قىلىشنى ئۈمىت قىلىمىز.

ۋىلايىتىمىزدىكى تەشكىلاتلار ئىچىدە، "يېزا" تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش پىلانىمىزغا كەلسەك، 3 ـ قۇرۇلتاينىڭ قارارىدا پەقەت تىلغا ئېلىنمىغان شارائىتتا ئىشلەۋاتىمىز. ئاۋال شۇنى كورسىتىپ ئوتۇش لازىمكى، بىز پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان رايون ــ موسكۋا ئولكىسى ۋە ئۇنىڭغا تۇتاش بولغان خوشنا ئولكىلەرنىڭ ناھىيىلىرى ــ ئاساسەن يىرىك سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان رايون، قول سانائىتى ئانچە تەرەققى تاپمىغان، مەخسۇس دىخانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاھالە بەك ئاز. بۇ يەردە 10 مىڭدىن 15 مىڭغىچە ئىشچى ئىشلەيدىغان چوڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرى بار، 500 دىن 1000 غىچە ئىشچى ئىشلەيدىغان ۋە چەت يېزىلارغا تارقالغان كىچىك زاۋۇتلارمۇ بار. قارىماققا، بۇنداق شارائىتتا سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى بۇ يەردىن چوقۇم ئەڭ مۇۋاپىق خىزمەت بازىسى تاپالايدىغاندەك كورۇنىدۇ، لېكىن ئەمىلىي ئەھۋال بۇنداق يۈزەكى پەرەزلەرنىڭ رەددىيە بېرىشكە ئەرزىمەيدۇ-

غانلىغىنى كورسەتتى. بەزى زاۋۇتلارنىڭ قۇرۇلغىنىغا 40 — 50 يىل بولغان
بولسىمۇ، لېكىن "پۇرولېتارىيات"ىمىزنىڭ مۇتلەق كوپچىلىگى تا ھازىرغىچە
يەردىن ئالاقىسىنى ئۈزمىگەن، پۇرولېتارىياتنى "يېزا" شۇنچىلىك قاتتىق
چىرمىۋالغانكى، "ساپ" پۇرولېتارىياتنىڭ كوللىكتىپ ئەمگەك جەريانىدا
ھاسىل بولىدىغان روھىي ھالىتى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئالدىنقى شەرتلىرى
بىزنىڭ پۇرولېتارىياتىمىز ئارىسىدا راۋاجلىنالمىغان. بۇ "پۇرولېتار"لىرى-
مىزنىڭ دېخانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئەبجەش نەرسە. زاۋۇتلاردىكى توقۇش
ئىشچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئازغىنا يېرىنى ئادەم ياللاپ تېرىيدۇ. ئۇنىڭ خوتۇنى
(ئەگەر زاۋۇتتا ئىشلىمەيدىغان بولسا)، ئوغۇل - قىزلىرى، ئۆيدىكى قېرىلار،
مېيىپلارمۇ ئاشۇ يەرگە ئىشلەيدۇ، ئۆزىمۇ قېرىغان، مېيىپ بولغان ياكى
قوپاللىق، ئەسكىلىك قىلىپ قويۇپ زاۋۇتتىن چىقىرىۋېتىلگەن ۋاقىتلاردا بۇ
يەرگە كېلىپ ئىشلەيدۇ. بۇنداق "پۇرولېتارلار"نى پۇرولېتار دېيىش ناھايىتى
تەس. ئۇلار ئىقتىسادىي ئورنىدىن ئېيتقاندا كەمبەغەل، ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن
ئېيتقاندا ئۇششاق بۇرژۇئاز ھىساپلىنىدۇ. ئۇلار پۇتۇنلەي ساۋاتسىز، ئىدىيىسى
مۇتەئەسسىپ. "لۈكچەك"لەر ئاشۇلار ئارىسىدىن چىقىدۇ. لېكىن يېقىندىن
بۇيان ئۇلارمۇ ئاستا - ئاستا ئويغىنىۋاتىدۇ. بىز "ساپ" پۇرولېتارىياتنى
تايانچ پونكىت قىلىپ، بۇ نادان ئاممىنى تارىختىن بۇيانقى ئۇيقۇسىدىن ئويى-
غاتماقتىمىز، ئىشىمىزدا نەتىجە بار. تايانچ پونكىت كوپەيمەكتە، بەزى
جايلاردا مۇستەھكەملەنمەكتە، مەيلى زاۋۇت ياكى يېزىدا بولسۇن، كەمبە-
غەللەر ئاستا - ئاستا بىزنىڭ تەسىرىمىزنى ۋە ئىدىيىمىزنى قوبۇل قىلماقتا.
بىزنىڭچە، "ساپ" بولمىغان پۇرولېتارلار ئاممىسى ئارىسىدا تەشكىلات قۇرۇش
ئەنئەنىگە زىت كەلمەس. بىزدە باشقا ئاما يوق، ئەنئەنىۋى پىرىنسىپلارغا
ئېسىلىۋېلىپ، يېزا "پۇرولېتارىياتى"نى تەشكىللەش بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدى-
غان بولساق، بۇ ھالدا تەۋەلىگىمىزدىكى ۋە خوشنا رايونلاردىكى تەشكىلات-
لارنى تارقىتىۋېتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بىزگە مەلۇم، پومېششىكلار تېرىماي
تاشلىۋەتكەن تېرىلغۇ يەرلەرنى ۋە باشقا يەرلەرنى ھەم راھىپلار ياخشى
باشقۇرۇپ كېتەلمەيدىغان يەرلەرنى مۇسادىرە قىلىشقا تەشنا بولغان روھىي
ھالەتلەرگە قارشى تۇرۇشىمىز قىيىن. بىزگە مەلۇم، "پادىشاپەرەس دېمو-
كرات"لار (رۇزا ناھىيىسىدە شۇنداق گۇرۇھلار بار)دىن تارتىپ "دېخانلار"
جەمىيىتىگىچە بولغان بۇرژۇئا دېموكراتلىرىنىڭ ھەممىسى "كەمبەغەللەر"گە

تەسىر ئوتكۈزۈشتە بىز بىلەن رىقابەتلىشىدۇ، لېكىن بىز كېيىنكىسىنى قوراللاندۇرۇپ، ئالدىنقىسىغا قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. بىز، مەيلى زىيالىلار ياكى پرولېتارىيات ئىشچىلارنىڭ كۈچىدىن بولسۇن، ۋىلايىتىمىز دائىرىسىدىكى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ بارلىق كۈچىدىن پايدىلىنىپ، "كەمبەغەللەر"دىن تەشكىل تاپقان سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ كومىتېتلىرىنى قۇرىمىز ۋە مۇستەھكەملەيمىز. بىز توۋەندىكى پىلان بويىچە ئىشلەۋاتىمىز: ھەر بىر ناھىيە شەھىرى ياكى چوڭ سانائەت مەركىزىدە، ۋىلايەتلىك تەشكىلاتقا بىۋاستە قارايدىغان ناھىيىلىك كومىتېت قۇرىمىز. ناھىيىلىك كومىتېت ئۆزىگە تەۋە رايونلاردا، زاۋۇت كومىتېتىدىن باشقا يەنە "دېخانلار" كومىتېتى قۇرىدۇ. مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئۈچۈن، بۇنداق كومىتېت تەركىۋىگە كىرىدىغان كىشىلەرنىڭ سانى بەك كوپ بولماسلىقى، ئۇلار ئىنقىلاۋىي قىزغىنلىقى ئەڭ ئۈستۈن ۋە ئەڭ قابىلىيەتلىك نامرات دېخانلار بىلەن چەكلىنىشى كېرەك. زاۋۇتمۇ، دېخانلارمۇ بار جايلاردا، بۇ ئىككىسىنى بىر گۇرۇپپا كومىتېتىغا ئۇيۇشتۇرۇش لازىم.

بۇنداق كومىتېتلار ھەممىدىن ئاۋال شۇ جاينىڭ مۇنۇ ئەمىلىي ئەھۋالىنى ئېنىق بىلىشى كېرەك: ئا) يەر مۇناسىۋىتى: 1. دېخانلارنىڭ ئۇلۇشلۇك يەرلىرى، ئىجارىگە ئالغان يەرلىرى، يەرلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش شەكلى (يېزا جامائەسىنىڭ ئىگىدارچىلىقى، يەككە دېخانلار ئىگىدارچىلىقى ۋە باشقىلار). 2. ئەتراپتىكى يەرلەر: 1) كىمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا؛ 2) قانچىلىك يەر؛ 3) بۇ يەرلەر بىلەن دېخانلارنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؛ 4) بۇ يەرلەردىن پايدىلىنىش شەرتلىرى: (1) ئىشلەپ بېرىش، (2) ئىجارىگە "كېسىپ بېرىلگەن يەر" ئۈچۈن تولىنىدىغان يۇقىرى ئىجارە ۋە باشقىلار؛ 5) باي دېخان، پومىشچىكلار ۋە باشقىلاردىن بوغۇلغان قەرزلەر. ب) باج ـ سېلىق، دېخانلار بىلەن پومىشچىكلارنىڭ يەر ئۈچۈن تولەيدىغان بېجىنىڭ ئاز ـ كوپلۈكى. س) پەسىل خاراكتېرلىق ئىشلەمچىلىك ۋە ھۈنەرۋەنچىلىك، گۇۋانامە، قىش پەسلىدە ئادەم يالللامدۇ ـ يالىلىمامدۇ ۋە باشقىلار. د) شۇ يەردىكى زاۋۇتلار ۋە ئۇ زاۋۇتلاردىكى ئەمگەك شارائىتى: 1. ئىش ھەققى، 2. ئىش ۋاقتى، 3. مەمۇرى ئورگانلارنىڭ پوزىتسىيىسى، 4. ئوي ـ جاي شارائىتى ۋە باشقىلار. ئې) مەمۇرى خادىملار: يەرلىك ئەمەلدار، يېزا باشلىقى، كاتىپ، يېزا سوراقچىسى، يېزا ساقچىسى، پوپ. ف) يەرلىك ئاپتونومىيە ئورگىنى: دېخانلار

ۋەكىلى، ئاپتونومىيە ئورگىنىغا قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە دوختۇر، كۆتۈپخانا، مەكتەپ، چايخانا. گ) يېزا ئۇيۇشمىسى: تەركىۋى ۋە باشقۇرىدىغان ئىشلىرى. خ) تەشكىلاتلار: "دىخانلار جەمىيىتى"، سوتسىيال ئىنقىلابچىلار[208]، سوتسىيال دېموكراتلار.

سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى دىخانلار كومىتېتى بۇ ئەھۋاللارنى چۈشەنگەندىن كېيىن، يېزا ئۇيۇشمىسىدا ھەر خىل ناچار ھادىسىلەر ئۈستىدىن قارار چىقىرىپ تۇرۇشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ كومىتېتلار ئامما ئارىسىدا سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئىدىيىسىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىشى، ھەر خىل گۇرۇپپىلارنى ئۇيۇشتۇرۇشى، كوچىمە يىغىلىش، ئاممىۋى يىغىنلارنى ئۆتكۈزۈشى، تەشۋىقات ۋاراقلىرى ۋە كىتاپ-ژۇرناللارنى تارقىتىشى، پارتىيىگە ئېھتىياجلىق خىراجەتلەرنى توپلىشى، ناھىيىلىك ياچېيكا ئارقىلىق ۋىلايەتلىك تەشكىلات بىلەن ئالاقە باغلىشى كېرەك.

مۇشۇنداق كومىتېتلارنى كۆپلەپ قۇرالىساقلا، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.

ۋىلايەتلىك تەشكىلاتچى

بىز ئەلۋەتتە بۇ يولداش ئېيتقاندەك خىلمۇ-خىل تەپسىلى ۋە ئەمىلىي يوليورۇقلارنى تۈزۈپ ئولتۇرمايمىز، چۈنكى بۇ شۇ جايدا ئىشلەۋاتقانلار بىلەن ئەمىلىي رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان روسىيە مەركىزىي ئورگىنىنىڭ ئىشى. بىز موسكۋالىق يولداش ئەۋەتكەن بۇ مول مەزمۇنلۇق خەتتىن پايدىلىنىپ، 3-قۇرۇلتاينىڭ قارارى ۋە پارتىيىنىڭ ئومۇمى جىددى ۋەزىپىلىرىنىلا چۈشەندۈرمەكچىمىز. خەتتىن مەلۇم بولىدىكى، 3-قۇرۇلتاينىڭ قارارلىرى تۇغدۇرغان ئۇقۇشماسلىقلارنىڭ بىر قىسمىلا نەزىرىيە جەھەتتە تۇغۇلغان گۇماندىن كېلىپ چىققان. بۇ ئۇقۇشماسلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا بۇرۇن كورۇلۇپ باقمىغان **يېڭى** بىر مەسىلە، يەنى "ئىنقىۋىي دىخانلار كومىتېتى" بىلەن دىخانلار ئارىسىدا خىزمەت قىلىدىغان "**سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى كومىتېتى**"نىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىمۇ سەۋەپ بولغان. مۇشۇ مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا چۈشۈشىنىڭ

ئۇزىلا سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ دىخانلار ئارىسىدىكى خىزمىتىنىڭ زور بىر قەدەم ئالغا باسقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ھازىر كۈنتەرتىپكە قويۇلۇۋاتقان مەسىلىلەر بىرقەدەر ئۇششاق مەسىلىلەر، "يېزا" تەرغىبات خىزمىتى مۇستەھكەملىنىۋاتقان ۋە مۇقىم شەكىل ئالغان ۋاقىتتىكى ئەمەلىي ئېھتىياج سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان مەسىلىلەر. خەتنى يازغان كىشى قۇرۇلتاينىڭ قارارلىرىنى دىگەندەك ئېنىق بولمىدى، دەپ ئەيىپلىگىنىدە، ئەمەلىيەتتە ئۇزىنىڭ پارتىيە قۇرۇلتىيى ئوتتۇرىغا قويمىغان ۋە قويالمايدىغان مەسىلىلەرگە جاۋاپ تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى نۇرغۇن قېتىم ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان.

مەسىلەن، خەت يازغۇچى "پەقەت" شۇ جايدا تەشكىلات قۇرۇلغاندىلا، ئىدىيىمىزنى تەشۋىق قىلغىلى ۋە دىخانلار ھەركىتىنى قوللىغىلى بولىدۇ، دەيدۇ، بۇ پىكىر ئانچە توغرا ئەمەس. بۇنداق تەشكىلاتنىڭ بولۇشىنى بىز ئەلۋەتتە خالايمىز، بەلكى خىزمەتلەر قانات يايغان ئەھۋالدا ئۇنىڭ بولۇشى زورۇر، لېكىن يۇقۇرىدا ئېيتقاندەك خىزمەتلەرنى بۇنداق تەشكىلات بولمىغان جايدىمۇ ئېلىپ بېرىش مۇمكىن ۋە زورۇر. بىز ھەتتا شەھەر پۇرولېتارىياتى ئارىسىدىلا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋاقتىمىزدىمۇ دىخانلار مەسىلىسىگە سەل قارىماسلىقىمىز، 3-قۇرۇلتاينىڭ **پۈتكۈل ئاڭلىق پۇرولېتارىيات پارتىيىسى** نامىدىن چىقارغان باياناتىنى، يەنى دىخانلارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتىرىشىنى قوللايدىغانلىقىمىزنى تەشۋىق قىلىشىمىز كېرەك. مەتبۇئات ئارقىلىق، ئىشچىلار ئارقىلىق، مەخسۇس تەشكىلات ئارقىلىق دىخانلارغا بۇنى بىلدۈرۈش كېرەك. سوتسىيال دېموكراتىزىمچى پۇرولېتارىياتنىڭ بۇنداق قوللىشى يەرلەر مۇسادىرە قىلىنمىغىچە (خۇسۇسى مۈلۈكدارلارنىڭ يەرلىرى ھەقسىز تارتىۋېلىنمىغىچە) **ھەرگىز توختىمايدىغانلىقىنى** دىخانلارغا بىلدۈرۈش لازىم.

خەت يازغۇچى مۇسادىرە قىلىنغان چوڭ يەر مۈلۈكلەرنى "دېخان ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئىگىدارلىغى" غا ئۆتكۈزۈش چارىسىنى ئالاھىدە ئەسكەرتمە شەرت ئارقىلىق چەكلەش كېرەكمۇ-يوق، دېگەن بىر نەزىرىيىۋى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. لېكىن خەت يازغۇچى بۇ ئەسكەرتمە شەرتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، 3-قۇرۇلتاي قارارىنىڭ ئەھمىيىتىنى خالىغانچە كىچىكلىتىپ قويىدۇ. قاراردا سوتسيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ مۇسادىرە قىلىنغان يەرلەرنى ئۇششاق بۇرژۇئا خۇسۇسى مۈلۈكدارلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش چارىسىنى قوللىشى كېرەكلىگى **ئېيتىلغان بىرمۇ جۈملە يوق.** قاراردا، بىز دېخانلارنى "يەرلەرنى مۇسادىرە قىلىشقا قەدەر" يەنى يەرلەرنى ھەقسىز تارتىۋېلىشقا قەدەر قوللايمىز، دېيىلگەن، لېكىن تارتىۋېلىنغان يەرلەرنى كىمگە تاپشۇرۇش مەسىلىسىگە قاراردا زادى جاۋاپ بېرىلمىگەن. قۇرۇلتاينىڭ بۇ مەسىلىنى يەشمەي قالدۇرۇپ قويۇشى تاسادىپى ئەمەس: «ئالغا» گېزىتى (11-، 12-، 15-سانلىرى) دىكى ماقالىدىن ① بۇ مەسىلىگە ئالدىنالا جاۋاپ بېرىشنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىگىنى كورىمىز. مەسىلەن، ئۇنىڭدا، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت شارائىتىدا، سوتسيال دېموكراتلار پارتىيىسى يەرنى دولەت ئىگىدارچىلىغىغا ئېلىشنى رەت قىلىشقا قەسەم بېرىپ، ئوزىنىڭ پۇت-قولىنى چۈشەپ قويماسلىغى كېرەك دېيىلگەن.

ئەمەلىيەتتە، ئۇششاق بۇرژۇئا سوتسيال ئىنقىلاپچىلىرىنىڭ ئەكسىچە، بىز **نوۋەتتە** ئەڭ مۇھىم بولغىنى دېخانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئىنقىلاۋىي دېموكراتىيە تەرىپى ۋە يېزا پورولېتارىياتىنى سىنىپىي پارتىيە قىلىپ ئالاھىدە ئۇيۇشتۇرۇش مەسىلىسى دەپ قارايمىز. ھازىر

① «لېنىن ئەسەرلىرى»، 8-توم، خەنزۇچە نەشرى، 204 — 209، 219 — 223، 286 — 299-بەتلەرگە قاراڭسۇن. — تەھرىردىن

مەسىلىنىڭ ماھىيىتى "يەرنى تەڭ تەقسىم قىلىش" ياكى يەرنى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىغا ئېلىشنىڭ قۇرۇق پىلانىنى تۈزۈش ئەمەس، بەلكى دېھقانلارنى **ئىنقىلاۋىي ۋاستە ئارقىلىق** كونا تۈزۈمنى بۇزۇپ تاشلاشنى چۈشىنىدىغان ھەم ئەمىلىيەتتە شۇنداق قىلىدىغان قىلىش. شۇڭا سوتسىيال ئىنقىلاپچىلار "ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش" ۋاھاكازالارنى تەكىتلەيدۇ، بىز بولساق **ئىنقىلاۋىي دېھقانلار كومىتېتىنى** تەكىتلەيمىز: بىز، ئىنقىلاۋىي دېھقانلار كومىتېتى بولمىسا بارلىق ئىسلاھاتلار قۇرۇق نەرسە بولۇپ قالىدۇ، ئىنقىلاۋىي دېھقانلار كومىتېتى بولغاندا ھەم شۇلارغا تايانغاندىلا، **دېھقانلار قوزغىلىڭى** ئاندىن **غەلىبە** قازىنىدۇ، دەيمىز.

بىز دېھقانلار قوزغىلىڭىغا بارلىق كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشىمىز، **لېكىن ھەرگىز ئۇششاق بۇرژۇئازىيىچە قۇرۇق پىلانلارنى بەلگىلەنگەنگە قەدەر ئەمەس،** بەلكى يەرنى مۇسادىرە قىلغانغا قەدەر ياردەم بېرىشىمىز كېرەك. دېھقانلار ھەركىتى ئىنقىلاۋىي دېموكراتىك ھەرىكەت بولغان ۋاقىتتا، بىز ئۇنى قوللايمىز. ئۇ ئەكسىيەتچى، پرولېتارىياتقا قارشى ھەركەتكە ئايلانغاندا ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلىشقا تەييارمىز (ھازىرلا تەييارلىق كۆرىمىز). ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي ماھىيىتى مۇشۇ قوش ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا، ماركسىزمنى چۈشەنمەيدىغانلارلا بۇ قوش ۋەزىپىنى چاكىنىلاشتۇرىدۇ، ياكى بىرلا خىل ئاددىي ۋەزىپە قىلىپ قويىدۇ.

كونكرېت مىسال ئالايلى. دېھقانلار قوزغىلىڭى غەلىبە قازانغان بولسۇن. ئىنقىلاۋىي دېھقانلار كومىتېتى بىلەن ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەت (بۇ مەلۇم دەرىجىدە ئەنە شۇ كومىتېتلارغا تايىنىدۇ) كاتتا يەر-مۈلۈكنى خالىغان يول بىلەن مۇسادىرە قىلىدىغان بولسۇن. بىز مۇسادىرە قىلىشنى قۇۋۋەتلەيمىز، بۇنى ئالىقاچان بايان قىلىپ ئۆتكەنمىز. لېكىن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە مۇسادىرە قىلىنغان يەرلەرنى

كىمگە بېرىشنى قوۋۋەتلەيمىز؟ بۇنىڭغا كەلگەندە بىز خەت يازغۇ-
چىنىڭ پەرۋاسىزلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان تەشەببۇسلىرى بىلەن
پۈت-قولىمىزنى چۈشەپ قويمىدۇق، بەلكى مەڭگۈ چۈشەپ قويماي-
مىز. 3-قۇرۇلتاينىڭ ھەلقىلىق قارارىدا، بىرىنچىدىن، **"دېھقانلار
ھەركىتىنىڭ ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزمىلىق مەزمۇنىدىن ھەممە
ئەكسىيەتچىل تەركىپلەرنى چىقىرىۋېتىش"**، ئىككىنچىدىن، **"ھەرقانداق
داق سورۇن ۋە ھەرقانداق ئەھۋالدا يېزا پرولېتارىياتىنى
مۇستەقىل تەشكىللەش"** لازىم دەپ ئېيتىلغانلىقىنى خەت يازغۇچى
ئۇنتۇپ قالغان. بىزنىڭ يولىيورۇغىمىز ئەنە شۇ. دېھقانلار ھەركىتىدە
ھەرقانداق ۋاقىتتا ئەكسىيەتچىل تەركىپلەر بولىدۇ، بىز بۇنداق
تەركىپلەرگە ئالدىنالا كۈرەش ئېلان قىلىمىز. يېزا پرولېتارىياتى
بىلەن دېھقان بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىقتىن
خالى بولغىلى بولمايدۇ، شۇڭا بىز ئۇنى ئالدىنالا ئېچىپ تاشلايمىز،
ئۇنى ئېنىق ئېيتىمىز ھەم **بۇ قارىمۇ-قارشىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرى-
دىغان كۈرەشنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىنىمىز.** مۇسادىرە قىلىنغان يەرنى
كىمگە بېرىش ۋە قانداق بېرىش مەسىلىسى بۇ كۈرەشنى كەلتۈرۈپ
چىقىرىدىغان بىر سەۋەپ بولۇپ قېلىشى ئېھتىمالغا بەكمۇ **يېقىن.**
بىز بۇ مەسىلىنى ياپمايمىز، تەڭ تەقسىم قىلىش، "ئىجتىمائىلاشتۇ-
رۇش" ۋاھاكازالار توغرىسىدا ۋەدىمۇ بەرمەيمىز، بەلكى مۇنداق
دەيمىز: ئۇ ۋاقىتتا يەنە كۈرەش قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، يەنە
كۈرەش قىلىمىز، يېڭى جەڭ مەيدانىدا باشقا بەزى ئىتتىپاقداشلار
بىلەن بىرلىشىپ كۈرەش قىلىمىز، ئۇ ۋاقىتتا بىز چوقۇم يېزا پرولې-
لېتارىياتى ۋە پۈتكۈل ئىشچىلار سىنىپى بىلەن بىرلىشىپ، دېھقان
بۇرژۇئازىيىسىگە **قارشى تۇرىمىز.** ئەمىلىيەتتە، قۇللۇق ۋە يانچىلىق
تۈزۈمىدىكى چوڭ يەر-مۈلۈك ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلەپ تۇرغان ۋە
كەڭ كولەملىك سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويۇشنىڭ

ماددى شارائىتلىرى تېخى ھازىرلانمىغان جايلاردا، يەرلەر ئۇششاق خۇسۇسى مۈلۈكدار دېخانلار سىنىپىغا ئۈتكۈزۈپ بېرىلىشى مۇمكىن؛ دېموكراتىك ئىنقىلاپ پۈتۈنلەي غەلىبە قىلىغان شارائىتتا بولسا، دولەت ئىختىيارىغا ئېلىش ئەمەلگە قويۇلۇشى مۇمكىن؛ چوڭ كاپىتالىستىك يەر-مۈلۈك **ئىشچىلار جەمىيىتىگە** تاپشۇرۇلۇشىمۇ مۇمكىن، چۈنكى بىز دېموكراتىك ئىنقىلاپتىن سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپقا ئۆتۈشنى دەرھال باشلايمىز، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپقا ئۆتۈشتە يەنە كېلىپ ئۆز كۈچىمىزگە، ئاڭلىق ۋە تەشكىللىك پرولېتارىياتنىڭ كۈچىگە تايىنىمىز. بىز ئۈزلۈكسىز ئىنقىلاپنى قۇۋۋەتلەيمىز. بىز ھەرگىز يېرىم يولدا توختاپ قالمايمىز. بىز ھەر خىل "ئىجتىمائىلاشتۇرۇش" توغرىسىدا ئالدىراپ ۋەدە بەرمەيمىز، چۈنكى بۇ ۋەزىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ھەقىقى شەرتلىرىنى بىلىمىز، بىز ھازىر دېخانلار ئىچىدە يېتىلىۋاتقان يېڭى سىنىپىي كۈرەشنى ياپمايمىز، بەلكى بۇ كۈرەشنى ئېچىپ كورسىتىمىز.

بىز دەسلەپتە، ئادەتتىكى دېخانلارنىڭ پومىششىكلارغا قارشى تۈرۈشنى تاكى پومىششىكلارنىڭ يېرىنى مۇسادىرە قىلغانغا قەدەر بارلىق ئۇسۇل ۋە پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللايمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن (ھەتتا كېيىن ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا) پرولېتارىياتنىڭ ئادەتتىكى دېخانلارغا قارشى تۈرۈشنى قوللايمىز. ئىنقىلاپ (دېموكراتىك ئىنقىلاپ) ۋۇجۇتقا چىقىپ "ئەتىسى" دېخانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈچلەر مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى **ھازىر** ھىساپلاپ ئولتۇرۇش بىھۇدە خىيال بولىدۇ، بىز ھەرگىز تەۋەككۇلچىلىك قىلمايمىز، ئۆزىمىزنىڭ ئىلمي ۋىجدانىمىزغا خىلاپلىق قىلمايمىز، ئەرزان شوھرەتلەرگە بېرىلمەيمىز، بىز **بىرلا نەرسىنى** ئېيتالايمىز ۋە ئېيتىمىز: بىز بارلىق دېخانلارنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاپنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ياردەم بېرىمىز، شۇ يول بىلەن

پرولېتارىيات پارتىيىمىزنىڭ يېڭى ۋە تېخىمۇ يۇكسەك ۋەزىپىگە — سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپقا **تېخىمۇ ئاسان** ۋە مۇمكىن قەدەر تېز كۆچۈشى ئۈچۈن **ئىمكانىيەت يارىتىمىز.** بىز **ھازىرقى** دېخانلار قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبىسىدىن قانداق ماسلىشىشلار، قانداق تەكشىلىكلەر ۋە "ئىجتىمائىلىشىش"لارنىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىغى توغرىسىدا ۋەدە بەرمىدۇق، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، يېڭى كۆرەش، يېڭى باراۋەرسىزلىك ۋە بىز ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان يېڭى ئىنقىلاپ توغرىسىدا ۋەدە بەردۇق. بىزنىڭ تەلىماتىمىز سوتسىيال ئىنقىلاپچىلار ئېيتقان چوچەكلەردىكىدەك "شېرىن" ئەمەس، كىمكى باشقىلارنىڭ تاتلىق نەرسە بېرىشىنىلا ئۈمىت قىلسا، سوتسىيال ئىنقىلاپچىلارنىڭ قېشىغا بارسۇن، بىز ئۇنداق كىشىگە مەرھەمەت، دەيمىز.

بىزنىڭچە، بۇ ماركسىزملىق نۇقتىنەزەر كومىتېت توغرىسىدىكى مەسىلىگىمۇ جاۋاپ بېرىدۇ. بىزنىڭچە، **سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ دېخانلار** كومىتېتىنىڭ **بولۇشى ئورۇنلۇق ئەمەس:** ئۇ سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ بولسا، دېخانلارغىلا خاس بولمايدۇ؛ ئەگەر دېخانلارنىڭ بولسا، ساپ پرولېتارىياتقا خاس بولمايدۇ، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىگە خاس بولمايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئىككى نەرسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە خۇشتار، بىز بۇنداق كىشىلەردىن ئەمەسمىز. شارائىت يار بەرگەنلىكى جايدا **ئۆزىمىزنىڭ** كومىتېتلىرىنى، **سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ** كومىتېتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىمىز. بۇ كومىتېتلارغا دېخانلار، كەمبەغەللەر، زىيالىلار، پاھىشە ئاياللار (يېقىندا بىر ئىشچى بىزگە خەت يېزىپ، نېمە ئۈچۈن پاھىشە ئاياللار ئارىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلمايدۇ دەپ سورىغان)، ئەسكەرلەر، ئوقۇتقۇچىلار، ئىشچىلار، — قىسقىسى، **بارلىق سوتسىيال دېموكراتلار قاتنىشىدۇ، ھالبۇكى، سوتسىيال دېموكرات بولمىغان كىشىلەردىن بىرسىمۇ**

قاتناشتۇرۇلمايدۇ. بۇ كومىتېتلار سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيە-
سىنىڭ خىزمىتىنى ئىمكان قەدەر ھەر جەھەتتىن قانات يايدۇرىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن بىللە يېزا پرولېتارىياتىنى ئالاھىدە ئۇيۇشتۇرۇش
ئۈچۈن تىرىشىدۇ، چۈنكى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى —
پرولېتارىياتنىڭ سىنىپىي پارتىيىسى. ھەر خىل كونا نەرسىلەرنىڭ
قالدۇقلىرىنى پۈتۈنلەي چىقىرىۋەتمىگەن پرولېتارىياتنى ئۇيۇشتۇرۇش
"ئەنئەنىگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان" ئىشنى قىلغانلىق دەپ ھېساپلاش
ئىنتايىن خاتا، شۇڭا، خەتنىڭ بۇ مەسىلە سوزلەنگەن جايلىرىنى
پەقەت ئۇقۇشۇلماسلىقتىن كېلىپ چىققان دەپ ئويلىغىمىز كېلىدۇ.
شەھەر سانائەت پرولېتارىياتى سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار
پارتىيىسىنىڭ مۇقەررەر ئاساسىي يادروسى، لېكىن پارتىيىمىزنىڭ
پروگراممىسىدا ئېيتىلغىنىدەك، بارلىق ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچى
ئەمگەكچىلەر يەنى قول سانائەتچىلەر، كەمبەغەللەر، تىلەمچىلەر،
مالايلار، سەرگەردانلار ھەم پاھىشە ئاياللارنى مۇستەسنا سىز ھالدا
پارتىيىمىز ئەتراپىغا جەلپ قىلىپ، ئۇلارنى تەربىيىلىشىمىز، تەشكىل-
لىشىمىز كېرەك، — بۇنىڭدا مۇتلەق زورۇر بىر شەرت باركى، سوتسى-
يال دېموكراتلار پارتىيىسى **ئۇلارغا** ئەمەس، ئۇلار سوتسىيال دېمو-
كراتلار پارتىيىسىگە بوي سۇنۇشى، پرولېتارىيات ئۇلارنىڭ مەۋ-
قەسىگە ئەمەس، ئۇلار پرولېتارىياتنىڭ مەۋقەسىگە ئۆتۈشى كېرەك.

كىتاپچىلار، بۇنىڭ ئىنقىلاۋىي دېھقانلار كومىتېتى بىلەن نېمە
ئالاقىسى بار؟ بۇ ئىنقىلاۋىي دېھقانلار كومىتېتىنىڭ كېرىكى يوق
دېگەنلىكمۇ؟ دېگەن سوئالنى قويۇشى مۇمكىن. ياق ئۇنداق ئەمەس،
كېرىكى بار. بىزنىڭ غايىمىز يېزىلارنىڭ ھەممە يېرىدە نوقۇل
سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ كومىتېتلىرىنى قۇرۇش، ئاندىن
شۇلار ئارقىلىق دېھقانلار ئارىسىدىكى بارلىق ئىنقىلاۋىي دېموكراتلار،
گۇرۇھلار ھەم گۇرۇپپىلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، ئىنقىلاۋىي كومىتېت

تەشكىل قىلىش. بۇ، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ شەھەرلەردە ئۆزىنى مۇستەقىل تۇتۇپ كەلگىنىگە ۋە قوزغىلاڭ كوتىرىش ئۈچۈن بارلىق ئىنقىلاۋىي دېموكراتلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزگىنىگە تامامەن ئوخشايدۇ. بىز دېخانلارنىڭ قوزغىلاڭ كوتىرىشىنى قۇۋۋەتلەيمىز. بىز ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل سىنىپنىڭ ئەزالىرىنى ۋە ھەر خىل پارتىيەلەرنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە، قوشۇۋېتىشكە قەتئىي قارشى تۇرىمىز. بىزنىڭچە، قوزغىلاڭ كوتىرىش ئۈچۈن، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى **بارلىق** ئىنقىلاۋىي دېموكراتلارغا تۈرتكە بولۇشى، **ھەممىسىنىڭ** تەشكىللىنىشىگە ياردەملىشىشى ۋە ئۇلار بىلەن **يانمۇ-يان تۇرۇپ** — لېكىن ئۇلار بىلەن قوشۇلۇپ كەتمەي — شەھەرلەردىكى كوچا توساقلىرىدا جەڭ قىلىشى، يېزىلاردا ئۇلار بىلەن بىللە تۇرۇپ پومېشچىكلار ۋە ساقچىلارغا قارشى تۇرۇشى لازىم.

شەھەر ۋە يېزىلاردىكى مۇستەبىتلىككە قارشى قوزغىلاڭلار ياشىسۇن! ھازىرقى ئىنقىلاپتىكى پۈتكۈل ئىنقىلاۋىي دېموكراتلارنىڭ ئىلغار قوشۇنى — ئىنقىلاۋىي سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ياشىسۇن!

«پرولېتارلار» گېزىتىنىڭ 1905 - يىل 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى (1 - كۈنى) دىكى 16 - سانىغا بېسىلغان.

«پرولېتارلار» گېزىتىگە بېسىلغان تېكستى بويىچە بېسىلدى.

«لېنىن ئەسەرلىرى»، 9 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 215 — 223 - بەتلەردىن ئېلىندى.

ئۇششاق بۇرژۇئازىيە سوتسىيالىزمى ۋە پرولېتارىيات سوتسىيالىزمى

ياۋروپادا، ھەر خىل سوتسىيالىزم تەلىماتلىرى ئىچىدە ماركسىزىم ھازىر پۈتۈنلەي ھوكۈمرانلىققا ئېرىشتى، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى كۈرەش پۈتۈنلەي دىگۈدەك سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى رەھبەرلىگىدىكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كۈرىشى بولماقتا. لېكىن ماركسىزىم تەلىماتىنى ئاساس قىلغان پرولېتارىيات سوتسىيالىزمىنىڭ بۇ تولۇق ھوكۈمرانلىغى بىردىنلا مۇستەھكەملەنگىنى يوق، بەلكى ئۇششاق بۇرژۇئازىيە سوتسىيالىزمى، ھوكۈمەتسىزلىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بارلىق قالاق تەلىماتلار بىلەن ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلغاندىن كېيىن مۇستەھكەملەنگەن. بۇنىڭدىن تەخمىنەن 30 يىل ئىلگىرى، ماركسىزىم ھەتتا گېرمانىيىدە ئۈستۈن-لۈكنى ئىگىلىمىگەن ئىدى، راستىنى ئېيتقاندا، ئەينى ۋاقىتتىكى گېرمانىيىدە ئۇششاق بۇرژۇئازىيە سوتسىيالىزمى بىلەن پرولېتارىيات سوتسىيالىزمى ئارىلىغىدىكى ئۆتكۈنچى، ئەبجەش، مۇرەسسەچىل قاراشلار ئۈستۈن تۇراتتى. رومان تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئەللەردىكى، مەسىلەن، فرانسىيە، ئىسپانىيە، بېلگىيىلەردىكى ئىلغار ئىشچىلار ئارىسىدا ئەڭ كەڭ تارقالغان تەلىمات، روشەنكى، پرولېتارلارنىڭ نۇقتىنەزىرىگە ئەمەس، ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ نۇقتىنەزىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان پرۇدونچىلىق[117]، بلانكىچىلىق[65] ۋە ھوكۈمەتسىزلىك ئىدى.

ماركسىزىمنىڭ دەل يېقىنقى نەچچە 10 يىلدا بۇنداق تېز ۋە تولۇق غەلىبىگە ئېرىشىشىگە زادى نىمە سەۋەپ بولدى؟ هازىرقى زامان جەمىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسى جەھەتلەردىكى ئومۇمى تەرەققىياتى، ئىنقىلاۋىي ھەركەت ۋە ئېزىلگەن سىنىپلار كۇرىشىنىڭ ئومۇمى تەجرىبىلىرى ماركسىزىملىق نۇقتىنەزەرنىڭ توغرىلىغىنى كۈندىن ـ كۈنگە ئىسپاتلىماقتا. ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ سۇنۇشى بىلەن ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ بارلىق بىر تەرەپلىمە قاراشلىرى ئاقىۋەت ھالاكەتكە مەھكۇم بولىدۇ، كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققىياتى ۋە كاپىتالىستىك جەمىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىنىپىي كۇرەشنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى پرولېتارىيات سوتسىيالىزىمى ئىدىيىسى توغرىسىدىكى ئەڭ ياخشى تەشۋىق بولدى.

روسىيىدە سوتسىيالىزىم توغرىسىدىكى تۈرلۈك قالاق تەلىماتلارنىڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتىشىغا، ئەلۋەتتە، روسىيىنىڭ قالاقلىغى سەۋەپ بولغان. روسىيە ئىنقىلاۋىي ئىدىيىسىنىڭ يېقىنقى 25 يىلدىن بۇيانقى پۈتۈن تارىخى ـــ ماركسىزىمنىڭ ئۇششاق بۇرژۇئا نارودنىكلىرىنىڭ سوتسىيالىزىمى بىلەن كۇرەش قىلغان تارىخى. روسىيە ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ چاپسان راۋاجلىنىشى ۋە ھەيران قالارلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى ماركسىزىمنى روسىيىدىمۇ غەلىبىگە ئىگە قىلغان بولسا، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن، دىخانلارنىڭ قىل سىغمايدىغان ئىنقىلاۋىي ھەركىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ـــ بولۇپمۇ دىخانلارنىڭ 1902-يىلى كىچىك روسىيىدىكى مەشھۇر قوزغىلىڭىدىن كېيىن ـــ ھالىدىن كەتكەن نارودنىكلىقنىمۇ سەل جانلاندۇرۇپ قويىدى. ئاتالمىش سوتسىيال ئىنقىلاپچىلارنىڭ ئۆزىگە خاس بار-يوق ئىدىيىۋى دەسمايىسى ـــ ياۋروپانىڭ مودا ئاغمىچىلىغى (شيۇجېڭجۇيى، بېرنشتېينچىلىق[115]، ماركس ئۇستىدىكى تەنقىت) بىلەن پەدەزلىنىپ يېڭى تۇس ئالغان كونا نارودنىكلىق. شۇڭا ماركسىزىمچىلارنىڭ ساپ

نارودنىكلار ۋە سوتسىيال ئىنقىلاپچىلار[208] بىلەن بولغان بەس-مۇنازىرىسىدە دىخانلار مەسىلىسى مەركىزىي ئورۇننى ئىگىلىمەكتە.
نارودنىكلىق مەلۇم دەرىجىدە مۇكەممەللەشكەن ۋە ئىزچىل بولغان بىر خىل تەلىمات. ئۇ كاپىتالىزىمنىڭ روسىيىدىكى ھوكۇمرانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ؛ زاۋۇت ئىشچىلىرىنىڭ پۈتكۈل پرولېتارىياتنىڭ ئىلغار جەڭچىسى بولىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ؛ سىياسى ئىنقىلاپ بىلەن بۇرژۇئا سىياسى ئەركىنلىكنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىنكار قىلىدۇ؛ ئۇششاق دىخانلار ئىگىلىگىدىكى دىخانلار يېزا جامائەسى ئاساسىدا سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنى دەرھال ئەمەلگە قويۇشنى تەرغىپ قىلىدۇ. ھازىر بۇ مۇكەممەل تەلىماتنىڭ بەزى قالدۇقلىرىلا قالدى، لېكىن ھازىرقى بەس-مۇنازىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ۋە بۇ بەس-مۇنازىرىلەرنىڭ بىر بىرىگە تىل-ھاقارەت قىلىشقا ئايلىنىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەملىكىتىمىزدىكى سوتسىيال ئىنقىلاپچىلارنىڭ ئادىتىپ قېلىشىغا ئومۇمى ۋە **تۈپ سەۋەپ** بولغان نارودنىكلىقنىڭ مەنبەسىگە دائىم دىققەت قىلىشىمىز لازىم.
نارودنىكلار، روسىيىنىڭ كەلگۈسىدىكى خوجايىنى دىخانلار، دەپ قارايدۇ. بۇنداق قاراش يېزا جامائەسىنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرىغا خۇراپىلارچە ئىشىنىپ كېتىش ۋە كاپىتالىزىمنىڭ تەقدىرىگە ئىشەنمەسلىكتىن مۇقەررەر ھالدا كېلىپ چىققان. ماركسىزىمچىلار روسىيىنىڭ كەلگۈسىدىكى خوجايىنى ئىشچىلار، دەپ قارايدۇ. روسىيىنىڭ يېزا ئىگىلىگى ۋە سانائىتىدە كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققى قىلىشى ئۇلارنىڭ قارىشىنى بارغانسېرى كوپ ئىسپاتلىدى. روسىيىدە، ئىشچىلار ھەركىتى ئىنكار قىلىپ بولمايدىغان پاكىتقا ئايلاندى، لېكىن دىخانلار ھەركىتىگە كەلسەك، نارودنىكلىق بىلەن ماركسىزىم ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق ئىختىلاپلار ھازىرغا قەدەر مۇشۇ ھەركەتكە بولغان **قاراشلىرىنىڭ** ئوخشاش بولمايۋاتقانلىقىدا ئىپادىلىنىپ كەلدى.

نارودنىكلارنىڭ نەزىرىدە، دىخانلار ھەركىتى دەل ماركسىزىمنى رەت قىلىپ تاشلىغان؛ ئۇ دەل بىۋاستە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپقا پايدىلىق ھەركەت؛ ئۇ يەنە كېلىپ بۇرژۇئازىيىنىڭ ھەرقانداق سىياسى ئەركىنلىگىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ؛ ئۇ دەل چوڭ ئىگىلىكنى ئەمەس، ئۇششاق ئىگىلىكنى ئاساس قىلىدۇ. قىسقىسى، نارودنىكلارنىڭ نەزىرىدە دىخانلار ھەركىتىنىڭ ئۆزى ھەقىقى ۋە بىۋاستە سوتسىيالىستىك ھەركەت بولۇپ قالغان. نارودنىكلارنىڭ دىخانلارنىڭ يېزا جامائەسىگە خۇراپىلارچە ئىشىنىشى ۋە ھوكۇمەتسىزلىگى ئۇلارنىڭ مۇقەررەر مۇشۇ خۇلاسىگە كېلىدىغانلىغىنى تولۇق كۆرسىتىدۇ.

ماركسىزىمچىلارنىڭ نەزىرىدە، دىخانلار ھەركىتى سوتسىيالىستىك ھەركەت ئەمەس، دەل دېموكراتىك ھەركەت ھېساپلىنىدۇ. دىخانلار ھەركىتى، ئىجتىمائى ئىقتىسادىي مەزمۇنىدىن ئېيتقاندا، ئىلگىرى باشقا ئەللەردە بولغان دىخانلار ھەركىتىگە ئوخشاش بۇرژۇئا خاراكتېرلىق دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ تەبىي ھەمرىيى بولىدۇ. ئۇ بۇرژۇئا تۈزۈمىنىڭ ئاساسىغا، تاۋار ئىگىلىگىگە، كاپىتالغا ھەرگىز قارشى تۇرمايدۇ. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇ يېزىلاردىكى كاپىتالىزىمدىن ئىلگىرىكى يانچىلىققا خاس ھەر خىل كونا مۇناسىۋەتلەرگە، يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ بارلىق قالدۇقلىرىنىڭ ئاساسىي تۈۋرۈكى بولغان پومېشىكلارنىڭ يەر ئىگىدارچىلىغىغا قارشى تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا بۇنداق دىخانلار ھەركىتىنىڭ تولۇق غەلىبىسى كاپىتالىزىمنى تۈگەتمەيدۇ، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ كەڭ ئاساس يارىتىپ، نوقۇل كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققىياتىنى چاپسانلىتىدۇ ۋە كۈچەيتىدۇ. دىخانلار قوزغىلىڭىنىڭ تولۇق غەلىبىسى پەقەت بۇرژۇئا دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىگە ئۇل سېلىپ بېرىدۇ، پرولېتارىياتنىڭ نوقۇل ھالدا بۇرژۇئازىيىگىلا قارشى تۇرۇش كۈرىشى بۇ جۇمھۇرىيەتتە بىرىنچى قېتىم قانات يايىدۇ.

دىمەك بۇ يەردە دەل قارىمۇ-قارشى ئىككى خىل قاراش بار، سوتسىيال ئىنقىلاپچىلار بىلەن سوتسىيال دېموكراتلارنىڭ پرىنسىپلىق ئىختىلاپلىرىنى تەتقىق قىلىشقا ئىنتىلىغانلىكى كىشى بۇ ئىككى خىل قاراشنى ئېنىق چۈشىنىۋېلىشى لازىم. دىخانلار ھەركىتىنى بىر خىل قاراشتىكىلەر سوتسىيالىستىك ھەركەت دەپ قارىسا، يەنە بىر خىل قاراشتىكىلەر بۇرژۇئا دېموكراتىك ھەركەت دەپ قارايدۇ. بۇنىڭدىن سوتسىيال ئىنقىلاپچىلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ماركسىزىمچىلار دىخانلار مەسىلىسىگە بىر مەھەل ”سەل قارىغان“ (زادى پىسەن قىلمىغان)دەك قىلىدۇ دەپ يۈز مەرتىۋە، مىڭ مەرتىۋە تەكرارلاپ (مەسىلەن، «ئىنقىلاۋىي روسىيە» گېزىتىنىڭ[207] 75-سانىغا قارالسۇن)، ئۆزلىرىنىڭ نەقەدەر نادانلىقىنى كورسىتىپ كەلگەنلىكىنى كورىمىز. بۇنداق ئىنتايىن نادان پىكىرلەرگە قارشى تۇرۇشنىڭ بىرلا چارىسى باركى، ئاددى داۋىلىلارنى تەكرارلاش، سىپپى ئۆزىدىن بولغان نارودنىكلارنىڭ كونا قاراشلىرىنى ئوچۇق كورسىتىش، ھەقىقى پەرق دىخانلار مەسىلىسىگە ئېتىۋار بېرىشنى خالاش-خالىماسلىقتا ئەمەس، دىخانلار مەسىلىسىنى ئېتىراپ قىلىش ياكى ئۇنىڭغا سەل قاراشتىمۇ ئەمەس، بەلكى روسىيىنىڭ ھازىرقى دىخانلار ھەركىتى ۋە ھازىرقى دىخانلار مەسىلىسىگە بولغان **مولچەرنىڭ ئوخشاش بولماي ۋاتقانلىقىدا** ئىكەنلىكىنى يۈز قېتىم، مىڭ قېتىملاپ كورسىتىپ تۇرۇش لازىم. ماركسىزىمچىلارنى روسىيىنىڭ دىخانلار مەسىلىسىگە ”سەل قارىدى“ دىگۈچىلەر، بىرىنچىدىن، ئىنتايىن نادان، چۈنكى روسىيە ماركسىزىمچىلىرىنىڭ ھەممە ئاساسلىق ئەسەرلىرىدە، پلېخانوۋنىڭ «بىزنىڭ پىكىر ئىختىلاپلىرىمىز» (بۇ كىتاپنىڭ نەشر قىلىنغىنىغا 20 يىلدىن ئاشتى)دىن تارتىپ، ئاساسەن نارودنىكلارنىڭ روسىيە دىخانلار مەسىلىسىگە بولغان قارىشىنىڭ خاتا ئىكەنلىگى كورسىتىلگەن. ئىككىنچىدىن، كىمكي ماركسىزىمچىلار دىخانلار مەسىلىسىگە ”سەل قارىدى“

دىسە، بۇ ئۇنىڭ، ھازىرقى دىخانلار ھەركىتى بۇرژۇئا دىموكىراتىك ھەركەتمۇ ـ ئەمەسمۇ؟ ئوبىكتىپ ئەھمىيىتىدىن ئېيتقاندا، بۇ ھەركەت يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرىغا قارشىمۇ ـ ئەمەسمۇ؟ دىگەن ھەقىقى پىرىنسىپلىق پىكىر ئىختىلاپلىرىنى تولۇق مولچەرلەشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىغىنى ئىسپاتلايدۇ.

سوتسىيال ئىنقىلاپچىلار بۇ مەسىلىگە ھىچقاچان ئېنىق جاۋاپ بەرگەن ئەمەس ۋە مەڭگۇ بىرەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار روسىيىدىكى دىخانلار مەسىلىسىگە قارىتا كونا نارودنىكلارنىڭ قارىشى بىلەن ھازىرقى زامان ماركسىزىمچىلىرىنىڭ قارىشى ئوتتۇرىسىدا ئولگۇدەك چىرمىشىپ يۈرمەكتە. سوتسىيال ئىنقىلاپچىلار دىخانلار ھەركىتىنى مولچەرلەشتە نارودنىكلارنىڭ ئۇششاق بۇرژۇئاچە تەسەۋۋۇرى ۋە خام خىيالىدىن نېرى كېتەلمىگەنلىگى ئۈچۈنمۇ، ماركسىزىمچىلار ئۇلارنى ئۇششاق بۇرژۇئا نۇقتىئىنەزىرىگە ئېسىلىۋالغۇچىلار (ئۇششاق بۇرژۇئازىيە مۇتەپەككۇرلىرى) دەپ ئاتايدۇ.

مانا شۇ سەۋەپتىن، ئەڭ ئاددى داۋلارنى تەكرارلاشقا مەجبۇر بولماقتىمىز. روسىيىدىكى ھازىرقى دىخانلار ھەركىتىنىڭ كوزلەيدىغىنى نىمە؟ يەر ۋە ئەركىنلىك. بۇ ھەركەتنىڭ تولۇق غەلىبىسى قانداق ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ؟ ئەركىنلىككە ئىگە بولسا، ئۇ پومىششىكلار ۋە ئەمەلدارلارنىڭ دولەتنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى ھوكۇمرانلىغىنى ئاغدۇرىدۇ. ئۇ يەرگە ئىگە بولسا، پومىششىكلارنىڭ يەرلىرىنى دىخانـ لارغا ئېلىپ بىرىدۇ. ئەڭ تولۇق ئەركىنلىك ۋە پومىششىكلارنى ئەڭ تولۇق مەھرۇم قىلىش (پومىششىكلاردىن يەرنى تارتىۋېلىش)تاۋار ئىگىلىگىنى يوقىتامدۇ؟ ياق، يوقاتمايدۇ. ئەڭ تولۇق ئەركىنلىك ۋە پومىششىكلارنى ئەڭ تولۇق مەھرۇم قىلىش دىخان ئائىلىلىرىنىڭ يېزا جامائەسى يەرلىرىدىكى ياكى "ئىجتىمائىلاشتۇرۇلغان" يەرلەردىكى يەككە ئىگىلىگىنى يوقىتامدۇ؟ ياق، يوقاتمايدۇ. ئەڭ تولۇق ئەركىنلىك

ۋە پومېششىكلارنى ئەڭ تولۇق مەھرۇم قىلىش نۇرغۇن ئاتلىرى بار
باي دېخانلار بىلەن ياللانما دېخان ۋە مەدىكارلار ئوتتۇرىسىدىكى،
يەنى دېخان بۇرژۇئازىيە بىلەن يېزا پۇرولېتارىياتى ئوتتۇرىسىدىكى
ھاڭنى يوقىتامدۇ؟ ياق، يوقاتمايدۇ. دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، يۇقۇرى
تەبىقە (پومېششىكلار) قانچە تولۇق تارمار قىلىنسا ۋە يوقىتىلسا،
بۇرژۇئازىيە بىلەن پۇرولېتارىيات ئوتتۇرىسىدىكى **سىنىپىي** ئوچمەنلىك-
مۇ شۇنچە كۈچىيىدۇ. دېخانلار قوزغىلىشىنىڭ تولۇق غەلىبىسى
قانداق ئوبيېكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ؟ بۇ غەلىبە يانچىلىق تۈزۈم-
نىڭ بارلىق قالدۇقلىرىنى ئۈزۈل-كېسىل يوقىتىدۇ، لېكىن بۇرژۇئازى-
يىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى يوقاتمايدۇ، كاپىتالىزمنى
يوقاتمايدۇ، جەمىيەتنىڭ سىنىپلارغا، بايلار بىلەن كەمبەغەللەرگە،
بۇرژۇئازىيە بىلەن پۇرولېتارىياتقا بۆلۈنۈشىنى يوقاتمايدۇ. ھازىرقى
دېخانلار ھەركىتى نېمە ئۈچۈن بۇرژۇئا دېموكراتىك ھەركىتى
بولىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇ ئەمەلدارلار ۋە پومېششىكلارنىڭ ھاكى-
مىيىتىنى يوقىتىپ، دېموكراتىك ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئورنىتىدۇ،
ئەمما بۇ دېموكراتىك جەمىيەتنىڭ بۇرژۇئا ئاساسىنى ئۆزگەرتمەيدۇ،
كاپىتالنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى يوقاتمايدۇ. ئاڭلىق ئىشچىلار، سوتسىيال-
زىمچىلار ھازىرقى دېخانلار ھەركىتىگە قانداق پوزىتسىيە تۇتۇشى
كېرەك؟ ئۇلار بۇ ھەركەتنى قوللىشى، ئەمەلدارلار ۋە پومېششىكلار-
نىڭ ھاكىمىيىتىنى دېخانلارنىڭ پۈتۈنلەي ئاغدۇرۇپ تاشلىشىغا ئەڭ
ئاكتىپ، ئۈزۈل-كېسىل ياردەم بېرىشى كېرەك. لېكىن ئۇلار شۇنىڭ
بىلەن بىللە دېخانلارغا پەقەت ئەمەلدارلار ۋە پومېششىكلارنىڭ
ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشنىڭ ئۆزىلا تېخى كۆپايە قىلمايدىغانلىقىنىمۇ
چۈشەندۈرۈشى كېرەك. بۇ ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇش بىلەن بىللە كاپىتالنىڭ
ھاكىمىيىتىنى، بۇرژۇئازىيىنىڭ ھاكىمىيىتىنى يوقىتىشقىمۇ تەييارلىنىش
كېرەك، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، دەرھال تولۇق سوتسىيالىزم

تەلىماتىنى يەنى ماركسىزىم تەلىماتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە يېزا پۇرولېتارلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ ھەم ئۇلارنى ئۇيۇش-تۇرۇپ، دېخان بۇرژۇئازىيىسىگە، جۈملىدىن روسىيىدىكى بارلىق بۇرژۇئازىيىگە قارشى كۈرەش قىلىش لازىم. ئاڭلىق ئىشچىلار سوتسىيالىزىم يولىدىكى كۈرەشنى دەپ دېموكراتىزىم يولىدىكى كۈرەشنى ئۇنتۇپ قالسا ياكى دېموكراتىزىم يولىدىكى كۈرەشنى دەپ سوتسىيالىزىم يولىدىكى كۈرەشنى ئۇنتۇپ قالسا بولامدۇ؟ بولمايدۇ، ئاڭلىق ئىشچىلار دەل بۇ ئىككى خىل كۈرەشنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنى سوتسىيال دېموكراتىزىمچىلار دەپ ئاتىيالىغان. ئۇلار سوتسىيالىزىمغا دېموكراتىزىمدىن، سىياسى ئەركىنلىكتىن باشقا يول بىلەن بارالمايدىغانلىغىنى چۈشىنىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئاخىرقى مەقسىدى بولغان سوتسىيالىزىمغا يېتىش ئۈچۈن، دېموكراتىزىمنى تامامەن ۋە ئۈزۈل-كېسىل ئىشقا ئاشۇرۇشقا كۈچ چىقىرىدۇ. دېموكراتىزىم يولىدىكى كۈرەشنىڭ شەرت-شارائىتلىرى بىلەن سوتسىيالىزىم يولىدىكى كۈرەشنىڭ شەرت-شارائىتلىرى نېمىشقا ئوخشاش بولمايدۇ؟ چۈنكى بۇ ئىككى خىل كۈرەشتە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىتتىپاقچىلىرى جەزمەن ئوخشاش بولمايدۇ، ئىشچىلار دېموكراتىزىم يولىدىكى كۈرەشنى بىر قىسىم بۇرژۇئازىيە، بولۇپمۇ ئۇششاق بۇرژۇئازىيە بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ بارىدۇ، سوتسىيالىزىم يولىدىكى كۈرەش بولسا ئىشچىلارنىڭ پۈتكۈل بۇرژۇئازىيىگە قارشى كۈرەشى ھېساپلىنىدۇ. ئەمەلدارلار ۋە پومېششىكلارغا قارشى كۈرەشنى بارلىق دېخانلار ھەتتا ھاللىق دېخانلار ۋە ئوتتۇرا دېخانلار بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ ۋە شۇنداق قىلىش كېرەك. لېكىن بۇرژۇئازىيىگە، شۇنىڭدەك ھاللىق دېخانلارغا قارشى كۈرەشنى بولسا يېزا پۇرولېتارلىرى بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ بارغاندىلا ئىشەنچلىك بولىدۇ.

ماركسىزمنىڭ مۇشۇ ئاددى ھەقىقەتلىرى (بۇ — سوتسىيال ئىنقىلاپچىلار تەتقىق قىلىشنى خالىماي كېلىۋاتقان ھەقىقەتلەر)نى كوز ئالدىمىزغا كەلتۇرسەكلا، سوتسىيال ئىنقىلاپچىلارنىڭ ماركسىزمغا قارشى مۇنۇ ”ئەڭ يېڭى“ پىكىرلىرىگە باھا بېرىشىمىز ناھايىتى ئاسان بولىدۇ.

«ئىنقىلاۋىي روسىيە» گېزىتى (75-سانى) مۇنداق جار سالىدۇ: ”نىمە ئۇچۇن دەرھاللا پۇرولېتارىياتنىڭ پومىششىكلارغا قارشى تۇرۇشنى قوللىماي، ئاۋال ئادەتتىكى دىخانلارنىڭ پومىششىكلارغا قارشى تۇرۇشنى، ئاندىن (يەنى بىرلا ۋاقىتتا) پۇرولېتارىياتنىڭ ئادەتتىكى دىخانلارغا قارشى تۇرۇشنى قوللاش كېرەك، بۇنىڭ ماركسىزم بىلەن نىمە مۇناسىۋىتى بار — بۇنى بىرلا ئاللا بىلىدۇ.“

بۇ — ئەڭ ئىپتىدائىي، ئەڭ گودەك ھوكۇمەتسىزلىك قاراش. نۇرغۇن ئەسىرلەردىن بۇيان، ھەتتا نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان، ئىنسانلار بارلىق ئېكسپىلاتاتسىيىنى ”دەرھال“ يوقىتىشنى ئارمان قىلىپ كەلگەن. لېكىن، پۈتۈن دۇنيادىكى مىليونلىغان ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچىلار كاپىتالىستىك جەمىيەتنى بۇ جەمىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس تەرەققىيات يونىلىشى بويىچە ئۆزگەرتىش مەقسىدىدە بىرلىشىپ ئۇزۇل-كېسىل، قەتئىي ۋە ئومۇمىي يۈزلۈك كۆرەش قىلغانغا قەدەر، بۇ ئارمانلار خام خىيال بولۇپ قېلىۋەردى. ماركسىنىڭ ئىلمىي سوتسىيالىزمى ھازىرقى ھالەتنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى ئارزۇنى مەلۇم سىنىپنىڭ كۆرىشى بىلەن بىرلەشتۈرگەن ۋاقىتتىلا، سوتسىيالىزم يولىدىكى خام خىيال مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ سوتسىيالىزمنى قولغا كەلتۈرۈش كۆرىشىگە ئايلاندى. سىنىپىي كۆرەشتىن چەتلىگەندە سوتسىيالىزم قۇرۇق گەپ ياكى گودەكلەرچە خام خىيال بولۇپ قالىدۇ. بىزنىڭ روسىيىدە، ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئىجتىمائىي كۈچنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل كۆرىشى ئالدى-

مىزدا تۇرماقتا. كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولغانلىقى جايلاردا (سوتسىيال ئىنقىلاپچىلىرىمىز ئۇقۇپ قالسۇنكى، بۇ مۇناسىۋەتلەر ھەتتا دىخانلارنىڭ يېزا جامائەسى ئىچىدە، يەنى ئۇلار پۇتۇنلەي "ئىجتىمائىلاشقان" دەپ ھىساپلىغان يەرلەردىمۇ بار) پۇرولېتارىيات بۇرژۇئازىيىگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بارماقتا. ئۇششاق يەر ئىگىلىرى، ئۇششاق بۇرژۇئازلار قاتلىمى بولغان دىخانلار يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ ھەممە قالدۇقلىرىغا، ئەمەلدارلار ۋە پومىشىكلارغا قارشى كۈرەش ئېلىپ بارماقتا. سىياسى ئىقتىساتتىن ۋە دۇنيا ئىنقىلاۋىي تارىخىدىن پۈتۈنلەي خەۋىرى يوق كىشىلەرلا خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان بۇ ئىككى خىل ئىجتىمائى ئۇرۇشنى كورمەيدۇ. "دەرھال" دىگەن سوز بىلەن كوزىنى پەردىلىۋېلىپ بۇ ئىككى خىل ئۇرۇشنىڭ پەرقىنى كورمەسلىك بېشىنى قانتى ئاستىغا تىقىۋېلىپ، رىياللىقنى ھىچقانداق تەھلىل قىلماسلىق بىلەن باراۋەر.

سوتسىيال ئىنقىلاپچىلار كونا نارودنىكلىق نۇقتىئىنەزىرىنىڭ پۇتۇنلۇگىنى ئاللىقاچان يوقىتىپ قويغان، ئۇلار ھەتتا نارودنىكلارغا خاس تەلىماتنىكى نۇرغۇن نەرسىلەرنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان. «ئىنقىلاۋىي روسىيە» گېزىتىنىڭ شۇ ساندا مۇنداق يېزىلغان: "لېنىن ئەپەندى دىخانلارنىڭ پومىشىكلارنىڭ يېرىنى تارتىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش بىلەن بىللە، ئاز ـ تولا تەرەققى قىلغان كاپىتالىستىك يېزا ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنىڭ خارابىسىدا ئۇششاق بۇرژۇئا ئىگىلىگىنىڭ تىكلىنىشىنى ئاڭسىز ئالغا سۈردى. ئەنئەنىۋى ماركىسىزىم نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا، بۇ ئارقىغا چېكىنگەنلىك ئەمەسمۇ؟"

ئەپەندىلەر، ئۇياتساڭلارچۇ! سىلەر ۋ. ۋ ئەپەندىگىلارنى راستىلا ئۇنتۇپ قاپسىلەر! سىلەر ئۇنىڭ "كاپىتالىزىمنىڭ تەقدىرى"، نىكولاي — ئون ئەپەندىنىڭ "ئومۇمى مۇلاھىزە" دىگەنلەرگە ھەم دانىشمەنلىرىڭلارنىڭ باشقا ئەسەرلىرىگە قاراپ بېقىڭلار. شۇ چاغدا

روسىيەدىكى پومىششىكلار ئىگىلىگىنىڭ كاپىتالىزمىنىڭ ۋە يانچىلىق تۇزۇمىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۇز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئىسكىلارغا ئالىسىلەر. شۇ چاغدا مەجبۇرى ئەمگەك تۇزۇمىنىڭ بىۋاستە قالدۇغى بولغان چاكارلىق تۇزۇمى مەۋجۇت ئىكەنلىگىنى بىلىسىلەر. ئەگەر ماركسنىڭ «كاپىتال»ىنىڭ 3-تومىغا ئوخشاش سىپپى ئۇزىدىن ماركسىزىملىق ئەسەرلەرنى كورسەڭلار، ئۇششاق بۇرژۇئا دىخان ئىگىلىگى باسقۇچىنى باشتىن كەچۇرمەي تۇرۇپ، كاپىتالىستىك ئىگىلىككە راۋاجلانغان ۋە ئايلانغان مەجبۇرى ئەمگەك تۇزۇمىدىكى ئىگىلىكنىڭ ھىچ يەردە يوقلۇغىنى ۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەسلىگىنى بىلىسىلەر. سىلەر ئاللىقاچان ئەبجىغى چىققان ئاددىلا ئۇسۇللار بىلەن ماركسىزىمنى قاغايسىلەر، كاپىتالىستىك يىرىك ئىگىلىك مەجبۇرى ئەمگەك تۇزۇمىدىكى ئىگىلىكنىڭ ئورنىنى بىۋاستە ئىگىلىيەلەيدۇ دەيدىغان كۇلكىلىك، ئاددى قاراشنى ماركسىزىمغا تاڭىسىلەر! سىلەر پومىششىكلار دىخانلارغا قارىغاندا يۇقۇرى ھوسۇل ئالىدۇ، شۇڭا پومىششىكلارنى مەھرۇم قىلىش بىر قەدەم ئارقىغا چېكىنگەنلىك بولىدۇ دەيسىلەر. بۇنداق پىكىر ئوتتۇرا مەكتەپ 4-يىللىق ئوقۇغۇچىسىنىڭلا ئاغزىدىن چىقىدۇ. ئەپەندىلەر! ئويلاپ بېقىڭلار، يانچىلىق تۇزۇم يىمىرىلىۋاتقان ۋاقىتتا، مەھسۇلاتى توۋەن بولغان دىخان يەرلىرىنى مەھسۇلاتى يۇقۇرى بولغان پومىششىكلارنىڭ يەرلىرىدىن ئايرىپ چىقىش ”بىر قەدەم چېكىنگەنلىك“ بولامدۇ؟

روسىيەدىكى ھازىرقى پومىششىكلار ئىگىلىگى كاپىتالىزىم بىلەن يانچىلىق تۇزۇمىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۇز ئىچىگە ئالغان. دىخانلارنىڭ پومىششىكلارغا قارشى ھازىرقى كۇرىشى، ئوبيېكتىپ ئەھمىيىتىدىن ئېيتقاندا، دىخانلارنىڭ يانچىلىق تۇزۇمىنىڭ قالدۇقلىرىغا قارشى كۇرەش ھىساپلىنىدۇ. لېكىن ئايرىم-ئايرىم ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى بىر-بىرلەپ ساناپ، ھەر بىر ئايرىم ئەھۋالنى دەڭسەپ، دورىخانىنىڭ

تارازىسىغا سېلىپ، يانچىلىق تۈزۈمنىڭ قەيەردە تاماملىنىدىغانلىقىنى ۋە نوقۇل كاپىتالىزمنىڭ قەيەردىن باشلىنىدىغانلىقىنى پۈك ئىگىز-پەس قىلماي بەلگىلەپ چىقىشقا ئۇرۇنۇش، ئۆزىنىڭ تالىپلىق مىجەزىنى ماركسىزمچىلارغا تاڭغانلىق بولىدۇ. ئۇششاق سودىگەرلەردىن سېتىۋالغان لازىمەتلىكلەرنىڭ باھاسىدىن قايسى قىسمىنىڭ ئەمگەك قىممىتىدىن ھاسىل بولغانلىقىنى ۋە قايسى قىسمىنىڭ ئالدامچىلىقتىن ھاسىل بولغانلىقىنى ھېساپلاپ چىقالمايمىز. ئەپەندىلەر، بۇنىڭلىق بىلەن ئەمگەك قىممىتى تەلىماتىنى تاشلىۋېتىش كېرەك دېيىشكە بولامدۇ؟

ھازىرقى پومېششىكلار ئىگىلىگى كاپىتالىزىم بىلەن يانچىلىق تۈزۈمنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدىن تالىپلار، بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز — ھەر بىر ئايرىم ئەھۋالدىكى ھەر بىر ئۇششاق خۇسۇسىيەتلەرنى ئىجتىمائى خاراكتېرى بويىچە دەڭسەپ، ھېساپلاپ ۋە ئېنىق يېزىپ چىقىشتىن ئىبارەت دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىدۇ. خىيالپەرەسلەرلا بۇنىڭدىن، خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئىجتىمائى ئۇرۇشنى پەرقلەندۈرۈشىمىزنىڭ "ھاجىتى يوق" دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭدىن چىقىدىغان بىردىن-بىر خۇلاسە مۇنداق: بىز ئۆزىمىزنىڭ پروگراممىمىز ۋە تاكتىكىمىزدا، كاپىتالىزمغا قارشى نوقۇل پرولېتارىياتلىق كۈرەش بىلەن يانچىلىق تۈزۈمگە قارشى ئومۇمى دېموكراتىك (ۋە ئومۇمى دېخانلار) كۈرىشىنى بىرلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

ھازىرقى يېرىم يانچىلىق تۈزۈمدىكى پومېششىكلار ئىگىلىگىدە كاپىتالىزمنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى قانچە بەك تەرەققى قىلسا، يېزا پرولېتارىياتىنى دەرھال ئۆز ئالدىغا ئۇيۇشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ شۇنچە جىددى بولىدۇ، چۈنكى شۇنداق بولغاندا، مەيلى قانداق يول بىلەن مۇسادىرە قىلىنمىسۇن، نوقۇل كاپىتالىستىك ئانتاگونىسيە

ياكى نوقۇل پرولېتارىياتلىق ئانتاگونىيە شۇنچە چاپسان ئاشكارىلانىدۇ. يومىششىك ئەنگىلىيەدە كاپىتالىزمنىڭ خۇسۇسىيىتى قانچە كۈچلۈك بولسا، دېموكراتىك مۇسادىرە سوتسىيالىزمىنى ھەقىقى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرەشنى شۇنچە تېز كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دېمەك ”ئىجتىمائىلاشتۇرۇش“ دېگەن سوزنىڭ ياردىمى بىلەن دېموكراتىك ئىنقىلاپنى ساختىلىق بىلەن غايىۋىلەشتۇرۇش چارىسى يەنىمۇ خەتەرلىك بولىدۇ. يومىششىكلار ئەنگىلىيەدە كاپىتالىزم بىلەن يانچىلىق تۈزۈمنىڭ ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىدىن چىقىرىلىدىغان خۇلاسە ئەنە شۇ.

دېمەك، نوقۇل پرولېتارىياتنىڭ كۈرىشىنى ئادەتتىكى دېخانلارنىڭ كۈرىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈش، لېكىن بۇ ئىككى خىل كۈرەشنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك. ئادەتتىكى دېموكراتىزملىق كۈرەش بىلەن ئادەتتىكى دېخانلارنىڭ كۈرىشىنى قوللاش كېرەك، لېكىن بۇنداق غەيرى سىنىپى كۈرەشكە ھەرگىز قوشۇلۇپ كەتمەسلىك، ئىجتىمائىلاشتۇرۇش دېگەنگە ئوخشاش ساختا ئىبارىلەر بىلەن ئۇنى غايىۋىلەشتۇرمەسلىك لازىم، شەھەر ۋە يېزىلاردىكى پرولېتارىياتنى تامامەن مۇستەقىل، سىنىپقا مەنسۇپ بولغان سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىگە ئۇيۇشتۇرۇشنى بىر مىنۇتمۇ ئۇنتۇماسلىق كېرەك. بۇ پارتىيە ئەڭ قەتئى دېموكراتىزمنى ئۇزۇل-كېسىل قوللايدۇ، لېكىن ئۇ ھەرگىز تاۋار ئەنگىلىگى شارائىتىدا ”تەڭلىك“ يارىتىش كويىدا بولىدىغان ئەكسىيەتچىل خام خىيال ۋە ئۇرۇنۇشلارنىڭ قايمۇقتۇرۇشى بىلەن ئىنقىلاپ يولىدىن چەتلىمەيدۇ. دېخانلارنىڭ يومىششىكلارغا قارشى كۈرىشى ھازىر ئىنقىلاۋى كۈرەش، يومىششىكلارنىڭ يېرىنى مۇسادىرە قىلىش نوۋەتتىكى ئىقتىسادى ۋە سىياسى تەدرىجى تەرەققىيات مەزگىلىدە، ھەر جەھەتتىن ئېيتقاندا ئىنقىلاۋى تەدبىر، بىز مۇشۇنداق ئىنقىلاۋى، دېموكراتىزملىق تەدبىرنى

قوللايمىز. لېكىن بۇنداق تەدبىرنى "ئىجتىمائىلاشتۇرۇش" دەپ داكلاپ، تاۋار ئىگىلىكى شارائىتىدا يەردىن "تەڭ" پايدىلىنىش مۇمكىن دەپ ئويزنى ۋە خەلقنى ئالداش بولسا ئەكسىيەتچىل سوتسىيالىزىمچىلارغا خاس ئەكسىيەتچىل ئۇششاق بۇرژۇئا خام خيالى بولىدۇ.

«پرولېتارلار» گېزىتىنىڭ 1905 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى (10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى) دىكى 24 ـ سانىغا بېسىلغان.

«پرولېتارلار» گېزىتىدىكى تېكىستى بويىچە بېسىلدى.

«لېنىن ئەسەرلىرى»، 9 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 426 — 434 ـ بەتلەردىن ئېلىندى.

پارتىيە تەشكىلاتى ۋە پارتىيە ئەدەبىياتى

سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ئىشىنىڭ ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن[272] كېيىن روسسىيەدە ۋۇجۇتقا كەلگەن يېڭى شارائىتلىرى پارتىيە ئەدەبىياتى مەسىلىسىنى كۈنتەرتىپكە كىرگۈزدى. قانۇنسىز مەتبۇئات بىلەن قانۇنلۇق مەتبۇئات ئوتتۇرىسىدىكى پەرق — يانچىلىق ۋە ئىستىبدات ئاساسىدىكى روسسىيە دەۋرىنىڭ بۇ خۇنۇك مىراسى يوقىلىشقا باشلىدى. ئۇ تېخى يوقالغىنى يوق، ئۇنىڭ يوقىلىشى تېخى ئۇزاق. باش مىنىستىرىمىزنىڭ مۇناپىق ھۆكۈمىتى ھېلىمۇ ئەسكىلىك قىلماقتىكى، ھەتتا «ئىشچىلار ۋەكىللىرى سوۋېتىنىڭ ئاخباراتى»[273] "قانۇنسىز" ھالدا چىقىرىلىۋاتىدۇ، لېكىن يول قويماسلىققا ھۆكۈمەتنىڭ كۈچى يەتمىگەن نەرسىنى "تەقىپلەش"كە ئۇرۇنۇشتەك ئەخمىقانە ھەركەتلەر ھۆكۈمەتنى شەرمەندە قىلىش، ھۆكۈمەتكە يەنە بىر مەنىۋى زەربە بولۇشتىن باشقا، ھېچ نەتىجە بەرمىدى.

قانۇنسىز مەتبۇئات بىلەن قانۇنلۇق مەتبۇئات ئوتتۇرىسىدا پەرق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندا، پارتىيە مەتبۇئاتى بىلەن غەيرى پارتىيە مەتبۇئاتى مەسىلىسى ناھايىتى ئاددى، ناھايىتى مۇجمەل ھەم ناھايىتى نورمالسىز ھەل قىلىنىپ كەلدى. قانۇنسىز مەتبۇئاتنىڭ ھەممىسى پارتىيە مەتبۇئاتى بولۇپ، ئۇلارنى ھەرقايسى تەشكىلاتلار چىقىراتتى، پارتىيىنىڭ ئەمەلىي ئىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملار تەشكىلاتلىرى بىلەن مەلۇم ئالاقىسى بار مۇئەسسەسەلەر باشقۇراتتى. قانۇنلۇق مەتبۇئاتنىڭ ھەممىسى غەيرى پارتىيە مەتبۇئاتى ئىدى، —

چۇنكى پارتىيۋىلىك تەقىپ قىلىنغان ئىدى، — لېكىن ئۇ يا ئۇ پارتىيىگە، يا بۇ پارتىيىگە "مايىل" ئىدى. بۇنداق غەلىتە بىرلىشىش، نورمالسىز "ھەمخانىلىق" ۋە ساختا نىقاپلارنىڭ بولۇشى مۇقەررەر ئىدى: پارتىيىنىڭ كۆزقاراشلىرىنى ئىپادىلەشنى خالايدىغان كىشىلەرنىڭ زورمۇ-زور دەپ سالغان تۇتۇق سۆزلىرى پارتىيىنىڭ شۇ كۆز-قاراشلىرىغا ئىگە كىشى بولۇپ يېتىشمىگەن، ماھىيەتتە تېخى پارتىيە ئادىمى بولمىغان كىشىلەرنىڭ پىشمىغان ۋە قورققاقلىق بىلەن ئېيتقان سۆزلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى.

ئېزوپچە ئۇسلۇپ. ئەدەبىياتتىكى خوشامەتچىلىك، تىلدىكى قۇللۇق، ئىدىيە جەھەتتىكى يانچىلىق لەنەتتى زامان! روسىيىدە بارلىق جانلىق ھەم يېڭى شەيئىلەرنى بوغۇۋاتقان بۇ رەسۋاچىلىقلارغا پرولېتارىيات بەرھەم بەردى. ئەمما پرولېتارىيات روسىيىگە ھازىرچە پەقەت يېرىم ئەركىنلىك ئېلىپ كەلدى.

ئىنقىلاپ تېخى ئورۇنلانغىنى يوق. چارىزىمنىڭ ئىنقىلاپنى يېڭىشكە قۇربى **يەتمەي قالغان بولسا**، ئىنقىلاپنىڭمۇ چارىزىمنى يېڭىشكە ھازىرچە قۇربى **يەتمەيدۇ**. بىز شۇنداق زاماندا ياشىماقتىمىزكى، ئوچۇق، سەمىمى، توغرا، ئۇزۇل-كېسىل پارتىيۋىلىك بىلەن مەخپى، يېپىق، — "دىپلوماتىك"، ھىلىگەرلىك ئاساسىدىكى "قانۇنلۇق" نىڭ بۇنداق غەيرى تەبىي بىرلىشىشى ھەممىلا يەردە كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. بۇ غەيرى ئەھۋال بىزنىڭ گېزىتلىرىمىزدىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ: گۇچكوۋ جاناپلىرى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ئەركىن بۇرژۇئازىيىنىڭ مۆتىدىل گېزىتلىرىنى تەقىپلەپ زالىملىق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ھەرقانچە قاغىسىمۇ، ھەقىقەت بەرىبىر ھەقىقەت، روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى مەركىزىنىڭ نەشر ئەپكارى «پرولېتارلار» گېزىتى[222] ھىلىھەم **مۇستەبىت** ۋە ساقچىلار ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرغان روسىيىنىڭ

سىرتىدا قالماقتا.

مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئىنقىلاپنىڭ يېرىمى ھەممىمىزنى خىزمەتلەرنى يېڭىۋاشتىن ئورۇنلاشتۇرۇشقا دەرھال كىرىشىشكە مەجبۇر قىلدۇ. ھازىر ئەدەبىياتنىڭ ھەممىسى 90 پىرسەنت پارتىيە ئەدەبىياتىغا ئايلىنىشى، ھەتتا "قانۇن"لۇق ھالدا ئايلىنىشى مۇمكىن. ئەدەبىيات پارتىيە ئەدەبىياتى بولۇشى كېرەك. سوتسىيالىستىك پرولېتارىيات بۇرژۇئاچە ئەخلاقنىڭ ئەكسىچە، بۇرژۇئا كارخانا ئىگىلىرى يەنى سودىگەرلەر نەشرىياتچىلىقىنىڭ، ئەدەبىياتتىكى بۇرژۇئا شوھرەتپەرەسلىك، شەخسىيەتچىلىكنىڭ، "تورىلەرچە ھوكۇمەتسىزلىك" ۋە مەنپەئەتپەرەسلىكنىڭ ئەكسىچە **پارتىيە ئەدەبىياتى** پىرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، بۇ پىرىنسىپنى ئالغا سۈرۈشى ھەمدە بۇ پىرىنسىپنى مۇمكىن قەدەر تولۇق ۋە مۇكەممەل شەكىلدە ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كېرەك.

پارتىيە ئەدەبىياتىنىڭ بۇ پىرىنسىپى نېمىدىن ئىبارەت؟ ئۇ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئەدەبىيات ئىشى سوتسىيالىستىك پرولېتارىياتقا نىسبەتەن ئايرىم شەخس ياكى گۇرۇھنىڭ پېيىش قورالى بولالمايدۇلا ئەمەس، بەلكى پرولېتارىياتنىڭ ئومۇمى ئىشى بىلەن ئالاقىسىز خۇسۇسى ئىشمۇ بولالمايدۇ. يوقالسۇن پارتىيىۋىلىكى يوق ئەدىپلەر! يوقالسۇن ئۆزىنى كىشىلەردىن ئۈستۈن تۇتىدىغان ئەدىپلەر! ئەدەبىيات ئىشى ئومۇمى پرولېتارىيات ئىشىنىڭ **بىر قىسمى** بولۇشى، پۈتكۈل ئىشچىلار سىنىپىنىڭ پۈتكۈل ئاڭلىق ئاۋانگارتى يۇرگۈزۈۋاتقان بىر تۇتاش، ئۇلۇغ سوتسىيال دېموكراتىك ماشىنىنىڭ "چاقى ۋە ۋىنتىسى" بولۇشى كېرەك. ئەدەبىيات ئىشى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ تەرتىپلىك، پىلانلىق ۋە بىر تۇتاش خىزمىتىنىڭ تەركىۋىي قىسمى بولۇشى لازىم.

نېمىسلاردا "نۇقسانسىز ئوخشىتىش بولماس" دېگەن ماقال

بار. مېنىڭ ئەدەبىياتنى ۋېيتىشقا، جانلىق ھەركەتنى ماشىنىغا ئوخشى-تىشمەدىمۇ نۇقسان بار. ھەتتا بۇنداق ئوخشىتىش ئەركىن ئىدىيۋى كۈرەش، تەنقىت ئەركىنلىگى، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەركىنلىگى ۋاھاكازالارنى چوكۇرىدۇ، قاتماللاشتۇرىدۇ، "بىيۇروكىراتلاشتۇرىدۇ" دەپ ۋاي-دات سالىدىغان بەزىبىر ئەسەبىي زىيالىلارمۇ چىقىپ قالار. بۇنداق ۋاي-داتلار، ماھىيەتتە، بۇرژۇئا زىيالىلىرىنىڭ شەخسىيەتچىلى-گىنىڭ ئىپادىسى، خالاس. سوزسىزكى، ئەدەبىياتنى بۇنداق بىر ئەندىزىگە، بىر قېلىپقا سېلىپ باراۋەرلەشكە، ئازچىلىقنى كوپچىلىككە بوي سۇندۇرۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. سوزسىزكى، بۇ ئىشتا شەخسى ئىجاتچانلىق بىلەن شەخسى ھەۋەسكە، ئىدىيە بىلەن خىيال، شەكىل بىلەن مەزمۇنغا كەڭ زىمىن ئېچىپ بېرىشكە مۇتلەق كاپالەتلىك قىلىش لازىم. بۇلارنىڭ ھەممىسگە قىل سىغمايدۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى پۇرولېتارىيات پارتىيىسى ئىشىنىڭ تەركىۋىي قىسمى بولغان ئەدەبىياتنى پۇرولېتارىيات پارتىيىسى ئىشىنىڭ باشقا قىسملىرى بىلەن ئۈلۈك ھالدا، بىر قاتارغا قويۇشقا بولمايدىغانلىغىنىلا ئىسپات-لايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇرژۇئازىيىگە ۋە بۇرژۇئا دېموكراتلىرىغا يات ۋە ئاجايىپ تۇيۇلغان قائىدىنى يەنى ئەدەبىيات ئىشى، ھەيلى قانداقلا بولمىسۇن، جەزمەن سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى خىزمىتىنىڭ باشقا قىسملىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان بولۇشى شەرت دىگەن قائىدىنى ھەرگىزمۇ رەت قىلمايدۇ. گېزىت پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئورگان گېزىتى بولۇشى لازىم. ئەدىپلەر چوقۇم پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا كىرىشى كېرەك. نەشرىيات بىلەن كىتاپ ئامبارلىرى، كىتاپخانىلار بىلەن قىرائەتخانىلار، كۇتۇپخانىلار بىلەن كىتاپ ماگىزىنلىرى — بۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيىگە تەۋە ئورگان بولۇشى، پارتىيىگە ئوز خىزمىتىدىن دوكلات قىلىپ تۇرۇشى لازىم. ئۇيۇشقان سوتسىيالىستىك پۇرولېتارىيات بۇ خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسگە

ئەھمىيەت بېرىشى، نازارەت قىلىپ تۇرۇشى، جانلىق پرولېتارىيات ئىشىدىكى جۇشقۇن، كوتىرەڭگۈ روھىنى بۇ خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىستىسناسىز سىڭدۇرۇشى ۋە شۇ ئارقىلىق روسىيىنىڭ يازغۇچى يېزىشنى، كىتاپخان ئوقۇشنى بىلىدۇ دەيدىغان كونا يېرىم ئوبلو-موۋچە[217]، يېرىم تىجارەت خاراكتېرىدىكى پىرىنسىپىنىڭ ھەممە ئاساسىنى يوقىتىش كېرەك.

ئەلۋەتتە، بىز ئاسىياچە كىتاپ گېزىت تەكشۈرۈش تۈزۈمى ۋە ياۋروپا بۇرژۇئازىيىسى بۇزۇپ ۋە رەسۋا قىلدۇەتكەن ئەدەبىيات ئىشىنىڭ بۇنداق يېڭىلىنىشىنى بىراقلا ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ دېمەكچى ئەمەسمىز. بىز قانداقتۇ ھەممىنىڭ بىر خىل سېستىمىدا بولۇشىنى تەشۋىق قىلىش ياكى بىرقانچە قارار چىقىرىش بىلەنلا ۋەزىپىنىڭ ھوددىسىدىن چىقىشنى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىدۇق. ياق، بۇ ساھەدە شەكىلۋازلىق زادىلا يارىمايدۇ. گەپ شۇنىڭدىكى، پۈتۈن پارتىيىمىزدىكىلەر ۋە پۈتكۈل روسىيىدىكى ئاڭلىق سوتسىيال دېموكراتىك پرولېتارىيات بۇ يېڭى ۋەزىپىنى چۈشىنىدىغان، ئېنىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويىدىغان ۋە ئۇنى ھەر يەردە ئورۇنلاشقا كىرىشىدىغان بولسۇن. بىز يانچىلىق كىتاپ-گېزىت تەكشۈرۈش تۈزۈمىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئەمدى سودىگەرلەرچە بۇرژۇئا ئەدەبىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئاسارىتى ئاستىدا قېلىشنى خالىمايمىز ھەم ئاسارەت ئاستىدا قالمايمىز. بىز يالغۇز ساقچىلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلغان مەنىدىكى ئەركىن مەتبۇئاتنى ئەمەس، بەلكى كاپىتالدىن، شوھرەتپەرەسلىكتىن ھەتتا بۇرژۇئا ھوكۇمەتسىزلىرىنىڭ شەخسىيەتچى-لىكىدىنمۇ قۇتۇلغان ئەركىن مەتبۇئاتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىمىز ۋە چوقۇم ۋۇجۇتقا كەلتۈرەلەيمىز.

بۇ ئاخىرقى سوزلەر غەلىتە سوزلەردەك ياكى كىتاپخانلارنى مەسخىرە قىلغان سوزلەردەك تۇيۇلسا كېرەك. ئەركىنلىكنى قىزغىن

ھىمايە قىلغۇچى بىرەر زىيالى: بۇ نېمە دېگىنىڭىز! بۇ قانداق گەپ! ئەدەبىي ئىجادىيەتتەك بۇنداق نەپىس شەخسىي ئىشنى كوللېكتىپقا بويسۇندۇرماقچىمۇسىز! ئىشچىلارغا ئىلىم-پەن، پەلسەپە، گۈزەل سەنئەت مەسىلىلىرىنى كۆپ ئاۋاز بىلەن ھەل قىلدۇرماقچىمۇسىز! مۇتلەق شەخسىي مەنىۋى ئىجادىيەتنىڭ مۇتلەق ئەركىنلىكىنى ئىنكار قىلماقچىمۇسىز! دەپ ۋاقىرىشى مۇمكىن.

ئۆپكەڭلەرنى بېسىۋېلىڭلار، جاناپلار! بىرىنچىدىن، بىز پارتىيە ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ پارتىيە نازارىتىدە بولۇشى ئۈستىدە سۆزلەۋاتىمىز. ھەركىم خالىغان نەرسىنى ئەركىن-ئازادە، ھېچقانداق چەكلىمىسىز يازسا، سۆزلىسە بولىدۇ. لېكىن ھەر بىر ئەركىن تەشكىلات (جۈملىدىن پارتىيىنىڭ) پارتىيە نامىدىن پايدىلىنىپ پارتىيىگە قارشى كۆزقاراشلارنى تەرغىپ قىلغان ئەزالىرىنى قوغلىۋېتىش ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ. سۆزدە ۋە مەتبۇئاتتا تولۇق ئەركىنلىك بولۇشى كېرەك. لېكىن تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇشتىمۇ تولۇق ئەركىنلىك بولۇشى لازىم. مەن سۆز ئەركىنلىكى دەپ ساڭا خالىغىنىڭچە ۋاقىراشقا، يالغان سۆزلەشكە ۋە خالىغىنىڭنى يېزىشقا تولۇق ھوقۇق بېرىشىم كېرەك. ئەمما سەنمۇ تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش ئەركىنلىكى دەپ ماڭا ئۇنى-بۇنى سۆزلەپ يۈرگەن ئادەملەر بىلەن بىرلىشىش ياكى ئۇلاردىن ئاجرىش ھوقۇقىنى بېرىشىڭ كېرەك. پارتىيە شۇنداق بىر ئىختىيارىي ئىتتىپاقكى، ئەگەر ئۇ پارتىيىگە قارشى نۇقتىنەزەرلەرنى تارقاتقۇچى ئەزالاردىن ئۆزىنى تازىلىمىسا، ئۇ ئاۋال ئىدىيىۋى جەھەتتىن، كېيىن بولسا ماددىي جەھەتتىن مۇقەررەر پارچىلىنىپ كېتىدۇ. پارتىيىۋىلىك كۆزقاراش بىلەن پارتىيىگە قارشى كۆزقاراشنىڭ چېكىنى ئايرىيدىغان نەرسە — پارتىيە پروگراممىسى، پارتىيىنىڭ تاكتىكىلىق قارارلىرى ۋە پارتىيە نىزامنامىسى، ئۇنىڭدىن قالسا خەلقارا سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ۋە ئۇنچە تۇراقلىق

بولمىغان، ئۇنچە ساپ ماركسىزىمچى بولمىغان، ئۇنچە توغرا يول تۇتمىغان ئۇنسۇرلارنى ياكى ئېقىملارنى ئۆز پارتىيىسىگە دائىم دىگۈدەك قوبۇل قىلىپ كەلگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆز پارتىيىسىنى ۋاقتى-ۋاقتىدا "تازىلاپ"مۇ تۇرغان خەلقارا پرولىتارىيات ئىختىيارى ئىتتىپاقلىرىنىڭ بارلىق تەجرىبىلىرىدۇر. بۇرژۇئا "تەنقىت ئەركىنلىگى" تەرەپدارى بولغان جاناپلار — پارتىيىمىز ئىچىدىمۇ خۇددى شۇنداق بولىدۇ. ئەمدى پارتىيىمىز بىردىنلا ئاممىۋى ئاساسلىق پارتىيىگە ئايلانماقتا، ھازىر بىز ئاشكارا تەشكىلاتقا جىددى ئايلىنىش دەۋرىدە تۇرماقتىمىز، ئەمدى پارتىيىمىزگە بىر-مۇنچە تۇراقسىز (ماركسىزىملىق نۇقتىنەزەر بويىچە قارىغاندا) ئادەملەر، ئېھتىمال بەزى خىرىستىيانلار، ھەتتا بەزى تىلسىماتچىلارمۇ كىرىپ قېلىشى مۇمكىن. بىزنىڭ ئاشقازىنىمىز چىداملىق، بىز ئۇيۇلتاشتەك، مەزمۇت ماركسىزىمچىلار. بىز ئاشۇ تۇراقسىز ئادەملەرنى ھەزىم قىلىۋاتىمىز. پارتىيە ئىچىدىكى پىكىر ۋە تەنقىت ئەركىنلىگى، كىشىلەرنىڭ پارتىيە دەپ ئاتىلىدىغان ئەركىن تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش-قىمۇ ئەركىن ئىكەنلىگىنى ھېچ يادىمىزدىن چىقارتمايدۇ.

ئىككىنچىدىن، جانابى بۇرژۇئا شەخسىيەتچىلىرى، سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايلىكى، سىلەرنىڭ مۇتلەق ئەركىنلىك توغرىسىدىكى سۆز-لىرىڭلار ساختىپەزلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. پۇل ھوكۇمرانلىغىنى ئاساس قىلغان جەمىيەتتە، ئەمگەكچى ئامما گادايلىشىپ، بىر ئوچۇم بايلار تەييارتاپلىق بىلەن ياشاۋاتقان جەمىيەتتە، ھەقىقى ۋە ئەمەلىي "ئەركىنلىك"نىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. جانابى يازغۇچى، سىز بۇرژۇئا نەشرىياتچىلىرىڭىزدىن ئايرىلىپ ئەركىن يۇرەلەمسىز؟ سىز-دىن بۇزۇق ھېكايىلەر ۋە رەسىملەرنى يارىتىشى، پاھىشىۋازلىقنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق "مۇقەددەس" سەھنە سەنئىتى، "تولۇقلاش"نى تەلەپ قىلغان بۇرژۇئا كىتاپخانلىرىڭىزغا ۋە تاماشىچىلىرىڭىزغا باغلىق

ئەمەسمۇسىز؟ مۇتلەق ئەركىنلىك دېگەنلەر بۇرژۇئازىيىنىڭ ياكى ھوكۇمەتسىزلەرنىڭ قۇرۇق داۋراڭلىرىغۇ (چۈنكى ھوكۇمەتسىزلىك دۇنياقاراش سۈپىتىدە شەكلى ئۆزگەرگەن بۇرژۇئا ئىدىيىسى). جەمىيەتتە ياشىغان ھالدا شۇ جەمىيەتتىن چەتتە تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، بۇرژۇئا يازغۇچىسى، سەنئەتكارى ۋە ئەرتىسىنىڭ ئەركىنلىكى چەندازىغا، ساتقىنلىققا ۋە كېلىنى بېقىشقا قارام بولۇش چۈمپەردىسىدىن (ياكى بىر خىل نىقاپتىن) باشقا نەرسە ئەمەس.

بىز سوتسىيالىستلارنىڭ بۇنداق ساختىپەزلىكلەرنى پاش قىلىشىمىز، بۇنداق نىقاپلارنى يىتچىت قىلىشىمىز، سىنىپسىز ئەدەبىيات ۋە سەنئەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس (بۇ پەقەت سىنىپلار بولمىغان سوتسىيالىستىك جەمىيەتتىلا مۇمكىن بولىدۇ)، بەلكى ھەقىقى، ئەركىن ۋە پرولېتارىياتقا **ئوچۇق-ئاشكارا** باغلانغان ئەدەبىيات ئارقىلىق ئەركىنلىكى ساختا ۋە ئەمىلىيەتتە بۇرژۇئازىيىگە باغلانغان ئەدەبىياتقا قارشى تۇرۇش ئۈچۈندۇر.

مانا مۇشۇنداق ئەدەبىيات ئەركىن ئەدەبىيات بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ قوشۇنىغا تۈركۈم-تۈركۈملەپ يېڭى كۈچلەرنى جەلپ قىلىدىغان نەرسە مەنپەئەتپەرەسلىك بىلەن شوھرەتپەرەسلىك ئەمەس، بەلكى سوتسىيالىستىك ئىدىيە ۋە ئەمگەكچى خەلققە بولغان خەيرىخاھلىقتۇر. مانا مۇشۇنداق ئەدەبىيات ئەركىن ئەدەبىيات بولىدۇ، چۈنكى بۇنداق ئەدەبىيات قوسغىنى تويغۇزۇۋېلىپ كۆڭ بويىي ئويناپ يۈرىدىغان خانىملارغا، توخلۇققا شوخلۇق قىلىپ، سېمىزلىكىنى كوتىرەلمەي قالغان "ئون مىڭچە ئېسىلزادىلەر"گە خىزمەت قىلمايدۇ، بەلكى ئەلنىڭ گۈلى، كۈچ-قۇدرىتى ۋە ئىستىقبالى بولغان مىليونلىغان ۋە ئون مىليونلىغان ئەمگەكچى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئەدەبىيات ئەركىن ئەدەبىيات بولىدۇ، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئىنقىلاۋى ئوي-پىكرىنىڭ ئەڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى سوتسىيا-

لىستىك پۇرولېتارىياتنىڭ تەجرىبىسى ۋە جانلىق ئىشى بىلەن بېيى-
تىدۇ، ئۇ ئوتمۇش تەجرىبىسى (ئىپتىدائى خىيالى فورمىدىكى سوتسى-
يالىزىمدىن ئۇسۇپ يېتىلگەن سوتسىيالىزىم) بىلەن ھازىرقى تەجرىبىسى
(ئىشچى يولداشلارنىڭ نوۋەتتىكى كۈرەشلىرى)نى دائىم بىر بىرىگە
تەسىر كۆرسىتىدىغان قىلىپ باغلايدۇ.

ئىشلەيلى، يولداشلار! ئالدىمىزدا قىيىن لېكىن ئۇلۇغ ۋە ئۈنۈم-
لۈك يېڭى ۋەزىپە يەنى سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار ھەركىتى
بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان، دائىرىسى كەڭ، تارمىغى كۆپ،
رەڭمۇ-رەڭ ئەدەبىيات ئىشلىرى تۇرۇپتۇ. سوتسىيال دېموكراتىك
ئەدەبىياتنىڭ ھەممىسى پارتىيىۋى ئەدەبىيات بولۇشى كېرەك. بارلىق
گېزىت-ژورنال ۋە نەشرىيات ۋاھاكازالار دەرھال ئۆز ئىشلىرىنى
يېڭىلاشلىرى كېرەك، يەنى شۇنداق ھالغا كەلسۇنكى، ئۇلار يا ئۇن-
داق-يا بۇنداق پىرىنسىپلار ئاساسىدا پارتىيىنىڭ بىرەر تەشكىلاتىغا
پۈتۈنلەي كىرىشسۇن. شۇنداق بولغاندىلا، ”سوتسىيال دېموكراتىك“
ئەدەبىيات چىن سوتسىيال دېموكراتىك ئەدەبىيات بولىدۇ. شۇنداق
بولغاندىلا ئۇ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالايدۇ. شۇنداق بولغاندىلا ئۇ
بۇرژۇئازىيە جەمىيىتى رامكىسىدا تۇرۇپمۇ بۇرژۇئازىيە ئاسارىتىدىن
قۇتۇلۇپ، ھەقىقى ئىلغار ۋە ئۈزۈل-كېسىل ئىنقىلاۋىي سىنىپلارنىڭ
ھەركىتىگە قوشۇلۇپ كېتەلەيدۇ.

«يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ 1905 ـ
يىل 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىكى
12 ـ سانىغا بېسىلغان.

ئىمزا: ن.لېنىن

«يېڭى ھايات» گېزىتىدىكى
نۇسخىسى بويىچە بېسىلدى.

«لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە
نەشرى، 10 ـ توم، 24 ـــ 29 ـ
بەتلەردىن ئېلىندى.

ئارمىيە ۋە ئىنقىلاپ

سېۋاستوپولدىكى قوزغىلاڭ كۈندىن-كۈنگە كېڭەيمەكتە. ۋەقە-
نىڭ ئايغىنى چىقىرىدىغان پەيت يېقىنلاپ قالدى. ئەركىنلىك يولدا
كۈرەش قىلىۋاتقان دېڭىز، قورۇقلۇق ئارمىيە ئەسكەرلىرى باشلىق-
لارنى ۋەزىپىلىرىدىن ئېلىپ تاشلىدى. ئىشلار تەرتىپلىك. ھوكۈ-
مەتنىڭ كرونشتات ۋەقەسىدىكىدەك[274] رەزىل ھىلە-نەيرەڭلىرىنى
تەكرارلىشىغا، بىرەر قىرغىنچىلىق قىلىشىغا ئىمكانىيەت بولمىدى.
كېمە ئەتىرىدى دېڭىزغا چىقىشنى رەت قىلدى ھەمدە ھوكۈمەت
دائىرىلىرى قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغان بولسا شەھەرگە
تېگىمىز دەپ تەھدىت سالماقتا. 17-ئوكتەبىردىكى يارلىقتا ۋەدە
قىلىنغان ئەركىنلىكنى قوراللىق قوغدايمەن، دەپ "يۈرەكلىك" بايان
قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان دېڭىز ئارمىيە
جۈڭۋېيى شمىت «ئوچاكوۋ» ناملىق ھەربى كېمىنىڭ قوماندانلىق
ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. «رۇس» گېزىتىنىڭ[275] خەۋەر قىلىشىچە،
دېڭىز ئارمىيىسى ئەسكەرلىرىنىڭ قورال-ياراق تاپشۇرۇش قەرەلى
بۈگۈن (15-كۈنى) توشىدىكەن.

دىمەك، بىز ھەل قىلغۇچ پەيت ھارپىسىدا تۇرۇۋاتىمىز. قوزغى-
لاڭچىلار تولۇق غەلىبە قىلامدۇ ياكى بېسىقتۇرۇۋېتىلەمدۇ ۋە ياكى
بىرەر كېلىشىم ئىمزالىنامدۇ، بۇنى يېقىنقى بىرنەچچە كۈن (ئېھتى-
مال بىرنەچچە سائەت) ئىچىدە كۆرىمىز. قانداقلا بولمىسۇن، سېۋاس-
توپول ۋەقەسى ئارمىيە ئىچىدىكى كونا قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ (ئەسكەر-

لەرنى قورالللانغان ماشىنىغا، ئەركىن ئارزۇ-ئىستەكلەرنى باستۇرىدىغان قورالغا ئايلاندۇرىدىغان تۈزۈمنىڭ) پۈتۈنلەي بەربات بولغانلىقىنى كورسىتىدۇ.

روسىيە ئارمىيىسىنىڭ (1849-يىلىدىكىگە ئوخشاش) روسىيە چېگرىسىدىن ئوتۇپ، ئىنقىلاپنى باستۇرىدىغان[276] دەۋرى بارسا كەلمەسكە كەتتى. ھازىر ئارمىيە مۇستەبىتلىكتىن قەتئىي ۋازكەچتى. ئارمىيە پۈتۈنلەي ئىنقىلاۋىلىشىپ كەتكىنى يوق. قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز ئارمىيە ئەسكەرلىرىنىڭ سياسى ئېڭى تېخى ناھايىتى توۋەن. لېكىن، مۇھىمى شۇكى، ئۇلار ئويغاندى، ئەسكەرلەر ئىچىدە ئوز ھەركىتىنى باشلىۋەتتى، ئەركىنلىك روھى ھەممىلا يەردە گەزەرمىلەرگە سىڭىپ كىردى. روسىيە گەزەرمىلىرى تۈرمىنىڭ ھەرقاندىغىدىنمۇ يامان بولۇپ كەلدى؛ ئادەمنى گەزەرمىدىكىدەك بوغۇش ۋە ئېزىش ھېچقانداق يەردە بولغان ئەمەس. ئادەمنى شۇ قەدەر قىيناش، ساۋاش ۋە خورلاش ھېچ يەردە بولۇپ باققان ئەمەس. ئەنە شۇ گەزەرمىلەرمۇ ئىنقىلاپنىڭ ماكانى بولۇپ قالدى.

سېۋاستوپول ۋەقەسى يەككە-يېگانە، تاسادىپى ۋەقە ئەمەس. دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيىلىرىدە بېۋاستە قوزغىلاڭ كوتىرىش يولىدا بۇرۇن بولۇپ ئوتكەن ھەركەتلەرنى قويۇپ تۇرايلى. پەقەت پېتېر-بۇرگدىكى ئۇچقۇننى سېۋاستوپولدىكى يالقۇن بىلەن سېلىشتۇرۇپ كورەيلى. ھازىر پېتېربۇرگدىكى قىسىملاردا ئەسكەرلەرنىڭ قويۇۋاتقان تەلەپلىرىنى نەزەرگە ئېلىپ ئوتەيلى (بۇ تەلەپلەر گېزىتىمىزنىڭ تۇنۇگۇنكى سانىغا بېسىلدى). بۇ تەلەپلەرنىڭ تىزىمى نەقەدەر قالتىس ھوججەت-ھە! بۇ ھوججەت قۇل ئارمىيىنىڭ ئىنقىلاۋى ئارمىيىگە ئايلىنىۋاتقانلىقىنى ئوچۇق كورسىتىدۇ. ئەمدى بۇ تەلەپ-لەرنىڭ بارلىق قۇرۇقلۇق، دېڭىز ئارمىيىلىرىگە تارقىلىشىنى قانداق كۈچ توسىيالىسۇن؟

پېتېربۇرگدىكى ئەسكەرلەر كىيىم-كېچەك، ئوزۇق-تۈلۈك، تۇرار جاي شارائىتىنى ياخشىلاشنى، مائاشىنىڭ كۆپەيتىلىشىنى، ھەربى خىزمەت ئۆتەش قەرەلى بىلەن كۈندىلىك مەشغۇلات ۋاقتىنىڭ قىسقارتىلىشىنى تىلەيدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ تەلەپلىرى ئىچىدە پۇقرا سۇپىتىدىكى ئەسكەرلەرلا قويالايدىغان تەلەپلەر كۆپرەك سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ھەربى كىيىمى بىلەن "بارلىق پۇقرالارغا ئوخشاش" يىغىنلارغا قاتنىشىش ھوقۇقىغا، گەزەرمىدە بارلىق گېزىتلەرنى ئوقۇش ۋە ساقلاش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش، ئېتىقادتا ئەركىن بولۇش، ھەممە مىللەت ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش، گەزەرمىدىن باشقا يەرلەردە باشلىقلارغا سالام بېرىدىغان ئىشلارنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇش، چاكارلىقنى، ھەربى سوتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەمدە ھەربى سوتتىكى بارلىق ئەنزىلەرنى ئادەتتىكى ھەق-تەلەپ سوتىنىڭ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش، كوللېكتىپ ھالدا ئەرز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش، باشلىقلارنىڭ سەل-پەل بولسىمۇ ئادەم ئۇرۇش نىيىتى سېزىلىپ قالسا ئۆزىنى ئۆزى قوغداش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش. پېتېربۇرگ ئەسكەرلىرىنىڭ ئەڭ ئاساسىي تەلەپلىرى ئەنە شۇ.

بۇ تەلەپلەر ئارمىيىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلدۇاتقان سېۋاستوپولدىكى قوزغىلاڭچىلار بىلەن تىلەكداش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بۇ تەلەپلەر مۇستەبىت تۈزۈم مالايلىرىنىڭ ئارمىيە بىتەرەپ، ئارمىيە سىياسى بىلەن كارى بولمىسۇن ۋاھاكازا دىگەن سەپسەتىلىرىنىڭ ساختىلىقىنى، بۇ سەپسەتىلەر ئەسكەرلەرنىڭ قىلچىلىكمۇ ھېسداشلىقىغا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئارمىيە بىتەرەپ بولالمايدۇ ھەم بولماسلىقى كېرەك. ئارمىيىنى سىياسى بىلەن كارى بولمايدىغان قىلىش بۇرژۇئازىيە بىلەن چارد-

زىمىنىڭ ساختىپەز مالايلىرىنىڭ شوئارى، ئەمىلىيەتتە بولسا، ئۇلار ئارمىيىنى ئەكسىيەتچىل سىياسىغا سورەپ كىرىپ، روسسىيە ئەسكەرلىرىنى گېرمەندىلەرنىڭ مالىيى ۋە ساقچىلارنىڭ چوماقچىسى قىلىۋالدى. ئەركىنلىك يولىدىكى ئومۇمى خەلق كۆرىشىنىڭ سىرتىدا تۇرۇشقا بولمايدۇ. كىمكى بۇ كۆرەشكە كوڭۇل بولمەيدىكەن، ئۇ ئەركىنلىكنى مازاق قىلىش ئۈچۈنلا ئەركىنلىككە ۋەدە بەرگەن ساقچى هوكۈمەتىنىڭ زورلۇق-زومبۇلۇقلىرىنى قوللىغانلىق بولىدۇ، خالاس.

پۈقرا سۈپىتىدىكى ئەسكەرلەر قويغان تەلەپلەر ئەينى زاماندا سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ تەلىۋى، بارلىق ئىنقىلاۋىي پارتىيىلەرنىڭ تەلىۋى، ئويغانغان ئىشچىلارنىڭ تەلىۋى ئىدى. ئەركىنلىكنى قوللىغۇچىلار قاتارىغا قوشۇلۇش، خەلق تەرەپكە ئوتۇش، ئەركىنلىك ئىشلىرىنىڭ غەلبە قازىنىشىنى ۋە ئەسكەرلەرنىڭ تەلەپلىرىنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ.

لېكىن، بۇ تەلەپلەرنى چىن مەنىدە تولۇق ۋە ئىشەنچلىك هالدا ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يەنە ئالغا قاراپ كىچىككىنە بىر قەدەم تاشلاشقا توغرا كېلىدۇ. مۇدهىش گەزەرمىلەرنىڭ ئەمگەك ئازاۋىنى يەتكىچە تارتىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ ئايرىم-ئايرىم تىلەكلىرىنى بىر مۇكەممەل تەلەپ قىلىپ توپلاپ چىقىش لازىم. يىغىنچاقلاپ كەلگەندە بۇ تەلەپلەر دائىمى ئارمىيىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئۇنىڭ ئورنىغا قوراللانغان ئومۇمى خەلقنى دەسسىتىشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

هەممىلا جايدا ۋە بارلىق ئەلدە دائىمى ئارمىيىنى تاشقى دۈشمەنگە تاقابىل تۇرىدۇ دېگەندىن كورە، ئىچكى دۈشمەنگە تاقابىل تۇرىدۇ، دېگەن تۈزۈك. دائىمى ئارمىيە هەممىلا يەردە ئەكسىيەتچىل كۆچلەرنىڭ قورالى، كاپىتالنىڭ ئەمگەككە قارشى كۆرىشىدىكى

مالىيى، خەلقنىڭ ئەركىنلىگىنى ئۇجۇقتۇرىدىغان جاللات بولۇپ قالدى. ئىلمىزنىڭ ئۇلۇغ ئازاتلىق ئىنقىلاۋىدا، بىز قىسمەن تەلەپ-لەر بىلەن چەكلىنىپ قالماسلىغىمىز لازىم. بىز بالايى-ئاپەتنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلىشىمىز لازىم. دائىمى ئارمىيىنى تۈپتىن بىكار قىلىشىمىز لازىم. ئارمىيه قوراللانغان خەلق بىلەن بىرلەشسۇن، ئەسكەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ھەربى بىلىملىرىنى خەلققە تاراتسۇن، گەزەر-مىلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلسۇن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەركىن ھەربى مەكتەپ قۇرۇلسۇن. ئەگەر قورالىلىق خەلق مىلىتارىستلارنى يوقىتىپ، بارلىق ئەسكەرلەرنى پۇقراغا، قولىغا قورال ئالالايدى-غانلىكى پۇقرالارنى ئەسكەرگە ئايلاندۇرسا، مۇشۇنداق قورال-لانغان خەلق روسسىيه ئەركىنلىگىنىڭ تۈۋرۈگى بولۇپ بەرسە، ئۇ ھالدا، دۇنيادىكى ھەرقانداق كۈچ ئەركىن روسسىيىگە چىقىلىشقا پېتىنالمايدۇ.

غەربىي ياۋروپانىڭ تەجرىبىسى دائىمى ئارمىيىنىڭ ئىنتايىن ئەكسىيەتچىلىگىنى كورسەتتى. ھەربى ئىلىم مۇداپىيە ئۇرۇشىدىمۇ، ھۇجۇمغا ئوتۇش ئۇرۇشىدىمۇ ئۇرۇش ۋەزىپىلىرىنىڭ ھوددىسىدىن چىقالايدىغان خەلق ئەسكەرلىرىنى تولۇق ۋۇجۇتقا چىقىرىشقا بولىدى-غانلىغىنى ئىسپاتلىدى. ساختىپەز ۋە ھىسسىياتچان بۇرژۇئازىيه قورالسىز-لاندۇرۇشنى خىيال قىلىپ يۇرىۋەرسۇن. دۇنيادا ئىزىلگۈچىلەر ۋە ئېكسپىلاتاتسىيه قىلىنغۇچىلار تېخى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندا، بىز قورالسىزلاندۇرۇش ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى ئومۇمى خەلقنى قورال-لاندۇرۇش ئۇچۇن تىرىشىمىز. ئومۇمى خەلق قوراللانغاندىلا، ئەر-كىنلىك تولۇق كاپالەتلىك قىلىغىلى بولىدۇ. ئومۇمى خەلق قوراللان-غاندىلا، ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنى ئۆزۈل-كېسىل يوقاتقىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق ئۆزگىرىشلەر بولغان شارائىتتا بىر ئوچۇم ئېكسپىلاتاتسىيه قىلغۇچىلار ئەمەس، مىليونلىغان ئەمگەكچى خەلق ئەركىنلىكتىن

ھەقىقى تۈردە بەھرىمەن بولالايدۇ.

1905 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى (28 ـ كۈنى) يېزىلغان.

«يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ 1905 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىكى 14 ـ سانىغا بېسىلغان.

ئىمزا: ن. لېنىن

گېزىتكە بېسىلغان نۇسخىسى بويىچە بېسىلدى.

«لېنىن ئەسەرلىرى»، 10 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 34 ـ 37 ـ بەتلەردىن ئېلىندى.

سوتسىيالىستىك پارتىيە ۋە پارتىيىسىز ئىنقىلاۋىلىق

1

روسسىيەدىكى ئىنقىلاۋىي ھەركەت ئاھالىلەرنىڭ يېڭى-يېڭى قاتلاملىرىدا تېز ئەۋج ئېلىپ، بىرمۇنچە پارتىيىسىز تەشكىلاتلارنىڭ ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلۇشىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرماقتا. باستۇرۇش ۋە زىيانكەشلىك ئۇزاققا سوزۇلغانسېرى، كىشىلەرنىڭ بىرلىشىشكە بولغان تەلىۋى كۈچىيىپ بارماقتا. كوپ ھاللاردا ئېنىق، مۇقىم شەكىل ئالمىغان غەلىتە خاراكتېردىكى ئۇنداق ياكى مۇنداق تەشكىلاتلار پەيدا بولۇۋاتىدۇ. بۇلاردا ياۋروپادىكى تەشكىلاتلاردەك روشەن دائىرە يوق، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى سىياسى خاراكتېر ئالغان. سىياسى كۈرەش ئىقتىسادىي كۈرەش بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن (مەسىلەن، ئىش تاشلاشلار)، سىياسى كۈرەش بىرلەشكەن، ۋاقىتلىق ياكى بىر-قەدەر تۇراقلىق بولغان تەشكىلاتلارنىڭ بىرلەشمە شەكلىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

بۇنداق ھاللارنىڭ ئەھمىيىتى نىمە؟ سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى بۇنىڭغا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇشى كېرەك؟

چىڭ پارتىيىۋىلىك — يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققى قىلغان سىنىپىي كۈرەشنىڭ ھەمراسى ۋە نەتىجىسى. بۇنىڭ ئەكسىچە، سىنىپىي كۈرەشنى ئاشكارا ۋە كەڭ ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، كامالەتكە

يەتكەن چېلىك پارتىيىۋىلىكنىڭ بولۇشى زورۇر. شۇڭا، ئاڭلىق پرو- لېتارىيات پارتىيىسى — سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ھەممىلا ۋاقىتتا پارتىيىسىزلىككە قارشى شەرتسىز كۆرەش قىلىپ، پىرىنسىپتا چېلىك تۇرىدىغان، زىچ ئىتتىپاقلاشقان سوتسىيالىستىك ئىشچىلار پارتىيىسىنى قۇرۇش ئۈچۈن ھارماي-تالماي تىرىشىشى لازىم. كاپى- تالىزىم تەرەققىياتى بارلىق خەلقنى سىنىپلارغا قانچىكى چوڭقۇر ئايرىپ، سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى كەسكىنلەشتۈرسە، بۇ خىزمەت ئاما ئارىسىدا شۇنچە ئۇنۇملۇك بولىدۇ.

روسىيىدىكى ھازىرقى ئىنقىلاپنىڭ نۇرغۇن پارتىيىسىز تەشكىلات- لارنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىگى ۋە كەلتۈرۈۋاتقانلىغى تامامەن چۈشى- نىشلىك. بۇ ئىنقىلاپ ئىجتىمائى-ئىقتىسادىي مەزمۇنىدىن ئېيتقاندا، دېموكراتىك ئىنقىلاپ يەنى بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىدۇر. بۇ ئىنقىلاپ يانچىلىق ئاساسىدىكى مۇستەبىتلىكنى ئاغدۇرىدۇ، بۇرژۇئا تۈزۈمىنى مۇستەبىتلىكتىن ئازات قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇرژۇئا جەمىيىتىدىكى بارلىق سىنىپلارنىڭ تەلىۋىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ، بۇ مەنىدىن ئېيت- قاندا، بۇ ئىنقىلاپ ئومۇمى خەلق ئىنقىلاۋى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ بىلىمىزنىڭ ئىنقىلاۋى سىنىپىي ئىنقىلاپ ئەمەس، دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە ئۇنداق دېگەنلىك بولمايدۇ. لېكىن، بۇ ئىنقىلاپنىڭ تېغى بۇرژۇئا جەمىيىتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، زاماندىن قالغان ۋە قېلىش ئالدىدا تۇرغان، بۇرژۇئا جەمىيىتى بىلەن زادى سىغىشالمايدىغان ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان سىنىپلار ۋە تەبىقىلەرگە قارىتىلغان. دۆلەتنىڭ پۈتۈن ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ئۆزىنىڭ بارلىق ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن بۇرژۇئا شەكلىنى ئالغان، ئاھا- لىنىڭ مۇتلەق زور كۆپچىلىگى، ئەمەلىيەتتە، بۇرژۇئازىيە شارائىتىدا ياشاۋاتقان ئىكەن، ئۇنداقتا، ئەكسىلئىنقىلاپچىلارنىڭ ئىنتايىن ئاز، "خەلق" بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھەقىقەتەن "بىر ئۇچۇم" بولۇپ قېلىشى

تۇرغان گەپ. شۇڭا، بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ سىنىپىي خاراكتېرى، مۇقەررەر ھالدا بۇرژۇئازىيە جەمىيىتىدىكى بارلىق سىنىپلارنىڭ مۇستەبىتلىككە ۋە يانچىلىققا قارشى "ئۇمۇمىي خەلق" كۈرىشى تۈسىنى، مۇنداقلا قارىغاندا، سىنىپسىزلىق تۈسىنى ئالغان بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى دەۋرى روسسىيىدىمۇ، باشقا دۆلەتلەردىكىگە ئوخشاش، كاپىتالىزم جەمىيىتىگە خاس سىنىپىي زىددىيەتلەرنىڭ ئانچە بەك تەرەققىي قىلىپ كەتمىگەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. دەرۋەقە، ھازىر روسسىيىدە كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى 1789-يىلدىكى فرانسىيىنىڭكىدىنلا ئەمەس، ھەتتا 1848-يىلدىكى گېرمانىيىنىڭكىدىنمۇ كۆپ ئېشىپ كەتتى. لېكىن، نوقۇل كاپىتالىستىك زىددىيەتلەر ئېلىمىزدە "مەدىنىيەت" بىلەن ياۋايىلىق، ياۋروپا پەدىسى بىلەن تاتار پەدىسى، كاپىتالىزم بىلەن يانچىلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر تەرىپىدىن زور دەرىجىدە يېپىلىپ تۇرغانلىقى يەنى ھەممىدىن ئاۋال كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كاپىتالىزم ئۈچۈن فېئودالىزم قالدۇقلىرىنى تۈگىتىش، پرولېتارىياتنىڭمۇ، بۇرژۇئازىيىنىڭمۇ تۇرمۇش ۋە كۈرەش شارائىتىنى ياخشىلاش تەلىۋىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك بولۇۋاتقانلىقى گۇمانسىز.

ھەقىقەتەن ھازىر، روسسىيىدىكى ھەر بىر زاۋۇتنىڭ، ھەر بىر ئىشخانىنىڭ، ھەر بىر تۆەن دۆينىڭ، ھەر بىر چارلىغۇچى ئەترەتنىڭ، ھەر بىر دىنىي رايوننىڭ، ھەر بىر مەكتەپ ۋە باشقىلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان سانسىز تەلەپلىرى، تاپشۇرۇقلىرى ۋە ئەرز-شىكايەتلىرىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىققىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ مۇتلەق زور كۆپچىلىگىنىڭ ساپ "مەدىنىي" (ئەگەر شۇنداق دېيىش مۇمكىن بولسا) تەلەپلەر ئىكەنلىكىنى ئاسانلا بايقىۋالىمىز. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمەنكى، بۇلار ئالاھىدە سىنىپىي تەلەپلەر ئەمەس، بەلكى قانۇن جەھەتتىكى ئەقەللىي تەلەپلەر، بۇ تەلەپلەر كاپىتالىزمنى ۋەيران

قىلمايدۇ، ئەكسىچە، كاپىتالىزمنى ياۋروپاچە ئىش كۆرىدىغان يولغا سېلىپ قويىدۇ، كاپىتالىزمنى قوپاللىقتىن، ۋەھشىلىكتىن، پارىخورلۇقتىن ھەمدە "روسىيە"گە خاس يانچىلىقنىڭ باشقا قالدۇقلىرىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، پۈرولېتارىياتنىڭ تەلەپلىرى كۆپ ھاللاردا كاپىتالىزم دائىرىسىدە تامامەن ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان مۇشۇنداق ئايرىم ئىسلاھاتلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدۇ. روسىيە پۈرولېتارىياتىنىڭ ھازىرقى جىددىي تەلىۋى كاپىتالىزمنى ۋەيران قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا يول ئېچىپ بېرىش، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە كۈچەيتىش.

تەبىكى، پۈرولېتارىياتنىڭ كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى ئالاھىدە ئورنى تۈپەيلىدىن، ئىشچىلارنىڭ سوتسىيالىزمغا ئىنتىلىشى ۋە سوتسىيالىستىك پارتىيە بىلەن بىرلىشىشى ھەركەتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىلا ئىستىخىيىلىك ھالدا كۆرۈلىدۇ، لېكىن ھەقىقىي سوتسىيالىستىك تەلەپلەر تېخى ئوتتۇرىغا قويۇلماي قالىدۇ، كۈنتەرتىپكە پەقەت ئىشچىلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى دېموكراتىك تەلەپلىرى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە كاپىتالىزم دائىرىسىدىن چىقمايدىغان ئىقتىسادىي تەلەپلىرىلا قويۇلىدۇ. ھەتتا شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، پۈرولېتارىيات ئەڭ ئالىي پۈروگرامما دائىرىسىدە ئەمەس، بەلكى ئەڭ تۆۋەن پۈروگرامما دائىرىسىدە ئىنقىلاپ قىلىدۇ. سان جەھەتتە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەيدىغان كەڭ ئاھالىلەر ئاممىسى — دېخانلارغا كەلسەك، ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئۇنىڭ "ئالىي پۈروگراممىسى"، ئۇنىڭ ئاخىرقى مەقسىدى كاپىتالىزم دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمەيدۇ، پۈتۈن يەر بارلىق دېخانلار ۋە بارلىق خەلقنىڭ قولىغا ئۆتكەن ئەھۋال، كاپىتالىزم تېخىمۇ كەڭ ۋە تېخىمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىدۇ. دېخانلار ئىنقىلاۋى ھازىرقى ۋاقىتتا بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى ھېساپلىنىدۇ، — بۇ سۆزلەر بىزنىڭ مىشچانلار سوتسىيالىزمىدىكى نازۇك

رىتسارلىرىمىزنىڭ ئازۇك قۇلىغىغا ھەرقانچە "ياقمىسىمۇ" بەرىبىر شۇنداق بولىدۇ.

نوۋەتتىكى ئىنقىلاپنىڭ يۇقۇرىدا ئېيتىلغان خاراكتىرى تۇپەيلىدىن بەزى پارتىيىسىز تەشكىلاتلارنىڭ ئارقا-ئارقىدىن بارلىققا كېلىشى تەبىي. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، كورۇنۇشتە پارتىيىسىز ئالامەتلەرنىڭ پارتىيىسىز كورۇنۇشلىرىنىڭ پۇتكۇل ھەركەتتە پەيدا بولۇشى تۇرغان گەپ، بىراق بۇ ئەلۋەتتە تاشقى كورۇنۇشىدىنلا ئىبارەت بولىدۇ، خالاس. "ئىنسانپەرۋەر" مەدىنى تۇرمۇشقا بولغان تەلەپ، بىرلىشىشكە بولغان تەلەپ، ئوزىنىڭ ئىززەت-ھورمىتى ھەم كىشىلىك ھوقۇقى ۋە پۇقرالىق ھوقۇقىنى قوغداش تەلۋى ھەممىنى قاپلاپ تۇرماقتا، بارلىق سىنىپلارنى بىرلەشتۇرۇپ، ھەرقانداق پارتىيىۋىلىكتىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتمەكتە، پارتىيىۋىلىك يۇكسەكلىكگە كوتىرىلىشتىن يىراقتا تۇرۇۋاتقان كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرماقتا. بىۋاستە، ھاجەتلىك، ئەقەللى ھوقۇق ۋە ئىسلاھاتلارنى جىددى ئەمەلگە ئاشۇرۇش زورۇرىيىتى بىلەن كېيىنكى ئىشلار ئۇستىدىكى ئوي-پىكىرلەرنىڭ ھەممىسى كېيىنگە قالدۇرۇپ قويۇلماقتا. ھازىرقى كۇرەشكە بولغان قىزىقىش (بۇ زورۇر ۋە ئورۇنلۇق، ئۇنداق بولمىسا كۇرەشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس) كىشىلەرنى كوز ئالدىدىكى ئەقەللى مەقسەتلەرنى غايىۋىلەشتۇرۇشكە، ئۇلارنى قۇسۇرسىز قىلىپ تەسۋىرلەشكە، ھەتتا گايىدا ئۇلارغا خىيالىي تۇس بېرىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ئاددى دېموكراتىزىم يەنى ئاددى بۇرژۇئا دېموكراتىزىمى سوتسيالىزىم ھېساپلىنىدۇ، سوتسيالىزىم "كاتېگورىيە"سىگە كىرگۇزۇلىدۇ. ھەممىلا نەرسە گويا "پارتىيىسىزلىك" بولۇپ كورۇنىدۇ؛ ھەممىلا ئىش گويا "ئازاتلىق" (ئەمىلىيەتتە، پۇتكۇل بۇرژۇئازىيە جەمىيىتىنى ئازات قىلىدىغان) ھەركەت جۇملىسىگە كىرىدىغاندەك بولۇپ كورۇنىدۇ؛ بولۇپمۇ سوتسيالىستىك پورولېتارىياتنىڭ

دېموكراتىنىڭ كۈرەشتىكى ئىلغار رولى تۈپەيلىدىن، ھەممە نىمىدىن "سوتسىيالىزم"نىڭ پۈرىغى سەل-پەل چىقىپ تۇرغاندەك قىلىدۇ.

بۇنداق شارائىتتا، پارتىيىسىزلىك ۋاقتىنچە مەلۇم غەلىبىگە ئېرىشمەي قالمايدۇ. پارتىيىسىزلىك مودا شوئار بولماي قالمايدۇ، چۈنكى مودا دىگەنلىك ئەمەلىي تۇرمۇشنىڭ كەينىدىن نائىلاج سۆرۈلۈپ يۈرۈش دىگەنلىك بولىدۇ، پارتىيىسىز تەشكىلاتلار، پارتىيىسىز دېموكراتىزم، پارتىيىسىز ئىش تاشلاش يولى، پارتىيىسىز ئىنقىلاۋىلىق بولسا سىياسى جەھەتتىكى ئەڭ "ئۆمۈمى" سىرتقى كۆرۈنۈشى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

خوش، ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ ۋەكىللىرى پارتىيىسىزلىكتىن ئىبارەت بۇ پاكىتقا ۋە پارتىيىسىزلىكتىن ئىبارەت بۇ ئىدىيىگە قانداق قارىشى كېرەك؟ بۇ يەردە مەسىلىگە سۇبيېكتىپ جەھەتتىن ئەمەس، بەلكى ئوبيېكتىپ جەھەتتىن قانداق قاراش لازىملىغى يەنى ئوخشاش بولمىغان سىنىپى مەنپەئەت ۋە سىنىپى كۆزقاراش تۈپەيلىدىن، بۇ پاكىت ئۈستىدە بىر خىل پوزىتسىيىنىڭ تەبىي ھالدا شەكىللىنىدىغانلىغى كۆزدە تۇتۇلۇشى كېرەك.

2

يۇقۇرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، پارتىيىسىزلىك — ئېلىمىز ئىنقىلاۋىنىڭ بۇرژۇئا خاراكتىرىنىڭ مەھسۇلى (ياكى ئىپادىسى دىيىشكىمۇ بولىدۇ). بۇرژۇئازىيە پارتىيىسىزلىككە مايىل بولماي قالمايدۇ، چۈنكى بۇرژۇئازىيە جەمىيىتىنىڭ ئەركىنلىگى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان كىشىلەر ئارىسىدا، پارتىيىنىڭ بولماسلىغى ئاشۇ بۇرژۇئا جەمىيىتىنىڭ ئۆزىگە قارشى تۇرىدىغان يېڭى كۈرەشنىڭ بولمىغانلىغىدىن دېرەك بېرىدۇ. كىمكى ئەركىنلىك ئۈچۈن "پارتىيىسىزلىك"

ئاساسىدا كۆرەش ئېلىپ بارسا، ئۇ يا ئەركىنلىكنىڭ بۇرژۇئا خاراك-تېرىنى چۈشەنمىگەن بولىدۇ، يا ئاشۇ بۇرژۇئا تۈزۈمنى مۇقەددەس-لەشتۈرگەن بولىدۇ ۋە ياكى بۇرژۇئازىيە تۈزۈمگە قارشى كۆرەشنى، بۇ تۈزۈمنى، "ياخشىلاش" خىزمىتىنى گېرېك كالىندارىغا[277] قالدۇرۇپ قويغان بولىدۇ، ئەكسىنچە، كىمكى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا بۇر-ژۇئازىيە تۈزۈمى تەرەپتە تۇرىدىغان بولسا، ئۇ، پارتىيىسىزلىك ئىدى-يىسىگە مايىل بولماي قالمايدۇ.

سىنىپلارغا ئايرىلىشنى ئاساس قىلغان جەمىيەتتە بىر بىرىگە دۈشمەن بولغان سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش (تەرەققىي قىلىپ مەلۇم بىر باسقۇچقا يەتكەندە) مۇقەررەر سىياسىي كۆرەشكە ئايلىنى-دۇ. سىنىپلارنىڭ سىياسىي كۆرىشىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ تولۇق ۋە ئەڭ روشەن ئىپادىسى — پارتىيىنىڭ كۆرىشىدۇر. پارتىيىسىزلىك دېگىنىمىز پارتىيىلەرنىڭ كۆرىشىگە كوڭۇل بولمەسلىك دېگەنلىك بولىدۇ. لېكىن، بۇ بىتەرەپ تۇرغانلىق بولمايدۇ، كۆرەشنى رەت قىلغانلىقمۇ بولمايدۇ، چۈنكى سىنىپىي كۆرەشتە بىتەرەپ تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، كاپىتالىستىك جەمىيەتتە مەھسۇلات ياكى ئەمگەك كۈچلىرىنى ئالماشتۇرۇشقا قاتنىششىنى "رەت قىلىش" مۇمكىن ئەمەس. ئالماشتۇرۇش مۇقەررەر ھالدا ئىقتىسادىي كۆرەشنى كەلتۈ-رۈپ چىقىرىدۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا سىياسىي كۆرەش مەيدانغا كېلىدۇ. شۇڭا، كۆرەشكە كوڭۇل بولمەسلىك، ئەمەلىيەتتە، كۆرەشتىن باش تارتقانلىق، كۆرەشنى رەت قىلغانلىق ياكى كۆرەشتە بىتەرەپ تۇر-غانلىق بولمايدۇ. كوڭۇل بولمەسلىك دېگەنلىك كۈچلۈكلەرنى، ھوكۇمران ئورۇندا تۇرغانلارنى ئۈندىمەستىن قوللاش دېگەن سوز. كىمكى ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى[272] مەزگىلىدە، روسىيىدە مۇستەبىت ھوكۇمەت غۇلاپ چۈشكەنگە قەدەر مۇستەبىت ھوكۇمەت بىلەن كارى بولماي يۈرگەن بولسا، ئۇ مۇستەبىت ھوكۇمەتنى ئۈندىمەي قوللىغان

بولدۇ. هازرقى ياۋروپادا، كمكى بۇرژۇئازيينك هوكۇمرانلغى
بلەن كارى بولماي يۇردكەن، ئۇ بۇرژۇئازيينى ئۇندىمەي قولل-
غان بولدۇ. كمكى ئەركنلك يولدكى كۇرەشنڭ بۇرژۇئا
خاراكترىغا ئگە ئكەنلگگە كوڭۇل بولمەيدكەن، ئۇ بۇ كۇرەشتە
بۇرژۇئازيينڭ هوكۇم سۇرۇشنى، دۇنياغا كپلۋاتقان ئەركن
روسيدە بۇرژۇئازيينڭ هوكۇم سۇرۇشنى ئۇندىمەي قوللغان
بولدۇ. سياسى جەهەتتكى سۇسلۇق ــ سياسى جەهەتتكى قانا-
ئەتچانلقدۇر. توقلار بر بۇردا بولكغا "سۇس" قارايدۇ ۋە "كوڭۇل
بولمەيدۇ"، ئاچلار بر بۇردا بولكا مەسلسدە مەڭگۇ "پارتييۋلك-
كە ئگە" بولدۇ. بر بۇردا بولكغا "سۇس قاراش ۋە كوڭۇل بول-
مەسلك" بۇ ئادەمنڭ بولكغا مۇهتاج بولمايدغانلغنى كورسەت-
مەيدۇ، بەلكى ئۇنڭ بولكدن مەڭگۇ غەم قلمايدغانلغنى،
بولكدن زادىلا قسلپ قالمايدغانلغنى ۋە توقلار "پارتييسى"گە
چڭ بېقنپ قالغانلغنى كورستدۇ. بۇرژۇئازيە جەمييتدە
پارتييسزلك توقلار پارتييسگە، هوكۇمرانلار پارتييسگە، ئېكس-
پلاتاتسيە قلغۇچلار پارتييسگە خاس ساختلقتن، ئكى
يۇزلۇكتن ۋە پاسسپلقتن باشقا نەرسە ئەمەس.

پارتييسزلك ــ بۇرژۇئا ئدىيسى. پارتييۋلك ــ سوتسيالزم
ئدىيسى. بۇ پرنسپ پۇتكۇل بۇرژۇئا جەمييتگە ئومۇمەن مۇۋا-
پق كېلدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئومۇمى هەقىقەتنى ئايرم مەسلىلەر ۋە
ئايرم سورۇنلاردا تەدبىق قلشقا ماهىر بولۇش لازم. لېكن،
پۇتكۇل بۇرژۇئا جەمييتى يانچلقا ۋە مۇستەبتلككە قارشى تۇرۇ-
ۋاتقان ئەهۋالدا، بۇ هەقىقەتنى ئۇنتۇش، ئەمەلييەتتە، بۇرژۇئا
جەمييتى ئۇستدە سوتسيالستك تەنقت ئېلىپ بېرشنى تۇپتن
رەت قلغانلق بلەن باراۋەر.

روسيە ئنقلاۋى ئوز تەرەققياتنڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا

تۇرۇۋاتقانلىقىغا قارىماي، يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ئومۇمى كوزقاراش-لارنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدىغان نۇرغۇن ماتىرىياللارنى يەتكۈزۈپ بەردى. پەقەت سوتسىيال دېموكىراتلار پارتىيىسى، ئاڭلىق پرولېتا-رىيات پارتىيىسىلا مۇكەممەل پارتىيىۋىلىكتە مەڭگۈ چىڭ تۇرالايدۇ. بىزنىڭ لىبېراللىرىمىز، بۇرژۇئا كوزقاراشلىرىنىڭ ۋەكىللىرى سوتسىيالىستىك پارتىيىۋىلىككە يول قويمايدۇ، سىنىپى كۇرەشنى ئاڭلىغۇسىمۇ كەلمەيدۇ، بۇ يەردە، چەتئەلدە چىقىدىغان «ئازاتلىق» ژورنىلىدا[223] ۋە روسىيە لىبېراللىرىغا قاراشلىق سانسىزلىغان ئورگان گېزىتلىرىدە قايتا-قايتا تەكرارلانغان نەرسىلەرنى يۈز قېتىملاپ تەكرارلىغان رودىچېۋ ئەپەندىنىڭ يېقىندىكى نۇتقىنى ئەسكە ئېلىپ كورسەتكىلا كۇپايە قىلىدۇ. ئاخىردا «بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز» گېزىتى[278]، "رادىكال دېموكراتلار"[279] دىن تارتىپ "سوتسىيال ئىنقىلاپچىلار"[208] غىچە بولغان خىلمۇ-خىل رۇس "رادىكاللىرى"نىڭ كوزقاراشلىرى ئارىلىق-تىكى سىنىپىنىڭ يەنى ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئىدىيولوگىيىسىنى ئېنىق ئىپادىلىدى. يەر مەسىلىسىدە، يەنى "ئىجتىمائىلاشتۇرۇش" (كاپىتال ئىجتىمائىلاشمىغان يەر) شوئارىدا، سوتسىيال ئىنقىلاپچىلار-نىڭ سوتسىيالىزىم بىلەن دېموكراتىزىمنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنلىكى تازا روشەن ئىپادىلىنىدۇ. روشەنكى، ئۇلار بۇرژۇئا رادىكاللىقىغا يول قويسا قويىدۇكى، سوتسىيال دېموكراتىك پارتىيىۋىلىك ئىدىيىسىگە يول قويالمايدۇ.

ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنىڭ روسىيىدىكى ھەر خىل لىبېراللار ۋە رادىكاللارنىڭ پۇروگىراممىسى ۋە تاكتىكىلىرىدا قانداق ئەكس ئەتتۇرۇلگەنلىكى ماقالىلىرىمىزدا تەھلىل قىلىنمىغان. بۇ يەردە بىز دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپلا ئوتتۇق، ئەمدى پارتىيىمىزنىڭ پارتىيىسىز تەشكىلاتلارغا بولغان پوزىتسىيىسىنىڭ ئەمىلىي سىياسى يەكۇنى ئۈستىدە توختىلايلى.

سوتسىيالىزىمچىلار پارتىيىسىز تەشكىلاتلارغا قاتناشسا بولامدۇ-يوق؟ ئەگەر بولسا، قانداق شارائىت ئاستىدا قاتناشسا بولىدۇ؟ بۇنداق تەشكىلاتلاردا قانداق تاكتىكا قوللىنىش كېرەك؟

بىرىنچى سوئالغا بولمايدۇ، دەپ مۇتلەق ۋە پىرىنسىپال جاۋاپ بېرىشكە بولمايدۇ. سوتسىيالىزىمچىلار ھەرقانداق ئەھۋالدا، پارتىيىسىز (يەنى ئازدۇر-كۆپتۇر ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز بولغان بۇرژۇئا) تەشكىلاتلارغا قاتناشسا بولمايدۇ، دېيىلسە توغرا بولمايدۇ. دېموكراتىك ئىنقىلاپ دەۋرىدە پارتىيىسىز تەشكىلاتلارغا قاتنىشىشتىن باش تارتىش مۇئەييەن ئەھۋالدا، دېموكراتىك ئىنقىلاپقا قاتنىشىشتىن باش تارتقانغا باراۋەر بولىدۇ. لېكىن شۈبھىسىزكى، سوتسىيالىزىمچىلار ئاشۇ "مۇئەييەن ئەھۋال"نى تار دائىرىدە چەكلىشى لازىم، ئۇلار بۇنداق تەشكىلاتلارغا پەقەت قاتتىق بەلگىلەنگەن، قاتتىق چەكلەنگەن شارائىت ئاستىدىلا قاتنىشىشى مۇمكىن. چۈنكى، پارتىيىسىز تەشكىلاتلار بىز ئېيتىپ ئۆتكەندەك، سىنىپىي كۈرەش ئانچە راۋاجلانمىغان شارائىتتا قۇرۇلغان بولسا، ئۇ چاغدا، قاتتىق پارتىيىۋىلىك سىنىپىي كۈرەشنى ئاڭلىق، ئېنىق، پىرىنسىپلىق كۈرەشكە ئايلاندۇرىدىغان شەرتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ.

پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ ئىدىيە ۋە سىياسىي جەھەتتىكى مۇستەقىللىقىنى ساقلاش — سوتسىيالىزىمچىلارنىڭ باشتىن-ئاياق ئۆزگەرمەيدىغان مۇقەررەر مەجبۇرىيىتى. كىمكى بۇ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلمايدىكەن، ئۇنىڭ "سوتسىيالىزىم" (ئاغزاكى سوتسىيالىزىم)غا بولغان ئېتىقادىنىڭ قانچىلىك سەمىمىي بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇ ئەمەلىيەتتە، سوتسىيالىزىمچى بولماي قالىدۇ. سوتسىيالىزىمچىلار ئۈچۈن، پارتىيىسىز تەشكىلاتلارغا قاتنىشىش ئايرىم ئەھۋاللاردىلا بولىدىغان ئىش. ۋاھالەنكى، پارتىيىسىز تەشكىلاتلارغا قاتنىشىشنىڭ مەقسىدى، خاراكتېرى، شەرتى ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى سوتسىيالى-

تىڭ ئىنقىلاپقا ئاڭلىق ھالدا رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن سوتسىيالىستىك پرولېتارىياتنى ھازىرلاش ۋە تەشكىللەشتىن ئىبارەت ئاساسىي ۋەزىپىگە تولۇق بويى سۇندۇرۇلۇشى لازىم.

بولۇپمۇ دېموكراتىك ئىنقىلاپ دەۋرىدە، يەنە كېلىپ پرولېتا- رىيات ئالاھىدە رول ئوينايدىغان دېموكراتىك ئىنقىلاپ دەۋرىدە ۋەزىيەت بىزنى پارتىيىسىز تەشكىلاتلارغا قاتنىششقا مەجبۇر قىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئېنىق دېموكراتىزىملىق ئىدىيىسى بولمىغان ئاممىغا سوتسىيالىزىمنى تەشۋىق قىلىش ياكى سوتسىيالىزىمچىلار بىلەن ئىنقىلاۋىي دېموكراتلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي كۈچلەرگە قارشى ئورتاق كۈرىشى ئۈچۈن پارتىيىسىز تەشكىلاتلارغا قاتنىشىش زۆرۈر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بىرىنچى ئەھۋالدا، پارتىيىسىز تەشكىلاتلارغا قاتنىشىش ئۆزىنىڭ نۇقتىنەزەرلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن بولىدۇ؛ ئىككىنچى ئەھۋالدا مەلۇم ئىنقىلاۋىي مەقسەتكە يېتىش يۈزىسىدىن تۈزۈلىدىغان جەڭگىۋار كېلىشىم بولۇپ چىقىدۇ. بۇنداق قاتنىشىش ئىككىلا ئەھۋالدا، ۋاقىتلىق بولىدۇ. ئىككىلا ئەھۋالدا، ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ مۇستەقىللىقى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلگەن ۋە پارتىيىسىز بىرلەشمىلەرگە ياكى ھەيئەتلەرگە "ۋەكىللىك"كە ئەۋەتىلگەن پارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيە گۇرۇپپىلىرى پۈتۈن پارتىيىنىڭ مۇتلەق نازارىتى ۋە رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلغان شارائىتتىلا قاتنىششقا بولىدۇ.

پارتىيىمىزنىڭ پائالىيەتلىرى مەخپىي ھالەتتە تۇرغان ۋاقىتتا، مۇن- داق نازارەت ۋە رەھبەرلىكنى يولغا قويۇش ئىنتايىن ئېغىر ھەتتا كۆپ ھاللاردا يېگىپ بولمايدىغان دەرىجىدە دىگۇدەك قىيىن ئىدى. ھازىر پارتىيىمىز بارغانسېرى ئاشكارا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان چاغدا، مۇنداق نازارەت ۋە رەھبەرلىكنى تازا كەڭ يولغا قويۇش مۇمكىن ۋە يولغا قويۇش كېرەك، پارتىيىنىڭ "يۇقۇرى قاتلىمى"نىڭلا ئەمەس، بەلكى "تۆۋەن قاتلىمى"نىڭ، پارتىيىگە كىرگەن بارلىق تەشكىللىك

ئىشچىلارنىڭ نازارىتى ۋە رەھبەرلىگىنمۇ قوبۇل قىلىش كېرەك. سوتسيال دېموكراتلارنىڭ پارتىيىسىز بىرلەشمىلەر ياكى ھەيئەتلەر-دىكى پائالىيەتلىرى ئۇستىدە خۇلاسە دوكلادى بېرىش، بۇ پائالىيەت-لەرنىڭ شەرت-شارائىتى ۋە ۋەزىپىلىرى توغرىسىدا دوكلات بېرىش، بارلىق پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاشۇ پائالىيەت ئۇستىدە قارار چىقى-رىشلىرى ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ كۈندىلىك پائالىيەتلىرى ھىساپلىنىشى كېرەك. بۇ پائالىيەتلەرگە **يېتەكچىلىك قىلىشقا** پۈتۈن پارتىيە **ئەمەلىي** قاتناشقاندىلا ھەقىقى سوتسيالىزىم ئىشىنى ئادەتتىكى دېموكراتىزىم ئىشىغا ھەقىقى تۈردە قارىمۇ-قارشى قويالايدۇ.

بىز پارتىيىسىز بىرلەشمىلەردە قانداق تاكتىكا قوللىنىشىمىز كېرەك؟ بىرىنچىدىن، مۇستەقىل ئالاقىلىشىش، پۈتكۈل سوتسيالىستىك پۇروگىراممىمىزنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىش. ئىككىنچىدىن، دېموكراتىك ئىنقىلاپنى ئەڭ قەتئىي، ئۇزۇل-كېسىل ئەمەلگە ئاشۇرۇش نۇقتىسىدىن نوۋەتتىكى يېقى سىياسى ۋەزىپىلەرنى بەلگىلەش، دېموكراتىك ئىنقىلاپتىكى سىياسى شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش، ئېلىپ ساتارلىق قىلىدىغان لىبېرال دېموكراتلاردىن پەرقلىق ھالدا كۆرەش قىلىۋاتقان ئىنقىلاۋىي دېموكراتلار ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تېگىشلىك ئىسلاھاتنىڭ "پۇروگىرام-مىسى"نى ئوتتۇرىغا قويۇش.

مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدىلا، پارتىيە ئەزالىرىمىزنىڭ بۈگۈن ئىشچىلاردىن، ئەتىلىككە دىخانلاردىن، ئۇگۈنلۈككە ئەسكەرلەر ۋە باشقىلاردىن تەركىپ تاپىدىغان پارتىيىسىز ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتلارغا قاتنىشىشىغا يول قويۇلىدۇ ھەمدە مۇشۇنداق قاتنىشىش پايدىلىق بولىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدىلا بىز ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىدىكى قوش ۋەزىپىسىنى يەنى دېموكراتىك ئىنقىلاپنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش، كاپىتالىنىڭ ھوكۇمرانلىغىنى ئاغدۇرۇپ

تاشلاش ئۈچۈن رەھىمسىز كۈرەش قىلىۋاتقان ھەم ئەركىنلىككە مۇھتاج بولغان سوتسىيالىستىك پرولېتارىيات كادىرلىرىنى كۆپەيتىش ۋە كۈچەيتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالايمىز.

ئىمزا: ن. لېنىن

«يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ 1905 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ۋە 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈندىكى 22 ـ ۋە 27 ـ سانلىرىغا بېسىلغان.

«يېڭى ھايات» گېزىتىدىكى نۇسخىسى بويىچە بېسىلدى.

«لېنىن ئەسەرلىرى»، 10 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 54 — 61 ـ بەتلەردىن ئېلىندى.

موسكۋا قوزغىلىڭىنىڭ ساۋاقلىرى

«1905 ـ يىلى دېكابىردىكى موسكۋا» (1906 ـ يىل موسكۋا نەشرى) دېگەن كىتاپ دەل ۋاقتىدا چىقتى. دېكابىر قوزغىلىڭىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش ــ ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ جىددىي ۋەزىپىسى. ئەپسۇسكى، بۇ كىتاپتا بەزى نۇقسانلار كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ: تولۇق بولمىسىمۇ، ناھايىتى قىزىق ماتېرىياللار بار، چىقارغان خۇلاسىلىرى بولسا ئىنتايىن يۈزە، ئىنتايىن چاكىنا. بىز بۇ خۇلاسىلەر ئۈستىدە كېيىنرەك مەخسۇس توختىلىمىز①، ھازىر نۆۋەتتىكى جىددىي سىياسىي مەسىلە ــ موسكۋا قوزغىلىڭىنىڭ ساۋاقلىرى ئۈستىدىلا توختىلىپ ئۆتىمىز.

موسكۋادىكى دېكابىر ھەركىتىنىڭ ئاساسىي كۈرەش شەكلى ــ تىنچ ئىش تاشلاش ۋە نامايىش قىلىش ئىدى. ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىگى مۇشۇ ئىككى خىل كۈرەشكىلا پائال قاتناشتى. لېكىن، موسكۋادىكى ئاشۇ دېكابىر قوزغىلىڭىنىڭ ئۆزى دەل مۇستەقىل ۋە ئاساسىي كۈرەش شەكلى بولغان ئومۇمىي ئىش تاشلاشنىڭ زامانى ئۆتۈپ كەتكەنلىگىنى، ھەركەت ئۆزىنىڭ توساپ بولمايدىغان ئىستىخىيىلىك كۈچى بىلەن بۇ تار رامكىنى بۇزۇپ ئۆتۈپ، كۈرەشنىڭ قوزغىلاڭدىن ئىبارەت ئالىي شەكلىنى بارلىققا كەلتۈرۈۋاتقانلىغىنى

① «لېنىن ئەسەرلىرى»، 11 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 170 ــ 174 ـ بەتلەرگە قارالسۇن. ــ تەھرىردىن

ئۇچۇق كورسىتىپ بەردى.

بارلىق ئىنقىلاۋىي پارتىيىلەر ۋە موسكۋادىكى بارلىق ئىشچىلار ئۇيۇش-مىلىرى ئىش تاشلاشنى جاكالىغان ۋاقىتدىلا بۇ ئىش تاشلاشنىڭ مۇقەررەر هالدا قوزغىلاڭغا ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى پەملىگەن ۋە هىس قىلىغان ئىدى. ئىشچىلار ۋەكىللىرى سوۋېتى 12-ئاينىڭ 6-كۇنى "ئىش تاشلاشنى قوراللىق قوزغىلاڭغا ئايلاندۇرۇش ئۇچۇن تىرىشىش كېرەك" دەپ قارار چىقارغان ئىدى. لېكىن، ئەمىلىيەتتە، بارلىق تەشكىلاتلار بۇ ئىشقا تەييارلىنىپ بولمىغان، هەتتا جەڭگىۋار ئەترەت-لەر بىرلەشمىسى[280] **(9-دېكابىر!)** قوزغىلاڭ ئۇستىدە توختالغىنى-دىمۇ، ئۇنى قانداقتۇ ئۇزاق ۋاقىتلاردىن كېيىن بولىدىغان نەرسە، دەپ قارىغان ئىدى، شۇڭا كوچا كۇرىشى، شۇبهىسىز، ئۇنىڭدىن هالقىپ كەتتى، ئۇنىڭ قاتنىشىسىز داۋاملاشتۇرۇلدى. تەشكىلاتلارنىڭ هەممىسى هەركەتنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىدىن ۋە كولىمىدىن **ئارقىدا قالدى.**

ئىش تاشلاشلار ئالدى بىلەن 10-ئايدىن كېيىن ۋۇجۇتقا كەلگەن ئوبېكتىپ شارائىتلارنىڭ تۇرتكىسى ئاستىدا راۋاجلىنىپ قوزغىلاڭغا ئايلىنىپ كەتتى. ئومۇمى ئىش تاشلاش يولى بىلەن هوكۇمەتنى تەمتىرىتىپ قويۇش مۇمكىن بولماي قالدى، هوكۇمەت هەربى هەر-كەتكە تەييارلانغان ئەكسىلئىنقىلاۋىي كۇچلەرنى تەشكىللەپ قويغان ئىدى. 10-ئايدىن كېيىنكى روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ ئومۇمى تەرەققىياتى بولسۇن ياكى موسكۋادىكى دېكابىر ۋەقەسىنىڭ ئۇتىمۇشى بولسۇن، ماركسنىڭ چوڭقۇر قائىدىلىرىدىن بىرىنى ئادەم هەيران قالارلىق دەرىجىدە ئىسپاتلىدى: ئىنقىلاپنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ئۇيۇشقان هەم كۇچلۇك بىر ئەكسىلئىنقىلاپنى ۋۇجۇتقا كەلتۇرگەنلىگىدىن بولدى يەنى ئىنقىلاپ دۇشمەننى بارغانسېرى كەسكىنرەك قوغدىنىش ۋاستى-لىرىنى قوللىنىشقا مەجبۇر قىلدۇ، شۇنداق قىلىپ، ئۇزىمۇ بارغانسېرى

كۈچلۈكرەك ھۇجۇم ۋاستىلىرىنى تەييارلايدۇ[281]

12 ـ ئاينىڭ 7 ـ ۋە 8 ـ كۈنلىرى ئاما تىچ ئىش تاشلىدى ۋە تىچ نامايىش ئۇتكۈزدى. 8 ـ كۈنى كەچتە ئاكۋارىيوم بىغىنى قورشىدى. 9 ـ كۈنى كۈندۈزى ئاتلىق مىرشاپلار ستراستناي مەيدانىدا ئامىنى قىرغىن قىلدى. كەچتە فىدلىرنىڭ ئۆيىنى ۋەيران قىلدى. ئامىنىڭ قەھرى ـ غەزىۋى قايناپ تاشتى. كوچىلاردا تەشكىلسىز كىشىلەر پۈتۈنلەي ئىستىخىيىلىك ھالدا ۋە ئارىسالدىلىق بىلەن تۇنجى كوچا ئىستىھكاملىرىنى ياسىدى.

10 ـ كۈنى كوچا ئىستىھكاملىرى ۋە كوچىلاردىكى ئادەم توپىنى توپقا تۇتۇش باشلاندى. ئەمدى، كوچا ئىستىھكاملىرى ئارىسالدىلىق ھالەت بىلەن، ئاندا ـ ساندا ئەمەس، تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ياسالدى. پۈتۈن شەھەر ئاھالىسى كوچىلارغا چىقىشتى؛ پۈتكۈل شەھەرنىڭ ئاساسىي مەركەزلىرى كوچا ئىستىھكاملىرى بىلەن تولدى. جەڭگىۋار ئەترەت ئەزالىرى ئارمىيگە قارشى قەيسەرلىك بىلەن بىرنەچچە كۈن پارتىزانلىق كۈرەشى ئېلىپ باردى، بۇ كۈرەش ئارمىيىنى تازا چارچىتىۋەتتى. دۇباسوۋنى[282] ياردەمچى قوشۇن تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىگە كەلگەندىلا ھوكۇمەت ئارمىيىسى تولۇق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى، سېمېنوۋ تۈەنى 17 ـ كۈنى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تايانچ بازىسى بولغان پرېسنىيە كوچىسىنى تارمار قىلدى.

ئىش تاشلاش ۋە نامايىشتىن ئايرىم كوچا ئىستىھكاملىرى ياساشقا ئۆتۈش. ئايرىم ـ ئايرىم كوچا ئىستىھكاملىرى ياساشتىن تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ كوچا ئىستىھكاملىرى ياساشقا ئۆتۈش ۋە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئارمىيە بىلەن كوچا ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش، پرولېتارىياتنىڭ ئاممىۋى كۈرەشى تەشكىلاتلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئىش تاشلاشتىن قوزغىلاڭغا ئايلاندى. بۇ روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ 1905 ـ يىلدىكى دىكا ـ

بىر ۋەقەسىدە قولىغا كەلتۈرگەن ئەڭ ئۇلۇغ تارىخىي ئۇتۇغى، بۇ ئۇتۇق ئاۋالقى بارلىق ئۇتۇقلارغا ئوخشاشلا ئىنتايىن زور قۇربانلار بېرىش بەدىلىگە قولىغا كەلدى. ھەركەت ئومۇمى سىياسى ئىش تاشلاشتىن تېخىمۇ يۇقۇرى باسقۇچقا كوتىرىلدى. بۇ ھەركەت ئەك-سىيەتچىلەرنى **ھەددىدىن تاشقىرى** قارشىلىق كورستىشكە مەجبۇر قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلاپنىڭمۇ ئۇزۇل-كېسىل ھۇجۇم ۋاستىسى قوللىنىش پەيتىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى زور دەرىجىدە تېزلەتتى. ئەكسىيەتچىلەرگە كوچا ئىستىھكاملىرىنى، ئوي-ئىمارەتلەرنى ۋە كوچى-دىكى ئادەملەرنى توپقا تۇتۇشتىن باشقا **يول قالمدى.** ئىنقىلاۋىي كۈچلەرگە بولسا، موسكۋادىكى جەڭگىۋار ئەترەتلەرنى ھىساپقا ئالمى-غاندا يەنە ماڭىدىغان يول بار، كېڭىيىپ بېرىش جەھەتتىمۇ، چوڭ-قۇرلاپ بېرىش جەھەتتىمۇ يولى كوپ. ئىنقىلاپ دېكابىر ۋەقەسىدىن كېيىن يەنە كوپ ئىلگىرىلەپ كەتتى. ئىنقىلاپ كرىزىسىنىڭ ئاساسى تېخىمۇ كېڭەيدى، ئەمدىلىكتە تىغلار تېخىمۇ ئوتكۇررەك بىلەنگەن بولۇشى كېرەك.

ئىش تاشلاشتىن قوزغىلاڭغا ئوتۇشنى تەلەپ قىلغان كۈرەشنىڭ ئوبېكتىپ شارائىتىدىكى بۇنداق ئوزگىرىشنى پۈرولېتارىيات ئوزىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بۇرۇنراق سېزىپ ئالدى. ئەمىلىيەت، ھەرقاچانقىدەك، نەزىرىيىنىڭ ئالدىغا ئوتۇپ كەتتى. خوش، يەنە نىمە قىلىش كېرەك؟ دەپ سوئال قويغان، تېخىمۇ پائال ھەركەت قىلىشنى تەلەپ قىلىشقا باشلىغان ئىشچىلارنى تېچ ئىش تاشلاش ۋە نامايىشلار دەررۇ قانا-ئەتلەندۇرەلمەي قالدى. كوچا ئىستىھكاملىرىنى ياساش توغرىسىدىكى بۇيرۇق، ھەرقايىسى رايونلارغا ناھايىتى كېچىكىپ چۈشتى. بۇ چاغدا مەركىزىي رايونلاردا كوچا ئىستىھكاملىرى ياسىلىپ بولغان ئىدى. ئىشچىلار توپ-توپ بولۇپ بۇ خىزمەتنى ئوز ئۈستىگە ئالدى، لېكىن **بۇمۇ ئۇلارنى قانائەتلەندۇرەلمەدى.** خوش، يەنە نىمە قىلىماق

كېرەك؟ دەپ سوئال قويدى، پائال ھەركەتلىنىشنى تەلەپ قىلدى. بىز سوتسىيال دېموكراتىك پرولېتارىيات رەھبەرلىرى دېكابىر ۋەقەسىدە ئۆز قىسىملىرىنى تولىمۇ ئوسال ئورۇنلاشتۇرۇش نەتىجىسىدە، قول ئاستىدىكى قوشۇنلارنىڭ كوپ قىسمىنى جەڭگە ئاكتىپ قاتناشتۇرالمىغان سەركەردىگە ئوخشاپ قالدۇق. ئىشچىلار ئاممىسى ئاكتىپ ئاممىۋى ھەركەتلەر توغرىسىدىكى يوليورۇققا چارە-ئامال قىلىپ كورسىمۇ ئېرىشەلمىدى.

دېمەك، پلېخانوۋنىڭ بىمەھەل ئىش تاشلاشنىڭ لازىمى يوق ئىدى، "قولغا قورال ئالماسلىق كېرەك ئىدى" دېگەن ۋە ھەممە ئاغمىچىلار قوللىغان قارىشىدىنمۇ بەتتەر تارقاراش يوق. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە تېخىمۇ قەتئىي، تېخىمۇ كەسكىن ۋە تېخىمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن قولغا قورال ئېلىش كېرەك ئىدى، ئاممىغا يالغۇز تېچ ئىش تاشلاش بىلەنلا ئىش پۈتمەيدىغانلىقىنى، باتۇرلۇق ۋە رەھىمسىزلىك بىلەن قوراللىق كۈرەش ئېلىپ بېرىش لازىملىقىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك ئىدى. دېمەك، بىز ئەمدى يالغۇز سىياسى ئىش تاشلاشنىڭ كۈپايە قىلمايدىغانلىقىنى خەلق-ئالەم ئالدىدا ئوچۇق ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم، شۇنداقلا قوراللىق قوزغىلاڭنى ھېچقانداق "تەييارلىق باسقۇچى" ئارقىلىق يوپيۇتۇپ قويماستىن، قىلچە مۇجمەللەشتۇرمەستىن، كەڭ ئامما ئارىسىدا تەرغىپ قىلىشىمىز كېرەك. ھازىرقى ۋاقىتتا، كەلگۈسى قوزغىلاڭنىڭ بىۋاستە ۋەزىپىسى بولغان ھايات-ماماتلىق، قانلىق يوقىتىش ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش زورۇرلۇگىنى ئاممىدىن يوشۇرۇش ئوزىمىزنىمۇ، خەلقنىمۇ ئالدىغانلىق.

دېكابىر ۋەقەسىنىڭ بىرىنچى ساۋىقى ئەنە شۇ. يەنە بىر ساۋىقى قوزغىلاڭنىڭ خاراكتېرىغا، ئۇنى ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلىغا، ئارمىيىنىڭ خەلق تەرەپكە ئوتۇش شەرت-شارائىتلىرىغا تەئەللۇق ساۋاق. پارتىيىمىزنىڭ ئوڭ قانىتى ئارىسىدا بۇنداق ئۆزگىرىش توغرىسىدا

ئىنتايىن بىر تەرەپلىمىلىك قاراش ئاھايىتى كەڭ تارقالغان. ھازىرقى زامان ئارمىيىسىگە قارشى كۈرەش قىلىش مۇمكىن ئەمەسمىش، ئارمىيىنى ئىنقىلاۋىلاشتۇرۇش زورۇرمىش. ئەلۋەتتە، ئىنقىلاپ ئاممىۋى خاراكتىر ئالمايدىكەن، ئارمىيىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالمايدىكەن، ئۇ ھالدا جىددى كۈرەش دىگەن نەرسىدىن سوز ئېچىش زادى مۇمكىن ئەمەس. دەرۋەقە، ئارمىيىگە خىزمەت ئىشلەش زورۇر. لىكىن ئارمىيىنىڭ خەلق تەرەپكە ئۆتۈشىنى قانداقتۇ ئاددى، يەككە ھەركەت دەپ پەرەز قىلىشقا، ئۇنى سوز بىلەن قايىل قىلىش ۋە ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ نەتىجىسى دەپ قاراشقا زادىلا بولمايدۇ. موسكۋا قوزغىلىڭى بۇنداق قاراشنىڭ ئۆلۈك ۋە قاتمال قاراش ئىكەنلىگىنى بىزگە ئېنىق كورسىتىپ بەردى. ئەمىلىيەتتە، بارلىق ھەقىقى خەلق ھەركىتى داۋامىدا، ئىنقىلاۋي كۈرەش ئۆتكۈرلەشكەن ۋاقىتتا ئارمىيىنىڭ مۇقەررەر تەۋرىنىشى جەزمەن ھەقىقى تۈردە **ئارمىيە تالىشىش كۈرىشىنى** كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. موسكۋا قوزغىلىڭى ئەكسىيەتچىلەر بىلەن ئىنقىلاۋي كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا ئارمىيىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بولغان دەل ئەنە شۇنداق ئەڭ كەسكىن، ئەڭ دەھشەتلىك كۈرەشنى بىزگە كورسىتىپ بەردى. دۇباسوۋنىڭ ئۆزى موسكۋادىكى 15 مىڭ كىشىلىك ئارمىيىنىڭ ئاران 5 مىڭى ئىشەنچلىك دىگەن ئىدى. ھوكۇمەت ئارمىيىدىكى تەۋرەنگۈچىلەرنى چېكىدىن ئاشقان خىلمۇ-خىل چارىلەر، مەسىلەن، سوز بىلەن قايىل قىلىش، قىزىقتۇرۇش، سائەت ۋە پۇل بىلەن سېتىۋېلىش، ھاراق بىلەن مەس قىلىش، ئالداش، قورقىتىش، گەزەرمىگە قاماپ قويۇش، قورالسىزلاندۇرۇش، ئەڭ ئىشەنچسىز دەپ ھىساپلىغانلىرىنى سۈخەنچىلىك ۋە زورلۇق يوللىرى بىلەن ئاجرىتىۋېلىش چارىلىرى ئارقىلىق تىزگىنلىدى. بىز ئەمدى شۇنى مەرتلەرچە توغرىدىن-توغرا ۋە ئاشكارا ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، بىز بۇ جەھەتتە ھوكۇمەتتىن ئارقىدا قالدۇق. بىز تەۋرىنىپ

قالغان ئارمىيىنى قولغا كەلتۇرۇش ئۇچۇن، ھوكۇمەت ئىلىــپ بارغان ۋە ئەمەلگە ئاشۇرغاندەك، پائال، جاسارەتلىك، پاراسەتلىك ۋە تەشەببۇسكار كۇرەش ئىلىپ بىرىش مەقسىدىدە شۇ چاغدا قولــىمىزدا بار كۇچلەردىن ئوبدان پايدىلىنالمىدۇق. بىز ئارمىيىگە ئىدىيە جەھەتتىن "تەسىر كورسىتىش"كە تەييارلىق كوردۇق، بەلكى تېخىمۇ قەيسەرلىك بىلەن تەييارلىق كورۇشىمىز كېرەك. لېكىن بىز قوزغىلاڭنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتىــدە ئارمىيــىنى قولغا كەلتۇرۇش ئۇچۇن جىسمانى كۇرەش ئىلىپ بېرىشنىڭمۇ لازىملىغىنى ئۇنتۇپ قالساق، ئۇ ھالدا، بىز بىچارە قىرائەتخانىغا ئايلىنىپ قالىمىز.

موسكۋا پۇرولېتارىــياتى دېكابىر ۋەقەســدە ئارمىيــگە ئىدىــيە جەھەتتىن "تەسىر كورستىــش" توغرىســدا بىزگە قالتىــس ساۋاق بەردى، مەسىلەن، 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۇنى ستراستىــناي مەيدانىــدا بىر توپ كىشى كازاك قوشۇنىنى قورشاپ ئىلىپ، ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ، بىرلەشمە كوڭۇل ئاچتى، ئاخىر ئۇلارنى قايتىپ كېتىشكە كوندۇردى. يەنە بىر مىسال، 10 ـ كۇنى، پرېسنىيە كوچىسىدا، 10 مىڭ كىشىلىك توپ ئالــدىــدا قىــزىل بايراق كوتەرگەن ئىكــكى ئىشچى قىز: "بىزنى ئولتۇرۇش! بىز تىرىك تۇرۇپ بايراقنى بەرمەيمىز!" دەپ تووۋلىغىنچە كازاك قوشۇنى ئالدىغا ئىتىلىپ باردى. بۇ چاغدا كازاك ئەسكەرلەر نىــمە قىلىشــنى بىلمەي تەمترەپ قالــدى ۋە كىشــلەرنىڭ "ياشىسۇن كازاكلار!" دىــگەن خىتاپلىرى ئاستىــدا ئات چاپــتۇرۇپ قايتىپ كەتتى. بۇنداق قەھرىمانلىق ئۇلگىلىرى پۇرولېتارىيات قەلبىدە مەڭگۇ ساقلىنىشى لازىم.

لېكىن، بىزنىڭ دۇباسوۋنىڭ ئارقىسىدا قالغانلىغىمىزدىن بىر مىسالنى كورۇپ باقايلى. 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۇنى، بىر قىسىم ئەسكەرلەر قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇش ئۇچۇن مارسىيل مارشىنى ئيتىــپ سېرپۇخوۋ چوڭ كوچىسىدا كېلىۋاتاتتى. ئىشچىلار ئۇلارغا ۋەكىل ئەۋەتتى. مالاخوۋ

ئوزى ئۇلار كېلىۋاتقان تەرەپكە قاراپ جېنىنىڭ بىرىچە چاپتى. ئىشچىلار كېچىكىپ قالدى، مالاخوۋ بولسا ۋاقتىدا يېتىپ باردى. ئۇ قىزغىن نۇتۇق سوزلەپ ئەسكەرلەرنى تەۋرىتىپ قويىدى، كېيىن ئاتلىق مىرشاپلار بىلەن ئۇلارنى قورشىۋېلىپ گەزەرمىلەرگە ئاپىرىپ قاماپ قويىدى. مالاخوۋ ئۇلگۇرۇپ باردى-يۇ، بىز ئۇلگۇرۇپ بارالمىدۇق، ئىككى كۇن ئىچىدە 150 مىڭ كىشى بىزنىڭ چاقىرىقىمىزغا ئاۋاز قوشتى، ئۇلار كوچىلاردا قاراۋۇللۇق قىلالايتتى ۋە ئۇنى ئۇيۇشتۇرۇشى لازىم ئىدى. مالاخوۋ ئاتلىق مىرشاپلار بىلەن ئەسكەرلەرنى قورشىۋالدى-يۇ، بىز مالاخوۋلارنى بومبىچىلار بىلەن قورشىۋالالمىدۇق. بىز بۇ ئىشنى قىلالايتتۇق ۋە قىلىشىمىز كېرەك ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ مەتبۇئاتلىرىدىمۇ («ئۇچقۇن» گېزىتى[138]) بىزنىڭ قوزغىلاڭ كوتىرىش ۋاقتىدىكى ۋەزىپىمىز مەمۇرى ۋە ھەربى باشلىقلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن يوقىتىشتىن ئىبارەت، دەپ خېلى بۇرۇنلا كورسەتكەن ئىدى. روشەنكى، سېرپۇخوۋ چوڭ كوچىسىدا يۈز بەرگەن ئەھۋاللارغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەھۋاللار نېسۋىژسكى گەزەرمىسى ئالدىدىمۇ، كرۇتىتسكى گەزەرمىسى ئالدىدىمۇ، پۇرولېتارىيات يېكاتېرىنوسلاۋ تۇەنىنى "قورالسىزلاندۇرماقچى" بولغاندىمۇ، ئالېكساندروۋ شەھىرىدىكى قۇرۇلۇش قىسىملىرىغا ۋەكىل ئەۋەتىشتىمۇ، موسكۋاغا ئەۋەتىلگەن روستوۋ زەمبىرەكچىلىرىنىڭ يېرىم يولدىن قايتىشىدىمۇ، كولومنا قۇرۇلۇش قىسىملىرىنى قورالسىزلاندۇرۇشتىمۇ تەكرارلاندى. بىز قوزغىلاڭ پەيتلىرىدە، تەۋرىنىپ قالغان ئارمىيىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئوبدان ئورۇنلىيالمىدۇق.

دېكابىر ۋەقەسى ماركسنىڭ ئاغمىچىلار ئۇنتۇغان يەنە بىر چوڭقۇر پىرىنسىپىنىمۇ يەنى قوزغىلاڭ بىر سەنئەتتۇر، بۇ سەنئەتنىڭ ئاساسى مىزانى تازا باتۇرلۇق بىلەن ۋە قەتئىيەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، **ھۇجۇم**

قىلىشتىن ئىبارەت ، دېگەن پىرىنسىپنى ناھايىتى روشەن ئىسپاتلاپ بەردى[284]. بىز بۇ ھەقىقەتنى تولۇق بىلىۋالمىدۇق. بىز بۇ سەنئەتنى، قەتئىي ئەمەل قىلىش شەرت بولغان بۇ ھۇجۇم مىزانىنى تولۇق ئۆگەنمىدۇق، ئامما ئومۇمغا تولۇق ئۆگەتمىدۇق. ئەمدى بىز بۇ كەمتۈكلىرىمىزنى زور كۈچ بىلەن تولدۇرۇپ ئېلىشىمىز شەرت. كىشىلەرنى سىياسىي شوئارلارغا تۇتقان پوزىتسىيىلىرىگە قاراپ ئايرىش كۇپايە قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ قوراللىق قوزغىلاڭغا تۇتقان پوزىتسىيىلىرىگىمۇ قاراش كېرەك. كىمكى قوراللىق قوزغىلاڭغا قارشى تۇرىدىكەن، قوراللىق قوزغىلاڭغا تەييارلانمايدىكەن، قىلچىمۇ رەھىم قىلماي، ئۇنى ئىنقىلاۋىي قوشۇندىن قوغلاپ چىقىرىشىمىز، ئىنقىلاپ دۈشمەنلىرى تەرىپىگە، خائىنلار ياكى قورقاقلار تەرىپىگە قوغلىۋېتىشىمىز كېرەك، چۈنكى ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىيات كۈچى ۋە كۈرەش شارائىتى دوست ـ دۈشمەننى ئەنە شۇ ئالامەتلەرگە قاراپ ئايرىشقا بىزنى مەجبۇر قىلىدىغان كۈنلەر يېقىنلىشىپ كەلمەكتە. بىز پاسسىپلىقنى تەرغىپ قىلماسلىقىمىز، ئارمىيىنىڭ بىز تەرەپكە "ئۆتۈشى"نىلا كۈتۈپ تۇرماسلىقىمىز لازىم؛ ياق، بىز قولغا قورال ئېلىپ دادىل ھۇجۇم قىلىش ۋە ئاتاكىغا ئۆتۈش زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا، شۇنىڭ بىلەن بىللە باشلىقلارنى يوقىتىش، تەۋرىنىپ تۇرغان قوشۇننى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا باتۇرانە كۈرەش قىلىش زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا ھەممە كىشىگە سىگنال بېرىشىمىز كېرەك.

موسكۋا ۋەقەسىنىڭ بىزگە بەرگەن ئۈچىنچى ئۇلۇغ ساۋىقى قوزغىلاڭ تاكتىكىسى ۋە قوزغىلاڭ كۈچلىرىنى تەشكىللەشكە ئائىت ساۋاق. تاكتىكا ھەربىي تېخنىكا سەۋىيىسىگە باغلىق، ـــ ئېنگېلس بۇ ھەقىقەتنى ماركسىزىمچىلارغا تەپسىلى شەرھلەپ بەرگەن ئىدى[285]. ھازىرقى ھەربىي تېخنىكا 19 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىكىگە ئوخشىمايدۇ. زەمبىرەككە ئادەملەر توپى بىلەن تاقابىل تۇرۇش، كوچا ئىستىھكاما-

لىرىنى تاپانچا بىلەن ساقلاش — ئەخمەقانىلىق. كائۇتسكى، موسكۋا ۋەقەسىدىن كېيىن، ئېنگېلسنىڭ يەكۈنىنى[286] يېڭىۋاشتىن قاراپ چىقىش پەيتى كەلدى، چۈنكى موسكۋا **"يېڭى كوچا ئىستىھكامى تاكتىكىسى"**نى ئوتتۇرىغا قويدى، دەپ توغرا ئېيتقان ئىدى. بۇ تاكتىكا — پارتىزانلىق ئۇرۇشى تاكتىكىسى ئىدى. بۇ تاكتىكا تەلەپ قىلىدىغان تەشكىلات — ناھايىتى چاققان، ئادەم سانى ناھايىتى ئاز بولغان، 10 كىشىلىك، 3 كىشىلىك ھەتتا 2 كىشىلىك ئەترەتلەر ئىدى. ھازىر بىز 5 كىشىلىك گۇرۇپپا ياكى 3 كىشىلىك گۇرۇپپا دېگەنلەرنى ئاڭلىغان ھامان ھىجىيىپ قويىدىغان بەزى سوتسىيال دېموكراتلارنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. لېكىن بۇنداق ھىجىيىشلار ھازىرقى زامان ھەربىي تېخنىكىسى شارائىتىدا كوچا كۈرەشلىرى مۇناسىۋىتى بىلەن تاكتىكا ۋە تەشكىلاتقا دائىر قويۇلغان **يېڭى** مەسىلىلەرگە كۆز يۇمۇپ ئۆتۈشنىڭ ئاسان چارىسىدۇر. جاناپلار، موسكۋا قوزغىلىڭى توغرىسىدا يېزىلغان خاتىرىلەرنى زەڭ قويۇپ ئوقۇپ چىقىڭلار، ئەنە شۇ چاغدىلا "5 كىشىلىك گۇرۇپپا"نىڭ "يېڭى كوچا ئىستىھكامى تاكتىكىسى" بىلەن قانداق مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىسىلەر.

موسكۋا تەجرىبىسى بۇ يېڭى تاكتىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئانچە ئالغا سۈرەلمىدى، بىرقەدەر بولسىمۇ كەڭرەك ھەقىقىي ئاممىۋى مىقياستا كۆرسىتەلمىدى. ئۇ چاغدا جەڭگىۋار ئەترەتلەرنىڭ ئەزالىرى بەك ئاز ئىدى. ئىشچىلار ئاممىسىدا دادىل ھۇجۇم قىلىش شوئارى يوق ئىدى ۋە ئۇ ئەمەلدە كۆرسىتىلمىدى، پارتىزان ئەترەتلىرىنىڭ خاراكتېرى ھەددىدىن زىيادە بىر تەخلىتتە بولۇپ قالدى، ئۇلارنىڭ قورال-ياراقلىرى ۋە كۈرەش ئۇسۇللىرىمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ ئادەملەر توپىغا قوماندانلىق قىلىش ئىقتىدارى جارى قىلىنمىغان دېگۈدەك دەرىجىدە ئىدى. بىز بۇ كەمتۈكلۈكلىرىمىزنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشىمىز لازىم ۋە تولدۇرىمىز، بۇنىڭ

ئۇچۇن موسكۋا تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشىمىز، ئۇنى ئامما ئارىسىدا كېڭەيتىپ، تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇشتا ئاممىنىڭ ئىجادىي روھىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. دېكابىر ۋەقەسىدىن كېيىن روسىيىنىڭ ھەممە يېرىدە ئۈزۈلمەي دېگۈدەك داۋام قىلىشۋاتقان ئاشۇ پارتىزانلىق ئۇرۇشى ۋە ئاشۇ ئاممىۋى تېرورلۇق قوزغىلاڭ پەيتىدە ئاممىغا توغرا تاكتىكىنى ئۆگىتىشكە جەزمەن ياردەم بېرىدۇ. سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى بۇنداق ئاممىۋى تېرورلۇقنى ئېتىراپ قىلىشى ۋە ئۇز تاكتىكىسىغا كىرگۈزۈشى لازىم، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئۇنى ئۇيۇش- تۇرۇشى ۋە نازارەت ئاستىغا ئېلىشى، ئۇنى ئىشچىلار ھەركىتى ۋە ئومۇمى ئىنقىلاۋىي كۈرەشنىڭ مەنپەئەتىگە ۋە شارائىتىغا بوي سۇندۇرۇشى لازىم، بۇنداق پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى بۇلغايدىغان "كوچىمەنلەر"چە قىلمىشلارغا رەھىمسىز ھالدا بەرھەم بېرىش كېرەك. موسكۋالىقلار قوزغىلاڭ كۈنلىرىدە، لاتۋىيىلىكلەر ئاتالمىش لاتۋىيە جۇمھۇرىيىتى كۈنلىرىدە[287] بۇنداق قىلمىشلارغا ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن رەھىمسىز ھالدا بەرھەم بەرگەن ئىدى.

يېقىنقى ۋاقىتلاردا ھەربى تېخنىكا ئالغا قاراپ يانا يېڭى قەدەملەر باستى. ياپونىيە-روسىيە ئۇرۇشىدا قول بومبىسى بارلىققا كەلدى. قورال-ياراق زاۋۇتلىرى ئاپتوماتىك قوراللارنى ياساپ ساتتى. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى، تازا كەڭ دائىرىدە بولمىسىمۇ، روسىيە ئىنقىلاۋىدا قوللىنىلىشقا باشلىدى، يەنە كېلىپ خېلى ئۇتۇم كور- سەتتى. بىز كۆندىن-كۈنگە مۇكەممەللىشىۋاتقان تېخنىكىدىن پايدى- لىنالايمىز. ئىشچىلار ئەترەتلىرىگە كوپلەپ بومبا ياساشنى ئۆگىتە- لەيمىز. ئۇلارنىڭ ۋە جەڭگىۋار ئەترەتلىرىمىزنىڭ پارتلىغۇچ دورىلار، پىلتىلەر ۋە ئاپتوماتىك قوراللار غەملىۋېلىشىغا ياردەم بېرەلەيمىز ۋە شۇنداق قىلىشىمىز لازىم. ئىشچىلار ئاممىسى شەھەر قوزغىلىڭىغا قاتناشقان، دۈشمەنگە قارشى كەڭ كولەمدە ھۇجۇم قىلىنغان، دۈما

تارقىتىلغاندىن كېيىن. سۋېابورگ ۋە كرونشتات ۋەقەلىرى[288] دىن كېيىن بارغانسېرى تەۋرىنىپ كېتىۋاتقان ئارمىيىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئۇستىلىق بىلەن قەتئىي كۈرەش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يېزىلارنىڭ ئورتاق كۈرەشكە قاتنىشىشى كېپىللەندۈرۈلگەن ئەھۋال ئاستىدا، كېيىنكى نوۋەتتىكى پۈتۈن روسىيە قوراللىق قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبىسى جەزمەن بىزنىڭ بولىدۇ.

روسىيە ئىنقىلاۋى كەچۈرگەن ئۇلۇغ كۈنلەردىكى ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، خىزمىتىمىزنى تېخىمۇ كەڭ يولغا قويايلى ۋە ۋەزىپىمىزنى تېخىمۇ باتۇرلۇق بىلەن ئوتتۇرىغا قويايلى! بىزنىڭ خىزمىتىمىز سىنىپىي مەنپەئەتىنى ۋە ئومۇمىي خەلق تەرەققىياتىنىڭ نوۋەتتىكى ئېھتىياجىنى توغرا مۆلچەرلەشنى ئاساس قىلىدۇ. چار ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭىشىنى چاقىرىش شوئارى ئاستىغا پرولېتارىياتنى، دېھقانلارنى ۋە ئارمىيىنى بارغانسېرى كۆپرەك توپلاۋاتىمىز ۋە توپلايمىز. ئاممىنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈرۈش، ھەرقانداق ۋاقىتتىكىگە ئوخشاش، ھېلىمۇ پۈتكۈل خىزمىتىمىزنىڭ ئاساسى ۋە مۇھىم مەزمۇنى. بىراق روسىيىنىڭ نوۋەتتىكى ۋەزىيىتى ئومۇمىي، دائىمىي، ئاساسىي ۋەزىپىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن باشقا، يەنە ئالاھىدە ۋە مەخسۇس ۋەزىپىلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك. بىز ھەرگىز قىرائەتخان ۋە چاكىنىلارغا ئايلىنىپ قالمايلى، ھەرگىز ھەرقانداق شارائىتتا ۋە ھەرقانداق ۋاقىتتىمۇ ئەبەدىي ئۆزگەرمەيدىغان ۋەزىپىلىرىمىز بار، دېگەن قۇرۇق بانىلار بىلەن نوۋەتتىكى بۇ ئالاھىدە ۋەزىپىلەردىن، نوۋەتتىكى بۇنداق كۈرەش شەكلىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىلىرىدىن باش تارتمايلى.

ئۇلۇغ ئاممىۋى كۈرەش يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئەستە تۇتايلى. بۇ — قوراللىق قوزغىلاڭ بولىدۇ. ئۇ مۇمكىن قەدەر بىر ۋاقىتتا

كوتىرىلىشى لازىم. ئامما ئۆزلىرىنىڭ قورالـلىق، قانـلىق، ھاياتـ
ماماتلىق كۈرەشكە ئاتلىنىشۋاتقانلىغـىنى بىلىشۋالسۇن. ئۇلۇمگە پىسەنت
قىلماسلىق ئامما ئارىسىدا ئەۋج ئالسۇن ۋە غەلىبىنى كاپالەتلەندۇرسۇن.
دۇشمەنگە قارشى قىلىنىدىـغان ھۇجۇم ناھايىتى كەسكىـن بولسۇن؛
ئامىنىڭ شوئارى مۇداپىە ئەمەس، بەلكى ھۇجۇم بولسۇن، دۇشمەننى
شەپقەتسىزلىك بىلەن يوقىتىش ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى بولۇپ قالسۇن؛
كۈرەش تەشكىلاتى چاققان ۋە ئەپچىل بولسۇن؛ ئارمىيىدىكى تەۋرىـ
نىپ قالغان كىشىلەر پائال كۈرەشكە تارتىلسۇن. ئاڭلىق پۈرولېتارىيات
پارتىيىسى ئۆزىنىڭ بۇ ئۇلۇغ كۈرەشتىكى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى
لازىم.

«پۈرولېتارلار» گېزىتىنىڭ 1906 ـ يىل 8 ـ ئايىـنىڭ 29 ـ كۈنـىدىكى 2 ـ سانىغا بېسىلغان.

«پۈرولېتارلار» گېزىتىگە بېسىلغان نۇسخىـسى بويىچە بېسىلـدى.

«لېنىن ئەسەرلىرى»، 11 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 151 ــ 159 ـ بەتلەردىن ئېلىندى.

پارتىزان ئۇرۇشى

پارتىيىمىز ۋە ئىشچىلار ئاممىسى پارتىزان ھەركىتى مەسىلىسىگە ناھايىتى قىزىقماقتا. بىز بۇ مەسىلىنى نوۋەتتە كەلگەندە بىرنەچچە قېتىم تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىدۇق، ئەمدى بەرگەن ۋەدىمىزنى ئادا قىلىش يۈزىسىدىن كۆزقاراشلىرىمىزنى بىرقەدەر مۇكەممەل بايان قىلىمىز.

1

گەپنى باشتىن باشلايلى. كۈرەش شەكىللىرى مەسىلىسىنى تەكشۈرۈشتە ھەر بىر ماركسىزمچى قانداق ئاساسي تەلەپلەرنى قويۇشى كېرەك؟ بىرىنچىدىن، ماركسىزم سوتسىيالىزمنىڭ بارلىق ئىپتىدائى شەكىللىرىدىن شۇنىڭ بىلەن پەرقلىنىدۇكى، ئۇ ھەركەتنى كۈرەشنىڭ مەلۇم بىر شەكلى بىلەن چەكلەپ قويمايدۇ. ئۇ كۈرەشنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ھەمدە بۇ شەكىللەرنى "قۇرۇقتىن-قۇرۇق ئويلاپ چىقارمايدۇ"، پەقەت ھەركەت جەريانىدا ئىنقىلاۋىي سىنىپلارنىڭ ئۆز ئۆزىدىن كېلىپ چىققان كۈرەش شەكىللىرىنى ئومۇملاشتۇرىدۇ، تەشكىللەيدۇ ۋە ئاڭلىقلىققا ئىگە قىلىدۇ. ماركسىزم بارلىق ئابستراكت فورمۇلىلارغا ۋە بارلىق دوگما ئۇسۇللارغا تۈپتىن قارشى تۇرىدۇ، ھەركەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا، ئاممىنىڭ ئېڭىنىڭ ئۆسۈشىگە، ئىقتىسادىي ۋە سىياسى كىرىزىسنىڭ كەسكىنلىشىشىگە ئەگىشىپ،

مۇداپىئە ۋە ھۇجۇمنىڭ يېڭىدىن-يېڭى ۋە تېخىمۇ كوپ ئۇسۇللىرى-
نى يارىتىپ بېرىۋاتقان نوۋەتتىكى **ئاممىۋى** كۇرەشكە دىققەت بىلەن
قاراشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا ماركسىزىم ھەرقانداق كۇرەش
شەكلىنى زادىلا رەت قىلمايدۇ. ماركسىزىم ھەرگىز مەلۇم بىر
مەزگىلدىلا يۈرگۈزۈش مۇمكىن بولغان كۇرەش شەكلى بىلەن چەك-
لىنىپ قالمايدۇ، ئۇ، بەلگىلىك ئىجتىمائى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە
ئەگىشىپ، شۇ مەزگىلدىكى ئەرباپلار بىلمەيدىغان يېڭى كۇرەش
شەكىللىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى **مۇقەررەر**، دەپ قارايدۇ. شۇنداق
دېيىشكە بولىدۇكى. "سىستېمىچى"لارنىڭ كۇتۇپخانىلىرىدا ئولتۇ-
رۇۋېلىپ قۇرۇقتىن-قۇرۇق ئويدۇرۇپ چىققان كۇرەش شەكىللىرى
ئارقىلىق ئاممىنى **تەربىيەلەشنى** زادى ئارزۇ قىلمايدىغان ماركسىزىم
بۇ جەھەتتە ئاممىنىڭ ئەمەلىيىتىدىن **ئۆگىنىدۇ**. مەسىلەن، كائۇتسكى
ئىجتىمائى ئىنقىلاپنىڭ شەكىللىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بار-
غاندا مۇنداق دېگەن: بىزگە مەلۇمكى، كەلگۈسىدىكى كرىزىس
جەزمەن بىز ھازىر ئالدىن كورۇۋالالمايدىغان يېڭى كۇرەش شەكىل-
لىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ماركسىزىم بىزدىن كۇرەش شەكىللىرى مەسىلىسىنى
چوقۇم **تارىخىي يوسۇندا** تەكشۈرۈپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ
مەسىلىنى كونكرېت تارىخىي شارائىتتىن ئايرىلغان ھالدا ئوتتۇرىغا
قويۇش — دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىمنىڭ ئەقەللى تەلەپلىرىنى چۈشەن-
مىگەنلىك بولىدۇ. سىياسى، مىللى مەدىنىيەت، ئورپ-ئادەت قاتار-
لىق شەرت-شارائىتلارنىڭ ھەر خىل بولۇشى تۈپەيلىدىن ئىقتىسادىي
تەرەققىياتنىڭ تۈرلۈك مەزگىللىرىدە ھەر خىل كۇرەش شەكىل-
لىرى مۇقەررەر ھالدا بىرىنچى ئورۇنغا ئوتتۇپ، ئاساسىي كۇرەش شەكلى
بولۇپ قالىدۇ، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ھەر خىل قوشۇمچە
كۇرەش شەكىللىرىمۇ ئۇنىڭ بىللە بىلەن ئۆزگىرىدۇ. مەلۇم ھەركەت-

نىڭ مەلۇم بىر تەرەققىيات باسقۇچىدىكى كونكرېت شارائىتىنى
تەپسىلى تەكشۈرمەي تۇرۇپ مۇئەييەن بىر كۈرەش ۋاستىسى
مەسىلىسىگە بولىدۇ، ياكى بولمايدۇ دەپ جاۋاپ بېرىش ماركسىزىم
مەۋقەسىدىن پۈتۈنلەي ۋازكەچكەنلىك بولىدۇ.

بىزنىڭ رايە قىلىشمىزغا تېگىشلىك ئىككى ئاساسىي نەزىرىيە-
ۋى پىرىنسىپ ئەنە شۇ. غەربىي ياۋروپادىكى ماركسىزىم تارىخى
بىزگە يۇقۇرىدىكى قائىدىنى سانسىز مىساللار بىلەن دەلىللەپ بەردى.
ياۋروپادىكى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى پارلامېنت تۈزۈمىنى
ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ھەركىتىنى نوۋەتتىكى كۈرەشنىڭ ئاساسىي
شەكلى، دەپ قارايدۇ، لېكىن ئۇ روسىيە كادېتلىرى[84] ۋە ماۋزۇسىزچە-
لارغا[149] ئوخشاش لىبېرال بۇرژۇئازلارنىڭ پىكرىنىڭ ئەكسىچە،
قوزغىلاڭنى بۇرۇن ئېتىراپ قىلغان ئىدى ۋە كەلگۈسىدە ۋەزىيەتتە
ئۆزگىرىش بولغان ۋاقىتتىمۇ، ئۇنى ئېتىراپ قىلىشقا پۈتۈنلەي تەييار
تۇرماقتا. سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى 70 ـ يىللاردىكى ئومۇمى
ئىش تاشلاشنى ئىجتىمائى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان شىپالىق دورا،
بۇرژۇئازىينى غەيرى سىياسى يول ئارقىلىق دەرھال ئاغدۇرۇپ
تاشلىيالايدىغان ۋاستە دەپ قارىمىدى، لېكىن سوتسىيال دېموكرات-
لار پارتىيىسى ئاممىۋى خاراكتېرلىق سىياسى ئىش تاشلاشنى(بولۇپمۇ
روسىيىنىڭ 1905 ـ يىلىدىكى تەجرىبىسىدىن كېيىن) مەلۇم شارائىتتا
زورۇر بولغان كۈرەش ۋاستىلىرىدىن بىرى دەپ پۈتۈنلەي ئېتىراپ
قىلىدۇ. سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى 19 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىل-
لىرىدىكى كوچا ئىستىھكاملىرى كۈرىشىنى ئېتىراپ قىلغان ئىدى،
19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مەلۇم ئەھۋاللارغا ئاساسلىنىپ ئۇنى ئىنكار
قىلدى، لېكىن موسكۋا تەجرىبىسىدىن كېيىن يەنە كوچا ئىستىھكاملى-
رى كۈرىشىنى ئىنكار قىلىدىغان قاراشنى تۈزىتىشنى تامامەن خالاي-
دىغانلىغىنى بىلدۈرۈپ، بۇنداق كۈرەشنىڭ مۇۋاپىق ئىككەنلىكىنى

ئېتىراپ قىلدى، چۈنكى، كائۇتسكىنىڭ سوزى بىلەن ئېيتقاندا، موسكۋا تەجرىبىسى يىڭىچە كوچا ئىستىھكامى تاكتىكىسىنى كورسىتىپ بەردى.

2

بىز ماركسىزمنىڭ ئومۇمى قائىدىلىرىنى ئېنىقلاپ ئالغان ئىكەنمىز، ئەمدى روسىيە ئىنقىلاۋى مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ ئوتەيلى. بىز ئاۋال روسىيە ئىنقىلاۋى ئوتتۇرىغا قويغان ھەر خىل كۈرەش شەكىللىرىنىڭ تارىخىي ئوزگىرىشىنى ئەسلەپ ئوتەيلى. دەسلەپتە ئىشچىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىش تاشلاشلىرى بولدى (1896 — 1900 - يىللار)، ئارقىدىنلا ئىشچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسى نامايىشلىرى (1901 — 1902 - يىللار)، دىخانلار توپىلاڭلىرى (1902 - يىل)، ھەر خىل شەكىللەردە نامايىش بىلەن ماسلىشىشقا باشلىغان ئاممىۋى خاراكتىرلىق سىياسى ئىش تاشلاشلار (1902 - يىلى روستوۋدىكى ئىش تاشلاش، 1903 - يىلى يازدىكى ئىش تاشلاش، 1905 - يىلىدىكى 9 - يانۋار ۋەقەسى[226])، پۈتۈن روسىيە مىقياسىدىكى سىياسى ئىش تاشلاش ۋە بەزى جايلاردا يۈز بەرگەن كوچا ئىستىھكامى كۈرىشى (1905 - يىل 10 - ئاي) ئاممىۋى كوچا ئىستىھكامى كۈرىشى ۋە قوراللىق قوزغىلاڭلار (1905 - يىل 12 - ئاي)، تىنچ پارلامېنت كۈرىشى (1906 - يىل 4 — 6 - ئايلار)، ئارمىيىدىكى قىسمەن قوزغىلاڭلار (1905 - يىل 6 - ئاي — 1906 - يىل 7 - ئاي)، قىسمەن دىخانلار قوزغىلاڭلىرى (1905 - يىل كۈز — 1906 - يىل كۈز) بولدى.

ئومۇمى كۈرەش شەكىللىرىدىن قارىغاندا، 1906 - يىل كۈزگە قەدەر ئەھۋال ئەنە شۇنداق. مۇستەبىتلىكنىڭ بۇنىڭغا "جاۋابەن" قوللانغان كۈرەش شەكلى 1903 - يىل باھاردىكى كىشىنوۋ ۋەقەسى-

دىن تا 1906 ـ يىل كۈزدىكى سېدلېتس ۋەقەسىگىچە داۋاملاشقان لۈكچەكلەر زوراۋانلىغى بولدى. شۇ مەزگىللەردە، لۈكچەكلەرنىڭ زوراۋانلىغى ۋە يەھۇدىلار، ئوقۇغۇچىلار، ئىنقىلاپچىلار ھەم ئاڭلىق ئىشچىلارغا قارىتىلغان قىرغىنچىلىق ئەۋج ئېلىۋەردى ۋە تاكامۇللىشىۋەردى، بىر قىسىم سېتىلغان نادانلار زوراۋانلىققا سېلىنغاندىن باشقا، يەنە لۈكچەكلەر قوشۇنىمۇ زوراۋانلىققا سېلىندى، ھەتتا يېزا ۋە شەھەرلەردە زەمبىرەكلەر ئىشقا سېلىندى، جازا قوشۇنلىرى، جازا پويىزلىرى ۋاھاكازالار ئەۋەتىلدى.

بولغان ئەھۋالنىڭ ئاساسىي ئارقا كورۇنۇشى ئەنە شۇ. بۇ ئارقا كورۇنۇشتىنمۇ مۇشۇ ماقالىدا تەكشۈرمەكچى ۋە باھا بەرمەكچى بولغان ئاشۇنداق ھادىسە كورۇلۇپ تۇرىدۇ، ئەلۋەتتە، بۇ قىسمەن، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان قوشۇمچە ھادىسە. بۇ زادى قانداق ھادىسە؟ ئۇ قانداق شەكىلدە ئىپادىلەنگەن؟ ئۇنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەۋى نېمە؟ ئۇ قايسى ۋاقىتتا پەيدا بولغان، قانچىلىك دەرىجىدە كېڭەيگەن؟ ئۇنىڭ ئىنقىلاپنىڭ ئومۇمى جەريانىدىكى ئەھمىيىتى قانداق؟ ئۇنىڭ سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى تەشكىللىگەن ۋە رەھبەرلىك قىلغان ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كۈرىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قانداق؟ مانا بۇلار ــ بىز بۇ ئەھۋالنىڭ ئومۇمى ئارقا كورۇنۇشنى سۈرەتلەپ چىققاندىن كېيىن تەھلىل قىلماقچى بولغان مەسىلىلەر.

بىزنىڭ كوڭۈل بولۇۋاتقىنىمىز ــ **قوراللىق** كۈرەش. بۇ كۈرەشنى ئايرىم كىشىلەر ۋە ئاز سانلىق كىشىلەر ئېلىپ بارماقتا. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتلارغا قاتناشقان، بىر قىسمى (روسىيەنىڭ مەلۇم جايلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ **كوپ** قىسمى) ھېچقانداق ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتقا قاتناشمىغان. قوراللىق كۈرەشنىڭ **ئوخشاش بولمىغان** ئىككى خىل مەقسىدى بولىدۇ، بىز بۇ ئىككى خىل مەقسەتنى **قاتتىق** پەرقلەندۈرۈشىمىز كېرەك: بىرىنچى، بۇ كۈرەش

ئايرىم شەخسلەرنى، ئارمىيە ـ ساقچىلارنىڭ باشلىقلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ؛ ئىككىنچى، ھوكۇ- مەت ۋە شەخسنىڭ ئىلكىدىكى پۇللارنى مۇسادىرە قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. مۇسادىرە قىلىنغان پۇلنىڭ بىر قىسمى پارتىيىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن، بىر قىسمى مەخسۇس قورال-ياراق سېتىۋېلىش ۋە قوزغىلاڭ تەييارلىقى ئۈچۈن، يەنە بىر قىسمى شۇنداق كۈرەشلەرگە قاتناشقان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. تارتىۋېلىنغان ئاۋۇن پۇل (كاۋكازدا 200 نەچچە مىڭ رۇبلى مۇسا- دىرە قىلىندى، موسكۋادا 875 مىڭ رۇبلى مۇسادىرە قىلىندى) ئالدى بىلەن ئىنقىلاۋىي پارتىيىگە تاپشۇرۇلىدۇ؛ تارتىۋېلىنغان پارچە- پۇرات پۇللار ئالدى بىلەن، بەزىدە ھەتتا پۈتۈنلەي "مەھرۇم قىلىغۇچىلار"نىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇنداق كۈرەش شەكلى، روشەنكى، 1906 ـ يىلى، يەنى دېكابىر قوزغىلىڭىدىن كېيىنلا كەڭ كولەمدە ئەۋج ئالدى، راۋاجلاندى ۋە كەسكىنلىشىپ قوراللىق كۈرەشنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش دەرىجىسىگە يەتكەن سىياسى كىرىزىس، بولۇپمۇ يېزا ۋە شەھەرلەردىكى نامراتچىلىق، ئاچارچىلىق ۋە ئىشسىزلىقنىڭ جىددىيلىشىشى بۇنداق كۈرەشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاساسىي سەۋەپلەرنىڭ بىرى ئىدى. كەسپىسىز سەرگەر- دانلار، لۈكچەكلەر ۋە ھوكۇمەتسىزلەر گۇرۇھى بۇنداق كۈرەش شەكلىنى ئاساسىي ھەتتا **بىردىن-بىر** ئىجتىمائى كۈرەش شەكلى دەپ قارىدى. مۇستەبىت ھوكۇمەتنىڭ بۇنىڭغا "جاۋابەن" قوللانغان كۈرەش شەكلى ــ ھەربى ھالەت يۈرگۈزۈش، يېڭى قىسىملارنى ھەركەتلەندۈرۈش، لۈكچەكلەر زوراۋانلىغىنى يولغا قويۇش (سېدلىتس ۋەقەسى) ۋە ئۇرۇش مەيدانى سودىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى.

3

ئادەتتە بۇنداق كۈرەشكە بېرىلگەن باھانى توۋەندىكىدەك يىغىنـ چاقلاشقا بولىدۇ: بۇ ــ ھوكۇمەتسىزلىك، بلانكىچىلىق[65]، كونا تېرورـ لۇق، ئاممىدىن ئايرىلغان شەخسى ھەركەت، بۇ ھەركەت ئىشچىلارنىڭ كەيپىياتىغا بەرھەم بېرىپ، كەڭ ئاھالىنى ئىشچىلاردىن يىـراقلاشتۇـ رىدۇ، ھەركەتنى پارچىلايدۇ، ئىنقىلاپقا زىيان يەتكۈزىـدۇ. كىـشىلەر گېزىتـلەردە ھەر كۈنى خەۋەر قىلىـنىۋاتـقان ۋەقـەلەردىن بۇنـداق باھانى ئىسپاتلايدىغان مىساللارنى ئاسانلا تېپىۋالالايدۇ.

لېكىن بۇ مىساللار ھەقىقى مىساللارمۇ؟ بۇنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن بۇنداق كۈرەش شەكلى **ئەڭ** تەرەقـقى قىلغان جايـنى يەنى لاتۋىيە چېگرا رايونىنى كوزدىن كەچۈرۈپ چىقساق ئارتۇقچىـلىق قىـلماس. «يېڭى دەۋر»[17] گېزىتىنىڭ (9ـ ئاينىڭ 9ـ ۋە 12ـ كۈنـدىكى سانـ لىرى) لاتۋىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىـسىنىڭ پائالـيىتىدىن قانداق زارلانغانلىقىغا نەزەر سالايلى. لاتۋىيە سوتـسىيال دېموكراـ تىك ئىشچىلار پارتىيىسى (ئۇ روسىيە سوتسىيال دېموكـراتىك ئىشـ چىلار پارتىيىسىنىڭ بىر قىسمى)نىڭ چىقارغان گېزىتـىنىڭ ھەر سانى ئادەتتە 30 مىڭ نۇسخىدىن بېسىلىدۇ. گېزىتنىڭ رەسـمىي بەتلىرىدە ھەر بىر ۋىجدانلىق كىشىنىڭ يوقىتىش مەسئۇلىيىتى بولغان جاسۇسـ لارنىڭ ئىسملىكى بېسىلىپ تۇرىدۇ، ساقچى ئىدارىسـىگە ياردەملەشـ كۈچىلەرنىڭ ھەممىسى "ئىنقىلاپنىڭ دۈشمەنلىـرى" دەپ جاكالىنىپ، ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنـىدۇ. ئاھالە سوتسـىيال دېموكراتـلار پارتىيىـسىگە پۇل ئىئانە قىلىشتا، پۇل تاپشۇرۇپ ئالغۇچى تامغا بېسـىلغان ھوجـجەتنى كورـ سەتكەندىلا، ئاندىن پۇلنى تاپشۇرۇشى لازىم ئىكەن. پارتىيە يېقىندا

ئېلان قىلغان ھېساۋاتتا 48 مىڭ رۇبلى يىغىلىق كىرىمدىن لىباۋا ياچپيكىسى قورال-ياراق سېتىۋېلىش ئۈچۈن مەھرۇم قىلىش يولى بىلەن تاپقان 5 مىڭ 600 رۇبلى بارلىقى كورستىلگەن، «يېڭى دەۋر» گېزىتى قاتتىق غەزەپكە كەلدى، روشەنكى، بۇ، بۇنداق "ئىنقىلاۋىي قانۇنچىلىق"قا، بۇ "قورقۇنچلۇق ھوكۇمەت"كە قارشى تۇرغانلىق.

لاتۋىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ بۇ پائالىيىتىنى ھوكۇمەتسىزلىك، بلانكىچىلىق، تېررورلۇق دەپ ئېيتىشقا ھېچكىممۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ. نىمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، بۇ يەردە شۇنى روشەن كورۇۋېلىشقا بولىدۇكى، يېڭى كۇرەش شەكلى 12-ئايدا يۈز بەرگەن ۋە ھازىر يەنە تەييارلىنىۋاتقان قوزغىلاڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك. پۈتۈن روسىيىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ مۇناسىۋەت ئېنىق دىگەندەك روشەن ئەمەس، لېكىن بۇ مۇناسىۋەت ھەقىقەتەن مەۋجۇت. "پارتىزانلىق" كۇرەشكە كەلسەك، ئۇ 12-ئايدىن كېيىن كېڭىيىپ كېلىۋاتىدۇ، بۇ كۇرەش ئىقتىسادىي كىرىزىسنىڭ كەسكىنلىشىشى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى سىياسى كىرىزىسنىڭ كەسكىنلىشىشى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك، بۇنىڭدىمۇ شەك-شۇبھە يوق. كونا روسىيە تېررورلۇغى سۇيىقەستچى زىيالىلارنىڭ قىلغان ئىشى ئىدى؛ ھازىرقى پارتىزانلىق كۇرەشلەر ئومۇمەن ئىشچى جەڭگىۋارلار ياكى ئىشسىز ئىشچىلار تەرىپىدىنلا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. بلانكىچىلىق ۋە ھوكۇمەتسىزلىك دىگەن بۇ ئىككى ئاتالغۇ تەبىيكى، ئۇلۇك ئېسىلىۋېلىشقا ئامراق كىشىلەرنىڭ كاللىسىغا ئاسان كېلىپ قالىدۇ، لېكىن لاتۋىيە چېگرا رايونىغا ئوخشاش شۇنداق روشەن قوزغىلاڭ شارائىتىدا، بۇنداق تىتىلىپ كەتكەن ماركىنىڭ يارىمايدىغانلىقى روشەن كورۇنۇپ تۇرىدۇ.

مەملىكىتىمىزدە پارتىزان ئۇرۇشىنى قوزغىلاڭ شارائىتىدىن ئايرىپ

تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى شۇ قەدەر ئەۋج ئېلىپ كەتكەنكى، ئۇنىڭ تامامەن ناتوغرىلىغى، ئىلمىي، تارىخىي ئەمەسلىگى لاتۋىيە مەسىلىدا روشەن كورۇنۇپ تۇرۇپتۇ. بۇ شارائىتنى ئېتىۋارغا ئېلىش كېرەك، ئىككى قېتىملىق كەڭ قوزغىلاڭ ئارىلىغىدىكى دەۋرنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئويلاپ كورۇش كېرەك. كادېتلار ۋە يېڭى دەۋر گېزىتى تەرەپدارلىرى ياخشى كورىدىغان ھوكۇمەتسىزلىك، تالان-تاراج، سەرگەردانلىق دېگەنگە ئوخشاش سوزلەرنى كەلسە-كەلمەس ئىشلىتىپ، قول ئۇچىدىلا ئىش كورمەي، بەلكى شۇ دەۋردە قانداق كۇرەش شەكىللىرىنىڭ مۇقەررەر مەيدانغا كېلىدىغانلىغىنى چۈشىنىش كېرەك!

بەزىلەر، پارتىزانلىق ھەركەتتى بىزنىڭ ئىشىمىزنى بۇزىدۇ، دەيدۇ. بىز بۇنداق مۇلاھىزىنى 1905-يىل 12-ئايدىن كېيىنكى شارائىت بىلەن، لۇكچەكلەر زوراۋانلىق قىلغان ۋە ھەربىي ھالەت يۇرگۈزۈلگەن دەۋر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كورسەك ئارتۇقچىلىق قىلماس. **مۇشۇنداق** دەۋردە ھەركەتنى ھەممىدىن بەك بۇزىدىغان نەرسە زادى نىمە؟ قارشىلىق كورسەتمەسلىكمۇ؟ ياكى تەشكىللىك بولغان پارتىزان كۇرەشلىرىمۇ؟ روسىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى ئۇنىڭ غەربىي چېگرا رايونلىرى يەنى پولشا ۋە لاتۋىيە چېگرا رايونى بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقساق بولىدۇ. روشەنكى، پارتىزانلىق كۇرەشى غەربىي چېگرا رايونلاردا تېخىمۇ كېڭەيگەن، تېخىمۇ ئەۋج ئالغان. شۇنىڭدەك، ئومۇمى ئىنقىلاۋىي ھەركەت، بولۇپمۇ سوتسىيال دېموكېراتىك ھەركەت، روسىيىنىڭ غەربىي چېگرا رايونلىرىدىن كورە، ئۇنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا **تېخىمۇ زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىغى ئېنىق**. ئەلۋەتتە، بىز بۇنىڭدىن ھەرگىز پولشا بىلەن لاتۋىيىدىكى سوتسىيال دېموكراتىك ھەركەت پارتىزان ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىلغانلىغى **سەۋەۋىدىن** بۇزغۇنچىلىققا ئازراق ئۇچرىغان، دېگەن خۇلا-

سىنى چىقارمايمىز. ياق، ئۇنداق ئەمەس. بۇنىڭدىن پەقەت شۇنداق
خۇلاسە چىقىرىش كېرەككى، 1906 ـ يىلدىكى روسىيە سوتسىيال دېمو-
كراتىك ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى پارتىي-
زان ئۇرۇشىدىن كورۇشكە بولمايدۇ.

كىشىلەر بۇ ھەقتە توختالغاندا، كوپىنچە، مىللى شارائىتنىڭ ئوخ-
شاش بولماسلىقىنى بانا قىلىپ كورسىتىدۇ. لېكىن بۇنداق بانا كور-
سىتىش ھازىر دىيىلىۋاتقان ئاساسلارنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى
ناھايىتى روشەن ئاشكارىلاپ بەردى، خالاس. گەپ مىللى شارائىتنىڭ
ئوخشاشماسلىقىدا بولسا، دىمەك، گەپ ھوكۇمەتسىزلىك، بىلانكىچىلىق،
تېرورلۇققا ئوخشاش پۈتۈن روسىيە دائىرىسىدىكى ۋە ھەتتا يالغۇز
روسىيە دائىرىسىدىكى نۇقسانلاردا ئەمەس، بەلكى باشقا مەلۇم بىر
سەۋەپتە بولىدۇ-دە. جاناپلار، ئاشۇ باشقا بىر سەۋەپىنى **كونكرىت**
تەھلىل قىلىپ كورۇڭلار! شۇ چاغدا سىلەر مىللى زۇلۇم ياكى مىللى
قارىمۇ-قارشىلىقنىڭ ھىچقانداق مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەي-
دىغانلىقىنى بىلىسلەر، چۈنكى بۇ ھال غەربىي چېگرا رايونلاردا
ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئىدى، پارتىزانلىق كۈرىشى بولسا،
پەقەت نوۋەتتىكى تارىخىي دەۋرنىڭلا مەھسۇلى. نۇرغۇن جايلار
باركى، ئۇ يەرلەردە مىللى زۇلۇم ۋە مىللى قارىمۇ-قارشىلىق بول-
سىمۇ، پارتىزانلىق كۈرىشى يوق، ۋاھالەنكى، پارتىزانلىق كۈرىشى
بەزى چاغلاردا، ھىچقانداق مىللى زۇلۇم بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ
تەرەققى قىلىۋېرىدۇ. مەسىلە كونكرىت تەھلىل قىلىنىدىغانلا بولسا،
مەسىلىنىڭ مىللى زۇلۇمدا ئەمەس، بەلكى قوزغىلاڭنىڭ شەرت-
شارائىتىدا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. پارتىزانلىق كۈرىشى ئاممىۋى
ھەركەت ئەملىيەتتە قوزغىلاڭ دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن ۋاقتى-
دىكى، ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ”ئىككى قېتىملىق زور ئېلىشىشى“ ئارىلىغى-
دىكى ئۇزاقراق مەزگىل ئىچىدە خالى بولغىلى بولمايدىغان كۈرەش

شەكلى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

ھەركەتنى پارتىزانلىق ھەركىتى ئەمەس، بەلكى بۇ ھەركەتنى **ئىگەللەشكە** قۇدرىتى يەتمەيدىغان پارتىيىنىڭ ئاجىزلىغى بۇزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىز رۇسلار ئادەتتە، بىر تەرەپتىن، پارتىزانلىق قوزغىلىشلارغا لەنەت ياغدۇرىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن، پارتىيىنى ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدىغان يوشۇرۇن، تاسادىپى، تەشكىلسىز پارتىزانلىق ھەركەت ئېلىپ بارىمىز. بىز بۇ كۈرەشنى پەيدا قىلغان تارىخىي شارائىتلارنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ يامان تەسىرىنىمۇ تۈگىتەلمەيمىز. كۈرەش بولسا داۋاملاشماقتا. بۇ كۈرەشنى زور ئىقتىسادىي، سىياسى سەۋەپلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان. بىز بۇ سەۋەپلەرنى يوققا چىقارماي تۇرۇپ، بۇ كۈرەشنىمۇ يوققا چىقىرالمايمىز. بىزنىڭ پارتىزانلىق كۈرەشىدىن زارلانغانلىغىمىز ئەمەلىيەتتە پارتىيىمىزنىڭ قوزغىلاڭ ئىشىدىكى زەئىپلىگىدىن زارلانغانلىغىمىز بولىدۇ.

تەشكىلىي بۇزۇلۇش مەسىلىسى ھەققىدە يۇقۇرىدا ئېيتقانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى روھىي بۇزۇلۇش مەسىلىسىگىمۇ ياتىدۇ. روھىي بۇزۇلۇش پارتىزان ئۇرۇشىدىن بولمايدۇ، بەلكى پارتىزانلىق قوزغىلىشنىڭ **تەشكىلاتچانلىغىنىڭ يېتەرسىزلىگىدىن**، تەرتىپ ۋە پارتىيىۋىلىكنىڭ يېتەرسىزلىگىدىن بولىدۇ. پارتىزانلىق قوزغىلىشنى ئەيىپلەش ۋە ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇش بىزنى بۇنداق **روشەن** روھىي بۇزۇلۇشتىن قىلچە قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ، چۈنكى بۇنداق ئەيىپلەش ۋە لەنەت ئوقۇشلار چوڭقۇر ئىقتىسادىي ۋە سىياسى سەۋەپلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئالالمايدۇ. بەزىلەر بىز غەيرى نورمال ھادىسە ۋە روھىي بۇزۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئالالمايدىكەنمىز، ئۇ ھالدا، بۇ **پارتىيىمىزنىڭ** غەيرى نورمال ۋە روھىي بۇزۇلۇشتىن ئىبارەت كۈرەش ۋاستىلىرىنى قوللىنىشقا ئاساسمۇ بولالمايدۇ، دەپ رەددىيە

بىرىشى مۇمكىن. لېكىن بۇنداق رەددىيە ماركسىزىمچە رەددىيە ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي لىبېرال بۇرژۇئازىيىچە رەددىيە، چۈنكى ماركسىزىمچىلار ھەرگىز ئىچكى ئۇرۇشنى ياكى ئۇنىڭ شەكىللىرىدىن بىرى بولغان پارتىزان ئۇرۇشىنى **تومتاق ھالدا** غەيرى نورمال ھادىسە ۋە روھىي بۇزۇلۇش دەپ ھىساپلىيالمايدۇ. ماركسىزىمچىلار ئىجتىمائى تېچلىقنى ئەمەس، بەلكى سىنىپىي كۈرەشنى قۇۋۋەتلەيدۇ. كەسكىن ئىقتىسادىي سىياسى كرىزىسنىڭ مەلۇم دەۋرىدە، سىنىپىي كۈرەش تەرەققى قىلىپ ئاشكارا ئىچكى ئۇرۇشقا يەنى ئىككى بولەك كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى قوراللىق كۈرەشكە ئايلىنىدۇ، مۇشۇنداق دەۋردە ماركسىزىمچىلار ئىچكى ئۇرۇشنى قۇۋۋەتلىشى **كېرەك**. ئىچكى ئۇرۇشنى مەنىۋى جەھەتتىن ھەرقانداق ئەيىپلەشلەرگە، ماركسىزىم نۇقتىسىنەزىرى بويىچە، پۈتۈنلەي يول قويۇلمايدۇ.

ئىچكى ئۇرۇش دەۋرىدە، **جەڭگىۋار پارتىيە** بولۇپ چىقىش — پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ غايىسى. بۇنىڭدا شەك-شۈبھە يوق. پۈتۈنلەي پەرەز قىلالايمىزكى، ئىچكى ئۇرۇش نۇقتىسىنەزىرىدىن قارىغاندا، ئىچكى ئۇرۇشنىڭ مەلۇم شەكىللىرىنىڭ مەلۇم ۋاقىت **نامۇۋاپىق** بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش مۇمكىن ھەم ئۇ چوقۇم ئىسپاتلىنىدۇ. بىز ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى **ھەربى جەھەتتىن مۇۋاپىق بولۇش-بولماسلىقىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ**، تەنقىت قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى تامامەن ئېتىراپ قىلىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز **بۇنداق** مەسىلىلەرنى جايلاردىكى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئەمەلىي خىزمەتچىلىرىنىڭ بېكىتىشىگە مۇتلەق قوشۇلىمىز. بىراق بىز ماركسىزىم پرىنسىپىغا ئاساسەن، تەھلىل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىچكى ئۇرۇش شارائىتى مەسىلىسىدىن ھوكۈمەتسىزلىك، بلانكىچىلىق ۋە تېررورلۇق دېگەندەك بىر قېلىپتىكى كونا سوزلەر ئارقىلىق باش تارتماسلىقنى مۇتلەق قۇۋۋەتلەيمىز، سوتسىيال

دېموكراتلار پارتىيىسى ئومۇمى پارتىزان ئۇرۇشىغا قاتنىشىشى كېرەكمۇ-يوق دېگەن مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلغاندا، پولشا سوتسىيالىستلار پارتىيىسىنىڭ مەلۇم تەشكىلاتى بىر چاغلاردا قوللانغان ئەھمىيەتسىز پارتىزان ھەركىتى ئۇسۇلى ئارقىلىق كىشىلەرگە ھەيۋە قىلماسلىقنى قۇۋۋەتلەيمىز.

پارتىزان ئۇرۇشى ھەركەتىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدۇ دېگەن بانىلارغا تەنقىدىي قارىشىمىز كېرەك. **ھەرقانداق** يېڭى كۈرەش شەكلىنى قوللىنىشتا يېڭى خەۋپ-خەتەرگە ۋە يېڭى قۇربان بېرىشلەرگە دۇچكېلىش مۇمكىن، شۇ سەۋەپتىن بۇنداق يېڭى كۈرەش شەكلى ئالدىدا تولۇق تەييارلىق كورمىگەن تەشكىلاتلارنىڭ "بۇزغۇنچىلىق"قا ئۇچرىشى تۇرغان گەپ. بىزنىڭ بۇرۇنقى تەشۋىقات گۇرۇپپىلىرىمىز تەرغىبات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن "بۇزغۇنچىلىق"قا ئۇچرىغان ئىدى. كېيىن، بىزنىڭ كومىتېتلىرىمىزمۇ نامايىش قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ھەرقانداق ھەربى ھەركەت، مەيلى قانداق ئۇرۇشتا بولمىسۇن، ئۇرۇش قىلغۇچى قوشۇننى خېلى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدۇ. لېكىن بۇنىڭدىن ھەرگىز ئۇرۇش قىلماسلىق كېرەك دەپ خۇلاسە چىقىرىشقا بولمايدۇ. بۇنىڭدىن ئۇرۇش قىلىشنى **ئۆگىنىۋېلىش** كېرەك دەپ خۇلاسە چىقىرىش لازىم. شۇنداق بولىدۇ، خالاس.

بەزى سوتسىيال دېموكراتلار مەغرۇرلۇق ۋە تەكەببۇرلۇق بىلەن، بىز ھوكۇمەتسىزلەر ئەمەسمىز، بىز ئوغرى، بۇلاڭچىلار ئەمەسمىز، بىز بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن يۇقۇرى تۇرىمىز، بىز پارتىزان ئۇرۇشىغا قارشى تۇرىمىز دېيىشىدۇ، مەن ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق سوزلىرىنى ئاڭلىغىنىمدا، ئۆز ئۆزەمدىن: بۇ كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقلىرىنى چۈشىنەمدىغاندۇ؟ دەپ سورايمەن. ھازىر مەملىكەتنىڭ

ھەرقايسى جايلىرىدا لۇكچەكلەر ھوكۇمىتىنىڭ ئاھالىگە قارشى قورال-لىق توقۇنۇشلىرى ۋە ئېلىشىشلىرى داۋام قىلماقتا. بۇنىداق ھادىسە ئىنقىلاپ تەرەققىياتىنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدا پۈتۈنلەي مۇقەررەر نەرسىدۇر. ئاھالە بۇنىداق ھادىسىگە ئىستىخىيىلىك، ئۇيۇشمىغان ھالدا ــ شۇنىڭ ئۇچۇنىمۇ، كوپىنچە، ئۇنۇم بېرەلمەيدىغان **ناچار** شەكىللەردە قوراللىق توقۇنۇشلار ۋە ھۇجۇملار بىلەن جاۋاپ بېرىدۇ. تەشكىلىمىزنىڭ ئاجىزلىغى ۋە تەييارلىغىنىڭ كەمتۇكلۇگى تۇپەيلىدىن مەلۇم جايدا ۋە مەلۇم ۋاقىتتا، **بۇنداق** ئىستىخىيىلىك كۇرەشلەرگە بولغان پارتىيە رەھبەرلىگىدىن ۋازكېچىشىمىز مۇمكىن، مەن بۇنى چۇشىنىمەن. بۇ مەسىلىنى جايلاردىكى ئەمىلىي ئىش بىلەن شۇغۇل-لانغۇچى خادىملار ھەل قىلىشى كېرەك، ئاجىز ۋە تەييارلىغى كەم تەشكىلاتلارنى ئۆزگەرتىش ئاسان ئىش ئەمەس، مەن بۇنىمۇ چۇشى-نىمەن. لېكىن، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ مەلۇم نەزىرى-يىچىسى ياكى سىياسى مۇھاكىمچىسى تەييارلىقنىڭ كەم-كۇتلۇگىدىن ئەپسۇسلىنىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، ئوزى ياش چېغىدا يادلى-ۋالغان ھوكۇمەتسىزلىك، بلانكىچىلىق ۋە تېررورلۇق ھەققىدىكى ئىبا-رىلەرنى تەكەببۇرلۇق ۋە نارتسىس[190] چە كورەڭلىك بىلەن تەكرار-لايدۇ. مەن مۇنداق ئەھۋالنى كورگىنىمدە دۇنيادىكى ئەڭ ئىنقىلاۋىي تەلىماتنىڭ ۋەيران قىلىنىشىدىن قايغۇرماي تۇرالمايمەن.

بەزىلەر، پارتىزان ئۇرۇشى ئاڭلىق پرولېتارىياتنى تۈزەلمەس ئۇششۇق لۇكچەكلەر دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويىدۇ، دېيىشىدۇ. بۇ توغرا، لېكىن بۇنىڭدىن، پرولېتارىيات پارتىيىسى ھەرقانداق ۋاقىتتا پارتىزان ئۇرۇشىنى بىردىن-بىر كۇرەش ۋاستىسى ھەتتا ئاساسىي كۇرەش ۋاستىسى قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ، بۇ ۋاستە باشقا كۇرەش

ۋاستىلىرىگە بوي سۇنۇشى لازىم، ئاساسىي كۈرەش ۋاستىلىرىگە ئۇيۇ-
غۇنلىشىشى لازىم، سوتسىيالىستىك تەربىيە ۋە تەشكىلىي جەھەتتىكى
تەسىر ئارقىلىق بىر خىل يۈكسەك ۋاستىگە ئايلاندۇرۇلۇشى كېرەك،
دېگەن خۇلاسىلا كېلىپ چىقىدۇ. **كېيىنكى** بۇ شەرت يولمىسا، بۇرژۇئا
جەمىيىتىدە كۈرەشنىڭ **ھەممە** ۋاستىلىرى، ھەقىقەتەن ھەممە ۋاستى-
لىرى پرولېتارىياتنى ئۆزىدىن يۇقىرى ياكى ئۆزىدىن تۆۋەن **تۇرغان**
غەيرى پرولېتارلار تەبىقىسى دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويىدۇ، **ئەگەر**
ئۇ بولۇشىغا قويۇپ بېرىلسە، بېشى قايغان ـ پۈتى تايغان تەرەپكە
كېتىپ قالىدۇ، بۇزۇلىدۇ، چىرىكلىشىدۇ. بولۇشىغا قويۇپ بېرىلگەن
ئىش تاشلاشلار، كوپ ھاللاردا، ئىشچىلار بىلەن زاۋۇت ئىگىلىرى
مۇرەسسەلىشىپ، ئىستىمالچىلارغا **قارشى تۇرىدىغان** ”ئىتتىپاق“قا
ئايلىنىپ قالىدۇ. پارلامېنت چۈشكۈنلىشىپ بىر ئوچۇم بۇرژۇئا سىيا-
سەتۋازلىرى ”خەلق ئەركىنلىگى“، ”لىبېرالىزىم“، ”دېموكراتىيە“،
جۇمھۇرىيەتچىلىك، دىنىي ھاكىمىيەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، سوتسى-
يالىزىم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بازىرى چىققان خىلمۇ ـ خىلماللار
بىلەن پارچە ۋە كوتىرە سودا قىلىنىدىغان پاھىشىخانىغا ئايلىنىپ
قالىدۇ. گېزىت چۈشكۈنلىشىپ ھەممىگە خىزمەت قىلىدىغان دەللالغا،
ئاممىنى چىرىتىدىغان، ئاۋام خەلقنىڭ پەسكەش تۇيغۇلىرىغا ماسلىشى-
دىغان قورالغا ئايلىنىپ كېتىدۇ ۋە باشقىلار. سوتسىيال دېموكراتلار
پارتىيىسى ھەممىگە قادىر بىرەر كۈرەش ۋاستىسىنىڭ بارلىغىنى، پرولې-
تارىياتنى ئۆزىدىن سەل يۇقىرى ياكى سەل تۆۋەن تۇرىدىغان
تەبىقىلەردىن سەددىچىن سېپىلى ئارقىلىق ئاجرىتىپ تاشلايدىغان
بىرەر ۋاستە بارلىغىنى بىلمەيدۇ. سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى
تۈرلۈك دەۋرلەردە تۈرلۈك ۋاستىلەرنى قوللىنىدۇ ھەمدە مۇشۇنداق
ۋاستىلەرنى قوللىنىش ئۈچۈن **ھەر ۋاقىت** ئىدىيىۋى ۋە تەشكىلىي
جەھەتتىن **مۇكەممەل** ۋە مۇئەييەن شەرت ـ شارائىتلارنى ھازىرلاپ

بېرىدۇ①.

4

روسىيە ئىنقىلابىنىڭ كۆرەش شەكىللىرى ياۋروپادىكى بۇرژۇئا ئىنقىلابىغا قارىغاندا كۆپ مۇرەككەپ. كائۇتسكى بۇنى قىسمەن ھالدا ئالدىن كۆرگەن، ئۇ 1902-يىل كەلگۈسىدىكى ئىنقىلابنى (ئۇ **ئېھتىمال** روسىيە بۇنىڭ سىرتىدا بولۇشى مۇمكىن دەپ قوشۇپ قويغان) خەلق بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش دېگەندىن كۆرە، ئىككى بولەك كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش دېگەن تۈزۈك، دېگەن ئىدى. بىز بۇ **ئىككىنچى خىل** كۆرەشنىڭ روسىيەدە، روشەنكى، غەرب ئەللىرىنىڭ بۇرژۇئا ئىنقىلابىدىكىگە **قارىغاندا** تېخىمۇ كەڭ راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. مەملىكىتىمىزدە ئىنقىلاب دۈشمەنلىرىنىڭ سانى خەلق ئارىسىدا كۆپ ئەمەس، لېكىن ئۇلار كۆرەشنىڭ كەسكىنلىشىشىگە ئەگىشىپ، كۈندىن-كۈنگە تەشكىللەندى ھەمدە بۇرژۇئازىيە ئىچىدىكى ئەكسىيەتچى تەبىقىلەرنىڭ قوللىشىغا

---

① بەزىلەر، كوپىنچە، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىدىكى بولشېۋىكلەرنى پارتىزانلىق قوزغىلىشقا يېنىك، بىر تەرەپلىمە پوزىتسىيە تۇتتى دەپ ئەيىپلەيدۇ. شۇڭا بۇ يەردە پارتىزان ھەركىتىنى قوللايدىغان بىر قىسىم بولشېۋىكلەرنىڭ پارتىزان ھەركىتى توغرىسىدىكى قارار لايىھىسى («پارتىيىنىڭ ئىچكى خەۋىرى»[289] نىڭ 2-سانىغا ۋە لېنىننىڭ قۇرۇلتاي توغرىسىدىكى دوكلادىغا[290] قارالسۇن)دە تۆۋەندىكى بىرقانچە ماددىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى پارتىزان ھەركىتىنى ئېتىراپ قىلىشنىڭ شەرتى قىلىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش ئارتۇقلۇق قىلماس، بۇ شەرتلەردە: شەخسلەرنى مال-مۈلكىدىن ”مەھرۇم قىلىش“ ۋاستىسىنى قوللىنىشقا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ؛ غەزنە مۈلكىنى ”مەھرۇم قىلىش“ ۋاستىسىنى قوللىنىش تەشەببۇس قىلىنمايدۇ، بەلكى

ئېرىشتى. شۇڭا **بۇنداق** دەۋردە، ئومۇم خەلقىنىڭ سىياسى ئىش تاشلاشلىرى يۇز بەرگەن دەۋردە **قوزغىلاڭ** ناھايىتى قىسقا مۇددەتلىك، ناھايىتى تار دائىرىدە يەككە ھەركەت قىلىشقا ماس كېلىدىغان كونا شەكلىنى قوللىنالمايدۇ، بۇ ناھايىتى تەبىي ھەم مۇقەررەردۇر. شۇڭا قوزغىلاڭ مەملىكەتنى قاپلىغان، ئۇزاق مۇددەت داۋاملىشىدىغان ئىچكى ئۇرۇشنىڭ، يەنى ئىككى بولەك كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان قوراللىق كۇرەشنىڭ ئېخىمۇ ئالى، ئېخىمۇ مۇرەككەپ شەكلىنى قوللىنىدۇ، بۇمۇ ناھايىتى تەبىي ۋە مۇقەررەردۇر. بىزنىڭچە، بۇنداق ئۇرۇش پەقەتلا ئۇزاقراق ۋاقىت ئوتكەندىن كېيىن بولۇپ تۇرىدىغان بىرقانچە چوڭ ئېلىشىش ۋە مۇشۇ ئارىلىقلاردا يۇز بېرىدىغان نۇرغۇن كىچىك توقۇنۇشلاردىنلا ئىبارەت. مۇشۇنداق بولىدىكەن — بۇنداق بولۇشىدا شەك يوق. — سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىمۇ جەزمەن مۇشۇ چوڭ ئېلىششلاردا ۋە ئىمكان قەدەر مۇشۇ كىچىك توقۇنۇشلاردا ئاممىغا ئەڭ زور دەرىجىدە رەھبەرلىك قىلالايدىغان

پارتىيىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش ھەمدە پۇلنى قوزغىلاڭنىڭ ئېھتىياجىنى قامداشقا ئىشلىتىش شەرتى ئاستىدىلا قوللىنىشقا يول قويۇلىدۇ، دېگەنلىك. ھوكۇمەت زوراۋانلىرى ۋە ئەشەددى لۈكچەكلەرگە قارشى تېرورلۇق شەكلىدىكى پارتىزان ھەركىتىنى قوللىنىش تەشەببۇس قىلىنغان. لېكىن بۇنىڭمۇ چوقۇم رىايە قىلىشقا تېگىشلىك توۋەندىكى شەرتلىرى بار ئىدى: (1) كەڭ ئاممىنىڭ كەيپىياتىنى ئېتىۋارغا ئېلىش؛ (2) شۇ جايدىكى ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ شارائىتىنى نەزەرگە ئېلىش؛ (3) پۇرولېتارىياتنىڭ بىكاردىن-بىكار كۈچ سەرپ قىلماسلىقىنىڭ ئامالىنى قىلىش. بىرلەشكەن قۇرۇلتاي 291 دا ماقۇللانغان قارارنىڭ بۇ لايىھىسىدىن ئەمەلىي پەرقى پەقەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇنىڭدا غەزنە مۈلكىنى "مەھرۇم قىلىش"قا يول قويۇلمىدى.

تەشكىلاتلارنى قۇرۇشنى ئۆز ئالدىغا ۋەزىپە قىلىپ قويۇشى كېرەك.
سىنىپىي كۈرەش كەسكىنلىشىپ ئىچكى ئۇرۇش دەرىجىسىگە يەتكەن
دەۋردە، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ۋەزىپىسى **مۇشۇ**
ئىچكى ئۇرۇشقا قاتنىشىشلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى **مۇشۇ**
ئىچكى ئۇرۇش داۋامىدا رەھبەرلىك رولىنى ئويناشتىن ئىبارەت
بولۇشى كېرەك. سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ئۆز تەشكىلات-
لىرىنى ياخشى تەربىيىلەپ ۋە يېتىشتۈرۈپ، ئۇلارنى **ئۇرۇش**
قىلغۇچى بىر تەرەپ سۈپىتىدە ھەقىقى رول ئويناليدىغان، دۈش-
مەن كۈچلىرىگە زەربە بېرىشكە بولىدىغان ھەرقانداق پۇرسەتنى
قولدىن بەرمەيدىغان قىلىپ چىقىش كېرەك.

شۈبھىسىزكى، بۇ مۈشكۈل ۋەزىپە. ئۇنى بىردىنلا ھەل قىلغىلى
بولمايدۇ. ئىچكى ئۇرۇش جەريانىدا ئومۇم خەلقنىڭ كۈرەشتە قايتى-
دىن تەربىيە ئالغىنى ۋە ئۆگىنىش ئېلىپ بارغىنىدەك، بىزنىڭ
تەشكىلاتلىرىمىزمۇ تەربىيە ئېلىشى كېرەك، بۇ ۋەزىپىگە ماسلىشىش
ئۈچۈن ئەمەلىي تەجرىبىلەرگە ئاساسەن ئۆزگەرتىلىشى كېرەك.

بىز ئەمەلىي خىزمەتچىلەردىن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان كۈرەش
شەكىللىرىنى قوبۇل قىلىشنى ياكى مەلۇم پارتىزان ئۇرۇشى شەكلى-
نىڭ روسىيە ئىچكى ئۇرۇشىنىڭ ئومۇمى جەريانىدىكى رولى مەسىلى-
سىنى كۈتۈپخانىلاردا ئولتۇرۇپ ھەل قىلىشنى قىلچىمۇ دەۋا قىلماق-
چى ئەمەسمىز. بىز ھەرگىز مەلۇم پارتىزانلىق قوزغىلىشىنى كونكرېت
مۆلچەرلەش مەسىلىسىنى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ **فاك-**
جىنى مەسىلىسى دەپ قارىماقچى ئەمەسمىز. لېكىن بىز كۆپچىلىكنىڭ
ئەمەلىي تۇرمۇشى ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى كۈرەش شەكىللىرىنى
نەزىرىيە جەھەتتىن توغرا مۆلچەرلىشىگە قولىمىزدىن كەلگىنىچە
ياردەم بېرىشنى، ئاڭلىق ئىشچىلارنىڭ بىرەر يېڭى ۋە قىيىن مەسىلىنى
توغرا ئوتتۇرىغا قويۇشىغا ۋە بۇ مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىشىغا

پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان ھەر خىل ئولۇك فورمۇلىلار ۋە بىر تەرەپلىمىلىكلەر بىلەن رەھىمسىز كۈرەش ئېلىپ بېرىشنى ئوز ۋەزىپىمىز دەپ بىلىمىز.

«پرولېتارلار» گېزىتىنىڭ 1906 - يىل 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىكى 5 - سانىغا بېسىلغان.

«پرولېتارلار» گېزىتىدىكى تېكستى بويىچە بېسىلدى.

«لېنىن ئەسەرلىرى»، 11 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 196 — 206 - بەتلەردىن ئېلىندى.

ك. ماركسنىڭ ل. كۇگېلمانغا يازغان خەت-چەكلىرىنىڭ رۇسچە تەرجىمىسىگە سوز بېشى

بىز روسىيە كىتاپخانىلىرىنى ماركس ۋە ماركسىزىم بىلەن تېخىمۇ ئوبدان تونۇشتۇرۇش مەقسىدىدە ماركسنىڭ كۇگېلمانغا يازغان ۋە گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ «يېڭى دەۋر» ھەپتىلىك ژورنىلىدا[173] ئېلان قىلىنغان خەتلىرىنى تولۇق يىغىپ كىتاپچە قىلىپ نەشر قىلدۇق. ماركس خەتلىرىدە ئۆزىنىڭ شەخسى ئىشلىرى ئۈستىدە ناھايىتى كوپ توختالغان. ئۇ بۇنداق قىلىشقا ئەلۋەتتە ھەقلىق ئىدى. بۇلار تەرجىمىھال يازىدىغانلار ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىيال. كەڭ كىتاپخانلار ئۈچۈن، بولۇپمۇ روسىيە ئىشچىلار سىنىپى ئۈچۈن، بۇ خەتلەرنىڭ نەزەرىيىۋى ۋە سىياسى ماتېرىياللارنى ئوز ئىچىگە ئالغان جايلىرى تېخىمۇ مۇھىم. مەملىكىتىمىزدە، ھازىرقى ئىنقىلاۋى دەۋردە، ماركسنىڭ ئىشچىلار ھەركىتى ۋە دۇنيا سىياسىتىدىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىگە دائىر ماتېرىياللارنى كوڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلىش ئالاھىدە تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. «يېڭى دەۋر» ژورنىلىنىڭ تەھرىر بولۇمى ”زور ئۆزگىرىش دەۋرىدە ئوز ئىدىيىسىنى ۋە ئىرادىسىنى شەكىللەندۈرگەن كىشىلەرنىڭ قىياپىتىنى تونۇۋالىساق، ئالغا باسىمىز“ دەپ تامامەن توغرا ئېيتقان. 1907-يىلى روسىيە

سوتسيالىستلىرى مۇشۇنداق تونۇشقا تېخىمۇ مۇھتاج ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭدىن كوپلىگەن قىممەتلىك يولىيورۇقلارنى ئېلىپ، ئۇزلىرىنىڭ ئۇز ئېلىدە بولۇۋاتقان بارلىق ئىنقىلاپلاردىكى بىۋاستە ۋەزىپىلىرىنى چۈشىنىۋالالايتتى. روسيه هازىر "زور ئۇزگىرىش" دەۋرىدە تۇرماقتا. روسيه ئىنقىلاۋىنىڭ نوۋەتتىكى سىياسەتلىرىنى بەلگىلەشتە، ماركسنىڭ داۋالغۇش قاتتىق بولغان 19-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدا قوللانغان سىياسىتى، كوپ هاللاردا، سوتسيال دېموكراتلار ئۇچۈن توغرىدىن-توغرا ئۇلگە بولىدۇ.

شۇڭا، بىز هازىر ماركس خەت-چەكلىرىنىڭ نەزىرىيە جەھەتتە ئالاھىدە مۇھىم بولغان جايلىرىنى قىسقىچىلا تىلغا ئېلىپ ئۇتۇپ، ئۇنىڭ پۈرولېتارىياتنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە قوللانغان ئىنقىلاۋىي سىياسىتى ئۈستىدە تەپسىلىرەك توختىلىمىز.

ماركسىزىمنى تېخىمۇ ئەتراپلىق ۋە تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ 1868-يىل 7-ئاينىڭ 11-كۈنى يازغان خېتى (42-بەتكە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بەتلەرگە قارالسۇن)[292] ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ماركس بۇ خېتىدە، ئۇزىنىڭ ئاتالمىش "ئەمگەك" قىممىتى نەزىرىيىسىگە بولغان چۈشەنچىسىنى چاكىنا ئىقتىساتشۇناسلارغا رەددىيە بېرىش يولى بىلەن ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىدۇ. ماركس قىممەت نەزىرىيىسىگە قارشى بولغان «كاپىتال»نىڭ مەلۇماتسىزراق ئوقۇغۇچىلىرىدا پات-پات كورۇلىدىغان ھەم چاكىنا "پروفېسسورلارچە" بۇرژۇئا "ئىلىم-پەن" ئەرباپلىرى بەكمۇ قىزىقىپ پايدىلىنىدىغان پىكىرلەرنى ناھايىتى ئىنچام ۋە مۇكەممەل تەھلىل قىلىدۇ. ماركس ئۇزىنىڭ قىممەت قانۇنىيىتىنى قانداق چۈشەندۈرگەنلىكىنى ۋە قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەكلىكىنى كورسىتىدۇ. ئۇ ئۇزىنىڭ ئۇسۇلىنى ئەڭ كوپ ئۇچرايدىغان قارشى پىكىرلەرنى مىسال قىلىپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ قىممەت

نەزىرىيىسىدەك (گويا) ساپ ئابستراكىت نەزىرىيە مەسلىسى بىلەن **"مۇجمەل كوزقاراشنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىش"**نى تەلەپ قىلىدىغان "هوكۇمران سىنىپلار مەنپەئەتى" ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى شەرھىلەپ بېرىدۇ. ماركس ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىشقا ۋە «كاپىتال»نى ئوقۇشقا كىرىشكەن ھەر بىر كىشىنىڭ «كاپىتال»نىڭ باشتىكى ئەڭ تەس بابلىرىنى ئۆگەنگەندە بىز يۇقۇرىدا تىلغا ئالغان خەتنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ چىقىشنى ئۈمىت قىلىمەن.

خەتلەرنىڭ نەزىرىيە جەھەتتىن ئالاھىدە مۇھىم بولغان باشقا جايلىرى ـــ ماركسنىڭ يازغۇچىلارغا بەرگەن باھاسى. ماركسنىڭ ناھايىتى جانلىق ئىپادىلىغان ۋە قايناق ھېسسىيات بىلەن تولغان بۇ باھالىرىدىن ئۇنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىدىيىۋى ئېقىملارنىڭ ھەممىسىنى پۈتۈن زېھنى بىلەن كۆزىتىپ، تەھلىل قىلىپ تۇرغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ باھالارنى ئوقۇغىنىمىزدا، بۇ تالانتلىق مۇتەپەككۇرنىڭ سوزىنى خۇددى ئۆز قۇلىقىمىز بىلەن ئاڭلاۋاتقاندەك ھېس قىلىمىز. ئۇنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە دىتسگېنگە بەرگەن باھاسىدىن باشقا، پرۇدونچىلار ھەققىدىكى باھاسى (17 ـ بەتكە قاراڭ) كىتاپخانىلارنىڭ ئالاھىدە دىققەت قىلىشىغا ئەرزىيدۇ. ئىجتىمائى ھەرىكەتلەر دولقۇنىغا كوتىرىلگەن مەزگىلدە "پرولېتارىيات" تەرەپكە ئوتۇۋالدىغان، لېكىن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ نۇقتىنەزەرلىرىنى چۈشىنەلمەيدىغان، پرولېتارىيات تەشكىلاتلىرى "قاتارىدا" جاپاغا چىداپ ئەستايىدىل خىزمەت قىلالمايدىغان "مۇنەۋۋەر" بۇرژۇئا زىيالى ياشلىرىنى بىرنەچچە قۇرلا سوز بىلەن بەئەينى تەسۋىرلەپ بەرگەن.[293]

دىيۇرىڭ ھەققىدىكى باھادا (35 ـ بەت)[294] گويا ئېنگېلس (ماركس بىلەن بىرلىكتە) 9 يىلدىن كېيىن يازغان «دىيۇرىڭغا قارشى» دىگەن مەشھۇر كىتاپنىڭ مەزمۇنى بىشارەت قىلىنغان. بۇ كىتاپنىڭ سېدېرباۋم تەرجىمە قىلغان رۇسچە نۇسخىسى بار، ئەپسۇسكى، ئۇ ناھايىتى

ناچار تەرجىمە قىلىنغان، بىرمۇنچە يەرلىرى چۈشۈپ قالغانلىقىنىڭ ئۈستىگە، يەنە بىرمۇنچە يەرلىرى خاتا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ يەردە تۈنىنغىمۇ باھا بېرىلگەن، ئۇنىڭدا رىكاردونىڭ يەر ئىجارىسى نەزەرىيىسىمۇ تىلغا ئېلىنغان. ماركس «رىكاردونىڭ خاتالىقلىرى»غا 1868 ـ يىلىلا قەتئىي رەددىيە بەرگەن ئىدى، بۇ خاتالىقلار «كاپىتال»نىڭ 1894 ـ يىلى نەشر قىلىنغان 3 ـ تومىدا ئۇزۇل ـ كېسىل رەت قىلىندى. لېكىن ئۇتۇپ كەتكەن بۇرژۇئاز، ھەتتا "قارا گۇرۇھلار"دىن بولغان بۇلگاكوۋ ئەپەندىدىن تارتىپ "سەل كەم ئەنئەنىچى" ماسلوۋقىچە بولغان ھەممە شيۇجېنجۇيىچىلىرىمىز بۇ خاتالىقلارنى بۇ كەمگىچە تەكرارلاپ كېلىۋاتىدۇ.

يەنە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى بۈشنېر ھەققىدىكى باھا بولۇپ، ئۇنىڭدا بۈشنېرنىڭ نۇتقى چاكىنا ماتېرىيالىزملىق نۇتۇق، لانگېدىن كوچۇرۇۋالغان (لانگې "پروفېسسورلارچە" بۇرژۇئا پەلسەپىسىنىڭ دائىم نەقىل كەلتۈرىدىغان ئوبېكتى!) "تايىنى يوق قۇرۇق گەپ" (48 ـ بەت)[295] دەپ ھىساپلانغان.

ئەمدى ماركسنىڭ ئىنقىلاۋىي سىياسىتى ئۈستىدە توختىلىمىز. بىزنىڭ روسىيىدىكى سوتسىيال دېموكراتلىرىمىز ئىچىدە ماركسىزمغا بولغان مىشچانلارچە قاراش، يەنى ئالاھىدە كۈرەش ئۇسۇللىرى ۋە پرولېتارىياتنىڭ ئالاھىدە ۋەزىپىلىرى بىلەن خاراكتېرلەنگەن ئىنقىلاۋىي دەۋرنى غەيرى ھالەت دەيدىغان، "ئاساسىي قانۇنچىلىق"نى ۋە "چېكىدىن ئاشقان ئوكتىچىلەر"نى بولسا نورمال ھالەت دەيدىغان قاراش ئېقىپ يۈرمەكتە. ھازىر دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر ئەلدە روسىيىدىكىدەك بۇنداق چوڭقۇر ئىنقىلاپ كرىزىسى كورۇلگىنى يوق، شۇنداقلا ھېچقانداق بىر ئەلدە ئىنقىلاپقا بۇنداق گۇمانلىق ۋە چاكىنا پوزىتسىيە تۇتقان (ماركسىزمنى خۇنۇكلەشتۈرگەن، ماركسىزمنى چاكىنىلاشتۇرغان) "ماركسىزمچى"مۇ يوق. بىزدىكىلەر ھامان

ئىنقىلاپ مەزمۇنىنىڭ بۇرژۇئاچە بولۇۋاتقانلىقىغا قاراپلا بۇرژۇئازىيە ئىنقىلاپنىڭ **هەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى**، پرولېتارىيات بولسا بۇ ئىنقىلاپتا ئىككىنچى ئورۇندىكى ۋە قوشۇمچە ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ، پرولېتارىيات بۇ ئىنقىلاپقا رەھبەرلىك قىلالمايدۇ، دەپ يۈزە خۇلاسە چىقىرىدۇ!

ماركس كوگېلمانغا يازغان خېتىدە ماركسىزىم توغرىسىدىكى بۇنداق يۈزە قاراشقا نىمە دېگەن قاتتىق رەددىيە بەرگەن-ھە! 1866-يىل 4-ئاينىڭ 6-كۈنىدىكى بىر پارچە خەتنى ئالايلى. ماركس شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ئاساسىي ئەسىرىنى يېزىپ پۈتتۈرگەن ئىدى. ئۇ مۇشۇ خەت يېزىلىشتىن 14 يىل ئىلگىرىلا گېرمانىيىنىڭ 1848-يىلدىكى ئىنقىلاۋىغا ئۆزۈل-كېسىل باھا بەرگەن ئىدى.[296] ئۇ ئۆزىدە 1848-يىلى پەيدا بولغان، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ يېقىنلىشىپ قالدى دەيدىغان سوتسىيالىزىم توغرىسىدىكى خام خىيالنى[297] 1850-يىلى ئۆزى رەت قىلدى. 1866-يىلى يېڭى سىياسى كرىزىسنىڭ يېتىلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن چېغىدىلا مۇنداق دەپ يازغان ئىدى:

"هابسبۇرگ ۋە هوھېنزوللېرن خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان بىر ئىنقىلاپ بولمىسا، ئاقىۋەت يەنە بىر قېتىم 30 يىللىق ئۇرۇش كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى بىزنىڭ چاكىنىلىرىمىز (گېرمانىيە لىبېرال بۇرژۇئازلىرىنى كوزدە تۇتىدۇ) ئاخىر بىلىپ قالىدۇ..." (13 — 14-بەتلەر)[298]

بۇ يەردە قىلچىمۇ، يېقىندا بولىدىغان ئىنقىلاپ (بۇ قېتىمقى ئىنقىلاپ ماركسنىڭ كۈتكىنىدەك تۆۋەندىن ئەمەس، يۇقۇرىدىن قوزغالغان) بۇرژۇئازىيىنى ۋە كاپىتالىزىمنى يوقىتىدۇ، دەيدىغان خام خىيال يوق. بۇ يەردە، بۇ ئىنقىلاپنىڭ پەقەت پرۇسسىيە ۋە ئاۋستىرىيىدىكى پادىشالىق تۈزۈمنى يوقىتىشنىلا مەقسەت قىلىدى-

غانلىغى ناھايىتى ئېنىق كورسىتىلگەن. ئەمما ماركس بۇ بۇرژۇئا
ئىنقىلاۋىغا ئاجايىپ زور ئىشەنچ باغلىغان! سوتسىيالىزىم ھەركىتىنى
ئىلگىرىلىتىشتە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلى-
گىنى بىلگەن بۇ پۇرولېتارىيات جەڭچىسىنىڭ ئىنقىلاۋىي قىزغىنلىغى
نىمە دىگەن ئۇستۇن-ھە!

ئارىدىن 3 يىل ئوتكەندىن كېيىن، ناپولېون ئىمپېرىيىسى يىمى-
رىلىش ھارپىسىدا، ماركس فرانسىيىدە شۇ ۋاقىتلاردا "بەك قىزىقار-
لىق" ئىجتىمائىي ھەركەت بولۇۋاتقانلىغىنى كورسىتىدۇ، ئۇ **ئىنتايىن
خۇشاللىق بىلەن** "پارىژلىقلار يىتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان يېڭى
ئىنقىلاۋىي كۇرەشكە ھازىرلىنىش ئۇچۇن يەنە ئۇزلىرىنىڭ يېقىنقى
ئىنقىلاۋىنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىنى كوكۇل قويۇپ تەتقىق قىلىۋا-
تىدۇ" دەيدۇ. ماركس شۇ مەزگىلدىكى تارىخنى تەتقىق قىلىش
داۋامىدا ئاشكارىلانغان سىنىپىي كۇرەشنى تەسۋىرلىگەندىن كېيىن،
"پۇتكۇل تارىخنىڭ جادىگەرلىك قازىنى پۇرۇقلاپ قايناپ كەتتى.
بىزدە ‹گېرمانىيىدە›، قاچانمۇ شۇنداق بولار!" (56-بەت)[299] دىگەن
خۇلاسىگە كېلىدۇ.

روسىيىدىكى زىيالى ماركسىزىمچىلارنىڭ ماركستىن ئۇگىنىشكە
تېگىشلىك يېرى ئەنە شۇ. ئۇلار گۇمانخور بولغاچقا زەئىپ، قابىلى-
يەتسىز بولۇپ قالغان، ئۇلار كىتاپنى تولا ئوقۇپ بىخۇتلىشىپ
كەتكەن. ئۇلار ھە دىسىلا پۇشايمان قىلىشىدۇ، ئىنقىلاپتىن ئاسانلا
بىزار بولىدۇ، ئىنقىلاپنىڭ نابۇت بولۇشىنى خۇددى بايرامنى كۇتكەن-
دەك كۇتىدۇ، ئىنقىلاپ ئورنىغا ئاساسىي قانۇن ماددىلىرىنى قويۇشقا
ئىنتىزار بولىدۇ. پۇرولېتارلارنىڭ بۇ نەزىرىيىچىسى ۋە داھىسىدىن
ئىنقىلاپقا بولغان ئىشەنچنى ئۇگىنىش، ئىشچىلار سىنىپىنى بىۋاستە
ئىنقىلاپنى ئاداققىچە ئېلىپ بېرىشقا چاقىرىش يولىدىكى ئىقتىدارىنى
ئۇگىنىش، ئىنقىلاپنىڭ ۋاقىتلىق ئوڭۇشسىزلىقلىرىدىن ھەرگىز مەيۇس-

لەنمەيدىغان ئېگىلمەس — سۈنماس روھىنى ئۆگىنىش ئۈلار ئۈچۈن
ئىنتايىن زورۇر.
ماركسىزىم قىرائەتخانىلىرى بۈنى قۇرۇق ئەمىر-مەرۇپ، پۈتۈن-
لەي رومانتىزىملىق، رىيالىزىمنىڭ يوقلۇغى دەپ ھىساپلايدۇ! ياق،
جاناپلار، بۇ — ئىنقىلاۋىي نەزىرىيە بىلەن ئىنقىلاۋىي سىياسەتنىڭ
بىرلەشتۇرۇلۇشى، بۇ ئىككىسى بىرلەشتۇرۇلمىسە، ماركسىزىم برېنتا-
نوچىلىقا[188]، سترۇۋېچىلىققا[157] ۋە سومبارتىچىلىققا[300] ئايلىنىپ
قالىدۇ. ماركس تەلىماتى سىنىپىي كۈرەش نەزىرىيىسى بىلەن ئەمە- ١
لىيەتنى ئايرىلماس بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ بىرلەشتۇردى. شۇڭا
كىمكى ئوبېكتىپ ئەھۋالنى سوغاققانلىق بىلەن مۇئەييەنلەشتۇرىدىغان
نەزىرىيىنى ھازىرقى ئەھۋالنى ياقلاش دەپ بۇرمىلىسا، ئىنقىلاپ
دولقۇنىنىڭ ھەر بىر ۋاقىتلىق پەسىيىشىگە ماسلىشىشقا ئالدىرىسا،
"ئىنقىلاۋىي خام خىيال"نى ھە دىگەندىلا تاشلاپ، "رىيال" ئۇششاق-
چۈششەك ئىشلار بىلەن بولۇپ كەتسە، ئۇ ماركسىزىمچى ھىساپ-
لانمايدۇ.
ماركس ئەڭ تېچ، يەنى ئۆزى تەسۋىرلىگەندەك "ئاسايىشتە"
مەزگىللەردىمۇ، ياكى «يېڭى دەۋر» ژورنىلىنىڭ تەھرىرلىرى ئېيتقان-
دەك "ئەڭ تىنچىق" مەزگىللەردىمۇ ئىنقىلاپنىڭ يېقىنلىشىۋاتقانلىغىنى
بايقىيالايتتى ۋە پرولېتارىياتنى ئۆز زىممىسىدىكى ئىلغار ئىنقىلاۋىي
ۋەزىپىنى **ئاڭقىرىش** ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالايتتى. ماركسنى چاكى-
نىلاشتۇرغۇچى رۇس زىيالىلىرىمىز بولسا، تازا ئىنقىلاپ قىلىدىغان
پەيتتە پرولېتارىياتنى پاسسىپ سىياسەت قوللىنىشقا "سۈنىڭ ئېقى-
شىغا باقىدىغان"، مودا بولۇپ قالغان لىبېرال پارتىيىنىڭ ئەڭ تۇراق-
سىز ئۇنسۇرلىرىنى ئاستىرتتىن قوللايدىغان سىياسەت قوللىنىشقا
دالالەت قىلدى!
ماركسنىڭ كوممۇنىغا بەرگەن باھاسى — ئۇنىڭ كۈگېلمانغا يازغان

خەتلىرىنىڭ جەۋھىرى. بۇ باھانى روسىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئوڭ قانىتى قوللانغان ۋاستىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كورۇش بەكمۇ پايدىلىق. 1905 ـ يىلدىكى دېكابىر ۋەقەسىدىن كېيىن مەيۇسلۇك بىلەن: "قولغا قورال ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى" دەپ چاقىرغان پلېخانوۋ تېخى ئوزىنى ماركس بىلەن تەڭلەشتۇرۇپ، ماركسمۇ 1870 ـ يىلى ئىنقىلاپنى توسقان ئىدى، دىگەن.

دۇرۇس، ماركسمۇ ئىنقىلاپنى توسقان. ئەمما قاراڭلارچۇ، پلېخانوۋنىڭ بۇ تەڭلەشتۇرمىسى نەق پلېخانوۋ بىلەن ماركس ئوتتۇرىسىدا ئاسمان ـ زىمىن پەرق بارلىقىنى كورستىپ بېرىدۇ.

1905 ـ يىلى 11 ـ ئايدا يەنى بىرىنچى قېتىملىق روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ دولقۇنى چېكىگە يېتىشتىن بىر ئاي ئىلگىرى، پلېخانوۋ پۇرولېتارىياتنى كەسكىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، **قورال تۇتۇشنى ئۆگىنىۋېلىش** كېرەك، جەزمەن **قوراللىنىش** كېرەك، دەپ ئوچۇق ئېيتقان ئىدى. ئارىدىن بىر ئاي ئوتۇپ، كۇرەش پارتلىغاندىن كېيىن بولسا، پلېخانوۋ بۇ كۇرەشنىڭ ئەھمىيىتىنى، بۇ كۇرەشنىڭ پۇتكۇل ۋەقە داۋامىدىكى رولىنى ھەم ئىلگىرىكى كۇرەش شەكىللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قىلچە تەھلىل قىلماستىنلا، توۋا قىلغان زىيالى پەدىسىدە "قولغا قورال ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى" دىدى.

1870 ـ يىل 9 ـ ئايدا يەنى كوممۇنا قۇرۇلۇشتىن **يېرىم يىل ئىلگىرى** ماركس مەشھۇر ئىنتېرناتسىونال خىتاپنامىسىدە[301] قوزغىلاڭ كوتىرىش **ئەخمىقانە ھەركەت** دەپ فرانسىيە ئىشچىلىرىنى بىۋاستە ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. ئۇ 1792 ـ يىلدىكى ھەركەت قايتىلىنىشى مۇمكىن، دەيدىغان مىللەتچىلىك خام خىيالىنى **ئالدىنالا** پاش قىلدى. **ئۇ ئىش بولۇپ بولغاندىن كېيىن ئەمەس**، بىرقانچە ئاي ئىلگىرىلا "قولغا قورال ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق" دىگەن ئىدى.

ئەمدى، 9 ـ ئايدا، ئۇ **قاچە ئۇمىت** يوق دەپ قارىغان بۇ ئىش 1871 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئەمەلگە ئېشىشقا باشلىغىنىدا، ئۇ قانداق پوزىتسىيە تۇتتى؟ ماركس بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ (خۇددى پلېخانوۋ دېكابىر ۋەقەسىدىن پايدىلانغاندەك)، ئۆز رەقىپلىرىنى يەنى كوممۇنىغا رەھبەرلىك قىلغان پرۇدونچىلار بىلەن بلانكىچىلارنى "چېقىشۋالدى"مۇ؟ ئۇ بىر ئايال ئوقۇتقۇچىدەك، مەن سىلەرگە ئېيتمىغانمىدىم، سىلەرنى ئاگاھلاندۇرمىغانمىدىم، ئەمدى قاراپ بېقىڭلار، سىلەرنىڭ رومانتىك ھەركىتىڭلاردىن، سىلەرنىڭ ئىنقىلاپ ھەققىدىكى خام خىيالىڭلاردىن نىمە نەتىجە كېلىپ چىقتى، دەپ كوتۇلدىدىمۇ؟ ئۇمۇ پلېخانوۋنىڭ دېكابىر قوزغىلىشىغى جەڭچىلىرىگە تەنبىھ بەرگىنىگە ئوخشاش، كوممۇنا ئەرباپلىرىغا ماختانچاق چاكىنىلارنىڭ "قولىغا قورال ئېلىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى" دىگەنىگە ئوخشاش ۋەز ـ نەسىھەتلىرى بىلەن تەنبىھ بەردىمۇ؟

ياق، ئۇنداق قىلمىدى. ماركس 1871 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى كۇگېلمانغا بىر پارچە **ئىنتايىن يالقۇنلۇق** خەت يازغان، بىز ھەر بىر روسىيە سوتسىيال دېموكراتىنىڭ، ھەر بىر ساۋاتلىق روسىيە ئىشچىسىنىڭ بۇ خەتنى دەستۇر قىلىشىنى ئۇمىت قىلىمىز.

1870 ـ يىلى 9 ـ ئايدا قوزغىلاڭنى ئەخمىقانە ھەركەت دېگەن ماركس 1871 ـ يىلى 4 ـ ئايدا خەلقنىڭ ئاممىۋى ھەركىتىنىڭ قوزغىلىپ كەتكەنلىكىنى كورگەندىن كېيىن، ئالەمشۇمۇل تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىنقىلاۋىي ھەركەتنىڭ زور بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەنلىگىنى نامايەن قىلىدىغان بۇ ئۇلۇغ ئۆزگىرىشكە بىر قاتناشقۇچى سۈپىتىدە ئىنتايىن كوڭۈل بولدى.

ئۇ شۇ ۋاقىتتا، بۇ ـــ بيۇروكرات ھەربىي ماشىنىنى ئۇ قولدىن بۇ قولغا مۇنداقلا ئوتكۈزۈش ئەمەس، بەلكى بۇ ماشىنىنى پاچاقلاپ تاشلاش يولىدىكى **سىناق**، دىگەن ئىدى. ئۇ پرۇدونچىلار ۋە بلانكى-

چىلار رەھبەرلىك قىلغان پارىژلىق "باتۇر" ئىشچىلارنى مەدھىيىلىگەن ئىدى. شۇ چاغدا ئۇ، "بۇ پارىژلىقلار نەقەدەر چەبدەس، نەقەدەر تارىخقا مۇناسىپ تەشەببۇسكار، نەقەدەر پىداكار-ھە!" (88-بەت)...... "تارىختا بۇنداق قەھرىمانلىق تېخى بولغىنى يوق" دەپ يازغان ئىدى.

ماركسنىڭ ھەممىدىن بەك ئەھمىيەت بېرىدىغىنى ئاممىنىڭ **تارىخي تەشەببۇسكارلىقى** ئىدى. بىزنىڭ روسىيە سوتسىيال دېموكراتلىرىمىز ماركستىن روسىيە ئىشچىلىرى ۋە دېخانلىرىنىڭ 1905-يىل 10-ئاي ۋە 12-ئايدا كورسەتكەن **تارىخي تەشەببۇسكارلىقىغا** قانداق باھا بېرىشنى ئۆگىنىۋالغان بولسا، نىمە دىگەن ياخشى بولاتتى!

بىر تەرەپتە، مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى يېرىم يىل بۇرۇنلا كۆرۈپ يەتكەن ئاجايىپ چوڭقۇر پىكىرلىك مۇتەپەككۇرنىڭ ئاممىنىڭ **تارىخي تەشەببۇسكارلىقىنى** پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قەدىرلىشى تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتە "قولغا قورال ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى" دەيدىغان جانسىز، خاراموش مۇتەئەسسىپلەرچە بىلجىرلاش تۇرۇپتۇ، بۇ ئاسمان-زىمىنچە پەرق ئەمەسمۇ؟

ماركس شۇ ۋاقىتلاردا لوندوندا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ ئاممىۋى كۆرەشكە ئۆزىگە خاس بارلىق قىزغىنلىقى بىلەن ئاتلاندى ھەم "پىداكار"، "**ئاسمانغا شوتا قويۇۋاتقان**" پارىژلىقلارنىڭ قوللانغان **بىۋاستە تەدبىرلىرىگە** شۇ كۆرەشنىڭ **قاتناشچىسى** سۈپىتىدە تۇرۇپ باھا بەردى.

روسىيە ماركسىزىمچىلىرى ئىچىدىن چىققان، 1906 — 1907-يىللىرى ئىنقىلاۋىي رومانتىزىمنى بولۇشىچە ھاقارەتلىگەن ھازىرقى "رىيالىزىمچى" دانىشمەنلەر شۇ ۋاقىتتا بولغان بولسا، ماركسنى قانچىلىك مەسخىرە قىلغان بولاتتى! بۇ **ماتىرىيالىزىمچى** ۋە **ئىقتىساتشۇناسنىڭ**، ئۇتوپىيىنىڭ بۇ دۈشمىنىنىڭ **ئاسمانغا شوتا قويۇش**

يولىدىكى "سىناق"نى مەدھىيىلىگىنىنى كورگەن بولسا، قانچىلىك مەسخىرە قىلغان بولاتتى! بۇ غىلاپ بەندىلىرى[232] ئاشۇنداق ئاتالمىش قوزغىلاڭ كوتىرىش خاھىشلىرى، ئۇتوپىيىلىك ۋاھاكازالارنى ھەم ئاسمانغا شوتا قويماقچى بولغان ھەركەتكە مۇشۇنداق باھا بېرىلگەنلىگىنى كورگەن بولسا، قانچە كوز يېشى قىلغان، زەردە بىلەن كۈلگەن ياكى ئىچى سىرىلغان بولاتتى!

لېكىن ماركس ھەرگىز ئىنقىلاۋىي كۈرەشنىڭ ئالى شەكلىنىڭ **تېخنىكا** مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشتىن ئەڭ زىرەك ئېلىس بېلىغىدەك[302] قورقىنى يوق. ئۇ دەل قوزغىلاڭنىڭ **تېخنىكا** مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى. مۇداپىئە قىلىش كېرەكمۇ ياكى ھۇجۇممۇ؟ — دەپ يازىدۇ ئۇ. ئۇرۇش گويا لوندوننىڭ يېنىدا بولۇۋاتقاندەك، ئارقىدىنلا، چوقۇم ھۇجۇم قىلىش كېرەك، "**دەرھال ۋېرسالغا يۈرۈش قىلىش كېرەك ئىدى**" دەپ جاۋاپ بېرىدۇ.

بۇ 1871 ـ يىل 4 ـ ئايدا، ئۇلۇغ، قانلىق مايدىن بىرقانچە ھەپتە بۇرۇن يېزىلغان ئىدى......

ئاسمانغا شوتا قويماقچى بولغان" ئەخمىقانە ھەركەت" (بۇ گەپنى 1870 ـ يىل 9 ـ ئايدا ئېيتقان)نى باشلىغان قوزغىلاڭچىلار "دەرھال ۋېرسالغا يۈرۈش قىلىشى كېرەك ئىدى."

قولغا كەلتۈرۈلگەن ئەركىنلىكلەرنى تارتىۋېلىشقا قوراللىق كۈچ بىلەن قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن 1905 ـ يىل 12 ـ ئايدا قىلىنغان تۇنجى سىناقتا، "قولغا قورال ئېلىشنىڭ زادى ھاجىتى يوق ئىدى"......

شۇنداق — پلېخانوۋنىڭ ئۆزىنى ماركس بىلەن تەڭلەشتۈرۈشى بىكار ئەمەس!

ماركس **تېخنىكا** مەسىلىسى ھەققىدىكى تەنقىدىنى داۋاملاشتۇرۇپ "ئىككىنچى، خاتالىق مەركىزىي كومىتېت ‹دىققەت قىلىڭ، **بۇ ھەربىي قوماندانلىق ئورگان**، يەنى خەلق قوغدىنىش قوشۇنى مەركىزىي

كومىتېتى كوزدە تۇتۇلىدۇ،نىڭ ئۆز ھوقۇقىدىن **بەك بالدۇر** ۋاز-كەچكەنلىكى بولدى......" دېگەن ئىدى.

ماركس **يولباشچىلارنى** ۋاقىتسىز قوزغىلاڭ كۆتەرمەسلىك توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇشنى بىلەتتى. لېكىن، ئۇ ئاسمانغا شوتا قويىماقچى بولغان **پرولېتارىياتقا** بولسا ئەمەلىي مەسلىھەتچى، ئاممىۋى **كۈرەشنىڭ** قاتناشچىسى سۈپىتىدە تۇرۇپ مۇئامىلە قىلدى، چۈنكى بىلانكى ۋە پرۇدونلارنىڭ بىمەنە نەزىرىيىلىرى ۋە خاتالىقلىرىغا قارىماي، ئامما ھەر ھالدا **پۈتكۈل** ھەركەتنى **تېخىمۇ يۇقىرى باسقۇچقا** كۆتەرگەن ئىدى.

ئۇ شۇ ۋاقىتتا مۇنداق دەپ يازىدۇ: "قانداقلا بولمىسۇن، پارىژ قوزغىلىڭى كونا جەمىيەتنىڭ چىلبۆرىلىرى، ۋابا چوشقىلىرى ۋە ئىپلاس يالاقچىلىرى تەرىپىدىن باستۇرۇۋېتىلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ يەنىلا پارتىيىمىزنىڭ ئىيۇن قوزغىلىڭىدىن بۇيانقى ئەڭ شانلىق تۆھپىسى بولىدۇ."[303]

ماركس كوممۇنىنىڭ **ھېچبىر** خاتالىقىنى پرولېتارىياتتىن يوشۇرمىدى، ئۇنىڭ بۇ **ئۇلۇغ ئىشقا** ئاتاپ يازغان ئەسىرى[304] **ھازىرغا قەدەر** "ئاسمانغا شوتا قويىدىغان" كۈرەش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى قىبلىنامە، لىبېرال ۋە رادىكال "**ۋابا چوشقىلار**" ئۈچۈن ئەڭ قورقۇنچلۇق نەرسە بولۇپ كەلمەكتە.

پلېخانوۋنىڭ دېكابىر ۋەقەسىگە بېغىشلاپ يازغان "ئەسىرى" بولسا، ئاساسەن كادېتلارنىڭ[84] ئىنجىلى بولۇپ قالدى.

شۇنداق، پلېخانوۋنىڭ ئۆزىنى ماركس بىلەن تەڭلەشتۈرۈشى بىكار ئەمەس!

كۇگېلمان ماركسقا يازغان جاۋاپ خېتىدە، ئىشتىن ئۈمىت يوق دەپ ئۆز گۇمانىنى بىلدۈرۈپ، رومانتىزىملىق پوزىتسىيە قوللانماي، رېئالىزىملىق پوزىتسىيە قوللىنىش لازىم دېگەن بولسا كېرەك، ھېچ

بولمىغاندا، كوممۇنىنى يەنى **قوزغىلاڭنى** پارىژدا 1849 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى بولغان تېچ نامايىش بىلەن سېلىشتۇرغان بولسا كېرەك.

ماركس شۇ زامات (1871 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى) كۈگېلمانىنى قاتتىق سوككەن.

ئۇ مۇنداق دەپ يازغان: **"كۈرەش ئاسانلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرستى كەلگەن شارائىتتىلا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولسا، دۇنيا تارىخىنى يارىتىش بەكمۇ ئاسان بولغان بولاتتى."**[305]

ماركس 1870 ـ يىل 9 ـ ئايدا قوزغىلاڭنى ئەخمىقانە ھەركەت دەپ ئاتىغان ئىدى. لېكىن **ئامما** قوزغىلاڭ كۆتەرگەندىن كېيىن، ماركس ئۇلارنى سىپايىلىق بىلەن ئەيىپلىمىدى، بەلكى ئۇلار بىلەن بىر قاتاردا ئىلگىرىلەپ، كۈرەش جەريانىدا بىرلىكتە ئۆگىنىشنى راۋا كۆردى. غەلىبە قىلىش پەيتىنى ئالدىنالا **مۇتلەق توغرا** مۆلچەرلىمەكچى بولغان كىشىنىڭ ئۆزى غەرەزلىك ئالدامچى، ياكى تۈزەلمەس مۇتەئەسسىپ ئىكەنلىكىنى ماركس بىلەتتى. ئۇ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ دۇنيا تارىخىنى **يارىتىش** يولىدىكى قەھرىمانانە، پىداكارانە، قىزغىن ھەركەتلىرىگە **ھەممىدىن بەك ئەھمىيەت بېرەتتى.** ماركس دۇنيا تارىخىنى كۆزىتىشتە "...نى ئالدىن سېزىۋېلىش ئاسان ئىدى،......نى قولغا ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى" دەپ قارىسىغا سۆزلەيدىغان چاكىنا زىيالىلارنىڭ نۇقتىنەزىرىگە ئاساسلانمىدى، بەلكى تارىخنى **يارىتىۋاتقان،** لېكىن غەلىبە قىلىش پەيتىنى ئالدىنالا **مۇتلەق توغرا** مۆلچەرلىيەلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ نۇقتىنەزىرىگە ئاساسلاندى.

شۇنداقلا ماركس، **ئامما** ھەتتا غەلىبە قىلىشتىن ئۈمىت بولمىغان، لېكىن ئاممىنى يەنىمۇ تەربىيىلەش ۋە **كېيىنكى** كۈرەشلەرگە تەييارلاش ئۈچۈن **زورۇر** بولغان بىرەر ئىش ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىدىغان ئەھۋالنىڭ تارىختا ھەمىشە بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنىمۇ چۈشىنەتتى.

ماركسنىڭ سوزىنى كەلسە ـ كەلمەس نەقىل كەلتۈرۈشنى ياخشى كورىدىغان ۋە ئۇنىڭ ئوتمۇشكە باھا بېرىشىنىلا دوراپ، كەلگۈسىنى يارىتىشتىن ئۆلگە ئېلىشنى خالىمايدىغان ھازىرقى ساختا ماركسىزىمـ چىلىرىمىز مەسىلىنىڭ بۇنداق **قويۇلۇشىنى** پەقەت چۈشىنەلمەيدۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا تۈپتىن قارشى تۇرىدۇ. پلېخانوۋ 1905 ـ يىل 12 ـ ئايدىن كېيىن......نى ”تووراش“قا كىرىشكەندە، مەسىلىنىڭ بۇنداق قويۇلۇشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان.

ۋاھالەنكى، ماركس بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدى، شۇنداقلا ئۇزىنىڭ 1870 ـ يىل 9 ـ ئايدا قوزغىلاڭنى ئەخمىقانە ھەركەت دەپ قارىغانلىقىنى قىلچە ئېسىدىن چىقارمىدى.

ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: ”ۋېرسالدىكى بۇرژۇئا ئالدامچىلىرى پارىژلىقلارنى يا ئۇرۇش قىلىشقا ماقۇل بولۇش، يا ئۇرۇش قىلماي تەسلىم بولۇشقا قىستىدى. **ئىشچىلار سىنىپىنىڭ** ئۇرۇش قىلماي تەسلىم بولۇش شارائىتىدا **چۈشكۈنلىشىپ كېتىشى** نۇرغۇن رەھبەرـ لەرنىڭ قۇربان بولۇشىدىنمۇ **كوپ ئېغىر** بەختسىزلىكتۇر.“306

ماركسنىڭ كۇگېلمانغا يازغان خەتلىرىدە بىزگە ھەقىقى پرولېتاـ رىيات سىياستى توغرىسىدا بەرگەن ساۋاقلىرىنى قىسقىچە مۇشۇ يەرـ گىچە يازىمىز.

روسىيە ئىشچىلار سىنىپى ئۆزىنىڭ ”ئاسمانغا شوتا قويۇش“قا قادىر ئىكەنلىكىنى بىر قۇر ئىسپاتلىدى ۋە يەنە داۋاملىق ئىسپاتلايدۇ.

1907 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

1907 ـ يىلى لېنىن تەھرىرلىگەن ۋە سوز بېشى يازغان سانكت ـ پېتېربۇرگ «يېڭى دۇما» نەشرىياـ تى نەشر قىلغان كىتاپچە: ماركس «ل.كۇگېلمانغا يازغان خەتلەر»

كىتاپچىدىكى تېكستى بويىچە بېسىلدى

«لېنىن ئەسەرلىرى»، 12 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 96 — 105 ـ بەتلەردىن.

«ي. ف. بېككېر، ي. دېتسگېن ف. ئېنگېلس، ك. ماركس ۋە باشقىلارنىڭ ف. ئا. سورگې ۋە باشقىلارغا يازغان خەت-چەكلىرى»نىڭ رۇسچە تەرجىمىسىگە سۆز بېشى

رۇسىيە كىتابخانىلىرىغا تونۇشتۇرۇۋاتقان ماركس، ئېنگېلس، دېتسگېن، بېككېرلەرنىڭ ۋە 19-ئەسىردىكى خەلقارا ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ باشقا يولباشچىلىرىنىڭ بۇ خەت-چەكلىرى ئىلغار ماركسىزىملىق ھۆججەتلەر ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان قوشۇمچە.

بىز بۇ خەت-چەكلەرنىڭ سوتسىيالىزىم تارىخى ئۈچۈن ۋە ماركس، ئېنگېلسنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئومۇمىي يۈزلۈك شەرھلەپ بېرىش ئۈچۈن بولغان مۇھىم ئەھمىيىتىنى تەپسىلىي سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز، چۈنكى بۇنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. بىز بىرلا نۇقتىنى، يەنى بۇ خەت-چەكلەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئىنتېرناتسىونال تارىخىنى بايان قىلىدىغان ئاساسلىق ئەسەرلەر (جاكنىڭ "بىلىم" نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئىنتېرناتسىونال» دېگەن كىتاۋىنىڭ رۇسچە تەرجىمىسىگە قاراڭلار)، گېرمانىيە ۋە ئامېرىكا ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ تارىخىنى بايان قىلىدىغان ئاساسلىق ئەسەرلەر (ف. مېرىڭ يازغان «گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار

پارتىيىسىنىڭ تارىخى» ۋە مورىس ھىللكۋىت يازغان «ئامېرىكا سوتسى-
يالىزىمى تارىخى»غا قارالسۇن) ۋە باشقىلار بىلەن تونۇشۇپ چىقىش
لازىملىقىنى كورسىتىپ ئۆتمەكچىمىز.

بىز بۇ خەت-چەكلەرنىڭ مەزمۇنىنى يىغىنچاقلاپ بايان قىلىپ
ۋە بۇ خەت-چەكلەرگە ئالاقىدار تارىخىي دەۋرلەرگە باھا بېرىپمۇ
ئولتۇرمايمىز. بۇنى مېرىڭ ئۆزىنىڭ «سورگې بىلەن يېزىشقان خەت-
چەكلەر» («يېڭى دەۋر»[173] ژورنىلىنىڭ 25-يىللىق توپلىمى، 1-ۋە
2-پارىسىدا) دىگەن ئەسىرىدە ناھايىتى ياخشى ئورۇنلىغان ئىدى.
نەشر قىلغۇچىلار بەلكىم ئۇنى بۇ كىتاپنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ بېسىشى
ياكى رۇس تىلىدا ئايرىم كىتاپچە قىلىپ تارقىتىشى مۇمكىن.

جەڭگىۋار پرولېتارىيات ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ 30 يىلچە
(1867 — 1895-يىللىرى) داۋاملاشقان شەخسى ئالاقە جەھەتتىكى
پائالىيەتلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىققاندىن كېيىن ئالىدىغان ساۋاقلار
بىز ياشاۋاتقان ئىنقىلاۋىي دەۋردە روسىيە سوتسىيالىستلىرى ئۈچۈن
ئالاھىدە قىممەتلىك نەرسىلەردۇر. شۇڭا، ئېلىمىزدىكى سوتسىيال
دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ مەتبۇئاتلىرىدا، ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ
سورگېغا يازغان خەتلىرىنى كىتاپخانلارغا دەسلەپ تونۇشتۇرۇپ باق-
قان ۋاقتىنىڭ روسىيە ئىنقىلاۋىدا سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيە-
سىنىڭ تاكتىكىسىدا "جىددى" مەسىلىلەر كېلىپ چىققان ۋاقتقا توغرا
كېلىشى (پلېخانوۋنىڭ «ھازىرقى تۇرمۇش»، مېنشېۋىكلەرنىڭ
«ئوبزور»ى)[307] قىلىچە ئەجەپلىنەرلىك ئىش ئەمەس. بىز ئەمدى
كىتاپخانلارنىڭ دىققىتىنى بۇ خەت-چەكلەرنىڭ روسىيىدىكى ئىش-
چىلار پارتىيىسىنىڭ نوۋەتتىكى ۋەزىپىلىرى ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمى-
يەتلىك بولغان جايلىرىغا بېرىلگەن باھاغا تارتىمىز.

ماركس بىلەن ئېنگېلس ئۆز خەتلىرىدە ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە
گېرمانىيە ئىشچىلار ھەركىتىدىكى جىددى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەڭ

كوپ توختالىغان. بۇ چۈشىنىشلىك، چۈنكى ئۇلار ئوزى نېمىس بولۇپ، شۇ چاغدا ئەنگلىيىدە ئىدى ھەمدە ئامېرىكىدىكى يولدىشى بىلەن خەت يېزىشىپ تۇراتتى. فرانسىيىدىكى ئىشچىلار ھەركىتى مەسىلىسى ئۈستىدە، بولۇپمۇ پارىژ كوممۇنىسى مەسىلىسى ئۈستىدە، ماركس نېمىس سوتسىيال دېموكراتى كۈگېلمانغا يازغان خەتلىرىدە① ئەڭ كوپ توختالغان، يەنە كېلىپ بىرقەدەر تەپسىلى توختالغان.

ماركس بىلەن ئېنگېلسىنىڭ ئەنگلىيە، ئامېرىكىلاردىكى ئىشچىلار ھەركىتىگە دائىر سوزلىرىنى گېرمانىيىدىكى ئىشچىلار ھەركىتىگە دائىر سوزلىرىگە سېلىشتۇرۇپ كورۇش تولىمۇ پايدىلىق. ئەگەر گېرمانىيە بىلەن ئەنگلىيە، ئامېرىكىدا كاپىتالىزىمنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرغانلىقىنى ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ بۇ ئەللەرنىڭ پۈتۈن سىياسى تۈرمۇشىدىكى ھوكۇمرانلىق شەكلىنىڭ ئوخشمايدىغانلىقىنى ئېتىۋارغا ئالساق، بۇ سېلىشتۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى تېخىمۇ زور بولىدۇ. ئىلمىي نۇقتىنەزەردىن قارىغاندا، بىز بۇ يەردە ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكىنىڭ نەمۇنىسىنى كورىمىز، ئوخشاشمىغان سىياسى-ئىقتىسادىي شەرتلەرنىڭ كونكرېت ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن مەسىلىنىڭ ئوخشاشمىغان مۇھىم نۇقتىلىرى ۋە ئوخشاشمىغان تەرەپلىرىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش ۋە تەكىتلەش ماھارىتىنى كورىمىز، ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ ئەمەلىي سىياسىتى ۋە تاكتىكىسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بىز بۇ يەردە «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى» ئاپتورلىرىنىڭ جەڭگىۋار پرولېتارىياتنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئوخ-

---

① «ماركسىنىڭ دوختۇر كۈگېلمانغا يازغان خەتلىرى»گە قاراڭسۇن. رۇسچە تەرجىمىسىنى ن. لېنىن سېلىشتۇرۇپ بېكىتكەن ۋە ئۇنىڭغا سوز بېشى يازغان. 1907 ـ يىلى سانكت ـ پېتېربۇرگ نەشرى (مۇشۇ تومنىڭ 1190 ـــ 1203 ـ بەتلىرىگە قاراڭسۇن. ـــ تەھرىردىن).

شاش بولمىغان ئەللەردىكى مىللى ئىشچىلار ھەركىتىنى ئوخشاش بولمىغان باسقۇچلىرىغا قاراپ بەلگىلىگەنلىگىنىڭ تەمۇنىسىنى كورىمىز.

ماركس ۋە ئېنگېلس ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىدىكى سوتسىيالىزىم ھەركىتى ئۈستىدە توختالغاندا، بۇ ھەركەتنىڭ ئىشچىلار ھەركىتىدىن ئايرىلىپ قالغانلىغىنى ناھايىتى كەسكىن تەنقىتلىگەن. ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ ئەنگلىيە "سوتسىيال دېموكراتىك ئىتتىپاق"[308] (Social-Democratic Federation)غا ۋە ئامېرىكا سوتسىيالىزىمچىلىرىغا باھا بېرىپ ئېيتقان نۇرغۇن سوزلىرىدە ئۇلارنىڭ ماركسىزىمنى دوگمىغا، "ئولۇك (starre) ئەنئەنىۋى ئىدىيە"گە ئايلاندۇرۇۋالغانلىغى، ماركسىزىمنى **"ھەركەتنىڭ قىبلىنامىسى** ئەمەس، دوگما"[309] دەپ قارىغانلىغى، ئۇز ئەتراپىدا مەيدانغا كەلگەن، نەزەرىيە جەھەتتە ناھايىتى ئاجىز بولسىمۇ، ئەمما ھاياتى كۈچى جۇش ئۇرۇپ ئۇلغىيىۋاتقان ئاممىۋى خاراكتېرلىق ئىشچىلار ھەركىتىگە ماسلىشىشقا ماھىر بولمايۋاتقانلىغى ئېزچىل ئەيىپلەنگەن. ئېنگېلس 1887-يىل 1-ئاينىڭ 27-كۈندىكى خېتىدە ھاياجان بىلەن، "بىز 1864 — 1873-يىللىرى پۇروگىراممىمىزنى ئوچۇق ئېتىراپ قىلغانلار بىلەنلا ھەمكارلىشىمىز دەپ تۇرىۋەرگەن بولساق، ھازىر قانداق ئەھۋالدا قالغان بولاتتۇق؟"[310] دېگەن ئىدى. مۇشۇ خەتتىن ئىلگىرى يېزىلغان بىر پارچە خېتىدە (1886-يىل 12-ئاينىڭ 28-كۈنى)، ئېنگېلس ھېنرى گېورگې ئىدىيىسىنىڭ ئامېرىكا ئىشچىلار سىنىپىغا بەرگەن تەسىرى مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ يازغان ئىدى:

"بىر-ئىككى مىليون ئىشچىنىڭ كېلەر يىلى 11-ئايدا ھەقىقى («bona fide») ئىشچىلار پارتىيىسىنى ياقلاپ ئاۋاز بېرىشى ھازىرقى ۋاقىتتا، 100 مىڭ ئادەمنىڭ نەزىرىيە جەھەتتە مۇكەممەل بولغان بىر پۇروگىراممىنى ياقلاپ ئاۋاز بېرىشىدىنمۇ زور قىممەتكە ئىگە."

بۇ ــ تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك سۆز. بىزنىڭ بەزى سوتسىيال دېموكراتلىرىمىز مۇشۇ سۆزنى ئوپئوچۇق نەقىل كەلتۈرۈپ "ئىشچىلار قۇرۇلتىيى"[311] ياكى لارىننىڭ "كەڭ دائىرىلىك ئىشچىلار پارتىيىسى"گە ئوخشاش نىمىلەر توغرىسىدىكى تەشەببۇسلىرىنى ياقلىدى. بىز ئېنگېلسنىڭ سۆزىنى "نەقىل كەلتۈرۈش"كە تەقەززا بولۇپ كەتكەن بۇ كىشىلەردىن شۇنى سورايمىزكى، سىلەر نىمە ئۈچۈن بۇ سۆز بىلەن "سولچىلار ئىتتىپاقى"نى ياقلىمايسىلەر؟ نەقىل ئېلىنغان بۇ خەتلەر ئامېرىكا ئىشچىلىرى ھېنرى گېورگېغا ئاۋاز بەرگەن مەزگىللەردە يېزىلغان. ۋىشنېۋېتسكى خانىم ــ رۇسىيىلىككە ياتلىق بولغان ۋە ئېنگېلس ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان ئامېرىكىلىق ئايال ئەينى ۋاقىتتا ھ. گېورگېنى تازا كېلىشتۈرۈپ تەنقىتلەپ قويۇشنى ئۆتۈنگەن ئىدى (ئۇنى ئېنگېلسنىڭ ئۇنىڭغا يازغان جاۋاپ خېتىدىن كۆرۈش مۇمكىن). ئېنگېلس جاۋاپ خېتىدە (1886-يىل 12-ئاينىڭ 28-كۈنى) مۇنداق دەپ يازغان: بۇنداق قىلىش **پەيتى تېخى يېتىپ كەلمىدى**، ئەڭ ياخشىسى، ئىشچىلار پارتىيىسى تازا ساپ بولۇپ كەتمىگەن پروگراممىسى ئاساسىدا شەكىللەنسۇن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىشچىلار مەسىلىنىڭ نەدىلىكىنى ئۆزى چۈشىنىۋالىدۇ، "ئۆز خاتالىقىدىن ساۋاق ئالىدۇ". "ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ مەملىكەت دائىرىسىدە مۇستەھكەملىنىشىگە (قانداق پروگراممىغا ئاساسلىنىشتىن قەتئىي نەزەر) توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئىش-ھەركەتلەر، مېنىڭچە، تولىمۇ خاتا"[312].

سوتسىيالىزىم نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ھ. گېورگې ئىدىيىسىنىڭ پۈتۈنلەي بىمەنە ۋە **ئەكسىيەتچىل** ئىكەنلىكىنى، ئەلۋەتتە، ئېنگېلس بۇرۇنلا ئوبدان بىلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرنەچچە قېتىملاپ كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدى، سورگېغا يېزىلغان خەتلەر ئىچىدە، ماركسنىڭ 1881-يىل 6-ئاينىڭ 20-كۈندىكى بىر پارچە خېتى ئەھمىيەت

بىرىشكە تولىمۇ ئەرزىيدۇ، ماركس بۇ خېتىدە ھېنرى گېورگېغا **رادى-كال بۇرژۇئازىيىنىڭ** مۇتەپەككۇرى دەپ باھا بەرگەن ئىدى. ماركس شۇ چاغدا "ھ. گېورگې نەزىرىيە جەھەتتە بەكمۇ ئارقىدا قاپتۇ، (total arrière)[313] دەپ يازغان. لېكىن ئېنگېلس ئۇچىغا چىققان بۇ **ئەكسىيەتچى سوتسىيالىزمچى** بىلەن سايلامغا بىللە بېرىشتىن قورقۇپ قالمىدى، پەقەت ئاممىغا "ئۇلارنىڭ ئۆز خاتالى-قىدىن قانداق ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى" ئالدىن كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ئادەم بولسىلا بولغىنى (ئېنگېلسنىڭ 1886-يىل 11-ئاينىڭ 29-كۈنىدىكى خېتى)[314].

ئېنگېلس يەنە شۇ خېتىدە ئامېرىكا ئىشچىلىرىنىڭ شۇ چاغدىكى بىر تەشكىلاتى "ئەمگەك رىتسارلىرى" (Knights of Labor)[315] ئۈستىدە توختىلىپ "'ئەمگەك رىتسارلىرى'نىڭ ئەڭ چوڭ ئاجىزلىقى ‹سۆزمۇ-سۆز تەرجىمە قىلىنغاندا، faulste› **سىياسى جەھەتتىكى بىتەرەپلىكى**...... ھەركەتكە يېڭىدىن قاتناشقان ھەر بىر دۆلەتنىڭ قوللىنىدىغان بىرىنچى زور تەدبىرى ھامان ئىشچىلارنى مۇستەقىل پارتىيە قىلىپ ئۇيۇشتۇرۇش بولىدۇ، قانداق ئۇيۇشتۇرۇلۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇ ھەقىقى ئىشچىلار پارتىيىسى بولسىلا بولدى" دېگەن ئىدى.

روشەنكى، بۇ يەردىن سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى**دىن** پارتىيە-گۇرۇھسىز ئىشچىلار قۇرۇلتىيىغا ئوتتۇشكە ئوخشاش تەشەببۇسلارنى ئاقلىيالىغۇدەك بىرەر نەرسە تېپىلمايدۇ. ئېنگېلسنىڭ ماركسىزىمنى "دوگما"، "ئەنئەنىۋى ئىدىيە"، "مەزھەپچىلىك" ۋاھاكازالار دەرد-جىسىگە چۈشۈرۈپ قويىدى، دەپ ئەيىپلىنىشىنى خالىمايدىغان ھەر-قانداق كىشى بۇنىڭدىن سايلام ھەركىتىنى بەزىدە رادىكال "ئەكسى-يەتچى سوتسىيالىزمچىلار" بىلەن بىللە ئۇيۇشتۇرۇش لازىملىقىنى بىلىۋېلىشى كېرەك.

لېكىن ئەڭ مۇھىمى، ئامېرىكا بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى بۇ سېلىشتۇرمىلارغا توختىلىش ئەمەس (بىز بۇنى دۇشمەنىگە جاۋاپ بېرىش ئۈچۈنلا تىلغا ئالدۇق)، ئەنگلىيە، ئامېرىكىلاردىكى ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ **تۈپ** خۇسۇسىيەتلىرىنى تەھلىل قىلىش، ئەلۋەتتە. بۇ خۇسۇسىيەتلەر مۇنۇلاردىن ئىبارەت: پرولېتارىياتنىڭ ئالدىدا مەملىكەت خاراكتېرلىق چوڭراق **دېموكراتىك** ۋەزىپە يوق ئىدى؛ پرولېتارىيات پۈتۈنلەي بۇرژۇئا سىياسىتىغا بوي سۇناتتى: بىر قىسىم سوتسىيالىزمچىلار مەزھەپچىلىك قىلىپ پرولېتارىياتتىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى؛ سايلامدا سوتسىيالىزمچىلارنى ئىشچىلار ئاممىسى قىلچىمۇ ئالقىشلىمىدى ۋاھاكازا. كىمكى بۇ تۈپ شەرتلەرنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇپ، "ئامېرىكا - روسىيە سېلىشتۇرمىسى"دىن كەڭ دائىرىدە يەكۈن چىقارماقچى بولىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ تولىمۇ ئېجتىھاتسىزلىقىنى ئاشكارىلايدۇ.

ئېنگېلسنىڭ مۇشۇنداق شارائىتتا ئىشچىلارنىڭ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشنى تەكىتلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ چاغدا ناھايىتى مۇستەھكەم ئورنىتىلغان دېموكراتىك تۈزۈم پرولېتارىياتنىڭ ئالدىغا نوقۇل سوتسىيالىستىك ۋەزىپىلەرنى قويغان ئىدى.

ئېنگېلسنىڭ پروگراممىسى دىگەندەك مۇۋاپىق بولمىسىمۇ مەيلى، مۇستەقىل **ئىشچىلار** پارتىيىسى قۇرۇش مۇھىم، دەپ تەكىتلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ چاغدا، **تىلغا** ئېلىنغان ئاشۇ ئەللەردىكى ئىشچىلاردا سىياسى مۇستەقىللىق دىگەن نەرسە زادىلا بولۇپ باقمىغان، ئۇلار سىياسى جەھەتتە كوپىنچە **بۇرژۇئازىيىگە** ئەگىشىپ ماڭغان ۋە مېڭىۋاتقان ئىدى.

بۇ مۇلاھىزىلەردىن چىقىرىلغان يەكۈننى **پرولېتارىيات** لىبېرال بۇرژۇئازىلاردىن بۇرۇن پارتىيە قۇرغان، پرولېتارىياتتا بۇرژۇئا سىياسەتۋازلىرىغا ئاۋاز بېرىدىغان ئەنئەنە زادىلا بولمىغان، **ئالدىدا**

توغرىدىن ـ توغرا سوتسىيالىستىك ۋەزىپىلەر ئەمەس، بەلكى بۇرژۇئا دېموكراتىك ۋەزىپىلەر تۇرغان ئەللەرگە ياكى تارىخىي دەۋرلەرگە تەتبىقلاشقا ئۇرۇنۇش ماركسنىڭ تارىخىي ئۇسۇلىغا ھاقارەت كەلتۇرگەنلىك بولىدۇ.

ئېنگېلسنىڭ ئەنگلىيە، ئامېرىكىدىكى ھەركەتلەر توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلىرى بىلەن گېرمانىيىدىكى ھەركەت توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلىرىنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق، كىتاپخانىلارغا بىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىمىز تېخىمۇ ئايان بولىدۇ.

بۇنداق مۇلاھىزىلەر مۇشۇ خەت ـ چەكلەردىمۇ ناھايىتى كوپ ۋە بۇ مۇلاھىزىلەر دىققەت قىلىشقا بەكمۇ ئەرزىيدۇ، بۇ مۇلاھىزىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ "ئوڭ قانىتى"دىن پەخەس بولۇش، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىدىكى **ئاغمىچىلىققا** قارشى رەھىمسىز (ماركسنىڭ 1877 ـــ 1879 ـ يىللىرى ئېلىپ بارغىنىدەك كوپ ھاللاردا **شىددەتلىك**) ئۇرۇش ئېلان قىلىشتىن ئىبارەت پۇتۇنلەي باشقىچە بىر خىل ئىدىيە سىڭدۇرۇلگەن.

بۇنى دەلىللەش ئۇچۇن، ئاۋۋال بۇ خەتلەردىن بىرئاز نەقىل كەلتۇرىمىز، ئاندىن بۇ ھادىسىنى بىر قۇر مولچەرلەپ كورىمىز.

بۇ يەردە ئالدى بىلەن ك. ماركسنىڭ ھۆشبېرگلار ھەققىدىكى مۇلاھىزىسىنى كورستىپ ئوتۇشكە توغرا كېلىدۇ. ف. مېرىڭ ئوزىنىڭ «سورگې بىلەن يېزىشقان خەت ـ چەكلەر»دە ماركسنىڭ ۋە كېيىنچە ئېنگېلسنىڭ ئاغمىچىلارغا قىلغان ھوجۇمىنى يومشىتىشقا كوچەپ ئۇرۇنغان، ئۇنىڭ بۇنداق تىرىشچانلىقى، بىزنىڭچە، سەل ئېشىپراق كەتتى. مەسىلەن، مېرىڭ ھۆشبېرگلار ئۇستىدە توختالغىنىدا ھامان تەرسالىق بىلەن ئوز پىكرىدىلا تۇرۇۋېلىپ، ماركسنىڭ لاسسال ۋە لاسسالچىلارغا[119] بەرگەن باھاسى توغرا بولمىدى، دەپ قارىدى. لېكىن بىز يەنە تەكرار ئېيتىمىزكى، بىزنىڭچە، بۇ يەردە ئەڭ مۇھىمى ماركسنىڭ

بەزى ئاتالمىش سوتسىيالىزىمچىلارغا قىلغان ھۇجۇمىنىڭ توغرا بولغان ـ بولمىغانلىقى ياكى ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن ـ كەتمىگەنلىكى ئۈستىدە بېرىلىدىغان تارىخىي باھا ئەمەس، بەلكى ماركسنىڭ ئومۇمەن سوتسىيالىزىم ھەركىتىدىكى بەزى **مەزھەپلەرگە** بەرگەن **پىرىنسىپال** باھاسى.

ماركس گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنى لاسساللچىلار ۋە دېيۇرىڭ بىلەن مۇرەسسەلەشمەسلىككە كېرەك ئىدى دەپ قارىغان (1877 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىكى خەت)، شۇنىڭدەك "سوتسىيالىزىمنى 'تېخىمۇ يۈكسەك، غايىۋى' يولغا بۇرىماقچى بولغان، يەنى سوتسىيالىزىمنىڭ ماتېرىيالىستىك ئاساسى (بۇنداق ئاساس تەتقىق قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ ھالدا تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ) ئورنىغا ئادالەتلىك، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ۋە fraternité (مېھرىۋانلىق) بەخش قىلغۇچى مەبۇدە توغرىسىدىكى ھازىرقى زامان ئەپسانىلىرىنى دەسسەتمەكچى بولغان" بىر توپ پىشمىغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئوتۇپ كەتكەن دانىشمەن دوكتۇر (نېمىس تىلىدىكى "دوكتۇر" بىزدىكى "پەنلەر كاندىداتى" ۋە "ئالىي مەكتەپنى ئەلا دەرىجىدە پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى"غا تەڭ كېلىدىغان بىر خىل ئىلمىي ئۇنۋان)لار بىلەن مۇرەسسەلىشىشنىمۇ ئەيىبلىگەن. «كېلىچەك» ژورنىلى[316] چىقارغۇچى دوكتۇر جاناپلىرى ھۆشبېرگ ئەنە شۇنداق خاھىشنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئۇ پارتىيىگە ئانە بېرىپ 'كىرگەن' — ئۇنىڭدا 'ئەڭ ئالىجاناپ' ئىستەك بارمۇ دەيلۇق، لېكىن مېنىڭ ھېچقانداق 'ئىستەك' بىلەن كارىم يوق. دۇنيادا ئۇنىڭ «كېلىچەك» ژورنىلىنىڭ پۇروگىراممىسىدىن ئوسال ۋە 'كەمتەر مەمەدان' نەرسە تېپىلماس" (70 ـ خەت)[317].

ماركس ئالاھەزەل ئىككى يىل ئۆتۈپ (1879 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى) يازغان يەنە بىر پارچە خېتىدە، ماركس بىلەن ئېنگېلس

ج.موستنى ياقلىغان، دىگەن ئىغۋاغا رەددىيە بەرگەن ھەمدە ئۇزىنىڭ گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىدىكى ئاغمىچىلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى سورگېغا تەپسىلى چۈشەندۈرگەن ئىدى. «كېلىچەك» ژورنىلىنى ھۆشبېرگ، شرام ۋە ئى. بېرنشتېينلار چىقارغان ئىدى. ماركس بىلەن ئېنگېلس بۇ ژورنالنىڭ خىزمىتىگە قاتنىشىشنى **رەت قىلغان**، كېيىن پارتىيىنىڭ يېڭى نەشر ئەپكارىنى چىقىرىشقا ھۆش-بېرگنىڭ قاتناشماقچى ۋە پۇل چىقىرىپ ياردەم بەرمەكچى بولغانلىغى مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا، ماركس بىلەن ئېنگېلس ئاۋال "دوكتۇرلار، ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە مۇنبەر سوتسىيالىزىم-چىلىرىدىن[153] قۇراشتۇرۇلغان بۇ ئارىلاشما"غا نازارەت قىلىش ئۈچۈن ئۇزلىرى تەيىنلىگەن مەسئۇل تەھرىر ھىرشنى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلغان، ئۇنىڭدىن كېيىن، ھۆشبېرگ، شرام، بېرنشتېينلار ئۇز لۇ-شيەنىنى ئۇزگەرتمىسە ئۇزلىرىنىڭ "پارتىيىسىنى ۋە نەزىرىيىسىنى ئاياق ئاستى قىلىدىغان ‹Verluderung — بۇ سوزنىڭ نېمىسچە مەنىسى **تېخىمۇ كۆچلۈكرەك**› بۇنداق قىلمىشلار"غا ئاشكارا قارشى تۇرىدى-غانلىغىنى بېبېل، لىبكنېخت ۋە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ باشقا يولباشچىلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇپ توغرىدىن-توغرا ئۇقتۇرغان.

شۇ چاغدا گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى، خۇددى مېرىڭ ئۇزىنىڭ «پارتىيە تارىخى»دا ئېيتقىنىدەك "قالايمىقانچىلىق يىلى" («Ein Jahr der Verwirrung»)دا تۇراتتى. پارتىيە "پەۋ-قۇلئاددە قانۇن"[151] ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنلا توغرا يول تېپىۋال-غىنى يوق، دەسلەپتە تېخى موستىنىڭ ھوكۇمەتسىزلىگى بىلەن ھۆشبېرگلارنىڭ ئاغمىچىلىغىدىن ئۇمت ئۇزەلمەي يۇردى. ماركس شۇ چاغدا ھۆشبېرگ ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: "بۇ ئەبلەخلەر نەزىرىيە جەھەتتە ھېچنىمە بىلمەيدۇ، ئەمىلىيەت جەھەتتە قىلچە كارغا كەلمەيدۇ، ئۇلار سوتسىيالىزىمنى (ئۇلار سوتسىيالىزىمنى

داشوۋې شەرھىسىدە چۈشىنىدۇ)، ئاساسەن سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنى مۇلايىمراق قىلىش، ئىشچىلارنى ئاگاھلىقراق قىلىش خىيالىدا، ياكى ئۆزلىرىنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئىشچىلارغا 'مەرىپەت ئوكۇلى' ئۇرۇش خىيالىدا بولدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆزىدە بولسا پەقەت يېرىم-ياتا، مۇجمەل قاراشلار بار. ئۇلار ئاۋال پارتىيىنىڭ مىشچانلار نەزىرىدىكى ئابروينى ئوستۇرمەكچى بولدۇ. ئۇلار بىچارە ئەكسىلئىنقىلاۋىي سەپسەتىلەردىن باشقا نەرسە ئەمەس."[318]

ماركسنىڭ "شىددەتلىك" ھۇجۇمى بىلەن ئاغمىچىلار ئارقىغا چېكىندى، ھەتتا.....جىمىپ كەتتى. ماركس 1879-يىل 11-ئاينىڭ 19-كۈنىدىكى بىر پارچە خېتىدە، ھۇشبېرگنىڭ تەھرىر ھەيئىتىدىن چىقىرىلغانلىقىنى، پارتىيىنىڭ بارلىق مۇھىم يولباشچىلىرى، مەسىلەن، بېبېل، لىبكنېخت، براككې قاتارلىقلارنىڭ ھۇشبېرگنىڭ پىكرىدىن **ۋازكەچكەنلىكىنى**[319]، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئورگان گېزىتى بولغان «سوتسىيال دېموكراتلار» گېزىتىنىڭ[320] شۇ چاغدا پارتىيىدىكى ئىنقىلاپچىلار تەرەپتە تۇرغان فوللمارنىڭ مەسئۇل تەھرىرلىگىدە چىقىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان. بىر يىلدىن كېيىن (1880-يىل 11-ئاينىڭ 5-كۈنى)، ماركس ئۆزىنىڭ ئېنگېلس بىلەن بىللە «سوتسىيال دېموكراتلار» گېزىتىنىڭ "قاملاشمىغان" (miserable) قاچىنىغا قارشى ھەمىشە كۈرەش قىلىپ كەلگەنلىكىنى ۋە كوپ ھاللاردا **ناھايىتى كەسكىن** كۈرەش قىلىپ («Wobei's oft scharf hergeht») كەلگەنلىكىنى ئېيتقان. لىبكنېخت 1880-يىلى ماركسنىڭ قېشىغا بارغان ۋە **ھەممە تەرەپتىن** "ياخشىلاش"قا ۋەدە بەرگەن[321].

تېچلىق ئورنىتىلدى، ئۇرۇش سىرتقا ئاشكارىلانمىدى. ھۇشبېرگ ئۆزىنى چەتكە ئالدى، بېرنشتېين ئىنقىلاۋىي سوتسىيال دېموكرات بولۇپ قالدى.....ھېچ بولمىغاندا، 1895-يىلى ئېنگېلس ۋاپات بولغانغا

قەدەر شۇنداق بولدى.

ئېنگېلس 1882 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى سورگېغا يازغان خېتىدە بۇ كۆرەشنى ئوتكەن ئىشلار قاتارىدا بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "ئومۇمەن ئېيتقاندا، گېرمانىيىدە ئەھۋال ناھايىتى ياخشى. گەرچە پارتىيىلىك يازغۇچى جاناپلار پارتىيىنى ئەكسىيەتچىل يولغا بۇراشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولدى. سوتسىيال دېموكراتىزىمچى ئىشچىلارنىڭ ھەممىلا يەردە ھاقارەتكە ئۇچرىشى ئۇلارنى 3 يىلدىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئومۇمەن تېخىمۇ ئىنقىلاپچى قىلىۋەتتى...... بۇ جاناپلار «پارتىيىنىڭ يازغۇچىلىرى» شۇ چاغدا مۇلايىم، ئىتائەتچان بولۇش ۋە تىز پۇكۇش يولى بىلەن سوتسىيالىستلارغا قارشى قانۇننى بىكار قىلىشنى ھەدەپ تىلىدى، چۈنكى بۇ قانۇن ئۇلارنى قەلەم ھەققىدىن مەھرۇم قىلغان ئىدى. بۇ قانۇن بىكار قىلىنسىلا، ئاشكارا بولۇنۇش جەزمەن پەيدا بولاتتى-دە، فىرېككى ۋە ھۇشبېرگچى جاناپلار مۇستەقىل ئوڭ قانات بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقاتتى؛ ئۇلار ئاخىرقى ھىساپتا ئاغدۇرۇلغىچە، ئۇلار بىلەن ئارىلاپ سوھبەتلىششكە بولاتتى. بۇ پىكىرنى بىز سوتسىيالىستلارغا قارشى قانۇن ئېلان قىلىنغان چاغدىلا ئېيتقان ئىدۇق، شۇ چاغدا ھۇشبېرگ بىلەن شىرام «يىلنامە»دە[322] نومۇسسىزلىقتا ئۇچىغا چىققان بىر پارچە ماقالا ئېلان قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئوتكەنكى پائالىيەتلىرىگە باھا بەرگەن ھەمدە پارتىيىنىڭ سەل نازاكەتلىك ۋە ئەدەپلىك بولۇشىنى تەلەپ قىلغان ئىدى."[323] (ئەسلىسى gebildetes ئەمەس، «Jebildetes» ئىدى. ئېنگېلس بۇ يەردە گېرمانىيە يازغۇچىلىرىنىڭ بېرلىنچە تەلەپپۇزىنى كوزدە تۇتىدۇ)

1882 ـ يىلى بېرنشتېينچىلار ئۇستىدە قىلىنغان بۇ ھوكۇم 1898 ـ يىلى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا شانلىق ھالدا ئىسپاتلاندى.

شۇ مەزگىلدىن ئېتىۋارەن، بولۇپمۇ ماركس ۋاپات بولغاندىن

كېيىن، گېرمانىيە ئاغمىچىلىرى بۇرمىلىغۇەتكەن لۇشيەنىنى ئېنگېلس باشتىن ـ ئاياق ئېغىشماستىن "تۈزنەتمپ" كەلدى، دىسەك قىلچە مۇبالىغە قىلغانلىق بولمايدۇ.

1884 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى. ئېنگېلس گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلاردىن بولغان ئىمپېرىيە پارلامېنتىنىڭ ئەزالىرىنىڭ دېڭىز قاتنىشىغا قوشۇمچە پۇل (Dampfersubvention») مېرىكىنىڭ «پارتىيە تارىخى»غا قارالسۇن) بېرىشكە قوشۇلۇپ ئاۋاز بەرگەندە ئىپادىلىگەن "مىشچانلارچە بىر تەرەپلىمىلىكلىكى"نى ئەيىپلىدى. ئېنگېلس شۇ چاغدا سورگېغا خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئىش ئۈستىدە كوپلەپ خەت يېزىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتقان ئىدى (1884 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىكى خەتكە قارالسۇن)[324].

1885 ـ يىلى ئېنگېلس دېڭىز قاتنىشىغا قوشۇمچە پۇل بېرىش مەسىلىسىنىڭ پۈتۈن جەريانىنى بايان قىلىپ كېلىپ مۇنداق دەپ يازغان ئىدى (6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى): "ئەھۋال بولۇنۇش دەرىجىسىگە بېرىپ قالاي دىدى." سوتسىيال دېموكراتلاردىن بولغان پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ "مىشچانلارچە نەپسى" **"نىمە دىگەن يامان ـ ھە"**. ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: "گېرمانىيىدەك مەملىكەتتە ئۇششاق بۇرژۇئا سوتسىيالىزىمچى مەزھىپىنىڭ بولۇشى مۇقەررەر."[325]

1887 ـ يىلى. سورگې ئېنگېلسقا يازغان خېتىدە، پارتىيە فىرىكسىدەك ئادەملەر (ھۆشىيرگىچە سوتسىيال دېموكراتلار)نى پارلامېنت ئەزالىغىغا سايلىسا، شەرمەندە بولماقتىن باشقا نەتىجە چىقمايدۇ، دىگەن ئىدى. ئېنگېلس جاۋاپ خېتىدە مۇنداق دەپ چۈشەنچە بېرىدۇ: بۇنىڭغا ھېچ ئامال يوق، ئىشچىلار پارتىيىسىدىن پارلامېنتقا قاتناشتۇرغۇدەك تۈزۈكرەك بىر ۋەكىل تېپىلمىدى. "سوتسىيالىستلارغا قارشى قانۇن بولغانلىقى ئۈچۈنلا يول قويۇلۇۋاتقانلىقى، پارتىيىنىڭ پائالىيەت ئەركىنلىكي ئەسلىگە كەلگەن ھامان، ئۇلارنىڭ ھەيدەپ

چىقىرىلىدىغانلىقى ئۇلۇغ قانات ئەپەندىلەرگە مەلۇملۇق.” ۋە يەنە ئۇمۇمەن ئېيتقاندا، ئەڭ ياخشىسى، ”پارتىيە ئۆزىنىڭ پارلامېنتتىكى باتۇرلىرىدىن تۇۋەن ئەمەس، ئۈستۈن تۇرۇشى كېرەك“ (1887 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى). ئېنگېلس شۇ چاغدا نارازى بولۇپ، لىبكنېخت بىر ياراشتۇرمىچى، ئۇ ئىختىلاپلارنى ھەمىشە قۇرۇق گەپ بىلەن ياپىدۇ، بىراق ئەھۋال بولۇنۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەندە، ھەل قىلغۇچ پەيتتە، ئۇ بىز تەرەپكە ئۆتۈۋالىدۇ، دىگەن ئىدى[326].

1889 ـ يىلى. پارىژدا سوتسىيال دېموكراتلارنىڭ ئىككى خەلقارا قۇرۇلتىيى[327] بولۇپ ئۆتتى. ئاغمىچىلار (فرانسىيىدىكى مۇمكىنچىلەر[141] باشچىلىقىدا) ئىنقىلاۋىي سوتسىيال دېموكراتلاردىن بولۇنۇپ چىقتى. ئېنگېلس (شۇ چاغدا ئۇ 68 ياشقا كىرىپ قالغان ئىدى) خۇددى بىر ياش ئۇسمۇردەك جەڭگە ئاتلاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ نۇرغۇن خەتلىرىدە (1889 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن شۇ يىل 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگىچە) ئاغمىچىلارغا قارشى كۈرەش ئۈستىدە توختالغان ئىدى. شۇ چاغدا ئاغمىچىلار دەككىسىنى يەپ قالماستىن، بەلكى لىبكنېخت ۋە بېبېل قاتارلىق نېمىسلارمۇ ياراشتۇرمىچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن دەككىسىنى يىدى.

ئېنگېلس 1889 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىكى خېتىدە، مۇمكىنچىلەر ھوكۇمەتنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى دەپ يازدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە ئەنگلىيە ”سوتسىيال دېموكراتىك ئىتتىپاق“ (S .D .F.) ئەزالىرىنىڭ مۇمكىنچىلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەنلىكىنى پاش قىلدى[328]. ”بۇ جۇۋاينىمەك قۇرۇلتاي ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپكە قاتراپ يۈرۈشكە، نۇرغۇن خەتلەر يېزىشقا توغرا كەلگەنلىكتىن، مېنىڭ باشقا ئىشلارنى قىلىشقا چولام تەگمەيۋاتىدۇ“ (1889 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى) ئېنگېلس شۇ چاغدا زەردە بىلەن مۇنداق دەيدۇ: مۇمكىنچىلەر ھەر ياققا قاتراپ يۈرىدۇ، بىزنىڭ ئادەملىرىمىز

بولسا ئۇخلاۋاتىدۇ. ھازىر ئائۇئېر بىلەن شىپپىلمۇ بىزنىڭ مۇمكىنچىلەرنىڭ قۇرۇلتىيىغا قاتنىششىمىزنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. لېكىن بۇ ھال "ئاخىرى" لىبكنېختنىڭ كوزىنى ئاچتى[329]. ئېنگېلس بىلەن بېرنشتېين بىرلىكتە ئاغمىچىلارغا قارشى كىتاپچىلارنى يازدى (بېرنشتېيننىڭ نامىدا چىقىرىلغان، لېكىن ئېنگېلس بۇ كىتاپچىلارنى "بىزنىڭ كىتاپچىمىز" دەپ ئاتايدۇ)[330].

"مۇمكىنچىلەر پۈتكۈل ياۋروپادا سوتسىيال دېموكراتىك ئىتتىپاقتىن باشقا بىرمۇ سوتسىيالىستىك تەشكىلاتنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولالمىدى ‹1889-يىل 6-ئاينىڭ 8-كۈنى›. شۇڭا ئۇلار غەيرى سوتسىيالىستىك ئىشچىلار بىرلەشمىسى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى." (ئېلىمىزدىكى كەڭ ئىشچىلار پارتىيىسى، ئىشچىلار قۇرۇلتىيى ۋە باشقىلارغا چوقۇندىغان كىشىلەر دىققەت قىلسۇن!) "ئۇلارنىڭ قۇرۇلتىيىغا ئامېرىكىدىن يالغۇز **ئەمگەك رىتسارلىرىنىڭ** ۋەكىللا قاتناشتى." رەقىپ يەنىلا باكۇنىنچىلارغا قارشى كۈرەشتە دۇچكەلگەن رەقىپ: "ھوكۇمەتسىزلەرنىڭ بايرىقى ئورنىغا مۇمكىنچىلەرنىڭ بايرىقى ئالماشتۇرۇلدى، خالاس: ئازغىنا يول قويۇشنى ئاساسەن بىرىنچى رەھبەرگە تېگىدىغان تاپاۋەتلىك ئورۇن (شەھەرلىك كېڭەشنىڭ ئەزالىقى ۋە ئىشقا تونۇشتۇرۇش ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە باشقىلار)نى دەپ يەنىلا بۇرژۇئازىيىگە پىرىنسىپنى ساتتى." بىرۇسسې (مۇمكىنچىلەرنىڭ يولباشچىسى) بىلەن ھايندمان (مۇمكىنچىلەر بىلەن بىرلەشكەن سوتسىيال دېموكراتىك ئىتتىپاقنىڭ يولباشچىسى) "ئىنتېرناتسىونالنىڭ يېڭى يادروسى"نى تەشكىل قىلىش مەقسىدىدە "نوپۇزلۇق ماركسىزم"غا ھۇجۇم قىلماقتا.

"نېمىسلارنىڭ نەقەدەر ساددىلىقىنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلالمايسەن. ئەقەللىسى بېبېلنىڭ ئۆزىگە مەسىلىنىڭ نەدىلىكىنى چۈشەندۈرۈشمۇ ناھايىتى تەسكە توختىدى." (1889-يىل 6-ئاينىڭ 8-كۈنى)[331]

ئىككى فوروۇلتاي ئوتكۈزۈلۈپ بولغان ۋە ئىنقىلاۋىي سوتسىيال دېموكراتلار سان جەھەتتە مۇمكىنچىلەردىن (مۇمكىنچىلەر شۇ چاغدا **ئىشچىلار بىرلەشمىچىلىگى تەرەپدارلىرى**، سوتسىيال دېموكراتىك ئىتتىپاق ۋە بىر قىسىم ئاۋسترىيىلىكلەر بىلەن **بىرلەشكەن** ئىدى) ئېشىپ كەتكەندىن كېيىن، ئېنگېلس بەكمۇ خوشال بولۇپ كەتتى (1889 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى)[332] . ئۇ لىبكنېخت قاتارلىقلارنىڭ ياراشتۇرمىچىلىق پىلانى ۋە تەكلىۋىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىغىدىن خوش ئىدى (1889 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى). "بىزنىڭ دىلى نازۇك ياراشتۇرمىچىلىرىمىز دوستلۇق ۋە ئىناقلىقنى جېنىنىڭ بېرىچە تەشەببۇس قىلىپ، نەتىجىدە پەشۋا يىدى. ئېھتىمال، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ كېسىلى خېلى كۈنلەرگىچە ئوڭلىنىپ قالار."[333]

......مېرىڭ توغرا ئېيتىدۇ («سورگې بىلەن يېزىشقان خەتچەكلەر»)، ماركس ۋە ئېنگېلس "تەكەللۇپ" قىلىشنى ياقتۇرمايتتى: "ئۇلار باشقىلارنى دۇمبالىغاندا زادىلا ئىككىلەنمەيتتى، ئۆزلىرى دۇمبا يىگەندىمۇ زادىلا زارلانمايتتى." "ئېنگېلس بىر قېتىم مۇنداق دەپ يازىدۇ: ئەگەر سىلەر ئوزەڭلەرنىڭ كىچىككىنە يىڭنىلىرىڭلارنى مېنىڭ بۇ قېلىن ـ قاتمال تېرەمگە ئوتىدۇ دەپ ئويلىساڭلار خاتالىشىسىلەر."[334] مېرىڭ ماركس بىلەن ئېنگېلس ئۈستىدە توختالغىنىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: شۇڭا ئۇلار باشقىلارنىڭمۇ ئوزلىرىگە ئوخشاش ھىسسىياتقا بېرىلمەيدىغان بولۇشىنى ئۇمىت قىلاتتى.

1893 ـ يىلى. "فابىانچىلار"[142] نى قاتتىق ساۋىدى، بۇ......بېرنشتېينچىلارنى ئەيىپلىگەندە چوقۇم قىلىدىغان ئىش ئىدى (بىلىش كېرەككى، بېرنشتېيننىڭ ئەنگلىيە "فابىانچىلىرى" ئىچىدە ئوزىنىڭ ئاغمىچىلىغىنى "يېتىشتۇرۇش" ئۇچۇن سەرپ قىلغان كۈچى بىكارغا كەتمىدى). "لوندوندا، فابىانچىلار ـــ بىر ئوچۇم قارا نىيەتچىلەر، لېكىن ئۇلارنىڭ مىڭىسى خېلى سەگەك، ئۇلار ئىجتىمائىي ئوزگىرىشنىڭ چوقۇم

بولىدىغانلىغىنى بىلىدۇ، بىراق بۇ مۇشكۇل ئىشنى قوپال پۇرولېتا-
رىياتنىڭ مۇستەقىل ئىشلىشىگە قويۇپ بەرگۇسى كەلمەيدۇ، شۇڭا
ئۇلار ئۇزلىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ پۇرولېتارىياتنى يېتەكلەشكە ئادەتلە-
نىپ قالغان. ئىنقىلاپتىن قورقۇش — ئۇلارنىڭ ئاساسي پىرىنسىپى.
ئۇلارنىڭ تەگدىن تولىسى زىيالى؛ ئۇلارنىڭ سوتسىيالىزىمى جاي-
لارنىڭ ئومۇمى مۇلۇكچىلىگىنى ئاساس قىلغان سوتسىيالىزىم: ئىشلەپ-
چىقىرىش ۋاستىلىرى دولەت ئىگىدارچىلىغىدا بولماستىن، كوممۇنا
ئىگىدارچىلىغىدا بولىدۇ، ھىچ بولمىغاندا، دەسلىۋىدە شۇنداق بولىدۇ.
ئۇلار ئۇزلىرىنىڭ سوتسىيالىزىمىنى بۇرژۇئا لىبېرالىزىمىنىڭ ئەڭ
چېكىگە يەتكەن لېكىن مۇقەررەر بولغان ئاقىۋىتى دەپ تەسۋىرلەيدۇ.
بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تاكتىكىسى كېلىپ چىقىدۇ: لىبېراللار
پارتىيىسىگە دۇشمەن قاتارىدا قەتئى كۇرەش ئېلىپ بارماي، ئۇلارنى
سوتسىيالىستىك خۇلاسىگە كەلتۇرۇش، يەنى ئۇلارنى گوللاش، لىبې-
رالىزىمغا سوتسىيالىزىمنى سىڭدۇرۇش، سوتسىيالىزىمچى نامزاتلار
ئارقىلىق لىبېراللار پارتىيىسى بىلەن ئېلىشماي، ئۇلارنى لىبېراللار
پارتىيىسىگە كىرگۇزۇش، يەنى ئالداش يولى بىلەن ئۇلارنى سايلات-
قۇزۇش......ئۇلار بۇنداق قىلىش بىلەن يا ئۇزلىرى ئالدىنىدۇ، يا
سوتسىيالىزىمنى ئالدايدۇ، ئۇلار بۇنى چۇشەنمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

فابىانچىلار تۇرلۇك يامان ئەسەرلەرنى بېسىپ چىقارغاندىن باشقا،
بىرمۇنچە ياخشى تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنىمۇ بېسىپ چىقاردى. بۇ —
ئىنگلىزلارنىڭ بۇ جەھەتتە چىقارغان ئەڭ ياخشى نەرسىلىرى. ئەمما
ئۇلار ئۇزلىرىنىڭ ئالاھىدە تاكتىكىسىغا — سىنىپي كۇرەشنى يوقىتا
چىقىرىشقا قايتقىنىدا، ئىشنى چاتاقلاشتۇرىدۇ. ئۇلار ماركسنى ۋە
بىزنى شۇنىڭ ئۇچۇن تەلۋىلەرچە ئۇچ كورىدۇكى، بىز سىنىپي
كۇرەشنى تەشەببۇس قىلىمىز.

ئەلۋەتتە، فابىانچىلارنىڭ نۇرغۇنلىغان بۇرژۇئا مۇرىتلىرى بار.

شۇڭا ئۇلاردا 'پۇل كوپ'"......[335]

سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىدىكى زىيالى ئاغمىچىلارغا بىرىلگەن كىلاسسىك باھا

1894 ـ يىلى. دىخانلار مەسىلىسى. ئېنگېلس 1894 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۇنى مۇنداق دەپ يازىدۇ: "چوڭ قۇرۇلتايدا، ھەركەتنىڭ كۇنسايىن راۋاجلىنىشى بىلەن، تېخىمۇ زور ئۇتۇقلارغا تەقەززامۇ كۇچەيمەكتە، دىخانلارنى قولغا كەلتۇرۇۋېلىش ھەركەتلىرىمۇ ئىسمى جىسمىغا لايىق ئەۋج ئالماقتا. دەسلەپتە فرانسۇزلار لافارگ ئارقىلىق نانتتا، ئۇششاق دىخانلارنىڭ خانىۋەيران بولۇشنى تېزلىتىش بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەس، ــ بۇنى كاپىتالىزىم بىزگە ئورۇنلاپ بېرىدۇ، ــ بەلكى بىز ئۇششاق دىخانلارنى توغرىدىن ـ توغرا قوغدىشىمىز، ئۇلارنى باج، جازانە ۋە چوڭ يەر ئىگىلىرىنىڭ ئېكسپلاتاتسىيىسىدىن قوغدىشىمىز كېرەك دەپ بايانات ئېلان قىلدى. بىراق بىز بۇنىڭغا زادىلا قوشۇلمايمىز، چۇنكى بىرىنچىدىن، بۇ ــ ئەخمەقلىق؛ ئىككىنچىدىن، بۇنداق ئىمكانىيەتمۇ يوق. ئارقىدىنلا، فولمار **بارلىق دىخانلارنى** سېتىۋالماقچى بولۇپ فرانكفۇرتتا نۇتۇق سوزلىدى، ئەمما ئۇ يۇقۇرى باۋارىيىدا سېتىۋالماقچى بولغان دىخانلار رېين دەرياسى ۋادىسىدىكىدەك قەرزنىڭ دەستىدىن جېنى تۇمشۇغىغا كېلىپ قالغان ئۇششاق دىخانلار ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا دىخانلار، ھەتتا ئەر ـ ئايال ياللانما دىخانلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىدىغان، ئات ـ ئۇلاق ۋە ئاشلىق ساتىدىغان مۇستەقىل چوڭ دىخانلار ئىدى. بارلىق پىرىنسىپلاردىن ۋازكەچسەك بىر گەپ، بولمىسا، بۇنىڭغا قوشۇلالمايمىز."[336]

1894 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۇنى:...... "باۋارلار بەكمۇ ئاغمىچىلىشىپ كەتتى، ئادەتتىكى خەلق پارتىيىسى بولۇپ قېلىشقا ئاز قالدى

(مېنىڭ كۆزدە تۇتقىنىم كۆپ ساندىكى يولباشچىلار ۋە يېڭىدىن پارتىيىگە كىرگەن بىرمۇنچە كىشىلەر)؛ باۋارىيە ئىشتات پارلامېنتىدا، ئۇلار پۇتكۇل خامچوتنى قۇۋۋەتلەپ ئاۋاز بەردى، بولۇپمۇ فولمار دېخانلار ئارىسىدا ياللانما دېخانلارنى جەلپ قىلىش ئەمەس، بەلكى يۇقۇرى باۋارىيىدىكى 25 ئاكردىن 80 ئاكرغىچە (10 گېكتاردىن 30 گېكتارغىچە) يېرى بار، يەنى ياللانما ئىشچى ئىشلەتمىسە بولمايدىغان چوڭ دېخانلارنى جەلپ قىلىش مەقسىدىدە تەرغىبات ئېلىپ باردى.“......[337]

كورۇنۇپ تۇرۇپتۇكى، ماركس بىلەن ئېنگېلس ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئىزچىل تۇردە گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ئىچىدىكى ئاغمىچىلىققا قارشى باشتىن-ئاخىر ئېغىشماي كۈرەش قىلىپ، سوتسىيالىزم ھەركىتىدىكى زىيالىلارچە چاكىنا قاراشلارغا ۋە مىشچانلىققا زەربە بەرگەن. بۇ — بەكمۇ مۇھىم بىر پاكىت. گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ پرولېتارىياتچە ماركسىزىملىق سىياسەت ۋە تاكتىكىنىڭ نەمۇنىسى دەپ قارىلىدىغانلىغىنى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ، ئەمما ماركسىزىم ئاساسچىلىرىنىڭ بۇ پارتىيىنىڭ ”ئوڭ قانىتى“ (بۇ — ئېنگېلسنىڭ سۆزى)غا قارشى قانداق كۈرەش قىلغانلىغىنى بىلمەيدۇ. ئېنگېلس ۋاپات بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ كۈرەش يوشۇرۇن ھالەتتىن ئاشكارا ھالەتكە ئۆتتى. بۇ ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس. بۇ گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ نەچچە ئون يىللىق تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى.

ئەمدى بىز ناھايىتى ئېنىق كورۇۋالالايمىزكى، ئېنگېلس (ھەم ماركس)نىڭ نەسىھەت، يوليورۇق، تۈزىتىش، تەھدىت ۋە تەلىملىرىگە ئىككى لۇشيەن سىڭدۇرۇلگەن. ئۇلار ئەنگلىيە، ئامېرىكا سوتسىيالىستلىرىنى ئىشچىلار ھەركىتى بىلەن ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولۇپ

كېتىشكە، ئۆز تەشكىلاتلىرىدىكى تار ۋە تەرسا مەزھەپچىلىكنى چىقىرىپ تاشلاشقا قەتئىي چاقىراتتى. ئۇلار گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلىرىغا چاكىنا كوزقاراشلار، "پارلامېنت مەستانىلىغى"[237] (بۇ ماركسنىڭ 1879 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى يازغان بىر خېتىدىكى سۆزى)[338] ۋە مىشچان زىيالىلارنىڭ ئاغمىچىلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالماسلىقى توغرىسىدا قەتئىي تەلىم بېرەتتى.

ئېلىمىزدىكى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىدىكى ۋالاقتەككۆرلەرنىڭ بىرىنچى نەسىھەت توغرىسىدا جاۋۇلداپ كېتىپ، ئىككىنچى نەسىھەت توغرىسىدا لام ـ جىم دېمەي تۈرۈۋېلىشى بەكمۇ قىزىقارلىق بىر ئىش ئەمەسمۇ؟ ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ خەت ـ چەكلىرىدىكى باھا بېرىشتە كۆرۈلگەن **بۇنداق** بىر تەرەپلىمىلىك بىزنىڭ روسىيىدىكى سوتسىيال دېموكراتلىرىمىزنىڭ...... "بىر تەرەپلىمىلىكى"گە ئەڭ روشەن ئىسپات بولمامدۇ؟

ھازىر، خەلقارا ئىشچىلار ھەرىكىتىدە قاتتىق خاتىرجەمسىزلىك ۋە ئارىسالدىلىقنىڭ بىر تۈرلۈك ئالامىتى كۆرۈلۈپ تۇرغان ۋاقىتتا، ئاغمىچىلىق، "پارلامېنت مەستانىلىغى" ۋە چاكىنا ئىسلاھاتچىلىق چېكىدىن ئېشىپ، ئىنقىلاۋىي سىندىكالىزىمنىڭ چېكىدىن ئاشقان قارىمۇ ـ قارشىلىقىنى پەيدا قىلغان ۋاقىتتا، ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ ئەنگلىيە، ئامېرىكا سوتسىيالىزم ھەرىكىتىنى ۋە گېرمانىيە سوتسىيالىزم ھەرىكىتىنى "تۈزىتىش" توغرىسىدىكى باش لۇشيەنى ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى.

سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى بولمىغان، پارلامېنتتا سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ۋەكىلى بولمىغان، سايلامدىمۇ، مەتبۇئاتتىمۇ ئىزچىل ۋە تۇراقلىق بولغان سوتسىيال دېموكراتىزىملىق سىياسەت ۋە باشقىلار زادىلا **كوزگە چېلىقمايدىغان** ئەللەردە، ماركس بىلەن ئېنگېلس سوتسىيالىستلارغا پرولېتارىياتنى **سىياسى**

جەھەتتە جانلاندۇرۇش ئۈچۈن قانداق قىلىپ بولمىسۇن، تار مەزھەپچىلىك رامكىسىدىن چىقىپ، ئىشچىلار ھەرىكىتىگە **قاتنىشىش** توغرىسىدا تەلىم بېرىپ كەلدى. چۈنكى پرولېتارىياتنى 19‑ئەسىرنىڭ ئاخىرقى 3 تىن بىر قىسمىدا مەيلى ئەنگلىيىدە ياكى ئامېرىكىدا بولسۇن، ئۇزىنىڭ ھېچقانداق سىياسى مۇستەقىللىغىنى كورسەتمىدى **دېسىمۇ بولىدۇ.** بۇ ئىككى مەملىكەتنىڭ سىياسى سەھنىسى — بۇرژۇئا دېموكراتىزىملىق تارىخىي ۋەزىپىلەر تامامەن يوق دېيەرلىك شارائىتتا — كورەڭلەپ كەتكەن بۇرژۇئازىيە تەرىپىدىن **پۈتۈنلەي** ئىگىلىۋېلىنغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىشچىلارنى ئالداش، چىرىتىش ۋە سېتىۋېلىش نەيرىڭىنىڭ دۇنيادا تەڭدىشى يوق.

كىمكى ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىشچىلار ھەرىكىتىگە قارىتىلغان نەسىھەتلىرىنى روسىيىگە شۇنداقىسىغىلا توغرىدىن‑توغرا تەتبىقلاشقا بولىدۇ دەپ ھېساپلايدىكەن، ئۇ ماركسىزمنى ماركسىزىملىق **ئۇسۇلنى** بىلىۋېلىش، مەلۇم بىر ئەلدىكى ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ كونكرېت تارىخىي ئالاھىدىلىگىنى **تەتقىق قىلىش** ئۈچۈن ئەمەس، زىيالىلارنىڭ گۇرۇھۋازلىق تەشكىلاتىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن تەتبىق قىلغان بولىدۇ.

ئەكسىچە، بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاپ تېخى ئورۇنلانمىغان مەملىكەتلەردە، "پارلامېنت شەكلى بىلەن بىزەلگەن ھەربى مۇستەبىتلىك" (بۇ ماركسنىڭ «گوتا پروگراممىسىغا تەنقىت» دىگەن ئەسىرىدىكى سوز)[339] ھوكۇمرانلىق قىلغان ۋە قىلىۋاتقان ئەللەردە، پرولېتارىيات ئاللىقاچان سىياسى تۇرمۇشقا قاتناشقان ھەم سوتسىيال دېموكراتىزىملىق سىياسەتنى يولغا قويۇۋاتقان مەملىكەتلەردە، ماركس بىلەن ئېنگېلس ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە كولىمىنى پارلامېنتپەرەسلىك بىلەن ۋە چاكىنىلارچە قاراش بىلەن تارايتىۋېتىشتىن ۋە چاكىنىلاشتۇرۇۋېتىشتىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتى.

روسيه بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋى دەۋرىدە، ماركسىزىمنىڭ مۇشۇ تەرىپىنى نۇقتىلىشىمىز ۋە بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشىمىز لازىم، چۈنكى، ئېلىمىزدىكى لىبېرال بۇرژۇئازىيىنىڭ كەڭ كولەملىك، "داڭلىق"، ھەيۋەتلىك مەتبۇئاتى پۇرولېتارىياتقا خوشنىمىز گېرمانىيىدىكى ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ "ئۈلگە بولارلىق" ئىتائەتچانلىقىنى ۋە پارلامېنتپەرەسلىك قانۇنىي روھىنى، كەمتەرلىكى ۋە مۇلايىملىقىنى جېنىنىڭ بېرىچە ماختىماقتا.

روسيه ئىنقىلاۋىدىن يۈز ئورۇگەن بۇرژۇئا ئۇنسۇرلارنىڭ بۇنداق شەخسىيەتچىل بىمەنە سوزلەرنى تەرغىپ قىلىشى ھەرگىز تاسادىپى سەۋەپلەردىن بولغان ئەمەس. شۇنداقلا كادېتلار پارتىيىسى[84] لاگېرىدىكى ئايرىم ۋەزىر بولغان ياكى ۋەزىر بولىدىغانلارنىڭ ئەخلاقى بۇزۇلغانلىقىدىنمۇ بولغان ئەمەس. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىغا روسيه لىبېرال پومىشىكلىرى بىلەن لىبېرال بۇرژۇئازلىرىنىڭ چوڭقۇر ئىقتىسادىي مەنپەئەتى سەۋەپ بولغان. روسيىدىكى بارلىق سوتسيالىزىمچىلار بۇنداق بىمەنە سوزلەرگە ۋە "ئاممىنى نادانلاشتۇرۇش"قا («Massenverdummung» — بۇ ئېنگېلسنىڭ 1886 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىكى خېتىدىكى سوز)[340] قارشى كۇرەش قىلىش داۋامىدا ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ خەتلىرىنى ئەڭ ياخشى قورال قىلىپ ئىشلىتىشى لازىم.

لىبېرال بۇرژۇئازلار شەخسىيەتچىل بىمەنە سوزلەرنى تەرغىپ قىلىپ، خەلقنى گېرمانىيە سوتسيال دېموكراتلىرىنىڭ نەمۇنىلىك "كەمتەرلىكى"نى دوراشقا دەۋەت قىلىدۇ. لېكىن گېرمانىيە سوتسيال دېموكراتلىرىنىڭ يولباشچىلىرى، ماركسىزىم نەزىرىيىسىنىڭ ئاساسچىلىرى بىزگە مۇنۇلارنى ئۆگىتىدۇ:

"فرانسۇزلارنىڭ ئىنقىلاۋىي سوز ـ ھەركەتلىرى فىرىككىلار (يەنى گېرمانىيە سوتسيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ پارلامېنتتىكى پارتىيە

ئومىگىدىكى سوتسىيال دېموكرات ئاغمىچىلار›نىڭ ساختىپەزلىكىنى تېخىمۇ سەت ئېچىپ تاشلىدى. ‹بۇ يەردە فرانسىيە ئاۋام پالاتاسىدا ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە دېكازۋىل ئىشچىلىرىنىڭ ئىش تاشلىشى بىلەن فرانسىيە رادىكاللىرىنىڭ فرانسىيە پرولېتارىياتىدىن ئاجرىلىپ چىقىشقا مەجبۇر بولغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ[341]›. شۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىستلارغا قارشى قانۇن ھەققىدە يېقىندا بولغان مۇنازىرىدە، لىبكنېخت بىلەن بېبېللا سۆزگە چىقتى، ئۇلار ناھايىتى ياخشى سۆزلىدى. مۇشۇنداق مۇنازىرە بولغاچقا، بىز يەنە يۇقىرى قاتلام جەمئىيەتتە ئۆزىمىزنى كۆرسىتەلىدۇق، بۇنداق ئەھۋال بۇرۇن كۆپ بولغان ئەمەس. بولۇپمۇ نېمىسلار شۇنچىۋالا چاكىنىلارنى ئىمپېرىيە پارلامېنتىغا قاتناشتۇرغاندىن (بۇنىڭدىن خالى بولغىلى بولمايتتى) كېيىن، ئۇلار بىلەن خەلقارا سوتسىيالىزىم ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىدىغان ئادەمنىڭ مەيدانغا چىققانلىقى، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ياخشى ئىش بولدى. **تېچ مەزگىلدە گېرمانىيىدە ھەممە نەرسە چاكىنىلىشىپ كەتتى.** بۇنداق چاغلاردا، فرانسىيە رىقابىتىنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى **مۇتلەق زۆرۈر ئىدى**"......(1886 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىكى خەت)[342]

ئىدىيە جەھەتتە ئاساسەن گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ ھەقىقى قوبۇل قىلىشىغا تېگىشلىك ساۋاقلار ئەنە شۇلار.

بىزنى بۇ ساۋاققا ئىگە قىلغىنى 19 ـ ئەسىردىكى ئىككى ئەڭ ئۇلۇغ كىشىنىڭ خەتلىرىدىكى ئايرىم سۆز ـ ئىبارىلەر ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ پرولېتارىياتنىڭ خەلقارا تەجرىبىلىرى توغرىسىدىكى دوستانە، ئاق كۆڭۈل، قىلچە دىپلوماتىك ئىبارە ۋە شەخسى غەرەز ئارىلاشتۇرۇلمىغان تەنقىتلىرىنىڭ ئومۇمى روھى ۋە ئومۇمى مەزمۇنى

بولدى.

ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ خەتلىرىگە بۇنداق روھنىڭ زادى قانچىلىك سىڭدۈرۈلگەنلىگىنى تۆۋەندىكى سۆزلەردىن كۆرۈۋالالايمىز. بۇ سۆزلەر سەل قىسمەنلىك خاراكتېرىنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن مەسىلىنى تازا چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ[343].

1889-يىلى، ئەنگلىيىدە ياش، يېڭى ۋە يېڭىچە ئىنقىلاۋىي روھ بىلەن تولغان ئىشچىلار ھەركىتى باشلاندى، ھەركەت قاتناشچىلىرىنىڭ ھەممىسى تەربىيە كۆرمىگەن، مەلىكىسىز ئاددى ئىشچىلار (كۆمۈر گاز ئىشچىلىرى، پىرىستان ئىشچىلىرى ۋە باشقىلار) ئىدى. ئېنگېلس بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇرسەن ئىدى. ماركسنىڭ قىزى ”تۇسسى“ (Tussy)نىڭ شۇ ۋاقىتتا مۇشۇ ئىشچىلار ئارىسىدا تەرغىبات خىزمىتىنى ئېلىپ بارغانلىقىنى ئېنگېلس بەكمۇ ماختىغان ئىدى. 1889-يىل 12-ئاينىڭ 7-كۈنى ئېنگېلس لوندوندىن يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: ”بۇ يەردە ئەڭ قەبىھ نەرسە — ئىشچىلارنىڭ قېنى-قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بىر تۈرلۈك بۇرژۇئاچە ’ئابروي‘، جەمئىيەت ھەممە ئېتىراپ قىلغان نۇرغۇن تەبىقىلەرگە بۆلۈنگەن، بۇ تەبىقىلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ’غۇرۇرى‘ بار، لېكىن؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆزىدىن ’ياخشىراق‘، ’يۇقۇرىراق‘ تەبىقىلەرگە ھۆرمەت قىلىدىغان بىر خىل تۇغما روھىي ھالەتمۇ بار؛ بۇ نەرسىلەر شۇنچىلىك ئۇزاق داۋام قىلغان ۋە شۇنچىلىك چوڭقۇر يىلتىز تارتقانكى، بۇنىڭ بىلەن بۇرژۇئازلارنىڭ ئامىنى ئالدىشى ناھايىتى ئاسان بولۇپ قالغان. مەسىلەن، جون بۇرنسنىڭ (Burns) ئۆز سىنىپى ئىچىدىكى ئابرويىنىڭ قىزىل يەكتەكلىك پوپ مانىنىڭ، شەھەر باشلىقى ۋە ئادەتتىكى بۇرژۇئازلار ئالدىدىكى ئابرويىدىنمۇ پەخىرلىنەرلىك بولۇشىغا مەن ھەرگىز ئىشەنمەيمەن. چامپىون (Champion) (ھەربى سەپتىن قايتقان جۇڭگۇيى) خېلى يىللار بۇرۇنلا بۇرژۇئا ئۇنسۇرلار

بىلەن، ئاساسەن مۇتەئەسسىپ ئۇنسۇرلار بىلەن ھەممەنەپەس بولۇپ كەلگەن ئىدى. شۇنداق تۇرۇغلۇق ئۇ چېركاۋلارنىڭ پوپلار يىغىنىدا سوتسىيالىزىم ۋاھاكازالارنى تەرغىپ قىلغان، ھەتتا مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ پەزىلەتلىك ئەرباپ دەپ قارىغان توم مان (Mann)مۇ ئۇزىنىڭ شەھەر باشلىغى جاناپلىرى بىلەن ئەتىسگەنلىك چايدا بىللە بولىدىغانلىغىنى ئاغزىدىن چۇشۇرمەي سوزلەپ يۇرىدۇ. ئۇلارنى فرانسۇزلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ كورسىگىز، ئىنقىلاپنىڭ نەقەدەر ياخشى تەسىر بېرىدىغانلىغىنى بىلىۋالالايسىز."[344]

بۇ سوزلەرنى چۇشەندۇرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

يەنە بىر مىسال. 1891 ـ يىلى ياۋروپادا ئۇرۇش خەۋپى تۇغۇلدى. ئېنگېلس بۇ چاغلاردا بۇ ئىش ئۇستىدە بېبېل بىلەن پات ـ پات خەت ئارقىلىق مۇزاكىرىلىشىپ تۇراتتى. ئۇلار مۇنداق قاراشقا كېلىشكەن ئىدى: گېرمانىيە روسىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراپلا قالىدىكەن، گېرمانىيە سوتسىيالىزىمچىلىرى رۇسلارغا ۋە ئۇلارنىڭ بارلىق ئىتتىپاقداشلىرىغا قارشى جان تىكىپ جەڭ قىلىشى لازىم. "ئەگەر گېرمانىيە ئۇجۇقتۇرۇۋېتىلسە، بىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە گۇم بولىمىز. ناۋادا پايدىلىق بۇرۇلۇش بولۇپ قالسا، كۇرەش ئادەتتىن تاشقىرى كەسكىن بولىدۇ، ئۇ چاغدا گېرمانىيە ئىنقىلاپ ۋاستىسىنى قوللانمىغىچە پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشقا، 1793 ـ يىلنى تەكرارلاشقا مەجبۇر بولۇشىمىز ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن." (1891 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۇنى)[345]

قېنى، روسىيە ئىشچىلار پارتىيىسى 1905 ـ يىلى قىياس قىلغان "ياكۇبىنچە" مەنزىرە سوتسىيال دېموكراتىزىم پىرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، دەپ پۇتۇن دۇنياغا جار سالغان ئاغمىچىلار ئاڭلاپ قويسۇن! ئېنگېلس بېبېلغا، سوتسىيال دېموكراتلار ۋاقىتلىق ھوكۇمەتكە قاتنىشىشقا مەجبۇر بولۇشى مۇمكىن، دەپ توغرىدىن ـ

تۇغرا كۆرسەتكەن.

ماركس بىلەن ئېنگېلس سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيە-سىنىڭ ۋەزىپىلىرىگە شۇنداق قاراشتا بولغان ئىكەن، ئۇلاردا روسىيە ئىنقىلاۋىغا ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغ دۇنياۋى ئەھمىيىتىگە ئىنتايىن ئۇمىتۋار-لىق بىلەن قارايدىغانلىقى ناھايىتى تەبىي. مۇشۇ خەت-چەكلەرنىڭ ئۇلارنىڭ 20 يىل مابەينىدە روسىيە ئىنقىلاۋىنى ئىزچىل تۇردە شۇن-داق قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ماركسنىڭ 1877-يىل 9-ئاينىڭ 27-كۈنىدىكى خېتىنى ئالايلى. شەرقتىكى كرىزىس[346] ماركسنى قالتىس خۇشال قىلدى. "روسىيە زور ئۆزگىرىشنىڭ بوسۇغىسىغا بېرىپ قالدى، بۇ ئۆزگىرىش ئۈچۈن زورۇر بولغان ھەممە ئامىللار تەييار بولدى. تۈرك ئەزىمەتلىرىنىڭ...... زەربىسى ئارقىسىدا......، ئۆزگىرىشنىڭ پارتلىشى نۇرغۇن يىل ئالدىغا سۈرۈلىدۇ...... Secundum artem ("ئومۇمىي قائىدە بويىچە") ئۆزگە-رىش ئاساسىي قانۇنچىلىق ئويۇنىدىن باشلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قالتىس قىزىق ئىش يۈز بېرىدۇ (il y aura un beau tapage). ئەگەر خۇدا ئارتۇقچە قاتتىق قوللۇق قىلمىسا، شۇ غەلىبە كۈنلىرىگىچە ياشارمىز."[347] (ماركس ئۇ چاغدا 59 ياشقا كىرىپ قالغان ئىدى)

خۇدا ماركسنىڭ "بۇ غەلىبە كۈنلىرى"گىچە ياشىشىغا ئىمكان بەرمىدى ۋە بېرىشىمۇ مۇمكىن بولمىسا كېرەك. بىراق ماركسنىڭ "ئاساسىي قانۇن ئويۇنى" دېگەن سوزى راستلا جايىدىن چىقتى، ئۇنىڭ سوزى خۇددى تونۇگۇنلا روسىيىنىڭ 1-ۋە 2-دۇماسىغا قارىتىپ ئېيتىلغاندەكلا ئىدى. بىلىش كېرەككى، خەلقنى "ئاساسىي قانۇن ئويۇنى"دىن ساقلىنىشقا ئاگاھلاندۇرۇش دەل لىبېراللار ۋە ئاغمىچىلار بەك ئوچ كورىدىغان رەت قىلىش تاكتىكىسىنىڭ "جېنى" ئىدى......

ئەمدى ماركسنىڭ 1880-يىل 11-ئاينىڭ 5-كۈنىدىكى بىر

پارچە خېتىنى ئالايلى. «كاپىتال»نىڭ روسىيىدە كارامەت ئالقىشقا ئېرىشكەنلىكى بىلەن ماركس بەك خۇشال بولدى ھەم خەلق ئىرادىچىلىرى[36] تەرەپتە تۇرۇپ، شۇ چاغدا ئەمدىلا پەيدا بولغان يەرنى تەڭ تەقسىم قىلىش تەرەپدارلىرىغا[192] قارشى تۇردى. ماركس يەرنى تەڭ تەقسىم قىلىش تەرەپدارلىرىنىڭ كۆزقارىشىدىكى ھوكۇمەتسىزلىكنى توغرا بايقىدى (شۇ چاغدا ئۇ نارودنىك يەرنى تەڭ تەقسىم قىلىش تەرەپدارلىرىنىڭ كېيىن سوتسىيال دېموكراتلارغا ئايلىنىپ قېلىشىنى بىلمىگەن ھەم بىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى) ھەم يەرنى تەڭ تەقسىم قىلىش تەرەپدارلىرىغا ئاچچىق تەنە بىلەن ھۇجۇم قىلدى:

"بۇ جاناپلار ھەممە سىياسىي ئىنقىلاۋىي ھەركەتكە قارشى تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە بولغاندا، روسىيە بىر مۇللاق ئېتىپلا ھوكۇمەتسىزلىك، كوممۇنىزىم ۋە خۇداسىزلىقنىڭ مەڭگۈلۈك ئالەمىگە كىرىشى كېرەك. ئۇلار ھازىرلا مۇللاق ئېتىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ كىشىنى زېرىكتۈرىدىغان قائىدىۋازلىقتىن پايدىلىنىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ تەلىماتىدىكى پىرىنسىپ دەپ ئاتالغان نەرسىلەر مەرھۇم باكۇنىننىڭ نەرسىلىرى."[348]

ماركسنىڭ روسىيىنىڭ 1905-يىلدىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆزگىرىشلىرى ئۈستىدە توختالغان بولسا **سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ** "سىياسىي ئىنقىلاۋىي ھەركەت"لىرىنىڭ مۇھىم ئەھمىيەتكە قانداق باھا بېرىدىغانلىقىنى مانا شۇنىڭدىن بىلگىلى بولىدۇ①.

① كېزى كەلگەندە ئېيتقاچ كېتەي، ئېسىمدە قېلىشىچە، 1900 — 1903-يىللىرى پلېخانوۋمىكىن يا ۋ. ئى. زاسۇلىچمىكىن، ئېنگېلسنىڭ پلېخانوۋغا «بىزنىڭ پىكىر ئىختىلاپلىرىمىز» ۋە روسىيىدىكى نۆۋەتتىكى ئىنقىلاپنىڭ خاراكتېرى مەسىلىسى توغرىسىدا بىر پارچە خەت يازغانلىقىنى ماڭا ئېيتقاندەك تۇرىدۇ. راست مۇشۇنداق خەت يېزىلغانمۇ، بۇ خەت ھازىر بارمۇ، ئۇنى ئاشكارا قىلىشقا بولامدۇ، بۇنى تولىمۇ بىلگۈمىز كېلىدۇ[349].

ئەمدى ئېنگېلسنىڭ 1887 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىكى بىر پارچە خېتىنى ئالايلى، "ئەكسىچە، روسسىيەدە پات يېقىندىلا كىرىزىس پارتلايدىغاندەك تۇرىدۇ. يېقىندا بولغان بىرقانچە يوشۇرۇن ئۆلتۈ- رۈش ۋەقەلىرى ناھايىتى زور قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلدى......"

1887 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىكى خېتىدىمۇ مۇنداق دېگەن: "ئارمىيەدە نارازى بولۇپ يۈرگەن سۈيىقەستچى ئەفىتسېرلەر كوپىيىپ كەتتى." (ئۇ چاغدا ئېنگېلسنا خەلق ئىرادىسى تەرەپدارلىرىنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرەشلىرى توغرىسىدىلا تەسرات بار ئىدى، شۇڭا ئۇ ئۇمىتنى ئەفىتسېرلەرگە باغلىغان، رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ ۋە ماتروس- لىرىنىڭ 18 يىلدىن كېيىنكى ناھايىتى شانلىق ئىنقىلاۋىلىقىنى تېخى بايقىمىغان ئىدى......) "مەن مۇنداق ۋەزىيەتنى يىل ئاخىرىغا بارىدۇ دەپ قارىمايمەن......روسسىيەدە ئىنقىلاپ پارتلىسا («losgeht») تازا ئوبدان بولاتتى!"[350]

1887 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىكى خەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: "گېرمانىيەدە زىيانكەشلىك ‹سوتسىيالىستلارغا› كەينى ـ كەينىدىن يۈز بېرىۋاتىدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بىسمارك روسسىيەدە ئىنقىلاپ پارتى- لىغان ھامان (ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ ئېھتىمال پەقەت بىرنەچچە ئاي ئىچىدىكى ئىشتەك تۇرىدۇ). گېرمانىيەدە روسسىيىنىڭ ئۈلگىسى بويىچە ئىش كورۇش («losgeschlagen werden») ئۈچۈن تەييارلىق كورۇۋاتسا كېرەك."[351]

بايا بۇ بىرنەچچە ئايچە ناھايىتى ئۇزۇندا يېتىپ كېلىدىكەن ـ دە. بۇنداقتا بەزىبىر چاكىنىلارنىڭ ئەتەي پەيلىنى بۇزۇپ، ئېنگېلسنىڭ "ئىنقىلاپپەرەسلىگى"نى قاتتىق سوكۇشى ياكى چەتئەلدە سەرگەر- دان بولۇپ يۈرگەن بۇ پىشقەدەم ئىنقىلاپچىسنىڭ بەزى كونا خام خىياللىرىنى تەكەببۇرلۇق بىلەن مەسخىرە قىلىشى تۇرغان گەپ.

توغرا، ماركس بىلەن ئېنگېلس ئىنقىلاپ پەيتىنىڭ پات ئارىدا

يېتىپ كېلىشىنى مولچەرلەش، ئىنقىلاپ (مەسىلەن، 1848 ـ يىلدىكى گېرمانىيە ئىنقىلاۋى) نىڭ غەلىبە قازىنىشىغا ئۈمىت باغلاش ۋە گېرمانىيىدە "جۇمھۇرىيەت"نىڭ پات ئارىدا قۇرۇلۇشىغا ئىشىنىش ("جۇمھۇرىيەت ئۈچۈن جانپىدا قىلىش"، — ئېنگېلس ئۆزىنىڭ 1848 — 1849 ـ يىللىرى ئىمپېرىيە ئاساسىي قانۇنىنى قوغداش ھەركىتىگە قاتناشقان چاغدىكى كەيپىياتىنى ئەسلىگەندە شۇنداق دەپ يازغان[352])جەھەتلەردە كوپ خاتالاشقان ۋە دائىم خاتالىشىپ تۇرغان. ئۇلار 1871 ـ يىلىمۇ خاتالاشقان، ئۇ چاغدا ئۇلار پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن "فرانسىيىنىڭ جەنۇبىنى قوزغىماقچى بولغان، ئۇلار «بېككېر "بىز" دەپ يازغان. بۇنىڭدا ئوزىنى ۋە ئوزىنىڭ يېقىن ئاغىنىلىرىنى كوزدە تۇتقان، 1871 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىكى 14 ـ پارچە خەتكە قاراڭ»، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان قۇربان قىلالايدىغانلىكى نەرسىنى قۇربان قىلغان، ئىنسان چىدىيالايدىغانلىكى خەۋپ ـ خەتەرگە چىدىغان...... "يەنە شۇ خەتتە مۇنداق يېزىلىدۇ: "ئەگەر بىز 3 ـ ، 4 ـ ئايلاردا كوپرەك پۇل جۇغلىيالىغان بولساق، فرانسىيىنىڭ پۈتكۈل جەنۇبىنى قوزغىيالىغان، پارىژ كوممۇنىسىنى قۇتقۇزۇپ قالالىغانمۇ بولاتتۇق." (29 ـ بەت) ئەمما پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى ئوستۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كەلگەن ۋە ئوستۇرگەن، ئۇلارنى كۈندىلىك ئۇششاق ـ چۈششەك ۋەزىپىلەر دائىرىسىدىن ھالقىتقان ئىككى ئۇلۇغ ئىنقىلاۋىي مۇتەپەككۇرنىڭ **بۇنداق** خاتالىقلىرى، ئىنقىلاپنى مەنىسىز ئاۋارىچىلىق، ئىنقىلاۋىي كۇرەشنى بىھۇدە ئۇرۇش، ئەكسىلئىنقىلاۋىي "ئاساسىي قانۇنچىلىق" توغرىسىدىكى خام خىياللارنى پەيزى نەرسە دەپ ۋاقىراپ ـ جاقىراپ، ئاغزىغا كەلگەننى جويلۇيدىغان قۇرۇق سولەت لىبېراللارنىڭ كالتا پەمگە سىلىشتۇرغاندا، مىڭ ھەسسە ئەلا، مىڭ ھەسسە ئۇلۇغ، **تارىختا** مىڭ ھەسسە **قىممەتلىك**، مىڭ ھەسسە **توغرا**.....

روسىيە ئىشچىلار سىنىپى چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ خاتالىق بىلەن تولغان ئىنقىلاۋىي ھەركەتلىرى ئارقىلىق ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈپ، ياۋ-روپانىڭ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ؛ ئىنقىلاپ يولىدا ھەركەت قىلمايدىغان چاكىنىلار خاتالاشمايدىغانلىغى بىلەن ماختىنىپ يۈرىۋەرسۇن.

1907 - يىل 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى

1907 - يىل 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى (19 - كۈنى) يېزىلغان.

1907 - يىلى سانكت - پېتېربۇرگدا پ.گ. داۋگي نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئى.ف. بېككېر، ئى. دىتسگېن، ف. ئېنگېلس، ك. ماركس ۋە باشقىلارنىڭ ف.ئا.سورگې ۋە باشقىلارغا يازغان خەت - چەك-لىرى» دىگەن كىتاپقا بېسىلغان.

ئىمزا: ن.لېنىن

شۇ كىتاپتىكى تېكىستى بويىچە بېسىلدى.

«لېنىن ئەسەرلىرى»، 12 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 344 — 363 - بەتلەردىن ئېلىندى.

بايقۇتقا قارشى

(سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى سىياسى مۇھاكىمىچىلىرىنىڭ مۇلاھىزىلىرىدىن)[353]

يېقىندا ئوقۇتقۇچىلار قۇرۇلتىيى[354] ئوتكۇزۇلدى، ئۇنىڭغا قاتناشقۇچىلارنىڭ كوپچىلىگى سوتسىيال ئىنقىلاپچىلارنىڭ[208] تەسىرى ئاستىدىكى كىشىلەر، قۇرۇلتاي سوتسىيال ئىنقىلاپچىلار پارتىيىسىنىڭ كوزگە كورۇنگەن ۋەكىللىرىنىڭ بىۋاستە قاتنىشىشى بىلەن، ئۇچىنچى دۇماغا بايقۇت قىلىش توغرىسىدا قارار قوبۇل قىلدى. سوتسىيال دېموكراتلاردىن بولغان ئوقۇتقۇچىلار ۋە روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ ۋەكىللىرى بۇ خىلدىكى مەسىلىنى پارتىيىسىز، كەسپىي خاراكتېردىكى سىياسى ئۇيۇشمىدا ئەمەس، بەلكى پارتىيىنىڭ قۇرۇلتىيى ياكى ۋەكىللەر يىغىنىدا قارار قىلىش كېرەك دەپ ھىساپلاپ، ئۇنىڭغا ئاۋاز بېرىشنى بىر ئېغىزدىن رەت قىلىشتى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇچىنچى دۇماغا بايقۇت قىلىش مەسىلىسى ئىنقىلاۋىي تاكتىكىنىڭ نوۋەتتىكى مەسىلىسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقماقتا. بىز سوتسىيال ئىنقىلاپچىلار پارتىيىسىنىڭ بۇ مەسىلە ھەققىدە نە رەسمىي قارارىنى، نە ھوججەتلىرىنى كورگىنىمىز يوق، لېكىن بۇ پارتىيە ۋەكىللىرىنىڭ ئاشۇ قۇرۇلتايدىكى سوزلىرىدىن قارىغاندا، سوتسىيال — ئىنقىلاپچىلار پارتىيىسى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلـ

غان. سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ئىچىدە بۇ مەسىلە ئوتتۇ-
رىغا قويۇلغان ۋە مۇھاكىمە قىلىنماقتا.

سوتسىيال ئىنقىلابچىلار پارتىيىسىنىڭ ئۆز قارارىدا چىڭ تۇرۇ-
ۋېلىشغا زادى نېمىلەر ئاساس بولغان؟ ئوقۇتقۇچىلار قۇرۇلتىيىنىڭ
قارارىدا، ماھىيەتتە، ئۈچىنچى دۇمانىڭ زادىلا كارغا يارىمايدىغان-
لىقى، 3-ئىيۇن سىياسى ئۆزگىرىشى[87] قىلغان ھۆكۈمەتنىڭ ئەك-
سىيەتچىل ۋە ئەكسىلئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەت ئىكەنلىكى، يېڭى سايلام
قانۇنىنىڭ پومېششىكلارغا خاس خاراكتېرى ۋاھاكازالار توغرىسىدا
سۆزلىنىدۇ①. دەلىللەر شۇنداق تۈزۈلگەنكى، بايقۇتقا ئوخشاش

① بۇ قارارنىڭ تېكىستى تۆۋەندىكىچە: "(1) ئۈچىنچى دۆلەت دۇماسىنى
چاقىرىشقا ئاساس قىلىنىۋاتقان يېڭى سايلام قانۇنىنىڭ ئەمگەكچىلەر
ئاممىسىنى ھازىرغىچە بەھرىمەن بولۇپ كەلگەن، تولىمۇ قىممەتكە
چۈشكەن ئازغىنا ئەقەللى سايلام ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم قىلغانلىقىنى؛
(2) بۇ سايلام قانۇنىنىڭ ئاھالە ئارىسىدىكى ئەڭ ئەكسىيەتچى ئىمتى-
يازلىق تەبىقىنىڭ مەنپەئەتىنى دەپ خەلق ئىرادىسىنى ئوچۇقتىن-
ئوچۇق ۋە قوپاللىق بىلەن دەپسەندە قىلغانلىقىنى؛ (3) ئۈچىنچى
دۇما ئۆزىنىڭ سايلىنىش ئۇسۇلى ۋە تەركىۋى جەھەتتىن ئېيتقاندا،
ئەكسىيەتچىل سىياسى ئۆزگىرىشنىڭ نەتىجىسى بولىدىغانلىقىنى؛
(4) ھۆكۈمەت خەلق ئاممىسىنىڭ دۇما سايلىمىغا قاتنىشىشىدىن پاي-
دىلىنىپ، خەلقنىڭ سايلامغا قاتناشقانلىقىنى سىياسى ئۆزگىرىشنى
ئېتىراپ قىلغانلىق دەۋېلىشقا ئۇرۇنىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، —
پۈتۈن روسىيە ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە خەلق مائارىپى ئەرباپلىرى بىر-
لەشمىسىنىڭ 4-قۇرۇلتىيى قارار قىلىدۇ: (1) ئۈچىنچى دۇما ۋە
ئۇنىڭ ئورگانلىرى بىلەن ھېچقانداق ئالاقە قىلىنمىسۇن؛ (2) تەش-
كىلات نامى بىلەن ھەرقانداق بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق سايلامغا
قاتنىشىلمىسۇن؛ (3) ئۈچىنچى دۆلەت دۇماسى ۋە دۇما سايلىمى
توغرىسىدا بۇ قاراردا ئىپادىلەنگەن كۆزقاراشلار تەشكىلات نامىدىن
كەڭ تەشۋىق قىلىنسۇن."

كۆرەش ۋاستىسىنىڭ ياكى شوئارىنىڭ زورۇرلۇگى ۋە مۇۋاپىقلىغى ئۇچىنچى دۇمانىڭ ئۇچىغا چىققان ئەكسىيەتچىلىكىنىڭ تەبىي نەتىجىسى ئىمىش. مۇنداق ھوكۇمىنىڭ يارىماس ھوكۇم ئىكەنلىگى ھەر بىر سوتسىيال دېموكراتقا ناھايىتى ئېنىق كورۇنۇپ تۇرۇپتۇ، چۈنكى ئۇنىڭدا قانداق تارىخىي شارائىتتا بايقوت قىلىشقا بولىدىغانلىغى قىلچىمۇ تەھلىل قىلىنمىغان. سوتسىيال دېموكراتلار ماركسىزىمغا ئاساسەن، بايقوت ۋاستىسىنى قوللىنىش-قوللانماسلىقتا مەلۇم ئورگانىنىڭ ئەكسىيەتچىلىك دەرىجىسىنى ئەمەس، بەلكى خۇددى روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ تەجرىبىسى ھازىر كورسىتىپ بەرگىنىدەك، بايقوتنى — مۇنداق ئالاھىدە ۋاستىنى قوللىنىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئالاھىدە كۆرەش شارائىتىنىڭ مەۋجۇت ياكى ئەمەسلىگىنى ئاساس قىلىش كېرەك، دەپ ھىساپلايدۇ. كىمكى ئېلىمىز ئىنقىلاۋىنىڭ ئىككى يىلدىن بۇيانقى تەجرىبىسىنى ھىساپقا ئالماستىن، بۇ تەجرىبىنى ئىنچىكە تەتقىق قىلماستىن بايقوت توغرىسىدا سوز ئاچىدىكەن، ئۇ كىشىنى بەكمۇ ئۇنتۇغاق، ھېچ نەرسىنى ئۇگەنمىگەن دىيىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن بىز بايقوت مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشنى مۇشۇ تەجرىبىنى تەھلىل قىلىشتىن باشلىشىمىز لازىم.

1

ئىنقىلاۋىمىزنىڭ بايقوتنى قوللىنىش جەھەتتىكى ئەڭ مۇھىم تەجرىبىسى، شۇبھىسىزكى، بۇلىگىن دۇماسىغا[355] بايقوت قىلىش بولدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ بايقوت ئەڭ تولۇق، ئەڭ بىۋاستە مۇۋەپپەقىيەتكىمۇ ئېرىشتى. شۇنىڭ ئۇچۇن بىز ھەممىدىن ئاۋۋال بۇلىگىن دۇماسى بايقوت قىلىنغان تارىخىي شارائىتنى تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك.

بۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلغاندا ھەممىدىن ئاۋال ئىككى خىل ئەھۋالنى ئۇچرىتىمىز. بىرىنچىدىن، بۇلىگىن دۇماسىغا بايقۇت قىلىش ئىنقىلاۋىمىزنى پادىشالىق ئاساسىي قانۇنلۇق يولىغا (گەرچە ۋاقىتىنچە بولسىمۇ) ئۇتكۇزۇشكە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئىككىنچىدىن، بۇ بايقۇت ئەڭ كەڭ، ئەڭ ئومۇمىي يۇزلۇك، ئەڭ كۇچلۇك ۋە ئەڭ شىددەتلىك ئىنقىلاۋىي كوتىرىلىش شارائىتىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىدى.

بىرىنچى خىل ئەھۋال ئۇستىدە توختىلىپ ئوتەيلى. ھەرقانداق بايقۇت مەلۇم ئورگان مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئاساستا بولىدىغان كۇرەش ئەمەس، بەلكى شۇنداق ئورگاننىڭ بارلىققا كېلىشىگە قارشى، ياكى كەڭرەك مەنىدە ئېيتقاندا، ئۇنداق ئورگاننىڭ ئەمەلىي تۇس ئېلىشىغا قارشى كۇرەشتۇر. شۇڭا كىمكى، پلېخانوۋ ۋە باشقا بىرمۇنچە مېنشېۋىكلەرگە ئوخشاش، ماركسىزىمچىلار ۋاكالەت ئورگانلىرىدىن پايدىلىنىش شەرت دىگەنگە ئوخشاش ئومۇمىي گەپلەر ئارقىلىق بايقۇتقا قارشى تۇرىدىكەن، شۇ ئۆزىنىڭ كۇلكىلىك قائىدىۋازلىغىنى ئاشكارىلايدۇ، خالاس. مەسىلىنى مۇنداق مۇھاكىمە قىلىش — شۇبھىسىز ھەقىقەتنى قايتا-قايتا تەكرارلاش يولى بىلەن مۇنازىرە قىلىنىۋاتقان مەسىلىنىڭ ماھىيىتىدىن چەتلەپ ئوتۇش بولىدۇ. ماركسىزىمچىلار ۋاكالەت ئورگانلىرىدىن پايدىلىنىشى كېرەك. لېكىن بۇنىڭدىن، ماركسىزىمچىلار مۇئەييەن شارائىتتا مەلۇم ئورگان مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئاساستا بولىدىغان كۇرەشنىلا تەشەببۇس قىلالايدۇكى، بۇنداق ئورگاننى قۇرۇشقا قارشى كۇرەشنى تەشەببۇس قىلالمايدۇ، دىگەن يەكۇننى چىقىرىشقا بولامدۇ؟ ياق، مۇنداق يەكۇن چىقىرىشقا بولمايدۇ، چۇنكى، بۇ ئومۇمىي ھوكۇم پەقەت بۇنداق ئورگاننىڭ بارلىققا كېلىشىگە قارشى كۇرەش قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان ئەھۋالغىلا باپ كېلىدۇ. شۇڭا، بايقۇت مەسىلىدىكى

تالاش ـ تارتىشنىڭ ئاچقۇچى ــ بۇنداق ئورگاننىڭ بارلىققا كېلىشىگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىنىڭ بار ـ يوقلۇغىدا. پلېخانوۋ ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى بايقۇتقا قارشى قويغان ئۆز دەلىللىرى بىلەن مەسىلىنىڭ قويۇلۇشىنى چۈشەنمەيدىغانلىغىنى ئاشكارىلاپ قويدى.

ئۇنىڭدىن قالسا، ئەگەر ھەرقانداق بايقۇت مەلۇم ئورگان مەۋ-جۇت بولۇپ تۇرغان ئاساستا بولىدىغان كۈرەش بولماي، بەلكى شۇنداق ئورگاننى قۇرۇشقا قارشى كۈرەش بولىدىكەن، ئۇ ھالدا بۇلگىن دۇماسىغا بايقۇت قىلىشمۇ، ئەينى زاماندا پادىشالىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمىدىكى پۈتۈن بىر يۈرۈش ئورگانلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا قارشى كۈرەش بولىدۇ. 1905 ـ يىل ئومۇمى ئىش تاش-لاش (1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن226 كېيىنكى ئىش تاشلاش دولقۇنى) ۋە ئارمىيە قوزغىلاڭلىرى ("پوتيومكىن") تۈسىدىكى بىۋاستە ئاممىۋى كۈرەش ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتى مەۋجۇت ئىكەنلىگىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. دېمەك، ئاممىنىڭ بىۋاستە ئىنقىلاۋىي كۈرىشى مەۋجۇت ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ھەركەتنى ئىنقىلاپ (ئەڭ بى-ۋاستە ۋە تار مەنىدىن ئېيتقاندا) يولىدىن پادىشالىق ئاساسىي قانۇن-لۇق يولىغا باشلىۋېتىشكە ئۇرۇنغان 6 ـ ئاۋغۇست قانۇنىمۇ مەۋجۇت ئىدى. ئاممىنىڭ بىۋاستە ئىنقىلاۋىي كۈرەش يولى بىلەن پادىشالىق ئاساسىي قانۇنلۇق يولى ئوتتۇرىسىدا كۈرەش بولۇشى ئوبيېكتىپ جەھەتتە مۇقەررەر ئىدى. دېمەك، ئىنقىلاپنىڭ نۆۋەتتە راۋاجلىنىدى-غان يولىنى تاللىۋېلىشقا توغرا كەلدى، بۇ تاللاش ئەلۋەتتە، مەلۇم گۇرۇھنىڭ ئىرادىسىگە ئەمەس، بەلكى ئىنقىلاۋىي سىنىپلار بىلەن ئەكسىلئىنقىلاۋىي سىنىپلارنىڭ كۈچىگە باغلىق ئىدى. كۈچنى كۈرەش داۋامىدىلا ئۆلچىگىلى ۋە سىنىغىلى بولاتتى. بۇلگىن دۇماسىغا بايقۇت قىلىش شوئارى ــ بىۋاستە ئىنقىلاۋىي كۈرەش يولىدا چىڭ تۇرۇپ، پادىشالىق ئاساسىي قانۇنلۇق يولىغا قارشى

تۇرىدىغان كۆرەش شوئارى ئىدى. ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشالىق يولىدا
كۆرەش بولۇشى ئەلۋەتتە مۇمكىن ئىدى، مۇمكىنلا ئەمەس، بەلكى
مۇقەررەر ئىدى. پادىشالىق ئاساسىي قانۇنلۇق ئاساسىدىمۇ ئىنقىلاپنى
داۋاملىق ئېلىپ بېرىشقا ۋە ئىنقىلاپنىڭ يېڭى كۆتىرىلىشىنى تەييارلاشقا
بولاتتى؛ پادىشالىق ئاساسىي قانۇنلۇق ئاساسىدا ئىنقىلاۋىي سوتسى-
يال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ كۆرەش ئېلىپ بېرىشىمۇ مۇمكىن ۋە
مۇقەررەر ئىدى، ــ ئاكسېلرود بىلەن پلېخانوۋ 1905 ـ يىلى شۇنچە
قىزىقىپ، لېكىن شۇنچە ئورۇنسىز ئىسپاتلاپ ئۆتكەن بۇ ئەقەللى
ھەقىقەت ھېلىمۇ ھەقىقەت بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. لېكىن ئەينى زاماندا
تارىخ تەرىپىدىن قويۇلغان مەسىلە بۇ مەسىلە ئەمەس ئىدى، ئاك-
سېلرود ياكى پلېخانوۋنىڭ قىلغان سۆزلىرى پۈتۈنلەي "كاللا دىسە،
پاقالچاق دەپتۇ" دىگەندەك گەپلەر ئىدى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا،
ئۇلار تارىخ تەرىپىدىن كۆرەش قىلىۋاتقان كۈچلەرنىڭ ھەل قىلىشى
ئۈچۈن قويۇلغان مەسىلە ئورنىغا گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتىك
دەرسلىكىنىڭ يېڭى نەشرىدىن تېپىۋالغان مەسىلىنى قويغان ئىدى.
شۇ چاغدا يېقىن كەلگۈسىدىكى **كۆرەش يولىنى تاللىۋېلىش**
ئۈچۈن كۆرەش بولۇشى تارىخىي مۇقەررەرلىك ئىدى. كونا ھاكى-
مىيەت روسىيىدىكى بىرىنچى ۋاكالەت ئورگىنىنى چاقىرىش ئارقىلىق
مەلۇم مەزگىل (بەلكىم ناھايىتى قىسقا، بەلكىم ئۇزاغىراق ۋاقىت)
ئىچىدە ئىنقىلاپنى پادىشالىق ئاساسىي قانۇنلۇق يولىغا باشلىۋېتەمدۇ
ياكى خەلق بىۋاسىتە ھۇجۇم ئارقىلىق كونا ھاكىمىيەتنى يوقىتىپ ياكى
ھېچ بولمىغاندا تەۋرىتىپ قويۇپ، ئۇنى ئىنقىلاپنى پادىشالىق ئاساسىي
قانۇنلۇق يولىغا باشلىۋېتىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلىش بىلەن ئامما-
نىڭ بىۋاسىتە ئىنقىلاۋىي كۆرەش يولىنى (قىسقىراق ياكى ئۇزاقراق ۋاقىت
ئىچىدە) كاپالەتلەندۈرەمدۇ؟ 1905 ـ يىلى كۈزدە تارىخ روسىيىدىكى
ئىنقىلاۋىي سىنىپلار ئالدىغا قويغان ۋە ئاكسېلرود بىلەن پلېخانوۋ شۇ

ۋاقىتتا بايقىمىغان مەسىلە ئەنە شۇ مەسىلە ئىدى، سوتسىيال دېموك-
راتلار پارتىيىسىنىڭ ئاكتىپ بايقۇتنى تەشۋىق قىلىشى بۇ مەسىلىنى
ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ بىر ئۇسۇلى ئىدى. ئۇ پرولېتارىيات پارتىيىسى-
نىڭ بۇ مەسىلىنى ئاڭلىق ئوتتۇرىغا قويۇش ئۇسۇلى ئىدى. ئۇ **كۆ-
رەش يولىنى تاللىۋېلىش ئۈچۈن** كۆرىشىش شوئارى ئىدى.

ئاكتىپ بايقۇتنىڭ تەشۋىقاتچىسى بولغان بولشېۋىكلەر تارىخ
ئوبيېكتىپ ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىنى توغرا چۈشەندى.
1905 - يىلدىكى ئوكتەبىر - دېكابىر كۈرىشى ئەمەلىيەتتە كۆرەش
يولىنى تاللاش كۈرىشى ئىدى. بۇ كۆرەشتە گاھ ئۇ تەرەپ، گاھ بۇ
تەرەپ غەلىبە قىلدى: باشتا ئىنقىلاۋىي خەلق ئۈستۈن كېلىپ، كونا
ھاكىمىيەتنى ئىنقىلاپنى دەرھال پادىشالىق ئاساسىي قانۇنلۇق ئىزغا
سېلىۋېتىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلدى، ساقچىلارچە لىبېرالىزم
تىپىدىكى ۋاكالەت ئورگانلىرىنى يوقىتىپ، ساپ ئىنقىلاۋىي تىپتىكى
ۋاكالەت ئورگانلىرىنى يەنى ئىشچىلار ۋەكىللىرى سوۋېتلىرىنى
ۋاھاكازالارنى بەرپا قىلدى. ئوكتەبىر - دېكابىر مەزگىلى ئاممىا ئەڭ
تولۇق ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولغان ۋە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش
روھىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرغان، ئىشچىلار ھەركىتى
تازا كەڭ كولەمدە، تازا تېز سۈرئەتتە راۋاجلانغان مەزگىل ئىدى.
شۇ چاغدا ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ شۇ قەدەر راۋاجلىنالىغانلىقىنىڭ
سەۋەبى شۇ ئىدىكى، خەلقنىڭ ھۇجۇمى پادىشالىق ئاساسىي قانۇن-
لۇق ئورگانلار، قانۇنلار ۋە چەكلىمىلەرنىڭ ۋەتۋەرىگىنى چىقىرىۋەت-
كەن ئىدى، كونا ھاكىمىيەت **ئاللىقاچان** ھالسىرىغان، ئەمما خەلقنىڭ
يېڭى ئىنقىلاۋىي ھاكىمىيىتى (ئىشچى - دېخان - ئەسكەرلەر ۋەكىللىرى
سوۋېتى ۋە باشقىلار) كونا ھاكىمىيەتنى تامامەن ئۆز قولىغا ئېلىش
ئۈچۈن **تېخى** يېتەرلىك كۈچكە **ئىگە بولمىغان** چاغدىكى "ھاكىمى-
يەتسىز مەزگىل" مەۋجۇت ئىدى. دېكابىر كۈرىشىنىڭ نەتىجىسى

بۇنىڭ ئەكسىچە بولدى: كونا ھاكىمىيەت خەلقنىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇرۇپ، غەلىبە قىلدى. ئۇز سېپىنى ساقلاپ قالدى. لېكىن، ئۇز ـ ئۇزىدىن مەلۇمكى، شۇ ۋاقىتتا بۇ غەلىبىنى ھەل قىلغۇچ غەلىبە دەپ ھىساپلاشقا ئاساس يوق ئىدى. 1906 ـ يىلى يازدا بولۇپ ئۇتكەن بىر قاتار تارقاق، جۇزئى ئارمىيە قوزغىلاڭلىرى ۋە ئىش تاشلاشلار 1905 ـ يىلدىكى دېكابىر قوزغىلىڭىنىڭ داۋامى بولدى. ۋىتتې دۇماسىغا[356] بايقوت قىلىش شوئارى بۇ قوزغىلاڭلارنى مەركەزلەشتۇرۇش ۋە بىرلەشتۇرۇش ئۇچۇن كۇرەش قىلىش شوئارى ئىدى.

دېمەك روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ بۇلىگىن دۇماسىغا بايقۇت قىلىش تەجرىبىسىنى تەتقىق قىلىشتىن چىقىدىغان بىرىنچى يەكۇن شۇكى، تارىخ كۇنتەرتىپكە قويغان، تەرەققىيات يولىنىڭ نوۋەتتىكى شەكلى ئۇچۇن بولۇۋاتقان كۇرەش، روسىيىدىكى بىرىنچى نوۋەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى كونا ھاكىمىيەت تەرىپىدىن چاقىرىلامدۇ ياكى يېڭى، ئىستىخىيىلىك خەلق ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن چاقىرىلامدۇ، دىگەن مەسىلە ئۇستىدىكى كۇرەش، بىۋاستە ئىنقىلاپ يولىدا مېڭىش كېرەكمۇ ياكى (مەلۇم ۋاقىتقىچە) پادىشالىق ئاساسىي قانۇنلۇق يولىدا مېڭىش كېرەكمۇ دىگەن مەسىلە ئۇستىدە بولۇۋاتقان كۇرەش بايقۇتنىڭ ئوبېكتىپ مەزمۇنى بولدى.

شۇڭا ھوججەتلەردە ۋە بۇ تېما مۇھاكىمە قىلىنغان چاغلاردا بايقۇت شوئارىنى قانداقسىگە ئاددى، چۇشىنىشلىك قىلىش ۋە "تۇز يولدا مېڭىش" مەسىلىسى، شۇنىڭدەك تەرەققىياتنىڭ تۇز يولى ياكى ئەگرى ـ توقاي يولى مەسىلىسى ھەمىشە يۇز بېرىپ تۇردى. كونا ھاكىمىيەتنى بىۋاستە ئاغدۇرۇش ياكى ھېچ بولمىغاندا ئاجىزلىتىش، خەلق يېڭى ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى بىۋاستە بەرپا قىلىش، بۇ، شۇبھىسىزكى، خەلق ئۇچۇن ئەڭ پايدىلىق بولغان **توغرا** يولدۇر، لېكىن بۇ ناھايىتى زور كۇچ تەلەپ قىلىدۇ. مۇتلەق ئۇستۇن-

لۇككه ئىگه بولغاندا، توغرىدىن-توغرا ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ. كۈچ يېتەرلىك بولمىغان چاغدا ئايلانما يوللاردا مېڭىش، پۇرسەت كۈتۈش، ئەگرى-توقاي يوللارنى بېسىش، چېكىنىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار تەلەپ قىلىنىدۇ. پادىشالىق ئاساسىي قانۇنلۇق يولى ئىنقىلاپنى قىلچىمۇ چەتكە قاقمايدۇ، ئەلۋەتتە، بۇ يولمۇ ئىنقىلاپ ئامىللىرىنى ۋاستىلىق ھالدا تەييارلايدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ، بىراق بۇ يول — ئۇزاقراق، ئەگرى-توقايراق يول.

بولشېۋىكلەر "تۈز يولدا ماڭدى" دىگەن ئەيىپلەشلەر ۋە بولشېۋىكلەر تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئەگرى-توقاي يوللىرىغا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك، دىگەن پەندى-نەسىھەتلەر مېنشېۋىكلەرنىڭ ھەممە ھوججەتلىرىگە بولۇپمۇ 1905-يىلدىكى (10 ئايدىن ئىلگىرىكى) ھوججەتلىرىگە باشتىن-ئاياق سىڭگەن. مېنشېۋىكلەرنىڭ ھوججەتلىرىدىكى بۇ خۇسۇسىيەتمۇ خۇددى ئات سۇلۇ يەيدۇ، ۋولگا دەرياسى كاسپىي دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ دىگەنگە ئوخشاش، مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىتنى تەپسىلى چۈشەندۇرۇش يولى بىلەن مۇنازىرىدىكى مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى ئېلىشتۇرۇۋېتىدۇ. تارىخ ئومۇمەن ئەگرى-توقاي يول بويىچە تەرەققى قىلىدۇ، ماركسىزىمچىلار تارىخنىڭ ئەڭ مۇرەككەپ ۋە ئەڭ ئاجايىپ-غارايىپ ئەگرى-توقاي يوللىرىنى مولچەرلەشكە ماھىر بولۇشى لازىم، بۇ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ. لېكىن تارىخنىڭ ئۆزى كۆرەش قىلىۋاتقان كۈچلەرنىڭ ئالدىغا تۈز يولنى ياكى ئەگرى-توقاي يولنى تاللاش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى قويغان چاغدا، بۇ شۈبھىسىز نەرسىنى قايتا-قايتا تەكرارلاۋېرىش ماركسىزىمچىلارنىڭ قانداق قىلىشى كېرەكلىگى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەن پەيتتە ياكى مەزگىلدە تارىخنىڭ ئادەتتىكى ئەگرى-توقايلىغى ئۈستىدە قۇرۇق گەپ سېتىش يولى بىلەن كوز بويامچىلىق

قىلىش دەل ئۇنىڭ غىلاپ بەندىسىگە[232] ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ۋە
ئات سۆلۈ يەيدۇ، دىگەن ھەقىقەتنىڭ رامكىسىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى
چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئىنقىلاۋىي دەۋرلەر توقۇنۇشلار داۋامىدا
كۆرەش قىلىۋاتقان ئىجتىمائى كۈچلەر قىسقاراق ۋاقىت ئىچىدە بىر
قارارغا كېلىشى شەرت بولغان شۇنداق تارىخىي دەۋرلەركى، بۇنداق
دەۋرلەردە، دولەتنىڭ بىرقەدەر ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە تەرەققىيات-
نىڭ توغرا يولىدا مېڭىش ياكى ئەگرى-توقاي يولىدا مېڭىش
مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لازىم. ئەگرى-توقاي يولنى نەزەرگە
ئېلىش زورۇر، لېكىن بۇ ماركسىزىمچىلارنىڭ ئاممىنىڭ تارىخىي ھەل
قىلغۇچ پەيتلىرىدە، ئاممىغا توغرا يولنىڭ پايدىسىنى چۈشەندۈرۈشكە
ماھىر بولۇشى كېرەكلىكىنى، ئاممىنىڭ توغرا يولنى تاللىۋېلىش
ئۈچۈن كۆرەش قىلىشىغا ياردەم بېرىشكە، بۇنداق كۆرەش شوئارلى-
رىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ماھىر بولۇشى كېرەكلىكىنى، ۋاھاكازالارنى
ھەرگىز ئىنكار قىلمايدۇ. دىمەك، توغرا يولنى ئىنكار قىلىپ،
ئەگرى-توقاي يولنى بەلگىلەپ بەرگەن ھەل قىلغۇچ تارىخىي جەڭ-
لەر **ئاياقلاشقاندىن كېيىن،** پەقەت ئوتتۇپ كەتكەن چاكىنىلار ۋە
ئەخمەقانە تالىپلارلا توغرا يول ئۈچۈن ئاخىرغىچە كۆرەش قىلغان
كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىشى مۇمكىن. بۇ ترېيچكېلارغا ئوخشاش
نېمىس رەسمىي ساقچى تارىخشۇناسلىرىنىڭ ماركسنىڭ 1848-يىل-
دىكى ئىنقىلاۋىي شوئارلىرى ۋە ئىنقىلاۋىي تۈز يولىنى مەسخىرە
قىلغىنىغا ئوخشاپ كېتەتتى.

ماركسىزىمنىڭ تارىخنىڭ ئەگرى-توقاي يولىغا تۇتقان پوزىتى-
سىيىسى ئۇنىڭ مۇرەسسەگە تۇتقان پوزىتسىيىسى بىلەن ماھىيەت
جەھەتتە ئوخشاش. تارىخنىڭ ھەرقانداق ئەگرى-توقاي بۇرۇلۇشى
مۇرەسسەدىن، يېڭى شەيئىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋېتىشكە قۇدرىتى
يەتمىگەن كونا شەيئى بىلەن كونا شەيئىنى پۈتۈنلەي ئاغدۇرۇپ

تاشلاشقا قۇدرىتى يەتمىگەن يېڭى شەيئى ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەسسە-
دىن ئىبارەت. ماركسىزىم مۇرەسسەنى ھەرگىز ئىنكار قىلمايدۇ.
ماركسىزىم مۇرەسسەدىن پايدىلىنىش زورۇر دەپ ھىساپلايدۇ، لېكىن
بۇ ھال ماركسىزىمنىڭ جانلىق ۋە ھەركەتتىكى تارىخىي كۈچ سۈپە-
تىدە مۇرەسسەگە قارشى پۈتۈن كۈچ بىلەن كۈرەش قىلىشىنى ھەر-
گىز چەتكە قاقمايدۇ. كىمدە-كىم، قارىمۇ-قارشىدەك بولۇپ كۆرۈنە-
دىغان بۇ ھالنى ئىگەللەشنى بىلمىسە، ئۇ ماركسىزىمدىن قىلچە
خەۋىرى يوق كىشى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

ئېنگېلس بىر قېتىم كوممۇنىدىكى بلانكىچى مۇساپىرلار خىتاپنا-
مىسى توغرىسىدىكى (1874-يىل) ماقالىسىدا ماركسىزىمنىڭ مۇرەس-
سەگە تۇتىدىغان پوزىتسىيىسىنى ئىنتايىن ئىخچام ۋە چۈشىنىشلىك
قىلىپ ئىپادىلەپ بەرگەن ئىدى①. كوممۇنىدىكى بلانكىچى مۇسا-
پىرلار ئۆز خىتاپنامىسىدە ئۆزلىرىنىڭ ھېچقانداق مۇرەسسەگە يول
قويمايدىغانلىقىنى يازغان ئىدى. ئېنگېلس بۇ خىتاپنامىنى مەسخىرە
قىلىپ، **گەپ ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن بولىدىغان مۇرەسسە**
(ياكى ۋەزىيەتنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن بولىدىغان مۇرەسسە: مەن
ئەسلى تېكىستىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغانلىقىمدىن
خاتىرەمدە قالغىنى بويىچىلا نەقىل كەلتۈردۈم، شۇڭا كىتاپخانلاردىن
ئەپۇ سورايمەن)دىن زادى پايدىلانماسلىقتا ئەمەس، گەپ پرولېتا-
رىياتنىڭ ھەقىقىي ئىنقىلاۋىي مەقسىدىنى ئېنىق بىلىشتە ھەمدە بۇ
مەقسەتكە تۈرلۈك ئەھۋاللار، ئەگرى-توقاي يوللار ۋە مۇرەسسە

---

① بۇ ماقالا «خەلق دۆلىتى» گېزىتىنىڭ خەلقارا مەسىلىلەرگە دائىر
ماقالىلار توپلىمى» («Internationales aus dem «Volksstaat»)
دېگەن نېمىسچە توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. رۇسچە تەرجىمىسى: «خەلق
دۆلىتى» گېزىتىنىڭ ماقالىلار توپلىمى» "بىلىم" نەشرىياتى نەشرى.

يولى ئارقىلىق يېتىشكە ماھىر بولۇشتا[357]، دېگەن ئىدى.

ئاما ئالدىغا قويۇلغان بۇ بايقۇت شوئارىنىڭ ئاددى، بىۋاستە ۋە ئېنىق بولغان ـ بولمىغانلىقىغا پەقەت مۇشۇ نۇقتىنەزەردىنلا باھا بېرىش مۇمكىن. بۇ شوئارنىڭ يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ھەممە خۇسۇسىيەتلىرى ئۆزىنىڭ ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن ياخشى ئەمەس، بەلكى بۇ شوئار تەدبىق قىلىنىدىغان ئوبېكتىپ ۋەزىيەتتە تەرەققىياتنىڭ توغرا يولى ياكى ئەگرى ـ توقاي يولىنى تاللاش ئۈچۈن كۆرەش قىلىش شەرت ـ شارائىتىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىدىن ياخشى بولغان. بۇلگىن دۇماسى دەۋرىدە، بۇ شوئارنىڭ ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ توغرا ۋە بىردىن ـ بىر ئىنقىلاۋىي شوئارى بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ ئەڭ ئاددى، ئەڭ بىۋاستە ۋە ئەڭ ئېنىق شوئار بولغانلىقى ئەمەس، بەلكى شۇ ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتنىڭ ئىشچىلار پارتىيىسى ئالدىغا ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشالىقتىن ئىبارەت ئەگرى ـ توقاي يولىغا قارشى ئاددى ۋە بىۋاستە ئىنقىلاپ يولى ئۈچۈن كۆرەشكە قاتنىشىش ۋەزىپىسىنى قويغانلىقى ئىدى.

خوش، زادى قايسى ئۆلچەمگە ئاساسەن، شۇ چاغدا مۇشۇ ئالاھىدە تارىخىي شەرت ـ شارائىتلار مەۋجۇت ئىدى، دەيمىز؟ قانداق مۇھىم ئالامەتلەرگە ئاساسەن ئوبېكتىپ ۋەزىيەتتە ئاددى، بىۋاستە، ئېنىق شوئارنى قۇرۇق شوئارغا ئەمەس، ئەمەلىي كۆرەشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان بىردىن ـ بىر شوئارغا ئايلاندۇرالايدىغان بىر ئالاھىدىلىك بار ئىدى، دەيمىز؟ ئەمدى بىز مۇشۇ مەسىلىگە ئۆتىمىز.

2

ئاياقلاشقان (ھېچ بولمىغاندا بىۋاستە كۆرەش شەكلى ئاياقلاش-

قان) كۇرەش بىر قۇر ئەسلەپ كورۇلسلا، شۇ چاغدىكى بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان ۋە بىر بىرىگە زىت ھەر خىل بەلگە-ئالامەتلەرگە ئاساسەن ئومۇمى يەكۇن چىقىرىش ناھايىتى ئاسان. كۇرەش نەتىجىسى ھەممە مەسىلىنى بىر يولىلا ھەل قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەر-قانداق شەك-گۇمانىنىمۇ ئاسانلا يوقىتىدۇ، لېكىن ھازىر بىز كۇرەشنىڭ **ئالدىدىكى** ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىشقا ياردىمى بولىدىغان ئالامەتلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز لازىم، چۇنكى بىز تارىخىي تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئۇچىنچى دۇما مەسىلىسىگە تەدبىق قىلماقچىمىز. بىز 1905-يىلدىكى بايقۇتنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا ئىمكانىيەت بەرگەن شەرت-شارائىت ئەڭ كەڭ كولەملىك، ئەڭ ئومۇمى يۇزلۇك، ئەڭ كۇچلۇك ۋە ئەڭ شىددەتلىك ئىنقىلاۋىي دولقۇن ئىكەنلىكىنى يۇقۇرىدا كورسىتىپ ئوتتۇق. ئەمدى ھەممىدىن ئاۋال ئالاھىدە كۇچلۇك كۇرەش دولقۇنى بىلەن بايقۇت ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بارلىغىنى تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك؛ ئاندىن كېيىن، ئالاھىدە كۇچلۇك دولقۇننىڭ قانداق خۇسۇسىيەتلەر ۋە روشەن ئالامەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىگىنى تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك.

بايقۇت، يۇقۇرىدا كورسىتىپ ئوتكىنىمىزدەك، مۇئەييەن ئورگان مەۋجۇت تۇرغان ئاساستا ئېلىپ بېرىلىدىغان كۇرەش ئەمەس، بەلكى بۇنداق ئورگاننىڭ قۇرۇلۇشىغا قارشى ئېلىپ بېرىلىدىغان كۇرەش. ھەرقانداق مۇئەييەن ئورگان پەقەت مەۋجۇت ھاكىمىيەت يەنى كونا ھاكىمىيەتتىن بارلىققا كېلىشى مۇمكىن. دىمەك بايقۇت — كونا ھاكىمىيەتنى بىۋاستە ئاغدۇرۇشقا قارىتىلغان ياكى ھېچ بولمىغاندا، كونا ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇۋېتىش يولىدا ھۇجۇم قىلىش ئۇچۇن يېتەرلىك كۇچ بولمىغان چاغدا، كونا ھاكىمىيەتنى بۇنداق ئورگاننى قۇرالمايدىغان، ئۇنى ۋۇجۇتقا چىقىرالمايدىغان دەرىجىدە ئاجىزلىتىشقا

قارىتىلغان كۈرەش ۋاستىسى①. شۇڭا، بايقۇتنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، كونا ھاكىمىيەتكە قارشى بىۋاستە كۈرەش قىلىش، كونا ھاكىمىيەتكە قارشى قوزغىلاڭ كۆتىرىش ۋە كۆپ ھاللاردا ئاممىنى ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا قارشىلىق كۆرسىتىشكە قوزغاش لازىم (ئاممىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى قوزغىلاڭنى تەييارلايدىغان شەرتلەردىن بىرى). بايقۇت قىلىش — كونا ھاكىمىيەتنى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلىش دېمەكتۇر، ئەلۋەتتە، ئېغىزدا ئەمەس، بەلكى ئەمەلدە رەت قىلىش يەنى تەشكىلاتلارنىڭ مۇراجەتلىرى ياكى شوئارلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى **خەلق ئاممىسىنىڭ** مەلۇم ھەركەتلىرىدە، مەسىلەن، كونا ھاكىمىيەتنىڭ قانۇنلىرىنى ئۈزلۈكسىز بۇزۇپ تۇرىدىغان، قانۇنسىز لېكىن ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت يېڭى ئورگانلارنى ئۈزلۈكسىز بەرپا قىلىپ تۇرىدىغان ھەركەتلەردە ئىپادىلىنىدىغان رەت قىلىشتۇر، شۇڭا بايقۇتنىڭ كەڭ ئىنقىلاۋىي كۆتىرىلىش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى ئېنىق: بايقۇت قىلىش — مەلۇم ئورگاننىڭ تەشكىلىي شەكلىنى ئاغدۇرۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۇنى مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدىغان ھالغا چۈشۈرىدىغان ئەڭ قەتئىي كۈرەش ۋاستىسى.

---

① بۇ ماقالىدا گەپ ئاكتىپ بايقۇت ئۈستىدە يەنى كونا ھاكىمىيەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىغا قاتنىشىشتىن مۇنداقلا باش تارتىپ قويۇش ئۈستىدىلا ئەمەس، بەلكى كونا ھاكىمىيەتكە قارشى ھۇجۇم قىلىش ئۈستىدە كېتىپ بارىدۇ. بۇلىگىن دۇماسىغا بايقۇت قىلىش مەزگىلىدىكى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ھوججەتلىرىنى ئوقۇپ كۆرمىگەن كىتاپخانلارغا شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، شۇ چاغدا سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ئاكتىپ بايقۇت ھەققىدە ئاشكارا سۆزلەپ، پاسسىپ بايقۇتقا قەتئىي قارشى تۇرغان، ھەتتا قەتئىي تۈردە ئاكتىپ بايقۇتنى قوراللىق قوزغىلاڭ بىلەن باغلىغان ئىدى.

بايقۇت قىلىش، كونا ھاكىمىيەتكە قارشى بىۋاسىتە ئۇرۇش ئېلان قىلىش، كونا ھاكىمىيەتكە بىۋاسىتە ھۇجۇم قىلىش دېمەكتۇر. كەڭ كۆلەملىك ئىنقىلاۋىي كۆتۈرۈلۈش بولمىسا، كونا قانۇنىي دائىرىدىن ئومۇمىي يۈزلۈك چىقىپ كەتكەن ئاممىۋى توپىلاڭ بولمىسا، بايقۇتنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

1905 ـ يىلىنىڭ كۈز پەسلىدىكى ئىنقىلاۋىي كۆتۈرۈلۈشنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە بەلگىلىرى ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا ئاممىۋى، ئۈزلۈكسىز ئىنقىلاۋىي **ھۇجۇملار** يۈز بەرگەنلىكىنى، دۈشمەنگە ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىنغانلىقى ۋە دۈشمەن تامغا قىستىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش قىيىن ئەمەس. باستۇرۇشلار ھەركەتنى پەسەيتەلمىدى، ئەكسىچە كېڭەيتىۋەتتى. 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن كېيىن كەڭ كۆلەمدە ئىش تاشلاش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى، لودزىدا كوچا ئىستىھكامى جېڭى پارتىلىدى، "پوتيومكىن" ناملىق پاراخوتتا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. كونا ھاكىمىيەت مەتبۇئات، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، مائارىپ ساھەلىرى ئۈچۈن بەلگىلەپ قويغان قانۇنىي دائىرە ئارقا ـ ئارقىدىن بۇزۇپ تاشلاندى، بۇ دائىرىنى "ئىنقىلاپچىلار"لا ئەمەس، بەلكى ئاددى ئادەملەرمۇ بۇزدى، چۈنكى كونا ھاكىمىيەت ھەقىقەتەن ئاجىزلىشىپ ھالسىرىغان ئىدى، جانسىز قولدا ھەقىقەتەن تېزگىن تۇتالماس بولۇپ قالغان ئىدى. ئىنقىلاۋىي كۆتۈرۈلۈشنىڭ قۇدرىتىنى ئالاھىدە روشەن ۋە توغرا كۆرسىتىپ تۇرغان (ئىنقىلاۋىي تەشكىلات نۇقتىسىدىن قارىغاندا) بەلگە شۇ ئىدىكى، ئىنقىلاپچىلارنىڭ شوئارلىرى جاۋاپسىز قالدى ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشتىن يۇتۇنلەي **كېيىن قالغان ئىدى.** 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىكى ۋەقەمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئاممىۋى ئىش تاشلاشلارمۇ ۋە "پوتيومكىن" قوزغىلىشىمۇ ئىنقىلاپچىلارنىڭ بىۋاسىتە چاقىرىقلىرىدىن ئېشىپ كەتتى. **1905 ـ يىلدا**، ئامما ئىنقىلاپچىلارنىڭ مۇنداق **چاقىرىقلىرىغا** نىسبەتەن پاسسىپلىق قىلىش،

سۇكۇت قىلىش ۋە كۈرەشكە قاتنىشىشنى رەت قىلىش ئىپادىسىدە
بولمىدى. بۇنداق شارائىتتا، بايقۇت تېگىپ كەتسىلا قوزغىلىدىغان
كەيپىياتىنىڭ تەبىي **قوشۇمچىسى** بولغان ئىدى. شۇ چاغدا بۇ شۇ-
ئارلار قىلچە "قالايمىقان ئويلاپ چىقىرىلغان" ئەمەس ئىدى، بۇ شوئار
پەقەت باتۇرلۇق بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان، توغرىدىن-توغرا ھۇجۇم
قىلىپ كېتىۋاتقان ئىنقىلاۋىي كوتىرىلىشنى توغرا ۋە ئەينەن
ئىپادىلەپ بەردى، ئەكسىچە ئۆزلىرىنى ئىنقىلاۋىي كوتىرىلىشتىن
چەتكە ئېلىپ، چار پادىشانىڭ ئۆز يارلىقىدا ياكى 8-ئاينىڭ 6-
كۈنىدىكى قانۇندا بەرگەن قۇرۇق ۋەدىسىگە مەپتۇن بولۇپ كەتكەن،
ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشالىق تۈزۈمنى يولغا قويىمىز دېگەن **ۋەدىگە**
ئىشىنىپ كەتكەن مېنشېۋىكلىرىمىز "قالايمىقان ئويلاپ چىقارغۇچى-
لار"دىن بولۇپ چىقتى. مېنشېۋىكلەر (ۋە پارۋۇس[358]) شۇ چاغدا
ئۆز تاكتىكىسىنى تۈزگەندە، ئەڭ كەڭ كولەملىك، ئەڭ كۈچلۈك ۋە
ئەڭ شىددەتلىك ئىنقىلاۋىي كوتىرىلىشتىن ئىبارەت پاكىتقا ئەمەس،
بەلكى چار پادىشانىڭ ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشالىق تۈزۈمنى يولغا
قويۇش توغرىسىدىكى ۋەدىسىگە ئاساسلاندى! شۇڭا بۇنداق تاكتىكى-
نىڭ ھەم كۈلكىلىك، ھەم ئاۋارە ئاغمىچىلىق بولۇپ چىققانلىقى
ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. شۇنداقلا مېنشېۋىكلەرنىڭ بايقۇت ھەققىدە
توختالغانلىقى ۋاقىتلىرىدا، بۇلگىن دۇماسىغا بايقۇت قىلىشتىن
ئىبارەت بۇ ئىنقىلاپتىكى بايقۇت قىلىشنىڭ ئەڭ مول تەجرىبىلىرىنى
تەھلىل قىلىشتىن ھە دەپ قاچقانلىقىمۇ ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. بىراق،
مېنشېۋىكلەرنىڭ ئىنقىلاۋىي تاكتىكا جەھەتتىكى ئەڭ چوڭ دىيەرلىك
بۇ خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىپ قويۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ. شۇنىمۇ ئېنىق
چۈشىنىۋېلىش كېرەككى، بۇ خاتالىقنىڭ يىلتىزى ئىنقىلاۋىي كوتىرى-
لىشنى رىياللىققا ئايلاندۇرغان ھەم پادىشالىق ئاساسىي قانۇنلۇق
تۈزۈمنى يولغا قويۇشنى ساقچىلارنىڭ قۇرۇق ۋەدىسىگە ئايلاندۇرۇپ

قويغان **ئوبيېكتىپ** ئەھۋالىنى چۈشەنمىگەنلىكتە. مېنشېۋىكلەرنىڭ خاتالىشىشىغا ئۇلارنىڭ مەسىلىگە سۇبيېكتىپ جەھەتتە ئىنقىلاۋىي روھ بىلەن مۇئامىلە قىلمىغانلىقى ئەمەس، بەلكى بۇ ئىقتىدارسىز ئىنقىلابچىلارنىڭ ئىدىيىسى ئوبيېكتىپ ئىنقىلاۋىي ۋەزىيەتتىن كېيىن قالغانلىقى سەۋەپ بولدى. مېنشېۋىكلەرنىڭ خاتالىشىشىدىكى بۇ سەۋەپلەرنى بىر بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىش ناھايىتى ئاسان، لېكىن ماركسىزىمچىلارنىڭ بۇ سەۋەپلەرنى بىر بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە يول قويغىلى بولمايدۇ.

3

بايقۇتنىڭ روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ مەلۇم بىر دەۋرىدىكى ئالاھىدە تارىخىي شارائىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يەنە باشقا تەرەپتىنمۇ تەتقىق قىلىش كېرەك. سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ 1905 ـ يىلىنىڭ كۈز پەسلى بىلەن 1906 ـ يىلىنىڭ باھار پەسلىدىكى بايقۇت ھەركىتىنىڭ سىياسى مەزمۇنى قانداق ئىدى؟ بۇ ھەركەتنىڭ مەزمۇنى بايقۇت دىگەن سوزنى تەكرارلاش ياكى سايلامغا قاتناشماسلىققا چاقىرىش ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. مۇستەبىتلىك ھاكىمىيەت تۈزۈمى ئوتتۇرىغا قويغان ئايلانما ۋە ئەگرى ـ توقاي يوللارغا قارىماي بىۋاستە ھۇجۇم قىلىشقا چاقىرىشمۇ بايقۇت ھەركىتىنىڭ پۈتۈن مەزمۇنى ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا **ئاساسىي قانۇن خام خىيالىلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىشنى** ھەتتا يۇقۇرقى مەسىلە بىلەن بىر قاتاردا قويغىلىمۇ بولمايتتى، بەلكى ئۇنى بايقۇتنىڭ بارلىق تەرغىبات خىزمىتىنىڭ مەركىزى قىلىش كېرەك ئىدى. شۇنداق دىيىشكىمۇ بولىدۇكى، بۇ كۈرەش بايقۇتنىڭ مېغىزى ئىدى. بايقۇتچىلارنىڭ نۇتۇقلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ بارلىق تەرغىباتلىرىنى ئەسلەپ،

بايقۇتچىلارنىڭ ئەڭ مۇھىم قارارلىرىغا نەزەر سالسىڭىزلا مۇنداق قاراشنىڭ توغرىلىقىغا تولۇق ئىشىنىسىز.

مېنشېۋىكلەر بايقۇتنىڭ بۇ تەرىپىنى ئەزەلدىن چۈشەنمەيتتى. ئۇلار باشتىن ـ ئاخىر، ئاساسىي قانۇنچىلىق ئەمدىلا بارلىققا كېلىۋاتقان مەزگىلدە ئاساسىي قانۇنچىلىق خام خىياللىرىغا قارشى كۈرەش قىلىش ــ بولمىغۇر، بىمەنە ھەركەت، ”ھوكۇمەتسىزلىك“ دەپ قاراپ كەلدى. بۇنداق مېنشېۋىكچە قاراشلار ستوكھولم قۇرۇلتىيىدا[291] سۆزلەنگەن نۇتۇقلاردا، ــ ئېسىمدە قېلىشىچە ــ بولۇپمۇ پلېخانوۋنىڭ نۇتۇقلىرىدا ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلەندى، مېنشېۋىكلەرنىڭ ھوججەتلىرىگە كەلسەك، تېخىمۇ شۇنداق.

مۇنداق قارىماققا، مېنشېۋىكلەرنىڭ بۇ مەسىلىدىكى مەيدانى خۇددى ئات سۇلۇ يەيدۇ دەپ خوشنىلىرىغا تەكەببۇرلۇق بىلەن تەنبىھ بېرىدىغان كىشىنىڭ مەيدانىغا ئوخشاش، ھەقىقەتەنمۇ قىلىنغۇسىز ھالدا كۈرۈنۈشى مۇمكىن. ئاساسىي قانۇنچىلىق ئەمدىلا بارلىققا كېلىۋاتقان مەزگىلدە ئاساسىي قانۇنلۇق خام خىياللارغا قارشى كۈرەشنى ئېلان قىلىشىپ يۈرىدۇ تېخى! بۇ ھوكۇمەتسىزلىك ئەمەسمۇ؟ بۇ ئاغزىغا كەلگەنچە جويلۇش ئەمەسمۇ؟

ئۇلار بۇ مۇھاكىمىلىرىنى قىلىشقاندا بەزى ئاددى چۈشىنىشلىك داۋللارنى ئۈستىلىق بىلەن كوتىرىپ چىقىپ، مەسىلىنى چاكىنىلاشتۇردى، ئۇلار روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ ئالاھىدە مەزگىلى ئۈستىدە بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمىدى، **بۇلىگىن دۇماسىغا قىلىنغان بايقۇتنى ئۇنتۇدى**، ئىنقىلاۋىمىز بېسىپ ئۆتكەن يوللارنىڭ كونكرىت باسقۇچلىرىنى تەتقىق قىلماي، ئېلىمىزنىڭ ئۆتمۈشتىكى ۋە كەلگۈسىدىكى پۈتكۈل ئىنقىلاۋىنى ئومۇمەن ئاساسىي قانۇنچىلىقنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدىغان ئىنقىلاپ دەپ قارىدى. مانا بۇ ــ پلېخانوۋغا ئوخشاش دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ئۈسۈلى ئۈستىدە ھە دەپ گەپ سېتىپ

تۇرۇپ، بۇ ئۇسۇلغا خىلاپلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئۆلگە.

دۇرۇس، ئېلىمىزنىڭ بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىمۇ، ئومۇمەن، ھەرقانداق بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىغا ئوخشاش، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم ئورنىتىش جەريانىدىن ئىبارەت، خالاس. بۇ — پاكىت. بۇ دېموكراتىيىچى بۇرژۇئازىيىنىڭ مەلۇم پۇروگىراممىا، نەزىرىيە، تاكتىكا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر ئۈستىدىكى ساختا سوتسىيالىستىك مۇقامىلىرىنى پاش قىلىشتا بەك ئەسقاتىدىغان پاكىت. بىراق، بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى دەۋرىدە ئىشچىلار پارتىيىسى مەملىكەتنى **قانداق** ئاساسىي قانۇنچىلىققا ئېلىپ بېرىشى كېرەك، ئىنقىلاپنىڭ مەلۇم مەزگىلىدە ئىشچىلار پارتىيىسى مۇئەييەن (يەنى جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدىكى) ئاساسىي قانۇنچىلىق ئۈچۈن **زادى قانداق** كۈرەش قىلىشى كېرەك، دىگەن مەسىلىلەر دۇچكەلگەندە، سىز بۇ پاكىتتىن پايدىلىق نەرسە چىقىرىۋالالامسىز؟ ياق. خۇددى ئات سۇلۇ يەيدۇ، دىگەن گەپ لايىق ئات تالليۋېلىشىڭىزغا ۋە ئات مىنىشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىزغا ياردەم بېرەلمىگىنىدەك ئاكسېلرود بىلەن پلېخانوۋ ياقتۇرغان پاكىتمۇ سىزنىڭ بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىڭىزغا ياردەم بېرەلمەيدۇ.

بولشېۋىكلەر 1905-يىلىدا ۋە 1906-يىلىنىڭ باشلىرىدا، ئاساسىي قانۇن خام خىياللىرىغا قارشى كۈرەش قىلىش نۆۋەتتىكى شوئار بولۇپ قېلىشى كېرەك، دىگەن ئىدى، چۈنكى دەل شۇ مەزگىلدە ئوبيېكتىپ ۋەزىيەت كۈرەش قىلىۋاتقان ئىجتىمائى كۈچلەر ئالدىغا ھەل قىلىش ئۈچۈن مۇنداق بىر مەسىلىنى: يېقىنقى مەزگىلدە بىۋاستە ئىنقىلاۋىي كۈرەش ئېلىپ بېرىش ۋە ئىنقىلاپ تولۇق دېموكراتىيىلەشتۈرۈلگەن ئاساستا بىۋاستە ۋاكالەت ئورگىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت توغرا يول غەلىبە قىلامدۇ ياكى پادىشالىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم ۋە "دۇما" تېپىدىكى ساقچىلارچە "ئاساسىي قانۇن" (قوش

پەش ئېچىدە!) ئورگىنىدىن ئىبارەت ئايلانما، ئەگرى ـ توقاي يول غەلىبە قىلامدۇ، دېگەن مەسىلىنى قويغان ئىدى.

بۇ مەسىلىنى ھەقىقەتەن ئوبيېكتىپ ۋەزىيەت ئوتتۇرىغا قويغانمۇ ياكى ئۇنى بولشېۋىكلەر كەلسە ـ كەلمەس نەزىرىيىلەر ئاساسىدا "قالايمىقان ئويلاپ چىقارغان"مۇ؟ ھازىر روسسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ تارىخى بۇ مەسىلىگە جاۋاپ بەردى.

1905 ـ يىلدىكى ئوكتەبىر كۈرىشىمۇ ئىنقىلاپنى پادىشالىق ئاساسىي قانۇنلۇق ئىزغا چۈشۈرۈشكە قارشى كۈرەش ئىدى. ئوكتەبىر ـ دېكا ـ بىر مەزگىلىمۇ ھەقىقىي دېموكراتىك، كەڭ، دادىل ئەركىن پۈروليې ـ تارىياتچە ئاساسىي قانۇنچىلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەزگىلى ئىدى. بۇنداق ئاساسىي قانۇنچىلىق خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ھەقىقىي ئىپادىلەپ بەرگەن ئىدى، ئۇ دۇباسوۋ[282] ۋە ستولىپىن[86] ئاساسىي قانۇنىدىن ئىبارەت ساختا ئاساسىي قانۇنچىلىقىغا تامامەن ئوخشىمايتتى. ھەقىقىي دېموكراتىك ئاساسىي قانۇنچىلىق (يەنى كونا ھاكىمىيەت ۋە ئۇنىڭ بىلەن باغلىنىشلىق بولغان بارلىق رەزىل نەرسىلەر تامامەن تازىلانغان ئاساستا مەۋجۇت بولىدىغان ئاساسىي قانۇنچىلىق) ئۈچۈن ئىنقىلاۋىي كۈرەش ئېلىپ بېرىشتا، ساقچىلارچە پادىشالىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم بىلەن خەلقنى ئازدۇرۇشقا ئەڭ قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك ئىدى. ئەمما سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىدىكى بايقۇتقا قارشى تۇرغۇچىلار بولسا، بۇ ئاددىي قائىدىنى زادىلا چۈشىنەلمىدى.

ئەمدى روسسىيە ئىنقىلاۋى تەرەققىياتىنىڭ ئىككى دەۋرى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. بۇ ـــ كۆتىرىلىش دەۋرى (1905 ـ يىل) بىلەن پەسىيىش دەۋرى (1906 ـــ 1907 ـ يىللار) دۇر. بىرىنچى دەۋرى ـــ خەلقنىڭ مۇستەقىل پائالىيەتلىرى ناھايىتى جانلىنىپ كەتكەن، ئاھالە ئېچىدىكى بارلىق سىنىپلار ئەركىن ۋە كەڭ كولەمدە تەشكىللەنگەن، ئەڭ تولۇق مەتبۇئات ئەركىنلىكى بولغان،

خەلق كونا هاكىمىيەتكە قىلچە پەرۋا قىلمايدىغان، ئۇنىڭ ئورگانلىرىنى ۋە بۇيرۇقلىرىــنى قىلــچە كوزگە ئىلــمايدىــغان دەۋر ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئىشلارنىڭ ھەمــمىــسى بيۇروكــراتلار ئىنتىراپ قىلغان، رەسمىي قائىدە ياكى نىزاملار بىلەن مۇئەييەنــلەشتۇرۇلگەن ئاساسىي قانۇنچىلىق بولمىغان ئەھۋالــدا ئەمەلــگە ئاشۇرۇلــغان ئىدى. كېيىن دۇباسوۋلار بىلەن ستولىــپىنــلار تۇزۇپ چىقــقان، دۇباسوۋلار بىلەن ستولىپىنلار ئىنتىراپ قىلغان، دۇباسوۋلار بىلەن ستولىپىنلار قوغدىغان "ئاساسىي قانۇن" پەيدا بولدىكى، مۇنداق "ئاساسىي قانۇن"دىن خۇددا ساقلىسۇن، بۇنىڭ بىلەن خەلقــنىڭ مۇستەقىل پائالىيىتى، تەشكىلىي پائالىيىتى، مەتبۇئات ئەركىنلىگى ۋاھــاكازالار تازا ئەۋج ئالالمىغان ۋە ھە دەپ پەسىيىپ كەتكەن دەۋر باشلاندى.

ئەمدى ئوتمۇشتىكى ھەمــمە ئىــش بىزگە ناھايــتى ئاشكارا ۋە ئېنىق كورۇنۇپ تۇرغاندا، پرولېــتارىياتــنىڭ ۋەقەلەرنى پادىشالىق ئاساسىي قانۇنلۇق ئىزغا چۈشۈرۈشكە قارشى ئېلىپ بارغان ئىنقىلاۋىي كۈرەشلىرىنىڭ ئورۇنلۇقلۇغى ۋە زورۇرلۇگىــنى، ئاساسىي قانۇن خام خىياللىرىــغا قارشى ئېلىــپ بارغان كۈرەشلىرىــنىڭ ئورۇنلۇقلۇغى ۋە زورۇرلۇگىنى ئوكتەملىك بىلەن ئىنــكار قىلىــشقا پېتىنىدىغان بىرەرمۇ قىرائەتخان بولمىسا كېرەك.

ھازىرقى ۋاقىتــتا ئاز-پاز ساۋادى بار ھەرقانــداق تارىخــشۇناس 1905-يىلدىن 1907-يىل كۈزگــىچە بولغان روســيە ئىنقىــلاۋىنىڭ جەريانىنى توۋەندىكى ئىككى دەۋرگە: "ئاساسىي قانۇنغا قارشى" (ئەگەر شۇنداق دېيىشكە بولسا) كوتىرىلىش دەۋرى ۋە "ئاساسىي قانۇن" ئاساسىدىكى پەسىيىش دەۋرىگە، يەنى خەلق ئەركىنلىكــنى قولغا كەلتۇرۇش، ئەركىنلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇچۇن ساقچىلارچە ئاساســي قانۇنــچىلىقــقا (پادىــشالىق ئاساسىي قانۇنــچىلىقــقا) قارشى تۇرغان دەۋر ۋە پادىشالىق "ئاساسىي قانۇن" خەلق ئەركىنلىگىنى باســتۇرغان دەۋرگە

بولمەي قالماس.

ھازىر ئاساسىي قانۇن خام خىياللىرى دەۋرى، يەنى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇما دەۋرى كۆز ئالدىمىزدا ئۇچۇق گەۋدىلىنىپ تۇرۇپتۇ، شۇڭا، **شۇ چاغدىكى** ئىنقىلاۋىي سوتسىيال دېموكراتلارنىڭ ئاساسىي قانۇن خام خىياللىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ ئەھمىيەتىنى چۈشىنىۋېلىش ئانچە قىيىن ئىش ئەمەس بولۇپ قالدى. بىراق **شۇ چاغدا**، يەنى 1905 ـ يىلىدا ۋە 1906 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا بۇنى مەيلى بۇرژۇئا لاگېرىدىكى لىبېراللار بولسۇن ياكى پۇرولېتارىيات لاگېرىدىكى مېنشېۋىكلەر بولسۇن ھېچقايسىسى چۈشەنمىگەن ئىدى.

ھالبۇكى، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇما دەۋرى، ھەممە مەنىدىن ئېيتقاندا ۋە ھەممە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئاساسىي قانۇن خام خىياللىرى دەۋرى ئىدى. بۇ دەۋردە "دۆلەت دۇماسى ئېتىراپ قىلمىغان ھەرقانداق قانۇن كۈچكە ئىگە بولمايدۇ" دېگەن تەنتەنىلىك ۋەدە بۇزۇۋېتىلمىگەن ئىدى. دېمەك، ئاساسىي قانۇن قەغەز يۈزىدە يەنىلا مەۋجۇت ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتكۈل روھىي دۇنياسىغا قۇللۇق سىڭىپ كەتكەن روسىيە كادېتلار پارتىيىسى[84] ئۇنىڭغا مەھلىيا بولۇپ كەلدى. بۇ دەۋردە دۇباسوۋمۇ، ستولىپىنمۇ روسىيە ئاساسىي قانۇنىنى كونا مۇستەبىتلىككە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى ھە دەپ تەجرىبە قىلىپ، ئىشلىتىپ ۋە سىناق قىلىپ كۆرگەن ئىدى. دۇباسوۋ ئەپەندى بىلەن ستولىپىن ئەپەندى بۇ دەۋرنىڭ ئەڭ ھوقۇقلۇق كىشىلىرى بولۇپ تۇيۇلاتتى، ئۇلار "خام خىياللار"نى رىياللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كۆپ تىرىشىپ باقتى. خام خىياللار بەربىر خام خىيال پېتى قېلىۋەردى. تارىخ ئىنقىلاۋىي سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ شوئارىنىڭ توغرا شوئار ئىكەنلىكىنى تامامەن ئىسپاتلىدى. بىراق "ئاساسىي قانۇن"نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پەقەت دۇباسوۋلار ۋە ستولىپىنلارلا ھەرىكەت قىلىپ قالمىدى، "ئاساسىي قانۇن"غا مەدھىيە

ئۇقۇغان، قۇللارچە تىز پۈكۈپ، ئۇنىڭ كەتمىنىنى چاپقان (بىرىنچى دۇمادىكى رودىچىۋ ئەپەندىدەك)، قىرغىنچىلىقتا پادىشانىڭ جاۋاپكار-لىغى يوق، مۇبادا پادىشا جاۋاپكار بولۇشى كېرەك دەپ قارىلىدىغان بولسا، ئۇ يولسىزلىق — ئەدەپسىزلىك بولىدۇ، دەپ پادىشانى ئاقلى-غانلار كادېتلار پارتىيىسىدىكى مالايلارلا ئەمەس. ياق، بۇ دەۋردە مۇشۇ ئادەملەرلا شۇنداق بولۇپ قالماي، بەلكى كەڭ خەلق ئام-مىسىمۇ، شۈبھىسىزكى، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئاگاھ-لاندۇرۇشلىرىغا قۇلاق سالماي، "ئاساسىي قانۇن"غا ۋە دۇماغا ئازدۇر-كۆپتۇر ئىشەنگەن ئىدى.

روسىيە ئىنقىلاۋىدىكى ئاساسىي قانۇن خام خىياللىرى دەۋرىنى خۇددى غەربىي ياۋروپادىكى بىرمۇنچە ئەللەر بەزىدە بۇرژۇئا مىللەتـ-چىلىگە، ئانتى يەھۇدىچىلىقىغا، شوۋىنىزىم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەبۇتلارغا چوقۇنغاندەك، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بۇرژۇئا مەبۇتىغا چوقۇنۇش دەۋرى بولدى، دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا سوتسىيال دېمو-كراتلار پارتىيىسىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى شۇ بولدىكى، ئۇ يالغۇز ئۆزى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئالدامچىلىقى بىلەن قايمۇقۇپ كەتمىدى، ئۇ يالغۇز ئۆزى ئاساسىي قانۇن خام خىياللىرى دەۋرىدە ئاساسىي قانۇن خام خىياللىرىغا قارشى كۈرەش قىلىش بايرىغىنى باشتىن-ئاياق ئېگىز كۆتىرىپ كەلدى.

ئۇنداق بولسا، بايىقۇت زادى نېمە ئۈچۈن ئاساسىي قانۇن خام خىياللىرىغا قارشى كۈرەشنىڭ ئالاھىدە ۋاستىسى بولدى؟

بايقۇتنىڭ شۇنداق بىر خۇسۇسىيىتى باركى، ھەرقانداق ماركسى-زىمچى بۇ خۇسۇسىيەتنى كورگەن ھامان بايقۇتتىن ئىختىيارسىز ۋاز-كېچىدۇ. سايلامغا بايقۇت قىلىش پارلامېنت كۈرەشىدىن ۋازكېچىش بولىدۇ، بۇ كىشىگە پاسسىپ رەت قىلىش، ھوقۇقتىن پاسسىپ ۋاز-

كېچىش، ئۇزىنى پاسسىپ ھالدا چەتكە تارتىش بولۇپ تۇيۇلماسلىغى مۇمكىن ئەمەس. پەقەت گېرمانىيىنىلا تەقلىت قىلىدىغان پارۋۇس مەسىلىگە ئەنە شۇنداق قارايدۇ، ئۇ 1905-يىلى كۈزدە، ئاكتىپ بايقۇت قىلىش بەرىبىر يامان نەرسە، **چۈنكى ئۇ بەرىبىر بايقۇت**..... دەپ ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇپ، جان-جەھلى بىلەن ۋە پەقەت ئۇرۇنسىز غەلۋە كوتەردى. تاھازىرغىچە ئىنقىلاپتىن ھىچنىمە ئۈگىنىۋالالمىغان، يانا كېلىپ بارغانسېرى لىبېراللىشىپ كېتىۋاتقان مارتوۋمۇ مەسىلىگە ئەنە شۇنداق قاراپ كەلدى، ئۇ «يولداشلار»[266] گېزىتىدە بېسىلىپ چىققان يېقىنقى ماقالىسى بىلەن ئۇزىنىڭ ھەتتا ئىنقىلاۋىي سوتسىيال دېموكراتلارنىڭ نامىغا لايىق مەسىلە قويۇشنىمۇ بىلمەيدىغانلىغىنى ئىسپاتلىدى.

لېكىن بايقۇتنىڭ، ئېيتايلۇق، ماركسىزمچىلارنى ئەڭ بىزار قىلغان بۇ خۇسۇسىيىتىنى بايقۇتتىن ئىبارەت كۇرەش ۋاستىسىنى كەلتۇرۇپ چىقارغان دەۋرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق چۈشەندۇرۇش تامامەن مۇمكىن. بىرىنچى پادىشا دۇماسى، يەنى بۇلىگىن دۇماسى خەلقىنى ئىنقىلاپتىن چەتلەشتۇرىدىغان يەمچۇك ئىدى. بۇ يەمچۇك ئاساسىي قانۇنچىلىق تونىنى كىيىۋالغان قارانچۇق ئىدى. ھەممە ئادەم قىلتاققا چۇشۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇزىنىڭ نەپسانىيەتچى سىنىپىي مەنپەئەتىنى كوزلىگەنلىكى ئادەملەر، ئېھتىياتچان بولمىغانلىكى ئادەملەر ئاخىر بۇلىگىن دۇماسىنىڭ، كېيىن يەنە ۋىتتې دۇماسىنىڭ دامىغا چۇشتى. ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ كەتتى، ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا چىڭ ئىشەندى. سايلامغا قاتنىشىش ئاددى پۇقرالىق بۇرۇچنى ئادەتتىكىچە، ئانچىكىلا ئادا قىلىپ قويۇش ئەمەس ئىدى. سايلامغا قاتنىشىش پادىشالىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۇزۇمنى مۇقەددەس بىلىش دىگەنلىك ئىدى. سايلامغا قاتنىشىش بىۋاستە ئىنقىلاپ يولىدىن پادىشالىق ئاساسىي قانۇنلۇق يولىغا بۇرۇلغانلىق بولاتتى.

بۇنداق ۋاقىتتا سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى ئۆزىنىڭ پۈتۈن كۈچ ـ قۇدرىتىنى ئىشقا سېلىپ، داغدۇغىلىق ئېتىراز بىلدۈرۈشى ۋە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشى **كېرەك** ئىدى. بۇ سايلامغا قاتنىشىشنى رەت قىلىشنى، ئۆزى قاتناشمايلا قالماستىن، بەلكى خەلقنىمۇ قاتناشماسلىققا چاقىرىشنى، كونا ھاكىمىيەت قۇرغان ئورگانغا تايىنىپ ھەركەت قىلىش **ئورنىغا** كونا ھاكىمىيەتنى يوقىتىش شوئارىنى تۇۋلاشنى تەلەپ قىلاتتى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بۇرژۇئا ـــ ساقچىلارچە "ئاساسىي قانۇنلۇق" پادىشالىق تۈزۈمى دېگەن مەبۇتقا چوقۇنۇۋاتقان بىر ۋاقىتتا، پرولېتارىيات پارتىيەسى بولغان سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ئۆزىنىڭ بۇ مەبۇتقا قارشى تۇرىدىغانلىقى ۋە ئۇنى پاش قىلىدىغانلىقىنى "ئېزھار قىلىشى"، مۇنداق مەبۇتچىلىقنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئورگانلارنى قۇرۇشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى تۇرۇشى كېرەك ئىدى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇلىگىن دۇماسىغا قارىتىلغان، تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بايقۇتنىڭلا ئەمەس، بەلكى ۋىتتې دۇماسىغا قارىتىلغان. مەغلۇپ بولغاندەك **كۆرۈنگەن** بايقۇتنىڭمۇ تارىختا تولۇق ئاساسى بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭ نىمە ئۈچۈن **كۆرۈنۈشتىلا** مەغلۇبىيەت دېيىلگەنلىكى، نىمە ئۈچۈن سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئىنقىلاۋىمىزنى پادىشالىق ئاساسىي قانۇنلۇق يولغا باشلاشقا **ئاخىرغىچە چىڭ تۇرۇپ** قارشى تۇرۇشى كېرەكلىكى ئەمدى ئايان بولدى. چۈنكى ئۇنداق يولغا باشلاش **ئەمەلىيەتتە تۇيۇق يولغا** باشلىغانلىق بولۇپ چىقتى. پادىشالىق ئاساسىي قانۇن خام خىياللىرى كونا ھاكىمىيەتنىڭ بۇنداق "ئاساسىي قانۇن"نى بىكار قىلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدىغان مۇقەددىمە ياكى نىقاپ، بىر خىل بىزەك ۋە كىشىلەرنىڭ كۆزىنى بوياشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.......

بىز سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى "ئاساسىي قانۇن" ئارقىلىق ئەركىنلىكنى بوغۇشقا ئاخىرغىچە چىڭ تۇرۇپ ئېتىراز بىلدۇرۇشى كېرەك، دېگەن ئىدۇق. "ئاخىرغىچە چىڭ تۇرۇش" دېگەن سوزنىڭ مەنىسى نىمە؟ بۇنىڭ مەنىسى: سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى **قارشى تۇرغان** ئورگان سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئىرادىسىگە **خىلاپ** هالدا پاكىتقا ئايلانغانغا قەدەر چىڭ تۇرۇش دېگەن سوز، ئىنقىلاپنىڭ پەسىيىشىدىن ۋە ئىنقىلاپنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشىدىن مۇقەررەر دېرەك بېرىدىغان (**مەلۇم ۋاقىت ئىچىدە**) روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ هالدا پادىشالىق ئاساسىي قانۇنلۇق يولىغا بۇرۇلۇشى پاكىتقا ئايلانغانغا قەدەر چىڭ تۇرۇش كېرەك دېگەن سوز ئىدى. ئاساسىي قانۇن خام خىياللىرى دەۋرى **مۇرەسسەگە** ئىنتىلىش دەۋرى ئىدى. بىز مۇرەسسەگە قارشى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن كۈرەش قىلدۇق ۋە كۈرەش قىلىشقا هەقلىق ئىدۇق. لېكىن بىز كۈرەشتە مەغلۇپ بولغانلىقىمىز ئۈچۈن قۇربان بەرگەن ئىكەنمىز، ۋەزىيەت **تەقەززاسى** بىلەن ئارمانغا چۈشلۇق دەرمانىمىز قالمىغان ئىكەن، ئىككىنچى دۇماغا قاتنىشىشقا ۋە مۇرەسسەلىشىشنى ئويلىنىشقا مەجبۇر بولىمىز. قاچانغىچە ئويلىشىش ــ بۇ ئىككىنچى مەسىلە، ئەلۋەتتە.

يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئوتكەنلىرىمىزدىن **ئۈچىنچى** دۇماغا بايقۇت قىلىش توغرىسىدا قانداق يەكۈن چىقىرىش كېرەك؟ بايقۇت ئاساسىي قانۇن خام خىياللىرى دەۋرىنىڭ باشلىرىدا زورۇر ئىدى، شۇڭا بۇ دەۋرنىڭ ئاخىرىدىمۇ زورۇر دەپ يەكۈن چىقىرىش كېرەكمۇ؟ بۇ جىددى پوزىتسىيە بىلەن يەكۈن چىقىرىش ئەمەس، بەلكى "سېلىشتۇرما ئىجتىمائىيەت"چە "بىلەرمەنلىك". روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ باشلىرىدىكى بايقۇتتا **بولغان** مەزمۇننىڭ هازىرقى ۋاقىتتىكى بايقۇتتا **بولۇشى مۇمكىن ئەمەس**. هازىرقى ۋاقىتتا خەلقنى ئاساسىي قانۇن

خام خىياللىرىغا قارشى ئاگالاندۇرۇشقىمۇ، شۇنداقلا ئىنقىلاپنى پادىشالىق ئاساسىي قانۇنلۇقتىن ئىبارەت تۇيۇق يولغا كىرگۈزۈشكە قارشى كۈرەش قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. بايقۇتتا بۇرۇنقىدەك جەۋھەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر يەنە بايقۇت قىلىنىدىكەن، ئۇ ھەرقانچە بولغاندىمۇ **باشقىچە** ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ، ئۇ ھەرقانچە بولغاندىمۇ، **باشقىچە** سىياسى مەزمۇنغا ئىگە بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، بايقۇتنىڭ بىز تەتقىق قىلىۋاتقان تارىخىي ئالاھىدىلىگى ئۈچىنچى دۇماغا بايقۇت قىلىشقا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن يەنە بىر ئاساس يارىتىپ بەردى. ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم يولغا قويۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ دىققەت-ئېتىۋارى مۇقەررەر ھالدا دۇماغا مەركەزلەشكەن ئىدى. بىز دىققەت-ئېتىۋارنى تۇيۇق يولغا مەركەزلەشتۈرۈپ قويۇشقا، نادانلىق، ئاڭسىزلىق، زەئىپلىك ياكى شەخسىيەتچىل ئەكسىلئىنقىلاپچىلىقتىن كېلىپ چىققان قىزىقىشلارغا بايقۇت بىلەن قارشى تۇرغان ئىدۇق ھەم شۇنداق قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك ئىدى. ھازىرقى ۋاقىتتا، ئومۇمى دۇماغا ياكى ئۈچىنچى دۇماغا قانداقتۇ مەملىكەت خاراكتېرىدىكى قىزىقىشتىن گەپ ئېچىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا سەل كەڭ دائىرىدىكى قىزىقىشتىنمۇ گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، بايقۇت قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.

4

دىمەك، بايقۇت قىلىش شارائىتىنى، شۈبھىسىزكى، ئەينى ۋاقىتتىكى ئوبيېكتىپ ۋەزىيەتتىن ئىزدەش كېرەك. 1907-يىل كۈزدىكى ۋەزىيەتنى 1905-يىل كۈزدىكى ۋەزىيەت بىلەن مۇشۇ نۇقتىدىن سېلىشتۇرۇپ كورىدىغان بولساق، **ھازىرقى ۋاقىتتا** بايقۇت جاكالاشقا

ئاساسىمىز يوق، دىگەن خۇلاسىگە كەلمەي قالمايمىز. مەيلى بىۋاستە ئىنقىلاپ يولى بىلەن پادىشالىق ئاساسىي قانۇنلۇقتىن ئىبارەت ”ئەگرى ـ توقاي“ يول ئۇتتۇرىسىدىكى سىلىشتۇرما مۇناسىۋەتتىن قارىغاندىمۇ، مەيلى ئاممىۋى دولقۇن جەھەتتىن قارىغاندىمۇ، مەيلى ئاساسىي قانۇن خام خىياللىرىغا قارشى كۇرەشنىڭ ئالاھىدە ۋەزىپە‑لىرىدىن قارىغاندىمۇ، هازىرقى ۋەزىيەت مۇندىن ئىككى يىل ئىلگە‑رىكى ۋەزىيەتكە تامامەن ئوخشىمايدۇ.

ئۇ ۋاقىتتا تارىخنى پادىشالىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۇزۇمگە بۇراش ساقچىلارنىڭ قۇرۇق ۋەدىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. هازىر بولسا بۇ بۇرۇلۇش پاكىتقا ئايلاندى. بۇ پاكىتنى ئوچۇق ئېتىراپ قىلىشنى خالىماسلىق ھەقىقەتتىن قورقىدىغان كۇلكىلىك بىر ئىش بولۇپ قالدۇ. لېكىن بۇ پاكىتنى ئېتىراپ قىلىش روسىيە ئىنقى‑لاۋىنىڭ ئاياقلاشقانلىغىنى ئېتىراپ قىلغانلىق بولىدۇ، دەپ قاراشمۇ خاتا. ياق، بۇ يەكۇننى چىقىرىشقا هازىر تېخى ئاساس يوق. ئوبيېكتىپ ۋەزىيەت ماركسىزىمچىلارنىڭ ئىنقىلاپنىڭ بىۋاستە تەرەققى‑يات يولى ئۇچۇن كۇرەش قىلىشنى تەلەپ قىلغان ۋاقىتتا، ماركسى‑زىمچىلارنىڭ مۇنداق كۇرەشنى ئېلىپ بېرىش مەسئۇلىيىتى بار، لېكىن، يەنە تەكرار ئېيتىمىزكى، بۇ، پاكىتقا ئايلانغان ئەگرى ـ توقاي يولنى ھىساپقا ئالمىساقمۇ بولىدۇ، دىگەنلىك ئەمەس. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ تەرەققىياتى تامامەن ئېنىقلاندى. بىز ئىنقىلاپنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ھەركەتنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە لېكىن ئىنتايىن كەڭ كولەمدە ھەيران قالارلىق سۇرئەت بىلەن يۇقۇرى كوتىرىلگەنلىگىنى كورىمىز؛ كېيىن بولسا، 1905 ـ يىلى دېكا‑بىر قوزغىلىڭىدىن باشلاپ، ھەركەتنىڭ ئىنتايىن ئاستا، ئەمما ئۇدا پەسىيىشكە قاراپ ماڭغانلىغىنى كورىمىز. دەسلەپكى دەۋر ئاممىۋى بىۋاستە ئىنقىلاۋىي كۇرەش ئېلىپ بارغان دەۋر بولىدى، كېيىنكى

دەۋر پادىشالىق ئاساسىي قانۇنلۇققا بۇرۇلۇش دەۋرى بولدى.

بۇ، كېيىنكى بۇرۇلۇش — ئەڭ ئاخىرقى بۇرۇلۇش دىگەنلىكمۇ؟ ئىنقىلاپ ئاخىرلاشتى، "ئاساسىي قانۇنلۇق" دەۋرى باشلاندى دىگەنلىكمۇ؟ يېڭى كوتىرىلىشنى كۈتۈپ تۇرۇشقىمۇ، يېڭى كوتىرىلىشنى **تەييارلاشقىمۇ** ئاساس يوق دىگەنلىكمۇ؟ پۇروگىراممىمىزنىڭ جۇمھۇرىيەتچىلىك خاراكتىرىدىن ۋازكېچىشىمىز كېرەك دىگەنلىكمۇ؟

ھەرگىز ئۇنداق دىگەنلىك ئەمەس. مالايلارچە تىز پۈكۈشنى ئۇدۇل كەلگەن يەرلەردىن تېرىۋالغان دەلللەر ئارقىلىق ئاقلاشقا تەييار تۇرغان كادېتلىرىمىزغا ئوخشاش لىبېرالىزىمچى چاكىنىلارلا شۇنداق يەكۈن چىقىرىشى مۇمكىن. ياق، بۇنىڭدىن پەقەت **پۈتكۈل** پۇروگىراممىمىزنى ۋە **بارلىق** ئىنقىلاۋىي نۇقتىنەزىرىمىزنى پۈتۈنلەي قوغداپ قېلىش ئۈچۈن بىۋاستە چاقىرىقلىرىمىزنى **ھازىرقى** ئوبيېكتىپ ۋەزىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشىمىز كېرەك، دىگەن مەنە كېلىپ چىقىدۇ. بىز بىر تەرەپتىن ئىنقىلاپنىڭ مۇقەررەرلىگىنى تەشۋىق قىلىپ، سىستېمىلىق ھالدا ۋە باشتىن-ئاخىر ئېغىشماي ھەر جەھەتتىن يىغىلغۇ جۇغلىشىمىز، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئېلىمىز ئىنقىلاۋىنىڭ ئۇگۇشلۇق بولغان دەۋردە ھاسىل بولغان ئىنقىلاۋىي ئەنئەنىلەرنى ئېھتىيات بىلەن ساقلاپ قېلىشىمىز ۋە يېتىشتۇرۇشىمىز، لىبېرالىزىمچى تەييارتاپلارنىڭ بۇ ئەنئەنىلەردىكى تەسىرىنى تازىلىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پادىشالىق ئاساسىي قانۇنلۇققا قاراپ يۈز بەرگەن كۈندىلىك بۇرۇلۇشلار جەريانىدىكى كۈندىلىك خىزمەتلەرنى تاشلاپ قويماسلىقىمىز لازىم. بىزنىڭ قىلىدىغانلىرىمىز ئەنە شۇلار. بىز يېڭى، كەڭ دولقۇن قوزغاشقا تەييار تۇرۇشىمىز كېرەك، لېكىن ئەھۋالغا قارىماي، بايقۇت شوئارىنى قوللىنىش ئۈچۈن زورۇقۇشىمىزغا ھېچقانداق ئاساسىمىز يوق.

بايقۇت، يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، **ئاكتىپ** بايقۇت بولغان-

دىلا ھازىرقى روسىيىدە مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. بۇ سايلامغا قاتنىششتىن پاسسىپ ھالدا باش تارتىپ ئولتۇرماي، بىۋاستە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىيىتى ئۈچۈن سايلامغا پىسەنت قىلماسلىق كېرەك دېگەنلىك بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بايقۇت مۇقەررەر ھالدا ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ قەتئىي ھۇجۇم قىلىشقا چاقىرىش بىلەن باراۋەر. كەڭ كولەملىك، ئومۇمى يۈزلۈك دولقۇن بولمىسا، مۇنداق چاقىرىقنىڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ. بىراق، ھازىر كەڭ كولەملىك، ئومۇمى يۈزلۈك دولقۇن بارمۇ؟ ئەلۋەتتە يوق.

"چاقىرىقلار"غا كەلسەك، ھازىرقى ۋەزىيەت بىلەن 1905 ـ يىلنىڭ كۈز پەسلىدىكى ۋەزىيەتنىڭ بۇ جەھەتتىكى پەرقى ناھايىتى روشەن. يۇقۇرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۆتكەن پۈتۈن بىر يىل ئىچىدە ئامما چاقىرىقلارغا ھېچقاچان سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرمىغان ئىدى. ئاممىنىڭ ھۇجۇملىرى تەشكىلاتلارنىڭ چاقىرىقلىرىدىن ئېشىپ كەتتى. ھازىرقى ۋاقىتتا، بىز ئىنقىلاپنىڭ تۇرغۇن دەۋرىدە تۇرماقتىمىزكى، **بىرمۇنچە چاقىرىقلارغا ئامما ئاۋاز قوشمايۋاتىدۇ**. مەسىلەن، 1906 ـ يىلنىڭ بېشىدىكى ۋىتتې دۇماسىنى يوقىتىش توغرىسىدىكى چاقىرىق، 1906 ـ يىلى يازدىكى بىرىنچى دۇما تارقىتىلغاندىن كېيىن قوزغىلاڭ كۆتىرىش توغرىسىدىكى چاقىرىق، ئىككىنچى دۇمانىڭ تارقىتىلىشىغا ۋە 1907 ـ يىلدىكى 3 ـ ئىيۇن سىياسى ئۆزگىرىشىگە جاۋابەن **كۈرەش قىلىش توغرىسىدىكى چاقىرىق** ئەنە شۇنداق بولدى. مەركىزي كومىتېتىمىزنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە بولغان ئاشۇ ھەركەتلەر توغرىسىدىكى ئومۇمى ئۇقتۇرۇشىنى[359] كۆرۈپ باقساڭلارلا بىلىۋالىسىلەر. بۇ ئومۇمى ئۇقتۇرۇشتا جايلارنىڭ شارائىتى يول قويغان شەكىللەردە كۈرەش قىلىش (نامايىش قىلىش، ئىش تاشلاش، مۇستەبىتلىكنىڭ قورال‌لىق كۈچلىرىگە قارشى ئاشكارا كۈرەش قىلىش)قا ئاشكارا چاقىرىق قىلىنغانلىغىنى كورۈۋالالايسىلەر. بۇ ئېغىزدىكى چاقىرىق

ئىدى. 1907 ـ يىلى 6 ـ ئايدا كىيېۋ ۋە قارا دېڭىز ھەربى كېمە ئەترىدىدە
كوتىرىلگەن قورالىلىق قوزغىلاڭلار ھەركەتتىكى چاقىرىق بولـدى. بۇ
چاقىرىقلارنىڭ ھەر ئىككىلىسـگە ئاما ھېچقانـداق ئاۋاز قوشمىـدى.
ئەكسىيەتچى كۇچلەرنىڭ ئىنقىلاپقا قىلغان ئەڭ ئاشكارا ۋە ئەڭ بىۋاسـ
تە ھۇجۇملىرى ـــ ئىككى دۇمانى تارقىتىۋېتىش ۋە سىياسى ئۇزگىـرىش
قىلىش شۇ چاغدا كوتىرىلىش پەيدا قىلالمىغان ئىكەن، ئەمدى بايقۇت
ئېلان قىلىش شەكلى بىلەن دەرھال قايتا چاقىرىق چىقىرىشقا نىمە
ئاساس بولسۇن؟ ھازىرقى ئوبېكتىپ ۋەزىيەت شۇنى كورسىتىپ تۇرۇپـ
تۇكى، بايقۇت "ئېلان قىلىش" ـــ جەزمەن قۇرۇق داۋراڭغا ئايلىنىپ
قالىدۇ. بۇ ئېنىق ئەمەسمۇ؟ كۇرەش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، كېڭىيىۋاتـ
قان، كۇچىيىۋاتقان ۋە تەرەپ ـ تەرەپتىن قىستاپ كېلىۋاتقان چاغدىلا
بايقۇت "ئېلان قىلىش" ئورۇنلۇق ۋە زورۇر بولىدۇ، بۇنـداق چاغدا
جەڭگىۋار چاقىرىق چىقىرىش ئىنقىلاۋىي پۇرولېتارىياتنىڭ مەسئۇلىيەـ
تى. لېكىن بۇنداق كۇرەشـنى ئويلاپ چىقىرىشقىمۇ بولمايدۇ، يالغۇز
چاقىرىق بىلەنـلا قوزغىغىلـمۇ بولمايـدۇ. بىزنىڭ خېلىـلا بىۋاسـتە
سەۋەپلەرگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇپ باقـقان بىرمۇنچە جەڭـگىۋار
چاقىرىقلىرىمىزنىڭ ھەممىسى نەتىجىسىز بولۇپ چىققان ئىكەن، شوئار
"ئېـلان قىلىش" ئۇچۇن كۇچـلۇك ئاساسـلارنى تېپىشـمىز كېرەك،
ئەلۋەتتە. چۇنكى جەڭگىۋار چاقىرىقنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان شەرت ـ
شارائىت بولمىسا، بۇنداق شوئارنى ئېلان قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ.

سوتسىيال دېموكراتىزىمچى پۇرولېتارلارنى بايقۇت شوئارىـنىڭ
توغرىلىغىغا تولۇق ئىشەندۇرمەكچى بولغانلـىكى كىشىلەر، ئۇز ۋاقتىدا
ئۇلۇغ ۋە شانلىق ئىنقىلاۋىي رول ئوينىغان سوزلەرگىلا مەپتۇن بولۇپ
كەتمەي، بۇنداق شوئار تەدبىق قىلىنىدىغان ئوبېكتىپ شەرت ـ شاراـ
ئىتنىڭ قانداقلىغىنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىشى ھەمدە بۇنداق شوئارنى
ئوتتۇرىغا قويۇش ـــ كەڭ كولەمـلىك، ئومۇمى يۇزلۇك، كۇچلۇك ۋە

شىددەتلىك ئىنقىلاۋىي كوتىرىلىش ئۇچۇن زورۇر بولغان شەرت ـ شارائىتلار مەيدانىغا كېلىدۇ دەپ ۋاستىلىق پەرەز قىلىنغانلىغىدىن دېرەك بېرىدىغانلىغىنى بىلىشى كېرەك. لېكىن بىز هازىرقىدەك دەۋردە، ئىنقىلاپ ۋاقتىنچە تۇرغۇنلاشقان دەۋردە، بۇنىداق شەرت ـ شارائىتنىڭ مەيدانىغا كېلىشىنى هەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ ۋاستىلىق پەرەز قىلالمايمىز. پۇتكۇل ئىشچىلار سىنىپى شەرت ـ شارائىتنى بىۋاستە ۋە ئېنىق بىلىۋېلىشى هەم ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى لازىم. مۇنداق قىلمايدىكەن، ئاڭسىز هالدا قۇرۇق گەپلا قىلىدىغان، هەم ئۇ گەپنىڭ چىن مەنىسىنى چۈشەنمەيدىغان ئادەم ياكى نىمە بولسا شۇنى دىيىشنى خالىمايدىغان ئادەم بولۇپ قالىدۇ.

5

بايقۇت ـــ روسيە ئىنقىلاۋىنىڭ ۋەقەلەر ئەڭ كوپ بولغان جەسۇرانە روهلار بىلەن تولغان دەۋرىنىڭ ئىسىل ئىنقىلاۋىي ئەنئەنىلىرىدىن بىرى. بۇ ئەنئەنىلەرنى ئېهتىيات بىلەن ساقلاش، يېتىشتۇرۇش، لىبىرالىزمچى (هەم ئاغمىچى) تەييارتاپلارنىڭ تەسىرىنى تازىلاش بىزنىڭ ۋەزىپىلىرىمىزدىن بىرى ئىكەنلىكىنى يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئوتتۇق. بۇ ۋەزىپىنىڭ مەزمۇنىنى توغرا بەلگىلەش ئۇچۇن ۋە كېلىپ چىقىش ئېهتىمالى زور بولغان غەيرى چۈشەنچىلەر ۋە ئۇقۇشۇلماسلىقلارغا بەرهەم بېرىش ئۇچۇن، ئۇنى بىرئاز تەهلىل قىلىپ ئوتۇشىمىز كېرەك.

ماركسىزىم باشقا بارلىق سوتسىيالىزىم نەزىرىيىلىرىدىن شۇنىڭ بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇكى، ئۇ ئوبيېكتىپ ۋەزىيەتنى ۋە تەدرىجى تەرەققىياتنىڭ ئوبيېكتىپ جەريانىنى ناهايىتى ئىلمىي ۋە سوغاققانىلىق بىلەن تەهلىل قىلالايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاممىنىڭ (ئەلۋەت-

تە، مەلۇم سىنىپ بىلەن بولغان باغلىنىشىنى ئىزلەپ تېپىشقا ۋە بۇ باغلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ماھىر بولغان شەخسلەر، گۇرۇھلار تەشكىلاتلار ۋە پارتىيىلەرنىڭمۇ) ئىنقىلاۋىي جاسارىتى، ئىنقىلاۋىي ئىجاتچانلىقى ۋە ئىنقىلاۋىي تەشەببۇسكارلىقىنىڭ ئەھمىيىتىنىمۇ قەتئىي ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە بۇ ئىككى تەرەپنى ئاجايىپ ياخشى بىرلەشتۈرىدۇ. ماركس ئۆزىنىڭ پۈتكۈل تارىخقاراشلىرىغا ئاساسەن، ئىنسانىيەت تەرەققىياتىدىكى ئىنقىلاپ دەۋرلىرىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بەردى، چۈنكى تېچ تەرەققىي قىلىش دەۋرلىرى.دەپ ئاتالغان دەۋرلەردە ئاستا-ئاستا توپلىنىپ قالغان بىرمۇنچە زىددىيەتلەر دەل شۇ دەۋرلەردە ھەل قىلىندى. دەل ئەنە شۇ دەۋرلەردە تۈرلۈك سىنىپلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش شەكىللىرىنى بەلگىلەش جەھەتتىكى بىۋاستە روللىرى ئەڭ كۈچلۈك ئىپادىلىنىدۇ، كېيىن يېڭىلانغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئاساسىدا ئۇزاق ۋاقىت مۇقىملاشتۇرۇلغان سىياسىي ”ئۈستقۇرۇلما“نىڭ ئاساسلىرى بەرپا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماركس لىبېرال بۇرژۇئازىيە نەزەرىيىچىلىرىدىن باشقىچە ھالدا، مۇنداق دەۋرلەرگە ”نورمال“ يولدىن ئايرىلغانلىق، ”ئىجتىمائىي كېسەل“نىڭ ئىپادىسى، ھەددىدىن ئېشىپ كېتىش ۋە بىمەنىلىكنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتى دەپ قارىماي، بەلكى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تارىخىدىكى ئەڭ جانلىق ئەڭ مۇھىم، ئەڭ ماھىيەتلىك، ئەڭ ھەل قىلغۇچ پەيتلەر دەپ قارىدى. ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ 1848 — 1849-يىللاردىكى ئاممىۋى ئىنقىلاۋىي كۈرەشلەرگە قاتناشقان دەۋرى ئۇلارنىڭ پۈتۈن پائالىيەتلىرىدە مەركىزىي نۇقتا بولۇپ گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ھەرقايسى ئەللەردىكى ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ ۋە دېموكراتىزمنىڭ تەقدىرىگە باھا بېرىشتە كۆپىنچە مۇشۇ نۇقتىغا ئاساسلىنىدۇ. ئۇلار تۈرلۈك سىنىپلارنىڭ ئىچكى ماھىيىتى ۋە خاھىشلىرىغا ئەڭ چۈشىنىشلىك ۋە ئەڭ ئېنىق باھا بېرىش ئۈچۈنمۇ، دائىم مۇشۇ

مەركىزىي نۇقتىنى تەتقىق قىلىشقا قايتىدۇ. ئۇلار كېيىنكى ۋاقىتلار-
دىكى كىچىكرەك سىياسىي گۇرۇھ ۋە سىياسىي تەشكىلاتلارغا، سىياسىي
ۋەزىيەت ۋە سىياسىي توقۇنۇشلارغا كۆپىنچە ئەينى زاماندىكى ئىنقىلاب
دەۋرىگە قاراپ باھا بېرىدۇ. لىبېرالىزمنىڭ سومبارت كەبى ئىدى-
يەۋى يولباشچىلىرىنىڭ ماركسنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە ئەسەرلىرىدىكى بۇ
خۇسۇسىيەتنى جان-جەھلى بىلەن يامان كۆرۈشلىرى ۋە ئۇنى
"مۇساپىرنىڭ ئاغرىنىشى" دېيىشلىرى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. ساقچى-
لارچە بۇرژۇئا داشۆبىسىنىڭ پەن ساھەسىدىكى چۈشلىرىنىڭ ماركس
بىلەن ئېنگېلسنىڭ پۈتكۈل ئىنقىلاۋىي دۇنياقارىشىنىڭ ئەڭ ئايرىل-
ماس تەركىۋىي قىسمىنى ئۇلارنىڭ مۇساپىرچىلىق تۇرمۇشىدىن كېلىپ
چىققان شەخسىي ئاغرىنىش ۋە شەخسىي غۇربەتچىلىككە ئاپىرىپ تاقى-
شى ھېچبىر ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس!

ماركس كۇگېلمانغا يازغان بىر خېتىدە، ئېھتىمال، بىز ھازىر
تەتقىق قىلىۋاتقان مەسىلىدىن قارىغاندا، مەسىلىنى ناھايىتى ئېنىق
چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، ناھايىتى قىزىقارلىق بىر پىكىرنى قوشۇمچە
قويۇپ ئۆتىدۇ. ئۇ، گېرمانىيىدە ئەكسىيەتچىلەر 1848 ـ يىلدىكى ئىنقى-
لاپ دەۋرىنىڭ ئەسلىملىرى ۋە ئەنئەنىلىرىنى خەلقنىڭ ئېڭىدىن
پۈتۈنلەي دىگۈدەك چىقىرىۋەتكەن، دەپ كۆرسىتىدۇ[360] . بۇ يەردە
بىر مەملىكەتنىڭ ئىنقىلاۋىي ئەنئەنىلىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش
مەسىلىسىدە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قانداق ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلىقىنى،
پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ قانداق ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلىقىنى چۈشەن-
دۈرۈپ بېرىدىغان روشەن بىر سېلىشتۇرما كېلىپ چىقىدۇ. ئەكسىيەتچى-
لەرنىڭ ۋەزىپىسى ــ بۇ ئەنئەنىلەرنى يوقىتىش، ئىنقىلاپنى "تەلۋىلىك
ئىستىخىيىسى" دەپ كۆرسىتىش (ستروۋې نېمىسچە «das tolle Jahr»
دىگەن سۆزنى "تەلۋىلىك ئىستىخىيىسى" دەپ تەرجىمە قىلغان،
ئەمەلىيەتتە بۇ "تەلۋىلىك يىلى" دىگەن گەپ، بۇ گېرمانىيىدىكى

ساقچىلارچە بۇرژۇئا تارىخشۇناسلىرىنىڭ تېخىمۇ كەڭرەك قىلىپ ئېيتقاندا، گېرمانىيە داشۆبىلىرىدىكى تارىخشۇناس پروفېسسورلىرىنىڭ 1848-يىل توغرىسىدىكى تەسۋىرى ئىدى). ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ۋەزىپىسى — ئاھالىنى ئىنقىلاپ دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن مەزمۇنغا باي خىلمۇ-خىل كۈرەش شەكىللىرىنى، تەشكىلات شەكىللىرىنى، ئىدىيە ۋە شوئارلارنى ئۇنتۇشقا مەجبۇرلاش. ئەنگلىيە مىشچانلىرىنى ئەخمەقلەرچە مەدھىيىلىگەن ئەر-خوتۇن ۋېببلار[181] ئاساسىي نىزامچىلار ھەركىتى[116] ۋە ئەنگلىيە ئىشچىلار ھەركىتىدىكى ئىنقىلاپ دەۋرىنى ئاددى باللىق "ياشلىق دەۋرىدىكى سەۋەنلىك"، جىددى دىققەت قىلىشقا ئەرزىمەيدىغان گودەكلىك ۋە تاسادىپى بولغان غەيرى نورمال ئېغىش دەپ كورسەتمەكچى بولغان بولسا، گېرمانىيە بۇرژۇئا تارىخشۇناسلىرىمۇ گېرمانىيىنىڭ 1848-يىلنى خۇددى شۇنداق كەمسىتىپ كورسەتمەكتە. ئەكسىيەتچىلەرنىڭ فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلاۋىغا تۇتقان پوزىتسىيىسىمۇ خۇددى شۇنداق. بۇ ئىنقىلاپ تا ھازىرغىچە ئەڭ قاتتىق ئۆچمەنلىك قوزغاپ كەلمەكتە، بۇ ھال ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە كورسەتكەن تەسىرىنىڭ تا ھازىرغىچە ھاياتىي كۈچكە ۋە قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئېلىمىزدىكى ئەكسىلئىنقىلاپچى قەھرىمانلار، بولۇپمۇ سترۇۋې، مىليۇكوۋ، كىزېۋېتتېر كەبى تۇنۇگۇنكى "دېموكراتىزىمچىلار" ۋە شۇ خىلدىكى كىشىلەرمۇ روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ ئىنقىلاۋى ئەنئەنىلىرىنى بەس-بەستە ھاقارەتلەپ كەلمەكتە.

پرولېتارىياتنىڭ بىۋاستە ئاممىۋى كۈرەش ئېلىپ بېرىشى ئارقىسىدا كونا ھاكىمىيەتنىڭ لىبېرالىزىمچى مالايلىرى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختاپ يۈرگەن ئازغىنا ئەركىنلىككە ئېرىشكىنىگە تېخى ئىككى يىل تولماي تۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ سىياسى مۇھاكىمە ساھەسىدە، كادېتلار مەتبۇئاتلىرىنىڭ پەرۋىش قىلىپ ئۇستۇرۇشى ئارقىسىدا، **لىبېرالىزىم** (!!)نى پەش قىلىدىغان چوڭ بىر ئېقىم بولۇپ شەكىللەندى، ئۇلار

مەخسۇسلا ئېلىمىزنىڭ ئىنقىلاۋىنى، ئىنقىلاۋىي كۈرەش ئۇسۇللىرىنى، ئىنقىلاۋىي شوئارلارنى ۋە ئىنقىلاۋىي ئەنئەنىلەرنى قانداقتۇ پەسكەشلىك، يۈزەلىك، گودەكلىك، ئىستىخىيىلىك، تەلۋىلىك.....ھەتتا جىنايەت.....دېيىشتى. بۇ جەھەتتە، مىليۇكوۋ بىلەن كامىشانسكى ئارىسىدا پەقەت بىر قەدەملا پەرق بار دېيىشكە بولىدۇ! ئەكسىچە، دەسلەپتە خەلقنى ئىشچى-دېھقان ۋەكىللىرى سوۋېتىدىن دۇباسوۋ — ستولىپىن دۇماسىغا قوغلىۋەتكەن، ھازىر ئۇلارنى ئوكتەبىرچىلەر[85] دۇماسىغا قوغلاۋاتقان ئەكسىيەتچىلەرنىڭ بەزى مۇۋەپپەقىيەتلىرى روسىيە لىبېراللىزىمىنىڭ قەھرىمانلىرى تەرىپىدىن "روسىيەدە **ئاساسىي قانۇنچىلىق** ئېڭىنىڭ يېتىلىش جەريانى" دەپ كۆرسىتىلمەكتە.

روسىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ زىممىسىگە ئېلىمىزنىڭ ئىنقىلاۋىنى ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن ئومۇمىي يۈزلۈك تەتقىق قىلىش، ئاممىغا ئىنقىلاپنىڭ كۈرەش ئۇسۇللىرى، تەشكىلات شەكىللىرى ۋاھاكازالارنى ئومۇمىي يۈزلۈك تونۇتۇش، خەلق ئارىسىدا ئىنقىلاۋىي ئەنئەنىلەرنى مۇستەھكەملەش، ئاممىنى پەقەت ئىنقىلاۋىي كۈرەش ئارقىلىقلا بىرقەدەر چوڭ، بىرقەدەر ئۇزاق مۇددەتلىك ياخشىلىنىشقا ئىگە بولغىلى بولىدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشەندۈرۈش، تەكەببۇر لىبېراللىزمچىلارنىڭ جەمىيەتنى بوش-تۇتەككە، ھەممىلا يەرنى "ئاساسىي قانۇنچىلىق" تەسلىمچىلىكى، خائىنلىق ۋە خۇشامەتچىلىككە تولدۇرۇۋېتىدىغان جىمىكى رەزىللىكلىرىنى قەتئىي پاش قىلىش مەسئۇلىيىتىنىڭ يۈكلىنىشى شۈبھىسىز. ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش تارىخىدا ئوكتەبىردىكى ئىش تاشلاشنىڭ ياكى دېكابىر قوزغىلىڭىنىڭ ھەر بىر كۈنى كادېتلارنىڭ دۇمادا مەسئۇلىيەتسىز پادىشا ۋە پادىشالىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم توغرىسىدا نەچچە ئايلاپ مالايلارچە گەپ ساتقىنىدىن يۈز ھەسسە ئەھمىيەتلىك بولدى ۋە بولۇۋاتىدۇ. بىز بىر ئامال قىلىپ، — بىزدىن باشقا ھېچكىممۇ ئامال قىلمايدۇ، — خەلقنى

بۇ جۇشقۇن، مەزمۇنـغا باي، ئۇلۇغ ئەھمىيەتلىك ۋە مول ئۇنۇملۇك كۇنـلەرنى ئادەمنىڭ دىمى سىقىلىدىغان، مەدھىيە ئوقۇلغان "ئاساسىي قانۇنچىلىق" ئايلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئېنىقراق، تېخىمۇ تەپسىلىرەك، تېخىمۇ كونكرېتراق چۈشىنىدىغان قىلىشىمىز كېرەك، چۈنكى ستولىپىنىنىڭ ھەم ئۇنىڭ گېزىت - كىتاپلىرىنى تەكشۈرىدىغان ژاندارما نەۋكەرلىرىنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن سۈكۈت قىلىشى ئارقىسىدا، ئېلىمىزدىكى لىبېرالىزمچى پارتىيىلەرنىڭ ئورگان گېزىتلىرى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىزلارنىڭ دېموكراتىزمىلىق (تۇفى! تۇفى!) گېزىتلىرى بۇ ئايلارنى قىزغىنلىق بىلەن راسا داغلىماقتا.

شۈبھىسىزكى، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بايقۇتقا ھېسداشلىق بىلدۈرۈشىنىڭ سەۋىـۋى دەل شۇ يەردىكى، ئىنقىلاپچىلار كىشىنى قايىل قىلارلىق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق بۇرۇنقى ئىسىل ئىنقىلاۋىي ئەنئەنىلەرنى قوغداپ، ھازىرقى زامانـىنىڭ توختام سۇدەك خۇنۇك كۇندىلىك تۇرمۇشىنى جەسۇرانە، ئاشكارا، قەتئىي كۈرەش ئۇچقۇنلىرى بىلەن قايتىدىن جانلاندۇردى. ئەمما بىز دەل مۇشۇنداق ئىنقىلاۋىي ئەنئەنىلەرنى قوغدايدىغان پوزىتسىيىنى قەدىرلەيدىغانلىقىمىز ئۈچۈن، بەلگىلىك تارىخىي دەۋردىكى شوئارلاردىن بىرى قوللىنىلسىلا شۇ دەۋرنىڭ توپ شەرت - شارائىتىنى قايتىدىن پەيدا قىلغىلى بولىدۇ، دەيدىغان قاراشقا قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. ئىنقىلاۋىي ئەنئەنىلەرنى قوغداش، بۇ ئەنئەنىلەردىن پايدىلىنىپ دائىم تەشۋىق-تەرغىبات ئېلىپ بېرىپ، ئاممىغا كونا جەمىيەتكە بىۋاستە ھۇجۇم قىلىدىغان كۈرەشتە قانداق شەرت - شارائىتلارنى ھازىرلاش لازىملىغىنى تونۇتۇشنى بىلىش — بىر ئىش. بىر شوئارنى ئۇنىڭ ئۇزىنى پەيدا قىلغان ھەم ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى تەمىن ئەتكەن بارلىق شەرت - شارائىتلاردىن ئاجرىتىۋېلىپ تەكرارلاش ھەمدە ئۇنى تۈپتىن ئوخشىمايدىغان شارائىتلارغا تەتبىق قىلىش باشقا بىر ئىش.

ماركس ئىنقىلاۋي ئەنئەنىلەرنى ئىنتايىن قەدىرلەيتتى، ئىنقىلاۋي ئەنئەنىلەرگە خائىنلارچە ۋە چاكىنىلارچە مۇئامىلە قىلغۇچىلارنى قاتتىق ئەيىپلەيتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىنقىلاپچىلاردىن ھەممىگە ئايان بولغان شوئارنى ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا تەكرارلاشنى ئەمەس، بەلكى مەسىلىلەر ئۈستىدە **پىكىر يۈرگۈزۈشكە** ماھىر بولۇشنى، كونا كۆرەش ۋاستىلىرىنى قوللىنىشنىڭ شەرت-شارائىتلىرىنى **تەھلىل قىلىشقا** ماھىر بولۇشنى تەلەپ قىلاتتى. 1792-يىلدىكى فرانسىيە ”مىللى“ ئەنئەنىلىرى مەلۇم ئىنقىلاۋي كۆرەش ۋاستىلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك **ئۆلگىسى** بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، لېكىن ماركس 1870-يىلى بىرىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ ئاتاقلىق «خىتاپنامە»[301] سىدە، فرانسىيە پرولېتارىياتىغا، بۇ ئەنئەنىلەرنى خاتا ھالدا باشقا دەۋر شارائىتلىرىغا كۆچۈرۈپ كەلمەسلىكنى ئەسكەرتكەن ئىدى.

بىزمۇ شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك. بىز بايقۇتنى قوللىنىش شارائىتلىرىنى تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك، بىز بايقۇت بەزىدە ئىنقىلاۋي كۈتىرىلىش مەزگىلىدە پۈتۈنلەي ئورۇنلۇق ۋە زۆرۈر ۋاستە دېگەن پىكىرنى (ماركسنىڭ نامىنى بىھۇدە سۇيىئىستىمال قىلىدىغان قىرائەتخانىلار نىمە دىسە دىسۇن) ئاممىغا سىڭدۈرۈشىمىز كېرەك. لېكىن ھازىر بايقۇت ئېلان قىلىشنىڭ توپ شەرتى بولغان بۇ كۈتىرىلىش مەۋجۇتمۇ، — بۇ مەسىلىنى مۇستەقىل يوسۇندا قويۇشنى ۋە ماتېرىياللارنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىش ئاساسىدا ئۇنى ھەل قىلىشنى بىلىش كېرەك. بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز — بۇ كۈتىرىلىشنىڭ يېتىپ كېلىشىگە كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە شارائىت ھازىرلاش ۋە مۇۋاپىق پەيتتە بايقۇتتىن ۋازكەچمەسلىك، لېكىن، بايقۇت شوئارى ئارقىلىق ناچار ياكى بەك ناچار ۋاكالەت ئورگانلىرىنىڭ ھەرقانداقىغا تاقابىل تۇرۇۋېرىش مۇمكىن، دەپ قاراش مۇتلەق خاتا بولىدۇ.

”ئەركىن كۈنلەر“دىكى بايقۇتنىڭ توغرىلىقىنى چۈشەندۈرىدىغان

ۋە ئىسپاتلايدىغان ئاساسلارغا نەزەر سالىدىغانلا بولسىڭىز، ھازىرقى شارائىتتا بۇ ئاساسلارنى ئاددىلا كوچۇرۇپ كېلىشكە بولمايدىغانلىغىنى دەرھال بىلىۋالىسىز.

1905 ـ يىلدا ۋە 1906 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، بىز بايقۇتنى تەشەببۇس قىلىپ: سايلامغا قاتنىشىش جەڭگىۋارلىقنى بوشاشتۇرىدۇ، ئىستىھكامنى دۇشمەننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىدۇ، ئىنقىلاۋىي خەلقنى قايمۇقتۇرىدۇ، چارىزىمنى ئەكسىلئىنقىلاۋىي بۇرژۇئازىيە بىلەن كېلىشىم تۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ ۋاھاكازا دېگەن ئىدۇق. ھەممىلا چاغدا كوزگە چېلىقىپ تۇرمايدىغان، لېكىن ھەر ۋاقىت **ئەينى زاماندا** ئۆز ئۆزىدىن مەلۇملۇغىنى كىشىگە ھىس قىلدۇرىدىغان بۇ دەلىللەرنىڭ تۈپ ئالدىنقى شەرتى نىمە؟ بۇ ئالدىنقى شەرت — ئاممىنىڭ تولۇپ تاشقان ئىنقىلاۋىي جاسارىتى، بۇنداق جاسارەت ھېچقانداق ”ئاساسىي قانۇنچىلىق“ يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى **توغرىدىن ـ توغرا** ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئالدىنقى شەرت — ئىنقىلاپنىڭ ئەكسىيەتچىلەرگە قاراتقان ئۈزلۈكسىز **ھۇجۇمى.** ئەگەر دۇشمەن ئۆزىگە قارىتىلغان ئومۇمىي ھۇجۇمنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن ئەتەي ئىستىھكامنى تاپشۇرسا، بىز قوپۇپ ئۇنى ئىگەللىسەك ۋە ساقلىساق، نەتىجىدە ھۇجۇم ئاجىزلايدۇ، مانا بۇ جىنايەت ئوتكۈزگەن بىلەن باراۋەر بولىدۇ. ئەگەر مۇنداق ئاساسىي ئالدىنقى شەرت **بولماي تۇرۇپ**، بۇ دەلىللەرنى زورمۇ ـ زور ئىشلەتسىڭىز، ئۇ ھالدا، پۇتكۇل ”مۇزىكا“ڭىزنىڭ پەدىگە چۈشمەي قالغانلىغىنى، باش پەدىڭىزنىڭ خاتا بولغانلىغىنى دەرھال سېزىسىز.

ئىككىنچى دۇما بىلەن ئۈچىنچى دۇمانىڭ پەرقىنى بانا قىلىپ، بايقۇتنى ئاقلىماقچى بولۇشمۇ بىھۇدە ئىش. كادېتلار (ئۇلار ئىككىنچى دۇمادا خەلقنى پۇتۇنلەي گەزەندىلەرگە ساتقان) بىلەن ئوكتەبىرچىلەر ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زور ۋە تۈپ پەرق بار، دەپ قاراش،

3-ئىيۇن سىياسىي ئۆزگىرىشى يىرتىپ تاشلىغان، سىيىق نامى پۇر كەتكەن "ئاساسىي قانۇن" ئانچە-مۇنچە رىيال ئەھمىيەتكە ئىگە، دەپ قاراش، — مانا بۇلارنى ئىنقىلاۋىي سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ روھىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ دېگەندىن كۆرە، چاكىنا دېموكراتىزمنىڭ روھىغا تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ دېگەن تۈزۈكرەك. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇما تۈزگەن "ئاساسىي قانۇن"نىڭ پەقەت خام خىيال ئىكەنلىكىنى، كادېتلارنىڭ قۇرۇق گەپلىرى پەقەت كىشىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى بۇراشتىن، ئۆزىنىڭ ئوكتەبىرچى ماھىيىتىنى يوشۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىكەنلىكىنى، دۇمادەك ئورگاننىڭ پرولېتارىيات بىلەن دېخانلارنىڭ تەلىۋىنى ھەرگىز قاندۇرالمايدىغانلىقىنى بىرنەچچە قېتىملاپ كېسىپ ئېيتقان ئىدۇق. بىز ئۈچۈن، 1907-يىلدىكى 3-ئىيۇن سىياسىي ئۆزگىرىشى 1905-يىل دېكابىر مەغلۇبىيىتىنىڭ تەبىئىي ۋە مۇقەررەر نەتىجىسى. بىز "دۇما" ئاساسىي قانۇنىنىڭ ھېچقاچان "مەپتۇن بولغان" ئەمەسمىز، شۇڭا چىرايلىقتەك قىلغان ۋە رودىچېۋنىڭ قۇرۇق گەپلىرى بىلەن نىقاپلانغان ئەكسىيەتچىلىكنىڭ يالىڭاچ، ئاشكارا، قوپال ئەكسىيەتچىلىككە ئايلىنىپ كېتىشى بىلەنمۇ قاتتىق ئۈمىتسىزلىنىپ كەتمەيمىز. بۇ كېيىنكى ئەكسىيەتچىلىك ناھايىتى ياخشى بىر ۋاستە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، ئۇ تەنتەك لىبېرالىزمچى ئەخمەقلەرنى ۋە ئۇلار تەرىپىدىن ئاداشتۇرۇلغان ئاھالە توپىنى ئويغىتىدۇ......

مېنشېۋىكلەرنىڭ دولەت دۇماسى توغرىسىدىكى ستوكھولم قارارىنى بولشېۋىكلەرنىڭ دولەت دۇماسى توغرىسىدىكى لوندون قارارى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى، بىرىنچى قارار دەبدەبىلىك، مەمەدانىلىق بىلەن، دۇمانىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدىكى جاراڭلىق ئىبارىلەر بىلەن لىق تولغان، دۇما ئىشىنىڭ ئۇلۇغلۇغىنى ئاڭقىرىۋالغانىمىز دەپ ماختىنىش بىلەن بولغان، ئىككىنچى قارار بولسا، ئاددىي، ئىخچام، مۇكەم-

مەل، پۈختا يېزىلغان. بىرىنچى قارار سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيە-
سىنىڭ ئاساسىي قانۇنچىلىق بىلەن بىرلەشكەنلىكىگە (يەنى ”خەلق
ئىچىدىن چىققان يېڭى ھاكىمىيەت“ بىلەن ھەم ساختا بىيۇروكراتلىق
ئادەتلەرگە ئۇيغۇن بولغان باشقا نەرسىلەر بىلەن بىرلەشكەنلىكىگە)
مىشچانلارنىڭ بەك خوش بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان كەيپى-
ياتلار بىلەن سۇغۇرۇلغان. ئىككىنچى قارارنى بولسا، ئومۇمەن توۋەن-
دىكىچە بايان قىلىشقا بولىدۇ: مۇدھىش ئەكسىلئىنقىلاپ بىزنى بۇ
مۇدھىش قوتانغا ھەيدەپ كىرگۈزۈپ قويغان بولسىمۇ، ھەرگىز
زارلانماستىن، شۇنداقلا ھەرگىز ماختانماستىن، ئۇ يەردە ئىنقىلاپ
مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەۋېرىمىز.

بىۋاستە ئىنقىلاۋىي كۈرەش دەۋرىدىلا مېنشېۋىكلەر دۇمانى ھىمايە
قىلىپ، بايقۇتقا قارشى تۇرغان ئىدى، ئۇلارنى خەلققە دۇما ئىنقى-
لاپنىڭ بىر خىل قورالى بولىدۇ، دەپ ۋەدە بەرگەن دېيىشكە بولىدۇ.
لېكىن ئۇلارنىڭ بەرگەن بۇ ۋەدىسى پۈتۈنلەي بەربات بولدى. بىز
بولشېۋىكلەرنى ئەگەر بىرەر ۋەدە بەرگەن دېيىلسە، ئۇ ھالدا، بىز
پەقەت مۇنداق بىر ئىشەنچنى، يەنى دۇما — ئەكسىلئىنقىلاپنىڭ مەھ-
سۇلى، شۇڭا ئۇنىڭدىن ھەرگىز بىرەر ھەقىقىي ياخشى ئىش قىلىدۇ
دەپ ئۈمىت كۈتۈشكە بولمايدۇ، دېگەن ئىشەنچنىلا تۇرغۇزدۇق،
خالاس. ئەمەلىيەت بىزنىڭ كۆزقارىشىمىزنىڭ ھازىرمۇ ناھايىتى
توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى ھەم بۇنداق كۆزقاراش بۇنىڭدىن
كېيىنكى ئىشلاردىمۇ ئىسپاتلىنىدۇ، دەپ ھوددە قىلالايمىز. ئوكتە-
بىر ـ دېكابىر ئىستىراتېگىيىسىنى يېڭى ماتېرىياللار ئاساسىدا ”تۈزەت-
مەي“ ۋە قوللانماي تۇرۇپ، روسىيەدە ئەركىنلىكنىڭ بولۇشى
مۇمكىن ئەمەس.

شۇڭا، ئەگەر بىرەر كىشى ماڭا، ئىككىنچى دۇمادىن قانداق پايدىلى-
نىلغان بولسا ئۈچىنچى دۇمادىنمۇ شۇنداق پايدىلىنىش مۇمكىن ئەمەس،

بۇ دۇماغا قاتنىششىنىڭ زورۇرىيىتىنى ئامىمىغا چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس دىسە، ئۇ چاغدا مەن ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاپ بېرىمەن: ئەگەر "پايدىلىنىش" دىگەن سوز مېنشېۋىكلەرچە مۇبالىغە قىلىنىپ، دۇما ئىنقىلاپنىڭ قورالى ۋاھاكازا دەيدىغان مەنىدە چۈشىنىلسە، بۇ ئەلۋەتتە بولمايدۇ. لېكىن ئالدىنقى دۇمانىڭ ئىككىلىسى ئەمەلىيەتتە پەقەت ئوكتەبىرچىلەر دۇماسىغا ئېلىپ بارىدىغان پەلەمپەيدىنلا ئىبارەت ئىدى، شۇنداقتىمۇ بىز ئاددى ۋە كىچىكرەك① مەقسەتلىرىمىزگە يېتىش (مەسىلەن، تەشۋىقات ۋە تەرغىبات ئېلىپ بېرىش، تەنقىت قىلىش ۋە بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئامىمىغا چۈشەندۈرۈش) ئۈچۈن ئۇنىڭدىن پايدىلانغان ئىدۇق، بۇ مەقسەت ئۈچۈن، بىز ئەڭ رەزىل ۋاكالەت ئورگىنىدىن پايدىلىنىشقا ھامان ماھىرمىز. دۇمادا نۇتۇق سوزلەش بىلەن ھەرگىز "ئىنقىلاپ" پەيدا بولمايدۇ، **دۇمادىن پايدىلىنىپ** تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ ھېچقانداق ئالاھىدە خاراكتىرى يوق، لېكىن سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ بۇ ئىككى جەھەتتە ئالغان پايدىسى باشقا يىغىنلاردا يازما ياكى ئاغزاكى

① 1905 ـ يىلى (جەنۋەدە چىققان) «پرولېتارلار» گېزىتىنىڭ222 بۆلگىن دۇماسىغا بايقۇت قىلىش توغرىسىدىكى ماقالىسىغا قارالسۇن («لېنىن ئەسەرلىرى»، 9 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 165 ـ 172 ـ بەتلەر. ــ تەھرىردىن)، دۇمادىن پايدىلىنىشنى ئومۇمەن رەت قىلمايمىز، لېكىن بىز ھازىر ئالدىمىزدا تۇرغان باشقا بىر ۋەزىپىنى ــ ئىنقىلاپنى بىۋاستە راۋاجلاندۇرىدىغان يول ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ۋەزىپىسىنى ھەل قىلىمىز، دىگەن سوزمۇ ئويلاپ كورۇلسۇن. يەنە 1906 ـ يىلى (روسىيىدە چىققان) «پرولېتارلار» گېزىتىنىڭ361 1 ـ سانىدا بېسىلغان «بايقۇت توغرىسىدا» دىگەن ماقالىغا قارالسۇن («لېنىن ئەسەرلىرى»، 11 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 123 ــ 130 ـ بەتلەر. ــ تەھرىردىن). بۇ ماقالىدا دۇما خىزمىتىدىن كىچىككىنىلا پايدا كېلىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن.

نۇتۇقلار ئېلان قىلىش بىلەن ئالغان پايدىلىرىدىن قېلىشمايدۇ، بەزىدە ئۇنىڭدىن ئالغان پايدىلىرى تېخىمۇ كۆپرەك.

بىز ئۆزىمىزنىڭ ئۆكتەبىرچىلەر دۇماسىغا قاتنىششىمىزنىڭ سەۋەبىنىمۇ ئاممىغا خۇددى شۇنداق ئاددى يوسۇندا چۈشەندۈرۈشىمىز كېرەك. 1905-يىلدىكى دېكابىر مەغلۇبىيىتى ۋە ئىشىمىزنى شۇ مەغلۇبىيەتتىن "قۇتقۇزۇۋېلىش" يولىدا 1906 — 1907-يىللاردا ئېلىپ بارغان سىناقلىرىمىز مۇۋەپپەقىيەت قازانمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ بىزنى بارغانسېرى ناچارلىشۋاتقان ساختا ئاساسىي قانۇن چىقارغۇچى ئورگانغا ھەيدەپ كىرگۈزۈشى، بەلكى **بۇنىڭدىن كېيىنمۇ** داۋاملىق كىرگۈزۈشى تۇرغان گەپ. بىز ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا ئۆز ئېتىقادىمىزدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆز نۇقتىنەزەرلىرىمىزنى ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز ھەمدە كونا ھاكىمىيەت مەۋجۇتلا بولىدىكەن ۋە ئۇ يىلتىزىدىن قومۇرۇۋېتىلمەيدىكەن، ئۇنىڭ بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشىدىن ئۈمىت كۈتۈشكە بولمايدىغانلىقىنى قايتا-قايتا سۆزلىشىمىز كېرەك. بىز يېڭى كوتىرىلىشنىڭ يېتىپ كېلىشى ئۈچۈن شەرت-شارائىت ھازىرلىشىمىز، بۇ كوتىرىلىش يېتىپ كەلگىچە ۋە ئۇنىڭ يېتىپ كېلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ قەيسەرلىك بىلەن ئىشلىشىمىز، پەقەت كوتىرىلىش شارائىتىدىلا ئەھمىيەتلىك بولغان شوئارنى ئوتتۇرىغا قويماسلىقىمىز لازىم.

بايقۇتنى پرولېتارىيات ۋە بىر قىسىم ئىنقىلاۋىي بۇرژۇئا دېموكراتىيىچىلىرىنى لىبېراللار ۋە ئەكسىيەتچىلەر بىلەن قارىمۇ-قارشى قىلىپ قويىدىغان **تاكتىكىلىق فاكچېن** دەپ قاراشمۇ خاتا. بايقۇت تاكتىكىلىق فاكچېن ئەمەس، بەلكى پەۋقۇلئاددە شارائىتقا ئۇيغۇن كېلىدىغان پەۋقۇلئاددە كۈرەش ۋاستىسى. بولشېۋىزىمنى "زەربىۋازلىق" بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىش خاتا بولغىنىغا ئوخشاش، ئۇنى "بايقۇتچىلىق" بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىشمۇ خاتا، 1905-يىل ئەتىيازدا لوندوندا

چاقىرىلغان بولشېۋىكلەرنىڭ 3 ـ قۇرولتىيىنىڭ قارارى بىلەن مېنشې-
ۋىكلەرنىڭ جەنۋەدە چاقىرىلغان ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قارارى ئوتتۇ-
رىسىدىكى پىرىنسىپلىق پەرق مېنشېۋىكلەرنىڭ **تاكتىكىلىق فاكچېنى**
بىلەن بولشېۋىكلەرنىڭ **تاكتىكىلىق فاكچېنى** ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى
تولۇق چۈشەندۈرۈپ ۋە ئىپادىلەپ بەردى. شۇ ۋاقىتتا بايقۇت ياكى
"زەربىۋازلىق" ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان ۋە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشمۇ مۇمكىن
ئەمەس ئىدى. مەيلى ئىككىنچى دۇمانىڭ سايلام مەزگىلىدە (ئۇ چاغدا بىز
بايقۇتچىلار ئەمەس ئىدۇق) بولسۇن، ياكى ئىككىنچى دۇمادا بولسۇن،
بىزنىڭ**تاكتىكىلىق فاكچېنىمىز** مېنشېۋىكلەرنىڭ **تاكتىكىلىق فاكچېنىغا**
تۈپتىن ئوخشىمايتتى، بۇ ھەممە كىشىگە ۋە ھەر بىر كىشىگە ئايان.
بارلىق كۈرەش ئۇسۇللىرى ۋە ۋاستىلىرىدە، ھەر بىر كۈرەش مەي-
دانلىرىدا **بۇ ئىككى خىل تاكتىكىلىق فاكچېن** ئوتتۇرىسىدا
ئىختىلاپ بولۇپ كەلدى، لېكىن ھېچقانداق بىر ئالاھىدە بولغان،
مەلۇم تاكتىكىلىق فاكچېنىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان كۈرەش ئۇسۇلى
زادىلا شەكىللەنمىدى. شۇڭا، ئەگەر **بىرىنچى ياكى ئىككىنچى دۇما-
دىن كۆتۈلگەن ئىنقىلاۋىي** ئۈمىتلەرنىڭ يوققا چىققانلىقىنى، يەنى
"قانۇنىي"، "كۈچلۈك"، "مەڭگۈلۈك" ۋە "ھەقىقى" ئاساسىي قانۇننىڭ
يوققا چىققانلىقىنى بانا قىلىپ، ئۈچىنچى دۇماغا بايقۇت قىلىشنىڭ توغرى-
لىقىنى ئىسپاتلاش ياكى بۇنداق بايقۇتنى ئوتتۇرىغا قويۇش ــ بۇ، ئەڭ
بامان مېنشېۋىزىم.

6

بىز بايقۇتنى تەشەببۇس قىلىشنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ۋە ماركسىزىمغا
بىردىن-بىر ئۇيغۇن دەلىللىرىنى ئاخىردا تەتقىق قىلىشقا قالدۇرغان
ئىدۇق. كەڭ كولەملىك ئىنقىلاۋىي كوتىرىلىش بولمىسا، ئاكتىپ

بايقۇتنىڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ. مەيلى، شۇنداقمۇ بولسۇن، لېكىن كەڭ كوتىرىلىش كەڭ بولمىغان كوتىرىلىشنىڭ ئەۋج ئېلىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. ھازىر مەلۇم كوتىرىلىشنىڭ ئالامەتلىرى كورۇلۇۋاتىدۇ. بىز بايقۇت شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز كېرەك، چۇنكى بۇ شوئار باشلىنىۋاتقان كوتىرىلىشكە مەدەت بېرىدۇ، ئۇنى ئەۋج ئالدۇرىدۇ ۋە كېڭەيتىدۇ.

مېنىڭچە، سوتسىيال دېموكراتلار ئارىسىدا نېمە ئۇچۇن بايقۇتنى ياقلايدىغان خاھىشنىڭ بارلىقىنى ھەر ھالدا ئېنىقراق چۇشەندۇرۇپ بېرەلەيدىغان **ئاساسلىق** دەلىللەر ئەنە شۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۇرولېتارىيات ئارىسىدا كونكرېت ئىش ئېلىپ بېرىۋاتقان يولداشلار، مەسىلىگە قاراشتا، مەلۇم تىپ بويىچە "تۇرغۇزۇلغان" دەلىللەرگە ئەمەس، بەلكى ئىشچىلار ئاممىسى بىلەن ئالاقە قىلىش جەريانىدا ھاسىل قىلغان تەسىراتلىرىنىڭ يىغىندىسىغا ئاساسلىنىدۇ.

ئېلىمىز ئىنقىلاۋىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئۇزاق مۇددەت توختاپ قېلىش سەۋەۋى توغرىسىدىكى مەسىلە، ئېھتىمال، سوتسىيال دېمو-كراتلار پارتىيىسى ئىچىدىكى ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدا تا ھازىرغىچە ئىختىلاپ يۇز بەرمىگەن مەسىلىلەردىن بىرى بولسا كېرەك. "پۇرو-لېتارىيات ماغدۇرىغا كەلمىدى"، بۇنىڭ سەۋەۋى ئەنە شۇ. ئەمەلى-يەتتە، ئوكتەبىر-دېكابىر كۇرىشىنى پۇتۇنلەي دېگۇدەك پۇرولېتا-رىيات **يالغۇز** ئۇستىگە ئالدى. پۇتكۇل مىللەت ئۇچۇن پۇرولېتارى-ياتلا سېستىمىلىق، تەشكىللىك ۋە ئۇزلۇكسىز كۇرەش ئېلىپ باردى. پۇرولېتارىيات ئاھالە ئارىسىدا (ياۋروپانى كوزدە تۇتقاندا) ئەڭ ئاز نىسبەتنى ئىگىلىگەن بىر مەملىكەتتە بۇنداق كۇرەشلەرنى ئېلىپ بېرىش ئارقىسىدا ھالىدىن كېتىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇستىگە 12-ئايدىن كېيىن ھوكۇمەت ۋە بۇرژۇئا ئەكسىيەتچى كۇچلىرى بىرلىشىپ دەل شۇ پۇرولېتارىياتقا شىددەتلىك

ھۇجۇم قىلدى ۋە شۇنىڭدىن تارتىپ، ئۇنىڭغا ئۇزلۇكسىز تۇردە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ كەلمەكتە، پۇرولېتارىيات بىر يېرىم يىل ئىچىدە ساقچىلارنىڭ زىيانكەشلىكى ۋە قانۇن جازالىرىنىڭ زۇلمى ئارقىسىدا تارتمىغان ئازاۋى قالمىدى، ”جازالاش“ مەقسىدىدە دولەت زاۋۇتلىرىنىڭ تاقىلىشىدىن تارتىپ، كاپىتالىستلارنىڭ ئىشچىلارغا قارشى سۇيىقەستلىرىگە قەدەر بولغان بىر قاتار ئىتتىپاقلىشىپ زاۋۇت تاقاشلار ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ نامراتلىغىنى مىسلى كورۇلمىگەن دەرىجىگە يەتكۇزدى. سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ بەزى خادىملىرى: ھازىر ئاما ئارىسىدا كەيپىياتنىڭ ئورلەۋاتقانلىغى ۋە پۇرولېتارىيات كۇچىنىڭ توپلىنىۋاتقانلىغىنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كورۇلمەكتە، دەۋاتىدۇ. تازا مۇئەييەن ۋە سېزىلەرلىك بولمىغان بۇ تەسىراتقا تېخىمۇ كۇچلۇك بىر دەلىل قوشۇلماقتا: بەزى سانائەت تارماقلىرىدا، ئىشلار ھەقىقەتەن جانلىنىپ كەتتى. ئەمگەك كۇچلىرىگە بولغان ئېھتىياجنىڭ ئېشىشى ئىش تاشلاش ھەركىتىنى مۇقەررەر ھالدا كۇچەيتىدۇ. ئىشچىلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ۋە ئىتتىپاقلىشىپ زاۋۇت تاقاشلار يۇز بەرگەن چاغدا تارتقان غايەت زور زىيانلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىش، ھېچ بولمىغاندا بىر قىسمىنى تولدۇرۇۋېلىش ئۇچۇن ئامال قىلىدۇ. ئاخىرقى ئۇچىنچى دەلىل، شۇنداقلا ئەڭ كۇچلۇك دەلىل ئىش تاشلاش ھەركىتى تېخى قارار قىلىنمىغان ۋە كوزلەنگەن ئىش بولماي، بەلكى ئىشچىلار تەشكىلاتلىرى تەرىپىدىن ئاللىقاچان قارار قىلىنغان ئەڭ چوڭ ئىش تاشلاش ئىكەنلىگىنى كورسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت. 1907 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، 10 مىڭ توقۇمىچىلىق ئىشچىسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ۋەكىللەر ئوز ئەھۋالىنى مۇھاكىمە قىلغان ۋە شۇ سانائەت تارمىغىدىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى كۇچەيتىشنىڭ تەدبىرلىرىنى تۇزگەن ئىدى. ئىككىنچى قېتىمقى يىغىلىشقا 20 مىڭ توقۇمىچىلىق ئىشچىسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان

ۋەكىللەر كەلدى، ئۇلار 1907-يىل 7-ئايدا توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ **ئومۇمىي ئىش تاشلىشىنى** جاكالاشنى قارار قىلدى. بۇ ھەرىكەت 400 مىڭ ئىشچىنى بىۋاسىتە ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن. بۇ ھەرىكەت موسكۋا رايونىدىن، يەنى روسىيىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى مەركىزىدىن ۋە ئەڭ چوڭ سودا-سانائەت مەركىزىدىن باشلىنىدۇ. ئاممىۋى خاراكتېرلىق ئىشچىلار ھەرىكىتى موسكۋادا ۋە پەقەت موسكۋادىلا ھەل قىلغۇچ سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە كەڭ خەلق ھەرىكىتى تۈسىنى تېزلا ئېلىشى مۇمكىن. توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرى بولسا، بارلىق ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ ئىش ھەققى ئەڭ تۆۋەن، ئېڭى ئېچىلمىغان، ئالدىنقى بىرقانچە قېتىملىق ئىشچىلار ھەرىكىتىدە ھەممىدىن ئاجىزلىق قىلغان ۋە دېھقانلار بىلەن ئالاقىسى ئەڭ قويۇق بولغان تەركىۋىي قىسمى ھېساپلىنىدۇ. تەشەببۇسنىڭ بۇ ئىشچىلاردىن باشلىنىشى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، بۇ ھەرىكەتكە تارتىلىدىغان پرولېتارىيات تەبىقىلىرىنىڭ دائىرىسى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا خېلىلا كېڭىيىدۇ. ئىش تاشلاش ھەرىكىتىنىڭ ئاممىۋى ئىنقىلاۋىي كۆتىرىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ تارىخىدا كۆپ قېتىم ئىسپاتلاندى.

سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ بىۋاسىتە مەسئۇلىيىتى — بۇ ھەرىكەتكە يېقىندىن ئېتىۋار بېرىش ۋە بۇنى مۇمكىن قەدەر ئىلگىرى سۈرۈش. بۇ جەھەتتىكى پائالىيەتلەر ئوكتەبىرچىلەر دۇماسىنى سايلاشقا قارىغاندا، شۈبھىسىز، مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاممىنى بۇ ئىش تاشلاش ھەرىكىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ مۇستەبىتلىككە قارشى ئومۇمىي يۈزلۈك ۋە كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇمغا ئايلاندۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە ھەقىقىي ئىشەندۈرۈش لازىم. بايقۇت شوئارى دىققەت-ئېتىۋارنى دۇمادىن بىۋاسىتە ئاممىۋى كۈرەشكە بۇراشتىن دېرەك بېرىدۇ. بايقۇت شوئارى يېڭى ھەرىكەتنى سىياسىي ۋە ئىنقىلاۋىي

مەزمۇنغا ئىگە قىلىشتىن دىرەك بېرىدۇ.

بەزى سوتسىيال دېموكراتلارنى ئۇچىنچى دۇماغا بايقۇت قىلىش زورۇر دىگەن ئىشەنچكە كەلتۇرۇۋاتقان پىكىر ئاساسەن شۇ. بۇ ــ بايقۇتنى ياقلاش ئۇچۇن كەلتۇرۇلگەن دەلىللەر، شۇبھىسىزكى، بۇ دەلىللەر ماركسىزىمغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئالاھىدە تارىخىي شارائىتقا قارىماي، قۇرۇقتىن-قۇرۇق شوئارنىلا تەكرارلاش بىلەن قىلچە ئورتاقلىغى يوق.

لېكىن بۇ دەلىللەر ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، مېنىڭچە، ئۇ بىزنى بايقۇت شوئارىنى دەرھال قوبۇل قىلىشقا بەرىبىر مەجبۇر قىلالمايدۇ. بۇ دەلىللەر شۇنى ئالاھىدە كورسىتىدۇكى، بىز بايقۇتنى رەت قىلمايمىز، بىز مۇۋاپىق پەيتتە بۇ شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تەييار تۇرۇشىمىز لازىم، بىزنىڭ بايقۇت مەسىلىسىنى قويۇشىمىزنىڭ بايقۇتتىن باش تارتىش كېرەكمۇ ياكى كېرەك ئەمەسمۇ؟[1] دەپ لىبېرالىزىمچە، چاكىنا ۋە مەنىسىز، ھېچقانداق ئىنقىلاۋىي مەزمۇنى بولمىغان ھالدا مەسىلە قويۇش بىلەن قىلچە ئورتاقلىغى يوق. ئەملىيەتتە بۇلار ئېلىمىز ئىنقىلاۋىنىڭ ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلغان روسىيە سوتسىيال دېموكراتلىرى ئۇچۇن شەك-شۇبھىسىز ئىدى.

بىز ھازىرچە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ئىچىدىكى باي-قۇتنى ھىمايە قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىشچىلار كەيپىياتىنىڭ ئوزگەر-گەنلىگى، سانائەتنىڭ جانلانغانلىغى ۋە توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ ئىيۇل ئىش تاشلىشى توغرىسىدا ئېيتقان ھەممە سوزلىرىنى ئىسپات-

---

[1] سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى مەتبۇئاتىنىڭ سابىق يازغۇچىسى، ھازىر لىبېراللار گېزىتىنىڭ يازغۇچىسى بولغان ل. مارتوۋنىڭ «يولداشلار» گېزىتىگە يازغان ماقالىسىدا كورسىتىلگەن تىپىك لىبېرا-لىزىملىق ھوكۈملەرگە قاراڭ.

لانغان ۋە ئەمىلىيەتكە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن پاكىت دەپ تۇرايلى.

بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن قانداق يەكۈن چىقىدۇ؟ ھازىر ئىنقىلا-
ۋىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بەزى جۈزئىي كوتىرىلىشلەر بارلىققا
كەلدى①. بىز بۇ كوتىرىلىشنى ئىمكان قەدەر ئومۇمىي يۈزلۈك
ئىنقىلاۋىي كوتىرىلىشكە ۋە كېيىن ھۇجۇم ھەركىتىگە ئايلاندۇرۇش
ئۈچۈن ئۇنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللىشىمىز ۋە ئەۋج ئالدۇرۇ-
شىمىز لازىممۇ؟ شۈبھىسىز شۇنداق قىلىشىمىز لازىم. سوتسىيال
دېموكراتلار ئىچىدە (بەلكىم، «يولداشلار» گېزىتىگە ماقالا يېزىپ
تۇرغۇچىلارلا بۇنىڭ سىرتىدا) بۇ ھەقتە باشقىچە پىكىر بولمايدۇ.
ئەمما ھازىر، جۈزئىي كوتىرىلىش باشلىنىپ كەتكەن، لېكىن ئاخىر-
قى ھىساپتا ئۇ ئومۇمىي كوتىرىلىشكە ئايلانمىغان بىر ۋاقىتتا، ھەر-
كەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن بايقۇت شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇش-
نىڭ زورۇرىيىتى بارمۇ؟ بۇ شوئار ھازىرقى ھەركەتكە تۈرتكە بولالامدۇ؟
بۇ — باشقا بىر مەسىلە، مېنىڭچە، بۇ مەسىلىگە يوق دەپ جاۋاپ
بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

① بەزىلەر تۇقۇمچىلىق ساھەسىدىكى ئىش تاشلاش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى
ھەركىتىنى ئىنقىلاۋىي ھەركەتتىن ئايرىۋېتىدىغان يېڭىچە ھەركەت،
دەپ قاراۋاتىدۇ. بىراق، بىز مۇنداق دەپ قارىمايمىز، چۈنكى،
بىرىنچىدىن، مۇرەككەپ ھادىسىلەرنىڭ ھەممە ئالامەتلىرىنى ئۇنتۇسىز-
لىك نۇقتىسىدىن ئىزاھلاش — خەۋپلىك بىر ئۇسۇلكى، ئۇ ھەمىشە
"ئىگەردە چىڭ ئولتۇرالمىغان" بىرمۇنچە سوتسىيال دېموكراتلارنى
گاڭگىرىتىپ قويىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئەگەر تۇقۇمچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ
ئىش تاشلىشىدا ئاشۇ خۇسۇسىيەتلەر بولسا، بىز سوتسىيال دېموك-
راتلار ئەلۋەتتە بۇ خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن قەتئىي كۈرەش
قىلىشىمىز كېرەك ئىدى. كۈرىشىمىز مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقسا،
مەسىلە ھەرگىز بىز قويغان دائىرىدىن چىقمايدۇ.

جۇزئى كوتىرىلىشنى ئەۋج ئالدۇرۇپ ئومۇمى كوتىرىلىشكە
ئايلاندۇرۇش ئۇچۇن بىۋاستە دەلىللەر ۋە شوئارلارنى ئوتتۇرىغا
قويۇشقا بولىدۇ ھەم ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. بۇنى ئۇچىنچى
دۇماغا بولغان پوزىتسىيە بىلەن چېتىشتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. 12-
ئايدىن كېيىن يۇز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ پۈتكۈل جەريانى سوتسىيال
دېموكراتلارنىڭ پادىشالىق ئاساسى قانۇنلۇق تۇزۇمىنىڭ رولى
مەسىلىسىگە، بىۋاستە كۇرەشنىڭ زورۇرلۇگى مەسىلىسىگە بولغان
قاراشلىرىنى تامامەن تەستىقلىدى. بىز شۇنداق دەيمىزكى، خالا-
يىقلار! ئەگەر سىلەر روسسىيەدە دېموكراتىيە ئىشىنىڭ 1905-يىل
12-ئايدىن كېيىن دېموكراتىيە ھەركىتىگە جانابى كادېتلار رەھ-
بەرلىك قىلغان مەزگىلدىكىدەك، بىراقلا توۋەنلەپ كېتىشنى خالىما-
ساڭلار، كوتىرىلىۋاتقان ئىشچىلار ھەركىتىنى قوللاڭلار، بىۋاستە
ئاممىۋى كۇرەشنى قوللاڭلار. كۇرەش قىلماي تۇرۇپ، روسسىيەدە
ئەركىنلىككە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ.

مۇنداق تەرغىبات، شۇبھىسىزكى، ئىنقىلاۋىي سوتسىيال دېموك-
راتلار پارتىيىسىنىڭ ئىزچىل تەرغىباتى بولىدۇ، بۇ تەرغىباتقا يەنە:
خالايىقلار، ئۇچىنچى دۇماغا ئىشەنمەڭلار، بىز سوتسىيال دېموك-
راتلاردىن ئۆگىنىپ، دۇماغا بايقۇت قىلىش ئارقىلىق ئېتىراز بىل-
دۇرۇڭلار! دەپ قوشۇمچە قىلىشىمىز شەرتمۇ؟

ھازىرقى ئەھۋالدا بۇنداق قوشۇمچە قىلىش ھاجەتسىزلا ئەمەس،
ھەتتا ئۇنى بىمەنىلىك، كۇلكىلىك دېيىشكە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە،
ئۇنداق قىلمىغان تەقدىردىمۇ ئۇچىنچى دۇماغا ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ،
يەنى ئاھالىنىڭ دېموكراتىيە ھەركىتىنى ئالغا سۇرەلەيدىغان تەبى-
قىلىرى ئوتمۇشتە **بىرىنچى** دۇماغا ھەققەتەن ئومۇمى يۇزلىك مەپتۇن
بولغان، روسسىيەدە **ئاساسي قانۇن چىقىرىدىغان** (ئىش قىلىپ
ئاساسي قانۇن چىقىرىدىغانلا بولسا قانداق بولسا مەيلى) ئورگاننى

بەرپا قىلىش يولىدىكى **دەسلەپكى** ھەركەتلەرگە قىزىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىر ئۈچىنچى دۇمانىڭ ئاساسىي قانۇن چىقىرىدىغان ئورگىنىغا مەپتۇن بولمايدۇ ھەم مەپتۇن بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

1905 - يىلدا ۋە 1906 - يىلنىڭ بېشىدا كەڭ ئاھالىنىڭ دىققەت-ئېتىۋارى، گەرچە پادىشالىق ئاساسىي قانۇنلۇق ئاساسىدا بەرپا قىلىنىسىمۇ **دەسلەپكى** ۋاكالەت ئورگىنىغا تىكىلگەن ئىدى. بۇ — ئەمەلىيەت. سوتسىيال دېموكراتلار مۇنداق ۋاكالەت ئورگىنىغا قارشى تۇرۇشى ۋە بۇ قارشىلىقنى ئوچۇقتىن-ئوچۇق بىلدۈرۈشى كېرەك ئىدى.

ھازىر بولسا ئەھۋال باشقىچە، ھازىرقى ۋاقىتنىڭ خۇسۇسىيىتى — **دەسلەپكى** "پارلامېنت"قا ئىنتىلىش، دۇماغا ئىشىنىش ئەمەس، بەلكى **كوتىرىلىشكە بولغان ئىشەنچىنىڭ كەملىگىدۇر.**

مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بايقۇت شوئارىنى بەك بالدۇر ئوتتۇرىغا قويۇش ھەركەتنى ئەسلا كۈچەيتەلمەيدۇ، ھەركەت جەريانىدا ئەمەلىي مەۋجۇت توسالغۇلارنى تۈگىتەلمەيدۇ. بولا ئەمەس، ئۇنداق قىلىشنىڭ ھەتتا ئۆز تەرغىباتىمىزنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويۇش خەۋپىمۇ بار، چۈنكى بايقۇت — مەيدانغا كەلگەن كوتىرىلىشكە ئەگەشىپ ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان شوئار، ئەپسۇسكى، ھازىر كەڭ ئاھالە كوتىرىلىشكە ئىشەنمەيۋاتىدۇ ۋە ئۇنىڭ كۈچىنى كورمەيۋاتىدۇ.

شۇڭا، ئاۋال بىر ئامال قىلىپ، بۇ كوتىرىلىشنىڭ كۈچىنى **ئەمەلدە** ئىسپاتلاش كېرەك، ئاندىن كېيىن بۇ كۈچنى ۋاستىلىق ھالدا ئەكس ئەتتۇرىدىغان شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تامامەن ئۈلگۈرىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھۇجۇم خاراكتېرىدىكى ئىنقىلاۋىي ھەركەتنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن دىققەت-ئېتىۋارنى...... **ئۈچىنچى دۇمادىن بۇرايدىغان** ئالاھىدە بىر شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ زورۇرىيىتى بارمۇ، دىگەن بىر مەسىلىمۇ بار. ئېھتىمال، بۇنىڭ زورۇرىيىتى بولماس. تەجرىبىسىز ۋە پارلامېنتنى كورۇپ باقمىغان ئاممىنى ھەققى

جەلپ قىلالايدىغان قانداقتۇ مۇھىم بىر نەرسىگە نەزەر سالماسلىق ئۈچۈن، بەلكى، نەزەر سېلىشقا ئەرزىمەيدىغان ئاشۇ نەرسىگە **بايقۇت قىلىش** كېرەك بولۇپ قالار. ئەمما ھازىرقى دېموكرات ياكى يېرىم دېموكرات ئامىنى زادىلا جەلپ قىلالمايدىغان ئورگانغا نەزەر سالماسلىق ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بايقۇت ئېلان قىلىش ھاجەت بولۇشى ناتايىن. ھازىر گەپ بايقۇتتا ئەمەس، بەلكى جۈزئى كوتىرىلىشنى ئومۇمى كوتىرىلىشكە، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ھەركىتىنى ئىنقىلاۋىي ھەركەتكە، ئىتتىپاقلىشىپ زاۋۇت تاقاشقا قارشى مۇداپىئەنى ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى ھۇجۇمغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن بىۋاستە تىرىشچانلىق كورسىتىشتە.

7

دېمەك، بايقۇت شوئارى پەۋقۇلئاددە تارىخىي دەۋردە بارلىققا كەلگەن. 1905 ـ يىلدا ۋە 1906 ـ يىلنىڭ بېشىدا ئوبيېكتىپ ۋەزىيەت كۆرەش قىلىۋاتقان ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ ئالدىغا نۆۋەتتىكى تەرەققىيات يولىنى تاللىۋېلىش مەسىلىسىنى، يەنى بىۋاستە ئىنقىلاپ قىلىش يولىغا مېڭىش كېرەكمۇ، ياكى پادىشالىق ئاساسىي قانۇنلۇق يولىغا بۇرۇلۇش كېرەكمۇ، دېگەن مەسىلىنى قويىدى. بايقۇت توغرىسىدىكى تەرغىباتنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن ئاساسىي قانۇن خام خىياللىرىغا قارشى كۆرەش قىلىش ئىدى. كەڭ كوللېمىلىك، ئومۇمىي يۈزلۈك، شىددەتلىك ۋە كۈچلۈك ئىنقىلاۋىي كوتىرىلىش بايقۇتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقىشىنىڭ شەرتى ئىدى.

مۇشۇ جەھەتلەردىن قارىغاندا، 1907 ـ يىلى كۈزدىن ئىلگىرىكى ئەھۋال بۇنداق شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ پۈتۈنلەي ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ھەم مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى.

بىز سايلامغا تەييارلىق كورىدىغان كۈندىلىك خىزمەتلەرنى داۋاملىق ئىشلىشىمىز كېرەك، ئەڭ ئەكسىيەتچى بولغان ۋاكالەت ئورگىنىغا قاتنىشىشنى رەت قىلىشقا بەك ئالدىراپ كەتمەسلىگىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بارلىق تەشۋىقات ـ تەرغىباتلىرىمىزنى مەركەزلەشتۇرۇپ، خەلققە دىكابىر مەغلۇبىيىتى بىلەن شۇنىڭغا ئەگىشىپ ـ لا يۈز بەرگەن ئەركىنلىكنى دەپسەندە قىلىش ۋە ئاساسىي قانۇننى ئاياق ئاستى قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشەندۈرۈشىمىز لازىم. بىۋاستە ئاممىۋى كۈرەش بولمىسا، بۇنداق ئاياق ئاستى قىلىنىش جەزمەن داۋاملىشۋېرىدىغانلىقىغا، ھەتتا تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقىغا ئاممىنى قاتتىق ئىشەندۈرۈشىمىز كېرەك.

دولقۇن كوتىرىلگەندە ۋە بايقۇت شوئارىغا جىددى ئېھتىياج چۈشكەندە، بۇنداق شوئارنى قوللىنىشنى ھەرگىز رەت قىلمايمىز، لېكىن ھازىر پۈتۈن كۈچىمىزنى مەركەزلەشتۇرۇپ، بىۋاستە تەسىر كورسىتىش يولى ئارقىلىق ئىشچىلار ھەركىتىدىكى جۈزئى كوتىرىلىشلەرنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئومۇمى يۈزلۈك، كەڭ كولەملىك، ئىنقىلاۋىي ھەركەتكە ۋە بارلىق ئەكسىيەتچىلەرگە، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھۆلىغا قارشى ھۇجۇم قىلىدىغان ھەركەتكە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم.

1907 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى

1907 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى (7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى) يېزىلغان.

كىتاپچىدىكى تېكىست بويىچە بېسىلدى.

1907 ـ يىلى موسكۋادا نەشر قىلىنغان «ئۈچىنچى دۇماغا بايقۇت قىلىش توغرىسىدا» دىگەن كىتاپچىغا بېسىلغان.

«لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 13 ـ توم، 1 — 32 ـ بەتلەردىن ئېلىندى.

ئىمزا: ن. لېنىن

خەلقارا سوتسيالىستلارنىڭ شتۇتگارت قۇرۇلتىيى

يېقىندا يېپىلغان شتۇتگارت قۇرۇلتىيى پرولېتارىيات ئىنتېرناتسونالىنىڭ 12-قۇرۇلتىيى ئىدى. دەسلەپكى 5 قېتىملىق قۇرۇلتاي ماركس رەھبەرلىگىدىكى 1-ئىنتېرناتسونال دەۋرىدە (1866 — 1872-يىللاردا) ئېچىلغان ئىدى. شۇ چاغلاردا، بېيىلىنىڭ ناھايىتى جايىدا قىلىپ سۆزلىگەن سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، كۈرەش قىلىۋاتقان پرولېتارىياتنىڭ خەلقارا ئىتتىپاقلىقىنى يۇقۇرىدىن ئورنىتىش ئۈچۈن ھەركەت قىلىپ كۆرۈلگەن ئىدى. بۇنداق ئۇرۇنۇش ھەرقايسى ئەللەردىكى سوتسيالىستلار پارتىيىلىرى ئىتتىپاقلاشمىغىچە ۋە مۇستەھكەملەنمىگىچە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالمايتتى، لېكىن 1-ئىنتېرناتسونالىنىڭ پائالىيىتى ھەممە مەملىكەتلەردىكى ئىشچىلار ھەركىتىگە ئۇلۇغ تۆھپە قوشتى ۋە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

1889-يىلى خەلقارا سوتسيالىستلارنىڭ پارىژ قۇرۇلتىيى 2-ئىنتېرناتسونالىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكالىدى. كېيىنكى قۇرۇلتايلار بىريۇسسېلدا (1891-يىلى)، سيۇرىختا (1893-يىلى)، لوندوندا (1896-يىلى)، پارىژدا (1900-يىلى) ۋە ئامستېردامدا (1904-يىلى) ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يېڭى ئىنتېرناتسونال شۇ قۇرۇلتايلاردا ھەرقايسى ئەللەردىكى كۈچلۈك پارتىيىلەرگە تايىنىپ، ئاخىرى مۇستەھكەملەندى. شتۇتگارت قۇرۇلتىيىغا ياۋروپا، ئاسىيا (ياپونىيە ۋە بىر قىسمى

ھىندىستاندىن)، ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە، ئافرىقا (جەنۇبىي ئافرىقىدىن بىر ۋەكىل بار ئىدى) قىتئەلىرىدىكى 25 دۆلەتتىن جەمئىي 884 ۋەكىل قاتناشقان ئىدى.

خەلقارا سوتسيالىستلارنىڭ شتۇتگارت قۇرۇلتىيىنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ 2 ـ ئىنتېرناتسونالنىڭ تامامەن مۇستەھكەملەنگەنلىكىدىن، خەلقارا قۇرۇلتايلارنىڭ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدىغان يىغىنغا ئايلىنىپ، پۈتۈن دۇنيا سوتسيالىزىم ھەركىتىنىڭ خاراكتېرى ۋە فاكچىنلىرىغا ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. شەكىل جەھەتتە خەلقارا قۇرۇلتاينىڭ قارارلىرى ھەرقايسى ئەللەر ئۈچۈن چەكلەش كۈچىگە ئىگە ئەمەس، لېكىن مەنىۋى جەھەتتە بولسا غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە، شۇڭا ئۇنىڭ قارارلىرىغا رىئايە قىلماسلىق بەلكىم ھەرقايسى ئەللەر پارتىيىلىرى ئۆز قۇرۇلتايلىرىنىڭ قارارلىرىغا رىئايە قىلمايدىغان ئەھۋالغا قارىغاندىمۇ كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان ھال دېيىشكە بولىدۇ. ئامستېردام قۇرۇلتىيى فرانسىيە سوتسيالىستلىرىنى بىرلەشتۈردى. قۇرۇلتاينىڭ كابىنېتچىلىققا[143] قارشى قارارلىرى ھەقىقەتەن پۈتۈن دۇنيادىكى ئويغانغان پرولېتارىياتنىڭ ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈردى ۋە ھەرقايسى ئەللەر ئىشچىلار پارتىيىلىرىنىڭ سىياسەتلىرىنى بەلگىلەپ بەردى.

شتۇتگارت قۇرۇلتىيى بۇ جەھەتتە ئالغا قاراپ يەنە بىر چوڭ قەدەم تاشلىدى ۋە بىرمۇنچە مۇھىم مەسىلىلەردە سوتسيالىزم ھەركىتىنىڭ سىياسىي لۇشيەنىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان ئالىي ئورگان بولۇپ قالدى. ئىنقىلاۋىي سوتسيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئاغمىچىلىققا قارشى تۇرغانلىقى مەنىسىدىن ئېيتقاندا، شتۇتگارت قۇرۇلتىيى بۇ لۇشيەنىنى ئامستېردام قۇرۇلتىيىدىنمۇ كەسكىن رەۋىشتە ئېنىق بەلگىلەپ بەردى. گېرمانىيە سوتسيال دېموكرات ئايال ئىشچىلىرىنىڭ كلارا سېت-

كىن مۇھەررىرلىگىدىكى «باراۋەرلىك» ژورنىلى[362] بۇ ھەقتە ناھايىتى ئادىل گەپ قىلدى: "ئايرىم سوتسيالىستلار پارتىيىلىرىنىڭ ھەر خىل مەسىلىلەر ئۈستىدىكى ئاغمىچىلىق خاھىشلىرى ھەرقايسى ئەل سوتسيالىزىمچىلىرىنىڭ ھەمكارلىغى ئارقىسىدا تۈزىتىلىپ، ئىنقىلاۋىي لۇشيەن قوللىنىلدى".

لېكىن، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان شۇنداق بىر ئېچىنىشلىق ھادىسىمۇ يۈز بەردىكى، ماركسىزىملىق ئىنقىلاۋىي نۇقتىنەزەرلەرنى ئىزچىل قوغداپ كەلگەن گېرمانىيە سوتسيال دېموكراتلار پارتىيىسى بۇ قېتىم تۇراقسىز بولۇپ چىقتى ياكى ئاغمىچىلىق مەيدانىدا تۇردى. شتۇتىگارت قۇرۇلتىيى ئېنگېلىسنىڭ گېرمانىيە ئىشچىلار ھەركىتى توغرىسىدىكى بىر چوڭقۇر پىكرىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئېنگېلس 1886-يىل 4-ئاينىڭ 29-كۈنى 1-ئىنتېرناتسونالنىڭ پىشقەدەم جەڭچىسى زورگېغا يازغان خېتىدە مۇنداق دىگەن ئىدى: "بولۇپمۇ نېمىسلار رېيخستاگقا شۇنچە كوپ چاكىنىلارنى قاتناشتۇرغاندىن كېيىن (بىراق بۇنداق بولۇشى مۇقەررەر ئىدى.)، بەزىلەرنىڭ خەلقارا سوتسيالىزىم ھەركىتىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىپ ئوتتۇرىغا چىققانلىغى ئومۇمەن ياخشى ئىش. تېچ دەۋردە گېرمانىيىدە ھەممە نەرسە چاكىنىلىشىپ كەتتى، بۇنداق چاغلاردا، فرانسۇزلارنىڭ كەسكىن رىقابىتىنىڭ بولۇشى مۇتلەق زورۇر، بۇنداق رىقابەت بولمايمۇ قالمايدۇ".[363]

فرانسۇزلارنىڭ كەسكىن رىقابىتى شتۇتگارتتا تەسىر قوزغىدى، بۇ تەسىر ھەقىقەتەنمۇ زورۇر بولۇپ چىقتى، چۈنكى شۇ چاغدا نېمىسلار كوپ چاكىنىلىق قىلدى، روسيە سوتسيال دېموكراتلىرى بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. چۈنكى ئېلىمىزنىڭ لىبېراللىرى (ئۇنىڭ ئۈستىگە يالغۇز لىبېراللارلا ئەمەس) گېرمانىيە سوتسيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئەڭ رەسۋا نەرسىلىرىنى ئۈلگە

قىلىشقا جان ـ جەھلى بىلەن ئىنتىلمەكتە، گېرمانىيە سوتسيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئەڭ پاراسەتلىك ۋە ئەڭ مەشھۇر مۇتەپەككۇرلىرى ساختا ئابرويىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ئىبرەت ئۈچۈن بۇ ئەھۋالنى فەتئى كورسىتىپ ئۆتتى، كلارا سېتكىن ژورنىلىدا مۇنداق يېزىلغان: "ئامستېردامدا درېسدېن قارارى پۈتۈن دۇنيا پرولېتارىياتى پارلامېنتىدا بولغان بارلىق بەس ـ مۇنازىرىلەرنىڭ يېتەكچى ئىنقىلاۋىي نۇقتىسى بولغان ئىدى، شتۇتگارت قۇرۇلتىيىدا فولمارنىڭ مىلىتارىزىم مەسىلىسى ھەيئىتىدە قىلغان سوزى، پەپلوۋنىڭ مۇھاجىرلار مەسىلىسى ھەيئىتىدە قىلغان سوزى، داۋىدنىڭ ‹ھەم بېرىنشتېيىنىمۇ قوشۇپ قويەمىز› مۇستەملىكە مەسىلىسى ھەيئىتىدە قىلغان سوزى كېلىشمەسلىكلەرنى پەيدا قىلغان يارىماس ئاغمىچىلىق مۇقامىدىن ئىبارەت بولدى. بۇ قېتىم گېرمانىيە ۋەكىللىرى ھەيئەتلەرنىڭ كوپچىلىگىدە ۋە مەسىلىلەرنىڭ كوپىنچىسىدە ئاغمىچىلىقنىڭ كاتتىۋاشلىرى بولۇپ قالدى." ك. كائۇتسكى شتۇتگارت قۇرۇلتىيىغا باھا بەرگەندىمۇ "گېرمانىيە سوتسيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ 2 ـ ئىنتېرناتسونالدا ھازىرغا قەدەر ئويناپ كەلگەن ئەمىلىي رەھبەرلىك رولى بۇ قېتىم قىلچىمۇ كورۇنمىدى" دەپ يازغان ئىدى.

ئەمدى قۇرۇلتايدا مۇزاكىرە قىلىنغان بەزى مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ باقايلى. مۇستەملىكە مەسىلىسىدە ھەيئەت ئىچىدە پىكىر ئىختىلاپلىرى بولدى. ئاغمىچىلار بىلەن ئىنقىلاپچىلار ئوتتۇرىسىدىكى تالاشنى قۇرۇلتاينىڭ ئوزى ھەل قىلدى: 127 ئاۋازنىڭ قوشۇلۇشى، 108 ئاۋازنىڭ قارشى چىقىشى، 10 ئاۋازنىڭ ھوقۇقىدىن ۋازكېچىشى بىلەن ئىنقىلاپچىلار كوپ ئاۋازغا ئىگە بولدى. كېزى كەلگەندە شۇنداق بىر ياخشى ھادىسىنىمۇ كورسىتىپ ئوتىمىزكى، روسىيە سوتسيالىستلىرىنىڭ **ھەممىسى بارلىق** مەسىلىدە ئىنقىلاۋىي روھ بويىچە ئاۋاز بەردى. (پولشا ۋەكىللىرىنى ئوز ئىچىگە ئالمىغاندا، روسىيە 20

ئاۋازغا ئىگە بولدى، بۇنىڭدىن روسسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى 10 ئاۋازغا، سوتسىيال ئىنقىلابچىلار[208] 7 ئاۋازغا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى 3 ئاۋازغا ئىگە بولدى. ئۇنىڭدىن قالسا، پولشا جەمئى 10 ئاۋازغا ئىگە بولدى: بۇنىڭدىن پولشا سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى 4 ئاۋازغا، پولشا سوتسىيالىستلار پارتىيىسى ۋە پولشىنىڭ روسسىيىگە تەۋە بولمىغان قىسمى 6 ئاۋازغا ئىگە بولدى. ئاخىردا فىنلاندىيىنىڭ 2 ۋەكىلى 8 ئاۋازغا ئىگە بولدى.)

مۇستەملىكە مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنغاندا ھەيئەت ئىچىدە ئاغمىچىلار كۆپ سانلىق بولۇپ چىقتى، قارار لايىھىسىدە: "قۇرۇلتاي سوتسىيالىزم شارائىتىدا مەدەنىيەت تارقىتىش رولىنى ئويناش مۇمكىن بولغان ھەرقانداق مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى پرىنسىپ جەھەتتىن ۋە ھەممىلا ۋاقىتتا ئەيىبلەۋەرمەيدۇ" دېگەن غەلىتە جۈملىلەر پەيدا بولدى. بۇ نۇقتىنەزەر ئەمەلىيەتتە توغرىدىن-توغرا بۇرژۇئا سىياسىتىگە، بۇرژۇئا دۇنياقارىشىغا چېكىنگەنلىك، مۇستەملىكىچىلىك ئۇرۇشىنى ۋە ياۋۇزلۇقلارنى ئاقلىغانلىق بىلەن باراۋەر. بىر ئامېرىكىلىق ۋەكىل بۇنى روزۋېلىت تەرىپىگە چېكىنگەنلىك، دېدى. بۇ چېكىنىشنى "سوتسىيالىستىك مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتى"نى ۋە مۇستەملىكىلەردە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىش دېگەنگە ئوخشاش ۋەزىپىلەرنى بانا قىلىپ ئاقلىماقچى بولۇش مۇتلەق ئەمەلگە ئاشمايدۇ. سوتسىيالىزم مۇستەملىكىلەردە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا ھېچقاچان قارشى چىققان ئەمەس ھەم قارشى چىقمايدۇ، لېكىن بىزنىڭ "مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىگە" يەنى ئىستىلا قىلىشقا، باشقا مىللەتلەرنى قۇللۇققا چۈشۈرۈشكە، زورلۇققا ۋە تالان-تاراج قىلىشقا قارشى پرىنسىپلىق مەيدانىمىزنىڭ بوشاشتۇرۇلۇشى بىلەن بۇنىڭ قىلچە ئورتاقلىقى يوق ۋە بولماسلىقى كېرەك. بارلىق سوتسىيالىستىك پارتىيىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن پروگراممىسى غوجا دۆلەتلەرگىمۇ،

مۇستەملىكىلەرگىمۇ باپ كېلىدۇ. "سوتسىيالىستىك مۇستەملىكىچىلىك سىياسەت" دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ ئۆزىلا ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىكتىن ئىبارەت. قۇرۇلتاي بۇ جۈملىنى ئۆز قارارىدىن چىقىرىۋەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى ئىلگىرىكى قارارلاردىكىدىنمۇ كەسكىن ئەيىپلىدى، بۇ تامامەن توغرا ئىدى.

سوتسىيالىستلار پارتىيىسىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارار بىز روسىيىلىكلەر ئۈچۈن ئالاھىدە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى جىددى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە. ستوكھولم قۇرۇلتىيى[291] **پارتىيىسىز** ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنى ياقلىغان يەنى ئېلىمىزدىكى پلېخانوۋ باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى **بىتەرەپ** تۇرۇش توغرىسىدىكى تەشەببۇسىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ئىدى. لوندون قۇرۇلتىيى[364] **پارتىيىلىك** ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنى قۇۋۋەتلەش، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ بىتەرەپ تۇرۇشىغا **قارشى تۇرۇش** جەھەتتە بىر قەدەم ئىلگىرىلىدى. ھەممىگە مەلۇمكى، لوندون قۇرۇلتىيىنىڭ قارارى بىر قىسىم ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ئىچىدە، بولۇپمۇ بۇرژۇئا دېموكراتلىرىنىڭ مەتبۇئاتلىرىدا قاتتىق تالاش-تارتىش ۋە نارازىلىق پەيدا قىلدى.

شتۇتگارت قۇرۇلتىيىدا مەسىلىنىڭ ماھىيىتى ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى بىتەرەپ تۇرۇشى كېرەكمۇ ياكى پارتىيىگە تېخىمۇ يېقىنلىشىشى كېرەكمۇ دېگەندىن ئىبارەت بولدى. خەلقارا سوتسىيالىستلار قۇرۇلتىيى ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ پارتىيە بىلەن تېخىمۇ يېقىنلىشىشىنى قۇۋۋەتلىدى، كىتاپخانلىرىمىز قۇرۇلتاينىڭ قارارلىرىنى ئوقۇپ كۆرسىلا بۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. قاراردا ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ بىتەرەپلىكىمۇ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ پارتىيىسىزلىكىمۇ تىلغا ئېلىنمىغان. كائۇتسكى گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ئىچىدە، ئىشچىلار ئۇيۇشمى-

لىرىنىڭ پارتىيە بىلەن يېقىنلىشىشنى قەتئىي قوۋۋەتلەپ بېيىلىنىڭ بىتەرەپلىك تەشەببۇسىغا قارشى چىققان. شۇڭا ئۇ لىيېپسىگ ئىشچىلىرىغا شتۇتگارت قۇرۇلتىيى ھەققىدە دوكلات بەرگەن چاغدا («ئالغا» گېزىتى[152] ، 1907 ـ يىلى، 209 ـ سانىنىڭ قوشۇمچە بېتى) مۇنداق دەپ جاكالاشقا تامامەن ھەقلىق بولغان:

”شتۇتگارت قۇرۇلتىيىنىڭ قارارىدا ئېيتماقچى بولغانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئېيتىلغان. **بۇ قارار ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ بىتەرەپ-لىكى توغرىسىدىكى تەشەببۇسلارغا مەڭگۈلۈك خاتىمە بەرگەن“.** كلارا سېتكىن مۇنداق دەپ يازغان: پرولېتارىيات سىنىپى كۈرەشىنىڭ ئاساسىي تارىخىي يۈزلىنىشىگە، يەنى سىياسىي كۈرەش بىلەن ئىقتىسا-دىي كۈرەشنى بىرلەشتۈرۈشكە، ھەر خىل تەشكىلاتلارنى مۇمكىن قەدەر سوتسىيالىستىك ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۈچى قىلىپ زىچ ئۇيۇشتۇرۇشقا پرىنسىپ جەھەتتىن «شتۇتگارتتا» ھېچكىم قارشى چىقمىدى. پەقەت روسىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ۋەكىلى يولداش پلېخانوۋ (ئۇنى مېنشېۋىكلەرنىڭ ۋەكىلى دېيىش كېرەك، ئۇلار پلېخانوۋنى ھەيئەتكە ”ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ بىتەرەپلىكى“نى ياقلاشقا ئەۋەتكەن) ۋە فرانسىيە ۋەكىللەر ئومىكى ئەزالىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئۆز مەملىكەتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بانا قىلىپ، زادىلا ئىز بېسىپ تۇرالمايدىغان بەزى ئاساسلار ئارقىلىق بۇ پرىنسىپقا بەزى چەكلەرنى قويۇش توغرا بولىدۇ دېگەننى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇندى. قۇرۇلتاي قاتناشقۇچىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىش توغرىسىدىكى قەتئىي سىياسىتىنى ياقلىدى......“

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، پلېخانوۋنىڭ ئىز بېسىپ تۇرالمايدىغان (سېتكىننىڭ سۆزى ناھايىتى ئادىل بولدى) بۇ ئاسا-

لىرى روسىيىدىكى قانۇنىي گېزىتلەردە ئومۇمىي يۈزلۈك ھالدا ئۆز پېتى بېسىلىپ چىقتى. پلېخانوۋ شتۇتگارت قۇرۇلتىيىنىڭ ھەيئەت يىغىنىدا: "روسىيىدە 11 ئىنقىلاۋىي پارتىيە بار" "ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى بۇ پارتىيىلەرنىڭ قايسىسى بىلەن بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىشى كېرەك؟" دەپ بانا كۆرسەتتى (بۇ نەقىل «ئالغا» گېزىتىنىڭ 196-سانىنىڭ 1-قوشۇمچە بېتىدىن ئېلىنغان). پلېخانوۋنىڭ بۇ كۆرسەتكەن بانىسى ئەمەلىيەت جەھەتتىنمۇ، پرىنسىپ جەھەتتىنمۇ توغرا ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، روسىيىدىكى مىللەتلەر ئارىسىدا سوتسىيالىستىك پرولېتارىياتقا تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىككىلا پارتىيە يەنى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى بىلەن سوتسىيال ئىنقىلابچىلار پارتىيىسى، پولشا سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى بىلەن پولشا سوتسىيالىستلار پارتىيىسى، لاتۋىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى بىلەن لاتۋىيە سوتسىيال ئىنقىلابچىلار پارتىيىسى ("لاتۋىيە سوتسىيال دېموكراتلار ئىتتىپاقى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، ئەرمىنىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى بىلەن داشناقسۇتيۇنلار[365] ۋە باشقىلار كۈرەش قىلىۋاتىدۇ. روسىيىنىڭ شتۇتگارت قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ۋەكىللەر ئومۇمەن دەرھال ئىككىگە بۆلۈندى. 11 دېگەن سان پۈتۈنلەي ئىشچىلارنى قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن مۇنداقلا ئېيتىلغان سان. پلېخانوۋ شۇنىڭ ئۈچۈن پرىنسىپ جەھەتتىنمۇ توغرا ئەمەس، پرولېتارىيات سوتسىيالىزمى بىلەن ئۇششاق بۇرژۇئا سوتسىيالىزمى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش روسىيىنىڭ ھەممە يېرىدە، جۈملىدىن ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىدىمۇ مۇقەررەر ئىدى. مەسىلەن، ئەنگلىزلاردا سوتسىيال دېموكراتىك ئىتتىپاق (SDF①)[308] بىلەن "مۇستەقىل ئىشچىلار پارتىيىسى" (ILP②)[366] دىن ئىبارەت بىر بىرىگە قارىمۇ-قارشى ئىككى سوتسىيالىستىك

① Social-Democratic Federation.— تەھرىردىن

② Independent Labour Party.— تەھرىردىن

پارتىيە بولسىمۇ، ئۇلار قارارغا قارشى چىقىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى.

شتۇتگارتتا رەت قىلىنغان بىتەرەپلىك ئىدىيىسى ئىشچىلار ھەركە-
تىگە بىرمۇنچە زىيان يەتكۈزدى. گېرمانىيە بۇنىڭ روشەن مىسالى.
بىتەرەپلىك ئىدىيىسى گېرمانىيىدە ئەڭ كەڭ تارقالدى ھەم ئەڭ كوپ
قوللىنىلدى. نەتىجىدە گېرمانىيىدىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ئوچۇق-
تىن-ئوچۇقلا ئاغمىچىلىق تەرەپكە ئېغىپ كەتتى، ھەتتا بۇ مەسى-
لىدە ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كورگەن كائۇتسكىدەك
كىشىمۇ بۇ ئېغىشنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلدى. ئۇ لېيپسىگ ئىشچىلىرىغا
دوكلات بەرگەن چاغدا ئوچۇقتىن-ئوچۇق مۇنداق دىدى: گېرمانىيە
ۋەكىللەر ئومىگىنىڭ شتۇتگارتتا ئىپادىلىگەن "مۇتەئەسسىپلىكى"نى
"چۈشىنىش" ئۈچۈن "ۋەكىللەر ئومىگىنىڭ تەركىۋىگە قاراپ باقسىلا
كۇپايە قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ يېرىمى ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى،
شۇڭا پارتىيىمىزدىكى 'ئوڭ قانات' كۈچلەر ئۇلارنىڭ پارتىيە ئىچى-
دىكى ئەمىلىي كۈچلىرىگە قارىغاندا كۈچلۈكرەك بولۇپ چىقتى".

شەك-شۈبھىسىزكى، شتۇتگارت قۇرۇلتىيىنىڭ قارارلىرى روسىيە
سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئېلىمىزدىكى لىبېراللار ماختاپ
كەلگەن بىتەرەپلىك ئىدىيىسىدىن ئالاقىسىنى قەتئىي ئۈزۈشنى چوقۇم
تېزلىتىدۇ. بىز قارامىلىق قىلماي ئوز لايىغىدا ئېھتىياتچان بولۇشىمىز
ۋە تەرتىپ بويىچە ئىش كورۇشىمىز لازىم، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا
ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىدا ھارماي-تالماي خىزمەت ئىشلەپ، ئىشچىلار
ئۇيۇشمىلىرىنى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىگە تېخىمۇ يېقىنلاش-
تۇرۇشىمىز لازىم.

ئاندىن قالسا، مۇھاجىرلار مەسىلىسى، ئاغمىچىلار بىلەن ئىنقىلاپ-
چىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ شتۇتگارت قۇرۇلتىيىنىڭ ھەيئىتى ئىچىدە
ئىنتايىن روشەن ئاشكارىلاندى، ئاغمىچىلار قالاق، ئويغانمىغان ئىش-
چىلارنىڭ (بولۇپمۇ ياپونلار ۋە جۇڭگولۇقلارنىڭ) كوچۈش ھوقۇقىنى

چەكلەش غەرىزىدە بولدى. تار، كاسىپلار ئۇيۇشمىسى پەدىسىدىكى بىكىنمىچىلىك ۋە ئىشچىلار بىرلەشمىچىلىگىگە خاس يەكلىمىچىلىك بۇ كىشىلەرنى شۇنداق ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدىكى، ئۇلار سوتسىيالىزىمنىڭ ۋەزىپىسى پۇرولېتارىياتنىڭ ئىشچىلار ھەركىتىگە تېخى قاتناشمىغان تەبىقىلىرىنى ئويغىتىش ۋە ئۇيۇشتۇرۇش بولىدىغانلىغىنى سەزمەي يۇردى. قۇرۇلتاي بۇنداق كەيپىياتلار ئاساسىدىكى ھەممە ئۇرۇنۇشلارنى رەت قىلدى. ھەتتا ھەيئەت ئىچىدە كوچۇش ئەركىنلىگىنى چەكلەشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارمۇ يوق دىيەرلىك بولدى، خەلقارا قۇرۇلتاينىڭ پۇتكۇل قارارلىرىدا بارلىق ئەللەردىكى ئىشچىلار سىنىپىي كۇرەشتە بىردەك ئىتتىپاقلىششى لازىم، دەپ ھىساپلاندى.

ئاياللارنىڭ سايلام ھوقۇقى مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارارمۇ بىر ئېغىزدىن ماقۇللاندى. پەقەت يېرىم بۇرژۇئا جەمىيىتى بولغان "فابىانچىلار جەمىيىتى"[142] دىكى بىر ئەنگلىيىلىك ئايال ئاياللارنىڭ تولۇق سايلام ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشى ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى مۇلۇكدارلارغا پايدىلىق بولغان چەكلىك سايلام ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشى ئۇچۇن كۇرەش قىلساقلا بولىدى، دىگەننى قۇۋۋەتلەپ چىقتى. قۇرۇلتايدا بۇ پىكىر قەتئى رەت قىلىندى ۋە ئايال ئىشچىلارنىڭ سايلام ھوقۇقىنى قولغا كەلتۇرۇش يولىدىكى كۇرەشتە، ئەر-ئاياللارنىڭ ھوقۇقتا باراۋەر بولۇشىنى تەشەببۇس قىلغۇچى بۇرژۇئا تەرەپدارلىرى بىلەن بىرلەشمەستىن، بەلكى پۇرولېتارىياتنىڭ سىنىپىي پارتىيىسى بىلەن بىرلىششى لازىم دەپ قۇۋۋەتلەندى. قۇرۇلتاي ئاياللارنىڭ سايلام ھوقۇقىنى قولغا كەلتۇرۇش ھەركىتىدە پۇتۇنلەي سوتسىيالىزم پىرىنسىپىدا ۋە ئەر-ئاياللارنىڭ ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك، بىرەر قۇلايلىقنى كوزلەپ بۇ پىرىنسىپلارنى بۇرمىلاشقا بولمايدۇ، دەپ ھىساپلىدى.

ھەيئەت ئىچىدە، بۇ مەسىلە ئۇستىدە قىزىق بىر ئىختىلاپ

تۇغۇلدى. ئاۋسترىيىلىكلەر (ۋىكتور ئادلېر، ئادېلگېيد پوپ) ئەرلەرنىڭ ئومۇمى سايلام ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى تاكتىكىسىنى توغرا تاكتىكا دەپ ئىسپاتلاشقا تىرىشتى، ئۇلار بۇ ھوقۇققا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى ئاياللارنىڭ سايلام ھوقۇقى توغرىسىدىكى تەلەپنىمۇ تەرغىباتتا بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ ئولتۇرماسلىق كېرەك، دەپ ھېسابلىدى. گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلىرى، بولۇپمۇ سېتكىن ئاۋسترىيىلىكلەر ئومۇمى سايلام ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان چاغدىلا، بۇ تەشەببۇسقا قارشى چىققان ئىدى. ئۇ مەتبۇئاتتا مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: ئاياللارنىڭ سايلام ھوقۇقى توغرىسىدىكى تەلەپنى تىلغا ئالماسلىق ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئورۇنسىز بولىدۇ: ئاۋسترىيىلىكلەر قۇلايلىقنى كوزلەپ، پىرىنسىپنى ئاغمىچىلىق يولى بىلەن قۇربان قىلدى؛ ئەگەر ئاياللارنىڭ سايلام ھوقۇقىنىمۇ قىزغىن ھېمايە قىلغان بولسا، ئۇلار تەرغىباتنىڭ كولىمى بىلەن خەلق ھەركىتىنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرماي كۈچەيتكەن بولاتتى. ھەيئەت ئىچىدە گېرمانىيىنىڭ ئاتاغلىق ئايال سوتسىيال دېموكراتى تىس پۈتۈنلەي سېتكىننى ياقلىدى. ئادلېرنىڭ ئاۋسترىيىلىكلەرنىڭ تاكتىكىسىنى ۋاستىلىق ھالدا ياقلاپ چىققان تۈزىتىش لايىھىسى (بۇ تۈزىتىش لايىھىسى سايلام ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرەشتە ھەممە ۋاقىت ئەر-ئاياللارنىڭ ھوقۇقتا باراۋەر بولۇشىنى قەتئى تەلەپ قىلىش لازىملىقى ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى بارلىق پۇقرالارنىڭ سايلام ھوقۇقىنى ھەقىقى تۈردە قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز كۈرەش ئېلىپ بېرىش ئۈستىدىلا توختالغان.) 9 ئاۋازغا قارشى 12 ئاۋاز بىلەن **رەت قىلىندى.** زىتز خەلقارا سوتسىيالىستلارنىڭ ئاياللار ۋەكىللىرى يىغىنىدا (بۇ ۋەكىللەر يىغىنى شتۇتگارتتا قۇرۇلتاي بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ئۆتكۈزۈلگەن) قىلغان سوزىدە،

ھەيئەتنىڭ ۋە قۇرۇلتاينىڭ كوزقاراشلىرىنى ئىنتايىن ئېنىق ئىپادىلەپ بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى: "بىز ئۆزىمىز توغرا دەپ قارىغان ھەممە نەرسىنى پرىنسىپ جەھەتتىن تەلەپ قىلىشىمىز كېرەك، كۈرەش ئۈچۈن كۈچىمىز يېتەرسىز بولغان چاغدىلا، قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىمىز. سوتسىيال دېمو-كراتلارنىڭ تاكتىكىسى ئەزەلدىن شۇنداق بولۇپ كەلدى. بىزنىڭ تەلەپلىرىمىز قانچە تۆۋەن بولسا ھوكۇمەتنىڭ يول قويۇشىمۇ شۇنچە ئاز بولىدۇ......" مۇنەۋۋەر ماركسىزىمچىلارنىڭ قەتئىي پرىنسىپلىق ئىنقىلاۋىي تاكتىكىدىن سەل-پەل بولسىمۇ تېيىپ كەتكەن كىشىلەرگە نەقەدەر كەسكىن مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى كىتابخانىلىرىمىز ئاۋستىرىيە بىلەن گېرمانىيىدىكى ئايال سوتسىيال دېموكراتلارنىڭ بەس-مۇنازى-رىسىدىن كورۇۋالالايدۇ.

يىغىننىڭ ئاخىرقى كۈنى كوپچىلىك ھەممىدىن بەك كۆڭۈل بولۇپ كەلگەن مىلىتارىزىم مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى. سېسىق نامى پۇر كەتكەن ھېرۋېي ئۇرۇشنى پۈتكۈل كاپىتالىزىم تۈزۈمى بىلەن، مىلىتارى-زىمغا قارشى تەرغىباتنى پۈتكۈل سوتسىيالىزىم ئىشى بىلەن بىرلەشتۈ-رۈشكە ماھىر بولماي، ئۆزىنىڭ پۈتۈنلەي ئىز بېسىپ تۇرالمايدىغان نۇقتىسىنەزىرىنى ياقلاپ چىقتى. ھېرۋېينىڭ ھەرقانداق ئۇرۇشقا ئىش تاشلاش ۋە قوزغىلاڭ كوتىرىش ئارقىلىق "جاۋاپ قايتۇرۇش" توغ-رىسىدىكى لايىھىسى ئۇنىڭ كۈرەشنىڭ ئۇ ياكى بۇ ۋاستىسىنى قوللىنىش ئىنقىلاپچىلارنىڭ ئالدىنالا كېلىشىپ قويغان قارارىغا باغلىق بولماس-تىن، بەلكى ئۇرۇش نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىدىغان ئىقتىسادىي كرىزىس ۋە سىياسىي كرىزىسنىڭ ئوبيېكتىپ شارائىتىغا باغلىق بولىدىغانلىقىنى تامامەن چۈشەنمەيدىغانلىقىنى كورسىتىپ بەردى.

ھېرۋېي شائىلاقلىق، يۈزەلىك قىلغان ۋە تەسىرلىك سوز-ئىبارىلەرگە بېرىلگەن ئىكەن، ئۇنىڭغا سوتسىيالىزىمنىڭ چوڭ-چوڭ قائىدىلىرىنى

دوگما ھالدا چۈشەندۈرۈش يولى بىلەن رەددىيە بېرىش ناھايىتى
كالتا پەملىك قىلىنغان بولاتتى. بولۇپمۇ فولمار ئېغىر خاتالىق ئوت-
كۈزدى (بېبېل بىلەن گېدېمۇ بۇنىڭدىن تامامەن خالى بولالمىدى).
بۇ ئادەم ئوزىنىڭ ئوتتۇپ كەتكەن مەمەدانلىقى ۋە چىرىك پارلامېنت
مەستانىلىقى بىلەن ھېرۋېنى ئەيىپلەۋەردى، لېكىن ئوزىنىڭ ئاغمىچىلىقتا
خاس تار قارىشى ۋە قاتماللىقى كىشىلەرنى ھېرۋېنىڭ مەسىلە قويۇ-
شىدا نەزىرىيە جەھەتتىن بىمەنىلىكى **بولسىمۇ**، ئۇنىڭ پىكرىدە
ئاز-تولا ھاياتىي كۈچ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا **مەجبۇر قىلىپ**
قويغانلىقىنى ئۇقمىدى. ھەركەت يېڭى بۇرۇلۇش ئۇستىدە تۇرغاندا،
نەزىرىيە جەھەتتىكى بىمەنىلىك كوپىنچە بەزى ئەمەلىي ھەقىقەتنى
ئوز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. ئىنقىلاۋىي سوتسىيال دېموكراتلار،
بولۇپمۇ روزا ليۇكسېمبۇرگنىڭ ئوز سوزىدە تەكىتلەپ كورسەتكىنى
مەسىلىنىڭ مانا مۇشۇ تەرىپى ئىدى، ئۇلار كىشىلەرنى كۈرەشنىڭ
پارلامېنت شەكلىگىلا بېرىلىپ كەتمەي، كەلگۈسى ئۇرۇشنىڭ ۋە
كەلگۈسى كىرىزىسنىڭ يېڭى شەرت-شارائىتىغا قاراپ ھەركەت
قىلىشقا چاقىردى. روزا ليۇكسېمبۇرگ روسىيە سوتسىيال دېموكراتلار
پارتىيىسىنىڭ ۋەكىللىرى (لېنىن بىلەن مارتوۋ، — بۇ مەسىلە ئۈس-
تىدە بۇ ئىككىيلەن بىر پىكىردە ئىدى) بىلەن بىللە بېبېلنىڭ قارا-
رىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسىنى قويدى، بۇ لايىھەدە: ياشلار
ئارىسىدا تەرغىبات خىزمىتىنىڭ زورۇرلۇگى ئۇرۇش نەتىجىسىدە
كېلىپ چىقىدىغان كىرىزىستىن پايدىلىنىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ يېمىر-
لىشىنى تېزلىتىش لازىملىقى، كۈرەش ئۇسۇلى ۋە كۈرەش ۋاستى-
لىرىنىڭ سىنىپىي كۈرەشنىڭ كەسكىنلىشىشى ۋە سىياسى ۋەزىيەتنىڭ
ئوزگىرىشى بىلەن بىللە مۇقەررەر ھالدا ئوزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى
ئېتىۋارغا ئېلىش لازىملىقى تەكىتلەپ كورسىتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن
بېبېلنىڭ دوگما، بىر تەرەپلىمە ۋە جانسىز قارارى ئاخىر، پۈتۈنلەي

يېپ-يېڭى تۇسكە كىرىپ، كىشىلەر فولمارلارچە ئىزاھلىيالمايدىغان ھالەتكە كەلدى. مىلىتارىزىمغا قارشى تۇرىمىز، دەپ سوتسىيالىزىمنى ئىسىدىن چىقىرىپ قويغان ھېرۋېچىلەرگە تەنبىھ تەرىقىسىدە قاراردا نەزىرىيە جەھەتتىكى بارلىق ھەقىقەتلەر يەنە بىر قېتىم بايان قىلىندى، بىراق بۇ ھەقىقەتلەر بىزدىن پارلامېنت مەستانىلىغىنى[237] ئاقلاش، تېچلىق ۋاستىسىگە ھە دەپ چوقۇنۇۋېرىش، بىرقەدەر تېچ ۋە خاتىرجەم ۋەزىيەتكە مەدھىيە ئوقۇشىنى ئەمەس، بەلكى بارلىق كۈرەش ۋاستىلىرىنى ئېتىراپ قىلىش، روسسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئېتىۋارغا ئېلىش، ھەركەتنىڭ ئىجابى ۋە ئىجادى تەرەپلىرىنى جارى قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىز تالاي تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن سېتكىن ژورنىلىدا قۇرۇلتاينىڭ مىلىتارىزىمغا قارشى قارارىدىكى بۇ ئەڭ كورۇنەرلىك ۋە ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلەر ئىنتايىن توغرا كورسىتىلگەن. سېتكىن مىلىتارىزىمغا قارشى قارار ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دەپ يازغان: "بۇ يەردە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىنقىلاۋىي شىجائىتى (Tatkraft) ۋە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۆز كۈرەش ئىقتىدارىغا بولغان قەتئىي ئىشەنچى ئاخىر غەلىبىگە ئېرىشتى، بىر تەرەپتىن، ئاجىزلىق ئىنجىلى بولغان ئۈمىتسىزلىكنى ۋە كۈرەشنىڭ كونا، نوقۇل پارلامېنت شەكلى بىلەنلا چەكلىنىدىغان جاھىلانە ئۇرۇنۇشلار بىتچىت قىلىندى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ھېرۋېي كەبى فرانسۇز يېرىم ھوكۇمەتسىزلىرىنىڭ مىلىتارىزىمغا قارشى ئەخمىقانە ۋاستىلىرىمۇ بىتچىت قىلىندى. ئاخىر ھەيئەت ۋە ھەرقايسى ئەللەرنىڭ 900 گە يېقىن ۋەكىلى تەرىپىدىن بىر ئېغىزدىن ماقۇللانغان قاراردا ئىنقىلاۋىي ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ ئۆتكەن نوۋەتتىكى خەلقارا قۇرۇلتايدىن بۇيانقى غايەت زور يۈكسىلىشلەر قىزغىن ئىزھار قىلىندى، قاراردا شۇ نەرسە پرولېتارىياتنىڭ تاكتىكا پرىنسىپى قىلىپ قويۇلدىكى، بۇ تاكتىكا جانلىق بولسۇن، ئۇ راۋاج-

لىنالايدىغان بولسۇن، ئۇ ئۇزىنىڭ كەسكىنلىشىش شەرت ـ شارائىتىنىڭ پىشىپ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ **كەسكىنلىشىپ** بارىدىغان بولسۇن (Zuspitzung).“

ئىرۋېنىڭ پىكىرلىرى رەت قىلىندى، لېكىن، ئۇنىڭ رەت قىلىنىشى بىلەن ئاغمىچىلىق توغرا بولۇپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ دوگما ۋە پاسسىپ نۇقتىنەزەرلەر ئاساسىدا رەت قىلىنغانمۇ ئەمەس، تېخىمۇ كەسكىن ۋە تېخىمۇ يېڭى كۈرەش ئۇسۇلىنى قوللىنىش توغرىسىدىكى جىددى تەلەپ خەلقارا پرولېتارىيات تەرىپىدىن تامامەن ئېتىراپ قىلىنغان، شۇنداقلا ئۇ بارلىق ئىقتىسادىي زىددىيەتلەرنىڭ ئۇتكۇرلىشىشى ۋە كاپىتالىزم تۇغدۇرىدىغان كرىزىسنىڭ بارلىق شەرت ـ شارائىتىغا باغلىق بولۇپ قالغان ئىدى.

ھېرۋېچە قۇرۇق تەھدىت سېلىش ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائى ئىنقىلاپنىڭ مۇقەررەرلىكىنى ئېنىق تونۇش، تەۋرەنمەستىن ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىشقا بەل باغلاش، ئەڭ ئىنقىلاۋىي كۈرەش ۋاستىلىرىنى قوللىنىشقا تەييارلىنىش ــ مانا بۇ شتۇتگارت خەلقارا سوتسىيالىستلار قۇرۇلتىيىنىڭ مىلىتارىزم مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارارىنىڭ ئەھمىيىتى.

پرولېتارىياتنىڭ زور قوشۇنى بارلىق ئەللەردە كۈندىن ـ كۈنگە مۇستەھكەملەنمەكتە. ئۇلارنىڭ ئېڭى، ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىرادىسى كۈنلەپ ئەمەس، سائەتلەپ ئۆسۈپ بارماقتا. كاپىتالىزم كرىزىسىنىڭ پات ـ پات بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىن قاتتىق تەشۋىشلىنىپ، پرولېتارىيات زور قوشۇنىنىڭ كاپىتالىزمنى گۇمران قىلىش مەقسىتىدە ئاشۇ كرىزىسلەردىن پايدىلىنىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلماقتا.

1907 ـ يىلى 9 ـ ئايدا يېزىلغان.
1907 ـ يىلى 10 ـ ئايدا «1908 ـ يىللىق ئاممىباپ كالىندار»غا بېسىلغان.
ئىمزا: ن.ل.

كالىندارىدىكى ئەسلى تېكىستى بويىچە بېسىلدى.
«لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 13 ـ توم، 66 ــ 76 ـ بەتلەردىن ئېلىندى.

«12 يىلدىن بۇيان» دېگەن ماقالىلار توپلىمىغا كىرىش سۆز[367]

كىتاپخانىلارغا تونۇشتۇرۇلۇۋاتقان توپلام 1895 ـ يىلدىن 1905 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىلغان ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئاساسەن، روسسىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ پۇروگىرامما، تاكتىكا ۋە تەشكىلىي مەسىلىلىرى بايان قىلىنغان. بۇ مەسىلىلەر روسسىيىدىكى ماركسىزملىق پىكىر ئېقىمىنىڭ ئوڭ قانىتى بىلەن بولغان كۈرەشتە ھەممىشە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ھەم تەتقىق قىلىنىپ كەلمەكتە.

بۇ كۈرەش دەسلەپ مەملىكىتىمىزنىڭ 90 ـ يىللاردىكى قانۇنىي ماركسىزمىنىڭ[157] ئاساسىي ۋەكىلى بولغان ستىرۇۋې ئەپەندىگە قارشى نوقۇل نەزەرىيە ساھەسىدە ئېلىپ بېرىلدى. 1894 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1895 ـ يىلىنىڭ باشلىرى مەملىكىتىمىزدىكى قانۇنىي سىياسى مۇلاھىزە ساھەسىدە كەسكىن بۇرۇلۇش بولغان دەۋر بولدى. مەملىكىتىمىزدىكى سىياسى مۇلاھىزە خاراكتېرىدىكى ماقالىلاردا ماركسىزم ”ئەمگەكنى ئازات قىلىش جەمئىيىتى“[35] نىڭ چەتئەللەردىكى ئەرباپلىرى تەرىپىدىنلا ئەمەس، بەلكى روسسىيىدىكى سوتسىيال دېموكراتلار تەرىپىدىنمۇ تۇنجى قېتىم تونۇشتۇرۇلدى. يازغۇچىلىق ساھەسىدىكى جانلىنىشلار ۋە ماركسىزمچىلارنىڭ شۇ چاغدا ئىلغار يازغۇچىلىق ساھەسىدە مۇتلەق دېگۈدەك ھوكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلەپ تۇرغان نارودنىكلارنىڭ كونا كاتتىۋېشى (مەسىلەن، ن. ك.

مىخايلوۋسكى) بىلەن ئېلىپ بارغان قىزغىن بەس ـ مۇنازىرىسى روسىيەدە ئاممۇۋى ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ يۈكسەلگەنلىگىنىڭ شەپىسى ئىدى. روسىيە ماركسىزىمچىلىرىنىڭ يېزىقچىلىق پائالىيىتى پورولېتارىيات قوزغىغان كۈرەشنىڭ، يەنى 1896 ـ يىلىدىكى مەشھۇر پېتېربۇرگ ئىش تاشلىشنىڭ[62] بىۋاستە مۇقەددىمىسى بولدى. بۇ ئىش تاشلاشلار پۈتكۈل ئىنقىلاۋىمىزدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ئامىل يەنى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۈزلۈكسىز ئەۋج ئالغان ئىشچىلار ھەركىتى ئۈچۈن يېڭى دەۋر ئېچىپ بەردى.

شۇ چاغدىكى يازغۇچىلىق شەرت ـ شارائىتى سوتسىيال دېموكراتـ لارنى ئېزوپ مەسەللىرىچە سوزلەر بىلەن سوزلىشىشكە ۋە ئەمىلىيەت بىلەن سىياسىدىن ناھايىتى يىراقتا تۇرىدىغان ئەڭ ئاددى قائىدىلەر ئۈستىدىلا سوزلىشىشكە مەجبۇر قىلغان ئىدى. بۇ ھال ھەر خىل ماركسىزىمچىلارنىڭ نارودنىكلىققا قارشى كۈرەشتە ئىتتىپاق تۇزۇ- شىنى بەك ئاسانلاشتۇردى. بۇ كۈرەشنى مەملىكەت سىرتىدىكى ۋە ئىچىدىكى سوتسىيال دېموكراتلاردىن باشقا، سترۇۋې جاناپلىرى، بۇلگاكوۋ جاناپلىرى، تۇگان ـ بارانوۋسكى جاناپلىرى، بېردىيېۋ جاناپـ لىرى ۋە باشقىلارمۇ ئېلىپ باردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇرژۇئا دېموكراتلىرى بولۇپ، نارودنىكلار بىلەن ئادا ـ جۇدا بولغانلىغى، بىزگە ئوخشاش پورولېتارىيات سوتسىيالىزمىغا ئەمەس، بەلكى، مىشچانلار سوتسىيالىزىمى (ياكى دىخانلار سوتسىيالىزىمى)دىن بۇرژۇئا لىبېرالىزىمىغا ئۆتكەنلىگىدىن دېرەك بېرەتتى.

ھازىرقى ۋاقىتتا، روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ تارىخى، جۇملىدىن كادېتلار پارتىيىسىنىڭ[84] تارىخى بولۇپمۇ سترۇۋې جاناپلىرىنىڭ ئۆزگەرگەنلىگى (ئوكتەبىرچىلەر پارتىيىسى[85] تەرەپكە قاراپ ئۆزگەر- گەنلىگى) بۇ ھەقىقەتنى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق كورستىپ بەردى، ئۇنى سىياسى مۇلاھىزە ساھەسىدىكى ئاددى ساۋاتقا ئايلاندۇرۇپ قويدى.

لېكىن، 1894 — 1895 ـ يىللىرىدا، بۇ ھەقىقەتنى مەلۇم يازغۇچىنىڭ ئانچە روشەن بولمىسىمۇ ماركسىزىمدىن سەل ـ پەل چەتلىگەن بەزى ئالامەتلىرى بىلەنلا ئىسپاتلىغىلى بولاتتى، ئۇ چاغدا، بۇ ھەقىقەت ئەمدىلا سېزىلىۋاتقان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ستىرۇۋې جاناپ ـ لىرىغا قارشى يېزىلغان ماقالامنى («نارودنىكلىقنىڭ ئىقتىسادىي مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭ ستىرۇۋې جاناپلىرىنىڭ كىتاۋىدا تەنقىت قىلىـ نىشى»، بۇ ماقالا ك. تۇلىن دىگەن ئىمزا بىلەن مەتبۇئات تەكشۇ ـ رۇش ئورگىنى تەرىپىدىن كويدۇرۇۋېتىلگەن «روسىيىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى مەسىلىسىگە دائىر ماتىرىياللار» دىگەن ماقالىلار توپلىـ مىنىڭ[159] 1895 ـ يىلدىكى سانكت ـ پېتېربۇرگ نەشرىگە كىرگۈزۈلـ گەن①) ھازىر 3 مەقسەت بىلەن يېڭىۋاشتىن تولۇق تېكىستى بىلەن باستۇردۇم. بىرىنچىدىن، كىتاپخانلار ستىرۇۋې جاناپلىرىنىڭ ئەسەرـ لىرى ۋە نارودنىكلارنىڭ 1894 — 1895 ـ يىللىرىدا ماركسىزىمچىلارغا قارشى يازغان ماقالىلىرى بىلەن تونۇش ئىكەن، ستىرۇۋې جاناپـ لىرىنىڭ نۇقتىنەزەرلىرىنى تەنقىت قىلىش ھېلىمۇ ئەھمىيەتلىك. ئىككىنچىدىن، بىز نارودنىكلارغا بىرلىكتە قارشى **تۇرۇۋاتقان بىر ۋاقىتتا**، ئىنقىلاۋىي سوتسىيال دېموكراتلارنىڭ ستىرۇۋې جاناپـ لىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇشى بىزنى شۇ جاناپلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى، دەپ ئەيىپلەۋاتقان كىشىلەرگە جاۋاپ بېرىش ۋە ستىرۇۋې جاناپلىرىنىڭ زور ئەھمىيەتلىك سىياسى ھاياتىغا باھا بېرىشتىمۇ ئەھمىيەتلىك. ئۈچىنچىدىن، ئىلگىرى ستىرۇۋې جاناپلىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ۋە كوپ جەھەتلەردە ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بەس ـ مۇنازىـ رىلەرنى چوڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بولغان ئەينەك قىلىشى مۇمكىن.

① «لېنىن ئەسەرلىرى»، 1 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 311 — 481 ـ بەتلەرگە قاراڭسۇن. — تەھرىردىن

بۇنداق ئەينەك نەزىرىيە جەھەتتە مۇرەسسە قىلىشقا بولمايدىغان بەس-مۇنازىرىنىڭ ئەمەلىيەت ۋە سىياسى جەھەتتىكى قىممىتىنى ئىپادىلەيدۇ. كىشىلەر ئىنقىلاۋىي سوتسىيال دېموكراتلارنى "ئىقتىساتچىلار"، بېرنشتېيىنچىلار ۋە مېنشېۋىكلەر بىلەن بەس-مۇنازىرە قىلىشقا بەك خۇشتار، دەپ كۆرمىسۇنمۇ قېتىم ئەيىپلەشكەن ئىدى. ھازىرقى ۋاقىتتا بۇ ئەيىپلەشلەر سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ئىچىدىكى "مۇرەسسەچىلەر" ئارىسىدا ۋە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى سىرتىدىكى "تىلەكداش" يېرىم سوتسىيالىزىمچىلار ئارىسىدا تازا بازىرى ئىتتىك مالغا ئايلىنىپ قالدى. بىزدە، روسسىيىلىكلەر، جۈملىدىن سوتسىيال دېموكراتلار بولۇپمۇ بولشېۋىكلەر بەس-مۇنازىرىنى ۋە بۆلگۈنچىلىكنى بەك ياقتۇرىدۇ، دېيىشكە تازا خۇشتار كىشىلەر بار. بىزدە، كاپىتالىستىك ئەللەرنىڭ شارائىتى، جۈملىدىن روسسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ شارائىتى بولۇپمۇ مەملىكىتىمىزدىكى زىيالىلارنىڭ تۇرمۇش ۋە پائالىيەت شارائىتى كىشىلەرنى سوتسىيالىزىمدىن لىككىدە لىبېرالىزىمغا سەكرەپ ئۆتۈشنى بەك ياقتۇرىدىغان قىلىپ قويغانلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ تاشلاشقا خۇشتار كىشىلەرمۇ بار. بۇنىڭدىن 10 يىل ئىلگىرى بولغان ئەھۋاللارنى شۇ چاغدا "سترۇۋېچىلىق" بىلەن قانداق نەزىرىيىۋى ئىختىلاپلارنىڭ بولغانلىقىنى ۋە پارتىيىلەرنىڭ سىياسى جەھەتتىن پۈتۈنلەي ئاجرىلىپ كېتىشكە، پارلامېنتتا، بىرمۇنچە مەتبۇئاتلاردا، خەلق يىغىلىشلىرىدا ۋە باشقا سورۇنلاردا رەھىمسىز كۆرەشلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا قانداق كىچىك ئىختىلاپلار (دەسلەپتە كىچىك بولۇپ كورۇنىدىغان ئىختىلاپلار) سەۋەپ بولغانلىقىنى مۇشۇ نۇقتىدىن كۆزىتىپ چىقىش ناھايىتى پايدىلىق.

مەن سترۇۋې جاناپلىرىغا قارشى يېزىلغان بۇ ماقالا توغرىسىدا يەنە شۇنى كورسىتىپ ئۆتۈشۈم كېرەككى، بۇ ماقالا 1894-يىلى

كۆزدە شۇ چاغدىكى ماركسىزمچىلارنىڭ كىچىك بىر گۇرۇپپىسىدا مەن بەرگەن مەخسۇس دوكلات ئاساسىدا يېزىلغان ئىدى. شۇ چاغدا پېتېربۇرگدا ئىش ئېلىپ بېرىۋاتقان بىر تۈركۈم سوتسىيال دېموكراتلار بىر يىلدىن كېيىن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش جەمئىيىتى[61] نى قۇردى. ئۇلار ئارىسىدا بۇ گۇرۇپپىغا قاتناشقانلاردىن ست، ر. ۋە مەن بار ئىدۇق. شۇ چاغدىكى قانۇنىي ماركسىزمچى يازغۇچىلاردىن پ. ب. سترۇۋې، ئا. ن. پوترېسوۋ ۋە ك. لار قاتناشقان ئىدى. مەن بۇ گۇرۇپپىدا «ماركسىزمنىڭ بۇرژۇئا ئەسەرلىرىدىكى ئىنكاسى» دىگەن مەخسۇس تېمىدا دوكلات بەرگەن ئىدىم. بۇ تېمىدىن سترۇۋې بىلەن بولغان بۇ قېتىمقى بەس-مۇنازىرىنىڭ 1895-يىل ئەتىيازدا بېسىلغان ھېلىقى ماقالىدىكىگە قارىغاندا كوپ ئۆتكۈر ۋە ئېنىق (سوتسىيال دېموكراتىك يەكۇن بويىچە ئېيتقاندا) بولغانلىقىنى كورۈۋېلىش مۇمكىن. بىر تەرەپتىن، مەتبۇئات تەكشۈرۈپ تۇرۇلىدىغانلىقتىن، يەنە بىر تەرەپتىن، نارودنىكلىققا بىرلىكتە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن قانۇنىي ماركسىزمچىلار بىلەن "ئىتتىپاق" تۈزۈشكە توغرا كەلگەنلىكتىن، ئۇ ماقالا يۇمشاقراق يېزىلغان ئىدى. شۇ چاغدا، پېتېربۇرگدىكى سوتسىيال دېموكراتلارنىڭ سترۇۋې جاناپلىرىنى "سولغا تارتىشى" نەتىجىسىز قالمىدى، سترۇۋې جاناپلىرىنىڭ كويدۇرۇۋېتىلگەن توپلام (1895-يىل)دا بېسىلغان ماقالىسى ۋە «يېڭى سوز» ژورنىلى[76] (1897-يىل)دا بېسىلغان بەزى ماقالىلىرى بۇنى ئېنىق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، 1895-يىلى سترۇۋې جاناپلىرىغا قارشى يېزىلغان ماقالىنى ئوقۇغاندا، بۇ ماقالىنىڭ كوپ جەھەتلەردە كېيىنكى ۋاقىتلاردا يېزىلغان ئىقتىسادىي ئەسەرلەر (بولۇپمۇ «كاپىتالىزمنىڭ راۋاجلىنىشى») نىڭ تېزىسى ئىكەنلىكىنى كوزدە تۇتۇش كېرەك. ئاخىردا، كىتاپخانلارنىڭ دىققىتىنى بۇ ماقالىنىڭ ئاخىرقى بىرنەچچە بېتىگە جەلپ

قىلىش كېرەك، بۇ بەتلەردە، ماركسىزىمچىلارنىڭ قارىشىچە، بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى ھارپىسىدا تۇرۇۋاتقان مەملىكەتتىكى ئىنقىلاۋىي دېموكراتلاردىن بولغان نارودنىكلارنىڭ **ياخشى** خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ياخشى تەرەپلىرى ئالاھىدە كۆرسىتىلگەن. بۇ يەردە بەزى قائىدىلەر نەزىرىيە جەھەتتىن شەرھىلەنگەن، بۇ قائىدىلەر 12، 13يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئىككىنچى دۇما سايلىمى ۋاقتىدىكى "سولچىلار ئىتتىپاقى"دا ۋە "سولچىلار ئىتتىپاقى"نىڭ تاكتىكىلىرىدا ئەمىلىيەت ۋە سىياسى جەھەتلەردە ئەكس ئەتتى. پرولېتارىيات بىلەن دېھقانلارنىڭ ئىنقىلاۋىي دېموكراتىك دىكتاتۇرىسىنى يولغا قويۇش ئىدىيىسىگە قارشى تۇرغان ۋە سولچىلار ئىتتىپاقىغا قەتئىي قارشى تۇرغان مېنشېۋىكلەر بۇ ساھەدە «تاڭ نۇرى» ژورنىلى[147] بىلەن كونا «ئۇچقۇن» گېزىتى[138] كۆچىنىڭ بىرىچە قوللاپ كەلگەن ئىنقىلاۋىي سوتسىيال دېموكراتلارنىڭ ئىنتايىن مۇھىم كونا ئەنئەنىلىرىدىن يۈز ئۆرۈدى؛ روشەنكى، "سولچىلار ئىتتىپاقى"نىڭ تاكتىكىسىغا چەك ۋە شەرت بىلەن يول قويۇشتا مۇقەررەر ھالدا ماركسىزىمنىڭ نارودنىكلىققا بولغان ئاساسىي نەزىرىيىۋى كۆزقاراشلىرى ئاساس قىلىنىدۇ.

1894 — 1895 ـ يىللىرى سترۇۋېغا قارشى يېزىلغان ماقالىلاردىن كېيىن، 1897 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، سوتسىيال دېموكراتلارنىڭ 1895 ـ يىلى پېتېربۇرگدا ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن يەنە «روسسىيە سوتسىيال دېموكراتلىرىنىڭ ۋەزىپىلىرى» دېگەن ماقالا يېزىلدى①. مۇشۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن باشقا ماقالىلار ۋە كىتاپچىلاردا سوتسىيال دېموكراتلارنىڭ ئوڭ قانىتى بىلەن ئېلىپ بارغان بەس ـ مۇنازىرە شەكلىدە بايان قىلىنغان بەزى كۆزقاراشلار

① مۇشۇ تومنىڭ 167 — 203 ـ بەتلىرىگە قاراڭسۇن. — تەھرىردىن

بۇ كىتابچىدا توغرىدىن ـ توغرا بايان قىلىندى. «ۋەزىپىلەر» دېگەن بۇ ئەسەرنىڭ پارتىيىمىز تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك دەۋرلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىش مەقسىدىدە، بۇ ئەسەر ئۈچۈن يېزىلغان بىرنەچچە پارچە كىرىش سۆز قايتىدىن بېسىلدى (مەسىلەن، ئاكسېلرود يازغان كىرىش سۆزدە بۇ كىتابچىنىڭ "ئىقتىسادىزىلىق"قا قارشى كۈرەش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نۇقتىلىق هالدا كۆرسىتىپ بېرىلگەن، 1902 ـ يىلدىكى كىرىش سۆزدە بولسا، خەلق ئىرادىچىلىرى[36] بىلەن خەلق هوقۇقچىلىرى[39] نىڭ ئۆزگىرىشى نۇقتىلىق هالدا كۆرسىتىلگەن).

«يەرلىك ئاپتونومىيە ئىدارىلىرىگە زىيانكەشلىك قىلغۇچىلار ۋە لىبېرالىزمنىڭ هانىبالللىرى»① دېگەن ماقالا 1901 ـ يىلى چەتئەلدە چىقىدىغان «تاڭ نۇرى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالا سوتسىيال دېموكراتلارنىڭ سىياسىيون سۇپىتىدىكى سترۇۋې بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. 1895 ـ يىلىلا ئۇنىڭغا ئاگاهلاندۇرۇش بېرىپ، مۇشۇنداق بىر ئىتتىپاقچىدىن ئېهتىياتچانلىق بىلەن چەك ـ چېگرىنى ئېنىق ئايرىشقا باشلىغان ئىدى. 1901 ـ يىلى بىرقەدەر ئۈزۈل ـ كېسىل، هەتتا ساپ دېموكراتىك تەلەپتە چىڭ تۇرالمايدىغان بۇ لىبېرالىزمچىغا قارشى يەنە ئۇرۇش ئېلان قىلىندى.

1895 ـ يىلى يەنى غەرپتە "بېرنشتېينچىلار" مەيدانغا كېلىشتىن ۋە روسىيىدىكى نۇرغۇن "ئىلغار" يازغۇچىلار ماركسىزمدىن ئالاقىسىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ئۈزۈشتىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى، مەن سترۇۋې ئەپەندىنى ئىشەنچسىز ماركسىزمچى، سوتسىيال دېموكراتلار ئۇنىڭدىن چەك ـ چېگرا ئايرىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتكەن ئىدىم.

① «لېنىن ئەسەرلىرى»، 5 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 17 ــ 63 ـ بەتلەرگە قارالسۇن. ــ تەهرىردىن

1901 ـ يىلى يەنى كادېتلار پارتىيىسى روسىيە ئىنقىلاۋىدا مەيدانغا كېلىشتىن ۋە بۇ پارتىيە بىرىنچى ھەم ئىككىنچى دۇمادا سىياسى جەھەتتە شەرمەندە بولۇشتىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرىلا، مەن روسىيە بۇرژۇئا لىبېرالىزمىنىڭ 1905 ـــ 1907 ـ يىللىرىدا بولۇپ ئۆتكەن ئام-مىۋى سىياسى پائالىيەتلەردە ۋە قوزغىلىشلاردا نامايەن بولغان خۇسۇسىيەتلىرىنى كورسىتىپ ئۆتكەن ئىدىم. «لىبېرالىزمنىڭ ھانىبال-لىرى» دىگەن ماقالىدا بىر لىبېرالنىڭ خاتا پىكىرلىرى تەنقىت قىلىن-غان، بۇ تەنقىت بۈگۈنكى كۈندە ئېلىمىز ئىنقىلاۋىدىكى ئەڭ چوڭ لىبېراللار پارتىيىسىنىڭ سىياسەتلىرىگىمۇ پۈتۈنلەي دىگۈدەك مۇۋاپىق كېلىدۇ. بەزى كىشىلەر بىز بولشېۋىكلەرنى 1905 ـــ 1907 ـ يىللىرىدا ئاساسىي قانۇن خام خىيالىلىرىغا ۋە كادېتلار پارتىيىسىگە قارشى رەھىمسىز كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، كونا سوتسىيال دېموكراتىزىمچىلار-نىڭ لىبېراللارغا تۇتقان سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلدى، دەپ ئويلاشنى راۋا كورىدۇ، «لىبېرالىزمنىڭ ھانىباللىرى» دىگەن ماقالا ئەنە شۇ ئادەملەرنىڭ خاتا قىلىۋاتقانلىقلىرىنى ئېنىق كورسىتىپ بېرىدۇ. بول-شېۋىكلەر ئىنقىلاۋىي سوتسىيال دېموكراتلارنىڭ ئەنئەنىسىگە باشتىن ـ ئاياق سادىق بولۇپ كەلدى، بۇرژۇئا ئەسەبىلىگىنىڭ تەسىرىگە ئۇچ-رىمىدى، بۇ ئەسەبىلىك ”ئاساسىي قانۇنچىلىق ئەگرى يولى“ دەۋرىدە لىبېراللارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى ھەمدە پارتىيىمىزنىڭ ئوڭ قانىتى-نىڭ ئاڭ ـ پىكىرىنى ۋاقتىنچە مۇجمەللەشتۇرۇپ قويدى.

يەنە بىرى «نىمە قىلىش كېرەك؟»① دىگەن كىتاپچە بولۇپ، بۇ كىتاپچە 1902 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا چەتئەلدە نەشر قىلىندى. بۇ كىتاپچىدا يازغۇچىلىق ساھەسىنىڭ ئوڭ قانىتى ئەمەس، بەلكى سوت-

① مۇشۇ تومنىڭ 383 ـــ 686 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن. ـــ تەھرىردىن

سىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ تەشكىلاتى ئىچىدىكى ئوڭ قاناتلار تەنقىت قىلىنغان. 1898 ـ يىلى سوتسىيال دېموكراتلارنىڭ 1 ـ قۇرۇلتىيى[126] ئېچىلدى، بۇ قۇرۇلتايدا روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىگە ئاساس سېلىندى. "ئەمگەكنى ئازات قىلىش جەمىيىتى"نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان چەتئەلدىكى "روسىيە سوتسىيال دېموكراتلار بىرلەشمىسى"[60] پارتىيىسىنىڭ چەتئەلدىكى تەشكىلاتى بولۇپ قالدى، لېكىن پارتىيىنىڭ مەركىزىي ئورگىنى ساقچىلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىۋېتىلىپ، ئەسلىگە كېلەلمىدى. پارتىيىنىڭ بىرلىكى ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، چۈنكى بۇنداق بىرلىك پەقەت ئىدىيە، كورسەتمىدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالدى. ئىش تاشلاش ھەركىتىگە ۋە ئىقتىسادىي كۈرەشكە مەپتۇن بولۇپ كېتىلگەنلىكتىن، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ئىچىدىكى ئاغمىچىلىقنىڭ ئالاھىدە شەكلى يەنى ئاتالمىش "ئىقتىساتۋازلىق" شۇ ۋاقىتتىلا پەيدا بولغان ئىدى. 1900 ـ يىلىنىڭ **ئاخىرىدا**، «ئۇچقۇن» گېزىتى تەرەپدارلىرى چەتئەلدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا كىرىشكەن چاغدا، شۇ ئاساستا بولگۇنچىلىك پاكىتقا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. 1900 ـ يىلى **ئەتىيازدا**، پلېخانوۋ چەتئەلدىكى "روسىيە سوتسىيال دېموكراتلار بىرلەشمىسى"دىن چېكىنىپ چىقتى ۋە ئۆز ئالدىغا "سوتسىيال دېموكراتلار" دېگەن تەشكىلاتنى قۇردى.

«ئۇچقۇن» گېزىتى ئۆز ئىشىنى باشلىغان چاغدا، بۇ ئىككى گۇرۇھ بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك كورۇنىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، پلېخانوۋ گۇرۇھى بىلەن بىرلىكتە "بىرلەشمە"گە قارشى چىقتى. بىرلىككە كەلتۇرۇش يولىدىكى ئۇرۇنۇش ("بىرلەشمە" بىلەن "سوتسىيال دېموكراتلار"نىڭ 1901 ـ يىل 6 ـ ئايدا سيۇرىختا ئوتكۈزۈلگەن قۇرۇلتىيى) نەتىجىسىز بولۇپ چىقتى. «نېمە قىلىش كېرەك؟» دېگەن كىتاپچىدا پىكىر ئىختىلاپلىرىنىڭ سەۋەپلىرى ۋە «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ تاكتىـ

كىلىرى ھەم تەشكىلىي پائالىيىتىنىڭ خاراكتىرى سىستىمىلىق بايان قىلىنىغان.

بولشىۋىكلەرنىڭ ھازىرقى مۇخالىپلىرى — مىنشىۋىكلەر ۋە بۇرژۇئا لىبىرالىزىمى لاگىرىدىكى يازغۇچىلار (كادىتلار، «يولداشلار»[266] گىزىتىدىكى "ماۋزۇسىزچىلار"[149] ۋە باشقىلار)، «نىمە قىلىش كىرەك؟» دىگەن كىتاپچىنى ھەمىشە تىلغا ئالماقتا. شۇڭا مەن بۇ كىتاپ- چىنى قايتا باستۇرغان چاغدا ئۇنى ئاز-پازلا قىسقارتتىم، تەشكىلىي مەسىلىگە دائىر بەزى جايلىرىنى ۋە بەس-مۇنازىرە خاراكتىرىدىكى پارچە-پۇرات پىكىرلەرنى چىقىرىپ تاشلىدىم. بۇ كىتاپچىنىڭ روھىي ماھىيىتى ئۈستىدە ھازىرقى كىتاپخانلارغا توۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىشنى ئەسكەرتىپ قويۇش زورۇر.

ھازىرقى ۋاقىتتا «نىمە قىلىش كىرەك؟» دىگەن كىتاپچىغا قارشى بەس-مۇنازىرە ئىلىپ بىرىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئاساسىي خاتالىغى شۇكى، ئۇلار بۇ ئەسەرنى مۇئەييەن تارىخىي ئارقا كورۇنۇشتىن ۋە پارتىيىمىز راۋاجلىنىش جەريانىدا بىسىپ ئوتكەن مۇئەييەن دەۋردىن تامامەن ئايرىۋەتتى. مەسىلەن، پارۋۇس[358] (مىنشىۋىكلەر ئۈستىدە كوپ گەپ قىلىش تىخىمۇ ھاجەتسىز) مانا مۇشۇنىداق خاتالىقنى ئوچۇقتىن-ئوچۇق ئوتكۈزدى، بۇ كىتاپچە نەشر قىلىنىپ كوپ يىللار ئوتكەندىن كىيىن، ئۇ بۇ كىتاپچىدا كەسپىي ئىنقىلاپچىلار تەشكىلاتى توغرىسىدىكى ئىدىيە توغرا بولمىغان ياكى مۇبالىغە قىلىۋىتىلگەن، دەپ يازغان ئىدى.

بۇنداق پىكىر ھازىرقى ۋاقىتتا كىشىلەردە: كىشىلەر پارتىيىمىزنىڭ تەرەققىياتىدىكى پۈتكۈل دەۋرگە، ئەينى ۋاقىتتا كورەش ئارقىلىقلا قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان، ھازىرقى ۋاقىتتا بولسا، ئاللىقاچان مۇستەھكەملىنىپ بولغان ۋە ئوزىنىڭ بۇرچىنى ئادا قىلىپ بولغان نەتىجىلەرگە كوز يۇمماقچى بولۇۋاتقانغا ئوخشايدۇ، دىگەندەك كۆلكە-

لىك تەسىرات قالدۇردۇ.

ھازىرقى ۋاقىتتا، «ئۇچقۇن» گېزىتى (**1901 ـ ۋە 1902 ـ يىللار**) كەسپىي ئىنقىلابچىلار تەشكىلاتى توغرىسىدىكى ئىدىيىنى مۇبالىغە قىلىۋەتتى، دېيىش خۇددى ياپونىيە ـ روسىيە ئۇرۇشىدىن **كېيىن** ياپونلارنى روسىيىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى مۇبالىغە قىلىۋەتتى. ئۇرۇشتىن ئىلگىرى بۇ ئەسكىرىي كۈچلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش توغرىسىدا كوپ ئەندىشىلەردە قالدى، دەپ ئەيىبلىگەنگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ياپونلار غەلىبىگە ئېرىشىش ئۈچۈن روسىيىنىڭ ئەڭ كوپ دەرىجىدە چىقىرالايدىغان ئەسكىرىي كۈچىگە قارشى پۈتۈن كۈچىنى توپلىشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى، ھازىر نۇرغۇن كىشىلەر ئەھۋالنى بىلمەي، كەسپىي ئىنقىلابچىلار تەشكىلاتى توغرىسىدىكى ئىدىيىنىڭ **ھازىر** ئۇزۇل ـ كېسىل غەلىبە قىلغانلىقىنى نەزەردە تۇتماي، بىر چەتتە تۇرۇپ پارتىيىمىزگە تاپا ـ تەنە قىلماقتا. ئۇ ۋاقىتتا، بۇ ئىدىيە **ئالدىنقى ئورۇنغا** قويۇلمىسا ۋە بۇ ئىدىيە ئۇنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان كىشىلەرگە "مۇبالىغىچىلىك" بىلەن چۈشەندۈرۈلمىسە، بۇ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

«نېمە قىلىش كېرەك؟» دېگەن كىتاپچە ـــ «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ 1901 ـ ۋە 1902 ـ يىللاردىكى تاكتىكىسى ۋە «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ تەشكىلىي سىياسىتىنىڭ **يەكۈنىدۇر**. يەنە كېلىپ دەل جايىدا چىقىرىلغان **"يەكۈن"**دۇر. كىمكى 1901 ـ ۋە 1902 ـ يىللاردىكى «ئۇچقۇن» گېزىتىنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇسا، شۇ بۇ نۇقتىغا سۆزسىز ئىشىنىدۇ①. كىمكى «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ شۇ چاغدا **ئۇستۈن**

---

① بۇ نەشرنىڭ 3 ـ تومىدا 368 مۇشۇ بىرقانچە يىل ئىچىدە «ئۇچقۇن» گېزىتىگە بېسىلغان مۇھىم ماقالىلار بېسىپ چىقىرىلغان.

تۇرۇۋاتقان تۇرغان ئىقتىساتۋازلىققا قارشى كۈرەشلىرىنى بىلمەي ۋە چۈشەنمەي تۇرۇپ، بۇ يەكۈنگە باھا بەرمەكچى بولسا، زەي سالماي پاختا ئاتقان بولىدۇ. «ئۇچقۇن» گېزىتى كەسپىي ئىنقىلابچىلار تەشكىلاتىنى قۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلدى، بولۇپمۇ 1901 ـ ۋە 1902 ـ يىللىرى قەتئىي كۈرەش قىلدى، شۇ چاغدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەپ تۇرغان ئىقتىساتۋازلىقنى يېڭىپ، ئاخىر 1903 ـ يىلى بۇ تەشكىلاتنى قۇردى، ئۇچقۇنچىلار گەرچە كېيىنكى ۋاقىتلاردا بولۇنۇپ كەتكەن، بوران ـ چاپقۇنلاردا خىلمۇ ـ خىل توسالغۇلارغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، بىراق «ئۇچقۇن» گېزىتى بۇ تەشكىلاتنى يەنىلا ساقلاپ قالدى، پۈتكۈل روسىيە ئىنقىلاۋى مەزگىلىدە بۇ تەشكىلاتنى ساقلاپ قالدى، 1901 ـ 1902 ـ يىللاردىن 1907 ـ يىلغىچە بۇ تەشكىلاتنى باشتىن ئاخىر ساقلاپ قالدى.

بۇ تەشكىلاتنى قۇرۇش يولىدىكى كۈرەش ئاللىقاچان ئاياقلاشتى. ئۇرۇق سېلىنىپ، زىرائەت پىشىپ، يىغىم ئاياقلاشتى. مۇشۇنداق ۋاقىتتا بەزىلەرنىڭ تەپ تارتماستىن ”كەسپىي ئىنقىلابچىلار تەشكىلاتى توغرىسىدىكى ئىدىيە مۇبالىغە قىلىۋېتىلدى!“ دەپ چۇقان كوتىرىشى بەكمۇ كۈلكىلىك ئەمەسمۇ؟

ئىنقىلاپتىن ئىلگىرىكى پۈتكۈل دەۋرنى ۋە ئىنقىلاپنىڭ دەسلەپكى 2 يېرىم يىلىنى (1905 ـــ 1907 ـ يىللارنى) ئومۇمەن ئەسلەپ كورىدىغان، سوتسىيال دېموكراتىك پارتىيىمىزنىڭ بۇ دەۋردىكى ئۇيۇشقاقلىقى، تەشكىللىك چانلىقى ۋە مۇكەممەل ئىزچىللىقى جەھەتتىن باشقا پارتىيىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كورىدىغانلا بولسىكىز، پارتىيىمىزنىڭ بۇ جەھەتلەردە، باشقا ھەممە پارتىيىدىن ـــ كادېتلار پارتىيىسىدىنمۇ، سوتسىيال ئىنقىلابچىلار پارتىيىسى[208] دىنمۇ ۋە باشقا پارتىيىلەردىنمۇ شەك ـ شۈبھىسىز ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىسىز. سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى كوپچىلىك تەرىپىدىن رەسمىي ئېتىراپ

قىلىنغان پارتىيە پروگراممىسىنى ئىنقىلاپتىن ئىلگىرىلا تۈزۈپ چىقـقان ئىدى، كېيىن ئۇنىڭغا بەزى تۈزىتىشلەر كىرگۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما پروگراممىنى دەپ بولۇنۇپ كەتمىدى. سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىدە كېيىن بولۇنۇش بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ 1903 ـ يىلدىن 1907 ـ يىلغىچە (رەسمىي 1905 ـ يىلدىن 1906 ـ يىلغىچە) ئەل جامائەتكە پارتىيە ئىچىدىكى ئەھۋاللارغا دائىر نۇرغۇن ماتېرىياللارنى يەتكۈزۈپ تۇردى (پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 2 ـ قۇرۇلتىيى[211]، بولشېۋىكلەرنىڭ 3 ـ قۇرۇلتىيى[224]، بىرلىككە كەلگەن 4 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ يەنى، ستوكھولم قۇرۇلتىيىنىڭ[291] خاتىرىلىرى) سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىدە كېيىنكى ۋاقىتلاردا بولۇنۇش بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاشكارا تەشكىلات قۇرۇش، سايلام تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ۋە ئۇيۇشقان پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانىغا قاراپ قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنى سايلاپ چىقىشقا ئوخشاش كۆڭۈلدىكىدەك دېموكراتىك تۈزۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن غىل ـ پال قىلىپ ئوتتۇپ كەتكەن ئەركىنلىك دەۋرىدىن باشقا پارتىيىلەرگە قارىغاندا بالدۇرراق پايدىلاندى. سوتسىيال ئىنقىلابچىلار پارتىيىسىمۇ بىزگە قارىغاندا ھەددى ـ ھېساپسىز كوپ مەبلەغقە، مەتبۇئاتلاردىن كەڭ پايدىلىنىش ۋە ئاشكارا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان، ئاساسەن دىگۇدەك ئاشكارا ھەركەت قىلالايدىغان، ئەڭ ياخشى تەشكىللەنگەن بۇرژۇئا پارتىيىسى ھېساپلىنىدىغان كادېتلار پارتىيىسىمۇ ھازىرغا قەدەر ئۇنداق قىلالىغىنى يوق. ھەممە پارتىيە قاتناشقان ئىككىنچى دۇما سايلىمى پارتىيىمىزنىڭ ۋە دۇما تەركىۋىدىكى پارتىيە ئومىگىمىزنىڭ باشقا پارتىيىلەرگە قارىغاندا تەشكىلىي جەھەتتىكى ياخشىراق ئۇيۇشقانلىقىنى روشەن ئىسپاتلىمىدىمۇ؟

خوش، پارتىيىمىزنى كىم مۇشۇنداق ئەڭ ئۇيۇشقان، مۇستەھكەم ۋە مەزمۇت پارتىيە قىلدى، بۇنى كىم ئەمەلگە ئاشۇردى؟ بۇنى ئاساسەن

«ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ قاتنىششى ئارقىسىدا قۇرۇلغان كەسپىي ئىنقىلابچىلار تەشكىلاتى ئەمەلگە ئاشۇردى. پارتىيىمىزنىڭ تارىخىنى ياخشىراق بىلىدىغان، پارتىيىنىڭ قۇرۇلۇش جەريانىنى بىۋاستە بېشىدىن كەچۈرگەنلىكى، كىشى پارتىيىمىز ئىچىدىكى ھەرقانداق بىر گۇرۇھ ۋەكىللىرىنىڭ تەركىۋىگە، مەسىلەن، لوندوندا ئۆتكۈزۈلگەن قۇرۇلتايغا[364] قاتناشقان گۇرۇھلارنىڭ ۋەكىللىرى تەركىۋىگە سەل نەزەر سېلىپ قويسىلا، بۇنىڭغا ئىشىنىدۇ، باشقا پارتىيە ئەزالىرىغا قارىغاندا كۆپرەك جان كۆيدۈرۈپ پارتىيىنى يېتىشتۈرگەن ۋە ۋايىغا يەتكۈزگەن بىر تۈركۈم پىشقەدەم تايانچلارنىڭ بارلىقىنى دەرھال كۆرۈۋالىدۇ. ئەلۋەتتە، ئەڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنى قۇرۇپ چىققان ئىشچىلار سىنىپى ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئۆزىنىڭ كارامەت تەشكىللىچانلىقى بىلەن كاپىتالىستىك جەمىيەتتىكى باشقا ھەرقانداق سىنىپتىن ئېشىپ چۈشىدىغانلىقى بۇ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئاساسىي شەرت بولدى. بۇ شەرت بولمىغان بولسا، كەسپىي ئىنقىلابچىلار تەشكىلاتى ئويۇنچۇق، تەۋەككۈلچىلىك، قۇرۇق ۋىۋىسكا بولۇپ قالغان بولاتتى، شۇڭا، «نېمە قىلىش كېرەك؟» دېگەن كىتابچىدا شۇ نەرسە قايتا-قايتا تەكىتلەنگەنلىكى، بۇ كىتابچىدا ياقلانغان تەشكىلات ”كۈرەشكە ئىستىخىيىلىك ھالدا قاتناشقان ھەقىقىي ئىنقىلاۋىي سىنىپ“ بىلەن بىرلەشكەندىلا، ئاندىن ئەھمىيەتلىك بولىدۇ. لېكىن پرولېتارىياتنىڭ سىنىپ بولۇپ بىرلىشىش يولىدىكى زور ئوبيېكتىپ قابىلىيىتى ھايات كىشىلەر ئارقىلىق، يەنە كېلىپ مۇئەييەن تەشكىلىي شەكىل ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئېلىمىزنىڭ تارىخىي شارائىتىدا، 1900 — 1905-يىللاردىكى روسىيىدە، «ئۇچقۇن» گېزىتىدىن باشقا، ھەرقانداق بىر تەشكىلات ھازىر قۇرۇلۇپ بولغان سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىدەك پارتىيىنى قۇرۇپ **چىقالمايتتى**. كەسپىي ئىنقىلابچىلار ئۆزلىرىنىڭ

روسىيە پۈرولېتارىيات سوتسىيالىزىمى تارىخىدىكى ئىشىنى ئورۇنلىدى. 1902 — 1905 ـ يىللاردىكى "گۇرۇپپىلار"نىڭ تارىخىدىن ئاللىقاچان بۇسۇپ چىقىپ كەتكەن بۇ ئىشنى ھازىر ھەرقانداق كۆچ بۇزالمايدۇ. ئەينى چاغدا بۇ ۋەزىپىلەرنى پەقەت كۈرەش ئارقىلىق توغرا بېجىرگەن كىشىلەردىن جەڭگىۋار ۋەزىپىلەرنى مۇبالىغە قىلىۋەتتى، دەپ قىلىۋاتقان ئاخىرقى زارلىنىشلار قولغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ئەھمىيىتىنى يوققا چىقىرىۋېتەلمەيدۇ.

مەن بايا كونا «ئۇچقۇن» گېزىتى («ئۇچقۇن» گېزىتى 1903 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدىكى 51 ـ ساندىن باشلاپ مېنشېۋىزىم تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن، ئۇ: "كونا ـ يېڭى «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ ئارىلىغىدا بىر ھاڭ بار" دەپ ئېلان قىلغان، — بۇ، مېنشېۋىكلەر «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ تەھرىر بولۇمى ماختىغان تروتسكىنىڭ كىتاپچىسىدىكى بىر جۈملە سۆز) دەۋرىدىكى گۇرۇپپىلار تارىخىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتۈم. ھازىرقى كىتاپخانىلارغا بۇ خىل گۇرۇپپىچىلىق ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتۈشمىز كېرەك. مەيلى «نىمە قىلىش كېرەك؟» دىگەن كىتاپچىدىن بولسۇن ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن نەشر قىلىنغان «بىر قەدەم ئالغا، ئىككى قەدەم ئارقىغا»① دىگەن كىتاپچىدىن بولسۇن، كىتاپخانىلار **جەنئەلدىكى گۇرۇپپىلاردا** كەسكىن، كوپىنچە دەھشەتلىك ۋە شەپقەتسىز كۈرەشلەر ئېلىپ بېرىلغانلىغىنى بىلىدۇ. بۇنداق كۈرەشلەرنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرى كىشىلەرنى قىزىقتۇرمايدىغانلىغى شەكسىز. گۇرۇپپىلاردىكى بۇنداق كۈرەشنىڭ ئىشچىلار ھەركىتى تازا يېتىلمىگەن ۋە كامالەت تاپمىغان مەملىكەتتىلا مەيدانغا كېلىدىغان ھادىسە ئىكەنلىگى شەكسىز. شۇ نەرسىمۇ شەكسىزكى،

① «لېنىن ئەسەرلىرى»، 7 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 189 ـ 420 ـ بەتلەرگە قارالسۇن. — تەھرىردىن

سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ نوۋەتتىكى ۋەزىپىلىرىنى جىددىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، روسسىيىدىكى هازىرقى ئىشچىلار هەركىتىنىڭ هازىرقى ئەرباپلىرى گۇرۇپپىچىلىقنىڭ خىلمۇ-خىل ئەنئەنىلىرىدىن ئالاقىنى ئۈزۈشى، گۇرۇپپا تۇرمۇشى بىلەن گۇرۇپپا ماجىراسىنىڭ نۇرغۇن ئۇششاق-چۈششەك ئىشلىرىنى ئېسىدىن چىقىرىپ تاشلاشلىرى ۋە ئۇنى چۆرۈپ تاشلاشلىرى لازىم. پارتىيىنىڭ پرولېتارلار ھىساۋىغا كېڭىيىشى ھەم ئاشكارا ئاممىۋى ھەركەتكە ماسلىشىشى ئارقىسىدىلا ئوتتۇرىغا مىراس بولۇپ قالغان ۋە نوۋەتتىكى ۋەزىپىلەرگە ماس كەلمەيدىغان گۇرۇپپىچىلىقنىڭ ھەممە قالدۇقلىرىنى تۈگەتكىلى بولىدۇ. بولشېۋىكلەر 1905-يىلى 11-ئايدىكى «يېڭى ھايات» گېزىتىدە[369]: ئاشكارا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا شەرت-شارائىت يار بەرگەن ھامان، ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ دېموكراتىك تەشكىلاتىغا كۆچىدىغانلىقىنى جاكالىغان ئىدى①، بۇ كۆچۈش ماھىيەتتە ئىلگىرىكى گۇرۇپپىچىلىقنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن نەرسىلەردىن ئادا-جۇدا بولۇش ئىدى......

شۇنداق، "ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن نەرسىلەردىن ئادا-جۇدا بولۇش ئىدى"، چۈنكى گۇرۇپپىچىلىقنى ھە دەپ ئەيىپلەۋېرىش كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۆتكەن دەۋردىكى ئالاھىدە شارائىتتا ئوينىغان رولىنى چۈشىنىشكىمۇ ماھىر بولۇش لازىم، ئەينى چاغدا گۇرۇپپا زۆرۈر ئىدى ۋە ئۇلار ئاكتىپ رول ئوينىغان ئىدى. ئومۇمەن مۇستەبىت مەملىكەتلەردە بولۇپمۇ روسىيە ئىنقىلاۋى ھەركىتىنىڭ پۈتكۈل تارىخى ھاسىل قىلغان ئەشۇنداق شارائىتتا، سوتسىيالىستىك ئىشچىلار پارتىيىسى پەقەت گۇرۇپپىلار ئاساسىدىلا راۋاجلىنالايتتى.

---

① «لېنىن ئەسەرلىرى»، 10-توم، خەنزۇچە نەشرى، 10-19-بەتلەرگە قارالسۇن.— تەھرىردىن

گۇرۇپپىلار يەنى ئالاقىسى زىچ بولغان، بىكىنىۋالغان ھەممىشە دىگۈدەك شەخسلەرنىڭ دوستلۇغى ئاساسىغا ئۇرنىتىلغان ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ بۇنداق بىرلىشىشى — روسىيىدىكى سوتسىيالىزىم ۋە ئىشچىلار ھەركىتى ئۈچۈن زورۇر بولغان تەرەققىيات باسقۇچى ئىدى.

بۇ ھەركەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، بۇ گۇرۇپپىلارنى بىرلەشتۈرۈش، گۇرۇپپىلار ئارىسىدا مۇستەھكەم ئالاقە ئۇرنىتىش ۋە ئىزچىللىقنى ساقلاش ۋەزىپىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، مۇستەبىتلىك "تەسىر دائىرىسىنىڭ سىرتى" دا **يەنى چەتئەلدە** مۇستەھكەم بازا قۇرماي بولمايتتى. چەتئەلدىكى گۇرۇپپىلار مانا مۇشۇنداق زورۇرىيەت بىلەن مەيدانغا كەلدى. ئۇ چاغدا گۇرۇپپىلار ئارىسىدا تېخى ئالاقە يوق ئىدى، ئۇلار ئالدىدا روسىيە پارتىيىسىنىڭ ئابرويى تېخى تىكلەنمىگەن ئىدى. شۇڭا نوۋەتتىكى ھەركەتنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىلىرىنى چۈشىنىشتە، يەنى بىرەر بازىنى **قانداق** قۇرۇش ۋە پۈتۈن پارتىيىنىڭ قۇرۇلۇشىغا قايسى تەرەپلەردىن تۈرتكە بولۇش كېرەكلىكىنى چۈشىنىشتە ئىختىلاپ پەيدا بولۇشى تەبىي ئىدى. بۇنداق شارائىتتا، بۇ گۇرۇپپىلار ئوتتۇرىسىدا كۈرەش بولۇشى مۇقەررەر ئىدى. ئەمدى بىز ئۆتمۈشكە نەزەر سالساقلا، قايسى گۇرۇپپىنىڭ ھەقىقى تۈردە بازىلىق رول ئوينىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. بىراق گۇرۇپپىلار ئەمدىلا پائالىيەتكە كىرىشكەن شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە بۇنى ھېچكىم مۆئەييەنلەشتۈرەلمەيتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن تالاش-تارتىشلارنى پەقەت كۈرەشلا ھەل قىلالايتتى.

ئېسىمدە قېلىشىچە، كېيىنكى ۋاقىتلاردا پارۋۇس كونا «ئۈچقۇن» گېزىتىنى شەپقەتسىز گۇرۇپپا كۈرىشى ئېلىپ باردى، دەپ ئەيىبلىگەن ھەمدە بولغۇلۇق بولۇپ بولغاندىن كېيىن مۇرەسسەچىلىك سىياسىتىنى تەرغىپ قىلغان. ئىش تۈگىگەندىن كېيىن بۇنداق گەپلەرنى قىلىش ئوڭاي، بۇ دەل ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى شارائىتتىن خەۋەرسىز

ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بىرىنچىدىن، شۇ چاغدا بۇ ياكى ئۇ گۇرۇپپىنىڭ كۈچىنى ۋە **مۇكەممەللىك دەرىجىسىنى** ئۆلچەيدىغان ھېچقانداق ئۆلچەم يوق ئىدى. قۇرۇق نام كۆتىرىپ يۈرگەن، ھازىر خەقلەرنىڭ ئېسىدىن ئاللىقاچان كۆتىرىلىپ كەتكەن، ئەمما شۇ چاغدا ئۆزلىرىنىڭ ياشاش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرەش ئارقىلىق ئىسپاتلىماقچى بولغان گۇرۇپپىلار خېلى جىق ئىدى. ئىككىنچىدىن، گۇرۇپپىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپلار شۇ چاغدا ئەمدىلا باشلىنىۋاتقان يېڭى ئىشلارنى قانداق **ئىشلەش** ئۈستىدە كېلىپ چىققان ئىختىلاپلار ئىدى. مەن شۇ چاغدىلا («نېمە قىلىش كېرەك؟» دېگەن كىتابچىدا) ئىختىلاپلار ناھايىتى كىچىكتەك كۆرۈنىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە، چۈنكى، يېڭى ئىش باشلىنىۋاتقان چاغدا، سوتسىيال دېموكراتىيە ھەرىكىتى باشلىنىۋاتقان چاغدا بۇ ئىش ۋە بۇ ھەرىكەتنىڭ ئومۇمى خاراكتېرىنى بەلگىلەش تەشۋىقات، تەرغىبات ۋە تەشكىلات خىزمىتىگە ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسىتىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن ئىدىم. سوتسىيال دېموكراتلار ئوتتۇرىسىدا كېيىنكى ۋاقىتلاردا يۈز بەرگەن ھەممە تالاش-تارتىش ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ ئايرىم ئەھۋاللاردا سىياسىي پائالىيىتىنى قانداق ئېلىپ بېرىش ئۈستىدە بولدى. ھالبۇكى ئۇ چاغدا بۇ تالاش-تارتىشلار ئومۇمەن **ھەرقانداق** سوتسىيال دېموكراتىزىملىق سىياسەتنىڭ ئەمەل قىلىشى شەرت بولغان ئەڭ ئومۇمى پىرىنسىپ ۋە ئەڭ تۈپ ۋەزىپىلەرنى بەلگىلەش ئۈستىدە بولغان ئىدى.

گۇرۇپپا شەكلى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولدى، ھازىر ئۇنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى، ئەلۋەتتە. گۇرۇپپا كۈرىشى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىگە دائىر تۈپ مەسىلىلەرنى ئىنتايىن كەسكىن قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ھەم بۇ مەسىلىلەرنى مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدىغان ئىنقىلاۋىي روھ بىلەن ھەل قىلغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن

پارتىيىنىڭ كەڭ دائىرىدىكى خىزمەتلىرى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس يارىتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈنلا ۋە پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈنلا ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى.

«نىمە قىلىش كېرەك؟» دېگەن كىتابچە يازغۇچىلىق ساھەسىدە پەيدا قىلىغان نۇرغۇن جۇزئى مەسىلىلەردىن ھازىر توۋەندىكى ئىككىسى ئۈستىدىلا توختىلىپ ئۆتىمەن. پلېخانوۋ 1904-يىلى يەنى «بىر قەدەم ئالغا، ئىككى قەدەم ئارقىغا» دېگەن كىتابچە نەشر قىلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا «ئۇچقۇن» گېزىتىدە ئىستىخىيىلىك ۋە ئاڭلىقلىق مەسىلىسىدە ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا پىرىنسىپال ئىختىلاپلار بارلىغىنى ئېيتىپ داۋراڭ كوتەردى. مەن ئۇنىڭ بۇ باياناتىغا (جەنۋەدە چىقىدىغان «ئالغا»[270] گېزىتىگە بېسىلغان بەت ئاستى ئىزاھى[370] نى ھىساپقا ئالمىغاندا) جاۋاپ بەرمىدىم، مېنشېۋىك-لەرنىڭ كىتاپ-ژورناللىرىدا كوپ ئۇچرايدىغان مۇشۇ خىلدىكى سوزلەرگىمۇ جاۋاپ بەرمىدىم، جاۋاپ بەرمىگەنلىگىمنىڭ سەۋىۋى شۇكى، پلېخانوۋ ئوز تەنقىدىدە كىتابچىنىڭ ئومۇمى مەزمۇنىنى ۋە پۈتكۈل روھىنى زادىلا نەزەرگە ئالماي، تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەپ، ئۇ يەر-بۇ يەردىن ئۈزۈۋېلىپ مېنىڭ تازا مۇۋاپىق ياكى تازا جايىدا ئىپادىلەپ كېتەلمىگەن ئايرىم سوزلىرىمگە ئېسىلىۋالدى. «نىمە قىلىش كېرەك؟» دېگەن كىتاپ 1902-يىلى 3-ئايدا چىقتى. پارتىيە پروگىراممىسىنىڭ لايىھىسى (پلېخانوۋ يازغان ھەم «ئۇچقۇن» گېزىتى تەھرىر بولۇمى تۈزىتىش كىرگۈزگەن) 1902-يىلى 6-ئاي ياكى 7-ئايدا بېسىلدى. بۇ لايىھىنىڭ ئىستىخىيىلىك بىلەن ئاڭلىقلىق-نىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى شەرھىلىرىگە «ئۇچقۇن» گېزىتى تەھرىر بولۇمى بىردەك قوشۇلغان (پلېخانوۋ تەھرىر بولۇمىدە پارتىيە-نىڭ پروگىراممىسى مەسىلىسى ئۈستىدە مەن بىلەن تالاش-تارتىش قىلدى، بىراق تالاش-تارتىش بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئەمەس،

بەلكى يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىشنى چەتكە
قاققانلىقى ۋە پۇرولېتارىياتنىڭ ياكى ئادەتتىكى ئەمگەكچىلەر سىنىپى-
نىڭ باشقىچە كۆزقاراشتا بولۇۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى مەسىلىلەر
ئۈستىدە بولدى، يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىشنى
چەتكە قاققانلىقى مەسىلىسى ئۈستىدە مەن پلېخانوۋنىڭ ئوتتۇرىغا
قويغىنىدىنمۇ ئېنىقراق تەرىپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلدىم، پۇرولېتا-
رىياتنىڭ ياكى ئادەتتىكى ئەمگەكچىلەر سىنىپىنىڭ باشقىچە كۆز-
قاراشتا بولۇۋاتقانلىقى مەسىلىسىدە، مەن پارتىيىنىڭ ساپ پۇرولېتا-
رىياتلىق خاراكتېرىغا تېخىمۇ مۇكەممەلرەك تەبىر بېرىشىنى تەلەپ
قىلدىم.)

دېمەك بۇ مەسىلىدە پۇروگرامما لايىھىسى بىلەن «نېمە قىلىش
كېرەك؟» دېگەن كىتابچە ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇ پىرىنسىپال پەرق
بارلىقى ئۈستىدە زادىلا ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. 2-قۇرۇلتايدا
(1903-يىل 8-ئاي) شۇ چاغدىكى ئىقتىساتۋاز مارتىنوۋ بىزنىڭ
پۇروگراممىدا ئىستىخىيىلىك ۋە ئاڭلىقلىق ئۈستىدە بايان قىلىنغان
كۆزقاراشلىرىمىزغا قارشى چىققان ئىدى. مەن «بىر قەدەم ئالغا،
ئىككى قەدەم ئارقىغا» دېگەن كىتابچىدا بارلىق ئۇچقۇنچىلار مارتىنوۋقا
قارشى دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتكەن ئىدىم. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋې-
لىش مۇمكىنكى، پىكىر ئىختىلاۋى ئەمەلىيەتتە ئۇچقۇنچىلار بىلەن
ئىقتىساتۋازلار ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىدى، ئىقتىساتۋازلار بولسا،
«نېمە قىلىش كېرەك؟» دېگەن كىتابچىدىمۇ، پۇروگرامما لايىھىسى-
دىمۇ كۆرسىتىلگەن ئورتاق نەرسىگە ھۇجۇم قىلغان ئىدى. مەن
2-قۇرۇلتايدا «نېمە قىلىش كېرەك؟» دېگەن كىتابچىدا ئوتتۇرىغا
قويغان شەرھىلىرىمنى پەۋقۇلئاددە پىرىنسىپلاردىن ئىبارەت ”پۇروگ-
راممىلىق“ نەرسە قىلىش ئويىدا بولمىدىم. بۇنىڭ ئەكسىچە، مەن
كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھەمىشە نەقىل كەلتۈرۈلۈپ تۇرغان ئەگرىنى

تۈز قىلىمەن دىسەڭ چېكىدىن ئاشۇرۇۋەت، دېگەن سوزنى ئىشلەتتىم. مەن «نېمە قىلىش كېرەك؟» دېگەن كىتابچىدا ئىقتىساتۋازلار ئەگرى قىلىۋەتكەن تاياقنى تۈز قىلىپ قويۇش كېرەك، دېدىم (1904 - يىلى جەنۋەدە نەشىر قىلىنغان «1903 - يىلدىكى روسىيە سوتسىيال دېموكىراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ 2 - قۇرۇلتىيىنىڭ خاتىرىلىرى» گە قارالسۇن). بىز ئەگرىنى ھارماي - تالماي تۈز قىلىپ كەلگەنلىگىمىز ئۈچۈن، بىزنىڭ تايىقىمىز مەڭگۈ ئەڭ تۈز بولىدۇ①.

بۇ گەپلەرنىڭ مەنىسى ئېنىق: «نېمە قىلىش كېرەك؟» دېگەن كىتابچە مۇنازىرە شەكلى بىلەن ئىقتىساتۋازلىققا خاتىمە بېرىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى، شۇڭا كىتابچىنىڭ مەزمۇنىغا ئۇنىڭ بۇ ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغان ھالدا قاراش توغرا ئەمەس. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەنكى، پلېخانوۋنىڭ «نېمە قىلىش كېرەك؟» دېگەن كىتابچىغا قارشى يازغان ماقالىلىرى يېڭى «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ توپلىمى («2 يىلدىن بۇيان») غا **كىرگۈزۈلمىگەن**، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ھازىر پلېخانوۋنىڭ دەلىل - ئاساسلىرى ئۈستىدە توختالمىدىم، پەقەت ھازىرقى كىتابخانلارغا مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈپلا قويدۇم، چۈنكى ئۇلار مېنشېۋىكلەرنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندا بۇ مەسىلە توغرىسىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىللەرگە دۇچ كېلىشى مۇمكىن.

ئىككىنچى مەسىلە — ئىقتىسادىي كۈرەش ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى توغرىسىدىكى مەسىلە. مېنىڭ بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدىكى كۆزقاراشلىرىم كىتاب - ژۇرناللاردا ھەمىشە بۇرمىلىنىپ كەلدى. شۇڭا شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، «نېمە قىلىش كېرەك؟» دېگەن كىتابچىدا نۇرغۇن سەھىپە ئاجرىتىلىپ، ئىقتىسادىي كۈرەش ۋە

① «لېنىن ئەسەرلىرى»، 6 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 445 - بەتكە قارالسۇن. — تەھرىردىن

ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ **زور** ئەھمىيەتى شەرھىلەندى. ئۇنىڭدا
مەن شۇ چاغدا ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ **بىتەرەپلىگىنى** قوللايدىغان-
لىغىمنى بىلدۈرگەن ئىدىم. ئەنە شۇ چاغدىن ئېتىۋارەن، كىتاپلىرىمدا
بولسۇن ياكى گېزىتلەرگە يازغان ماقالىلىرىمدا بولسۇن، **مەن
گېپىمدىن يېنىۋالمىدىم**، بۇ دەل رەقىپلىرىمنىڭ خىلمۇ-خىل
ھوكمىنىڭ ئەكسىچە بولدى. پەقەت روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك
ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ لوندون قۇرۇلتىيى ۋە خەلقارا سوتسىيالىست-
لارنىڭ شتۇتگارت قۇرۇلتىيىلا مېنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ
بىتەرەپلىگىنى **پىرىنسىپال** ياقلاش ئاقمايدۇ، دېگەن خۇلاسىگە
كېلىشكە مەجبۇر قىلدى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى پارتىيىگە مۇستەھكەم
باغلىنىشى لازىم — بۇ بىردىن-بىر توغرا پىرىنسىپ. ئىشچىلار
ئۇيۇشمىلىرىنى پارتىيىگە يېقىنلاشتۇرۇش ۋە باغلاش ئۈچۈن
تىرىشىش — بۇ بىزنىڭ سىياسىتىمىز بولۇشى كېرەك، شۇنداقلا ئۇنى
بارلىق تەشۋىقات، تەرغىبات ۋە تەشكىلىي خىزمىتىمىزدە قەتئىي
ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز كېرەك. بۇنىڭدا ھەم قۇرۇقتىن-قۇرۇق "ئېتىراپ
قىلىش" قا بېرىلىپ كەتمەسلىگىمىز، ھەم ئۇزىمىز بىلەن بىر پىكىردە
بولمىغان كىشىلەرنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىدىن قوغلاپ چىقارماسلى-
غىمىز كېرەك.

* * *

«بىر قەدەم ئالغا، ئىككى قەدەم ئارقىغا» دېگەن كىتاپچە 1904-
يىلى يازدا جەنۋەدە چىقتى. ئۇنىڭدا مېنشېۋىكلەر بىلەن بولشېۋىكلەر
ئوتتۇرىسىدا 2-قۇرۇلتايدا (1903-يىل 8-ئاي) يۈز بەرگەن پار-
چىلىنىشنىڭ 1-باسقۇچى بايان قىلىنىدۇ. مەن بۇ كىتاپچىنىڭ يېرى-
مىنى دېگۈدەك قىسقارتىۋەتتىم، چۈنكى تەشكىلىي مەسىلە ئۈستىدىكى
كۈرەشكە دائىر تەپسىلاتلار بولۇپمۇ پارتىيە مەركىزىي ئورگىنىنىڭ
نامزاتلىرى مەسىلىسى ئۈستىدىكى كۈرەشلەر ھازىرقى كىتاپخانلارنى

ھەرگىز قىزىقتۇرمايدۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنى ئۇنتۇش كېرەك ئىدى. مېنىڭچە، بۇ يەردە تاكتىكا نۇقتىسىنەزىرى ۋە باشقا ھەر خىل نۇقتىنەزەرلەرگە دائىر كۈرەشلەر ئۈستىدە 2 ـ قۇرۇلتايدا قىلىنغان تەھلىل ھەم مېنشېۋىكلەرنىڭ تەشكىلىي نۇقتىسىنەزىرىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان مۇنازىرە ھەممىدىن مۇھىم. مەملىكىتىمىز ئىنقىلاۋىدا ئىشچىلار پارتىيەلىرىنىڭ پۈتكۈل پائالىيەتلىرىدە ئىز قالدۇرغان مېنشېۋىكلەر بىلەن بولشېۋىكلەردىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئىدىيىۋى ئېقىمنى چۈشىنىش ئۈچۈن، بۇ ئىككى نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زورۇر.

سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ 2 ـ قۇرۇلتىيىدا بولغان تالاش ـ تارتىشلاردىن يەر پروگراممىسى توغرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشنى ئالاھىدە كۆرستىپ ئۆتىمەن. پاكىتلار شۇنى شەك ـ شۈبھىسىز ئىسپاتلىدىكى، شۇ چاغدىكى پروگراممىمىز (كېسىۋېلىنغان يەرلەرنى قايتۇرۇپ بېرىش) بەكمۇ تار بولۇپ قالغان، ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزىملىق دېخانلار ھەرىكىتىنىڭ كۈچى **تولۇقىمۇ توۋەن مولچەرلەنگەن**، — بۇ ھەقتە مەن مۇشۇ نەشرىنىڭ 2 ـ تومى①دا تەپسىلى توختىلىمەن. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە كۆرستىپ ئۆتۈش مۇھىمكى: **ئىنتايىن تار بولغان مۇشۇنداق بىر** يەر پروگراممىسىمۇ شۇ چاغدا سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئوڭ قانىتىنىڭ نەزىرىدە **بەك كەڭ بولۇپ كەتتى**، دەپ قارالغان ئىدى. مارتىنوۋ ۋە باشقا ئىقتىسادىزملار بۇ پروگراممىغا بەك يىراقلىشىپ كەتكەندەك تۇرىدۇ، دەپ قارشى چىقتى! بۇنىڭدىن كونا «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ ئىقتىسادىزملىقا قارشى پۈتكۈل كۈرىشىنىڭ يەنى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى سىياسىتىنىڭ پۈتكۈل خاراكتېرىنى تارايتىشقا ۋە چوكۇرۇشكە قارشى كۈرىشىنىڭ نەقەدەر زور ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى

① «لېنىن ئەسەرلىرى»، 13 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 234 ـ 236 ـ بەتلەرگە قارالسۇن. — تەھرىردىن

كورۇۋالغىلى بولىدۇ.
مېنشېۋىكلەر بىلەن بولغان پىكىر ئىختىلاپلىرى ئۇ چاغدا (1904ـ
يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا) تەشكىلىي مەسىلىلەر ئۈستىدىلا بولدى.
مەن مېنشېۋىكلەرنىڭ مەيدانى "تەشكىلىي مەسىلىدىكى ئاغمىچىلىق"،
دېگەن ئىدىم. پ. ب. ئاكسېلرود بۇنداق دېيىشكە قارشى چىقتى، ئۇ
كائۇتسكىغا يازغان خېتىدە: "پروگراما ۋە تاكتىكىلىق نۇقتىـ
نەزەر بىلەن ئورگانىك باغلىنىشى بولمىغان مۇستەقىل بىر نەرسە
سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان 'تەشكىلىي مەسىلىدىكى ئاغمىچىلىق'
دېگەن سۆزنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە ئەقلىم يەتمىدى، چۈشىنەلمەيۋاتىـ
مەن" دېگەن. (1904ـيىلى 6ـئاينىڭ 6ـكۈنى كائۇتسكىغا يېزىلغان
خەت، يېڭى «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ «ئىككى يىلدىن بۇيان» دېگەن
توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن، 2ـقىسىم 149ـبەت)
مېنشېۋىزىمنىڭ 1905 ـــ 1907ـيىللاردىكى پۈتكۈل تارىخى
تەشكىلىي نۇقتىنەزەر جەھەتتىكى ئاغمىچىلىقنىڭ تاكتىكىلىق نۇقتىـ
نەزەر جەھەتتىكى ئاغمىچىلىق بىلەن قانداق ئورگانىك باغلىنىشى
بارلىقىنى تولۇق كۆرسىتىپ بەردى. "چۈشەنگىلى بولمايدىغان" "تەشـ
كىلىي مەسىلىدىكى ئاغمىچىلىق" دېگەن نەرسىگە كەلسەك، ئەمىلىي
تۇرمۇش مەن بەرگەن باھانىڭ توغرىلىقىنى شۇنداق روشەن دەلىلـ
لەپ بەردىكى، بۇنداق بولۇشنى كۈتمىگەن ئىدىم. بۇنىڭدا ئاكسېلـ
رودنىڭ تەشكىلىي پىلانى (سېسىق نامى پۇر كەتكەن "ئىشچىلار
قۇرۇلتىيى"[311] ۋاھاكازالار)نىڭ پرولېتارىيات ئىشلىرىغا زىيان
يەتكۈزىدىغان بولغۇنچىلىقلا پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا
مەجبۇر بولۇۋاتقان مېنشېۋىك چېرېۋانىننى مىسالغا ئالساقلا كۇپايە
قىلىدۇ (ئۇنىڭ سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ
1907ـيىلى لوندوندا ئۆتكۈزۈلگەن قۇرۇلتىيىغا دائىر كىتاپچىسىغا
قارالسۇن). شۇنداق بولۇپلا قالماستىن، ئاشۇ مېنشېۋىك چېرېۋانىن

مەزكۇر كىتاپچىسىدا پلېخانوۋ لوندوندا مېنشېۋىكلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا
"تەشكىلىي جەھەتتىكى ھوكۇمەتسىزلىك"كە قارشى تۇرۇشقا مەجبۇر
بولغان ئىدى، دەپ يازدى. قىسقىسى، چېرېۋانىن بىلەن پلېخانوۋ
1907-يىلى كۈچلۈك مېنشېۋىكلەر ئىچىدە "تەشكىلىي جەھەتتىكى
ھوكۇمەتسىزلىك"نىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان
ئىكەن، ئۇنداقتا، مېنىڭ 1904-يىلى "تەشكىلىي مەسىلىدىكى ئاغمى-
چىلىق"قا قارشى تۇرغانلىقىممۇ ئاساسسىز بولماپتۇ.

مېنشېۋىكلەر تەشكىلىي جەھەتتىكى ئاغمىچىلىقتىن تاكتىكا جەھەت-
تىكى ئاغمىچىلىققا ئۆتتى. «يەرلىك ئاپتونومىيە ھەركىتى ۋە ‹ئۇچقۇن›
گېزىتىنىڭ پىلانى»① دېگەن كىتاپچىدا (1904-يىلىنىڭ ئاخىرى، 11-
ياكى 12-ئايلاردا جەنۋەدە چىققان بولسا كېرەك) ئۇلارنىڭ بۇ يولدا
تاشلىغان بىرىنچى قەدىمى كورسىتىپ ئوتۈلگەن ئىدى. ھازىرقى
كىتاپ-ژورناللاردا يەرلىك ئاپتونومىيە ھەركىتى مەسىلىسىدىكى پىكىر
ئىختىلاپلىرى بولشېۋىكلەرنىڭ يەرلىك ئاپتونومىيە ئىدارىسىدىكى 71
ئەرباپلارغا قارشى نامايىش ھېچقانداق پايدا بەرمەيدۇ، دەپ قارىغان-
لىقىدىن كېلىپ چىققان، دەيدىغان بىر خىل كوزقاراشنى ھەمىشە
ئۇچراتقىلى بولىدۇ. كىتاپخانىلار بۇنداق كوزقاراشنىڭ تامامەن
خاتا ئىكەنلىكىنى چوقۇم چۈشىنىدۇ. پىكىر ئىختىلاپلىرى شۇنداق
كېلىپ چىققان ئىدىكى شۇ چاغدا مېنشېۋىكلەر لىبېراللارنى **ۋەھىمىگە**
سېلىپ قويماسلىق كېرەكلىكى ئۈستىدە ھە دەپ گەپ ساتقان ئىدى،
بولۇپمۇ 1902-يىلدىكى روستوۋ ئىش تاشلىشى، 1903-يىلى يازدىكى
ئىش تاشلاش ۋە كوچا ئۇرۇشى يۈز بەرگەندىن كېيىن، يەنى
1905-يىل 9-يانۋار ھارپىسىدا مېنشېۋىكلەر يەرلىك ئاپتونومىيە

① «لېنىن ئەسەرلىرى»، 7-توم، خەنزۇچە نەشرى، 488-507-
بەتلەرگە قارالسۇن. — تەھرىردىن

ئىدارىسىدىكى ئەرباپلارغا قارشى نامايىشنى نامايىش ھەرىكىتىنىڭ **ئالىي شەكلى** دەپ ماختىغان ئىدى. بولشېۋىكلەرنىڭ «ئالغا» گېزىتىنىڭ 1-سانى (1905-يىلى 1-ئايدا جەنۋەدە نەشر قىلىندى)دا مېنشېۋىكلەرنىڭ «يەرلىك ئاپتونومىيە ھەرىكىتى پىلانى»غا بېرىلگەن بۇنداق باھانى مۇشۇ مەسىلىگە باھا بېرىلىپ يېزىلغان پېلىيەتونىنىڭ «پۈرولېتارلارنىڭ كېلىشكەن نامايىشلىرى ۋە زىيالىلارنىڭ قاملاشمىغان سۆزلىرى»① دىگەن تېمىسىدىنلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ئاخىرقى بىر كىتابچە «سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاپتىكى ئىككى تاكتىكىسى»② 1905-يىلى يازدا جەنۋەدە چىقتى. ئۇنىڭدا مېنشېۋىكلەر بىلەن بولغان تاكتىكا جەھەتتىكى **تۈپ** ئىختىلاپلا سىستېمىلىق بايان قىلىندى. ئەتىيازدا لوندوندا ئېچىلغان «روسسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ 3-قۇرۇلتىيى» (بولشېۋىكلەر)نىڭ قارارلىرى ۋە مېنشېۋىكلەرنىڭ جەنۋەدە ئۆتكۈزۈلگەن ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قارارلىرى بۇ ئىختىلاپلارنى تامامەن مۇقىملاشتۇردى ھەمدە بۇ ئىختىلاپلارنى مەملىكىتىمىزدىكى پۈتكۈل بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىغا پۈرولېتارىياتنىڭ ۋەزىپىلىرى نۇقتىسىدىن قاراپ باھا بېرىشتىكى **تۈپ** ئىختىلاپقا ئايلاندۇرۇۋەتتى. بولشېۋىكلەر پۈرولېتارىيات دېموكراتىك ئىنقىلاپتا **يولباشچى** بولۇشى لازىم، دەپ كۆرسەتتى. مېنشېۋىكلەر بولسا پۈرولېتارىياتنىڭ رولىنى ”ئۇچىغا چىققان ئۆكتىچىلەر“گە خاس ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەت قىلىپ قويدى.

① «لېنىن ئەسەرلىرى»، 8-توم، خەنزۇچە نەشرى، 11—16-بەتلەرگە قارالسۇن. — تەھرىردىن

② مۇشۇ تومنىڭ 897 — 1100-بەتلىرىگە قارالسۇن — تەھرىردىن

بولشېۋىكلەر ئىنقىلاپ غەلىبىسى "پرولېتارىيات بىلەن دېھقانلارنىڭ ئىنقىلاۋىي دېموكراتىك دىكتاتۇرىسى"نى يۈرگۈزۈش دېمەكتۇر، دەپ ئىنقىلاپنىڭ سىنىپىي خاراكتېرى ۋە سىنىپىي ئەھمىيىتىنى ئاساس-لاپ بەلگىلەپ بەردى. مېنشېۋىكلەر بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى دېگەن ئۇقۇمنى باشتىن-ئاياق خاتا چۈشەندۈرۈپ كەلدىكى، ئۇلار پرولېتارىياتنى ئىنقىلاپتا بۇرژۇئازىيىگە بوي سۇنىدىغان ۋە بېقىنىدىغان رول ئېلىشقا رازى بولىدىغان قىلىپ قويماقچى بولدى.

بۇ پرىنسىپال ئىختىلاپلارنىڭ ئەمەلىي خىزمەتلەردە قانداق ئەكس ئەتكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. بولشېۋىكلەر بۇلىگىن دۇماسىغا بايقۇت قىلدى[355]، مېنشېۋىكلەر بولسا بىر قارارغا كېلەلمەي تەۋ-رەندى، بولشېۋىكلەر ۋىتتې دۇماسىغا بايقۇت قىلدى[356]. مېنشېۋىكلەر بولسا بۇنىڭدىمۇ بىر قارارغا كېلەلمەي تەۋرەندى، ئۇلار سايلاش كېرەك-يۇ، لېكىن دۇماغا ئەمەس، دەپ دەۋەت قىلدى. مېنشېۋىكلەر دۇمادا كادېتلار مىنىستىرلىكىنى ۋە ئۇنىڭ سىياسەتلىرىنى قوللىدى. بولشېۋىكلەر بولسا، ئاساسىي قانۇن خام خىياللىرىنى ۋە كادېتلار پارتىيىسىنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىلىغىنى قەتئىي تۈردە پاش قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە "سولچىلار ئىجرائىي كومىتېتى" توغرىسىدىكى پىكىرلەرنى تەشۋىق قىلدى[371]. ئاندىن قالسا، ئىككىنچى دۇمانى سايلاش ۋاقتىدا، بولشېۋىكلەر سولچىلار ئىتتىپاقىنى قۇردى، مېنشې-ۋىكلەر بولسا، كادېتلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى، ۋاھاكازا.

روسىيە ئىنقىلاۋىدىكى "كادېتلار دەۋرى" (بۇ — 1906-يىلى 3-ئايدا چىققان «كادېتلارنىڭ غەلىبىسى ۋە ئىشچىلار پارتىيىلىرىنىڭ ۋەزىپىلىرى» دېگەن كىتاپچىدىكى سۆز)① ھازىر ئاياقلاشقاندەك

① «لېنىن ئەسەرلىرى»، 10-توم، خەنزۇچە نەشرى، 170—247-بەتلەرگە قارالسۇن. — تەھرىردىن

تۇرىدۇ. كادېتلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىيلىقى تامامەن ئاشكارىلاندى. كادېتلار ئۆزلىرىنىڭ ئىنقىلاپقا ھەمىشە ئىزچىل تۇردە قارشى تۇرۇپ كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا باشلىدى، ستروۋې ئەپەندىمۇ كادېتلارنىڭ لىبېرالىزىملىق نىيىتىنى ئوچۇق ئاشكارىلىدى. ئويغانغان پرولېتارىيات كادېتلار پارتىيىسىنىڭ بۇ پروتوكول دەۋرىنى، پروتوكول "ئاساسىي قانۇن چىقىرىش ئەگرى يولى"نى قانچە ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزدىن كەچۈرسە بولشېۋىكلەرنىڭ بۇ دەۋرگە ۋە كادېتلار پارتىيىسىنىڭ ماھىيىتىگە بەرگەن باھاسىنىڭ تامامەن توغرا بولغانلىقىنى، مېنشېۋىكلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە خاتا سىياسەت ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىنى، بۇ سىياسەتنىڭ ئوبيېكتىپ رولى مۇستەقىل پرولېتارىيات سىياستى ئورنىغا پرولېتارىياتنى بۇرژۇئا لىبېرالىزمىنىڭ قوماندانلىقىغا بوي سۇندۇرىدىغان سىياسەتنى دەسسىتىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى شۇنچە ئېنىق بىلىۋالىدۇ.

* * *

ئەگەر 12 يىلدىن (1895 — 1907 ـ يىللار) بۇيان روسىيىدىكى ماركسىزىملىق پىكىر ئېقىمى بىلەن ئىنقىلاۋىي سوتسىيالىزىم پىكىر ئېقىمى ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىككى گۇرۇھ كۈرىشىگە ئومۇمىي ھالدا نەزەر سېلىپ چىقساق، "قانۇنىي ماركسىزىم"، "ئىقتىساتىۋازلىق" ۋە "مېنشېۋىزىم" دېگەنلەر — بىرلا تارىخىي يۈزلىنىشنىڭ تۈرلۈك شەكىلدىكى كۆرۈنۈشىدۇر، دېگەن خۇلاسىگە كەلمەي بولمايدۇ. ستروۋې ئەپەندى ئېقىمدىكىلەرنىڭ "قانۇنىي ماركسىزىمى" (1894 ـ يىل) — **ماركسىزمنىڭ بۇرژۇئا ئەسەرلىرىدىكى ئىنكاسى**. "ئىقتىسادىۋازلىق" 1897 ـ يىلى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا بولۇپ ئۆتكەن سوتسىيال دېموكراتىزىم ھەرىكىتىدىكى پەۋقۇلئاددە گۇرۇھ بولۇپ، ئۇ ئەمەلىيەتتە **بۇرژۇئا لىبېرالىزىمنىڭ**: ئىشچىلار ئىقتىسادىي كۈرەش ئېلىپ بارسۇن، لىبېراللار سىياسىي كۈرەش ئېلىپ بارسۇن،

دەيدىغان «ئەقىدە»[114] سىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. مېنشېۋىزىم يازغۇچىلىق ساھەسىدىكى بىر ئېقىم، سوتسىيال دېموكراتىزىم ھەركىتىدىكى بىر مەزھەپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىر گۇرۇھۋاز تەشكىلاتتۇر، بۇ تەشكىلات روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ 1 ـ باسقۇچىدا (1905 ـ 1907 ـ يىللار) **ئەمەلىيەتتە پۇرولېتارىياتنى بۇرژۇئا لىبېرالىزىمنىڭ قوماندانلىقىغا بوي سۇندۇرىدىغان پەۋقۇلئاددە** سىياسەتنى ئىجرا قىلدى①.

بارلىق كاپىتالىستىك ئەللەردە، پۇرولېتارىيات ئۆزىنىڭ ئوڭ خوشنىسى بولغان ئۇششاق بۇرژۇئازىيە بىلەن ئەلۋەتتە نۇرغۇن ئوتكۈنچى باسقۇچ ئارقىلىق باغلىنىدۇ. بارلىق ئىشچىلار پارتىيىلىرىدە كوزقاراش، تاكتىكا ۋە تەشكىلىي "لۇشيەن" جەھەتلەردە ئۇششاق بۇرژۇئا ئاغمىچىلىق خاھىشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئاشكارا ياكى ئانچە ئاشكارا بولمىغان ئوڭ قانات مۇقەررەر شەكىللىنىدۇ. روسىيىدەك ئۇششاق بۇرژۇئا مەملىكىتىدە، بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى دەۋرىدە، ياش سوتسىيال

---

① پارتىيىنىڭ 2 ـ قۇرۇلتىيىدا ھەر خىل گۇرۇھ ۋە ئېقىملار ئۇستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەھلىل (1904 ـ يىلى چىققان «بىر قەدەم ئالغا، ئىككى قەدەم ئارقىغا» دېگەن كىتاپچىغا قاراڭسۇن) 1897 ـ يىلدىكى ۋە تۇنىگدىن كېيىنكى يىللاردىكى "ئىقتىساتۋازلىق"نىڭ "مېنشېۋىزىم" بىلەن بىۋاستە باغلانغانلىقىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بەردى. سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ئىچىدىكى "ئىقتىساتۋازلىق"نىڭ 1895ـــ1897 ـ يىللاردىكى "قانۇنىي ماركسىزىم" بىلەن ياكى "ستروۋىزىم" بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى مەن «نېمە قىلىش كېرەك؟» دېگەن كىتاپچىدا (1902 ـ يىلى) كورستىپ ئۆتكەن ئىدىم. قانۇنىي ماركسىزىم، ئىقتىساتۋازلىق، مېنشېۋىزىم ئىدىيە جەھەتتىلا باغلىنىشلىق بولۇپ قالماي، بەلكى تارىخىي ۋارىسلىق جەھەتتىمۇ بىر بىرى بىلەن باغلانغان.

دېموكراتنىڭ ئىشچىلار پارتىيىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، بۇ خاھىشلارنىڭ ياۋروپانىڭ ھەممە جايلىرىدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئۆتكۈر، ئېنىق ۋە روشەن ئىپادىلەنمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ خاھىشلارنىڭ روسىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ھەر خىل تەرەققىيات دەۋرىدىكى ھەر خىل ئىپادە شەكىللىرى بىلەن تونۇ-شۇپ چىقىش — ئىنقىلاۋىي ماركسىزىمنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، روسىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئازاتلىق كۈرىشى يولىدىكى چىنىقىشى ئۈچۈن ئىنتايىن زورۇر.

1907 ـ يىل 9 ـ ئاي

1907 ـ يىل 11 ـ ئايدا سانكت ـ پېتېربۇرگدا نەشر قىلىنغان «12 يىلدىن بۇيان» دىگەن ماقالىلار توپلىمىدا بېسىلغان.

ئىمزا: ف. ئىلىن

توپلامدىكى تېكىستى بويىچە بېسىلدى.

«لېنىن ئەسەرلىرى»، 13 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 77 — 96 ـ بەتلەردىن ئېلىندى.

سوتسيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ 1905 ـــ 1907 ـ يىللاردا بولغان بىرىنچى قېتىملىق روسىيە ئىنقىلاۋىدىكى يەر پۈروگراممىسى[372] (قىسقارتىلمىسى)

خۇلاسە

يەر مەسلىسى روسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىدىكى تۈپ مەسلە، ئۇ بۇ ئىنقىلاپنىڭ مىللى خۇسۇسىيىتىنى بەلگىلىگەن.

بۇ مەسىلىنىڭ ماھىيىتى ـــ دېخانلار پومىششىكلارنىڭ يەرگە بولغان ئىگىدارچىلىغىنى ۋە روسىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك تۈزۈمىدىكى شۇنداقلا ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائى ـ سىياسى تۈزۈمىدىكى يانچىلىقنىڭ بارلىق قالدۇقلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت.

روسىيىنىڭ ياۋروپا قىسمىدىكى 10 مىليون 500 مىڭ ئائىلىلىك دېخانىنىڭ 75 مىليون دېساتىنا يېرى بار. ئاساسەن ئاقسوڭەكلەردىن ۋە بىراقلا بېيىپ كەتكەن بىر قىسىم چوڭ پومىششىكلاردىن تەركىپ تاپقان 30 مىڭ ئائىلىنىڭ ھەر بىرىنىڭ 500 دېساتىنادىن جەمى 70 مىليون دېساتىنا يېرى بار. پۈتۈن ئەھۋالنىڭ ئاساسىي ئارقا كۆرۈنۈشى ئەنە شۇنداق. روسىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك تۈزۈمىدە، شۇنداقلا پۈتكۈل روسىيە ئېلىدە ۋە روسىيىنىڭ پۈتۈن تۇرمۇشىدا يانچىدار ـ پومىششىكلارنىڭ ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇشىدىكى ئاساسىي

شەرت-شارائىت ئەنە شۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېيتقاندا چوڭ يەر ئىگىلىرى — يانچىدارلاردۇر: ئۇلارنىڭ يەرگە بولغان ئىگىدارچىلىغىنىڭ ئاساسىنى يانچىلىق تارىخى، ئىسلزادە ئاقسوڭەكلەرنىڭ ئەسىرلەر داۋامىدا يەرلەرنى تالان-تاراچ قىلىش تارىخى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن. ھازىرقى ۋاقىتتا ئۇلار ئۆز ئىگىلىگىنى چاكارچىلىق تۈزۈمى، يەنى مەجبۇرى ئەمگەك تۈزۈمىنىڭ بىۋاستە قالدۇغى ئاساسىدا، دىخانلارنىڭ سايمانلىرىدىن پايدىلىنىش، ئۇششاق دىخانلارنى قۇل قىلىشنىڭ خىلمۇ-خىل شەكىللىرىدىن، مەسىلەن، قىش پەسلىلىك چاكار ياللاش تۈزۈمى، يىللىق ئىجارە تۈزۈمى، ئورتاقچىلىق تۈزۈمى، ئىجارە ھەققى ئورنىدا ئىشلەپ بېرىش تۈزۈمىگە ئوخشاش شەكىللەردىن پايدىلىنىش ۋە قەرز، كېسىندا يەر، ئورمان، ئوتلاق، كول قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىش يولى بىلەن بولىدىغان ئېكسپلاتاتسىيە ئاساسىدا باشقۇرۇۋاتىدۇ. بىرىنچى ئەسىردىن بۇيان روسىيىدە كاپىتالىزم شۇنداق زور قەدەم بىلەن راۋاجلاندىكى، يېزا ئىگىلىگىدە يانچىلىقنى ساقلاپ قېلىشقا **مۇتلەق** ئىمكانىيەت قالمىغان ئىدى، يانچىلىق تۈزۈمىنى يوقىتىش زورلۇق كىرىزىسى، يەنى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى ئىنقىلاپ شەكلىنى ئالدى. لېكىن، بۇرژۇئا مەملىكىتىدە يانچىلىقنى ئىككى يول بىلەن يوقىتىش مۇمكىن.

يانچىلىقنى يوقىتىشنىڭ بىرىنچى يولى، يانچىدار — پومىششىكلار ئىگىلىگىنى تەدرىجى يوسۇندا يۇنكىر — بۇرژۇئا ئىگىلىگىگە ئايلاندۇرۇش، زور تۇركۇمدىكى دىخانلارنى كەمبەغەل دىخان ۋە يالانما دىخانلارغا ئايلاندۇرۇش، ئاممىنىڭ نامراتلىغىنى زورلۇق كۈچ بىلەن ساقلاپ قېلىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر ئوچۇم باي دىخانلارنى يەنى كاپىتالىزم دىخانلار ئارىسىدا مۇقەررەر پەيدا قىلىدىغان چوڭ بۇرژۇئا دىخانلىرىنى پەيدا قىلىشتىن ئىبارەت. قارا گۇرۇھ پومىش-

شىكلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەزىرى ستولىپىن دەل ئەنە شۇ يولغا كىردۋالدى. ئۇلار يەر ئىگىدارچىلىغىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرگە خاس چىرىك شەكلىنى زورلۇق بىلەن بۇزۇپ تاشلىمىغىچە، روسىيىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يول ئېچىش **مۇمكىن ئەمەسلىگىنى** بىلدى. شۇڭلاشقا، ئۇلار **پومىششىكلارغا پايدىلىق** بولغان بۇنداق ۋەيرانچىلىق يولى بىلەن ئىش كۆرۈشكە دادىل كىرىشتى. ئۇلار يېرىم فېودال شەكىلدىكى يېزا جامائەلىرىگە نىسبەتەن بىيۇروكراتلار بىلەن پومىششىكلار ئارىسىدا تا يېقىنقى كۈنلەرگىچە كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن ھىسداشلىقلىرىدىن ۋازكەچتى. ئۇلار يېزا جامائەلىرىنى زورلۇق بىلەن پاچاقلاپ تاشلاش ئۈچۈن "ئاساسىي قانۇنغا بىنائەن" چىقىرىلغان بارلىق قانۇنلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويدى. ئۇلار **دېخانلار** ئاممىسىنى تالان-تاراج قىلىش، كونا يەر ئىگىدارچىلىغىنى بۇزۇپ تاشلاش، مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن دېخانلارنى خانىۋەيران قىلىش ئۈچۈن باي دېخانلارغا تولۇق ھوقۇق بەردى؛ ئۇلار پۇلدارلارغا ئوتتۇرا ئەسىر يېزىلىرىنى "خالىغانچە بۇلاتقۇزدى"، ئۇلار ئۆز سىنىپىنىڭ ھوكۇمرانلىغىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن باشقىچە يول **تۇتالمايتتى**، چۈنكى ئۇلار كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتىغا قارشى كۆرەش قىلماي، بەلكى ئۇنىڭغا ئۇيغۇنلىشىش كېرەكلىگىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. ھالبۇكى، ئۇلارغا ئۆز ھوكۇمرانلىغىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن "بىراقلا بېيىپ كەتكەن" دازۇۋايېۋ ۋە كولۇپايېۋلار[373] بىلەن بىرلىشىپ، دېخانلار ئاممىسىغا **قارشى** تۇرۇشتىن باشقا يول يوق ئىدى. ئۇلار كولۇپايېۋلارغا: بېيىڭلار! بېيىڭلار! بۇنىڭدىن باشقا يول يوق، بىز سىلەرگە ئازغىنا دەسمايە بىلەن كۆپ پايدا ئالىدىغان پۇرسەت بېرىمىز، سىلەر مۇشۇنداق بېيىگى ئەھۋال ئاستىدا ھاكىمىيىتىمىزنىڭ ئاساسىنى ساقلاپ قېلىشقا ياردەملەشسەڭلارلا بولدى! دەپ مۇراجەت قىلىشتىن باشقا ئىلاجى يوق ئىدى. تەرەققىياتنىڭ مۇشۇ يولغا كىرىشى ئۈچۈن،

دېخانلار ئاممىسىغا ۋە پۇرولېتارىياتقا ئۇزلۇكسىز، سىستېمىلىق ۋە قىلچە تەپتارتماستىن **زورلۇق ئىشلىتىشكە** توغرا كېلىدۇ. شۇڭلاشقا ئەكسىلئىنقىلاۋىي پومېششىكلار مۇشۇنداق زوراۋانلىغىنى ھەر جەھەتتىن ئۇيۇشتۇرۇشقا جىددىي تىرىشىپ كەتتى.

بىز تەرەققىياتنىڭ ئىككىنچى يولىنى پرۇسسىيىچە بىرىنچى يولدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن كاپىتالىزم تەرەققىياتىنىڭ ئامېرىكىچە يولى دەپ ئاتىدۇق. ئىككىنچى يولمۇ كونا يەر ئىگىدارلىغىنى زورلۇق بىلەن يىمىرىپ تاشلاشنى تەلەپ قىلىدۇ، روسىيە لىبېراللىرىدىن بولغان ئاشۇ نادان مىشچانلارلا روسىيىدە ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ كەتكەن كىرىزىسنىڭ تېچ يول بىلەن ئاسانلا ئاياقلىشىشىنى خام خىيال قىلىدۇ.

لېكىن زورۇر ۋە مۇقەررەر بولغان بۇنداق بۇزغۇنچىلىق بىر ئۈچۈم پومېششىكلارغا ئەمەس، بەلكى دېخانلار ئاممىسىغا پايدىلىق بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئەركىن دېخانچىلىق مەيدان ئىگىلىرى ھېچقانداق پومېششىكلار ئىگىلىگى بولمىغان شارائىتتىمۇ كاپىتالىزم تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاساس بولۇپ قالالايدۇ. چۈنكى پومېششىكلار ئىگىلىگى **ئومۇمەن ئېيتقاندا** ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەكسىيەتچى ئىگىلىك، دېخانچىلىق مەيدانلىرى ئىگىلىگىنىڭ ئامىللىرى بولسا دېخانلار ئىگىلىگىدە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىلگىرىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات تارىخىدا **شەكىللەنگەن** ئىدى. كاپىتالىزم بۇ يول بىلەن تەرەققىي قىلغاندا ئىچكى بازارلارنىڭ كېڭىيىشى، **پۈتۈن** ئاھالىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى، غەيرىتى، تەشەببۇسكارلىغى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ تازا يۈكسىلىشى ئارقىسىدا ئىلىمىزنىڭ كاپىتالىزمى **چوقۇم** تېخىمۇ كەڭ كولەمدە، تېخىمۇ ئەركىن ۋە تېخىمۇ تېز راۋاجلىنىدۇ. روسىيىدە تېخى ئۆزلەشتۈرۈلمىگەن بىپايان بوز يەرلەر بار. لېكىن روسىيىنىڭ ئىچكى جايلىرىدىكى دېخانلار ئاممىسى يانچىلىقنىڭ

زۇلۇمىغا ئۇچرىغانلىقتىن، شۇنداقلا يەر سىياستىدە يانچىدار بىيۇروكراتلارچە پوزىتسىيە تۇتۇلغانلىقتىن، بۇ يەرلەردىن پايدىلىنىش ناھايىتى تەس بولۇپ قالغان، لېكىن بۇ يەرلەر يېزا ئىگىلىكىنى چوڭقۇر ھەم كەڭ كولەمدە راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى يۇكسەلدۇرۇش ئۇچۇن ئىقتىسادىي ئاساس بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

تەرەققىياتىنىڭ بۇ يولى: پومېششىكلارنىڭ يەرگە بولغان ئىگىدارلىقىنى يوقىتىشنى تەلەپ قىلىش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. چۇنكى يانچىدار-پومېششىكلارنىڭ بىرقانچە يۇز يىلدىن بۇيانقى ھوكۇمرانلىقى مەملىكەتنىڭ **پۇتۇن** يەر ئىگىدارلىقىدا ئۇز ئىزىنى قالدۇرغان، دېخانلارنىڭ ئۇلۇش يېرىدىلا ئەمەس، بەلكى چېگرا رايونلاردىكى بىرقەدەر ئەركىن بولغان كوچمەنلەرنىڭ يەر-زېمىندىمۇ ئۇز ئىزىنى قالدۇرغان: مۇستەبىت ھوكۇمەتنىڭ پۇتكۇل كوچمەنلەر سىياستىنىڭ روھى جاھىل ئەمەلدارلارنىڭ ئاسىياچە ئارىلىشىشىغا يول قويۇشتىن ئىبارەت بولدى، ئۇلار كوچمەنلەرنىڭ ئەركىن ئولتۇراقلىشىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى، يېڭى يەر مۇناسىۋىتىنى ناھايىتى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى، روسىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى يادچىلىق ئاساسىدىكى بىيۇروكراتلىقنىڭ زەھەرلىرىنى روسىيىنىڭ چېگرا رايونلىرىغىچە تارقاتتى①. روسىيىدە پومېششىكلارنىڭ يەرگە بولغان ئىگىدارلىقىلا ئوتتۇرا ئەسىرچە بولۇپ قالماي، بەلكى دېخانلارنىڭ ئۇلۇش يەر ئىگىدارچىلىقىمۇ ئوتتۇرا ئەسىرچە ئىدى. بۇنداق ئىگىدارلىق ئىنتايىن قالايمىقان ئىدى. ئۇ دېخانلارنى ئوتتۇرا ئەسىرچە

① ئا. كائۇفمان ئەپەندى ئۇزىنىڭ «كوچمەنلەر ۋە بوز يەر ئوزلەشتۇرۇش» (سانكت-پېتېربۇرگ، 1905-يىل نەشرى) دېگەن كىتاۋىدا كوچمەنلەر سىياستى تارىخىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالىنى بايان قىلغان. ئاپتور ئۇچىغا چىققان "لىبېرالىزمچى" بولۇپ يانچىدارلارنىڭ بىيۇروكراتلىق تۇزۇمىگە چەكسىز ئىززەت-ئىكرام بىلەن قارايدۇ.

سانسىز ئۇششاق تۇرلەرگە ۋە تەبىقىلەرگە بولۇپ تاشلىغان. ئۇ مەركىزىي ھاكىمىيەت بىلەن يەرلىك ھاكىمىيەتنىڭ بىرقانچە يۈز يىلدىن بۇيان دىخانلارنىڭ يەر مۇناسىۋەتلىرىگە يولسىزلىق بىلەن ئارىلىشىپ كەلگەن تارىخىنى ئەكس ئەتتۇرمەكتە. ئۇ خۇددى كىشىلەرنى يەھۇدىلار رايونىغا كىرىشكە مەجبۇرلىغاندەك، دىخانلارنى سېلىق سېلىنىدىغان ئوتتۇرا ئەسىرچە كىچىك تەشكىلاتلارغا، ئۇلۇش يەرلەرگە ئورتاق ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان تەشكىلاتلارغا يەنى يېزا جامائەلىرىگە كىرىشكە مەجبۇرلىماقتا. ۋاھالەنكى، روسىيىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى **ئەمەلىيەتتە** دىخانلارنى ئاشۇنداق ئوتتۇرا ئەسىرچە ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن ئۇلۇش يەرلەرنى ئىجارىگە بېرىش ۋە ئۇلاردىن ۋازكېچىش ھادىسىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىگىدارلىق شەكلى زادىلا ئوخشىمايدىغان **ئۇششاق پارچە يەرلەرنى**، دىخانلارنىڭ ئىلكىدىكى ئۇلۇش يەرلەرنى، ئىجارىگە ئالىغان ئۇلۇش يەرلەرنى، سېتىۋالغان شەخسى يەرلەرنى، پومىششىكلاردىن ئىجارىگە ئالىغان يەرلەرنى، ھوكۇمەتتىن ئىجارىگە ئالغان يەرلەرنى ۋە **باشقىلارنى** يىغىپ، كەلگۈسىدىكى ئەركىن دىخانچىلىق مەيدانى ئىگىلىرى (ياكى يۇنكېر روسىيىنىڭ كەلگۈسىدىكى باي دىخانلىرى) ئىگىلىگىنى بەرپا قىلىدۇ.

روسىيىدە **ھەقىقى** ئەركىن دىخانچىلىق مەيدانى ئىگىلىرى ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، **بارلىق** يەرلەرنىڭ — مەيلى ئۇ پومىششىكلارنىڭ يېرى بولسۇن ياكى ئۇلۇش يەرلەر بولسۇن — "پاسىل"نى "بىكار قىلىش" كېرەك. **بارلىق** ئوتتۇرا ئەسىرچە يەر ئىگىدارچىلىقىنى بۇزۇپ تاشلاش، ئەركىن خوجايىنلارنىڭ يەرلەردىن ئەركىن پايدىلىنىشى ئۈچۈن يەرگە بولغان بارلىق ئىمتىيازلارنى يوقىتىش كېرەك. يەرلەرنى ئەركىن ئالماشتۇرۇشقا، ئەركىن كوچۇشكە، يەرلىرىنى ئەركىن كېڭەيتىشكە بارلىق ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە كاپالەت-

لىك قىلىپ يېڭى ئەركىن ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنى قۇرۇپ، ئۇنى سېلىق سېلىنىدىغان كونا يېزا جامائەلىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش كېرەك. يەردىكى ئوتتۇرا ئەسىردىن قالغان بارلىق كېرەكسىز نەرسىلەرنى پۈتۈنلەي "يوقىتىش" كېرەك.

ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، يەرنى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىغا ئېلىش، يەرگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى بىكار قىلىش، بارلىق يەرلەرنى دۆلەت ئىختىيارىغا ئېلىش، يېزىلاردىكى يانچىلىق تۈزۈمىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇش كېرەك. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مانا مۇشۇ زورۇرىيەت روسىيىدىكى دىخانلار **ئاممىسىنى** يەرنى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىغا ئېلىشنىڭ ھىمايىچىلىرىگە ئايلاندۇردى. ئۇششاق خۇسۇسىي دىخانلارنىڭ زور كۆپچىلىكى 1905-يىلىدىكى دىخانلار بىرلەشمىسىنىڭ قۇرۇلتىيىدا، 1906-يىلىدىكى بىرىنچى دۇمادا ۋە 1907-يىلىدىكى ئىككىنچى دۇمادا، يەنى ئىنقىلاپنىڭ بىرىنچى دەۋرىدە يەرنى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىغا ئېلىشنى باشتىن-ئاياق ياقلاپ كەلدى. ئۇلار يەرنى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىغا ئېلىشنى "يېزا جامائە"لىرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قانداقتۇ ئالاھىدە "بىخلار"نى يېتىلدۈرۈپ چىققانلىقىدىن، قانداقتۇ پەۋقۇلئاددە غەيرى بۇرژۇئا "ئەمگەك پرىنسىپى"نى ۋۇجۇتقا چىقارغانلىقىدىن ياقلاپ چىققىنى يوق. دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇلار يەرنى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىغا ئېلىشنى شۇنىڭ ئۈچۈن ياقلىدىكى، ئەمەلىي تۇرمۇش ئۇلاردىن ئوتتۇرا ئەسىر جامائەسىدىن ۋە ئوتتۇرا ئەسىرچە ئۈلۈش يەر ئىگىدارچىلىقىدىن **قۇتۇلۇشنى** تەلەپ قىلغان. ئۇلارنىڭ يەرنى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىغا ئېلىشنى ياقلىشىغا سوتسىيالىستىك يېزا ئىگىلىكىنى بەرپا قىلماقچى بولغانلىقى ياكى بەرپا قىلالايدىغانلىقى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ھەقىقىي بۇرژۇئا ئۇششاق يېزا ئىگىلىكىنى، يەنى بارلىق يانچىلىق ئەنئەنىلىرىدىن مۇمكىن قەدەر تولۇق قۇتۇلغان ئۇششاق يېزا

ئىگىلىگىنى بەرپا قىلىشقا ئىنتىلگەنلىگى ۋە ئىنتىلىۋاتقانلىغى سەۋەپ بولغان.

دېمەك، روسىيە ئىنقىلاۋىدا كۆرەش قىلىۋاتقان سىنىپلارنىڭ يەرگە بولغان خۇسۇسى مۇلۇكچىلىك مەسىلىسىدە ئۇز ئالدىغا ئالاھىدە پوزىتسىيە تۇتقانلىغى ھەرگىز تاسادىپى ھادىسە ئەمەس، شۇنداقلا بىرەر نەزىرىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچىرىغانلىغىدىنمۇ بولغان ئەمەس (پەقەت يىراقنى كورەلمەيدىغان كىشىلەرلا شۇنداق ئويلايدۇ). بۇنداق ئالاھىدە پوزىتسىيە پۈتۈنلەي روسىيە كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىيات شارائىتلىرىغا ۋە كاپىتالىزمىنىڭ نوۋەتتىكى مۇشۇ تەرەققىيات مەزگىلىدە ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلىرىگە باغلىق بولىدۇ. بارلىق قارا گۈرۈھ پومېششىكلار، پۈتكۈل ئەكسىلئىنقىلاۋىي بۇرژۇئازلار (جۇملىدىن ئوكتەبىرچىلەر[85] **ۋە كادېتلار**[84]) يەرگە بولغان خۇسۇسى مۇلۇكچىلىكنى ھىمايە قىلىدۇ. بارلىق دېخانلار ۋە پۈتكۈل پورولېتارىيات بولسا يەرگە بولغان خۇسۇسى مۇلۇكچىلىككە قارشى تۇرىدۇ. يۇنكېر — بۇرژۇئا قۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئىسلاھاتچىلىق يولى كونا يەر ئىگىدارچىلىغىنىڭ ئاساسىنى ساقلاپ قېلىش ھەمدە بۇ ئاساسنى ئاستا-ئاستا كاپىتالىزمغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ خەلق ئاممىسىنى ئازاپ-ئوقۇبەتكە سېلىشنى شەرت قىلىدۇ. كونا تۈزۈمنى ھەقىقى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى مەقسەت قىلغان ئىنقىلاۋىي يول ئەلۋەتتە ئۇزىنىڭ ئىقتىسادىي بازىسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن روسىيىدىكى بارلىق كونا يەر ئىگىدارچىلىغى شەكىللىرىنى ۋە ئۇنىڭ بارلىق كونا سىياسى ئاپپاراتلىرىنى يوقىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ بىرىنچى دەۋرىدىكى تەجرىبىلەر شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، روسىيە ئىنقىلاۋى دېخانلارنىڭ يەر ئىنقىلاۋى سۈپىتىدىلا غەلىبە قىلالايدۇ. يەرنى دولەت ئىگىدارچىلىغىغا ئېلىشنى يولغا قويمىغان يەر ئىنقىلاۋى بولسا ئۇزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالمايدۇ.

سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى خەلقارا پۈرولېتارىياتىنىڭ پارتىيىسى، پۈتۈن دۇنيادا سوتسىيالىزىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچى پارتىيە، شۇڭلاشقا ئۇ ئەلۋەتتە ئۆزىنى ھەرقانداق بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ ھەرقانداق دەۋرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتەلـ ـمەيدۇ، ئۆز تەقدىرىنى بىرەر بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ مەلۇم نەتىجەـ ـسىگە باغلاپ قويالمايدۇ. نەتىجىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، بىز مۇستەقىل، ساپ پۈرولېتارىيات پارتىيىسى بولۇپ قېلىشىمىز، ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ ئۇلۇغ سوتسىيالىزىم نىشانىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا قەتئىي تەۋرەنمەي رەھبەرلىك قىلىشىمىز لازىم. شۇڭا، بىز بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ ھەرقانداق مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىـ ـنىشىگە مۇتلەق كېپىل بولالمايمىز، چۈنكى بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ مۇستەھكەم بولماسلىقى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرى بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىغا خاس خۇسۇسىيەت. "تىرىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ كاپالىتى"نى "ئويلاپ چىقىرىش"ــ ئەخمەقلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىزنىڭ پەقەت بىرلا ۋەزىپىمىز بار، ئۇ بولـ ـسىمۇ پۈرولېتارىياتنى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئىتتىپاقلاشتۇرغاندا، كونا تۈزۈمگە قارشى بارلىق كۈرەشنى ئەڭ قەتئىي قوللاش، گۈللىنىۋاتقان بۇرژۇئا جەمىيىتىدە پۈرولېتارىياتقا پايدىلىق بارلىق شارائىتلارنى ئىمكان قەدەر قولغا كەلتۈرۈش. بۇنىڭدىن مۇقەررەر ھالدا روسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىدا، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىمىزنىڭ پۈروگراممىسى يەرنى دولەت ئىگىدارچىلىقىغا ئېلىشنىلا تەشەببۇس قىلىدىغان بولۇشى كېرەك، دىگەن يەكۈن كېلىپ چىقىدۇ. يەرنى دولەت ئىگىدارچىلىقىغا ئېلىشنىمۇ پارتىيىمىزنىڭ پۈروگراماـ ـمىسىنىڭ باشقا قىسىملىرىغا ئوخشاش، سىياسى ئىسلاھاتنىڭ مۇئەييەن شەكلى ۋە باسقۇچى بىلەن بىرلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. چۈنكى سىياسى ئۆزگىرىشىنىڭ كولەمى بىلەن يەر ئۆزگىرىشىنىڭ كولەمى

بىردەك بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. يەرنى دولەت ئىگىدارچىلىقىغا
ئېلىشنىمۇ پارتىيىمىزنىڭ پۇروگىراممىسىنىڭ باشقا قىسىملىرىغا ئوخـ
شاش، ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ خام خىياللىرىدىن، بيۇروكىرات
زىياللارنىڭ "يەر ئۈلۈشى" توغرىسىدىكى قۇرۇق گەپلىرىدىن، يېزا
جامائەلىرىنى مۇستەھكەملەش ياكى يەردىن تەڭ پايدىلىنىش دىگەنگە
ئوخشاش ئەكسىيەتچىل سەپسەتىلەردىن قەتئى پەرقلەندۇرۇشىمىز
كېرەك. پۇرولېتارىياتنىڭ مەنپەئەتى بىرەر بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىغا خاس
ئالاھىدە شوئارنى، ئالاھىدە "پىلان"نى ياكى "سىستېما" نى ئويلاپ
چىقىشقا ئەمەس، بەلكى بۇ ئىنقىلاپنىڭ ئوبيېكتىپ شەرت-شارائىتـ
لىرىنى **ئۇزۇل-كېسىل** كورسىتىپ بېرىشكە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى
مۇقەررەر ئوبيېكتىپ شەرتلەرگە بولغان خام خىياللارنى ۋە قۇرۇق
خىياللارنى تۈگىتىشكىلا مۇھتاج. يەرنى دولەت ئىگىدارچىلىقىغا ئېلىش
يېزا ئىگىلىكىدىكى ئوتتۇرا ئەسىرچىلىكنىڭ ھەممە ئىپادىلىرىنى
ئۇزۇل-كېسىل يوقىتىشنىڭ بىردىن-بىر شەكلى بولۇپلا قالماي،
بەلكى كاپىتالىزىم شارائىتىدا مۇمكىن بولىدىغان ئەڭ ياخشى يەر
تۈزۈمىدۇر.

روسىيە سوتسىيال دېموكراتلىرىنىڭ بۇ توغرا يەر پۇروگىراممى-
سىنى ۋاقتىنچە رەت قىلىشىغا 3 نەرسە سەۋەپ بولغان. بىرىنچىدىن،
روسىيىدە "يەرنى يەرلىك جامائەت مۈلكىگە ئايلاندۇرۇش"نىڭ
تەشەببۇسچىسى پ. ماسلوۋ ماركس نەزىرىيىسىگە "تۈزىتىش كىرگۈز-
دى": مۇتلەق يەر ئىجارىسى نەزىرىيىسىنى چۆرۈپ تاشلىدى،
يەر ئۈنۈمدارلىقىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىش قانۇنىيىتى ۋە بۇ قانۇنىيەتنىڭ
يەر ئىجارىسى نەزىرىيىسى بىلەن بولغان باغلىنىشى قاتارلىقلار
توغرىسىدىكى بۇرژۇئازىيىنىڭ يىرىم چىرىپ كەتكەن تەلىماتلىرىنى
يېڭىلىدى. مۇتلەق يەر ئىجارىسىنى ئىنكار قىلغانلىق يەرگە بولغان
خۇسۇسى مۈلۈكچىلىكنىڭ كاپىتالىزىم شارائىتىدىكى ئىقتىسادىي ئەھـ

مىيتىنى تۈپتىن ئىنكار قىلغان بىلەن باراۋەر بولىدۇ، نەتىجىدە يەرنى دولەت ئىگىدارچىلىغىغا ئېلىش توغرىسىدىكى ماركسىزىملىق كوزقاراشلار مۇقەررەر هالدا بۇرمىلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، روسىيە سوتسىيال دېموكراتىلىرى دىخانلار ئىنقىلاۋىنىڭ **باشلانغانلىغىنى** ئەمىلىيەتتە كورگىنى يوق، شۇڭا ئۇلارنىڭ بۇ ئىنقىلاپنىڭ مۇمكىن-چىلىگىگە ئېهتىياتچانلىق بىلەن قارىماسلىغى **مۇمكىن** ئەمەس، چۈنكى بۇ ئىنقىلاپنىڭ غەلىبە قىلىشى هەقىقەتەنمۇ نۇرغۇن ئالاهىدە ئوڭۇش-لۇق شارائىتلارنىڭ بولۇشىنى، ئامىدا يۈكسەك ئىنقىلاۋىي ئاڭلىقلىق، ئىنقىلاۋىي جاسارەت ۋە ئىنقىلاۋىي تەشەببۇسكارلىق روه بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. روسىيە ماركسىزىمچىلىرىنىڭ تەييار **تەجرىبىسى** يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار **بۇرژۇئا** هەركىتىنى قىياس قىلىش يولى بىلەن مەيدانغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭلاشقا **ئىنقىلاپ باشلانغانغا قەدەر** ئەلۋەتتە توغرا يەر پۇروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويالمايدۇ. لېكىن، ئۇلار ئىنقىلاپ باشلانغاندىن **كېيىن** ماركس نەزەرىيىسىنى روسىيىنىڭ ئالاهىدە ئەهۋالىغا **تەتبىق** قىلىش ئورنىغا (ماركس بىلەن ئېنگېلس بىزگە هەمىشە: بىزنىڭ نەزەرىيىمىز دوگما ئەمەس، بەلكى **هەركەتنىڭ قىبلىنامىسى**، دەپ تەلىم بېرىپ كەلگەن ئىدى)، باشقىلارنىڭ ماركس نەزەرىيىسىنى باشقا شارائىتتا، **باشقا** دەۋرگە تەتبىق قىلىشتىن هاسىل قىلغان خۇلاسىسىنى قىلچە تەنقىت قىلماستىن تەكرارلاپ خاتالىق ئوتكۈزدى. مەسىلەن، گېر-مانىيە سوتسىيال دېموكراتلىرىنىڭ ماركسىنىڭ يەرنى دولەت ئىگىدار-چىلىغىغا ئېلىشنى تەشەببۇس قىلغان كونا پۇروگراممىسىنى رەت قىلىشى ناهايىتى تەبىي ئىدى، چۈنكى گېرمانىيىدە يۈنكېر-بۇرژۇئا دولىتى تەل-توكۈس شەكىللەنگەن ئىدى، ئۇ يەردە، بۇرژۇئا تۈزۈمى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن هەرقانداق هەركەتنىڭ ۋاقتى ئوتۈپ كەتتى. يەرنى دولەت ئىگىدارچىلىغىغا ئېلىشنى هىمايە

قىلىدىغان ھەرقانداق خەلق ھەركىتى يوق ئىدى ھەمدە بولۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يۇنكېر ـ بۇرژۇئازلارنىڭ ئۇستۇنلۇگى يەرنى دولەت ئىگىدارچىلىغىغا ئېلىش پىلانىنى **ئەمەلىيەتتە** ئويۇنچۇققا، ھەتتا يۇنكېرلارنىڭ ئاممىنى تالان ـ تاراج قىلىدىغان قورالىغا **ئايلاندۇرۇپ** قويىدى. نېمىسلارنىڭ يەرنى دولەت ئىگىدارچىلىغىغا ئېلىش ئۇستىدە ئېغىز ئېچىشتىن باش تارتىشى تامامەن توغرا، لېكىن بۇ يەكۈننى روسىيىگە كوچۇرۇپ كېلىش (يەرنى جايلارنىڭ ئىختىيارىغا ئېلىش ئىدىيىسىنىڭ ماسلوۋنىڭ ماركىس نەزىرىيىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزگەنلىگى بىلەن بولغان باغلىنىشنى بايقىمايۋاتقان مېنشېۋىكلىرىمىز ئەمەلىيەتتە شۇنداق قىلىۋاتىدۇ) مۇئەييەن سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئالاھىدە تارىخىي تەرەققىيات دەۋرىدىكى ۋەزىپىلىرىنى كوزدە تۇتۇشقا ماھىر بولمىغانلىقتۇر.

ئۇچىنچىدىن، مېنشېۋىزمنىڭ روسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىدا تۇتقان بارلىق تاكتىكىلىق خاتا قائىدىلىرى يەرنى جايلارنىڭ ئىگىدارچىلىغىغا ئېلىش پروگراممىسىدا ئوچۇق كورۇلىدى: پەقەت "پرولېتارىيات بىلەن دېھقانلارنىڭ ئىتتىپاقى"①لا روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلالايدىغانلىغىنى چۈشەنمىدى؛ پرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىدىكى رەھبەرلىك رولىنى چۈشەنمەي، پرولېتارىياتنى بىر چەتكە چىقىرىپ قويۇپ، چالا ئىنقىلاپنىڭ نەتىجىسىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، يولباشچىلىقتىن لىبېرال بۇرژۇئازىيىنىڭ ياردەمچىسىگە (ئەمەلىيەتتە لىبېرال بۇرژۇئازىيىنىڭ قارا خىزمەتچىسى ۋە مالىيىغا) ئايلاندۇرۇش كويىدا بولىدى. "ئىشچىلار بەك بېرىلىپ كەتمەڭلار، ئەھۋالغا ماسلىشىپ، ئاستا ـ ئاستا ئىلگىرىلەڭلەر" —

---

① كائۇتسكى «سوتسىيال ئىنقىلاپ» دېگەن كىتاپنىڭ 2 ـ نەشرىدە شۇنداق دېگەن.

نارتىس تۇپپورىلوۋ[179] نىڭ ”ئىقتىساتۋازلار“ (يەنى روسىيە سوتسى-
يال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتيىسىدىكى بىرىنچى تۇركۇم ئاغمىچى-
لار)غا قارشى ئېيتقان بۇ سوزى پارتيىمىزنىڭ هازىرقى يەر پۇروگ-
راممىسىنىڭ **روهىنى** تولۇق ئىپادىلەپ بەردى.

بىزنىڭ ئۇششاق بۇرژۇئا سوتسياليزمى ”مەستانىلىغى“غا قارشى
ئېلىپ بارغان كۇرىشىمىز ئىنقىلاپىنىڭ كولىمىنى ۋە پۇرولېتارىيات
بەلگىلىگەن ئىنقىلاۋىي ۋەزىپىلەرنى تارايتىماستىن، كېڭەيتىشى
كېرەك. ”مەهەللىۋازلىق“ ئىدىيىسى ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ قالاق
تەبىقىلىرى ئارىسىدا ياكى ئىمتىيازلىق دېخانلار (كازاكلار) ئارىسىدا
هەرقانچە ئېغىر بولسىمۇ ئۇنىڭغا مەدەت بەرمەسلىگىمىز كېرەك.
هەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بېكىنمىچىلىگىگە مەدەت بەرمەسلىگىمىز
كېرەك. ياق، غەلىبە قازىنىشتا بىرلىكنىڭ قانداق ئەهمىيەتكە ئىگە
ئىكەنلىگىنى دېخانلارغا ئېنىق چۈشەندۈرۈشىمىز كېرەك، هەركەتنىڭ
دائىرىسىنى كىچىكلەتمەي، بەلكى كېڭەيتىدىغان بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ
چالا بولۇپ قېلىشى پۇرولېتارىياتنىڭ ئېهتىياتچان بولمىغانلىغىدىن
ئەمەس، بەلكى بۇرژۇئازىيىنىڭ قالاقلىغىدىن بولغانلىغىنى كورسىتى-
دىغان شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز كېرەك. بىز ئوز پۇروگرام-
مىمىزنى ”مەهەللىۋى“ دېموكراتىزىمغا ”ئۇيغۇنلاشتۇر“ماسلىغىمىز،
دېموكراتىيىگە يات مەركىزى هاكىمىيەت شارائىتىدا ئەمەلگە ئاشۇر-
غىلى بولمايدىغان بىمەنە يېزا ”يەرلىك جامائەت ئىگىلىگى سوتسى-
ياليزمى“نى ئويلاپ چىقارماسلىغىمىز، چاكىنا سوتسياليستىك ئىسلا-
هات سياستى ئارقىلىق بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىغا ماسلىشىپ يۇرمەستىن،
بەلكى ئاممىنىڭ دىققەت ئېتىۋارىنى بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبىسىگە
هەقىقى كاپالەتلىك قىلالايدىغان شەرت-شارائىتلارغا قارىتىشىمىز،
بۇ غەلىبىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۇچۇن يەرلىك دېموكراتىيە تۇزۇمى-
نىڭ بولۇشى زورۇر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ”مەركەزنىڭ“ دېمو-

كىراتىيە تۈزۈمى، يەنى مەركىزىي دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ دېموك-
راتىيە تۈزۈمىنىڭ بولۇشىمۇ زورۇر ئىكەنلىكىنى ــ ئومۇمى دېموكرا-
تىيە تۈزۈمىلا ئەمەس، بەلكى چوقۇم ئەڭ تولۇق ۋە ئەڭ ئالى
دېموكراتىيە تۈزۈمى بولۇشى كېرەكلىكىنى ئاممىغا چۈشەندۈرۈش-
مىز لازىم، چۈنكى بۇنداق دېموكراتىيە تۈزۈمى بولمايدىكەن،
روسىيە دىخانلىرىنىڭ يەر ئىنقىلاۋى، ئىلمىي مەنىدىن ئېيتقاندا،
قۇرۇق خىيالغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ھازىرقى تارىخىي پەيتتە، قارا گۈرۈھ يىرتقۇچلار ئۈچىنچى
دۇمادا غالجىرلاشقان، ئەكسىلئىنقىلاۋىي كۈچلەر ئەسەبىلىكتە چېكى-
گە يەتكەن، ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئادەتتىكى ئىنقىلاپچىلاردىن،
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىككىنچى دۇمادىكى سوتسىيال دېموك-
راتلار پارتىيىسىنىڭ ۋەكىللىرىدىن ياۋۇزلۇق بىلەن سىياسى ئۆچ
ئېلىۋاتقان چاغدا، "كەڭ" يەر پۇروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش
"مۇۋاپىق ئەمەس" دەپ قارىماسلىق كېرەك. بۇنداق پىكىر روسىيە
سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنى ياقلايدىغان ياكى ئۇنىڭغا قاتناش-
قان كەڭ مىشچان زىيالىلاردا كورۇلۇۋاتقان ئاسىلىق، ئۈمىتسىزلىك،
چۈشكۈنلۈك ۋە چىرىكلىك بىلەن تومۇرداش، بۇ ئەخلەتلەر ئىش-
چىلار پارتىيىسى ئىچىدىن ئۆزۈل-كېسىل تازىلاپ چىقىرىلسا،
پۇرولېتارىيات ئۇچۇن پايدىلىق. ئەكسىيەتچى كۈچلەر قانچە ئەشەد-
دىلەشسە، ئەمىلىيەتتە ئۇ مۇقەررەر بولغان ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا
شۇنچە توسقۇنلۇق قىلىدۇ، دېموكراتىيە ھەركىتىنىڭ تېخىمۇ كەڭ
كولەمدە ئەۋج ئېلىشىنى شۇنچە ئۇنۇملۇك ئىلگىرى سۈرىدۇ.
شۇڭلاشقا، بىز ئاممىۋى ھەركەت ۋاقتىنچە بېسىلغان ھازىرقى
پەيتتىن پايدىلىنىپ، بۇ قېتىمقى زور ئىنقىلاپنىڭ تەجرىبىلىرىنى
تەنقىدىي ئاساستا تەتقىق قىلىشىمىز، بۇ تەجرىبىلەرنى تەكشۈرۈش-
مىز، ئۇنىڭدىكى داشقاللارنى تازىلاپ چىقىرىشىمىز، بۇ تەجرىبىلەرنى

كەلگۈسى كۈرەشلەرنىڭ قىبلىنامىسى سۈپىتىدە ئامـمىغا تاپشۇرۇشـ
مىز كېرەك.

1907 ـ يىل 11 ـــ 12 ـ ئايلار

1907 ـ يىل 11 ـــ 12 ـ ئايلاردا
يېزىلغان.

1908 ـ يىلى تۇنجى قېتىم ئېلان
قىلىنغان (مۇسادىرە قىلىنغان)؛
1917 ـ يــىلى «تۇرمۇش ۋە
بىلىم» نەشرىياتى تەرىپىــدىن
كىـتاپچە قىلىـپ بېسىلغان.

قوليازمىــسى بويىچە بېسىلـدى ۋە
1917 ـ يىلدىكى نۇسخىسىغا سېلىشتۇـ
رۇلدى.

ئاخىرقى سوز

بۇ كىتاپ 1907 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا يېزىلغان. ئۇ 1908 ـ يىلى پېتېربۇرگدا نەشر قىلىنغان ئىدى. لېكىن چار پادىشانىڭ مەتبۇئات تەكشۈرگۈچى ئورگىنىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپ كويدۇرۇۋېتىلگەن ئىدى. پەقەت بىرلا نۇسخىسى ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭمۇ ئاخىرقى قىسمىدىن بىرقانچە بېتى (بۇ نەشرىنىڭ 269 ـ بېتىدىن كېيىنكى بەتلىرى) يوق. يوق بەتلىرى هازىر تولۇقلاندى.

هازىر ئىنقىلاپ روسىيىدە يەر مەسىلىسىنى 1905 ــ 1907 ـ يىللاردىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ، چوڭقۇر ۋە ئوتكۇر قىلىپ قويىدى. پارتىيىمىزنىڭ 1 ـ قېتىملىق ئىنقىلاپتىكى پۇروگراممىسىنىڭ تارىخى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش كوپچىلىكنىڭ هازىرقى ئىنقىلاپ ۋەزىپىلىرىنى تېخىمۇ توغرا چۈشىنىۋېلىشىغا ياردىمى بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

شۇنى ئالاهىدە كورسىتىپ ئوتۇش كېرەككى، ئۇرۇش ــ ئۇرۇش ۋاتقان دولەتلەرگە مىسلىسىز بالايى ـ ئاپەت كەلتۇردى. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە تېزلىتىپ، مونوپول كاپىتالىزىمنى دولەت مونوپول كاپىتالىزىمغا ئايلاندۇردى، شۇنىڭ بىلەن پۇرولېتارىياتمۇ، ئىنقىلاۋىي ئۇششاق بۇرژۇئا دېموكراتىيىچىلىرىمۇ ئوز هەركىتىنى كاپىتالىزىم دائىرىسىدە چەكلەپ **قالالمايدىغان** بولۇپ قالدى.

ئەمەلىي تۇرمۇش بۇ دائىرىدىن چىقىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ۋە

تەقسىماتنى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا تەرتىپكە سېلىشنى، ئومۇمى ئەمگەك مەجبۇرىيىتى تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى، مەجبۇرى يوسۇندا سىندىكاتلاشتۇرۇش (چوڭ شىركەت بولۇپ ئۇيۇشۇش)نى ۋە باشقىلارنى كۈنتەرتىپكە قويدى.

بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، يەرنى دولەت ئىگىدارچىلىغىغا ئېلىش مەسىلىسى يەر پروگراممىسىدا ئەلۋەتتە باشقىچە قويۇلۇشى كېرەك. دېمەك، يەرنى دولەت ئىگىدارچىلىغىغا ئېلىش بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ "يۇقۇرى پەللىسى" بولۇپلا قالماي، بەلكى **سوتسىيالىزمغا قاراپ تاشلانغان بىر قەدەمدۇر.** بۇنىڭسىز ئۇرۇش كۈلپەتلىرىنى تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

نامرات دېخانلارغا رەھبەرلىك قىلغۇچى پرولېتارىيات، بىر تەرەپتىن، خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى دېخان ۋەكىللىرى سوۋېتىدىن يېزا ئىگىلىك ئىشچىلىرى ۋەكىللىرى سوۋېتىغە يوتكىشى، يەنە بىر تەرەپتىن، پومېشچىكلارنىڭ جاگىرلىرىدىكى دېخانچىلىق سايمانلىرىنى دولەت ئىگىدارچىلىغىغا ئېلىشى، شۇنداقلا بۇ جاگىرلاردا يېزا ئىگىلىك ئىشچىلىرى ۋەكىللىرى سوۋېتى نازارەتچىلىگىدە ئۈلگىلىك دېخانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرۇپ چىقىشى كېرەك.

بۇ يەردە مەن ئىنتايىن مۇھىم بولغان بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە تەپسىلى توختالمايمەن، ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بولگەن كىتاپخانلارنى بولشېۋىكلەر چىقىرىۋاتقان مەتبۇئاتلارنى ۋە مېنىڭ «تاكتىكا ھەققىدە خەتلەر»①، پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىمىزدىكى ۋەزىپىلىرى (پرولېتارىيات پارتىيىسى ھەركەت

① مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەر، 3 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 23 ــ 35 ـ بەتلەرگە قاراڭلار. ــ تەھرىردىن

پۇروگىراممىسىنىڭ لايىھىسى)»② دېگەن كىتاپچىلىرىمىنى ئوقۇغۇچىلارغا تەكلىپ قىلماقتىن باشقا ئامال يوق.

ئاپتور

1917 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

1917 ـ يىلى «سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ 1905 ــ 1907 ـ يىللاردا بولغان بىرىنچى قېتىملىق روسىيە ئىنقىلاۋىدىكى يەر پۇروگىراممىسى» دېگەن كىتاپقا كىرگۈزۈلگەن.

شۇ كىتاپنىڭ ئەسلى تېكىستىگە ئاساسەن بېسىلدى.

«لېنىن ئەسەرلىرى»، 13 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 399 ــ 409 ـ بەتلەردىن ئېلىندى.

② شۇ تومنىڭ 36 ــ 69 ـ بەتلىرى. ــ تەھرىردىن

ئىزاھلار

1 لېنىننىڭ «"خەلق دوستلىرى" دېگەن نېمە ۋە ئۇلار سوتسىيال دېموكراتلارغا قانداق ھۇجۇم قىلىدۇ؟ («روسىيە بايلىقى» ژورنىلىنىڭ ماركسىزىمچىلارغا قارشى ماقالىلىرىغا جاۋاپ)» دېگەن كىتاۋىدا نارودنىكلارنىڭ نەزىرىيىۋى نۇقتىنەزەرلىرى ۋە سىياسى پۇروگراممىسى ئۇزۇل-كېسىل تەنقىت قىلىنغان، نامىدا "خەلق دوستلىرى"، ئەمەلىيەتتە خەلق دۇشمىنى بولغان نارودنىكلارنىڭ ھەقىقى قىياپىتى ئېچىپ تاشلانغان، ئىشچىلار سىنىپى جەمىيەتنىكى ئەڭ ئىلغار، ئەڭ ئىنقىلاۋىي سىنىپ دېگەن قائىدە شەرھىلەنگەن، ئىشچى-دېخانلار ئىتتىپاقى چارىزىمنى ۋە پومىششىك-بۇرژۇئازىيىنىڭ ھوكۇمرانلىغىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش يولىدىكى ئاساسىي ۋاستە دېگەن شانلىق ئىدىيە تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلغان، روسىيە ماركسىزىمچىلىرىنىڭ تۇپ ۋەزىپىسىمۇ مۇئەييەنلەشتۇرۇلگەن.

بۇ كىتاپ 1894-يىلى يېزىلغان (كىتاپنىڭ بىرىنچى بولۇمى 4-ئايدا، ئىككىنچى ۋە ئۇچىنچى بولۇملىرى يازدا قولدىن چىققان). لېنىن بۇ كىتاپنى 1892 — 1893-يىللىرى سامارادا تۇرغان ۋاقتىدا يېزىشقا كىرىشكەن. ئۇ ماركسىزىمنىڭ دۇشمەنلىرى قاتارىدا لىبېرال-نارودنىكلاردىن ۋ.ۋ. (ۋورونتسوۋ)، مىخايلوۋسكى، يۇژاكوۋ، كىرىۋېنكولارنى قاتتىق تەنقىت قىلىش يۇزىسىدىن سامارادىكى ماركسىزىمچىلار گۇرۇپپىسىدا بىر تۇركۇم ماقالىلىرىنى ئوقۇپ ئۆتكەن. بۇ ماقالىلار «"خەلق دوستلىرى" دېگەن نېمە» دېگەن كىتاپقا تەييار ماتېرىيال بولۇپ قالغان.

لېنىننىڭ بۇ كىتاۋى بولۇملەر بويىچە ئايرىم-ئايرىم نەشر قىلىنغان. كىتاپنىڭ بىرىنچى بولۇمى 1894-يىل 6-ئايدا پېتېر-

بۇرگـدا رېزىنـكە باسـمـدا بېسىلـغان؛ 1894 ـ يىل 7 ـ ئايـدا يەنە رېزىنكە باسمـدا ئۇنىڭ 2 ـ نەشـرى چىققان؛ شۇ يىلى 8 ـ ۋە 9 ـ ئايـلاردا، ئا. ئا. گانشـىن ئىلـگىرى ـ ئاخىـر بولۇپ گوركا (ۋىلادىـمىر ئولـكىسى)دا ۋە مـوسكـۋادا كـىتاپنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى بولۇمـىدىن 100 نۇسـخىچە باسـتۇرغان؛ شۇ يىـلى 9 ـ ئايـدا، ئا.ئا. ۋانـېيېۋ پېتېـربۇرگـدا بىرىنچى بولۇمـىنى رېزىنـكە باسـما بىلەن 50 نۇسـخا باسـتۇرغان (بۇ 4 ـ نەشـرى ئىدى)، ئۇچىنچى بولۇمىدىنمۇ 50 نۇسـخىچە باسـتۇرغان. 1894 ـ يىـلى چېرنىـگوۋ ئولكـىسىنىڭ بورزېن ناھىيـىسىدىكى سوتـسىيال دېموكـراتلارنىڭ بىر گۇرۇپپـىسى «"خەلق دوستلـىرى" دىـگەن نىـمە» دىـگەن كـىتاپنى رېزىنـكە باسـما بىلەن بېسـىپ چىقـقان. بۇ كـىتاپـنىڭ ئىكـكىنچى بولۇمـى ھـازىرغـىچە تېپىلمىدى.

«"خەلق دوستـلىرى" دىـگەن نىـمە» دىـگەن كـىتاپ روسـىيىدە ۋە چەتئەلـلەردە كەڭ تارقالـغان بولۇپ، ئەمـگەكـنى ئازات قىلىش جەمىيىتـىمۇ، روسـيە سوتـسىيال دېموكراتـلىرىنىڭ چەتئەلـلەردىكى باشقا تەشكىلاتلىرىمۇ بۇ ئەسەر بىلەن ناھايىتى تونۇش ئىدى.

بۇ كىتاپـنىڭ رېزىنـكە باسـمىدا بېسىلغان بىرىنچى ۋە ئۈچىنـچى بولۇمـلىرى 1923 ـ يىلـنىڭ باشـلىرىدا بېرلىندىكى سوتسىيال دېموكـراتـلار پارتىيىسـىنىڭ ئارخىۋىـدىن تېپىلغان، شۇ ۋاقتنىڭ ئۆزىدەرەك، لېنىنگرادتىكى دولەتلىك شىدرىن كۇتۇپخانىسىدىنمۇ تېپىلغان.

بۇنـىڭدىن باشقا، 1936 ـ يىلى «"خەلق دوستلىرى" دىگەن نىمە» دىگەن كىتاپنىڭ 1894 ـ يىـلى نەشر قىلـىنغان يېڭى رېزىنكە باسمىسى تېپىلـغان. كىتاپـنىڭ بۇ نۇسخىسىدا، لېنىن شۇ كىتاپنى چەتئەلدە نەشر قىلـدۇرماقچى بولۇپ ئۆز قەلـىمى بىلەن كىـرگۈزگەن نۇرغۇن ئەدىبىي تۈزىتىشلەر بار. — 1 ـ بەت.

2 «روسـيە بايلىقى» («Русское Богатство») — 1876 ـ يىلـدىن 1918 ـ يىلـىنىڭ ئوتـتۇرىلىرىغىچە پېتېربۇرگـدا چىقىرىلـغان ئايـلىق ژورنال بولۇپ، 90 ـ يىلـلارنىڭ باشـلىرىـدىن ئېتىـۋارەن كرىـۋېنكو بىلەن مىـخايلوۋسـكىلارنىڭ تەھرىرلىـگىدە چىقىدىغان لىبېرالىزمـچى نارودنىـكلارنىڭ نەشـر ئەپكـارى بولۇپ قالـغان. بۇ ژورنال چار

ھوكۇمىتى بىلەن مۇرەسسەلەشىشنى قوۋۋەتلەپ، چار ھوكۇمىتىگە قارشى ھەرقانداق ئىنقىلاۋىي كۇرەشتىن ۋازكېچىشنى تەرغىپ قىلغان، ماركسىزىمغا ۋە روسىيە ماركسىزىمچىلىرىغا ئەسەبىيلىك بىلەن قارشى تۇرغان. بۇ ژورنال 1906 ـ يىلدىن ئېتىۋارەن يېرىم كادېتلار پارتىيىسى ھېساپلىنىدىغان "خەلق سوتسىيالىستلار پارتىيىسى"نىڭ ژورنىلى بولۇپ قالغان. ــ 1 ـ ،204 ـ بەتلەر.

3 ن.ك. مىخايلوۋسكىنىڭ «ك. ماركس يو. ژۇكوۋسكى جاناپلىرىنىڭ سوتىدا» دىگەن ماقالىسى كوزدە تۇتۇلىدۇ، بۇ ماقالا «ۋەتەن خاتىرىلىرى» ژورنىلىنىڭ 1877 ـ يىل 10 ـ ئايدىكى 10 ـ سانىغا بېسىلغان.ــ 5 ـ بەت.

4 ماركس. «كاپىتال»، 1 ـ توم، 1 ـ نەشرىگە سوز بېشى («ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 ـ توم، ئۇيغۇرچە يېڭى يېزىق نەشرى، 353 ـ بەت)غا قاراڭسۇن. ــ 7 ـ بەت.

5 ماركس. «سىياسى ـ ئىقتىسات تەنقىدى»گە سوز بېشى («ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 ـ توم، ئۇيغۇرچە يېڭى يېزىق نەشرى، 138 ــ 140 ـ بەتلەر)غا قاراڭسۇن. ــ 11 ـ بەت.

6 «ئىجتىمائى شەرتنامە» («Contrat social») ژان. ژاك روۋسسونىڭ ئاساسىي ئەسەرلىرىدىن بىرى (1762 ـ يىلى نەشر قىلىنغان) بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەرقانداق ئىجتىمائى تۇزۇم كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەركىن كېلىشىشنىڭ نەتىجىسى بولۇشى كېرەك، دىگەن ئىدىيە ئېگىز قىلىنغان. "ئىجتىمائى شەرتنامە" نەزىرىيىسى ئاساسەن ئىدىيالىستىك نەزىرىيە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ 18 ـ ئەسىردىكى فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ ھارپىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، قانداقلا بولمىسۇن ئىنقىلاۋىي رول ئوينىغان. بۇ نەزىرىيىدە بۇرژۇئازىيىنىڭ باراۋەرلىك تەلىۋى بايان قىلىنىپ، فېودال تەبىقىچىلىك ئاساسىدىكى ئىمتىيازلارنى يوقىتىش ۋە بۇرژۇئا جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش چاقىرىقى قىلىنغان.ــ12 ـ بەت.

7 ماركس. «كاپىتال»، 1 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 13 ـ باپ، 1 ـ پاراگراپقا قاراڭسۇن.ــ23 ـ بەت.

8 بۇ يەردە ماركسنىڭ «ۋەتەن خاتىرىلىرى» ژورنىلىنىڭ تەھرىر بولۇمىگە يازغان خېتى كوزدە تۇتۇلىدۇ («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»،

19 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 126 ــ 131 ـ بەتلەرگە قارالسۇن) . ماركس بۇ خەتنى 1877 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدا ن. ك. مىخايلوۋسكىنىڭ «ك.ماركس يو. ژۇكوۋسكى جاناپلىرىنىڭ سوتىدا» دېگەن ماقالىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن يازغان. ماركس ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئېنگېلس بۇ خەتنى كوچۇرۇپ روسىيىگە ئەۋەتكەن. ئېنگېلسنىڭ ئېيتىشىچە: "بۇ خەتنىڭ فرانسۇزچە تېكىستىنىڭ كوچۇرۇلمىسى روسىيىدە كەڭ ۋە ئۇزاق تارقال-غان، كېيىن رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنىپ 1886 ـ يىلى جەنۋەدە چىقىرىل-غان «خەلق ئىرادىسى خەۋەرچىسى» گېزىتىدە، ئارقىدىن روسىيىدىكى گېزىت ـ ژورناللاردا ئېلان قىلىنغان. بۇ خەتمۇ ماركس يازغان باشقا نەرسىلەر قاتارىدا روسىيىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ زور دىققەت ـ ئېتىۋارىنى قوزغىغان." («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 22 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 504 ـ بەتكە قارالسۇن) ماركسنىڭ بۇ خېتى روسىيىدە چىقىدىغان «ئەدلىيە خەۋەرلىرى» ژورنىلىنىڭ 1888 ـ يىلدىكى 10 ـ سانىغا تۇنجى قېتىم بېسىلغان.ــ24 ـ بەت.

9 ئېنگېلس. «دېۋرىنگغا قارشى» («ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 3 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 189 ـ بەت) غا قارالسۇن. ــ 24 ـ بەت.

10 بۇ يەردە ماركس بىلەن ئېنگېلس 1845 ــ 1846 ـ يىللىرى بىرلىشىپ يازغان «نېمىس ئىدېئولوگىيىسى» دېگەن كىتاپ كوزدە تۇتۇلىدۇ («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 3 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 11 ــ 640 ـ بەتلەرگە قارالسۇن) . ساقچى دائىرىلىرىنىڭ توسقۇنلۇغى، نەشرى-يات سودىگەرلىرى ــ ئۇلار ماركس بىلەن ئېنگېلس قارشى تۇرغان مەزھەپنىڭ ئالاقىدار ۋەكىللىرى ــ نىڭ رەت قىلىشى ئارقىسىدا، بۇ كىتاپ ماركس بىلەن ئېنگېلس ھايات ۋاقتىدا نەشر قىلىنماي، 2 ـ تومنىڭ 4 ـ بابىلا ئېلان قىلىنغان. بۇ كىتاپنىڭ قولىيازمىسى گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئارخىۋىدا نەچچە ئون يىل بېسى-لىپ ياتقان، 1923 ـ يىلى ماركس ـ ئېنگېلس ـ لېنىن تەتقىقات ئىنستى-تۇتى ئۇنى نېمىس يېزىغىدا تۇنجى قېتىم تولۇق ئېلان قىلغان. بۇ يەردە مىخايلوۋسكى نەقىل كەلتۈرگەن ئېنگېلسنىڭ سوزى توغرىسىدا، ئېنگېلس-نىڭ «ليۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى» دېگەن كىتاۋىنىڭ سوز بېشىغا قارالسۇن («ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما

ئەسەرلىرى»، 4 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 208 ـ بەت). — 25 ـ بەت.

11 بۇ يەردە لېۋىس ھېنرى مورگاننىڭ «قەدىمقى جەمىيەت، ياكى ئىنسانلارنىڭ نادانلىق دەۋردىن ياۋايىلىق دەۋرى ئارقىلىق مەدەنىيەتلىك دەۋرگە ئۆتۈش جەريانى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن كىتاۋى كۆزدە تۇتۇلدۇ. — 26 ـ بەت.

12 ئېنگېلسنىڭ «ئائىلە، خۇسۇسى مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن ئەسىرىنىڭ بىرىنچى نەشرىگە سۆز بېشى («ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 4 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 2 ـ بەت)غا قارالسۇن. — 27 ـ بەت.

13 ئۇرۇقداشلىق تەشكىلاتى — ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىجتىمائى ـ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە، يەنى باشلانغۇچ جامائە تۈزۈمى. ئۇرۇقداشلىق تەشكىلاتى پەيدا بولغان دەۋر ھازىرقى ئىنسانلار تىپى ئاخىرقى ھىساپتا شەكىللەنگەن دەۋر بىلەن ئوخشاش. ئۇرۇقداشلىق تەشكىلاتى ئانىلىق تۈزۈم بىلەن ئاتىلىق تۈزۈمدىن ئىبارەت ئىككى تەرەققىيات دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن. ئاتىلىق تۈزۈم يىمىرىلگەن دەۋر باشلانغۇچ جەمىيەت سىنىپىي جەمىيەتكە ئايلانغان ۋە دۆلەت پەيدا بولغان دەۋر ئىدى. "باشلانغۇچ جامائە تۈزۈمى شارائىتىدا، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان ئومۇم مۈلۈكچىلىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسى ئىدى. بۇ شۇ چاغدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ خاراكتېرىغا ئاساسەن مۇۋاپىق كېلەتتى. تاش قوراللارنىڭ ۋە كېيىن ئوق ـ يانىڭ پەيدا بولۇشى كىشىلەرنى تەبىئەت كۈچلىرى ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلار بىلەن يەككە ـ يىگانە كۆرەش قىلالمايدىغان قىلىپ قويدى...... جامائە بولۇپ ئەمگەك قىلىش نەتىجىسىدە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە ۋە مەھسۇلاتقا بولغان ئومۇم مۈلۈكچىلىك ۋۇجۇتقا چىقتى. ئۇ چاغلاردا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان خۇسۇسى مۈلۈكچىلىك توغرىسىدا چۈشەنچە يوق ئىدى،...... ئېكسپىلاتاتسىيمۇ، سىنىپمۇ يوق ئىدى." (ستالىن. «لېنىنىزم مەسىلىلىرى»، 1971 ـ يىل، خەلق نەشرىياتى نەشرى، 649 — 650 ـ بەتلەرگە قارالسۇن)

باشلانغۇچ جامائە تۈزۈمى توغرىسىدا، ماركسنىڭ «مورگاننىڭ

‹قەدىمقى جەمىيەت› دېگەن كىتاۋىدىن ئۈزۈندىلەر» دېگەن ئەسىرى (1965 - يىل، خەلق نەشرىياتى نەشرى) ۋە ئېنگېلسنىڭ «ئائىلە، خۇسۇسى مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن ئەسىرى («ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 4 - توم، خەنزۇچە نەشرى)گە قارالسۇن. — 30 - بەت.

14 سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى — 15 - ئەسىردە، بولۇپمۇ 16 - ئەسىردە روسىيىدە پەيدا بولغان ۋە بەرپا قىلىنغان ئالاھىدە شەكىلدىكى بىر خىل فېوداللىق يەر ئىگىدارچىلىقى تۈزۈمى. سۇيۇرغاللىق يەر ئاتا مىراس غوجىلىق يەرگە ئوخشىمايدۇ، ئاتا مىراس غوجىلىق يەر پۈتۈنلەي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ خۇسۇسى ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ ۋە ئاتا مىراس بولۇپ داۋام قىلىدۇ، سۇيۇرغاللىق يەر بولسا خىزمەتتىكى ئاقسۆڭەكلەرگە ۋاقىتلىق ۋە مەلۇم شەرت بىلەن بېرىلىپ تۇرىدۇ. سۇيۇرغاللىق يەر فېودال پادىشالارنىڭ مۈلكى بولۇپ، باشتا ھەربى خىزمەتتىكى خادىملارغا ياكى ئوردا ئەمەلدارلىرىغا ۋاقىتنچە ئىنئام قىلىپ بېرىلىپ كەلگەن. كېيىن، سۇيۇرغاللىق ئىگىدارلىق بارا - بارا ئاتا مىراس ئىگىدارلىققا ئايلىنىپ قالغان. فېوداللىق يەر ئىگىدارچىلىقى ئاساسىدىكى بۇ ئىككى خىل تۈزۈمنىڭ پەرقى 17 - ئەسىردىن تارتىپ پەيدىن - پەي يوقىلىشقا باشلىغان؛ سۇيۇرغاللىق يەر ئىگىلىرى بىلەن ئاتا مىراس غوجىلار فېوداللىق ئىمتىيازلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش جەھەتتە بارا - بارا بىرلىشىپ كەتكەن. پېتر I زامانىدا، سۇيۇرغاللىق يەرلەر پۈتۈنلەي پومېشچىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ خۇسۇسى مۈلكى بولۇپ قالغان. — 35 - بەت.

15 خەلقارا ئىشچىلار جەمىيىتى يەنى بىرىنچى ئىنتېرناتسونالنى 1864 - يىلى كۈزدە ماركس لوندوندا قۇرغان. ماركس بىلەن ئېنگېلس رىياسەتچىلىك قىلغان بىرىنچى ئىنتېرناتسونال ھەرقايسى ئەللەردىكى ئىشچىلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسى كۈرەشلىرىگە رەھبەرلىك قىلغان ھەمدە ماركسىزىمغا قارشى پرۇدونچىلىق، باكۇنىنچىلىق، ئىشچىلار بىرلەشمىچىلىكى، لاسساللىچىلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئېقىملار بىلەن كەسكىن كۈرەش قىلىپ، ھەرقايسى ئەللەر ئىشچىلىرىنىڭ خەلقارا ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملىگەن. بىرىنچى ئىنتېرناتسونال 1872 - يىلدىكى گائاگا قۇرۇلتىيىدىن كېيىن ئەمەلىيەتتە پائالىيىتىنى توختاتقان، 1876 - يىلى

رەسمىي تارقىلىپ كەتكەن. بىرىنچى ئىنتېرناتسونالنىڭ تارىخىي ئەھمەيىتى شۇكى، ئۇ "ئىشچىلارنىڭ خەلقارالىق تەشكىلاتىغا ئاساس سېلىپ ئىشچىلارنى كاپىتالغا قارشى ئىنقىلاۋىي ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىدى" (مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەر، 3 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 809 - بەتكە قارالسۇن). — 39 - ، 164 - ، 311 - بەتلەر.

16 ۋ.پ. بۇرېنىن — روسىيىلىك ئەكسىيەتچىل سىياسى مۇلاھىزىچى ۋە يازغۇچى، 1876 - يىلىدىن باشلاپ «يېڭى دەۋر» گېزىتىنىڭ تەھرىر بولۇمىگە قاتناشقان. ئۇ ئىلغار ئىجتىمائى پىكىر ئېقىمىنىڭ بارلىق ۋەكىللىرىنى ھە دەپ قارىلىغان ۋە پىتنە - ئىغۋا توقۇپ ھاقارەتلىگەن. لېنىن بۇرېنىننىڭ ئىسمىنى بەس - مۇنازىرىدىكى پەسكەشلىكنىڭ ئالمىششى ئورنىدا ئىشلەتكەن. — 39 - بەت.

17 بۇ يەردە بۇرېنىننىڭ 1894 - يىل 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى «يېڭى دەۋر» گېزىتىدە بىر پارچە پىلىيەتون ئېلان قىلىپ، ن. ك. مىخايلوۋسكىنىڭ ماركسىزمچىلارغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشىنى كۈچەپ ماختىغانلىقى كوزدە تۇتۇلىدۇ.

«يېڭى دەۋر» گېزىتى («Новое Время») 1868 - يىلىدىن 1917 - يىلغىچە پېتېربۇرگدا چىقىرىلغان بولۇپ، ئۇ باشتا موتىدىل لىبېراللارنىڭ گېزىتى ئىدى، 1876 - يىلىدىن كېيىن ئىنقىلاۋىي ھەركەتلەرگە قارشى تۇرۇش بىلەنلا قالماي، لىبېرال بۇرژۇئا ھەركىتىگىمۇ قارشى تۇرۇپ، ئەكسىيەتچى ئاقسوڭەكلەر ۋە بيۇروكراتلار گۇرۇھىنىڭ كارنىيى بولۇپ قالغان. بۇ گېزىت 1905 - يىلىدىن باشلاپ لۇكچەكلەرنىڭ ئورگان گېزىتلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان. لېنىن «يېڭى دەۋر» گېزىتىنى شان - شوھرەت ئۇچۈن خائىنلىق قىلغان گېزىتلەرنىڭ ئۈلگىسى دەپ ئاتىغان. فېۋرال ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، بۇ گېزىت بۇرژۇئا ۋاقىتلىق ھوكۇمىتىنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي سىياسىتىنى شەرتسىز قوللاپ، بولشېۋىكلەرگە جان - جەھلى بىلەن ھۇجۇم قىلغاچقا، 1917 - يىل 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى پېتروگراد سوۋېتى ئىنقىلاۋىي ھەربى كومىتېتى تەرىپىدىن پېچەتلەنگەن. — 44 - ، 1177 - بەتلەر.

18 ئېنگېلس. «ئائىلە، خۇسۇسى مۇلۇكچىلىك ۋە دولەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»نىڭ بىرىنچى نەشرىگە سوز بېشى («ماركس - ئېنگېلس تاللانما

ئەسەرلىرى»، 4 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ بەت)غا قارالسۇن. — 48 ـ بەت.

19 ماركس. «كاپىتال»، 1 ـ تومنىڭ 2 ـ نەشرىگە ئاخىرقى سوز («ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 ـ توم، 357 ـ بەت)گە قارالسۇن. — 49 ـ بەت.

20 بۇ يەردە «گېرمانىيە ـ فرانسىيە يىللىق مەجمۇئەسى» ژورنىلى كوزدە تۇتۇلدۇ.

«گېرمانىيە ـ فرانسىيە يىللىق مەجمۇئەسى» («Deutsch-Französische Jahrbücher») ماركس بىلەن ئا.رۇگېنىڭ مۇھەررىرلىكىدە پارىژدا چىقىرىلغان نېمىسچە ژورنال. 1844 ـ يىل 2 ـ ئايدا بۇ ژورنالنىڭ بىرلا قوشما سانى چىقىرىلغان. بۇ ژورنالنىڭ توختاپ قېلىشىغا ئاساسەن ماركس بىلەن بۇرژۇئا رادىكالى رۇگې ئوتتۇرىسىدا پىرىنسىپال پىكىر ئىختىلاۋى بولغانلىقى سەۋەپ بولغان. — 50 ـ ، 160 ـ بەتلەر.

21 ماركسنىڭ 1843 ـ يىل 9 ـ ئايدا رۇگېغا يازغان خېتى («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 1 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 416 — 417 ـ بەتلەر)گە قارالسۇن. — 51 ـ بەت.

22 لۇ. گالۋانى — 18 ـ ئەسىردە ئوتكەن ئىتالىيىلىك ئاناتومىك ۋە فىزىك، ئېلېكتىر ئىلمىغا ئاساس سالغۇچىلاردىن بىرى. ئۇ پاقىنىڭ نېرۋا بولجۇڭ گوش توقۇلمىسىنى تەجرىبە قىلىش داۋامىدا، سۆپەت جەھەتتىن پەرقلىنىدىغان مېتاللار تۇتاشقاندا توك ھاسىل بولىدىغانلىقىنى ھەممىدىن بۇرۇن تاپقان. — 52 ـ بەت.

23 بۇ يەردە «دىيۇرىڭغا قارشى» دىگەن كىتاپنىڭ بىرىنچى بولۇمىدىكى «دىيالېكتىكا. ئىنكارنى ئىنكار قىلىش» دىگەن 13 ـ بابى كوزدە تۇتۇلىدۇ («ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 3 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 169 — 183 ـ بەتلەرگە قارالسۇن). — 53 ـ بەت.

24 «ياۋروپا خەۋىرى» («Вестник Европы») — روسىيە بۇرژۇئا لىبىراللىرىنىڭ تارىخىي سىياسى ۋە ئەدەبىي ئايلىق ژورنىلى؛ م. م. ستاسيۇلېۋىچنىڭ باشچىلىقىدا ۋە تەھرىرلىكىدە 1866 ـ يىلدىن 1908 ـ يىلغىچە پېتېربۇرگدا چىقىرىلغان، 19 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىنىڭ دەسلەپكى

مەزگىللىرىدە، بۇ ژۇرنالدا ئىنقىلاۋىي ماركسىزىمچىلارغا قارشى ماقالىلار بېسىلىپ تۇرغان. 1909 ـ يىلىدىن 1918 ـ يىلى يازغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇنىڭغا م. م. كوۋالېۋسكى تەھرىرلىك قىلغان. — 56 ـ ، 240 ـ ، 282 ـ بەتلەر.

25 بۇ قىسقا ماقالىنىڭ ئاپتورى (ئى.كائۇ-مان) پېتېربۇرگ داشۆبىسىنىڭ پروفېسسورى ئى.ئى. كائۇفمان ئىدى. ماركس بۇ ماقالىنى دىيالېكتىك ئۇسۇلنى دەل جايىدا بايان قىلغان دەپ ھىساپلىغان. «كاپىتال»، 1 ـ توم، 2 ـ نەشرىگە ئاخىرقى سوز («ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەر-لىرى»،2 ـ توم، ئۇيغۇرچە بىگى بېزىق نەشرى، 364 — 369 ـ بەتلەر)گە قارالسۇن. — 57 ـ بەت.

26 بۇ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىلنى (مۇشۇ تومنىڭ 61 — 70 ـ بەتلىرى) لېنىن ئۆزى ئېنگېلسنىڭ «ديۇرىڭغا قارشى» دىگەن ئەسىرىنىڭ 1 ـ بولۇم 13 ـ بابىدىن تەرجىمە قىلغان. «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 3 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 169 — 174 ـ بەتلەرگە قارالسۇن. — 61 ـ بەت.

27 يۇپىتېر — رىم ئەپسانىلىرىدىكى ئالى مۇئەككەل، چاقماق مۇئەككىلى بولۇپ، يۇنان مۇئەككەللىرى ئىچىدىكى زېۋسقا تەڭ كېلىدۇ. رىۋايەت-لەردە ئېيتىلىشىچە، يۇپىتېر بۇقا تۇسىگە كىرىۋېلىپ، فىنىكىيە پادىشاسى ئاگېنورنىڭ قىزى ئۇرۇبانى ئالداپ قاچقانىمىش. بۇ يەردە يۇپىتېرنىڭ قولىدىن كەلگەن ئىش ھەممە بۇقىنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ دىمەكچى. — 72 ـ بەت.

28 «ۋەتەن خاتىرىلىرى» («Отечественные Записки») — 1820 ـ يىلدىن باشلاپ پېتېربۇرگدا چىقىرىلغان ئەدەبىي ـ سىياسى ژۇرنال؛ 1839 ـ يىلدىن باشلاپ ۋ.گ. بېلىنسكى بۇ ژۇرنالنىڭ تەھرىر بولۇمىگە قاتناشقان، ئا.ئى. گېرتسېن قاتارلىقلار ماقالا يېزىپ تۇرغان؛ 1868 ـ يىلدىن باشلاپ بۇ ژۇرنالغا ن.ئا. نېكراسوۋ ۋە م. ي. سالتىكوۋ ـ شېدرىن مەسئۇل بولغان، شۇ مەزگىلدە بۇ ژۇرنال ئىنقىلاۋىي دېموكرات زىيالىيلارنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرغان. نېكراسوۋ ۋاپات بولغان (1877 ـ يىلى)دىن كېيىن، نارودنىكلار بۇ ژۇرنالغا مۇھىم تەسىر كورسەتكەن.

«ۋەتەن خاتىرىلىرى» مەتبۇئات تەكشۈرۈش ئورگانلىرىنىڭ داۋام-

لىق زىيانكەشلىگىگە ئۇچراپ تۇرغان ھەمدە 1884 ـ يىل 4 ـ ئايدا چار ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن پىچەتلەنگەن. — 72 ـ ، 206 ـ ،289 ـ بەتلەر.

29 تەۋرات «تەركى مىسر»دا يېزىلىشىچە، "ئالتۇن تەنلىك يەر خۇداسى" — ئىسرائىلىيىلىكلەر مىسرنى تەرك قىلىش ئۈچۈن ئارون (قەدىمقى يەھۇدىلارنىڭ ئالى كاھىنى) دىن ئىلتىجا قىلىپ ئالتۇندىن قۇيدۇرغان سەپەر خۇداسى. — 74 ـ بەت.

30 بۇ يەردە ماركس بىلەن ئېنگېلس «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»دە مۇئەييەنلەشتۇرگەن مۇنۇ قائىدە كوزدە تۇتۇلىدۇ:

"كوممۇنىستلارنىڭ نەزىرىيىۋى قائىدىلىرى ھەرگىز دۇنيانى ئىسلاھ قىلماقچى بولغان يا ئۇ، يا بۇ ئىسلاھاتچى كەشپ قىلغان ياكى ئىختىرا قىلغان ئىدىيىلەرنى، پىرىنسىپلارنى ئاساس قىلمايدۇ.

بۇ قائىدىلەر مەۋجۇت سىنىپىي كۇرەشنىڭ كوز ئالدىمىزدىكى تارىخىي ھەركەتنىڭ ھەقىقى مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئومۇمى ئىپادىسىدىنلا ئىبارەت." («ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 ـ توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 454 ـ بەتكە قارالسۇن). — 74 ـ بەت.

31 ئېنگېلس. «ديۇرىنگغا قارشى» («ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 3 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 132 — 133 ـ بەتلەر) غا قارالسۇن. — 79 ـ بەت.

32 بۇ يەردە ن.ك. مىخايلوۋسكىنىڭ «ۋەتەن خاتىرىلىرى»نىڭ 1872 ـ يىل 4 ـ ئايدىكى سانىغا ۋە 1877 ـ يىل 10 ـ ئايدىكى 10 ـ سانىغا بېسىلغان «ماركسنىڭ بىر كىتاۋىنىڭ رۇسچە نەشرى توغرىسىدا» ۋە «ك. ماركس يو.ژۇكوۋسكى جاناپلىرىنىڭ سودىدا» دىگەن ئىككى ماقالىسى كوزدە تۇتۇلىدۇ. — 83 ـ بەت.

33 ماركسنىڭ 1843 ـ يىل 9 ـ ئايدا رۇگېغا يازغان خېتى («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 1 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 418 ـ بەت) گە قارالسۇن. — 88 ـ ، 145 ـ بەتلەر.

34 «رۇس تەپەككۇرى» («Русская Мысль») — لىبىرال نارودنىكلارنىڭ 1880 ـ يىلدىن 1918 ـ يىلنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە موسكۋادا چىقىرىلغان ئايلىق ژورنىلى. 1905 ـ يىلدىكى ئىنقىلاپتىن كېيىن، ئوڭ قانات كادېت-

لارنىڭ نەشىر ئەپكارى بولۇپ قالغان، ئۇنىڭغا پ. ب. ستىرۇۋې مۇھەررىر بولغان. — 92 - بەت.

35 بۇ يەردە ئەمگەكنى ئازات قىلىش جەمىيىتى كوزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ جەمىيەت گى.ۋ.پلېخانوۋ 1883 - يىلى جەنۋەدە قۇرغان روسسىيىدىكى تۇنجى ماركسىزملىق تەشكىلات، ئۇ تاكى روسىيە سوتسىيال دېموكرا-تىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ 2 - قۇرۇلتىيىغىچە (1903 - يىلغىچە) مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان.

ئەمگەكنى ئازات قىلىش جەمىيىتى "روسىيىدە ماركسىزىم ئىدىيە-سىنى تارقىتىش يولىدا كوپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، ئۇ سوتسىيال دېموكراتىك ھەركەتكە نەزەرىيە جەھەتتىن ئاساس سالدى ۋە ئىشچىلار ھەركىتىنى كۆتۈرۈپلىش يولىدا تۇنجى قەدەم تاشلىدى" («سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلەر) تارىخى قىسقىچە كۇرسى»، 1954 - يىل، خەلق نەشرىياتى نەشرى، 32 - بەتكە قارالسۇن). بۇ جەمىيەت ماركسىزم ئاساسچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى — ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»، ماركسنىڭ «ياللانما ئەمگەك ۋە كاپىتال»، ئېنگېلسنىڭ «سوتسىيالىزمنىڭ خىيالدىن پەنگە راۋاجلىنىشى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىپ، چەتئەل-دە باستۇرغان ۋە روسىيىدە مەخپىي تارقاتقان. پلېخانوۋ ۋە ئۇنىڭ ئەمگەكنى ئازات قىلىش جەمىيىتى نارودنىكلىققا ئەجەللىك زەربە بەرگەن. لېكىن ئەمگەكنى ئازات قىلىش جەمىيىتىنىڭ نارودنىكلىق نۇقتىنەزەرلىرىنىڭ قالدۇقلىرىنى ساقلاپ قېلىش، دېخانلارنىڭ ئىنقىلاۋى-لىغىنى تولۇق مولچەرلىمەسلىك، لىبېرال بۇرژۇئازىيىسىنىڭ رولىنى بەك يۇقۇرى مولچەرلىۋېتىشتەك ئېغىر خاتالىقلىرىمۇ بار. بۇ خاتالىقلار كېيىنكى كۇنلەردە، پلېخانوۋنىڭ ۋە ئەمگەكنى ئازات قىلىش جەمىيىتى-دىكى بىر قىسىم باشقا ئەزالارنىڭ مېنشېۋىكچە كوزقاراشلىرىنىڭ تورەل-مىسى بولۇپ قالغان. — 102 -، 184 -، 334 -، 362 -، 416 -، 841 -، 1302 - بەتلەر.

36 خەلق ئىرادىچىلىكى — خەلق ئىرادىسى پارتىيىسىنىڭ نامىدىن كېلىپ چىققان. خەلق ئىرادىسى پارتىيىسى نارودنىكلارنىڭ تەشكىلاتى — يەر ۋە ئەركىنلىك جەمىيىتى (192 - ئىزاھقا قارالسۇن) بولۇنۇپ كەتكەندىن

كېيىن 1879 ـ يىلى قۇرۇلغان مەخپى تەشكىلات. بۇ پارتىيە چار ھوكۇ-
مىتىنىڭ ئايرىم ئەربابلىرىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشنى كۈرەشنىڭ ئاساسى
ۋاستىسى قىلغان. چار پادىشا ئالېكساندىر II خەلق ئىرادىچىلىرى تەرىپە-
دىن ئۆلتۈرۈلگەندىن (1881 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى مىلادىنىڭ
13 ـ كۈنى) كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، خەلق ئىرادىسى پارتىيىسى چار
ھوكۇمىتى تەرىپىدىن تارمار قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن، نارودنىكلار-
نىڭ كوپ قىسمى چارىزىمغا قارشى ئىنقىلاۋىي كۈرەشتىن ۋازكېچىپ،
چار پادىشا مۇستەبىتلىكى بىلەن يارىشىشنى ۋە مۇرەسسەلىشىشنى تەرغىپ
قىلغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ ۋە 90 ـ يىللىرىدا لىبېرال نارودنىكلار
باي دېخانلار سىنىپى مەنپەئەتىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ قالغان. ــ
110 ـ ، 167 ـ ، 351 ـ ، 364 ـ ، 389 ـ ، 801 ـ ، 1230 ـ ، 1308 ـ
بەتلەر.

37 يۇدۇشكا گولوۋلېۋ ــ سالتىكوۋ ـ شېدرىننىڭ «جانابى گولوۋلېۋلار»
دىگەن رومانىدىكى ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچى، مۇغەمبەر، زالىم،
ئاچكوز، ئەخمەق پومېششىك. ــ 126 ـ بەت.

38 ئاراكچېيېۋ ــ چار پادىشا پاۋېل I ۋە ئالېكساندىر I زامانىدا زالىم مىلى-
تارىستلىق ھوكۇمرانلىقنى يۈرگۈزۈش بىلەن داڭ چىقارغان قۇرۇقلۇق
ئارمىيە ۋەزىرى. ــ 126 ـ بەت.

39 بۇ يەردە خەلق ھوقۇقى پارتىيىسى كوزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ پارتىيە روسىـ-
يىدىكى دېموكرات زىيالىلارنىڭ مەخپى تەشكىلاتى بولۇپ، ئىلگىرىكى
خەلق ئىرادىچىلىرىنىڭ قاتنىششى بىلەن 1893 ـ يىلى قۇرۇلغان، 1894 ـ
يىلى باھاردا، چار ھوكۇمىتى تەرىپىدىن قولغا چۇشۇرۇلگەن. خەلق
ھوقۇقچىلىرى بارلىق ئوكتىچى كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ سىياسى ئىسلا-
ھات ئېلىپ بېرىش يولىدا كۈرەش قىلىشنى ئوز ۋەزىپىسى قىلىپ ئوتت-
تۇرىغا قويغان. بۇ پارتىيە «جىددى مەسىلىلەر» ۋە «خىتاپنامە» دىگەن
پۇروگىراما خاراكتېرلىق ئىككى ھوججەتنى ئېلان قىلغان. لېنىننىڭ خەلق
ھوقۇقى پارتىيىسىگە بەرگەن باھاسى توغرىسىدا مۇشۇ تومنىڭ
147 ــ 151 ـ ، 167 ــ 203 ـ بەتلىرىگە قاراڭلار. خەلق ھوقۇقچىلىرى-
نىڭ كوپ قىسمى كېيىن سوتسىيال ئىنقىلاپچىلار پارتىيىسىگە كىرگەن.
ــ 126 ـ ، 167 ـ ، 1308 ـ بەتلەر.

40 ماركس. «كاپىتال»، 1 ـ تومىنىڭ 2 ـ نەشرىگە ئاخىرقى سوز («ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 ـ توم، ئۇيغۇرچە يېڭى يېزىق نەشرى، 370 ـ بەت) گە قارالسۇن. ــ 143 ـ بەت.

41 نايدىنوۋ، موروزوۋ، كازىي ۋە بېلوۋلار ــ موسكۋادىكى رۇس سودا ـ سانائەت كاپىتالىستلىرى. ــ 148 ـ بەت.

42 ن. ئا. نېكراسوۋنىڭ «دوبرولىيۇبوۋنى خاتىرىلەيمىز» دىگەن شېئىردىن ئېلىندى («نېكراسوۋ ئەسەرلىرى ۋە خەت ـ چەكلىرى»، 1948 ـ يىل رۇسچە نەشرى، 2 ـ توم، 200 ـ بەتكە قارالسۇن). ــ 152 ـ بەت.

43 ئېنگېلس. «گېرمانىيىدىكى دىخانلار ئۇرۇشى»غا سوز بېشى («ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 ـ توم، ئۇيغۇرچە يېڭى يېزىق نەشرى، 507 ـ بەت) غا قارالسۇن. ــ 156 ـ بەت.

44 «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 2 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 258 ــ 269 ـ بەتلەر. ــ 157 ـ بەت.

45 يۇقۇرقىغا ئوخشاش، 3 ــ 268 ـ بەتلەر. ــ 159 ـ بەت.

46 «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 1 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 596 ــ 625 ـ بەتلەر. ــ 160 ـ بەت.

47 كوممۇنىزىمچىلار ئىتتىپاقى ــ پۈرولېتارىياتىنىڭ تۇنجى خەلقارالىق كوممۇنىستىك تەشكىلاتى. ئۇ ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ باشچىلىقىدا 1847 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا لوندوندا قۇرۇلغان. ئىتتىپاقنىڭ پۈروگىراممىسى بىلەن تەشكىلىي پىرىنسىپمۇ ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ بىۋاستە قاتنىشىشى ئارقىسىدا تۈزۈلگەن. ئىتتىپاقنىڭ 2 ـ قۇرۇلتىيى (1847 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىن 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىگىچە) ئىلمىي كوممۇنىزىمنىڭ ماركس بىلەن ئېنگېلس بەلگىلىگەن پىرىنسىپلىرىنى بىر ئېغىزدىن ماقۇللىغان. ماركس بىلەن ئېنگېلس قۇرۇلتاينىڭ ھاۋالىسى بويىچە پۈروگىرامما خاراكتېرلىق ھوججەتنى، يەنى 1848 ـ يىل 2 ـ ئايدا ئېلان قىلىنغان «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»نى يازغان.

1851 ـ يىل 5 ـ ئايدا، ساقچىلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشى ۋە ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ قولغا ئېلىنىشى ئارقىسىدا، كوممۇنىزىمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ گېرمانىيىدىكى ھەرىكىتى ئەمەلىيەتتە توختاپ قالغان. كېيىن

كومـمۇنىستـلىرى ئەنزىـسى يۈز بىرىـپ ئۆزۈن ئوتـمەي، ماركسـنىڭ تەكـلىـۋى بويىـچە، 1852 ـ يىـل 11 ـ ئايـنىڭ 17 ـ كۈنى ئىتـتىپاق تارقىتىۋېتىلگەن.

كوممۇنىزىمچىلار ئىتتىپاقى غايەت زور تارىخىي رول ئوينىـغان، ئۇ پۈرولېتارىيات ئىنقىلاپچىلىرىنى تەربىيىلەيدىغان مەكتەپ، پۈرولېـتارىيات پارتىيىسىنىڭ بىخى بولغان؛ كوممۇنىزىمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ بۇرۇنقى ئەزا-لىرىنىڭ كوپىنچىسى خەلقارا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسـىنى قۇرۇش خىزمـىتىگە ئاكتىپ قاتناشقان. ئىتتىپاقىنىڭ تارىخى توغرىسىدا ئېنگېلسـنىڭ «كوممۇ-نىزىمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ تارىخـى توغـرىسـىدا» («ماركـس ـ ئېنگېلـس تالـلانـما ئەسەرلـىرى»، 4 ـ توم، خەنزۇچـە نەشـرى، 186 ــ 206 ـ بەتلەر) دىگەن ئەسىرىگە قارالسۇن. ــ 160 ـ ، 1098 ـ بەتلەر.

48 «يېڭى رېين گېـزىتى. دېـموكراتـلارنىڭ ئورگان گېزىـتى» Neue») Rheinische Zeitung. Organder Demokratie») 1848 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈندىن 1849 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىگـچە كيۆلنـدا ھەركۈنى چىقىپ تۇرغان، باش تەھرىرى ماركس ئىـدى، تەھرىر بولۇ-مىدە ئېنگېلس، ۋ. ۋۆلف، گ. ۋېرت، ف. ۋۆلف، ئـى. درونـك ۋە فېرىلىگرات ھەم خ. بىرگېرسلار بار ئىدى.

دېموكراتلار ئىچىدىكى پۈرولېتارلار قانىتىـنىڭ جەڭـگىۋار ئورگان گېزىتى ــ «يېڭى رېين» گېزىتى خەلق ئاممىسىنى تەربىيىلەش رولـىنى ئوينىغان، ئۇلارنى ئەكسىلئىنقىلاپقا قارشى كۈرەش قىلىشـقا چاقىـرغان. گېزىتىنىڭ گېرمانىيە ۋە ياۋروپا ئىنقىـلاۋىـدىكى ئەڭ مۇھىـم مەسـىلىلەر توغرىسىدىكى مەيـدانى بەلگىلەنـگەن باش ماقالـلارنىڭ كوپىنچىـسىنى ماركس بىلەن ئېنگېلس يازغان.

«يېڭى رېين» گېزىتىنىڭ قەتئىي، مۇرەسسەسىز مەيدانى، جەڭگىۋار ئىنتېرناتسونالىزىملىق روھـى، ئۇنىڭ پرۇسسىيە ھوكۇمىتى ۋە كيـۆلىن يەرلىك دائىرىلىرىنى سىياسى جەھەتتىن پاش قىلىشى گېزىتنىڭ چىقىشقا باشلىغاندىن كېيىنكى دەسلەپـكى بىرقانـچە ئېيـدا، فېـودال پادىـشا-پەرەسلەرنىڭ ۋە لىبېـرال بۇرژۇئا مەتـبۇئاتلىرىـنىڭ ھۇجۇم قىلىـشىغا شۇنداقلا ھوكۇمەتنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىغا سەۋەپ بولدى، ھالـبۇكى بۇنداق زىيانكەشلىك 1948 ـ يىل 11 ــ 12 ـ ئايلاردىكى پرۇسسـىيەدىكى

ئەكسىلئىنقىلاۋىي سىياسى ئۆزگىرىشتىن كېيىن تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى.

«يېڭى رېين» گېزىتى تۈرلۈك زىيانكەشلىكلەرگە ۋە ساقچى دائىرىلىرىنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشىغا قارىماستىن، ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزىمنىڭ ۋە پۈرولېتارىياتنىڭ مەنپەئەتىنى باتۇرلۇق بىلەن قوغدىدى. 1849 ـ يىل 5 ـ ئايدا، ئەكسىلئىنقىلاۋىي كۈچلەر ئومۇمى يۈزلۈك ھۇجۇم قىلغان ئەھۋال ئاستىدا، پرۇسسىيە ھوكۇمىتى ماركسنى پرۇسسىيە تەۋەلىگىدە ئەمەس دېگەن بانا بىلەن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ چېگرىدىن ھەيدەپ چىقاردى. ماركسنىڭ چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلغانلىغى ۋە «يېڭى رېين» گېزىتىنىڭ باشقا تەھرىرلىرىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىغى سەۋەبى بىلەن گېزىت توختاپ قالدى. «يېڭى رېين» گېزىتىنىڭ 1849 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈندىكى ئەڭ ئاخىرقى سانى، يەنى 301 ـ سانى قىزىل ھەرپ بىلەن بېسىلدى. گېزىت تەھرىرلىرىنىڭ كېيۈلىن ئىشچىلىرى بىلەن خوشلىشىش خېتىدە: "ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئازاتلىغى! ــ قايسى ۋاقىت، قايسى ئورۇندا بولسۇن، ھامان ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئېغىز سوزى بولۇپ قالىدۇ" دېيىلگەن. ــ 161 ـ، 924 ـ بەتلەر.

49 ئېنگېلسنىڭ «دېۇرىڭغا قارشى» («ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 3 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 45 ــ 364 ـ بەتلەرگە قاراڭسۇن) دېگەن كىتاۋى كوزدە تۇتۇلىدۇ. ــ 162 ـ بەت.

50 1892 ـ يىلى شۇ ئىسىم بىلەن نەشر قىلىنغان ئېنگېلسنىڭ «سوتسىيالىزىمنىڭ خىيالدىن پەنگە راۋاجلىنىشى» («ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 3 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 404 ــ 443 ـ بەتلەرگە قاراڭسۇن) دېگەن كىتاپنىڭ رۇسچە تەرجىمىسى نەشردىن چىقتى؛ ئېنگېلسنىڭ بۇ ئەسىرى «دېۇرىڭغا قارشى» دېگەن كىتاۋىنىڭ 3 بابىدىن تۈزۈلگەن. ــ 162 ـ بەت.

51 «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 4 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 1 ــ 175 ـ بەتلەرگە قاراڭسۇن. ــ 162 ـ بەت.

52 ئېنگېلسنىڭ «ليۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە گېرمانىيە كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى» («ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 4 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 207 ــ 254 ـ بەتلەر) دېگەن كىتاۋى كوزدە تۇتۇلىدۇ. ــ 162 ــ بەت.

53 ئېنگېلسنىڭ «روسىيە چار پادىشا ھوكۇمىتىنىڭ تاشقى سىياسىتى» («ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 22 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 13 — 57 - بەتلەر) دېگەن ماقالىسى كوزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ماقالا «چار روسيىنىڭ تاشقى سىياسىتى» دېگەن تېما بىلەن «سوتسىيال دېموكراتلار» ژورنىلىنىڭ 1890 - يىل 1 — 2 - سانلىرىغا بېسىلغان.

«سوتسىيال دېموكراتلار» («Социал - Демократ») — ئەمگەكنى ئازات قىلىش جەمىيىتى 1890 - يىلى لوندوندا، 1892 - يىلى جەنىۋەدە چىقارغان ماركسىزىملىق ئەدەبىي - سىياسى ژورنال؛ بۇ قەرەلسىز چىقىپ تۇرغان بولۇپ، جەمى 4 سان چىققان. — 163 - بەت.

54 ئېنگېلسنىڭ «تۇرار - جاي مەسىلىسى» («ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 - توم، ئۇيغۇرچە يېڭى يېزىق نەشرى، 775 — 930 - بەتلەرگە قارالسۇن) دېگەن كىتاۋى كوزدە تۇتۇلىدۇ. — 163 - بەت.

55 ئېنگېلسنىڭ «روسىيىدىكى ئىجتىمائى مەسىلە» ۋە «روسىيىدىكى ئىجتىمائى مەسىلە»گە ئاخىرقى سوز («ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 - توم، ئۇيغۇرچە يېڭى يېزىق نەشرى، 1038 — 1061 - بەتلەر ۋە «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 22 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 494 — 510 - بەتلەرگە قارالسۇن) دېگەن ئەسەرلىرى كوزدە تۇتۇلىدۇ. — 163 - بەت.

56 لېنىن ئېنگېلسنىڭ ئاتىشى بويىچە ماركسنىڭ «قوشۇمچە قىممەت نەزىرىيىسى» دېگەن ئەسىرىنى «كاپىتال»نىڭ 4 - تومى دەپ ئاتىغان. ئېنگېلس «كاپىتال»نىڭ 2 - تومىدىكى كىرىش سوزدە مۇنداق دەپ يازغان: "مەن قولىيازمىنىڭ تەنقىت قىسمىنى ساقلاپ قېلىپ، «كاپىتال»نىڭ 4 - تومى دەپ ئېلان قىلماقچى بولدۇم، بۇنىڭ بىلەن بىرگە 2 - توم بىلەن 3 - تومدا تەپسىلى شەرھىلەنگەن نۇرغۇن جايلارنى چىقىرىۋەتمەكچى بولدۇم". ئېنگېلس ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بۇ ئەسەر كائۇتسكىنىڭ رەتلىشى بىلەن 1905 — 1910 - يىللىرى نېمىس تىلىدا ئېلان قىلىنغان. — 163 - بەت.

57 ئېنگېلسنىڭ 1884 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ج. ف. بېككىرغا يازغان خېتى («ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 4 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 449 - بەت)گە قارالسۇن. — 164 - بەت.

58 «روسىيە سوتسىيال دېموكراتلىرىنىڭ ۋەزىپىلىرى» دېگەن كىتابچىنى

لېنىن 1897 - يىلىنىڭ ئاخىرى سىبىرىيىدە سۈرگۈن بولۇپ يۈرگەندە
يازغان، ئەمگەكنى ئازات قىلىش جەمئىيىتى 1898 - يىلى جەنۋەدە تۇنجى
قېتىم نەشر قىلغان. 1902 - يىلى 2 - قېتىم، 1905 - يىلى 3 - قېتىم
نەشر قىلىنغان؛ لېنىن بۇ ئىككى نەشرىگە سۆز بېشى يازغان («لېنىن
ئەسەرلىرى»، 6 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 186 — 191 - بەتلەر، 9 -
توم، خەنزۇچە نەشرى، 194 — 195 - بەتلەرگە قارالسۇن). بۇ كىتابچە
لېنىننىڭ 1907 - يىلى نەشر قىلىنغان «12 يىلدىن بۇيان» دېگەن توپلى-
مىغمۇ كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتابچىنىڭ كوچۈرۈلگەن نۇسخىسى ۋە تۇنجى
نەشرىدە «"كۆرەش جەمئىيىتى"نىڭ پېتېربۇرگ ئىشچىلىرىغا ۋە سوتسىيا-
لىزىمچىلارغا مۇراجىتى» دېگەن تەشۋىق ۋاراقىسى كىتابچىغا قوشۇمچە
قىلىنغان. — 167 - بەت.

59 خەلق ئىرادىسى جەمئىيىتى 1891 - يىلى قۇرۇلۇپ، 1896 - يىلى تارقىلىپ
كەتكەن. بۇ جەمئىيەت ئەينى ۋاقىتتا روسىيىدىكى ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ
تەسىرى ئاستىدا، خەلق ئىرادىچىلىكىدىن بارا - بارا سوتسىيال دېموكر-
راتىزىمغا ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئايرىم ئەزالىرى كېيىن روسسىيە سوتسىيال
دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ ئاكتىپ پائالىيەتچىلىرى بولۇپ
قالغان. خەلق ئىرادىسى جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ باسمىخانىسىدا پېتېربۇرگ-
دىكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۆرەش قىلىش جەمئىيىتىنىڭ
بەزى باسما ماتېرىياللىرىنى، مەسىلەن، لېنىننىڭ «زاۋۇت ئىشچىلىرىغا
جەرىمانە قويۇش قانۇنىنىڭ شەرھىسى» دېگەن كىتابچىسىنى باسقان.
1894 - يىلى خەلق ئىرادىسى جەمئىيىتى بىر مەھەل ساقچىلارنىڭ بۇز-
غۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما پائالىيىتىنى تېزلا ئەسلىگە كەلتۈر-
گەن. 1896 - يىلى خەلق ئىرادىسى جەمئىيىتىنىڭ باسمىخانىسى ۋەيران-
چىلىققا ئۇچراپ، ئەزالىرىنىڭ كۆپ قىسمى تۇتقۇن قىلىنغان، شۇنىڭدىن
كېيىن خەلق ئىرادىسى جەمئىيىتى يوقىلىپ كەتكەن. — 167 - بەت.

60 روسىيە سوتسىيال دېموكراتلىرىنىڭ چەتئەلدىكى بىرلەشمىسى —
1894 - يىلى ئەمگەكنى ئازات قىلىش جەمئىيىتىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن
جەنۋەدە قۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئىنقىلاۋىي كىتاب - ژورناللارنى بېسىپ
بېرىدىغان، «خىزمەتچى» مەجمۇئەسىنى چىقىرىپ تۇرىدىغان باسمىخا-
نىسى بار ئىدى. بىرلەشمىگە دەسلەپ ئەمگەكنى ئازات قىلىش جەمئىيىتى

رەھبەرلىك قىلاتتى، ئۇنىڭ باسما ماتېرىياللىرىنىمۇ ئەمگەكچىلەرنى ئازات قىلىش جەمىيىتى تەھرىرلەيتتى. روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ 1 ـ قۇرۇلتىيى بۇ بىرلەشمىنى پارتىيىنىڭ چەتئەلدىكى ۋاكالەت ئورگىنى دەپ ئېتىراپ قىلغان. كېيىن، ئاغمىچىلار ــ ئىقتىسادـ ۋازلار ياكى ئاتالمىش ياشلار بىرلەشمىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنلىكى ئۈچۈن، 1898 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئەمگەكچىلەرنى ئازات قىلىش جەمىيىتى بىرـ لەشمىنىڭ بىرىنچى قۇرۇلتىيىدا بىرلەشمىنىڭ باسما ماتېرىياللىرىنى تەھـ رىرلەپ بېرىشنى رەت قىلىدىغانلىقىنى جاكالىغان. ئەمگەكچىلەرنى ئازات قىلىش جەمىيىتىنىڭ بىرلەشمە بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ئۈزۈپ ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىش ۋەقەسى بىرلەشمىنىڭ 1900 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئېچىلغان ئىككىنچى قۇرۇلتىيىدا يۈز بەرگەن، شۇ چاغدا ئەمگەكچىلەرنى ئازات قىلىش جەمىيىتى ھەم ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى قۇرۇلتايدىن چىقىپ كەتكەن ۋە ئۆز ئالدىغا "سوتسىيال دېموكراتلار" دېگەن تەشكىلاتنى قۇرغان. روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ ئىككىنچى قۇرۇلـ تىيى بىرلەشمىنى تارقىتىۋېتىش توغرىسىدا قارار ماقۇللىغان.

«خىزمەتچى» ــ روسىيە سوتسىيال دېموكراتلىرىنىڭ چەتئەلدىكى بىرلەشمىسى 1896 ــ 1899 ـ يىللىرى چەتئەلدە چىقارغان قەرەلسىز مەجمۇئە بولۇپ، جەمى 6 سان (3 توپلام) چىقىرىلغان. بۇ مەجمۇئە لېنىننىڭ تەشەببۇسى بىلەن چىقىرىلغان. لېنىن ئەمگەكچىلەرنى ئازات قىلىش جەمىيىتى بىلەن ئالاقە باغلاش ۋە غەربىي ياۋروپادىكى ئىشچىلار ھەرـ كىتى بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن 1895 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چەتكە چىققان. لېنىن شۋېتسارىيىدە گ. ۋ. پلېخانوۋ، پ. ب. ئاكسېلرود ۋە بۇ جەمىيەتنىڭ باشقا ئەزالىرى بىلەن مەجمۇئەنى چىقىرىش ۋە تەھرىرـ لەش مەسىلىسى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشكەن. لېنىن 1895 ـ يىل 9 ـ ئايدا چەتئەلدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەجمۇئەگە روسىيىدىن ماقالا ۋە مەبلەغ يەتكۈزۈپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ناھايىتى كوپ خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. «خىزمەتچى»نىڭ 1 ـ سانىغا لېنىننىڭ «فرىدرىخ ئېنگېلس» دېگەن ماقالىسى بېسىلغان؛ لېنىن مەجمۇئەنىڭ شۇ سانىغا يەنە بىرنەچچە پارچە خەۋەرمۇ ئەۋەتكەن، بۇ سانىنىڭ چىققان ۋاقتى 1896 ـ يىل 3 ـ ئايدىن بۇرۇن ئەمەس ئىدى. ــ 167 ـ، 352، ـ 394، ـ ،

1310 ـ بەتلەر.

61 ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش جەمىيىتىنى لېنىن 1895 ـ يىلى كۈزدە تەشكىل قىلغان. بۇ جەمىيەت پېتېربۇرگدىكى بارلىق ماركسىزىمچى ئىشچىلار گۇرۇپپىلىرىنى بىرلەشتۈرگەن. كۈرەش جەمىيىتىگە لېنىن باشچىلىقىدىكى مەركىزىي گۇرۇپپا رەھبەرلىك قىلغان.

كۈرەش جەمىيىتى روسىيىدە سوتسىيالىزىم بىلەن ئىشچىلار ھەرىكىتىنى بىرلەشتۈرۈشنى تۇنجى قېتىم ئىشقا ئاشۇرۇشقا كىرىشىپ، ئاز ساندىكى ئىلغار ئىشچىلار ئارىسىدا ماركسىزىمنى تەشۋىق قىلىشنى كەڭ ئىشچىلار سىنىپى ئاممىسى ئىچىدە سىياسىي تەرغىبات ئېلىپ بېرىشقا ئايلاندۇرغان. كۈرەش جەمىيىتى ئىشچىلار ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئىشچىلارنىڭ ئىقتىسادىي تەلەپلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى كۈرەشنى چارىزىمغا قارشى تۇرۇش يولىدىكى سىياسىي كۈرەش بىلەن بىرلەشتۈرگەن. كۈرەش جەمىيىتى ئىشچىلارغا تەشۋىق ۋاراقلىرى ۋە كىتابچىلارنى بېسىپ تارقىتىپ، ئىش تاشلاش ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلغان. كۈرەش جەمىيىتىنىڭ تەسىرى پېتېربۇرگدىن باشقا جايلارغىمۇ كېڭەيگەن. كۈرەش جەمىيىتىنىڭ تۈرتكە بولۇشى ئارقىسىدا، روسىيىنىڭ باشقا شەھەر ۋە رايونلىرىدىكى ئىشچىلار گۇرۇپپىلىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن مۇشۇنداق جەمىيەت بولۇپ بىرلەشكەن.

1895 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كېچىدە، كۈرەش جەمىيىتىنىڭ لېنىن باشچىلىقىدىكى رەھبەرلىك يادروسى تۇتقۇن قىلىنغان. لېنىن تۈرمىدىمۇ ئىنقىلاۋىي كۈرەشنى توختاتمىغان. ئۇ كۈرەش جەمىيىتىگە ئۆزىنىڭ تۈرلۈك تەكلىپ ۋە يوليورۇقلىرى بىلەن ياردەم بېرىپ تۇرغان، ئۆزى يازغان تەشۋىق ۋاراقلىرى ۋە كىتابچىلارنى ئەۋەتىپ تۇرغان. پارتىيە پروگراممىسىنىڭ لايىھىسىنىمۇ لېنىن تۈرمىدە يېزىپ چىققان.

”خۇددى لېنىن ئېيتقاندەك، پېتېربۇرگ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش جەمىيىتىنىڭ ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، ئۇ ئىشچىلار ھەرىكىتىگە تايانغان ئىنقىلاۋىي پارتىيىنىڭ تۇنجى مۇھىم بىخى ئىدى.“ («سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلار) تارىخى قىسقىچە كۇرسى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1978 ـ يىل 10 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 37 ـ بەتكە قارالسۇن) — 167 ـ، 430 ـ، 1306 ـ بەتلەر.

62 بۇ يەردە پېتېربۇرگ توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ 1896 ـ يىل 5 ـ 6 ـ ئايلاردىكى چوڭ ئىش تاشلىشى كوزدە تۇتۇلىدۇ. ئىش ۋاقتىنى قىسقار- تىشنى ئاساسىي تەلەپ قىلغان بۇ قېتىمقى ئىش تاشلاشقا پېتېربۇرگ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش جەمئىيىتى رەھبەرلىك قىلغان. كۈرەش جەمئىيىتى تەشۋىق ۋاراقلىرىنى تارقىتىپ، ئىشچىلارنى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆز ھوقۇقىنى قەتئىي قوغداشقا چاقىرغان بۇ قېتىمقى ئىش تاشلاش پېتېربۇرگ پرولېتارىياتىنىڭ كەڭ بىرلىك سەپ تۈزۈپ، ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچىلارغا قارشى ئېلىپ بارغان تۇنجى كۈرىشى بولۇپ، ئۇنىڭغا 30 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى قاتناشقان. پېتېربۇرگدىكى ئىش تاشلاش پۈتۈن روسىيەدىكى ئىش تاشلاش ھەرىكە- تىنىڭ ئۇلغىيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، چار ھوكۇمىتىنى زاۋۇت قانۇنىغا تېزرەك تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە ۋە 1897 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى (مىلادىنىڭ 14 ـ كۈنى) ھەر خىل زاۋۇت ـ فابرىكىلارنىڭ ئىش كۈنىنى 11 يېرىم سائەتكە قىسقارتىش توغرىسىدىكى قانۇننى ئېلان قىلىشقا مەجبۇر قىلغان. لېنىن، بۇ قېتىمقى ئىش تاشلاش "پۈتكۈل ئىنقىلاۋىمىزدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ئامىل ئۈچۈن يەنى كېيىن ئۈزلۈكسىز ئەۋج ئالغان ئىشچىلار ھەركىتى ئۈچۈن يېڭى سەھىپە ئاچتى" دەپ كورسەتكەن (مۇشۇ تومنىڭ 1303 ـ بېتىگە قاراڭ). — 167 ـ ، 272 ـ ، 427 ـ ، 1303 ـ بەتلەر.

63 «روسىيە سوتسىيال دېموكراتلىرىنىڭ ۋەزىپىلىرى» دېگەن كىتاپچىنىڭ قولىيازمىسىنىڭ مۇشۇ يېرىدە "جەمئىيەت" ئەمەس، "ئىشلەپچىقىرىش" دەپ يېزىلغان. كىتاپچىنىڭ 1 ـ نەشرىدە (1898 ـ يىل) بۇ سوز خاتا چۈشىنىلىپ "ھوكۇمەت" دەپ بېسىلغان؛ 2 ـ نەشرىدە (1902 ـ يىل) لېنىن بۇ ئۈچۈن خاتالىقىنى تۈزىتىپ، "ھوكۇمەت" دېگەن سوزنى "جەمئىيەت" دەپ ئۆزگەرتكەن. — 169 ـ بەت.

64 بۇ يەردە ئېچكى ئىشلار ۋەزىرى ن.ب.ئىگناتيېۋ يولغا قويغان (1881 — 1882 ـ يىللىرى) سىياسەت كوزدە تۇتۇلىدۇ. خۇددى لېنىن ئېيتقاندەك، ئىگناتيېۋ لىبېراللارنى تازا ئەخمەق قىلغان ۋە ئالېكساندر III ھوكۇمىتى- نىڭ ئەشەددىيلىشىپ كېتىۋاتقان ئەكسىيەتچىلىكىنى دېموكراتىيە نىقاۋىدا يوشۇرغان. مۇشۇ مەقسەتتە، "بىلىملىك زاتلار"نى يىغىپ، قۇتۇلۇش

كولمىنى ئازايتىش، كوچمەنىلەرنى تەڭشەش. يەرلىك مەمۇرىيەتىنى ئىسلاھ قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىغان، ھەتتا "خەلق ۋەكىللەر كېڭىشى" دىگەن نىمىنى چاقىرماقچى بولغان. بۇ نەيرەڭلەرنىڭ ھەممىسى ئىگناتيېۋنىڭ ئىستىپا بېرىشى بىلەن ئاخىرلاشقان، شۇنىڭدىن كېيىن "تولىمۇ يولسىز ۋە ئەقىلغە سىغمايدىغان ۋەھشىيانە ئەكسىيەتـ-چىلىك" دەۋرى باشلانغان (مۇشۇ تومىنىڭ 115 — 116 - بەتلىرىگە قاراڭلار). — 180 - بەت.

65 بلانكىچىلىق — فرانسىيە پرولېتارىيات ئىنقىلاۋى ھەركىتىنىڭ ئاتاقلىق يولباشچىسى لۇئى ئاۋگۇست بلانكى باشچىلىغىدىكى ئېقىم.

بلانكى فرانسىيىدىكى ئىنقىلاۋىي ھەركەتكە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئىككى قېتىم ئۆلۈم جازاسىغا ھوكۇم قىلىنغان، ئۆمرىنىڭ يېرىمى دىگۈ-دەك تۈرمىدە ئۆتكەن.

لېنىن، بلانكى قىل سىغمايدىغان ئىنقىلاپچى ۋە سوتسىيالىزمىنىڭ قىزغىن ھىمايىچىسى، دەپ ھىساپلىغان، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ مەزھەپچىلىگىنى ۋە سۇيىقەستچىلىك يولىنى قەتئى تەنقىت قىلغان. لېنىن: "بلانكىچىلىق سىنىپىي كۈرەش نەزىرىيىسىنى ئىنكار قىلىدۇ. بلانكىچىلىق ئىنسانىيەتنى يالانما قۇللۇق تۈزۈمىدىن پرولېتارىياتنىڭ سىنىپىي كۈرىشى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئاز سانلىق زىيالىلارنىڭ سۇيىقەستلىرى ئارقىلىق قۇتۇلدۇرماقچى بولىدۇ" دەپ كورسەتكەن. («لېنىن ئەسەرلىرى»، 10 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 361 - بەتكە قاراڭلار) — 188 - ، 336 - ، 838 - ، 1116 - ، 1117 - بەتلەر.

66 «موسكۋا خەۋەرلىرى» («Московские Ведомости») روسىيىدە چىقىـ-رىلغان كونا گېزىتلەردىن بىرى، 1756 - يىلدىن باشلاپ نەشر قىلىنغان. دەسلەپتە موسكۋا داشۆيىسىنىڭ كىچىك گېزىتى ئىدى؛ 1863 - يىلدىن ئېتىۋارەن م.ن. كاتكوۋنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، پومىشىك ۋە راھىپلار ئىچىدىكى ئەڭ ئەكسىيەتچى قاتلامنىڭ كوزقاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈ-رىدىغان پادىشا مىللەتچىلىگى مەتبۇئاتىغا ئايلىنىپ كەتكەن، 1905 - يىلدىن باشلاپ گېزىتلەرنىڭ ئاساسلىق ئورگان گېزىتلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان ۋە تا ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىغىچە چىقىپ تۇرغان. — 204 - ،

1080 ـ بەتلەر.

67 ”شاگىرتلار“ ـــ ماركس، ئېنگېلس تەلىماتلىرىنى قوبۇل قىلغانلارنى كۆرسىتىدۇ. 19 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا، بۇ ئىسىم ماركسىزمچىلارنىڭ ئوچۇق سورۇنلاردىكى ئاتىلىشى بولۇپ قالغان. ـــ 204 ـ بەت.

68 سكالدىن ـــ روسىيىلىك يازغۇچى ۋە ئوبزورچى ف.پ. ئېلېنېۋنىڭ تەخەللۇسى. ئۇ 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا بۇرژۇئا لىبېراللىرىنىڭ ۋەكىلى، 80 ـــ 90 ـ يىللارغا كەلگەندە ئىنتايىن ئەكسىيەتچىلىشىپ كەتكەن، چار ھوكۇمىتىنىڭ مەتبۇئات تەپتىشى، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئەمەلدارى بولغان. ـــ 206 ـ بەت.

69 بۇ يەردە روسىيىدىكى يانچىلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش يولىدا 1861 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھات كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ئىسلاھاتنى چار ھوكۇمىتى يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە قارشى قوزغالغان دېخانلارنىڭ ئاممىۋى ھەركەت دولقۇنى ۋە ئىنقىلاۋىي دېموكراتلارنىڭ كۈرىشى ئارقىسىدا مەجبۇرى ئېلىپ بارغان. 1861 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى (مىلادى 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى)، چار پادىشا ئالېكساندىر II دېخانلارنى يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ بېقىندىچىلىق مۇناسىۋىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش توغرىسىدىكى قانۇننى تەستىقلىغان ھەمدە روسىيىدە يانچىلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى پەۋقۇلئاددە پەرمانغا ئىمزا قويغان. لېنىن بۇ قېتىمقى دېخانلار ئىسلاھاتىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ: ”سېسىق نامى پۇر كەتكەن ’ئازاتلىق‘، ئەمەلىيەتتە، دېخانلارنى دەھشەتلىك تۈردە بۇلاش، دېخانلارغا قىلىنغان بىر قاتار زوراۋانلىق ۋە ھاقارەتتۇر“ دەپ كۆرسەتكەن. («لېنىن ئەسەرلىرى»،17 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 102 ـ 103 ـ بەتلەر) ـــ 207 ـ بەت.

70 مانچېستېرچىلار ـــ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا سودا ئەركىنلىكىنى ۋە كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىغا چەك قويىدىغان قانۇنىنىڭ (مەسىلەن، ئاشلىق قانۇنى قاتارلىقلارنىڭ) بىكار قىلىنىشىنى قۇۋۋەتلەيدىغان بۇرژۇئا سىياسى ئىقتىسادىي ساھەسىدىكى مانچېستېر ئىلمىي ئېقىمىنىڭ ھىمايىچىلىرىدۇر. ئەنگلىيىنىڭ يىرىك سانائەت شەھىرى بولغان مانچېستېر مانچېستېر ئىلمىي ئېقىمىنىڭ پائالىيەت مەركىزى ئىدى. مانچېستېر

ئىلمىي ئېقىمغا ئىككى توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ خوجايىنلىرى كوبدېن بىلەن بىرېيت رەھبەرلىك قىلغان. ــ 211 ـ بەت.

71 يەرلىك ئاپتونومىيە ئىدارىسى ــ روسىيىنىڭ ئىنقىلاپتىن ئىلگىرىكى يەرلىك ئاپتونومىيە ئورگىنى بولۇپ، مەخسۇس ھالدا يېزا ئاھالىسىنىڭ نوقۇل مەھەللىۋى ئىشلىرىنى (مەسىلەن، يول ياساش، دوختۇرخانا قۇرۇش، مەكتەپ ئېچىش قاتارلىق ئىشلارنى) باشقۇرغان، بۇنىڭدا لىبېرال پومىشىكلار ئاساسىي رول ئوينىغان. ــ 222 ـ ، 524 ـ ، 973 ـ ، 1326 ـ بەتلەر.

72 ئېنگېلس. «روسىيىدىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر توغرىسىدا» (ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 ـ توم، ئۇيغۇرچە يېڭى يېزىق نەشرى، 1055 ـ بەت)غا قارالسۇن. ــ 224 ـ بەت.

73 لېنىن 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىكى ئىدىيىۋى "مىراس" ئۈستىدە توختالغاندا، مەتبۇئات تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، سكالدىننى كوتىرىپ چىقىشقا مەجبۇر بولغان. لېنىن، ئەمىلىيەتتە، ن. گ. چېرنىشېۋسكىلا بۇ "مىراس"نىڭ ئاساسىي ۋەكىلى دەپ ھىساپلىغان. لېنىن 1899 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى سىبىرىيىدە سۈرگۈندە يۈرگەن چاغدا ئا. ن. پوترىسوۋقا يازغان خېتىدە: "......مەن ھېچقاچان سكالدىننىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىش لازىم دېمىدىم. باشقىلارنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىش كېرەك، بۇنىڭدا گەپ يوق. مېنىڭچە، 237 ـ بەتتىكى (مۇشۇ تومنىڭ 222 ـــ 226 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن. ــ تەھرىردىن) ئىزاھ مېنى ئاقلايدۇ (مېنى دۈشمەننىڭ ھۇجۇم قىلىپ قېلىشىدىن ساقلايدۇ)؛ بۇ ئىزاھتا، دەل چېرنىشېۋسكىنى كوزدە تۇتتۇم ۋە ئۇنى مىسالغا ئېلىپ سېلىشتۇرۇشنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكىدىكى سەۋەپلەرنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇم." («لېنىن ئەسەرلىرى»، 34 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 11 ـ 12 ـ بەتلەرگە قارالسۇن) ــ 224 ـ بەت.

74 ئارتۇقچە قىممەت ــ قوشۇمچە قىممەتتۇر (Mehrwert). لېنىن 90 ـ يىللاردىكى ئەسەرلىرىدە ئارتۇقچە قىممەت دىگەن ئاتالغۇ بىلەن قوشۇمچە قىممەت دىگەن ئاتالغۇنى تەڭ ئىشلەتكەن، كېيىن قوشۇمچە قىممەت دىگەن ئاتالغۇنىلا ئىشلەتكەن. ــ 233 ـ ، 288 ـ بەتلەر.

75 «دىخانچىلىق گېزىتى» («Земледельческая Газета») ــ روسىيە

دولەت مۈلۈك مىنىستىرلىگى (1894 - يىلدىن باشلاپ دولەت مۈلۈك ۋە دىخانچىلىق مىنىستىرلىگى) نىڭ گېزىتى بولۇپ، 1834 - يىلدىن 1917 - يىلغىچە پېتېربۇرگدا چىقىرىلغان. — 234 - بەت.

76 «يېڭى سوز» («Новое Слово») پەننىي، ئەدەبىي، سىياسى ژورنال، 1894 - يىلدىن باشلاپ لىبېرال نارودنىكلار پېتېربۇرگدا چىقارغان، 1897 - يىلى باھاردىن باشلاپ "قانۇنىي ماركسىزىمچىلار" چىقارغان. «يېڭى سوز» ژورنىلىدا لېنىننىڭ «ئىقتىسادىي رومانتىزىمغا باھا» ۋە «گېزىتتىكى بىر قىسقا ماقالا توغرىسىدا» دىگەن ئىككى ماقالىسى بېسىلغان. 1897 - يىل 12 - ئايدا بۇ ژورنالنى ھۆكۈمەت پېچەتلىۋەتكەن. — 251 - ، 1306 - بەتلەر.

77 «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 2 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 104 - بەتكە قاراڭسۇن. — 254 - بەت.

78 بۇ يەردە گ.ۋ.پلېخانوۋنىڭ «ماتېرىيالىستىك تارىخقاراش توغرىسىدا» دىگەن ماقالىسى كوزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ماقالا 1897 - يىل 9 - ئايدا «يېڭى سوز» ژورنىلىنىڭ 12 - سانىدا ن.كامېنسكى دىگەن ئىمزا بىلەن ئېلان قىلىنغان. «پلېخانوۋنىڭ پەلسەپە ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، 5 - توم، 1956 - يىل رۇسچە نەشرى، 2 - توم، 236 — 266 - بەتلەرگە قاراڭسۇن. — 264 - بەت.

79 «شموللېر يىللىق مەجمۇئەسى» («Schmollers Jahrbuch») يەنى «گېرمانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قانۇنىي، مەمۇرى ئىشلار ۋە مىللى ئىگىلىك مەجمۇئەسى» (Jahrbuch für Gesetzgebung, Verwaltung und Volkswirtschaft im Deutschen Reich») — سىياسى ئىقتىسات ژورنىلى، 1877 - يىلدىن باشلاپ گېرمانىيە بۇرژۇئا ئىقتىساتشۇناس، مۇنبەر سوتسىيالىزىمنىڭ ۋەكىلى ف.خولتزېندورف بىلەن ل. برېنتانولار چىقارغان؛ 1881 - يىلدىن باشلاپ گ. شموللېر چىقارغان. — 269 - بەت.

80 «ھەپتە» گېزىتى («Неделя») لىبېرال نارودنىكلارنىڭ ھەپتىلىك گېزىتى بولۇپ، 1886 - يىلدىن 1901 - يىلغىچە پېتېربۇرگدا چىقىرىلغان بۇ گېزىت مۇستەبىتلىككە قارشى كۈرەش قىلىشقا قارشى تۇرۇپ، "كىچىك ئىشلارنى قىلىش" سەپسەتىسىنى تەرغىپ قىلغان، يەنى زىيالىيلارنى ئىنقىلاۋىي كۈرەشتىن ۋازكېچىپ، "مەرىپەتچىلىك" بىلەن شۇغۇللىنىشقا

چاقىرغان. ــ 270 ـ بەت.

81 «روسىيەدە كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققىياتى» دىگەن بۇ كىتاپ لېنىننىڭ زور تەتقىقات ئىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر، ئۇ ماركسىزىم ئىقتىسادىي نەزىرىيىسى تەرەققىياتىغا قوشۇلغان چوڭ توھپە بولىدى ۋە نارودنىكلارنى ئىدىيە جەھەتتىن تارمار قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىدى. بۇ كىتاپنى يېزىش ئىشى 3 يىلدىن كۆپرەك داۋاملاشتى. لېنىن بۇ كىتاپنى يېزىشقا 1896 ـ يىل 1 ـ ئايدا، يەنى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش جەمىيىتى ئىشى مۇناسىۋىتى بىلەن قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن كۆپ ئۆتمەي كىرىشتى. 1896 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، لېنىن تۈرمىدىن يازغان تۇنجى مەكتۇبىدا مۇنداق دىگەن:

”قولغا ئېلىنغان كۈنۈمدىن باشلاپ كۆڭلۈمگە بىر پىلان پۈككەن ئىدىم، بۇ پىلان مېنى بارغانسېرى ئۆزىگە قىزىقتۇرماقتا. مەن بىر ئىقتىسادىي مەسىلىنى (مەملىكەت ئىچىدىكى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى ماللىرىنىڭ سېتىلىشى توغرىسىدىكى مەسىلىنى) تەتقىق قىلىش بىلەن ئۇزاقتىن بېرى شۇغۇللانماقتىمەن، بەزى كىتاپلارنى تەييارلاپ قويىدۇم، بۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتىم ھەتتا بەزى نەرسىلەرنىمۇ يازدىم. ئەگەر مېنىڭ يازغىنىم ژورنال ماقالىلىرىنىڭ ھەجمىدىن ئېشىپ كەتسە، ئۇنى ئايرىم كىتاپ قىلىپ چىقىرىشنى ئويلاۋاتىمەن.“ («لېنىن ئەسەرلىرى»، 37 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 21 ـ بەتكە قاراڭسۇن)

لېنىن شۇ خېتىدە بىر كىشىدىن يەنە ئۆزى تۈزگەن تىزىملىكتە كۆرسىتىلگەن كىتاپلارنى تېپىپ بېرىشنى سورىغان ھەم ئۆزىنىڭ بۇ كىتاپنى يېزىش پىلانى ئۈستىدە توختالغان.

لېنىن مۇنداق دەپ يازغان: ”كىتاپلار تىزىملىكى ئىككى قىسىمغا بولۇنىدۇ، مېنىڭ ماقالامۇ ئىككى قىسىمغا بولۇنىدۇ: (1) ئومۇمى نەزىرىيە قىسمى، بۇ قىسىم ئۈچۈن كىتاپ ئازراق بولسىمۇ بولىدۇ، شۇڭا مەن ئۇنى قانداقلا بولمىسۇن جەزمەن يېزىپ تۈگىتىمەن، شۇنداقتىمۇ ئۇنى يېزىپ تۈگىتىش ئۈچۈن كۆپرەك تەييارلىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ؛ (2) مۇشۇ نەزىرىيىۋى قائىدىلەرنى تەتبىق قىلىش ئارقىلىق روسىيە ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىش، بۇ قىسىم ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ كىتاپ كېرەك. بۇنىڭ ئىچىدىن تېپىش تەس بولغانلىرى: (1) يەرلىك

ئاپتونومىيە ئىدارىلىرى نەشر قىلغان كىتاپلار. بۇنداق ماتېرىياللارنىڭ بىر قىسمى مەندە بار، يەنە بىر قىسمىنى (مەسىلەن، مەخسۇس كىتاپچىلارنى) مۇشتىرى بولۇش يولى بىلەن ئېلىشقا بولىدۇ، قالغان قىسمىنى تونۇش ئىستاتىستىكا خادىملىرى ئارقىلىق تېپىشقا بولىدۇ؛ (2) ھۆكۈمەت نەشر قىلغان كىتاپلار — ھەرقايسى كومىتېتلارنىڭ دوكلاتلىرى، قۇرۇلتاي دوكلاتلىرى ۋە خاتىرىلىرى ۋاھاكازالار. بۇ نەرسىلەر ناھايىتى مۇھىم، ئەمما بۇلارنى تېپىش تەسرەك. بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئەركىن ئىقتىسات جەمىيىتى كۈتۈپخانىسىدا بار، ھەتتا كوپ قىسمىمۇ تېپىلىپ قېلىشى مۇمكىن.“ (يۇقۇرىدىكى كىتاپ، 22 — 23 - بەتلەر).

لېنىن تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئىشىغا كېرەكلىك بولغان ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى ئوڭۇشلۇق توپلىدى. «روسىيىدە كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققىياتى» دىگەن كىتاپ ئۇچۇن تەييارلانغان ماتېرىياللار لېنىننىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشقا كىرىشىش جەريانىدا ئېلىپ بارغان تەتقىقات خىزمىتىنىڭ دائىرىسى ۋە ئۇسۇلىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ، بۇ ماتېرىياللارنىڭ بىر قىسمى «لېنىن ئەسەرلىرى»نىڭ رۇسچە نەشرىنىڭ 33 - تومىغا بېسىلغان.

«روسىيىدە كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققىياتى» دىگەن كىتاپنىڭ دەسلەپكى قولىيازمىسى 1898 - يىل 8 - ئايدا تاماملاندى. قولىيازمىنى ئاخىرقى قېتىم تۈزىتىپ چىقىش ئۇچۇن كوپ ئەجىر سىڭدۇرۇش ۋە ۋاقىت سەرپ قىلىشقا توغرا كەلدى.

بۇ كىتاپنىڭ ئالدىنقى ئىككى بابى 1898 - يىل 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تاماملاندى. بۇ ئىككى باپنى ن. ك. كروپسكايا ئايرىم خاتىرىگە كوچۇرۇپ يېقىنلىرى ئارقىلىق نەشرىياتقا يوللىدى.

1889 - يىل 2 - ئاينىڭ 11 - كۇنى لېنىن «روسىيىدە كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققىياتى» دىگەن كىتاپنىڭ ئاخىرقى بابىنى ۋە ئەسكەرتىشلىرىنى تاماملىدى؛ بۇ ئىككى باپنىڭ قولىيازمىسى 1899 - يىل 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى نەشرىياتقا ئەۋەتىلدى.

لېنىننىڭ روسىيىدە كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدىكى بۇ ئەسىرى مۇتەخەسسىس ۋە ئالىملار ئۈچۈن يېزىلغان ئەمەس، ئۇ بۇ ئەسەرنىڭ كەڭ كىتاپخانلارنىڭ تەتقىق قىلىشىغا ئىمكان قەدەر ئوڭاي-

لىق يارىتىپ بېرىدىغان قىلىپ بېسىلىشىنى تەلەپ قىلغان. لېنىن ئۆرۈق - تۇققانلىرىغا يازغان خېتىدە بۇ ئەسەرنىڭ فورماتى، ھەرپ شەكلى ۋە بېسىلىشى شۇنداقلا جەدۋەللەرنىڭ تىزىلىشى، كوررېكتورلۇق تەرتىۋى ئۈستىدە تەپسىلى توختالغان.

بۇ ئەسەر 1899 - يىل 3 - ئاينىڭ 26 — 31 - كۈنلىرى ۋىلادىمىر. ئىلىن تەخەللۇسى بىلەن نەشردىن چىقتى.

بۇرژۇئا مەتبۇئاتى لېنىننىڭ بۇ ئەسىرىنى ئۈندىمەسلىك يولى بىلەن يوقىتا چىقارماقچى بولدى. پەقەت 1899 - يىلى كۈزدىلا دۈشمەنلىك بىلەن يېزىلغان تۈنجى ئوبزورلار پەيدا بولدى. بۇنداق ئوبزورلارنىڭ بىرىگە لېنىن «ئىلمىي ئوبزور» ژورنىلىنىڭ 1900 - يىل 5 — 6 - ئايلاردىكى سانىغا بېسىلغان «تەنقىتكە كىرمەيدىغان تەنقىت» («لېنىن ئەسەرلىرى»، 3 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 559 — 581 - بەتلەرگە قارال- سۇن) دىگەن ماقالىسىدا ئەجەللىك زەربە بەردى. — 272 - بەت.

82 «روسىيىدە كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققىياتى» دىگەن ئەسەرنىڭ ئىككىنچى نەشرى 1908 - يىلى چىقتى.

لېنىن بۇ ئەسەرنىڭ ئىككىنچى نەشرىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ تېكىستىنى قايتىدىن كۆرۈپ چىقىپ، مەتبۇئات خاتالىقىنى تۈزەتتى، بىرمۇنچە جايلىرىنى تۈزەتتى ۋە تولۇقلىدى، يېڭىدىن بەت ئاستى ئىزاھلىرىنى يازدى ۋە يېڭى سۆز بېشى يازدى. «روسىيىدە كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققىياتى» دىگەن كىتابنىڭ ئىككىنچى نەشرىدە، لېنىن تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قوللانغان "شاگىرتلار"، "ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھامىسى" دىگەن ئاتالغۇلارنىڭ ئورنىغا ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا "ماركسىزىمچىلار"، "سوتسىيالىزىمچىلار" دىگەن ئاتالغۇ- لارنى ئىشلەتتى: "يېڭى نەزەرىيە" دىگەن سۆزلەر ئورنىغا ماركس، ماركسىزىم دىگەن سۆزلەرنى ئىشلەتتى.

لېنىن ئۆز ئەسىرىگە يېڭى ئىستاتىستىكىلىق ماتىرىياللارغا ئاساسەن بىرمۇنچە قوشۇمچىلارنى كىرگۈزدى. ئىككىنچى بابنىڭ يېڭىدىن قوشۇل- غان بىر پاراگىرافىدا (11 - پاراگىرافتا) 1896 — 1900 - يىللاردىكى ھەربى ئاتلارنى تەكشۈرۈش خۇلاسىسى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزدى. لېنىن روسىيىدە كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا ئۆزىنىڭ ئىلگىرى

چىقارغان خۇلاسىلىرىنى دەلىللەيدىغان يېڭى پاكىتلارنى، بولۇپمۇ زاۋۇت ئىستاتىستىكا ئورگانلىرىنىڭ يېڭى ماتېرىياللىرىنى نەقىل كەلتۈردى؛ ئۇ 1897 - يىلدىكى ئومۇمىي يۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش خۇلاسىسى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈپ، روسىيىنىڭ سىنىپىي تۈزۈلمىسىدىكى كۆرۈنۈشلەرنى تېخىمۇ ئەتراپلىق كۆرسىتىپ بەردى. («لېنىن ئەسەرلىرى»، 3 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 456 — 461 - بەتلەردىكى "ئىككىنچى نەشرىگە قوشۇمچە"گە قارالسۇن).

ئىككىنچى نەشرىدە يەنە «روسىيىدە كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى» دېگەن كىتابتا "قانۇنىي ماركسىزمچىلار"غا قارشى ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشكە چېتىشلىق بولغان ئاساسىي مەسىلىلەر ئۈستىدە خۇلاسە چىقىرىلغان. 1905 — 1907 - يىللاردىكى تۇنجى روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ تەجرىبىلىرىگە ئاساسلانغاندا، لېنىننىڭ "قانۇنىي ماركسىزمچىلار"غا بەرگەن باھاسى تولۇق ئىسپاتلاندى، لېنىن "قانۇنىي ماركسىزمچىلار"نى ماركسىزم تونىغا ئورىنىۋېلىپ، ئىشچىلار ھەرىكىتىدىن بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن پايدىلىنىشقا ئۇرۇنغان بۇرژۇئا لىبېراللىرى دەپ ھېساپلىغان ئىدى.

ئىككىنچى نەشرىنىڭ سۆز بېشىدا، لېنىن ئۆز ئەسىرىگە كەلگۈسىدە تۈزىتىش كىرگۈزۈش مۇمكىنلىكىنى ۋە بۇ چاغدا ئۇنى ئىككى توم قىلىپ چىقىرىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى، يەنى بىرىنچى تومدا مەخسۇس روسىيىنىڭ ئىنقىلاپتىن ئىلگىرىكى ئىقتىسادى تەھلىل قىلىنىدىغانلىقىنى، ئىككىنچى تومدا مەخسۇس ئىنقىلاپنىڭ خۇلاسىلىرى ۋە نەتىجىلىرى تەتقىق قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. — 272 - بەت.

83 بۇ — ھاينى ئۆزىنىڭ گۈيپاكچىسىنى تىللىغاندا ئېيتقان سۆز بولۇپ، بۇ سۆزنى ماركس «نېمىس ئىدېئولوگىيىسى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 2 - توم 4 - بابىدا نەقىل كەلتۈرگەن، «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 3 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 604 - بەتكە قارالسۇن. — 274 - بەت.

84 كادېتلار پارتىيىسى — روسىيىدىكى ئاساسلىق بۇرژۇئا پارتىيىسى، لىبېرال پادىشاپەرەس بۇرژۇئازلارنىڭ پارتىيىسى بولۇپ، 1905 - يىل 10 - ئايدا قۇرۇلغان، بۇ پارتىيىنىڭ كاتتىۋېشى — پ.ن. مىليۇكوۋ. كادېتلار ساختا دېموكراتىزم بىلەن نىقاپلىنىپ، ئۆزىنى "خەلق ئەركىنلىگى"

پارتىيىسى دەپ ئاتىۋېلىپ، خەلقنى ئۇز تەرىپىگە تارتىشقا ئۇرۇنغان.
ئۇلار چارىزىمنى پادىشالىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۇزۇم شەكلى ئارقىلىق
ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنغان. كېيىن كادېتلار پارتىيىسى جاھانگىرلار ۋە
بۇرژۇئازىيىنىڭ پارتىيىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن. ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن
كېيىن، كادېتلار سوۋېت جۇمھۇرىيىتىگە قارشى ئەكسىلئىنقىلاۋىي سۈيىـ
قەستلىك ھەركەت ۋە توپىلاڭلارنى ئۇيۇشتۇرغان. — 275 ـ ، 395 ـ ،
905 ـ ، 1173 ـ ، 1201 ـ ، 1225 ـ ، 1255 ـ ، 1303 ـ ، 1339 ـ بەتلەر.

85 ئوكتەبىرچىلەر پارتىيىسى ياكى 17 ـ ئوكتەبىر ئىتتىپاقى — يىرىك
سانائەت بۇرژۇئازىيىسىگە ۋە كاپىتالىستچە تىجارەت قىلغۇچى چوڭ پومېشـ
شىكلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەكسىلئىنقىلاۋىي پارتىيە
بولۇپ، 1905 ـ يىلى چار پادىشا 17 ـ ئوكتەبىر پەرمانىنى ئېلان قىلغانـ
دىن كېيىن قۇرۇلغان. ئوكتەبىرچىلەر 17 ـ ئوكتەبىر پەرمانىنى ئېغىزدا
ئېتىراپ قىلىسمۇ (بۇ پەرماندا ئىنقىلاپتىن قورقۇپ ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ
قالغان چار پادىشا خەلققە گىراژدانلىق ھوقۇقى بېرىشكە ماقۇل بولغان)،
ئەمەلىيەتتە چارىزىمنى چەكلەشنى خىيالىغىمۇ كەلتۇرۇپ باقمىغان، ئۇلار
چار ھوكۇمىتىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى سىياسىتىنى پۈتۈنلەي ھىمايە قىلغان.
بۇ پارتىيىنىڭ كاتتىۋاشلىرى — يىرىك سانائەت ئىگىسى ي. گۇچكوۋ
ۋە چوڭ سۈيۈرغاللىق يەر ئىگىسى م. رودزيانكو. 1906 ـ يىلى كۈزدىن
باشلاپ ئوكتەبىرچىلەر پارتىيىسى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىگە ئايلانـ
غان. — 275 ـ ، 1269 ـ ، 1303 ـ ، 1339 ـ بەتلەر.

86 پ.ئا.ستولىپىن — روسىيىدىكى ئەكسىيەتچى بيۇروكرات. 1906 ـ يىل
4 ـ ئايدىن باشلاپ ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى بولغان، 1906 ـ يىل 7 ـ
ئايدىن باشلاپ ۋەزىرلەر كېڭىشىنىڭ رەئىسى بولغان، ئىنقىلاۋىي ھەركەتـ
لەرنى دەھشەتلىك باستۇرغان. — 276 ـ ، 1253 ـ بەتلەر.

87 1907 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى (مىلادى 16 ـ كۈنى)دىكى سىياسى
ئۆزگىرىش — بىر قېتىملىق ئەكسىيەتچىل سىياسى ئۆزگىرىش، بۇ قېتىمقى
سىياسى ئۆزگىرىشتە ھوكۇمەت ئىككىنچى نوۋەتلىك دولەت دۇماسىنى
تارقىتىۋەتكەن ۋە دۇمانىڭ سايلام قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزگەن. يېڭى
سايلام قانۇنى پومېشىكلار بىلەن سودا ـ سانائەت بۇرژۇئازىيىسىنىڭ
دۇمادىكى ۋەكىللىرىنىڭ سانىنى زور دەرىجىدە كوپەيتىپ، دۇمادا ئەزەلـ

دىن ئازچىلىقنى تەشكىل قىلىپ كەلگەن دېخانلار بىلەن ئىشچىلار ۋەكىللىرىنىڭ سانىنى يېرىمىدىن كۆپرەك قىسقارتىۋەتتى. يېڭى سايلام قانۇنى روسىيىنىڭ ئاسىيا قىسمىدىكى خەلقىنىڭ كۆپچىلىكىنى سايلام ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلدى، پولشا ۋە كاپكازىيە ۋەكىللىرىنىڭ يېرىمىنى قىسقارتىۋەتتى. بۇ سايلام قانۇنى بويىچە سايلانغان ۋە 1907 - يىل 11 - ئايدا چاقىرىلغان ئۈچىنچى دۇما ۋەكىللىرىنىڭ تەركىۋى جەھەتتىن لۈك-چەكلەر كادېتلار پارتىيىسىنىڭ دۇماسى بولدى. — 276 - ، 1235 - بەتلەر.

88 خەلق سوتسىيالىستلار پارتىيىسى — 1906 - يىلى قۇرۇلغان ئۇششاق بۇرژۇئازىيە پارتىيىسى بولۇپ، سوتسىيال ئىنقىلاپچىلار پارتىيىسىنىڭ ئوڭ قانىتىدىن بولۇنۇپ چىققان سوتسىيال ئىنقىلاپچىلاردىن تەشكىل قىلىنغان. بۇ پارتىيە پادىشالىق ئاساسي قانۇنلۇق تۈزۈم دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمىگەن موتىدىل دېموكراتىيە تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويغان. خەلق سوتسىيالىستلىرى سوتسىيال ئىنقىلاپچىلارنىڭ يەرلەرنى ئىجتىما-ئىلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پۇروگرامما خاراكتېرلىق پىرىنسىپلىرىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىپ، پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى سېتىۋېلىش يولى بىلەن يىغىۋېلىشنى تەشەببۇس قىلغان. لېنىن خەلق سوتسىيالىست-لىرىنى ”مىشچان ئاغمىچىلار“، ”سوتسىيال كادېتلار“، ”سوتسىيال ئىنقى-لاپچىلار پارتىيىسىدىكى مېنشېۋىكلەر“ دەپ ئاتىغان. خەلق سوتسىيالىستلار پارتىيىسىنىڭ باشلىقلىرى ئا.ۋ.پېشېخونوۋ، ۋ. يى.مياكوتىن، ن.ف. ئاننېنسكى قاتارلىقلار بولدى.

فېۋرالدىكى بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، خەلق سوتسىيالىستلار پارتىيىسى بۇرژۇئا ۋاقىتلىق ھوكۇمىتىنى پائال قوللاپ، ئەكسىلئىنقىلاپ لاگېرىغا ئوتۇپ كەتتى. — 277 - بەت.

89 ئەمگەك تەرەپدارلىرى — ئۇششاق بۇرژۇئا دېموكراتلىرى گۇرۇھى، 1906 - يىل 4 - ئايدا بىرىنچى نوۋەتلىك دولەت دۇماسىدىكى دېخانلار ۋەكىللىرىدىن تەشكىل قىلىنغان. ئەمگەك تەرەپدارلىرى گۇرۇھى توتىنچى دۇماغىچە ساقلىنىپ كەلدى. ئەمگەك تەرەپدارلىرى دەرىجە چەكلىمە-سىنى ۋە مىللى چەكلىمىسىنى تۈگەل ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يەرلىك ۋە شەھەرلىك ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى دېموكراتىيىلەشتۇرۇش، دولەت

دۆماسىنى ئومۇمى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.
ئەمگەك تەرەپدارلىرىنىڭ يەر پروگراممىسى نارودنىكلارنىڭ يەردىن تەڭ پايدىلىنىش پىرىنسىپىغا، يەنى ئومۇمى خەلق يەرلىرىنى ئەمەلدارلارنىڭ، پادىشا ئەۋلاتلىرىنىڭ، پادىشا ئوردىسىنىڭ ۋە مەدرىسلەرنىڭ شۇنىڭدەك خۇسۇسىلارنىڭ يەرلىرىدىن (ئەگەر ئىگىلىگەن يەر كولىمى بەلگىلەنگەن ئەمگەك يەر ئۆلۈشىدىن ئېشىپ كەتسە) تەركىپ تېپىش؛ يەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى يەر تېرىغۇچىنىڭ ئۆزىگىلا بېرىش پىرىنسىپلىرىغا ئاساسەن تۈزۈلدى. قوشۇلغان خۇسۇسى يەرگە ھەق بېرىش بەلگىلەندى. يەرلىك دېخانلار كومىتېتى يەر ئىسلاھاتى يۈرگۈزۈشكە مەسئۇل بولدى.

ئەمگەك تەرەپدارلىرى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە شوۋىنىزىم مەيدانىدا تۇردى. فېۋرالدىكى بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، ئەمگەك تەرەپدارلىرى خەلق سوتسىيالىستلىرى بىلەن بىرلىكتە ئەكسىل ئىنقىلاپ لاگىرىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئەمگەك تەرەپدارلىرى ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىغا دۈشمەنلىك بىلەن قارىدى. ــ 277 ـ بەت.

90 «روسىيەدە كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققىياتى» دىگەن كىتاپنىڭ 1 ـ نەشرىدە (1899 ـ يىلىدىكى) بۇ باپنىڭ ماۋزۇسى «نەزىرىيىۋى ئىزدىنىشلەر» دىيىلگەن. ــ 278 ـ بەت.

91 ماركس. «كاپىتال»، 3 ـ توم، 37 ـ باپقا قارالسۇن. ــ 280 ـ، 284 ـ بەتلەر.

92 ماركس. «كاپىتال»، 1 ـ توم، 24 ـ باپ، 5 ـ پاراگراپ («ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 ـ توم، ئۇيغۇرچە يېڭى يېزىق نەشرى، 429 ـ ، 432 ـ بەتلەر) گە قارالسۇن. ــ 287 ـ بەت.

93 ماركس. «كاپىتال»، 2 ـ توم، 20 ـ باپ، 12 ـ پاراگراپقا قارالسۇن. ــ 294 ـ بەت.

94 يۇقۇرىدىكى كىتاپ، 19 ـ باپ، 2 ـ پاراگراپ، 3 ـ ماۋزۇ. ــ 297 ـ بەت.

95 بۇ سوز ئىنجىل قامۇسى «لۇكاس ئىنجىلى»نىڭ 23 ـ بابىدىن ئېلىنغان. ئەيسا تۇتقۇن قىلىنىپ رىم تەپتىشى پونتى پىلات (Pontius Pilatus) نىڭ سوراق قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن، پونتى پىلات ئەيسانىڭ

گاللىيىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى گاللىيە يەرلىك تەپتىشى ھىللۇيگە تاپشۇرۇپ بەرگەن، ئەمما ھىللۇي سوراق قىلىشىنى رەت قىلىپ، ئۇنى يەنە پونتى پىلاتقا قايتۇرغان. كىشىلەر بۇ سوزنى ئىشلەتكەندە ھىللۇينى قىسقارتىۋىتىپ، "پونتىدىن پىلاتقا ئىتتىرىش" دەپ قوللانغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ سوز ئۇنىڭدىن بۇنىڭغا ئىتتىرىپ، مەسىلە ھەل قىلماسلىق مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. — 297 ـ بەت.

96 ماركس. «كاپىتال»، 1 ـ توم، 22 ـ باپ، 2 ـ پاراگىراپقا قارالسۇن. — 297 ـ بەت.

97 يۇقۇرىدىكى كىتاپ، 6 ـ باپ. — 299 ـ بەت.

98 ماركس. «كاپىتال»، 2 ـ توم، 19 ـ باپ، 2 ـ پاراگىراپ 1 ـ گە قارالسۇن. — 300 ـ بەت.

99 ماركس. «كاپىتال»، 2 ـ توم، 20 ـ باپ، 1 ـ پاراگىراپقا قارالسۇن. — 304 ـ بەت.

100 يۇقۇرىدىكى كىتاپ، 18 — 21 ـ باپلار. — 306 ـ بەت.

101 ماركس. «كاپىتال»، 3 ـ توم، 18 ـ باپقا قارالسۇن. — 309 ـ بەت.

102 ماركس. «كاپىتال»، 2 ـ توم، 20 ـ باپ، 10 ـ پاراگىراپقا قارالسۇن. — 310 ـ بەت.

103 يۇقۇرىدىكى كىتاپ، 16 ـ باپ، 3 ـ پاراگىراپ. — 312 ـ بەت.

104 ماركس. «كاپىتال»، 3 ـ توم، 15 ـ باپ، 1 ـ پاراگىراپقا قارالسۇن. — 312 ـ بەت.

105 ماركس. «كاپىتال»، 3 ـ توم، 15 ـ باپ، 2 ـ پاراگىراپقا قارالسۇن. — 312 ـ بەت.

106 ھېروسترات — مىلادىدىن ئىلگىرىكى 4 ـ ئەسىردە ئوتكەن گرىك. ئېپىتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ كېيىنكى ئەۋلاتلار ئۇچۇن نام قالدۇرۇش مەقسىتىدە، ئوزىنىڭ يۇرتى ئېفىس شەھرىدىكى مەشھۇر ئارتېمىس ئىلاھى ئوردىسىنى كويدۇرۇپ تاشلىغان. ھېروستراتنىڭ نامى شەخسى نام ـ مەنپەئەتنى دەپ جىنايەت ئوتكۈزۇشتىن باش تارتمايدىغان ئادەملەرنىڭ ئومۇمى نامى بولۇپ قالغان. — 313 ـ، 407 ـ بەتلەر.

107 ئى. بېرنشتېيننىڭ «سوتسىيالىزمنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ۋەزىپىسى» دىگەن كىتاۋىدا ئىنقىلاۋى

ماركسىزىمغا ئۇمۇمى يۈزلۈك تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن؛ بۇ كىتاپ 1899 ـ يىلى نەشر قىلىنغان، لېنىن بۇ كىتاپنى سۈرگۈن قىلىنغان جايدا تاپشۇرۇۋالغان چاغدا «روسىيىدە كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققىياتى» دېگەن كىتاپنىڭ 1 ـ نەشىرى نەشردىن چىقىپ بولغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، لېنىن بېرنشتېيىننىڭ نۇقتىنەزىرى ئۈستىدىكى تەنقىتنى «روسىيىدە كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققىياتى» دېگەن كىتاپنىڭ 2 ـ نەشرىگە كىرگۈزۈشكە مەجبۇر بولغان. — 313 ـ بەت.

108 ماركس. «كاپىتال»، 3 ـ توم، 30 ـ باپقا قاراڭسۇن. — 313 ـ بەت.

109 «دۇنيا» («Мир Божий») لىبېراللارنىڭ ئامىباپ تىل بىلەن چىقىدىغان ئەدەبىي ۋە ئىلمىي ئايلىق ژۇرنىلى بولۇپ، 1892 ـ يىلدىن 1906 ـ يىلغىچە پېتېربۇرگدا چىقىپ تۇرغان. بىرىنچى روسىيە ئىنقىلاۋى مەزگىلىدە مېنشېۋىكلەر بۇ ژۇرنالغا ماقالا يېزىپ تۇرغان. 1906 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 1918 ـ يىلغىچە بۇ ژۇرنالنىڭ نامى «ھازىرقى دۇنيا»غا ئۆزگەرتىلىپ داۋاملىق چىقىپ تۇرغان. — 314 ـ بەت.

110 ماركس. «كاپىتال»، 3 ـ توم، 18 ـ باپقا قاراڭسۇن. — 314 ـ بەت.

111 يۇقۇرىدىكى كىتاپ، 49 ـ باپ.

لېنىن «كاپىتال» 3 ـ تومىنىڭ رۇسچە تەرجىمىسىدە خاتالىق بار دېگىنىدە، ن. — ئون (دانيېلسون)نىڭ 1896 ـ يىلدىكى تەرجىمىسىنى كوزدە تۇتقان. — 318 ـ بەت.

112 ماركس. «كاپىتال»، 3 ـ توم، 49 ـ باپقا قاراڭسۇن. — 324 ـ بەت.

113 «روسىيە سوتسىيال دېموكراتلىرىنىڭ ئېتىرازنامىسى»نى لېنىن 1899 ـ يىلى سۈرگۈن قىلىنغان جايدا بەزى ئىقتىساتچىلارنىڭ خىتاپنامىسىگە — «ئەقىدە» («Credo»)گە قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن يازغان.

«ئېتىرازنامە» لېنىن (مىنۇسىنسك ئوبلاستى يېرماكوۋسكويې كەنتىدە) چاقىرغان سۈرگۈندىكى 17 ماركسىزىمچىنىڭ يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىنغان ھەمدە بىردەك ماقۇللانغان. تۇرۇقخانسكقا ۋە ئورلوۋ (ۋياتكا ئولكىسى)قا سۈرگۈن قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسى بۇ «ئېتىرازنامە»گە قوشۇلغان.

«ئېتىرازنامە»نى لېنىن چەتئەلدىكى ئەمگەكنى ئازات قىلىش جەمئىيىتىگە ئەۋەتىپ بەرگەن. 1900 ـ يىلنىڭ بېشىدا، گ. ۋ. پلېخانوۋ

«ئىشچىلار ئىشى»، تەھرىر بولۇمىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن كورسەتمە» دىگەن ماقالىلار توپلىمىغا «ئىتىرازنامە»نى باسقان. — 334 ـ بەت.

114 «ئەقىدە» («Credo») — بەزى ئىقتىساتچىلار مۇشۇ نامدا 1899 ـ يىلى ئېلان قىلغان ھوججەت. بۇ ھوججەتتە ئىقتىساتچىلارنىڭ پۇرولېتارىياتنىڭ مۇستەقىل سىياسى رولىنى ۋە ئىشچىلار سىنىپى پارتىيىسىنىڭ زورۇرلۇگىنى ئىنكار قىلىدىغان ئاغمىچىلىق نۇقتىنەزەرلىرى ئىنتايىن روشەن ئىپادىلەنگەن. «ئەقىدە»نىڭ ئاپتورى س. ن. پروكوپوۋىچ، ئې. د. كۇسكوۋا بولۇپ، ئۇلار كېيىنچە كادېتلارغا ئايلىنىپ كەتكەن. — 334 ـ، 363 ـ، 408 ـ، 1029 ـ، 1330 ـ بەتلەر.

115 بېرنشتېينچىلىق خەلقارا ئىشچىلار ھەركىتىدىكى شىۋجېگجۇيىلىق ئىدىيە ئېقىمى بولۇپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا پەيدا بولغان، گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتى ئې. بېرنشتېيننىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. بېرنشتېين 1896 — 1898 ـ يىللىرى گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ نەزىرىيىۋى ژورنىلى «يېڭى دەۋر»دە ئېلان قىلغان ماقالىلىرىدا ھەم «سوتسىيالىزىمنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ۋەزىپىسى» (1899 ـ يىلى) دىگەن كىتاۋىدا ماركسىزىمغا ئومۇمى يۈزلۈك تۈزىتىش كىرگۈزگەن. ئۇ ماركسىزىمنىڭ سىنىپى كۈرەش نەزىرىيىسىگە، كاپىتالىزىمنىڭ مۇقەررەر ھالاكىتى توغرىسىدىكى تەلىماتىغا، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە پۇرولېتارىيات دىكتاتورىسىغا قارشى تۇرغان، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ۋەزىپىسى ئىسلاھ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت، دەپ قارىغان. بېرنشتېيننىڭ ئاغمىچىلىق ۋە شىۋجېگجۇيىلىق كوزقاراشلىرى گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئوڭ قانىتى ۋە ئىككىنچى ئىنتېرناتسونالدىكى باشقا پارتىيەلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن، پەقەت لېنىن باشچىلىغىدىكى بولشېۋىكلەر پارتىيىسىلا بېرنشتېينچىلىققا، ئۇنىڭ ھىمايىچىلىرىگە ۋە ئەگەشكۈچىلىرىگە قارشى قەتئى كۈرەش ئېلىپ بارغان.

روسىيىدە "قانۇنىي ماركسىزىمچىلار"، ئىقتىساتچىلار، بۇندچىلار، مېنشېۋىكلەر بېرنشتېينغا ئەگەشكەن. — 337 ـ، 364 ـ، 389 ـ، 997 ـ، 1117 ـ بەتلەر.

116 ئاساسىي نىزامچىلار ھەركىتى — 19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن

50 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، ئەنگلىيە ئىشچىلىرى خەلق ئاساسىي نىزامىنى ماقۇللىتىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان سىياسىي ھەركەت. خەلق ئاساسىي نىزامى ئومۇمىي سايلام ھوقۇقىغا دائىر تەلەپلەرنى، شۇنىڭدەك ئىشچىلارنىڭ ئاشۇ ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش يۈزىسىدىن بەلگىلەنگەن بىر قاتار شەرتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. لېنىن ئاساسىي نىزامچىلار ھەركىتىگە ”دۇنيادا تۇنجى قېتىم يۈز بەرگەن كەڭ كولەملىك، ھەقىقىي ئاممىۋى ۋە سىياسىي خاراكتېرلىق پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىي ھەركەت“ دەپ باھا بەرگەن ئىدى (مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 3 ـ توم، 811 ـ بېتىگە قارالسۇن). ئەنگلىيەدە سودا ـ سانائەت مونوپولىيىسىنىڭ كۈچىيىشى ۋە ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ يۇقۇرى قاتلاملىرى (”ئىشچى ئاقسۆڭەكلەر“)نى ئۇشۇقچە پايدىغا سېتىۋېلىشى نەتىجىسىدە، ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپى ئىچىدە ئاغمىچىلىق كۈنسايىن كۈچىيىپ كەتكەن، ئىشچىلار بىرلەشمىسىنىڭ يولباشچىلىرى ئاساسىي نىزامچىلار ھەركىتىنى قوللىماس بولۇپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن ئاساسىي نىزامچىلار ھەركىتى بارا ـ بارا پەسىيىپ قالغان. — 341 ـ ، 1268 ـ بەتلەر.

117 **پرۇدونچىلىق** — ئۇششاق بۇرژۇئا سوتسىيالىزىمىنىڭ بىر ئېقىمى بولۇپ، فرانسىيە ھوكۇمەتسىزلىرىدىن بىرى بولغان پ. ج. پرۇدوننىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. پرۇدون كاپىتالىستىك يىرىك مۈلۈكچىلىكنى ئۇششاق بۇرژۇئا مەيدانىدا تۇرۇپ تەنقىت قىلغان، ئۇششاق خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىش خام خىيالىدا بولغان، ئۇ، ئىشچىلار ”خەلق“ بانكىسى ۋە ”ئالماشتۇرۇش“ بانكىسىنىڭ ياردىمىگە تايانغاندىلا، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى سېتىۋالالايدۇ ۋە ئۆز مەھسۇلاتلىرىنىڭ ”ئادىل“ سېتىلىشىنى كاپالەتلەندۈرەلەيدۇ، دەپ قاراپ، ”خەلق“ بانكىسى ۋە ”ئالماشتۇرۇش“ بانكىسى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. پرۇدون پرولېتارىياتنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتىنى چۈشەنمەي، سىنىپىي كۆرەش، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىغا جېنىنىڭ بېرىچە قارشى تۇرغان؛ ئۇ ھوكۇمەتسىزلىك مەيدانىدا تۇرۇپ، دولەتنىڭ زورۇرلۇگىنى ئىنكار قىلغان. پرۇدونچىلار ئۇششاق تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئالماشتۇرۇشنى غايىۋىلەشتۈرۈۋەتكەن. ”كاپىتالىزىمنى ۋە ئۇنىڭ

ئاساسى بولغان تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى يوقىتىش ئەمەس، بەلكى بۇ ئاساسنى تۈرلۈك ئىللەت ۋە مەرەزلەردىن خالاس قىلىش؛ ئالماشتۇرۇش ۋە ئالماشتۇرۇش قىممىتىنى يوقىتىش ئەمەس، ئەكسىچە، ئۇنى 'تىكلەش'، ئۇنى ئومۇمى يۈزلۈك مۇتلەق، 'ئادىل'، تەۋرەنمەس، كىرىزىسسىز، قۇسۇرسىز نەرسىگە ئايلاندۇرۇش — مانا بۇ پرۇدونىنىڭ ئىدىيىسى." («لېنىن ئەسەرلىرى»، 20 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 17 - بەتكە قارالسۇن) — 341 - ، 382 - ، 422 - ، 1116 - بەتلەر.

118 ماركسنىڭ «پەلسەپە نامراتلىقى» («ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 - توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 268 — 280 - بەتلەر) دىگەن ئەسىرىگە قارالسۇن. — 343 - بەت.

119 لاسساللىچىلار توغرىسىدا، 140 - ئىزاھقا قارالسۇن. — 343 - ، 1211 - بەتلەر.

120 لېنىن بۇ يەردە لاسساللىچىلارنىڭ ئىشچىلار سىنىپىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، باشقا بارلىق سىنىپلار پەقەت ئەكسىيەتچى بىر گۇرۇھ دىگەن ئەكسىيەتچىل مۇلاھىزىسىنى تەنقىت قىلغان؛ بۇ مۇلاھىزە 1875 - يىلى گوتادا ئوتكۈزۈلگەن ئېيزىناخچىلار بىلەن لاسساللىچىلارنىڭ قوشۇلۇش قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان گېرمانىيە سوتسىيالىستىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ پۇروگراممىسى (گوتا پۇروگراممىسى)غا كىرگۈزۈلگەن.

ماركس «گوتا پۇروگراممىسىغا تەنقىت»تە بۇ ئەكسىيەتچىل مۇلاھىزىنى تەنقىت قىلغان («ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 3 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 13 — 15 - بەتلەرگە قارالسۇن). — 345 - بەت.

121 شىمالىي روسىيە ئىشچىلار جەمىيىتى 1878 - يىلى پېتېربۇرگدا قۇرۇلغان بولۇپ، روسىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىنقىلاۋىي سىياسى تەشكىلاتلىرىدىن بىرى ئىدى. جەمىيەتكە ياغاچچى ستېپان خالتۇرىن بىلەن قىرىش ئىستانوكى ئىشچىسى ۋىكتور ئوبنورسكى رەھبەرلىك قىلغان. جەمىيەت ئىشچىلارنىڭ كوپ قېتىملىق ئىش تاشلاشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىپ، ئىش تاشلىغۇچىلارغا تەشۇىقات ۋاراقلىرىنى تارقاتقان. جەمىيەتنىڭ ئەزالىرى 200 گە يەتكەن. 1879 - يىلى جەمىيەت چار ھوكۇمىتىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان. جەمىيەتنىڭ قولغا ئېلىنماي قالغان ئەزالىرى 1880 - يىل 2 - ئايدا بىر سان «ئىشچىلار تاڭ نۇرى» گېزىتى

چىقارغان، بۇ روسىيەدىكى تۇنجى ئىشچىلار گېزىتى ئىدى. — 364 - بەت.

122 جەنۇبىي روسىيە ئىشچىلار جەمىيىتىنى ئې. ئو. زاسلاۋسكى 1875 - يىلى ئودېسسادا قۇرغان، بۇ روسىيەدىكى ئىنقىلاۋىي سىياسى خاراكتېرلىق تۇنجى ئىشچىلار تەشكىلاتى ئىدى. جەمىيەت قۇرۇلۇپ 8 - 9 ئايدىن كېيىن، چار ھوكۇمىتىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان. — 364 - بەت.

123 «ئىشچىلار پىكرى» گېزىتى («Рабочая Мысль») ئىقتىساتچىلارنىڭ گېزىتى بولۇپ، 1897 - يىل 10 - ئايدىن 1902 - يىل 12 - ئايغىچە پېتېربۇرگدا، بېرلىندا، ۋارشاۋادا ۋە جەنېۋەدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جەمى 16 سان چىقىرىلغان. لېنىن نۇرغۇن ئەسەرلىرىدە، بولۇپمۇ «ئۇچقۇن» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرىدا ۋە «نېمە قىلىش كېرەك؟» دېگەن كىتاۋىدا، «ئىشچىلار پىكرى» گېزىتىنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى تەنقىت قىلىپ، ئۇنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى خەلقئارا ئاغمىچىلىقنىڭ روسىيەچە ئۆزگەرگەن تۈرى، دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. — 348 -، 358 -، 363 -، 410 -، 1029 - بەتلەر.

124 «سانكت - پېتېربۇرگ ئىشچىلار ۋاراقىسى» («С.Петербургский Рабочий Листок») — پېتېربۇرگدىكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش جەمىيىتىنىڭ مەخپى گېزىتى. جەمى 2 سان چىقىرىلغان: 1 - سانى 1897 - يىل 2 - ئايدا چىقىرىلغان (گېزىتتە 1 - ئاي دەپ بېسىلغان. بۇ سان روسىيەدە شاپىگراف بىلەن 3 — 4 يۈز نۇسخا بېسىلغان)؛ 2 - سانى 1897 - يىل 9 - ئايدا جەنۋەدە چىقىرىلغان. — 348 -، 432 - بەتلەر.

125 «ئىشچىلار گېزىتى» («Рабочая Газета») كىيېۋ سوتسىيال دېموكراتـزىمچىلىرى گۇرۇپپىسىنىڭ مەخپى گېزىتى. جەمى 2 سان چىققان: 1 - سانى 1897 - يىل 8 - ئايدا چىققان؛ 2 - سانى شۇ يىلى 12 - ئايدا چىققان (گېزىتتە 11 - ئايدا دەپ بېسىلغان). روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ بىرىنچى قۇرۇلتىيى «ئىشچىلار گېزىتى» نى پارتىيىنىڭ رەسمىي ئورگان گېزىتى دەپ تەستىقلىغان. قۇرۇلتايدىن كېيىن، ساقچىلارنىڭ باسمىخانىنى ۋەيران قىلىشى ۋە مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرىنى قولغا ئېلىشى بىلەن، تىزىلىپ بولغان ئۈچىنچى سان چىقـ

مىغان، كېيىن بۇ گېزىت توختاپلا كەتكەن. — 349 ـ ،384 ـ بەتلەر.

126 روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ 1 ـ قۇرۇلتىيى 1898 ـ يىل 3 ـ ئايدا مىنسكتا ئۆتكۈزۈلگەن. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا 6 تەشكىلات (پېتېربۇرگ، موسكۋا، يېكاتېرىنوسلاۋ ۋە كىيېۋ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش جەمىيەتلىرى، كىيېۋ «ئىشچىلار گېزىتى» گۇرۇپپىسى ۋە بوند)تىن 9 ۋەكىل قاتناشقان.

قۇرۇلتاي «روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ خىتاپنامىسى»نى ئېلان قىلدى. «خىتاپنامە» سىياسى ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە مۇستەبىت تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش كۈرىشىنى روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ھەركىتىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى قىلدى ھەم سىياسى كۈرەشنى ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ ئومۇمى ۋەزىپىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

قۇرۇلتاي مەركىزىي كومىتېتنى سايلاپ چىقتى، «ئىشچىلار گېزىتى»نى پارتىيىنىڭ رەسمىي ئورگان گېزىتى دەپ تەستىقلىدى، روسىيە سوتسىيال دېموكراتلىرىنىڭ چەتئەلدىكى بىرلەشمىسىنى پارتىيىنىڭ چەتئەلدىكى ۋاكالەتلىك ئورگىنى دەپ جاكالىدى.

روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ 1 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ ئەھمىيىتى شۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ قارارىدا ۋە «خىتاپنامىسى»دە روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكالىدى. — 349 ـ ، 361 ـ ،368 ـ ،432 ـ ، 1310 ـ بەتلەر.

127 پلېخانوۋنىڭ «بېرنشتېين ۋە ماتېرىيالىزم» دېگەن ماقالىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ماقالا 1898 ـ يىل 7 ـ ئايدا گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ژورنىلى «يېڭى دەۋر»نىڭ 44 ـ سانىغا بېسىلغان، «پلېخانوۋ ئەسەرلىرى»، 1928 ـ يىل، رۇسچە نەشرى، 11 ـ توم، 13 — 26 ـ بەتلەرگە قارالسۇن. — 356 ـ بەت.

128 گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ھانوۋېر قۇرۇلتىيى 1899 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 9 — 14 ـ كۈنلىرى ئۆتكۈزۈلگەن. قۇرۇلتاي "پارتىيىنىڭ تۈپ كۆزقارىشى ۋە تاكتىكىسىغا قىلىنغان ھۇجۇم" دېگەن كۈنتەرتىپتىكى باشقا مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە قارار (ھانوۋېر قارارى) ماقۇللىغان. بېرنشتېين باشچىلىقىدىكى بىر تۈپ ئاغمىچىلار

ماركسىزم نەزەرىيىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ھەمدە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئىنقىلاۋىي سىياسەتلىرىنى ۋە تاكتىكىلىرىنى قايتا قاراپ چىقىشنى تەلەپ قىلغانلىقى سەۋەبىدىن، قۇرۇلتاي بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلغان ۋە بۇ ھەقتە مۇشۇ مەخسۇس قارارنى ماقۇللىغان. قۇرۇلتاينىڭ قارارى شىۋجېگجۇيىچىلارنىڭ تەلىۋىنى ئىنكار قىلغان، بىراق بېرنشتېينچىلىقنى پاش قىلمىغان ۋە تەنقىت قىلمىغان. — 356 ـ، 399 ـ بەتلەر.

129 1897 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈندىكى (يېڭىچە ئاينىڭ 14 ـ كۈندىكى) پەرمان كوزدە تۇتۇلىدۇ. لېنىن ئۇيۇشتۇرغان ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش جەمئىيىتى رەھبەرلىگىدىكى ئىشچىلار ھەرىكىتىدىن قورقۇپ كەتكەن چار ھۆكۈمىتى بۇ يارلىقنى چۈشۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. بۇ يارلىقتا سانائەت كارخانىلىرى ۋە تۆمۈريول زاۋۇتلىرىنىڭ ئىش كۈنى 11 يېرىم سائەت دەپ بەلگىلەنگەن. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى روسىيىدە ئىش كۈنىنىڭ چېكى يوق ئىدى. ھەتتا كۈنلۈك ئىش ۋاقتى 14 ـ 15 سائەتكە يېتەتتى. لېنىن «يېڭى زاۋۇت قانۇنى» دېگەن كىتابچىسىدا بۇ يارلىقنى تولۇق تەھلىل قىلغان ۋە تەنقىت قىلغان («لېنىن ئەسەرلىرى»، 2 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 228 — 271 ـ بەتلەرگە قاراڭسۇن). — 360 ـ بەت.

130 «ھەرىكىتىمىزدىكى جىددىي ۋەزىپىلەر» — «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ تۇنجى سانىغا بېسىلغان باش ماقالا. — 362 ـ بەت.

131 «رئىشچىلار پىكرى، گېزىتىنىڭ قوشۇمچە سانى» — «ئىشچىلار پىكرى» گېزىتى تەھرىر بولۇمى تەرىپىدىن 1899 ـ يىل 9 ـ ئايدا چىقىرىلغان كىتابچە. بۇ كىتابچىدا، بولۇپمۇ ر. م نىڭ ئىمزاسى قويۇلغان «بىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىمىز» دېگەن ماقالىدا، ئىقتىسادىزلارنىڭ ئاغمىچىلىق نۇقتىنەزەرلىرى ئاشكارا تەرغىپ قىلىنغان. — 363 ـ، 415 ـ بەتلەر.

132 لېنىن بۇ يەردە ماركسنىڭ «خەلقارا ئىشچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق نىزامنامىسى»دىكى بىر تۈپ پرىنسىپىنى نەقىل كەلتۈرگەن. «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 ـ توم، 233 ـ بەتكە قاراڭسۇن. — 365 ـ بەت.

133 روسىيىنىڭ ئىشچى ئىنقىلابچىسى پېتر. ئالېكسېيېۋنىڭ 1877 ـ يىل 3 ـ

ئاينىڭ 22 ـ كۈنى چار پادىشاھنىڭ پېتېربۇرگ سوتىدا بايان قىلغان نۇتقىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن. بۇ نۇتۇق لوندوندا چىقىدىغان «ئالغا! قەرەلسىز ئوبزور» دىگەن رۇسچە ژورنالغا 1877 ـ يىلى تۇنجى قېتىم بېسىلغان، كېيىن كوپ قېتىم مەخپى بېسىلىپ، روسىيىدىكى كەڭ ئىشچىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان. — 370 ـ بەت.

134 1857 — 1859 ـ يىللاردىكى ھىندىستان قوزغىلىڭى كوزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ قوزغىلاڭ ھىندىستان خەلقى مىللى مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش — ئەنگلىيىنىڭ ھوكۇمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن ئېلىپ بارغان ئەڭ چوڭ قوزغىلاڭ بولغان ئىدى. — 373 ـ بەت.

135 1899 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 1902 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە بولغان ئىنگلىز — بورلار ئۇرۇشى كوزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ئۇرۇش ئەنگلىيە جەنۇبىي ئافرىقىدىكى بورلارنىڭ ئىككى جۇمھۇرىيىتى (ترانسۋال جۇمھۇرىيىتى بىلەن ئورانژې ئەركىن ئىشتاتى)گە قارشى قوزغىغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى بولىدى. ئۇرۇش نەتىجىسىدە بۇ ئىككى جۇمھۇرىيەت بۈيۈك برىتانىيىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندى. — 373 ـ بەت.

136 باكۇنىنچىلىق — بىر خىل ھوكۇمەتسىزلىك پىكىر ئېقىمى بولۇپ، م. ي. باكۇنىننىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. باكۇنىنچىلىق سىنىپىي باراۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ۋارىسلىق ھوقۇقىنى بىكار قىلىشنى ئىجتىمائى ئىنقىلاپنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى دەپ قاراپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ھەرلىق سىياسى ھەركەتلەردىن ۋازكېچىشنى تەرغىپ قىلىدۇ. باكۇنىنچىلىق پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىغا ۋە پرولېتارىيات پارتىيىسىگە قارشى تۇرىدۇ، دولەتنى جەمى بالايى ـ ئاپەتنىڭ يىلتىزى دەپ قاراپ، ھەممە دولەتنى دەرھال بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھوكۇمەتسىزلىكنى تۇرغۇزۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. باكۇنىنچىلار ماركسىزمنىڭ ئەشەددى دۈشمىنىدۇر. باكۇنىن ۋە ئۇنىڭ ھامىلىرى ماركس رەھبەرلىكىدىكى 1 ـ ئىنتېرناتسونالدا سۈيىقەستلىك ۋە بولگۇنچىلىك ھەركەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، خەلقارا ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنغان. 1872 ـ يىلى باكۇنىن 1 ـ ئىنتېرناتسونالدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان.

باكۇنىنچىلارنىڭ نەزىرىيە ۋە تاكتىكىسى ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ

قاتتىق تەنقىدىگە ئۇچرىغان. لېنىن باكۇنىنچىلىقنى "ئۈمىتسىز ئۈششاق بۇرژۇئازلارنىڭ دۇنياقارىشى" دەپ ئاتىغان («لېنىن ئەسەرلىرى»، 18 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 11 ـ بەتكە قاراڭسۇن). باكۇنىنچىلىق — نارودنىكلارنىڭ ئىدىيىۋى يىلتىزلىرىدىن بىرى. — 382 ـ بەت.

137 لېنىننىڭ «نىمە قىلىش كېرەك؟ (ھەركىتىمىزدىكى جىددى مەسىلىلەر)» دىگەن كىتاۋىدا، ئاغمىچىلىقنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەسى ئۇزۇل ـ كېسىل ئېچىپ تاشلانغان؛ ئىنقىلاۋىي نەزىرىيە بىلەن سوتسىيالىستىك ئاڭنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتى كورسىتىلگەن؛ پرولېتارىيات پارتىيىسى ئىشچىلار ھەرىكىتى بىلەن سوتسىيالىزىمنىڭ بىرلەشتۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت دىگەن بۇ ماركسىزىملىق توپ پرىنسىپ دەلىللەنگەن؛ ماركسىزىملىق پارتىيىنىڭ نەزىرىيىۋى ئاساسى مۇئەييەنلەشتۇرۇلگەن. «نىمە قىلىش كېرەك؟» دىگەن كىتاپتا شەرھىلەنگەن نەزىرىيىۋى پرىنسىپلار بولشېۋىكلەر پارتىيىسىگە نەزىرىيىۋى ئاساس سېلىپ بەرگەن.

بۇ كىتاپنى لېنىن 1901 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدىن 1902 ـ يىلنىڭ بېشىغىچە يېزىپ پۇتتۇرگەن. لېنىن بۇ كىتاپنى 1901 ـ يىل ئەتىيازدىلا يازماقچى بولغان. لېنىن 1901 ـ يىل 5 ـ ئايدا يازغان «نىمىدىن باشلاش كېرەك؟» دىگەن ماقالىسىنى «نىمە قىلىش كېرەك؟» دىگەن كىتاۋىنى يېزىشنىڭ پىلان لايىھىسى دىگەن ئىدى («لېنىن ئەسەرلىرى»، 5 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 6 ـ بەتكە قاراڭسۇن). 1901 ـ يىل كۈزدە لېنىن بۇ كىتاپنى يېزىشقا رەسمىي كىرىشكەن. 1901 ـ يىل 11 ـ ئايدا يازغان «"بىرلەشتۇرۇش" قۇرۇلتىيىنىڭ ھوججەتلىرى توپلىمى»غا كىرىش سوزدە، لېنىن بۇ كىتاپ "تەييارلىنىۋاتىدۇ، پات ئارىدا نەشىردىن چىقىدۇ" دەپ ئۇقتۇرغان («لېنىن ئەسەرلىرى»، 5 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 272 ـ بەتكە قاراڭسۇن). 1901 ـ يىل 12 ـ ئايدا لېنىن «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ 12 ـ سانىدا ئېلان قىلغان «ئىقتىساتىۋازلىقنىڭ ھىمايىچىلىرىگە مەسلىھەت» دىگەن ماقالىسى (لېنىن كېيىن بۇ ماقالىنى «نىمە قىلىش كېرەك؟» دىگەن كىتاپنىڭ پىلانى دەپ ئاتىغان) دا، "بىز بۇ يەردە مۇنازىرىدىكى مەسىلىلەرنى ئومۇمەن ئەسلىتىپ ئوتىمىز. بۇ مەسىلىلەر توغرىسىدا بىز يەنە مەخسۇس بىر كىتاپچە يېزىپ، تەپسىلى توختىلىمىز، بۇ كىتاپچىنىڭ بىر يېرىم ئايدىن كېيىن نەشىردىن چىقى-

شنى ئۆمىت قىلمىز“ دەپ يازغان (يۇقۇرىدىكى تومىنىڭ 287 ـ بېتى).
1902 ـ يىل 1 ـ ئايدا لېنىن «نىمە قىلىش كېرەك؟» دىگەن كىتاۋىنى يېزىپ بولغان. شۇ يىل 2 ـ ئايدا، لېنىن بۇ كىتاپقا كىرىش سوز يازغان. 1902 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا «نىمە قىلىش كېرەك؟» دىگەن كىتاپ شتۇتگارتتا دىتس نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.
1907 ـ يىلى لېنىن «نىمە قىلىش كېرەك؟» دىگەن كىتاپىنى «12 يىلدىن بۇيان» دىگەن ماقالىلار توپلىمىغا كىرگۈزگەن ۋاقىتتا، 5 ـ باپنىڭ 1 ـ بولۇمى («نىمىدىن باشلاش كېرەك؟» دىگەن ماقالىدىن كىم رەنجىدى؟»)نى چىقىرىپ تاشلىغان ۋە بۇ توپلامغا يازغان كىرىش سوزدە، بۇ كىتاپ بۇ قېتىم نەشر قىلىنغاندا ”ئاز ـ ماز قىسقارتىلدى، تەشكىلىي مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بەزى تەپسىلاتلار ۋە بەس ـ مۇنازىرە خاراكتېرىدىكى ئۇششاق ـ چۇششەك پىكىرلەر چىقىرىپ تاشلاندى“ دەپ كورسەتكەن («لېنىن ئەسەرلىرى»، 13 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 84 ـ بەتكە قارالسۇن). شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا لېنىن يەنە يېڭىدىن 5 جايغا بەت ئاستى ئىزاھى قوشقان. — 383 ـ بەت.

138 «ئۇچقۇن» گېزىتى («Искра») روسىيە بويىچە تۇنجى ماركسىزىملىق مەخپى گېزىت بولۇپ، 1900 ـ يىلى لېنىن تەرىپىدىن چىقىرىلغان. «ئۇچقۇن» گېزىتى روسىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىنقىلاۋىي ماركسىزىملىق پارتىيىسىنى قۇرۇش جەھەتتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان.
ساقچىلارنىڭ زىيانكەشلىكى ئارقىسىدا، روسىيىدە ئىنقىلاۋىي گېزىت چىقىرىش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، لېنىن سىبىرىيىدە سۇرگۇندە يۇرگەن ۋاقىتىدىلا چەتئەلدە گېزىت چىقىرىش پىلانىنى ھەر تەرەپلىمە ئويلاپ قويغان ئىدى. لېنىن 1900 ـ يىل 1 ـ ئايدا سۇرگۇن مۇددىتى تۇگەش بىلەنلا دەررۇ ئوز پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشكەن.
«ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ 1 ـ سانى 1900 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۇنى لېيپسىگدا، كېيىنكى سانلىرى ميۇنخېندا، 1902 ـ يىل 4 ـ ئايدىن باشلاپ لوندوندا ۋە 1903 ـ يىل باھاردىن باشلاپ جەنۋەدە چىقىرىلغان.
«ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ تەھرىر بولۇمىدە لېنىن، گ. ۋ. پلېخانوۋ، ي. ئو. مارتوۋ، پ. ب. ئاكسېلرود، ئا. ن. پوترېسوۋ ۋە ۋ. ئى. زاسۇلىچلار بار ئىدى. 1901 ـ يىل باھاردىن باشلاپ ن. ك. كرۇپسكايا

تەھرىر بولۇمىنىڭ كاتىۋى بولغان.

«ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ باش تەھرىرى ۋە رەھبىرى ئەمەلىيەتتە لېنىن ئىدى. لېنىن «ئۇچقۇن» گېزىتىدە پارتىيە قۇرۇلۇشىغا ۋە روسسىيە پرولېتارىياتىنىڭ سىنىپىي كۈرىشىگە دائىر تۈرلۈك تۈپ ئاساسىي مەسىلىلەر توغرىسىدا ماقالىلار يېزىپ تۇرغان. خەلقارا تۇرمۇشتىكى مۇھىم ۋەقەلەر توغرىسىدا پىكىر بايان قىلىپ تۇرغان.

روسسىيىنىڭ بىرمۇنچە شەھەرلىرىدە (پېتېربۇرگ، موسكۋا قاتارلىق شەھەرلەردە) لېنىنچى ئۇچقۇنچىلارنىڭ روسسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى گۇرۇپپىلىرى ۋە كومىتېتلىرى قۇرۇلغان ئىدى.

ئۇچقۇنچىلار تەشكىلاتى لېنىن يېتىشتۈرگەن كەسپىي ئىنقىلاپچىلار (ن. ئى. بائۇمان، ئى. ۋ. بابۇشكىن، س. ئى. گۇسېۋ، م. ئى. كالىنىن ۋە باشقىلار)نىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە بارلىققا كەلگەن ۋە ئىشلىگەن.

«ئۇچقۇن» گېزىتى تەھرىر بولۇمى لېنىننىڭ تەشەببۇسى ۋە بىۋاسىتە قاتنىشىشى ئارقىسىدا پارتىيە پروگراممىسىنىڭ لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتى ۋە 1903 - يىل 7 — 8 - ئايلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان روسسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ 2 - قۇرۇلتىيىغا تەييارلىق قىلدى.

قۇرۇلتاي ئېچىلىشتىن ئىلگىرى، روسسىيىنىڭ كۆپچىلىك جايلىرىدىكى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى تەشكىلاتلىرى «ئۇچقۇن» گېزىتىنى ھىمايە قىلدى، ئۇنىڭ تاكتىكىسى، پروگراممىسى ۋە تەشكىلىي پىلانلىرىنى قۇۋۋەتلىدى، ئۇنى ئۇزلىرىنىڭ رەھبىرىي ئورگىنى دەپ تونۇدى. قۇرۇلتاي ئۇزىنىڭ مەخسۇس قارارىدا «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ پارتىيە قۇرۇش كۈرىشىدە ئالاھىدە رول ئوينىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى ۋە ئۇنى روسسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ مەركىزىي ئورگان گېزىتى دەپ ئېلان قىلدى.

2 - قۇرۇلتايدا، لېنىن، پلېخانوۋ ۋە مارتوۋلاردىن تەركىب تاپقان تەھرىر بولۇمى تەشكىل قىلىش بەلگىلەندى. مارتوۋ پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ قارارىغا قارىماي، تەھرىر بولۇمىگە قاتنىشىشنى رەت قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ 46 — 51 - سانلىرى لېنىن بىلەن پلېخانوۋنىڭ تەھرىرلىكىدە چىقىرىلدى. كېيىن پلېخانوۋ مېنشېۋىكلەر

مەيدانى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى ۋە قۇرۇلتاي رەت قىلغان ئەسلىدىكى بارلىق مېنشېۋىك تەھرىرلەرنى «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ تەھرىر بولۇمىگە قاتناشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. لېنىن بۇنىڭغا قوشۇلمىدى، ئۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىچىدىكى سەپنى كۈچەيتىش ۋە شۇ سەپتە تۇرۇپ مېنشېۋىك ئاغمىچىلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن، 1903 - يىل 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «ئۇچقۇن» گېزىتى تەھرىر بولۇمىدىن چېكىنىپ چىقتى. 52 - سان يالغۇز پلېخانوۋنىڭ تەھرىرلىگىدە چىقتى. 1903 - يىل 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى پلېخانوۋ قۇرۇلتاينىڭ قارارىغا خىلاپلىق قىلىپ، ئۆزبېشىمچىلىق بىلەن «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ تەھرىرلىگىگە ئىلگىرىكى مېنشېۋىك تەھرىرلەرنى كىرگۈزۈۋالدى. 52 - ساندىن باشلاپ، مېنشېۋىكلەر «ئۇچقۇن» گېزىتىنى ئۆزلىرىنىڭ ئورگان گېزىتىگە ئايلاندۇردى. "شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، پارتىيە ئىچىدە، لېنىنچە بولشېۋىكلەرنىڭ «ئۇچقۇن» گېزىتىنى كونا «ئۇچقۇن» گېزىتى، مېنشېۋىك ئاغمىچىلارنىڭ «ئۇچقۇن» گېزىتىنى بولسا يېڭى «ئۇچقۇن» گېزىتى دەپ ئاتايدىغان بولدى." («سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلەر) تارىخى قىسقىچە كۇرسى»، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1954 - يىل نەشرى، 57 - بەتكە قارالسۇن) — 383 - ، 790 - ، 797 - ، 901 - ، 1165 - ، 1307 - بەتلەر.

139 «ئىشچىلار ئىشى» («Рабочее Дело») — ئىقتىساتچىلارنىڭ ژورنىلى بولۇپ، روسىيە سوتسىيال دېموكراتلىرى چەتئەل بىرلەشمىسىنىڭ قەرەلسىز ئورگان ژورنىلى ئىدى، 1899 - يىل 4 - ئايدىن 1902 - يىل 2 - ئايغىچە جەنۋەدە ب. ن. كرىچېۋسكى، ئا. س. مارتىنوۋ ۋە ۋ. ب. ئىۋانشىنلارنىڭ تەھرىرلىگىدە چىقىپ تۇرغان. بۇ ژورنال جەمئىي 12 سان، 9 توپلام چىققان. لېنىن «ئۇچقۇن» گېزىتىدە ئېلان قىلغان ماقالىسىدا ۋە ئۆزىنىڭ «نېمە قىلىش كېرەك؟» دېگەن كىتاۋىدا «ئىشچىلار ئىشى» ژورنىلىنىڭ كۆزقاراشلىرىنى تەنقىت قىلغان. — 384 - ، 844 - ، 987 - بەتلەر.

140 لاسساللچىلار بىلەن ئېيزېناخچىلار — 19 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى ۋە 70 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيە ئىشچىلار ھەرىكىتىدىكى ئىككى پارتىيە.

لاسساللچىلار — ف. لاسساللنىڭ ھىمايىچىلىرى ۋە مۇرتلىرى

لاسسالچىلار پرۇسسىيە ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتىنىڭ ئىشچىلار كوپېراتىۋىغا بولغان ياردىمى ئارقىلىق كاپىتالىزمنى تىنچ يول بىلەن سوتسىيالىزمغا ئۆزگەرتىش مۇمكىن دەپ قاراپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرىشى ئورنىغا ئومۇمىي سايلام ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىنى ۋە پارلامېنتتىكى تىنچلىق پائالىيەتلىرىنى قويۇشنى تەشەببۇس قىلدى.

ماركس بىلەن ئېنگېلس لاسسالچىلارنى قاتتىق تەنقىت قىلغان ۋە ئۇلار "كوپ يىللاردىن بۇيان پۇرولېتارىياتنى تەشكىللەش يولىدا ئىزچىل پۇتلىكاشاڭ بولۇپ كەلگەن ئىدى، ئاخىر بېرىپ ساقچىلار قولىدىكى ئاددىي قورالغا ئايلىنىپ قالدى" دەپ كورسەتكەن («ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 18 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 36 - بەتكە قارالسۇن). لاسسالچىلارنىڭ نەزەرىيىۋى كوزقاراشلىرى ۋە تاكتىكىلىرىغا ماركسنىڭ «گوتا پۇروگراممىسىغا تەنقىت» («ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 3 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 5 — 25 - بەتلەرگە قارالسۇن) دېگەن ئەسىرىدە ۋە ماركس - ئېنگېلس خەت - چەكلىرىدە تەنقىت بېرىلگەن.

ئېيزېناخچىلار — ماركسىزمنى ھىمايە قىلغۇچىلار، ئۇلار ئىدىيە جەھەتتە ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. ئېيزېناخچىلار ۋ. لىبكنېخت ۋە ئا. بېبېلنىڭ رەھبەرلىكىدە، 1869 - يىلى چاقىرىلغان ئېيزېناخ قۇرۇلتىيىدا گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنى قۇرغان.

بۇ ئىككى پارتىيە ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۈرەشلەر بولغان.

ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ ئۆلغىيىشى ۋە ھوكۇمەتنىڭ زىيانكەشلىكىنىڭ كۈچىيىشى ئارقىسىدا، بۇ ئىككى پارتىيە 1875 - يىلى گوتا قۇرۇلتىيىدا بىرلەشكەن گېرمانىيە سوتسىيالىستىك ئىشچىلار پارتىيىسى بولۇپ قوشۇلغان، لاسسالچىلار بولسا بۇ پارتىيىدىكى ئاغمىچىلار ئىدى.

لېنىن «ئاۋگۇست بېبېل» دېگەن ماقالىسىدا لاسسالچىلار بىلەن ئېيزېناخچىلارغا باھا بەرگەن («لېنىن ئەسەرلىرى»، 19 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 290 — 296 - بەتلەرگە قارالسۇن). — 389 - بەت.

141 گېدچىلار بىلەن مۆمكىنچىلەر — فرانسىيە سوتسىيالىستىك ھەركىتىدىكى ئىككى مەزھەپ بولۇپ، ئۇلار 1882 - يىل فرانسىيە ئىشچىلار پارتىيىسى

بولۇنگەندىن كېيىن پەيدا بولغان.

گېدچىلار ج.گېدنىڭ ھىمايىچىلىرى بولۇپ، ئۇلار 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا فرانسىيە سوتسىيالىستىك ھەركىتىدىكى سولچىلار ئىدى، گېد بىلەن لافارگ ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرى ئىدى. گېدچىلار مۇستەقىل ئىنقىلاۋىي پۇرولېتارىيات سىياسىتىدە چىڭ تۇرغان؛ 1901 ـ يىلى فرانسۇز سوتسىيالىستلار پارتىيىسىنى تەشكىل قىلغان.

مۇمكىنچىلەر ــ فرانسىيە سوتسىيالىستىك ھەركىتىدە برۇس ۋە مالون قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى ئاغمىچى مەزھەپ. بۇ مەزھەپنىڭ رەھبەرلىرى ئەمىلىيەتتە ئىنقىلاۋىي تاكتىكىغا قارشى تۇرغان، ئۇلار قولغا كەلتۈرۈش "مۇمكىن" («possible») بولغانلا نەرسىنى قولغا كەلتۈرۈش دېگەن ئىسلاھاتچىلىق پىرىنسىپىنى جاكالىغان، يەنى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ پائالىيەتلىرىنى كاپىتالىستىك تۈزۈم شارائىتىدا قىلىشقا "مۇمكىن" بولغان دائىرىدە چەكلەپ قويۇشنى تەشەببۇس قىلغان، شۇڭا "مۇمكىنچىلەر" دەپ ئاتالغان. 1902 ـ يىلى مۇمكىنچىلەر باشقا بىر قىسىم ئىسلاھاتچى مەزھەپلەر بىلەن بىرلىشىپ، فرانسىيە سوتسىيالىستلار پارتىيىسىنى تەشكىل قىلغان.

1905 ـ يىلى فرانسۇز سوتسىيالىستلار پارتىيىسى بىلەن فرانسىيە سوتسىيالىستلار پارتىيىسى بىرلىشىپ بىر پارتىيە بولغان. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ج.گېد فرانسىيە سوتسىيالىستلار پارتىيىسىنىڭ جىمى رەھبەرلىرى بىلەن بىللە سوتسىيال شوۋىنىزىم مەيدانىغا ئۆتۈپ كەتكەن. ــ 389 ـ ، 1217 ـ بەتلەر.

142 فابىانچىلار ــ 1884 ـ يىلى ئەنگلىيىدە بىر قىسىم بۇرژۇئا زىيالىلىرى قۇرغان ئىسلاھاتچى ۋە ئاغمىچى فابىانچىلار جەمىيىتىنىڭ ئەزالىرى. بۇ جەمىيەتنىڭ ئاساسىي باشلىقلىرى س.ۋېب بىلەن ۋ.ۋېب ئىدى. فابىانچىلار جەمىيىتى قەدىمقى رىم قوماندانى فابىان ماكسىمىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. فابىان ھاننىبال بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ جەڭلەردىن باش تارتىپ، پۇرسەت كۈتۈپ تۇرۇش تاكتىكىسىنى قوللانغانلىقتىن "كۇنكتاتور" (ئاستا ئىلگىرىلىگۈچى) دېگەن نامغا ئېرىشكەن. فابىانچىلار ماركسنىڭ پۇرولېتارىيات سىنىپىي كۈرىشى ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ توغرىسىدىكى تەلىماتلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ئۇششاق ـ چۈششەك ئىسلاھات

ئارقىلىق جەمىيەتنى پەيدىن - پەي ئۆزگەرتىشنى ۋە ئاتالمىش "يەرلىك
ئۇمۇمى سوتسىيالىزم" ئۇسۇلى ئارقىلىق كاپىتالىزمدىن سوتسىيالىزمغا
ئۆتۈشنى تەرغىپ قىلغان. فابىانچىلار جەمىيىتى ئىشچىلار ئارىسىدا
بۇرژۇئا ئىدىيىسىنى تارقىتىپ، ئەنگلىيە ئىشچىلار ھەركىتىدىكى ئاغمىچى-
لىق ۋە ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيىسىنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان
ئىدى. لېنىن فابىانچىلار جەمىيىتى "ئاغمىچى" ۋە لىبېرالىزمچى ئىشچىلار
سىياسىتىنى ئەڭ مۇكەممەل گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى" («لېنىن ئەسەر-
لىرى»، 21 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 237 - بەتكە قارالسۇن) دىگەن
ئىدى. 1900 - يىلى فابىانچىلار جەمىيىتى ئىشچىلار پارتىيىسىگە قوشۇلغان.
1 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، فابىانچىلار سوتسىيال شوۋىنىزىملىق
مەيدان تۇتقان. "فابىان سوتسىيالىزمى" — شىۋجېڭجۇيى ۋە ئىسلاھات-
چىلىقنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەلىرىدىن بىرى.

سوتسىيال دېموكراتچىلار — سوتسىيال دېموكراتىك ئىتتىپاق
(308 - ئىزاھقا قارالسۇن) نىڭ قاتناشقۇچىلىرىنى كورسىتىدۇ. — 389 - ،
1219 - ، 1296 - بەتلەر.

143 كابىنېتچىلار ياكى كابىنېتچىلىق، مىلېرانىزىم — بىر خىل ئاغمىچى ئېقىم
بولۇپ، فرانسىيە سوتسىيالىستلىرىدىن مىلېران ئەكسىيەتچى كابىنېتقا
قاتناشقانلىقى، ئۇچۇن شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. مىلېران 1899 -
يىلى فرانسىيە ئەكسىيەتچىل بۇرژۇئا ھوكۇمىتىگە قاتنىشىپ، پارىژ كوم-
مۇنىسىنى باستۇرغان جاللات گالليففې جياڭجۇن بىلەن ھەمكارلاشقان.
— 389 - ، 836 - ، 918 - ، 1288 - بەتلەر.

144 يۇنان — رىم ئەپسانىلىرىدە ئېيتىلىشىچە، مەبۇدە مىنېرۋا بېشىغا دۇبۇلغا،
ئۇچىسىغا ساۋۇت كيگەن، قولىغا شەمشەر تۇتقان ھالدا چاقماق مۇئەك-
كىلى يۇپىتېرنىڭ كاللىسىدىن پەيدا بوپتۇدەك. شۇڭا كىشىلەر كوپىنچە
بۇنى باشتىلا ھەممە جەھەتتىن تولغان مەلۇم ئادەمگە ياكى مەلۇم ئىشقا
تەقلىت قىلىشىدۇ. — 391 - بەت.

145 «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 - توم، ئۇيغۇرچە نەشرى،
1027 - بەتكە قارالسۇن. — 391 - بەت.

146 كرىلوۋ يازغان «ئىككى توڭ» دىگەن مەسەلگە قارالسۇن. بۇ مەسەلدە بىر
ھارۋىغا ئىككى توڭ بېسىلغانلىقى، ئۇنىڭ بىرى قۇرۇق بولۇپ، يول

بويىي قۇلاقىنى يارغۇدەك تاراڭشىپ ماڭغانلىغى ۋە يولۇچىلارنىڭ تەرەپ - تەرەپكە قاچقانلىغى سوزلىنىدۇ. — 393 - بەت.

147 «تاڭ نۇرى» («Заря») — ماركسىزىملىق ئىلمىي ژورنال بولۇپ، 1901 - يىلدىن 1902 - يىلغىچە «ئۇچقۇن» گېزىتى تەھرىر بولۇمى تەرىپىدىن شتۇتگارتتا چىقىرىلغان، جەمى 4 سان (3 توپلام) چىققان: 1 - سانى 1901 - يىل 4 - ئايدا چىققان، 2 — 3 - قوشما سانى 1901 - يىل 12 - ئايدا چىققان، 4 - سانى 1902 - يىل 8 - ئايدا چىققان. «تاڭ نۇرى» ژورنىلى لېنىننىڭ تۆۋەندىكى ماقالىلىرىنى باسقان: «تاسادىپى خەۋەرلەر»، «يەرلىك ئاپتونومىيە ئىدارىلىرىگە زىيانكەشلىك قىلغۇچىلار ۋە لىبېرالىزىمنىڭ ھاننىباللىرى»، «يەر مەسىلىسى ۋە "ماركسنى تەنقىت قىلغۇچىلار"» دىگەن كىتاپىنىڭ ئالدىنقى توت بابى، «ئىچكى ئىشلار ئوبزورى»، «روسسىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ يەر پۇروگىرامىسى». — 395 -، 790 -، 1075 -، 1307 - بەتلەر.

148 تاغلىقلار ۋە گىروندىچىلار — 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىلىرىدىكى فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى مەزگىلىدە شەكىللەنگەن بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىككى سىياسى گۇرۇھى. تاغلىقلار ياكۇبىنچىلار دەپمۇ ئاتىلاتتى، ئۇلار شۇ چاغدىكى ئىنقىلاۋىي سىنىپ بولغان بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەڭ قەتئى ۋەكىللىرى ئىدى. ئۇلار مۇستەبىت ھاكىمىيەت سىستىمىسى بىلەن فېودالىزىمنى يوقىتىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. گىروندىچىلار تاغلىقلارغا ئوخشىمايتتى، ئۇلار ئىنقىلاپ بىلەن ئەكسىلئىنقىلاپ ئوتتۇرىسىدا تەۋرىنىپ، ئاخىر پادىشاپەرەسلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈش يولىغا ماڭغان.

لېنىن سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ئىچىدىكى ئاغمىچىلارنى "سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ئىچىدىكى گىروندىچىلار" دەپ، ئىنقىلاۋىي سوتسىيال دېموكراتلارنى بولسا پۇرولېتارىيات ياكۇبىنچىلىرى (تاغلىقلار) دەپ ئاتىغان. روسسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى بولشېۋىكلەر ۋە مېنشېۋىكلەر دەپ ئىككىگە بولۇنۇپ كەتكەندىن كېيىن، لېنىن دائىم مېنشېۋىكلەرنى ئىشچىلار ھەركىتىدىكى گىروندىچىلار دەپ كورسەتكەن. — 395 -، 838 -، 968 - بەتلەر.

149 ماۋزۇسىزچىلار — 1906 - يىلى پېتېربۇرگدا چىقىرىلغان «ماۋزۇسىز» ژورنىلىنى ئويۇشتۇرغان ۋە ئۇنىڭغا قاتناشقان س. ن. پروكوپوۋىچ،

ئې.د. كۇسكوۋا، ۋ.ي. بوگۇچارسكى قاتارلىقلار كوزدە تۇتۇلىدۇ. "ماۋزۇسىزچىلار" ئۇزلىرىنى ئاشكارا ھالدا شىۋجېگجۇيىسىنىڭ ھامىلىرى دەپ جاكالاپ، مېنشېۋىكلەر بىلەن لىبېراللارنى قوللىغان، پۇرولېتارىياتنىڭ مۇستەقىل سىياسىتىگە قارشى تۇرغان. لېنىن "ماۋزۇسىزچىلار"نى مېنشېۋىكلەشكەن كادېتلار ياكى كادېتلاشقان مېنشېۋىكلەر دەپ ئاتىغان.
— 395 - ، 1173 - ، 1311 - بەتلەر.

150 ئىلوۋايسكى — روسىيە ئاقسوڭەكلىرى ئىچىدىكى پادىشاپەرەس تارىخچى، ئۇ روسىيىنىڭ ئىنقىلاپتىن ئاۋالقى ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە ئومۇمى يۇزلۇك قوللىنىلىدىغان نۇرغۇن رەسمىي تارىخ دەرسلىكلىرىنى يازغان. ئۇ ئۆزىنىڭ دەرسلىكلىرىدە تارىخنى ئاساسەن خان - پادىشا، لەشكەر بېشى ۋە ۋەزىرلەرنىڭ پائالىيىتىدىن ئىبارەت قىلىپ كورسەتكەن، تارىخي جەريانلارنى ھەر خىل مۇھىم بولمىغان ۋە تاسادىپى ئەھۋاللار بىلەن چۇشەندۇرگەن. — 397 - بەت.

151 سوتسىيالىستلارغا قارشى پەۋقۇلئاددە قانۇن — سوتسىيالىستىك ھەركەت ۋە ئىشچىلار ھەركىتىگە قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بۇ قانۇننى بىسمارك ھوكۇمىتى ئىمپېرىيە پارلامېنتىدىكى كوپچىلىكنىڭ قوللىشى بىلەن 1878 - يىل 10 - ئاينىڭ 21 - كۇنى ماقۇللىغان. بۇ قانۇندا گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى قانۇنسىز ئورۇنغا چۇشۇرۇپ قويۇلغان، پارتىيىنىڭ بارلىق تەشكىلاتلىرى، ئاممىۋى ئىشچىلار تەشكىلاتلىرى ۋە سوتسىيالىستىك مەتبۇئاتلار بىلەن ئىشچىلار مەتبۇئاتلىرى مەنئى قىلىنغان، سوتسىيالىستىك ئەسەرلەر مۇسادىرە قىلىنغان، سوتسىيال دېموكراتلار باستۇرۇلغان. لېكىن سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ پائال ياردىمى ئاستىدا ئوز قوشۇنى ئىچىدىكى ئاغمىچىلار ۋە ئۇچىغا چىققان "سولچىلار" ئۇستىدىن غەلىبە قىلىپ، پەۋقۇلئاددە قانۇن كۇچكە ئىگە بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە يەر ئاستى خىزمىتىنى قانۇنلۇق پۇرسەتتىن پايدىلىنىش بىلەن بىرلەشتۇرۇپ، ئۇزىنىڭ ئاممىۋى ئارىسىدىكى تەسىرىنى زور دەرىجىدە كۇچەيتكەن ۋە كېڭەيتكەن. پەۋقۇلئاددە قانۇن ئاممىۋى ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ بېسىمى ئاستىدا 1890 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. ئېنگېلس «بىسمارك ۋە گېرمانىيە ئىشچىلار پارتىيىسى» دېگەن ئەسىرىدە بۇ قانۇنغا

باھا بەرگەن («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 19 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 308 ــ 310 ـ بەتلەرگە قاراڭلار). ــ 397 ـ ، 1213 ـ بەتلەر.

152 «ئالغا» گېزىتى («Vorwärts») گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ مەركىزىي ئورگان گېزىتى بولۇپ، 1876 ـ يىل 10 ـ ئايدا لېيپسىگدا چىقىرىلغان. ئېنگېلس ئاغمىچىلارنىڭ تۈرلۈك ئىپادىلىرىگە قارشى بۇ گېزىتتە كۈرەش ئېلىپ بارغان. 90 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، يەنى ئېنگېلس ۋاپات بولغاندىن كېيىن، «ئالغا» گېزىتى گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىدە ۋە 2 ـ ئىنتېرناتسىونالدا ھوكۇمرانلىق ئورنىنى ئىگەللىگەن ئاغمىچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى دائىم بېسىپ تۇرغان. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، «ئالغا» گېزىتى سوتسىيال شوۋىنىزىملىق مەيداندا تۇرغان. بۇ گېزىت 1933 ـ يىلغىچە بېرلىندا چىقىرىلغان. ــ 398 ـ ، 1293 ـ بەتلەر.

153 مۇنبەر سوتسىيالىزىمچىلىرى ــ 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ــ 90 ـ يىللىرىدىكى بۇرژۇئا ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ بىر ۋەكىلى بولۇپ، ئۇ ئاساسەن گېرمانىيىدىكى ئالىي مەكتەپ پروفېسسورلىرىدىن تەركىپ تاپقان؛ مۇنبەر سوتسىيالىزىمچىلىرى ئالىي مەكتەپ مۇنبەرلىرىدە (نېمىسچە Katheder دېيىلىدۇ) سوتسىيالىزىم نىقاۋى ئاستىدا بۇرژۇئا ئىسلاھاتچىلىقىنى تەرغىپ قىلغان. مۇنبەر سوتسىيالىزىمى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ماركسىزىمنىڭ تارقىلىشىدىن ۋە ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ تەرەققى قىلىشىدىن قورقۇشى ۋە بۇرژۇئا مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئەمگەكچى ئاممىنى ئىتائەتمەن قىلدۇرىدىغان يېڭى ۋاستىلىرىنى ئىزدەش ئۇرۇنۇشى ئارقىسىدا بارلىققا كەلگەن. مۇنبەر سوتسىيالىزىمىنىڭ ۋەكىللىرى (ئا. ۋاگنېر، گ.شمولېر، ل. برېنتانوۋ، ۋ. سومبارت قاتارلىقلار) دۆلەتنى سىنىپتىن تاشقىرى تەشكىلات، ئۇ بىر بىرىگە دۈشمەن سىنىپلارنى مۇرەسسەلەشتۈرەلەيدۇ ۋە "سوتسىيالىزم"نى پەيدىن ـ پەي يولغا قويالايدۇ، كاپىتالىستلارنىڭ مەنپەئەتىگە دەخلى يەتكۈزمەيدۇ، دەپ دەۋا قىلىدۇ. مۇنبەر سوتسىيالىزىمنىڭ پروگراممىسى ئىشچىلارنىڭ ئاغرىق ـ سىلاق ۋە ئۆلۈم ـ يىتىم ۋەقەلىرى سۇغۇرتىسىنى ئۇيۇشتۇرۇش، زاۋۇت قانۇنى جەھەتتە بەزى تەدبىرلەرنى قوللىنىش قاتارلىقلار بىلەنلا چەكلىنەتتى، ئۇنىڭ مەقسىدى ئىشچىلارنى ئازدۇرۇپ، سىنىپىي كۈرەشتىن ۋازكەچتۈرۈش

ئىدى. مۇنبەر سوتسىيالىزمى شىۋېجىكىجۇينىڭ ئىدىيىۋى مەنبەلىرىدىن بىرى. — 398 - ، 1213 - بەتلەر.

154 نوزدرېۋ — گوگولنىڭ «ئۆلۈك جانلار» دېگەن رومانىدىكى ئۇرۇشقاق ۋە ئالدامچى پومېشچىك. نوزدرېۋ بارغانلا يېرىدە رەسۋا "تارىخ" پەيدا قىلىدىغان ۋە چاتاق چىقىرىدىغان بولغاچقا، گوگول ئۇنى "تارىخىي" شەخس دەپ ئاتىغان. بۇ يەردە "تارىخىي" ئەھمىيەت دېگەندە ئەنە شۇ مەنە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. — 399 - بەت.

155 لىۋبېك قارارى — 1901 - يىل 9 - ئاينىڭ 22 — 28 - كۈنلىرى گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ لىۋبېكتە ئۆتكۈزۈلگەن قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان قارار. قۇرۇلتايدا قارىلىدىغان مەركىزىي مەسىلە شىۋېجىكجۇ-يىغا قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىش ئىدى. ئۇ چاغدا شىۋېجىكجۇيىچىلار پارتىيىنىڭ ئوڭ قانىتى بولۇپ قالغان بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ پروگراممى-سىغا ۋە «سوتسىيالىستىك ئايلىق ژورنال» دېگەن ژورنىلىغا ئىگە ئىدى. قۇرۇلتايدىن خېلى بۇرۇنلا ئىلمىي سوتسىيالىزمغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا سۆزلەپ يۈرگەن بېرنشتېين (شىۋېجىكجۇيىچىلارنىڭ باشلىقى) قۇرۇلتايدا سۆزلىگەن سۆزىدە ماركسىزمغا قارىتا "تەنقىت ئەركىنلىكى" بولۇشنى تەلەپ قىلغان. قۇرۇلتاي بېرنشتېينچىلار ئوتتۇرىغا قويغان قارار لايىھىسىنى رەت قىلغان. قۇرۇلتاي ماقۇللىغان قاراردا بېرنشتېينغا ئاشكارا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن، لېكىن پرىنسىپ جەھەتتە، بېرنشتېينچىلارنىڭ ئىشچىلار پارتىيىسى ئىچىدە قېلىشقا بولمايدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلمى-غان. — 399 - بەت.

156 گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ شتۇتگارت قۇرۇلتىيى 1898 - يىل 10 - ئاينىڭ 3 — 8 - كۈنلىرى ئېچىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ئىچىدىكى شىۋېجىكجۇيى مەسىلىسى بىرىنچى قېتىم مۇزاكىرە قىلىنغان. قۇرۇلتايدا ئۇنىڭغا قاتناش-مىغان بېرنشتېيننىڭ باياناتى ئوقۇپ ئۆتۈلگەن، باياناتتا بېرنشتېين ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى بىرمۇنچە ماقالىلىرىدا ئىپادىلىگەن ئاغمىچىلىق نۇقتىنەزەرلىرىنى بايان قىلغان ۋە ئۇنى ئاقلىغان. قۇرۇلتايدا بېرنشتېينغا قارشى تۇرغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا پىكىر بىرلىكى بولمىغان. بەزىلەر (بېبېل. كائۇتسكىي قاتارلىقلار) بېرنشتېينغا قارشى ئىدىيىۋى كۈرەش

ئېلىپ بېرىشنى ۋە ئۇنىڭ خاتالىقىنى تەنقىت قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان، ئەمما ئۇنىڭغا قارىتا تەشكىلىي چارە كۆرۈشكە قارشى تۇرغان. يەنە بەزىلەر — ر.ليۇكسېمبۇرگ باشچىلىقىدىكى ئاز ساندىكىلەر بولسا بېرنىشتېينچىلىققا خېلى قەتئىي قارشى تۇرغان. — 400 - بەت.

157 "قانۇنىي ماركسىزم" يەنى سترۇۋېچىلىق — ماركسىزمنىڭ بۇرژۇئا ئىسلاھاتچىلىقى بىلەن بۇرمىلىنىشى. پ.ب. سترۇۋې ۋە باشقا «قانۇنىي ماركسىزمچىلار" ماركسىزم تۇغىدىن ۋە ئىشچىلار ھەرىكىتىدىن پايدىلىنىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ئۇرۇنغان. لېنىن ئۆز ئەسىرىدە سترۇۋېچىلىقنىڭ خەلقارا ئاغمىچىلىقنىڭ ۋە كېيىن بېرنىشتېينچىلىق بىلەن كائۇتسكىچىلىق تۇسىنى ئالغان شيۇجېڭجۇيىنىڭ بىخى ئىكەنلىكىنى ئېچىپ تاشلىغان ۋە سترۇۋېچىلىق مۇقەررەر ھالدا تەرەققىي قىلىپ بۇرژۇئا مىللىي لىبېرالىزمغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن. 1 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، سترۇۋې روسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ مۇتەپەككۇرى بولۇپ قالغان؛ ئۇ ماركسىزم ئىبارىلىرىنى نىقاپ قىلىۋېلىپ، سوتسىيال شوۋىنىزمدا چىڭ تۇرغان، بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشىنى، قوشۇۋېلىشنى ۋە مىللىي زۇلۇمنى ئاقلىغان، ئۇنىڭ ساختا بانىسى "دۆلىتىمىزنىڭ غەلىبىسى مەملىكىتىمىزدە كاپىتالىزم تەرەققىياتىنى تېزلىتىدۇ، يەنى سوتسىيالىزمنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تېزلىتىدۇ" دېگەندىن ئىبارەت بولغان (مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 2 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 628 - بېتىگە قارالسۇن). — 403 -، 837 -، 936 -، 1196 -، 1302 - بەتلەر.

158 «ھاكاۋۇر يازغۇچى» — ئا.م.گوركىنىڭ دەسلەپكى ھېكايىلىرىدىن بىرىنىڭ ماۋزۇسى. — 404 - بەت.

159 «مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىغا ئائىت ماتېرىياللار» دېگەن ماقالىلار توپلىمى كوزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ توپلام 1895 - يىل 4 - ئايدا ئاشكارا باسمىخانىدا 2 مىڭ نۇسخا بېسىلغان. بۇ توپلامغا لېنىن ك. تۇلىن دېگەن تەخەللۇس بىلەن يازغان «نارودنىكلىقنىڭ ئىقتىسادىي مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭ سترۇۋې جاناپلىرىنىڭ كىتاۋىدا تەنقىت قىلىنىشى (ماركسىزمنىڭ بۇرژۇئازىيە ئەسەرلىرىدىكى ئىنكاسى)» دېگەن ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن. «لېنىن ئەسەرلىرى»، 1 - توم، خەنزۇچە

نەشرى، 311 — 481 - بەتلەرگە قارالسۇن. — 406 - ، 1304 - بەتلەر.

160 «ئۆتكەن ئىشلار» («Былое») — تارىخي ئايلىق ژورنال بولۇپ، 1906 - يىلدىن 1907 - يىلغىچە پېتېربۇرگدا چىقىرىلغان. 1908 - يىلى ژورنالنىڭ ئىسمى «ئۆتكەن يىللار» قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن، كېيىن چار ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن پېچەتلىۋېتىلگەن. 1917 - يىل 7 - ئايدا بۇ ژورنال پېتېربۇرگدا قايتا نەشر قىلىنىپ، 1926 - يىلغىچە چىقىپ تۇرغان. — 409 - بەت.

161 ««ئىشچىلار ئىشى» ژورنىلى تەھرىر بولۇمى ئۈچۈن يول باشلىغۇچى» — روسىيە سوتسىيال دېموكراتلىرىنىڭ چەتئەلدىكى بىرلەشمىسىنىڭ ۋە ئۇنىڭ مەتبۇئات ئورگىنى بولغان «ئىشچىلار ئىشى» ژورنىلى تەھرىر بولۇمىنىڭ ئاغمىچىلىق نۇقتىنەزەرلىرىنى پاش قىلىدىغان ماتېرىيال ۋە ھۆججەتلەر توپلىمى. بۇ توپلامغا پلېخانوۋ تەھرىرلىك قىلغان ۋە كىرىش سۆز يازغان، توپلام ئەمگەكنى ئازات قىلىش جەمئىيىتى تەرىپىدىن 1900 - يىلى جەنۋەدە نەشر قىلىنغان. — 410 - بەت.

162 «خىتاپنامە» («Profession de foi») — كىيېۋ كومىتېتى 1899 - يىلى تەييارلىغان ۋە كىيېۋ كومىتېتىنىڭ ئاغمىچىلىق نۇقتىنەزەرلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان تەشۋىقات ۋارىقى بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ نۇرغۇن جايلىرى "ئىقتىساتۋازلار"نىڭ ئاتاقلىق ئەقىدىسى («Credo») بىلەن ئوخشاش. لېنىن «Profession de foi» دېگەن ماقالىسىدا بۇ ھۆججەتنى تەنقىت قىلغان («لېنىن ئەسەرلىرى»، 4 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 251 — 260 - بەتلەرگە قارالسۇن). — 410 - بەت.

163 روسىيە سوتسىيال دېموكراتلىرىنىڭ چەتئەلدىكى بىرلەشمىسىنىڭ 3 - قۇرۇلتىيى 1901 - يىل 9 - ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا سىۋۇرىختا ئۆتكۈزۈلگەن. قۇرۇلتاينىڭ قارارىدا، بىرلەشمىدە ئاغمىچىلارنىڭ پۈتۈنلەي غەلىبە قازانغانلىقى كۆرسىتىلگەن. قۇرۇلتايدا 1901 - يىل 6 - ئايدا جەنۋە ۋەكىللەر يىغىنىدا تۈزۈلگەن روسىيە سوتسىيال دېموكراتلىرىنىڭ چەتئەلدىكى تەشكىلاتلىرىنىڭ پرىنسىپ كېلىشىمى لايىھەسىنىڭ تۈزىتىلمىسى بىلەن تولۇقلىمىسى ماقۇللانغان، بۇ تۈزىتىلمە بىلەن تولۇقلىما روشەن ئاغمىچىلىق خاراكتېرىنى ئالغان ئىدى؛ مانا بۇلار بۇ قېتىمقى

قۇرۇلتايدىن بىر نەچچە كۈن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدىغان روسسىيە سوتسىيال دېموكراتلىرىنىڭ چەتئەلدىكى تەشكىلاتلىرىنىڭ "بىرلەشتۈرۈش" قۇرۇلتىيىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىز بولىدىغانلىقىنى ئالدىنالا بەلگىلىگەن ئىدى. 3 ـ قۇرۇلتايدا يەنە «ئىشچىلار ئىشى» تەھرىر بولۇمىنىڭ رايە قىلىدىغان تەرتىپلىرى» ئەستىقلاندى، بۇ رايە قىلىش تەرتىۋىدە خەلقارا سوتسىيال دېموكراتىك ھەركىتى بىلەن روسسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ھەركىتىدىكى ئىنقىلاۋىي خاھىش بىلەن ئاغمىچىلىق خاھىشى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش قىلچىمۇ تىلغا ئېلىنمىغان، شىۋېجىگۇيىنى تەنقىت قىلىش ۋە ماركسىزىمنىڭ ئىنقىلاۋىي ماھىيىتىنى شەرھلەشنىڭ زۆرۈرلۈگى قىلچىمۇ تىلغا ئېلىنمىغان. — 416 ـ بەت.

164 ماركسنىڭ 1875 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ۋ.براككېغا يازغان خېتى («ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 3 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 3 ـ بەت) گە قاراڭسۇن. — 418 ـ بەت.

165 گوتا پۇروگىراممىسى — 1875 ـ يىل گوتادا ئۆتكۈزۈلگەن ئېيزېناخچىلار بىلەن لاسسالچىلارنىڭ بىرلىشىش قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان گېرمانىيە سوتسىيالىستىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ پۇروگىراممىسى. بۇ پۇروگىراما سېپى ئۆزىدىن ئاغمىچىلىق پۇروگىراما بولۇپ، ئۇنىڭدا پۇرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى ئەسلا تىلغا ئېلىنمىغان، دېخانلارنىڭ ئىنقىلاپقا قاتنىشىش مۇمكىنلىگى ئىنكار قىلىنغان، دولەتنىڭ ئىشچىلار ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتۇۋغا بولغان ياردىمىنى سوتسىيالىزىمغا ئۆتۈشنىڭ ئۇسۇلى قىلىش ۋە بارلىق قانۇنىي ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ ئاتالمىش ئەركىن خەلق دولىتى قۇرۇش تەلەپ قىلىنغان. ماركس بىلەن ئېنگېلس بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ ئاغمىچىلىق پۇروگىراما ئاساسىدىكى بىرلىشىشگە قەتئىي قارشى تۇرغان ۋە گوتا پۇروگىراممىسىنى ئەجەللىك تەنقىت قىلغان («ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 3 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 1 — 25 ـ بەتلەرگە قاراڭسۇن). — 418 ـ بەت.

166 لېنىن ئېنگېلسنىڭ «گېرمانىيىدىكى دېخانلار ئۇرۇشى» دېگەن كىتاۋىنىڭ ئىككىنچى نەشرىگە سوز بېشىنىڭ قوشۇمچىسىدىن تەرجىمە قىلىپ ئالغان («ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 ـ توم، ئۇيغۇرچە يېڭى يېزىق نەشرى، 511 — 514 ـ بەتلەرگە قاراڭسۇن). — 424 ـ بەت.

167 «روسىيە ئۆتمۈشى» («Русская Старина») — تارىخىي ژورنال بولۇپ، ئاساسلىقى تارىخىي ئەسەرلەر ۋە ئەسلىمىلەر قاتارلىقلار بېسىلاتتى، 1870 - يىلدىن 1918 - يىلغىچە پېتېربۇرگدا ئايدا بىر قېتىم چىقىپ تۇرغان. — 431 - ، 940 - بەتلەر.

168 غەيرى رەسمىي يىغىن — 1897 - يىل 2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ۋە 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى پېتېربۇرگدا ئۆتكۈزۈلگەن. بۇ قېتىمقى يىغىنغا، بىر تەرەپتىن لېنىن، ئا.ئا.ۋانىېۋ، گ.م. كرژىژانوۋسكى ۋە پېتېربۇرگ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش جەمئىيىتىنىڭ باشقا ئەزالىرى، يەنى ئاتالمىش "ياشانغانلار" (ئۇلار سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىنىشتىن بۇرۇن تۈرمىدىن 3 كۈنلۈك قويۇپ بېرىلگەن)، يەنە بىر تەرەپتىن لېنىن قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن كۈرەش قىلىش جەمئىيىتىگە رەھبەرلىك قىلغان "ياشلار" قاتناشقان. — 435 - بەت.

169 «خىزمەتچىلەر ۋاراقىسى» («Листок Работника») — روسىيە سوتسىيال دېموكراتلىرىنىڭ چەتئەلدىكى بىرلەشمىسى 1896 - يىلدىن 1899 - يىلغىچە جەنۋەدە چىقارغان قەرەلسىز گېزىت. جەمئىي 10 سان چىققان. 1 - ساندىن 8 - سانغىچە ئۇنىڭ تەھرىرلىكىگە ئەمگەكنى ئازات قىلىش جەمئىيىتى مەسئۇل بولغان. كېيىن بىرلەشمىنىڭ كۆپچىلىك ئەزالىرى ئېقتىساتۋازلىق تەرەپكە بۇرۇلۇپ كەتكەچكە، ئەمگەكنى ئازات قىلىش جەمئىيىتى بۇ گېزىتنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشنى رەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن «خىزمەتچىلەر ۋاراقىسى»نىڭ 9 — 10 - سانلىرى (قوشما سان) بىرلەشمە قۇرغان يېڭى تەھرىر بولۇمى تەرىپىدىن چىقىرىلغان. — 435 - بەت.

170 دېكابىرچىلار — روسىيە ئاقسۆڭەك ئىنقىلابچىلىرى بولۇپ، ئۇلار 1825 - يىل 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چار ھۆكۈمىتىگە ۋە يانچىلىق تۈزۈمىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئاشۇ نامنى ئالغان.

دېكابىرچىلار 3 مەخپىي تەشكىلات قۇرغان. بۇلار ن.م.مۇراۋيېۋ رەھبەرلىكىدىكى شىمالىي جەمئىيەت، پ.ئى پېستېل رەھبەرلىكىدىكى جەنۇبىي جەمئىيەت ۋە ئا.ئى. بورىسوۋ بىلەن پ. ئى.بورىسوۋ (ئاكا - ئۇكىلار) رەھبەرلىكىدىكى سلاۋىيانلار بىرلەشمىسىدۇر. بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا يانچىلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش ۋە چار

ھوكۇمىتىنىڭ مۇستەبىت ھوكۇمرانلىغىنى چەكلەشنى تەلەپ قىلىدىغان
پۇروگىراممىسى بار ئىدى. دېكابىرچىلار ئوزلىرىنىڭ ئاقسوڭەكلىك
چەكلىملىگى تۇپەيلىدىن، كەڭ خەلقنىڭ قوزغىلاڭ كوتىرىشىدىن قور-
قۇپ، ئوزلىرىنىڭ پۇروگىراممىسىنى ھەربى سىياسى ئوزگىرىش ئارقىلىق
ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنغان.

دېكابىرچىلار قوزغىلىڭى چار ھوكۇمىتىنىڭ دەھشەتلىك باستۇرۇشىغا
ئۇچراپ، نەچچە يۇزلىگەن قوزغىلاڭچى قولغا ئېلىنغان، ئەڭ مەشھۇر
دېكابىرچىلاردىن مۇراۋىيوۋ بىلەن پېستېل قاتارلىقلار دارغا ئېسىلغان.
لېنىن مۇنداق دەپ كورسەتكەن: ”بۇ ئىنقىلاپچىلارنىڭ دائىرىسى تار
ئىدى. ئۇلار خەلقتىن ناھايىتى يىراقتا ئىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ
ئىشلىرى بىكارغا كەتمىدى. دېكابىرچىلار گېرتسېننى ئويغاتتى. گېرتسېن
ئىنقىلاۋىي تەرغىباتنى قانات يايدۇردى.“ (مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ
2 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 422 - بېتىگە قارالسۇن) — 435 - بەت.

171 چار پادىشا ساقچىلىرى كوزدە تۇتۇلىدۇ. ئەينى زاماندا چار پادىشا
ساقچىلىرى كوك يەڭلىك كىيىم كىيەتتى. — 437 - بەت.

172 ۋ.ۋ. — 19 - ئەسىرنىڭ 80 — 90 - يىللىرىدىكى لىبېرال نارودنىكلارنىڭ
مۇتەپەككۇرلىرىدىن بىرى بولغان ۋ.پ.ۋورونسوۋنىڭ تەخەللۇسى.
لېنىن ”روسىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىدىكى ۋ.ۋ.لار“ دىگەندە
روسىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىدىكى ئاغمىچىلىق ئېقىمىنىڭ
ۋەكىللىرىنى — ئىقتىساتۋازلارنى كوزدە تۇتقان. — 439 - بەت.

173 «يېڭى دەۋر» («Die Neue Zeit») — گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار
پارتىيىسىنىڭ نەزىرىيىۋى ژورنىلى بولۇپ، 1883 - يىلدىن 1923 - يىلى
كۇزگىچە شتۇتگارتتا چىققان، 1890 - يىل 10 - ئايدىن بۇرۇن ئايلىق
ژورنال ئىدى، كېيىن ھەپتىلىك ژورنالغا ئوزگەرتىلگەن. بۇ ژورنالنىڭ
تەھرىرى 1883 - يىلدىن 1917 - يىلغىچە ك.كائۇتسكى، 1917 - يىل
10 - ئايدىن 1923 - يىل كۇزگىچە ھ.كۇنوۋ بولغان. 1885 — 1894 -
يىللىرى ئېنگېلس بۇ ژورنالدا نۇرغۇن ماقالىلارنى ئېلان قىلغان، ژورنال
تەھرىر بولۇمىگە دائىم سەمىمى نەسىھەتلەرنى بېرىپ تۇرغان ھەمدە
تەھرىر بولۇمىنىڭ ماركسىزم نۇقتىسىنەزىرىدىن چەتلىگەنلىگىنى دائىم
تەنقىت قىلىپ تۇرغان. 90 - يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ،

يەنى ئېنگېلس ۋاپات بولغاندىن كېيىن. بۇ ژورنال شيۇجېگجۇيىچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى سېستىملىق بېسىشقا باشلىغان. 1 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، بۇ ژورنال بىتەرەپ مەيداندا تۇرۇپ، ئەمەلىيەتتە سوتسىيال شوۋىنىزمچىلارنى قوللىغان. — 442 -، 869 -، 1190 -، 1205 - بەتلەر.

174 1901 - يىل 11 - ئاينىڭ 2 — 6 - كۈنلىرى ئوتكۇزۇلگەن ئاۋستىرىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ۋېنا قۇرۇلتىيىدا يېڭى پارتىيە نىزامنامىسى ماقۇللىنىپ، ئۇ كونا گاينفېلد پۇروگىراممىسى (1888 - يىل) ئورنىغا قويۇلغان. يېڭى پارتىيە نىزامنامىسىنى 1899 - يىلدىكى بۇلون قۇرۇلتىيىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە بىر مەخسۇس كومىتېت يېزىپ چىققان. يېڭى پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ لايىھىسى بىرىنچىلىقتا كەڭ يول قويغانلىقتىن كوپ تەنقىتكە ئۇچرىغان. — 442 - بەت.

175 تەرەققىيپەرۋەر پارتىيە — 1861 - يىل 6 - ئايدا قۇرۇلغان پرۇسسىيە بۇرژۇئا پارتىيىسى. تەرەققىيپەرۋەر پارتىيە پرۇسسىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە گېرمانىيىنى بىرلىككە كەلتۇرۇشنى، گېرمانىيە بويىچە يىغىن چاقىرىپ، ئاۋام پالاتاسىغا مەسئۇل بولىدىغان كۈچلۈك لىبىراللار نېيگېسى قۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. تەرەققىيپەرۋەر پارتىيە ئىشچىلار سىنىپىدىن قورققانلىقتىن ۋە سوتسىيالىستىك ھەركەتلەرگە ئۇچمەنلىك بىلەن قارىغانلىقتىن، يېرىم مۇستەبىتلىك تۈزۈمدىكى گېرمانىيىدە پرۇسسىيە يۇنكېر (پومېششىك)لىرىنىڭ ھوكۇمرانلىقىغا يول قويغان. تەرەققىيپەرۋەر پارتىيىنىڭ سىياسى جەھەتتىكى تەۋرىنىشى ئۇ تايانغان سودا بۇرژۇئازىيىسىنىڭ، ئۇششاق سانائەتچىلەرنىڭ ۋە قىسمەن قول سانائەتچىلەرنىڭ تۇراقسىزلىقىنى ئەكس ئەتتۇرگەن. — 447 - بەت.

176 ھىرش - دۇنكېر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 1868 - يىلى گېرمانىيىدىكى لىبىرال بۇرژۇئاز ھىرش بىلەن دۇنكېر تەرىپىدىن قۇرۇلغان، ئۇلار "سىنىپىي مەنپەئەتلەرنىڭ ئۇيغۇنلىشىشى نەزىرىيىسى"نى تەرغىپ قىلغان، ئىشچىلارنى ئازدۇرۇپ، بۇرژۇئازىيىگە قارشى ئىنقىلاۋىي سىنىپىي كۈرەشتىن چەتلىتىپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ھەركىتىنىڭ ۋەزىپىسىنى ھەمكارلىق كاسسىلىرى ۋە مەدەنىيەت - مائارىپ تەشكىلاتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش بىلەنلا چەكلەپ قويغان. — 447 -، 1066 - بەتلەر.

177 يەنى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۆز ئۆزىنى ئازات قىلىش جەمىيىتى — بۇ جەمىيەت ئىقتىساتىۋازلارنىڭ كىچىك بىر تەشكىلاتى بولۇپ، 1898 - يىلى كۈزدە پېتېربۇرگدا پەيدا بولۇپ، بىرنەچچە ئايلا ساقلانغان. بۇ جەمىيەت ئۆزىنىڭ مەقسىدىنى شەرھىلەيدىغان خىتابنامە، نىزامنامىلەرنى ۋە ئىشچىلارغا مۇراجەت قىلىنغان بىرنەچچە پارچە تەشۋىقات ۋارىقىنى ئېلان قىلغان. — 451 - بەت.

178 «ھارپا» («Накануне») — نارودنىكلارنىڭ ژورنىلى بولۇپ، 1899 - يىل 1 - ئايدىن 1902 - يىل 2 - ئايغىچە لوندوندا رۇس تىلىدا چىقىرىلغان، جەمى 37 سان چىققان. بۇ ژورنال ھەرقايسى ئۇششاق بۇرژۇئازىيە پارتىيىلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى ئۆز ئەتراپىغا توپلىغان. — 452 - بەت.

179 بۇ يەردە «تاڭ نۇرى» ژورنىلىنىڭ 1 - سانى (1901 - يىل 4 - ئاي)دا نارتىسس تۇپورىلوۋ نامى بىلەن ئېلان قىلىنغان «ھازىرقى زامان روسىيە سوتسىيالىستلىرىغا مەدھىيە» دېگەن ھەجۋى شېئىر كوزدە تۇتۇلىدۇ. شېئىردا ئىقتىساتىۋازلارنىڭ ئىستىخىيىلىك ھەركەتكە بولغان ماداراچىلىقى مەسخىرە قىلىنغان. شېئىرنىڭ ئاپتورى مارتوۋ ئىدى. — 465 - ، 1344 - بەتلەر.

180 بۇند — لىتۋا، پولشا ۋە روسىيىدىكى يەھۇدى ئىشچىلىرىنىڭ ئومۇمى ئىتتىپاقى بولۇپ، 1897 - يىلى قۇرۇلغان، ئۇ ئاساسەن روسىيىنىڭ غەربىي ئۆلكىلىرىدىكى يەھۇدى قول سانائەتچىلىرىنى بىرلەشتۈرگەن. 1898 - يىل 3 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ 1 - قۇرۇلتىيىدا، بۇند روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىگە قاتناشقان. روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ 2 - قۇرۇلتىيىدا، بۇندچىلار بۇندنى يەھۇدى پرولېتارىياتىنىڭ بىردىن - بىر ۋەكىلى دەپ ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلغان. قۇرۇلتايدا بۇندنىڭ تەشكىلىي جەھەتتىكى مىللەتچىلىككە رەددىيە بېرىلگەندىن كېيىن، بۇند روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىدىن چېكىنىپ چىققان.

1906 - يىل 4 - (بىرلەشكەن) قۇرۇلتايدىن كېيىن، بۇند قايتىدىن روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىگە كىرگەن. بۇندچىلار ئىزچىل تۈردە مېنشېۋىكلەرنى قوللاپ، بولشېۋىكلەرگە ئۆزلۈكسىز

قارشى تۇرۇپ كەلگەن. بۇند كورۇنۇشتە روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك
ئىشچىلار پارتىيىسىگە كىرگەن بولسىمۇ، ئەمىلىيەتتە بۇرژۇئا مىللەتچىلىكى
خاراكتېرىدىكى تەشكىلات ئىدى. بۇند بولشېۋىكلەرنىڭ مىللەتلەرنىڭ
ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشتىن ئىبارەت پۇروگراممىسى خاراكتېرلىق
تەلىۋىگە قارىمۇ - قارشى ھالدا مىللىي مەدىنىي ئاپتونومىيە تەلىۋىنى
ئوتتۇرىغا قويغان، 1 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، بۇندچىلار سوتسىيال
شوۋىنىزىملىق مەيداندا تۇرغان؛ 1917 - يىلى بۇند ئەكسىلئىنقىلاۋىي
ۋاقىتلىق ھوكۇمەتنى قوللاپ، ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىنىڭ
دۈشمەنلىرى تەرەپتە تۇرغان. ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە، ئاتاقلىق
بۇندچىلار ئەكسىلئىنقىلاۋىي كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۇرگەن، ئادەت-
تىكى بۇندچىلار بولسا سوۋېت ھاكىمىيىتى بىلەن ھەمكارلىشىشنى تەشەب-
بۇس قىلىش تەرىپىگە قاراپ بۇرۇلۇشقا باشلىغان. پۇرولېتارىيات دىكتا-
تۇرىسىنىڭ ئىچكى ئەكسىلئىنقىلاپچىلار ۋە چەتئەل قوراللىق
مۇداخىلىچىلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى كۆندىن - كۈنگە روشەنلىشى-
ۋاتقاندا، بۇند سوۋېت ھاكىمىيىتىگە ئەمدى قارشى تۇرمايدىغانلىقىنى
بىلدۈرگەن. 1921 - يىل 3 - ئايدا بۇند ئۆزلۈگىدىن تارقىلىپ كەتكەن.
قىسمەن ئەزالىرى ئادەتتىكى پىرىنسىپلارغا ئاساسەن روسىيە كوممۇنىستىك
پارتىيىسى (بولشېۋىكلەر)گە كىرگەن. پارتىيىگە كىرگەن مەلۇم بۇند-
چىلار ئىككى يۈزلىمچى بولۇپ، ئۇلار پارتىيىگە پارتىيىنى ئىچكى
جەھەتتىن بۇزۇش مەقسىدىدە كىرگەن ئىدى؛ كېيىن ئۇلارنىڭ خەلق
دۈشمەنلىرى ئىكەنلىكى پاش قىلىندى. — 480 - ، 832 - بەتلەر.

181 ئەر - خوتۇن س. ج. ۋېب بىلەن ب. ۋېب — ئەنگلىيە ئۇششاق
بۇرژۇئازىيىسى ۋە ئىشچى ئاقسوڭەكلىرىنىڭ مۇتەپەككۇرلىرى، ئىسلاھاتچى
فابىانچىلار جەمىيىتىنىڭ ئاساسلىق باشلىقلىرى. ئۇلار ئەنگلىيە ئىشچىلار
ھەركىتىنىڭ تارىخى ۋە نەزىرىيىسىگە دائىر كوپلىگەن ئەسەرلەرنى يېزىپ،
كاپىتالىزىم جەمىيىتىدە ئىشچىلار مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشتەك
ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيىسىنى تەرغىپ قىلغان. — 432 - ، 1268 - بەتلەر.

182 «ئەركىنلىك» («Свобода») — ئىنقىلاۋىي سوتسىيالىستىك ئەركىنلىك
جەمىيىتىنىڭ شۋېتسارىيىدە چىقارغان ژورنىلى بولۇپ، جەمئى 2 سان
چىققان: 1 - سانى 1901 - يىلى، 2 - سانى 1902 - يىلى چىققان.

ئىنقىلاۋىي سوتسىيالىستىك ئەركىنلىك جەمىيىتى — 1901 - يىلى 5 - ئايدا ي. ئو. ژېلېنسكى (نادېژدىن) تەرىپىدىن قۇرۇلغان. لېنىن **ئەركىنلىك** جەمىيىتىنى "قىلچە ئاساسىي بولمىغان گۇرۇھ" قاتارىغا **قويغان،** ئۇلارنىڭ "ھەم تۇراقلىق كەسكىن ئىدىيىسى، پۇروگىراممىسى، تاكتىكىسى **ۋە** تەشكىلى يوق، ھەم ئاممىسى ئارىسىدا قىلچە ئاساسى **يوق**" («**لېنىن ئەسە**رلىرى»، 20 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 358 - بەتكە قارالسۇن). **ئە**ركىنلىك جەمىيىتى «ئىنقىلاپ ھارپىسى»، قەرەلسىز نەزەر-رىيەۋى تاكتىكا **مە**سىلىلىرىگە دائىر ئوبزور»نىڭ 1 - سانىنى، «ئوبزور»نىڭ 1 - سانى بىلەن نادېژدىنىنىڭ پۇروگىراما خاراكتېرلىق كىتابچىسى «روسىيە ئىنقىلاپچىلىغىنىڭ جانلىنىشى» قاتارلىقلارنى نەشر قىلغان. ئەركىنلىك جەمىيىتى نەشر قىلغان بۇ نەرسىلەردە تېرورلۇق ۋە ئىقتىد-ساتۋازلىق ئىدىيىلىرى تەشۋىق قىلىنغان. ئەركىنلىك جەمىيىتى 1903 - يىلغىچە ساقلىنىپ تۇرغان.

لېنىن «‹ئەركىنلىك› ژورنىلىغا باھا» ۋە «"ئەركىنلىك جەمىيىتى" توغرىسىدا» دېگەن ئىككى پارچە ماقالىسىدا ئەركىنلىك جەمىيىتىگە ۋە ئۇ نەشر قىلغان نەرسىلەرگە باھا بەرگەن («لېنىن ئەسەرلىرى»، 5 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 278 — 279 - بەتلەرگە ۋە 6 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 252 — 253 - بەتلەرگە قارالسۇن). — 505 - بەت.

183 ماركس - ئېنگېلسنىڭ «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى» («ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 - توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 489 - بەت) گە قارالسۇن. — 520 - بەت.

184 «ئۇچقۇن» گېزىتى 7 - سانىنىڭ (1901 - يىل 8 - ئاي) "ئىشچىلار ھەركە-تىگە دائىم مۇھىم خەۋەرلەر ۋە زاۋۇتلاردىن كەلگەن خەتلەر" دېگەن ئىستونىغا بىر توقۇمىچىلىق ئىشچىسىدىن كەلگەن خەت بېسىلغان، بۇ خەتتە لېنىنچە «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ ئىلغار ئىشچىلار ئارىسىدا ئىنتايىن چوڭ تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىگى چۈشەندۈرۈلگەن.

بۇ خەتنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەپ يازغان: "......مەن «ئۇچقۇن» گېزىتىنى نۇرغۇنلىغان ئىشچى سەپداشلىرىمغا كورسەتتىم. ئۇ قولدىن - قولغا ئوتۇپ تىتىلىپ كەتتى، شۇنداق بولسىمۇ گېزىتنىڭ بۇ سانى ناھا-يىتى قىممەتلىك......بۇنىڭدا پۈتۈنلەي بىزنىڭ ئىشلىرىمىز، پۈتۈن

روسىيىگە دائىر ئىشلار سوزلەنگەن. بۇنى پۇل بىلەن باھالاش، سائەت بىلەن ھىساپلاش مۇمكىن ئەمەس. گېزىتنى ئوقۇغىنىڭىزدا، ژاندارمىلار بىلەن ساقچىلارنىڭ بىز ئىشچىلاردىن ۋە بىزگە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان زىيالىلاردىن نىمە ئۈچۈن قورقىدىغانلىقىنى بىلىۋالىسىز. بۇ كىشىلەر ھەقىقەتەن خوجايىنىنىڭ ھەميانىغىلا ئەمەس، بەلكى چار پادىشاغا ۋە زاۋۇت ئىگىلىرىگىمۇ تەھدىت سالماقتا.....ئىشچىلار ئاممىسى ھازىر ئوتتەك يېنىپ كېتەي دەپ قالدى. تېگىدىن تۈتۈن چىقىۋاتىدۇ، ئازراق ئۇچقۇن بولسىلا يالقۇنجاپ يېنىپ كېتىدۇ. ئۇچقۇندىن كۈچلۈك يالقۇن چىقىدۇ دىگەن سوز ئىنتايىن توغرا!......ئىلگىرى ھەر قېتىمقى ئىش تاشلاش چوڭ بىر ۋەقە ھىساپلىناتتى. ئەمدى بولسا ھەر بىر كىشى ئىش تاشلاشنىڭ كارى چاغلىق بىر ئىش بولۇپ قالغانلىغىنى بىلدى، ھازىر كوپچىلىك ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ زورۇرلۇگىنى، كوك-رەكنى قالقان قىلىپ تۇرۇپ ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ زورۇر-لۇگىنى چۈشەندى. ھازىر بارلىق كىشىلەر قېرىلارمۇ، ياشلارمۇ كىتاپ ئوقۇشنى خالايدۇ، ئەپسۇسكى، بىزدە كىتاپ يوق. مەن ئوتكەن يەك-شەنبە كۈنى 11 كىشىنى يىغىپ «نىمىدىن باشلاش كېرەك؟» دىگەن ماقالىنى ئوقۇپ بەردىم، شۇ كۈنى بىز يېرىم كېچىگىچە تارقالمىدۇق. ئۇنىڭدىكى ھەممە سوزلەر نىمە دىگەن توغرا، نىمە دىگەن چوڭقۇر...... بىز سىلەرنىڭ «ئۇچقۇن» گېزىتىڭلارغا بىزنىڭ قانداق باشلىشىمىزغىلا ئەمەس، بەلكى قانداق ياشىشىمىز ۋە قانداق ئولۇشىمىزگىمۇ يول كور-سەتسۇن دىگەن ئۇمىت بىلەن خەت يازغۇمىز كېلىدۇ." — 530 - بەت.

185 «روسىيە» گېزىتى («Россия») — موتىدىل لىبېراللار گېزىتى بولۇپ، 1899 - يىلدىن 1902 - يىلغىچە پېتېربۇرگدا چىقىرىلغان. — 539 - بەت.

186 يۇنان ۋە رىم ئەپسانىلىرىدە ئېيتىلىشىچە، پرومېتى گۈلدۈرماما مۇئەككىلى يۇپىتېرنىڭ مەنئىي قىلىشىغا قارىماي، كىشىلەرگە ئاسماندىن چوغ ئوغرىلاپ بەرگەن، يۇپىتېر بۇنىڭغا قاتتىق غەزەپلىنىپ، پرومېتىنى جازالاش ئۈچۈن، ئۇنى قىيا تاش ئۈستىگە مىخلاپ، ئۇنىڭ ئىچ - باغ-رىنى بۈركۈتكە يەم قىلىشقا پەرمان چۈشۈرگەن.

قەدىمقي يۇنانىنىڭ كىلاسسىك تىراگىدىيىچىسى ئېسكۈلوس بۇ ئەپسانىنى «كىشەنلەنگەن پرومېتى» دىگەن مەشھۇر تىراگېدىيە قىلىپ

يېزىپ چىققان. ئاپتور بۇ ئىراگېدىيىدە پرومېتېينىڭ قەھرىمانلىق ئىش ـ ئىزلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن ھەم زوراۋان يۇپىتېرنى قاتتىق ئەيىپـ لەپ: "يۇپىتېر، سېنىڭ خاپا بولۇشۇڭ، دەل سېنىڭ خاتالاشقانلىقىڭـ دىندۇر" دىگەن. ـــ 541 ـ بەت.

187 «سانكت ـ پېتېربۇرگ خەۋەرلىرى» («С.-Петербургские Ведомости») ـــ 1728 ـ يىلدىن باشلاپ پېتېربۇرگدا چىقىرىلغان بولۇپ، ئۇ 1703 ـ يىلى چىقىرىلغان روسىيىدىكى تۇنجى گېزىت ـــ «خەۋەر» گېزىتىنىڭ داۋامى. «سانكت ـ پېتېربۇرگ خەۋەرلىرى» 1728 ـ يىلدىن 1874 ـ يىلغىچە پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن چىقىرىلغان، 1875 ـ يىلدىن باشلاپ خەلق مائارىپ مىنىسترلىكى تەرىپىدىن چىقىرىلغان. بۇ گېزىت تاكى 1917 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە چىقىپ تۇرغان.

«روسىيە خەۋەرلىرى» («Русские Ведомости») ـــ موسكۋا داشۆپىسىدىكى لىبېرال پروفېسسورلار ۋە يەرلىك ئاپتونومىيە ئىدارىسىدىكى ئەرباپلارنىڭ گېزىتى بولۇپ، 1863 ـ يىلى موسكۋادا چىقىرىلغان؛ بۇ گېزىت لىبېرال پومېشچىكلار بىلەن بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. 1905 ـ يىلدىن باشلاپ ئوڭ قانات كادېتلارنىڭ ئورگان گېزىتى بولغان؛ ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، بۇ گېزىت باشقا ئەكسىلئىنقىلاۋىي گېزىتلەر بىلەن بىرلىكتە پېچەتلىنىۋېتىلگەن. ـــ 542 ـ بەت.

188 برېنتانوچە سىنىپىي كۆرەش نۇقتىسىنەزىرى ـــ ل. برېنتانو تەرغىپ قىلـ غان "پۇرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي بولمىغان 'سىنىپىي' كۆرىشىنى ئېتىراپ قىلىدىغان لىبېرال بۇرژۇئا تەلىماتى" (مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 3 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 616 ـبېتىگە قاراڭسۇن)، يەنى برېنتانوچىلىق. ل. برېنتانو ـــ نېمىس بۇرژۇئا ئىقتىساتشۇناسى، ئاتالمىش "دولەت سوتسىيالىزمى"نىڭ ھامىسى. ئۇ كاپىتالىزم دائىرىسىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە كاپىتالىستلار بىلەن ئىشچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى مۇرەسسەلەشـ تۈرۈش ئارقىلىق ئىجتىمائى باراۋەرلىككە يېتىشنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنغان. برېنتانو ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ماركسىزم ئىبارىلىرىنى نىقاپ قىلىپ تۇرۇپ، ئىشچىلار ھەركىتىنى بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتىگە بويـ سۇندۇرۇشقا ئۇرۇنغان. ـــ 542 ـ ، 1066 ـ ، 1196 ـ بەتلەر.

189 ئىشچىلارنىڭ كاپىتالغا قارشى كۈرەش قىلىش جەمىيىتى كوزدە تۇتۇلىدۇ. ئادەم سانى ئاز بولغان، نۇقتىسنەزەرلىرى ئىقتىساتۋازلىققا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ جەمىيەت 1899 ـ يىلى ئەتىيازدا پېتېربۇرگدا قۇرۇلغان. بۇ جەمىيەت «بىزنىڭ پۇروگىراممىمىز» دىگەن تەشۋىقات ۋارىقىنى باسقان. لېكىن بۇ تەشكىلات بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقتىن، تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىلماي قالغان. ــ 553 ـ بەت.

190 نارتسىس ــ قەدىمقي يۇنان مۇئەككىلىنىڭ ئىسمى. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشچە، نارتسىس ئۆزىنىڭ چىرايلىقلىقىغا تەمەننا قويۇپ، ئۆزىنى ناھايىتى قالتىس چاغلاپ، جىنسكى پەرىلەرنىڭ مۇھەببەت تەلەپلىرىنى رەت قىلغان. شۇڭا، مۇھەببەت مۇئەككىلى ئافرودىت جازالاش مەقسىدىدە ئۇنى ئۆزىنىڭ سۇدىكى شولىسىغا ئاشىق قىلىپ، كوزىنى سۇدىن ئۈزمەي قاراپ تۇرىدىغان قىلىپ قويىغان، نەتىجىدە ئۇ قۇرۇپ قاخشال بولۇپ ئولگەن. كېيىن نارتسىس دىگەن بۇ سوز تەكەببۇرلۇق ــ چوڭچىلىق قىلىدىغان ئادەملەرگە تەقلىت قىلىنىدىغان بولغان. ــ 557 ـ ، 1184 ـ بەتلەر.

191 ئافاناسى ئىۋانىچ ۋە پۇلخېرىيە ئىۋانوۋنا گوگولنىڭ «كونىچە پومىششىك» دىگەن پوۋېستىدىكى ئەر ـ خوتۇن پومىششىكلار. ــ 573 ـ بەت.

192 يەر ۋە ئەركىنلىك تەرەپدارلىرى ــ يەر ۋە ئەركىنلىك جەمىيىتىنىڭ ئەزالىرى. يەر ۋە ئەركىنلىك جەمىيىتى بولسا نارودنىكلارنىڭ تەشكىلاتى بولۇپ، 1876 ـ يىلى پېتېربۇرگدا قۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى ئا. د. مىخايلوۋ، گ. ۋ. پلېخانوۋ، س. م. كراۋچىنسكى، ئو. ۋ. ئاپتېكمان ۋە باشقىلار ئىدى. يەر ۋە ئەركىنلىك تەرەپدارلىرى خاتا ھالدا، روسىيەدىكى ئاساسىي ئىنقىلاۋىي كۈچ ئىشچىلار ئەمەس، بەلكى دىخانلار، پەقەت دىخانلارغىلا تايانغاندا، چار ھوكۇمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان. يەر ۋە ئەركىنلىك تەرەپدارلىرى دىخانلارنىڭ چار ھوكۇمىتىگە بولغان قارشىلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن، يېزىلارغا بېرىپ تەشۋىقات ـ تەرغىبات ئېلىپ بارغان؛ دىخانلار ئۇلارنىڭ تەشۋىقاتىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن، ئۇلارغا ئەگەشمىگەن، شۇڭا بۇ جەمىيەتنىڭ قىسمەن ئەزالىرى خەلقنى قاتناشتۇرماستىن، ئوز كۈچىگىلا تايىنىپ، يوشۇرۇن ئولتۇرۇش ۋاستىسى ئارقىلىق چار ھوكۇمىتىگە

قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان. يەر ۋە ئەركىنلىك جەمىيىتى ئوتتۇرىسىدا شۇ سەۋەپتىن ئىككى گۇرۇھ ئىختىلاۋى پەيدا بولغان. بىر گۇرۇھ (ئا. ئى. ژېلىيابوۋ باشچىلىقىدىكى) يېڭى كۈرەش ۋاستىسىنى (تېرورلۇقنى) قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلغان، يەنە بىر گۇرۇھ (گ. ۋ. پلېخانوۋ باشچىلىقىدىكى) بۇرۇنقى تاكتىكىنى داۋاملاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. بۇ ئىككى گۇرۇھ 1879 ـ يىلى خەلق ئىرادىسى پارتىيىسى (36 ـ ئىزاھقا قارالسۇن) بىلەن يەرنى تەڭ تەقسىم قىلىش جەمىيىتىگە بولۇنۇپ كەتكەن.

يەرنى تەڭ تەقسىم قىلىش تەرەپدارلىرى — 1879 ـ يىلى يەر ۋە ئەركىنلىك جەمىيىتى بولۇنۇپ چىققاندىن كېيىن قۇرۇلغان يەرنى تەڭ تەقسىم قىلىش جەمىيىتىنىڭ ئەزالىرى. يەرنى تەڭ تەقسىم قىلىش تەرەپدارلىرى تېرورلۇق سىياسىتىنى يولغا قويۇشقا قارشى تۇرۇپ، ئىلگىرىكى يەر ۋە ئەركىنلىك جەمىيىتىنىڭ پىروگراممىسى ۋە تاكتىكىسىنى داۋاملاشتۇرغان. كېيىن يەرنى تەڭ تەقسىم قىلىش تەرەپدارلىرى ئىچىدىكى بىر قىسىم ئاتاقلىق كىشىلەر (گ. ۋ. پلېخانوۋ پ. ب. ئاكسېلرود، ۋ. ئى. زاسۇلىچ قاتارلىقلار) نارودنىكلاردىن ئايرىلىپ چىقىپ، روسىيىدىكى تۇنجى ماركسىزملىق تەشكىلات — ئەمگەكنى ئازات قىلىش جەمىيىتى (35 ـ ئىزاھقا قارالسۇن)نى قۇرغان، باشقىلىرى بولسا خەلق ئىرادىسى پارتىيىسىگە قاتناشقان. — 606 ـ ، 800 ـ ، 1230 ـ بەتلەر.

193 «روسىيە سوتسىيال دېموكراتىنىڭ ھەركىتى توغرىسىدا خەلققارا سوتسىيالىستلار قۇرۇلتىيىغا قىلىنغان دوكلات (1900 ـ يىل، پارىژ)» دېگەن كىتاپچە كوزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ دوكلات روسىيە سوتسىيال دېموكراتلىرىنىڭ چەتئەلدىكى بىرلەشمىسىنىڭ ھاۋالە قىلىشى بىلەن «ئىشچىلار ئىشى» ژورنىلى تەھرىرى بولۇمى تەرىپىدىن قۇرۇلتايغا سۇنۇلغان ۋە 1901 ـ يىلى بىرلەشمە تەرىپىدىن كىتاپچە قىلىپ جەنۋەدە نەشر قىلىنغان. بۇ كىتاپچىغا بۇندىنىڭ «روسىيە ۋە پولشىدىكى يەھۇدى ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ تارىخى» دېگەن دوكلادىمۇ كىرگۈزۈلگەن. — 621 ـ بەت.

194 دون ـ كىخوت — سېرۋانتېسنىڭ شۇناملىق رومانىدىكى ئاساسىي ۋە رومانتىك، ھاكاۋۇر ھەم ئەمىلىيەتكە سىغمايدىغان تىپىك شەخس. — 622 ـ بەت.

195 «جەنۇپلۇق ئىشچىلار» گېزىتى («Южный Рабочий») — جەنۇپلۇق ئىشچىلار جەمىيىتى تەرىپىدىن 1900-يىل 1-ئايدىن 1903-يىل 4-ئايغىچە مەخپىي چىقىرىلغان سوتسىيال دېموكراتىك گېزىت بولۇپ، جەمى 12 سان چىققان. بۇ گېزىت ئاساسەن روسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى تەشكىلاتى ئارىسىدا تارقىتىلغان. جەنۇپلۇق ئىشچىلار جەمىيىتى «ئۇچقۇن» گېزىتىنى "ئېغىزدا رەھبىرىي ئورگان دەپ ئېتىراپ قىلسىمۇ، ئەمەلدە باشقا غەرەزدە بولغان ۋە پىرىنسىپ جەھەتتىن ئۆزىنىڭ چىدامسىزلىقىنى ئىپادىلىگەن" («لېنىن ئەسەرلىرى»، 7-توم، خەنزۇچە نەشرى، 195-بەتكە قارالسۇن). بۇ جەمىيەت تاكى روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ 2-قۇرۇلتىيى ئېچىلغانغا قەدەر مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن؛ ئۇنىڭ كۆپلىگەن رەھبەرلىرى كېيىن مېنشېۋىكلەرگە ئايلىنىپ كەتكەن. — 631-بەت.

196 يۇنان ئەپسانىسىدە ئېيتىلىشىچە، پادىشا ئاۋگىنىڭ 3 مىڭ كالا بېقىلىدىغان چوڭ بىر قوتىنى بولۇپ، 30 يىلغىچە تازىلانمىغان ئىكەن. كېيىن كىشىلەر "ئاۋگى قوتىنى" دېگەن سۆز ئارقىلىق ناھايىتى پاسكىنا جاينى بىلدۈرىدىغان بولغان. — 639-بەت.

197 لېنىن بۇ ئىزاھنى دۈشمەننى قايمۇقتۇرۇش مەقسىتىدە بەرگەن، ئەمەلىيەتتە، بۇ يەردە ئېيتىلغان پاكىتلار دەل ئۇلارنىڭ ئۆز قاتارى بويىچە تىزىلغان. — 644-بەت.

198 پېتېربۇرگ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش جەمئىيىتىنىڭ ئىشچىلارغا دائىر كىتاپلار چىقىرىش مەسىلىسى توغرىسىدا 1897-يىل يازدا لېنىن بىلەن ئېلىپ بارغان سوھبىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن لېنىن مۇشۇ ماقالىدا ئېيتىلغان ئىككى كىتاپچىنى يازغان. — 645-بەت.

199 لېنىننىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1901-يىل 10-ئايدا قۇرۇلغان روسىيە ئىنقىلاۋىي سوتسىيال دېموكراتلىرىنىڭ چەتئەلدىكى ئىتتىپاقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىتتىپاققا «ئۇچقۇن» گېزىتى بىلەن «تاڭ نۇرى» ژۇرنىلى تەشكىلاتىنىڭ چەتئەل بۆلۈمى بىلەن "سوتسىيال دېموكراتلار" تەشكىلاتى (جۈملىدىن ئەمگەكنى ئازات قىلىش جەمىيىتى) قاتناشقان. ئىتتىپاق «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ چەتئەلدىكى ۋەكىلى ئىدى. ئىتتىپاق بەزى

«ئومۇمى خەۋەرلەر» بىلەن كىتاپچىلارنى نەشىر قىلغان بولۇپ. بۇنىڭ ئىچىدە لېنىننىڭ «يېزا كەمبەغەللىرىگە» دىگەن كىتاپچىسمۇ بار ئىدى. روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ 2 - قۇرۇلتىيىدا ئىتتىپاقنىڭ پارتىيىنىڭ چەتئەلدىكى بىردىن - بىر تەشكىلى ئىكەنلىگى ۋە پارتىيە نىزامنامىسىدە بەلگىلەنگەن كومىتېت ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىگى تەستىقلانغان. 2 - قۇرۇلتايدىن كېيىن مېنشېۋىكلەر ئىتتىپاق ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ، ئىچكى جەھەتتىن لېنىنغا ۋە بولشېۋىكلەر پارتىيىسىگە قارشى تۇرغان. — 646 - ،797 - بەتلەر.

200 بۇند مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «ئىشچىلار» گېزىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەسىلىسى ئۈستىدە 1899 - يىلى لېنىن بىلەن ئېلىپ بارغان سوھبىتى كوزدە تۇتۇلدۇ. تېكىستتە ئېيتىلغان بىرنەچچە ماقالىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلمەكچى بولغان «ئىشچىلار» گېزىتىنىڭ 3 - سانىغا ئاتاپ يازغان. — 646 - بەت.

201 روسىيە سوتسىيال دېموكراتلىرىنىڭ چەتئەلدىكى بىرلەشمىسى بىلەن بۇندنىڭ 1900 - يىلى ئەتىيازدا روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ 2 - قۇرۇلتىيىنى چاقىرماقچى بولغانلىغى كوزدە تۇتۇلدۇ، تېكىستتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان" كومىتېتنىڭ بىر...... ئەزاسى" دىگەن سوزدە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى يېكاتېرىنوسلاۋ كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئى. خ. لالايانس كوزدە تۇتۇلدۇ، ئۇ 1900 - يىل 2 - ئايدا لېنىن بىلەن سوھبەتلەشكىلى موسكۋاغا بارغان. — 647 - بەت.

202 بۇ نەقىل روسىيىنىڭ ئاتاقلىق ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزىمچىسى، ئەدىبىي تەنقىتچىسى ۋە ماتېرىيالىستىك پەيلاسوپى د. ئى. پىسارېۋنىڭ «گودەكلەرچە ئويىنىڭ خاتالىغى» دىگەن ماقالىسىدىن ئېلىنغان («پىسارېۋ ئەسەرلىرى»، 3 - توم، 1956 - يىل، رۇسچە نەشرى، 147 - ، 148 - ، 149 - بەتلەرگە قارالسۇن) : — 669 - بەت.

203 «ئىشچىلار ئىشى»نىڭ قوشۇمچە سانى» (Листок Рабочего») «Дела») «ئىشچىلار ئىشى» ژورنىلىنىڭ قەرەلسىز قوشۇمچە سانى بولۇپ. 1900 - يىلى 6 - ئايدىن 1901 - يىل 7 - ئايغىچە جەنۋەدە چىقىرىلغان. جەمى 8 سان چىققان. — 670 - بەت.

204 ماركسنىڭ «لۇي بوناپارتنىڭ تۇمانلىق ئېيىنىڭ ئون سەككىزى» دېگەن ئەسىرىدىكى مۇنۇ سوزلەر كوزدە تۇتۇلىدۇ:

"گېگېل، مەلۇم بىر جايدا بارلىق بۇيۇك ئالەمشۇمۇل ئۇلۇغ تارىخىي ۋەقەلەر ۋە شەخسلەر ئىككى قېتىم ئوتتۇرىغا چىقىدۇ دېيىش مۇمكىن، دېگەن ئىدى. لېكىن ئۇ، بىرىنچى قېتىم تراگېدىيە تەرىقىسىدە، ئىككىنچى قېتىم كومېدىيە تەرىقىسىدە پەيدا بولىدۇ، دېگەننى قوشۇپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالغان." («ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 - توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1029 - بەتكە قارالسۇن) — 671 - بەت.

205 يانىچارلار — 14 - ئەسىردىكى تۇركىيە سۇلتانلىقىدىكى ئىمتىيازلىق پىيادە ئەسكەرلەر بولۇپ، 1826 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. يانىچارلار ئاھالىنى بۇلاپ - تالىغان ۋە ئۇلارغا ھەددىدىن تاشقىرى زۇلۇم سالغان، لېنىن چار پادىشا ساقچىلىرىنى يانىچارلار دەپ ئاتىغان. — 677 - بەت.

206 لېنىننىڭ «يېزا كەمبەغەللىرىگە» دېگەن كىتابچىسى 1903 - يىل 3 - ئاينىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يېزىلغان. بۇ كىتابچىنى يېزىشتا كوزلەنگەن مەقسەت توغرىسىدا لېنىن 1903 - يىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۇنى پلېخانوۋغا يازغان خېتىدە: "يەر پۇروگراممىمىز توغرىسىدا دېخانلار ئۇچۇن چۇشىنىشلىك بىر كىتابچە يېزىۋاتىمەن، بۇ كىتابچىدا يېزا ئاھالىسىنىڭ توت تەبىقىسى (پومېششىكلار، دېخان بۇرژۇئازىيە، ئوتتۇرا دېخانلار ۋە يېرىم پۇرولېتارلار بىلەن پۇرولېتارلار)گە دائىر كونكرېت ماتېرىياللارغا ئاساسەن، يېزىلاردىكى سىنىپىي كۇرەش توغرىسىدىكى ئىدىيەمىزنى شەرھىلىمەكچىمەن" دېگەن («لېنىن ئەسەرلىرى»، 34 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 144 - بەتكە قارالسۇن). 1903 - يىل 5 - ئايدا، كىتابچە روسىيىدىكى ئىنقىلاۋىي سوتسىيال دېموكراتلارنىڭ چەتئەلدىكى ئىتتىپاقى تەرىپىدىن جەنۋەدە نەشر قىلىنغان. كىتابچىغا روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ پۇروگراممىسى لايىھىسىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ۋە لېنىننىڭ ئۇنىڭغا يازغان كىرىش سوزى قوشۇمچە قىلىنغان. لېنىننىڭ بۇ كىتابچىسى ناھايىتى كەڭ تارقالغان. كىتابچە چەتئەلدىن روسىيىگە مەخپىي كىرگۈزۈلۈپ، ھەرقايسى شەھەرلەرگە تارقالغان، ئاندىن شەھەرلەردىن يېزىلارغا تارقالغان.

1904 - يىلى روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ مەركىزىي كومىتېتى بۇ كىتابچىنى چەتئەلدە قايتا نەشر قىلدۇرغان. بۇ كىتابچە روسىيىدىمۇ بىرنەچچە قېتىم كۆپەيتىپ بېسىلغان. — 687 - بەت.

207 «ئىنقىلاۋىي روسىيە» گېزىتى («Революционная Россия») — سوتسىيال ئىنقىلابچىلارنىڭ مەخپىي گېزىتى بولۇپ، 1900 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، سوتسىيال ئىنقىلابچىلار ئىتتىپاقى تەرىپىدىن روسىيىدە چىقىرىلغان. بۇ گېزىت 1902 - يىل 1 - ئايدىن 1905 - يىل 12 - ئايغىچە سوتسىيال ئىنقىلابچىلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى سۈپىتىدە جەنۋەدە چىقىپ تۇرغان. — 709 - ، 1120 - بەتلەر.

208 سوتسىيال ئىنقىلابچىلار پارتىيىسى—روسىيە ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسىنىڭ سىياسى پارتىيىسى بولۇپ، 1902 - يىلى نارودنىكلار ھەر خىل تەشكىلاتلىرى ۋە گۇرۇپپىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن قۇرۇلغان. ئۇ باي دېخانلار مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. سوتسىيال ئىنقىلابچىلارنىڭ نۇقتىنەزىرى نارودنىكلىق بىلەن شىۇجىېگجۇيىنىڭ كېلىشتۈرمىچىلىك ئارىلاشمىسىدىن ئىبارەت ئىدى. لېنىن "سوتسىيال ئىنقىلابچىلار نارودنىكلىقنىڭ يىرتىقلىرىنى ئاغمىچىلىقنىڭ ماركسىزىمغا قارشى مودا بولۇپ قالغان "تەنقىدى" ئارقىلىق ياماشقا پۇتۇن كۈچى بىلەن ئۇرۇنىدۇ" دىگەن ئىدى («لېنىن ئەسەرلىرى»، 9 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 295 - بەتكە قارالسۇن).

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، سوتسىيال ئىنقىلابچىلار سوتسىيال شوۋىنىزىملىق مەيداندا تۇردى.

1917 - يىل فېۋرالدىكى بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، سوتسىيال ئىنقىلابچىلار مېنشېۋىكلەر ۋە كادېتلار بىلەن بىرلىكتە ئەكسىلئىنقىلاۋىي ۋاقىتلىق ھوكۇمەتنىڭ ئاساسىي تۈۋرۈكى بولدى. سوتسىيال ئىنقىلابچىلار دېخانلارنىڭ پومىششىكلارنىڭ يەر مۈلۈكچىلىكىنى يوقىتىش تەلىۋىنى قوللىماي، پومىششىكلارنىڭ يەرگە بولغان خۇسۇسى مۈلۈكچىلىكىنى ساقلاپ قېلىشنى تەشەببۇس قىلدى.

1917 - يىل 12 - ئايدا، سوتسىيال ئىنقىلابچىلارنىڭ سول قانىتى ئۆز ئالدىغا سولچىل سوتسىيال ئىنقىلابچىلار پارتىيىسىنى تەشكىل قىلدى.

سولچىل سوتسىيال ئىنقىلاپچىلار كورۇنۇشتە سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە بولشېۋىكلەر بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەيلا سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇشقا باشلىدى.

چەتئەللەرنىڭ قوراللىق مۇداخىلىسى ۋە ئىچكى ئۇرۇش بولۇۋاتقان مەزگىلدە، سوتسىيال ئىنقىلاپچىلار كوپ قېتىم ئەكسىلئىنقىلاۋىي سۇيىقەست پىلانلاپ، باي دېخانلار توپىلىڭىنى قوزغىدى، كومپارتىيە ۋە سوۋېت دولىتىنىڭ رەھبەرلىرىگە قەست قىلدى. ئىچكى ئۇرۇش تاماملانغاندىن كېيىن، سوتسىيال ئىنقىلاپچىلار پارتىيىسى سوۋېت دولىتىگە قارشى ھەركىتىنى داۋاملاشتۇرغاچقا، كېيىن سوۋېت ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. — 729 ـ، 898 ـ، 1107 ـ، 1118 ـ، 1153 ـ، 1234 ـ، 1291 ـ، 1313 ـ بەتلەر.

209 پۇتۇم — 1861 ـ يىلدىكى ئىسلاھاتتا ئاساسەن دېخانلار "ئازات قىلىنغان" دا تۈزۈلگەن پەرمانىنى كورستىدۇ. پۇتۇمدە ئىسلاھاتتىن ئىلگىرى دېخانلار تېرىپ كەلگەن يەرنىڭ سانى ھەمدە "ئازات قىلىنغان"دا مەھرۇم قىلىنغان دېخانلار قولىدا قالغان ئۈلۈشلۈك يەرنىڭ مىقدارى پۇتۇلگەن. پۇتۇمگە يەنە ئىلگىرى يانچىلارنىڭ پومېششىكلار ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىمۇ بىر ـ بىرلەپ پۇتۇلگەن. دېخانلار تولەيدىغان سېلىقلارنىڭ مىقدارى پۇتۇمگە ئاساسەن بەلگىلەنگەن ئىدى. — 758 ـ بەت.

210 «بىر قەدەم ئالغا، ئىككى قەدەم ئارقىغا (پارتىيىمىزدىكى كىرىزىس)» دېگەن كىتاپتا پارتىيە توغرىسىدىكى تەلىمات مۇپەسسەل شەرھىلىنىپ، پرولېتارىيات ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ تەشكىلىي پرىنسىپلىرى بەلگىلەنگەن، بۇنىڭ بىلەن تەشكىلىي مەسىلىلەردىكى مېنشېۋىكچە ئاغمىچىلىق تارمار قىلىنىپ، بولشېۋىكلەر پارتىيىسى ئۈچۈن تەشكىلىي جەھەتتىن ئاساس سېلىنغان.

لېنىن بۇ كىتاپنى روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى 2 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىن خاتىرىسى ۋە قارارىنى، ھەر بىر ۋەكىلنىڭ سوزلىگەن سوزىنى، قۇرۇلتايدا شەكىللەنگەن سىياسى مەزھەپلەرنىڭ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە باش كومىتېتنىڭ ھەر خىل ھوججەتلىرىنى تەپسىلى تەھلىل قىلىپ چىققاندىن كېيىن، بىرنەچچە ئاي ئىچىدە يېزىپ چىققان. لېنىننىڭ بۇ كىتاۋى مېنشېۋىكلەرنى قاتتىق غەزەپلەندۈر ـ

گەن. پلېخانوۋ مەركىزىي كومىتېتتىن لېنىننىڭ بۇ كىتاۋىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلغان. مەركىزىي كومىتېتتىكى كېلىشتۈرمىچىلەر بۇ كىتاپنى بېسىش ۋە تارقىتىشنى توختىتىشقا ئۇرۇنغان.

«بىر قەدەم ئالغا، ئىككى قەدەم ئارقىغا» دېگەن كىتاپ 1904 - يىلى يازدا جەنۋەدە نەشر قىلىنىپ، روسىيىنىڭ ئىلغار ئىشچىلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. موسكۋا، پېتېربۇرگ، رىگا، ساراتوۋ، تۇلا، ئورېول، ئۇفا، پېرم، كوستروما، شىگرى، شاۋلى (كوۋنو ئۆلكىسى) قاتارلىق جايلاردا بولغان تۇتقۇن قىلىش ۋە ئاختۇرۇشلاردا بۇ كىتاپ تېپىلغان. لېنىن بۇ ئەسەرنى 1907 - يىلى (مۇقاۋىسىغا بېسىلغىنى 1908 - يىل) نەشر قىلىنغان «12 يىلدىن بۇيان» دېگەن توپلامنىڭ 1 - تومىغا كىرگۈزگەن. — 795 - بەت.

211 روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ ئىككىنچى قۇرۇلتىيى 1903 - يىل 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلگەن. قۇرۇلتاينىڭ دەسلەپكى 13 قېتىملىق يىغىنى برۇسسېلدا ئېچىلغان. كېيىن ساقچىلارنىڭ زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن قۇرۇلتاي ئورنى لوندونغا يۆتكەلگەن. قۇرۇلتاي جەمئى 37 قېتىم يىغىن ئاچقان. قۇرۇلتاينىڭ كۈن تەرتىۋىگە جەمئى 20 مەسىلە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئەڭ مۇھىملىرى مۇنۇلار: پارتىيە پروگراممىسى، پارتىيە تەشكىلى (روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسىنى تەستىقلاش)، پارتىيىنىڭ مەركىزىي كومىتېتىنى ۋە مەركىزىي كومىتېت ئورگان گېزىتىنىڭ تەھرىر بۆلۈمىنى سايلاپ چىقىش. قۇرۇلتايغا 26 تەشكىلاتقا ۋەكىللىك قىلىدىغان 43 ۋەكىل قاتناشقان، ئۇلار 51 ۋەكىل ئورنىدا ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە (ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 8 ۋەكىلنىڭ ھەر بىرى ئىككىدىن ئاۋازغا ۋەكالەتلىك قىلىدۇ)، بۇنىڭدىن باشقا 14 ۋەكىل پىكىر بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە.

قۇرۇلتايغا لېنىننىڭ «ئۇچقۇن» گېزىتخانىسى تەييارلىق كۆرگەن. قۇرۇلتايغا تەييارلىق كۆرۈش داۋامىدا لېنىن نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىگەن.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى "«ئۇچقۇن» گېزىتى ئوتتۇرىغا قويغان ھەم بەلگىلىگەن پرىنسىپ ۋە تەشكىل ئاساسىدا ھەقىقىي پارتىيە قۇرۇش" ئىدى («لېنىن ئەسەرلىرى» 7 - توم، خەنزۇچە نەشرى،

195 ـ بەتكە قاراڭسۇن). ئىككىنچى قۇرۇلتايدا لېنىننىڭ روسىيەدە ئىنقىلاۋىي پرولېتارىيات پارتىيىسىنى قۇرۇش يۈزىسىدىن ئېلىپ بارغان بۈيۈك كۈرەشلىرى ئاخىر غەلىبە قىلدى.

ئىككىنچى قۇرۇلتاينىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ ماركس بىلەن ئېنگېلس ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى خەلقارا ئىشچىلار ھەركىتى تارىخىدا تۇنجى قېتىم پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى ئاساسىي ۋەزىپە قىلغان ئىنقىلاۋىي پروگراممىنى ماقۇللىغان. لېنىن پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ۋەزىپىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېھقانلار ئىنقىلاۋىي كۈرىشىنىڭ زور ئەھمىيىتىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن. قۇرۇلتاي مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى پارتىيە پروگراممىسىغا كىرگۈزۈپ، پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىونالىزىم پرىنسىپلىرىنى قوغدىغان.

ئىككىنچى قۇرۇلتايدا، پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ تەشكىلىي پرىنسىپىنى چۆرىدىگەن ھالدا جىددىي كۈرەش بولغان. لېنىن ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى ماركسىزمنىڭ پارتىيىنىڭ رولى توغرىسىدىكى مۇنۇ توپ پرىنسىپلىرىنى قوغدىغان: پارتىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىلغار، ئويغانغان، تەشكىللىك قوشۇنى، ئۇ ئىنقىلاۋىي نەزىرىيە بىلەن، جەمىيەت تەرەققىيات قانۇنى ۋە سىنىپىي كۈرەش قانۇنى توغرىسىدىكى بىلىملەر بىلەن، شۇنداقلا ئىنقىلاۋىي ھەرىكەت تەجرىبىلىرى بىلەن قوراللانغان. يۈكسەك دەرىجىدە ئويغانغان ۋە تەشكىللەنگەن، ئىنتىپاقلاشقان ۋە مەركەزلەشكەن، بىرلىككە كەلگەن ئىرادىگە ئىگە ئاشۇنداق پارتىيىلا ئىشچىلار سىنىپىنى غەلىبىگە يېتەكلەپ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋالالايدۇ. لېنىننىڭ ئىككىنچى قۇرۇلتايدا ئاغمىچىلارغا قارشى ئېلىپ بارغان مۇرەسسەسىز كۈرەشلىرى زور خەلقارا ئەھمىيەتكە ئىگە.

روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى ئىككىنچى قۇرۇلتىيىنىڭ ئەھمىيىتىگە بېرىلگەن باھا توغرىسىدا «سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلەر) تارىخى قىسقىچە كۇرسى». 1954 ـ يىل خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 55 ـــ 56 ـ بەتلەرگە قاراڭسۇن. ـــ 795 ـ ، 1314 ـ بەتلەر.

212 مانىلوۋ گوگولنىڭ «ئۆلۈك جانلار» رومانىدىكى ھېسسىياتچان، دىللى نازۇك ۋە خىيالپەرەس پومىشچىك. مانىلوۋ يوقلالىڭ خىياللارنىڭ، تەيىيارتاپلىقنىڭ، خوشامەتچىلىك ۋە ساختىلىقنىڭ ئومۇمى ئاتىلىشى بولۇپ قالغان. — 805 ـ بەت.

213 1900 ـ يىلى ھامبۇرگدا بولغان ۋەقە كوزدە تۇتۇلدۇ، بۇ ۋەقە "تاشچى لىبېراللار بىرلەشمىسى"نىڭ بىر تۈركۈم ئەزالىرى ئىش تاشلاش مەزگىلىدە مەركىزىي بىرلەشمىنىڭ بۇيرۇغىغا قارىماي، ئىشنى ھوددىگە ئالغانلىغىدىن كېلىپ چىققان. ھامبۇرگ تاشچىلار بىرلەشمىسى شۇ يەردىكى پارتىيە تەشكىلاتىغا سوتسىيال دېموكراتلاردىن بولغان شۇ ئەزالارنىڭ ئىش تاشلاشقا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىغىنى مەلۇم قىلغان. گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تەيىنلىگەن پارتىيە خالىس سوتى "تاشچى لىبېراللار بىرلەشمىسى"دىكى ئاشۇ سوتسىيال دېموكراتلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئەيىپلىگەن، ئەمما ئۇلارنى پارتىيىدىن قوغلاپ چىقىرىش توغرىسىدىكى تەكلىپنى رەت قىلغان. — 811 ـ بەت.

214 قۇرۇلتاي رەت قىلغان زبورووۋسكى (كوستىچ)نىڭ پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ بىرىنچى ماددىسى توغرىسىدا قويغان قارار لايىھىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: "پارتىيە پۇروگىراممىسىنى ئېتىراپ قىلغان، پارتىيىگە ماددى جەھەتتىن ياردەم بەرگەن ھەمدە پارتىيە قارىمىغىدىكى بىرەر تەشكىلاتنىڭ رەھبەرلىگىدە پارتىيىگە داۋاملىق ھالدا بىۋاستە ياردەم بېرىپ كەلگەنلىكى كىشى شۇ تەشكىلاتلار تەرىپىدىن پارتىيە ئەزاسى دەپ ئېتىراپ قىلىنسا بولىدۇ." («روسسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى ئىككىنچى قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىن خاتىرىسى»، 1959 ـ يىل، رۇسچە نەشرى، 281 ـ بەتكە قارالسۇن) — 818 ـ بەت.

215 "قانۇنىي ماركسىزىم"نىڭ ۋەكىلى پ.ب.سترۇۋېنىڭ بۇرژۇئازىيىنى ياقلاپ چىققان نۇقتىنەزىرى كوزدە تۇتۇلىدۇ. لېنىن 1894 ـ يىلى كۈزدە پېتېربۇرگ ماركسىزىمچىلىرى گۇرۇپپىسىدا «ماركسىزىمنىڭ بۇرژۇئا ئەسەرلىرىدە ئەكس ئېتىشى» دېگەن ماقالىسىنى ئوقۇپ، سترۇۋېنىڭ نۇقتىنەزىرىنى كەسكىن تەنقىت قىلغان. — 838 ـ بەت.

216 مارتوۋنىڭ «ئۇچقۇن» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «مۇشۇنداق تەييارلىق

كورىمىزمۇ؟» دېگەن ماقالىسى كوزدە تۇتۇلىدۇ، بۇ ماقالىدا، پۈتۈن روسىيە دائىرىسىدە قوراللىق قوزغىلاڭغا تەييارلىنىشقا قارشى تۇرۇلغان، قوراللىق قوزغىلاڭغا تەييارلىنىش — خام خىيال ۋە سۇيىقەستلىك ھەركەت، دەپ قارالغان. — 842 ـ بەت.

217 ئوبلوموۋ — روسىيە يازغۇچىسى گونچاروۋنىڭ «ئوبلوموۋ» رومانىدىكى ھورۇن، يېڭىلىقتىن قورقىدىغان، كۈن بويى خام خىيالغا پېتىپ، تۇرمۇشقا پاسسىپ مۇئامىلە قىلىدىغان باش قەھرىمان. بۇ سوز ئادەتتە مۇتەئەسسىپلىك ۋە پاترىيارخاللىقچە قالاقلىققا تەقلىت قىلىنىدۇ. — 857، 1134 ـ بەتلەر.

218 گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ درېزدېن قۇرۇلتىيى 1903 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە ئوتكۈزۈلگەن. قۇرۇلتاي بېرنشتېين، برائۇن، گورې، داۋىد قاتارلىق شىۇجىبكىجۇيىچىلارنى ئەيىپلىگەن، ئەمما ئۇلارنى پارتىيىدىن قوغلاپ چىقارمىغان، شۇڭا ئۇلار ئاغمىچىلىق كوزقاراشلىرىنى بىمالال تەشۋىق قىلىۋەرگەن. — 865 ـ بەت.

219 «سوتسىيالىستىك ئايلىق ژورنال» («Sozialistische Monatshefte») گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىدىكى ئاغمىچىلارنىڭ ئاساسلىق نەشر ئەپكارى، شۇنداقلا خەلقارا ئاغمىچىلارنىڭ نەشر ئەپكارىدىن بىرى، ئۇ 1897 ـ يىلدىن 1933 ـ يىلغىچە بېرلىندا چىققان. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە بۇ ژورنال سوتسىيال شوۋىنىزىملىق مەيدان تۇتقان. — 866 ـ بەت.

220 «فرانكفۇرت گېزىتى» («Frankfurter Zeitung») «فرانكفۇرت ۋە سودا گېزىتى» («Frankfurter Zeitung und Handelsblatt») نىڭ قىسقارتىلىپ ئاتىلىشى، ئۇ گېرمانىيە ئۇششاق بۇرژۇئا دېموكراتلىرىنىڭ گېزىتى بولۇپ، 1856 ـ يىلدىن 1943 ـ يىلغىچە ماين دەرياسى بويىدىكى فرانكفۇرتتا چىقىرىلغان (1866 ـ يىلدىن باشلاپ مۇشۇ نامنى ئىشلەتكەن). — 873 ـ ، 991 ـ بەتلەر.

221 لېنىننىڭ «سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاپتىكى ئىككى تاكتىكىسى» دېگەن كىتاۋى ماركسىزمنى يېڭى ئىنقىلاۋي نەزىرىيە بىلەن بېيىتتى، ئۇنىڭدا مېنشېۋىكلەرنىڭ تاكتىكىسى

ئۈزۈل-كېسىل تەنقىت قىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلقارا ئاغمىچىلارنىڭ تاكتىكىسىمۇ ئېچىپ تاشلانغان، پۈرولېتارىياتنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاپتىكى رەھبەرلىك ھوقۇقى توغرىسىدىكى تەلىمات، ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى ئىشچى-دېخانلار ئىتتىپاقى توغرىسىدىكى تەلىمات، بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋىدىن سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپقا ئۆتۈش توغرىسىدىكى تەلىمات مۇكەممەل ئوتتۇرىغا قويۇلغان. «ئىككى تاكتىكا» دېگەن كىتاپتا بولشېۋىكلەر پارتىيىسى ئۈچۈن تاكتىكا ئاساس سېلىپ بېرىلگەن.

بۇ كىتاپنى لېنىن 1905-يىل 6—7-ئايلاردا جەنۋەدە يازغان. 1905-يىل 7-ئاينىڭ ئاخىرىدا، روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بۇ كىتاپنى جەنۋەدە نەشر قىلدۇرغان.

لېنىننىڭ «سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاپتىكى ئىككى تاكتىكىسى» دېگەن بۇ كىتاۋى روسىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا: پېتېربۇرگ، موسكۋا، قازان، تىفلىس، باكۇ قاتارلىق شەھەرلەردە مەخپى تارقىتىلغان. 1907-يىل 2-ئايدا پېتېربۇرگ نەشرىيات ئىشلىرىنى باشقۇرۇش كومىتېتى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، بۇ كىتاپنى تەقىپ قىلغان. شۇ يىلى 12-ئايدا پېتېربۇرگ ئالى سوت مەھكىمىسى بۇ كىتاپنى كويدۇرۇۋېتىشنى قارار قىلغان.

1907-يىلى لېنىن «ئىككى تاكتىكا» دېگەن كىتاپنى «12 يىلدىن بۇيان» دېگەن ئەسەرلەر توپلىمىغا كىرگۈزگەن ھەمدە بەزى بەت ئاستى ئىزاھلىرىنى قوشقان. لېنىن «ئىككى تاكتىكا» دېگەن كىتاپنى يازغاندا تەييارلىغان ماتېرىياللار — پۈروگراما، تېزىس ۋە خاتىرىلەر «لېنىن ئەسەرلىرى توپلىمى» رۇسچە 5-تومىنىڭ 315 — 320-بەتلىرىگە ۋە 16-تومىنىڭ 151 — 156-بەتلىرىگە كىرگۈزۈلگەن.

«ئىككى تاكتىكا» دېگەن كىتاپنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى توغرىسىدا «س ك پ (ب) تارىخى قىسقىچە كۇرس»نىڭ 1954-يىل خەلق نەشرىياتى نەشرى، 84 — 98-بەتلىرىگە قارالسۇن. — 897-بەت.

222 «پۈرولېتارلار» گېزىتى («Пролетарий») — بولشېۋىكلەرنىڭ مەخپى

ھەپتىلىك گېزىتى بولۇپ، روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى 3 - قۇرۇلتىيىنىڭ قارارىغا ئاساسەن چىقىرىلغان پارتىيە مەركەزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1905 - يىل 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئوتكۈزۈلگەن ئومۇمى يىغىنى مەركەزىي ئورگان گېزىتىگە لېنىننىڭ مەسئۇل تەھرىر بولۇشىنى قارار قىلغان.

«پرولېتارلار» گېزىتى 1905 - يىل 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنىگىچە جەنۋەدە چىقىرىلغان، جەمى 26 سان چىققان. تەھرىرلىك خىزمىتىگە ۋ.ۋ.ۋوروۋسكى، ئا.ۋ.لۇناچارسكى ۋە م.س. ئولمىنسكىلار داۋاملىق قاتنىشىپ تۇرغان. «پرولېتارلار» گېزىتى لېنىنچە كونا «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ لۇشيەنىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىپ، بولشېۋىكلەرنىڭ «ئالغا» گېزىتىنىڭ ئەنئەنىسىنى تولۇق ساقلاپ كەلگەن. لېنىننىڭ «پرولېتارلار» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرىنىڭ بەزىلەرى جايلاردىكى بولشېۋىكلەر مەتبۇئاتىدا كوچۇرۇپ بېسىلغان ھەمدە ئايرىم ۋاراقە قىلىپ چىقىرىلغان.

لېنىن جەنۋەدىن روسىيىگە قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئوتمەي، «پرولېتارلار» گېزىتى 1905 - يىل 11 - ئايدا چىقىرىلىشتىن توختىغان. گېزىتىنىڭ ئاخىرقى ئىككى سانىغا (25 - ، 26 - سانلارغا) ۋ.ۋ.ۋوروۋسكى تەھرىرلىك قىلغان. — 897 - ، 1101 - ، 1131 - ، 1275 - بەتلەر.

223 «ئازاتلىق» («Освобождение») — بۇرژۇئا لىبېراللىرىنىڭ يېرىم ئايلىق ژورنىلى بولۇپ، 1902 - يىلدىن 1905 - يىلغىچە پ. ب. سترۇۋېنىڭ تەھرىرلىكىدە چەتئەلدە چىقىرىلغان. 1904 - يىل 1 - ئايدىن باشلاپ لىبېرال پادىشاپەرەسلەرنىڭ ئازاتلىق جەمىيىتىنىڭ ئورگان ژورنىلى بولۇپ قالغان. ئازاتچىلار كېيىنكى چاغلاردا كادېتلارنىڭ يادروسى بولۇپ قالغان. — 900 - ، 1153 - بەتلەر.

224 روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ 3 - قۇرۇلتىيى 1905 - يىل 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە لوندوندا ئوتكۈزۈلگەن. قۇرۇلتاي لېنىننىڭ رەھبەرلىكىدە، بولشېۋىكلەر تەرىپىدىن تەييارلانغان ۋە چاقىرىلغان. بۇ — بولشېۋىكلەرنىڭ تۇنجى قۇرۇلتىيى ئىدى.

روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى 3 - قۇرۇلتىيى-

نىڭ لېنىن تۈزگەن ۋە قۇرۇلتاي ماقۇللىغان كۈنتەرتىۋى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: 1. تەشكىلات كومىتېتىنىڭ دوكلادى؛ 2. تاكتىكىلىق مەسىلىلەر: (1) قوراللىق قوزغىلاڭ؛ (2) ئۆزگىرىش ھارپىسىدا ۋە ئۆزگىرىش مەزگىلىدە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەتلىرىگە تۇتۇلىدىغان پوزىتسىيە (بۇ ماددا مۇنداق ئىككى مەسىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ئا) ئۆزگىرىش ھارپىسىدا ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەتلىرىگە تۇتۇلىدىغان پوزىتسىيە؛ ب) ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەت توغرىسىدا؛ (3) دېخانلار ھەركىتىگە تۇتۇلىدىغان پوزىتسىيە؛ 3. تەشكىلىي مەسىلىلەر: (4) پارتىيە تەشكىلاتىدىكى ئىشچىلار بىلەن زىيالىلارنىڭ مۇناسىۋىتى؛ (5) پارتىيە نىزامنامىسى؛ 4. باشقا پارتىيىلەر ۋە گۇرۇھلارغا تۇتۇلىدىغان پوزىتسىيە: (6) روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتكەنلەرگە تۇتۇلىدىغان پوزىتسىيە؛ (7) مىللىي سوتسىيال دېموكراتىك تەشكىلاتلارغا تۇتۇلىدىغان پوزىتسىيە؛ (8) لىبېراللارغا تۇتۇلىدىغان پوزىتسىيە (9) سوتسىيال ئىنقىلابچىلار بىلەن تۈزۈلىدىغان ئەمەلىي كېلىشىم؛ 5. پارتىيىنىڭ ئىچكى تۇرمۇشىغا دائىر مەسىلىلەر: (10) تەشۋىقات ۋە تەرغىبات؛ 6. ۋەكىللەرنىڭ دوكلاتلىرى: (11) مەركىزىي كومىتېتنىڭ دوكلادى؛ (12) يەرلىك كومىتېت ۋەكىللىرىنىڭ دوكلاتلىرى؛ 7. سايلام: (13) سايلام؛ (14) قۇرۇلتاينىڭ قارارلىرى بىلەن خاتىرىلىرىنى ئېلان قىلىش ۋە مەسئۇل خادىملارنىڭ خىزمەت ئۆتكۈزۈۋېلىش رەسمىيىتى.

لېنىن قۇرۇلتاي چاقىرىلىشتىن بۇرۇنلا، 3 - قۇرۇلتاينىڭ ئاساسىي مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار لايىھىسىنى يېزىپ پۈتتۈرگەن ھەمدە «ئالغا» گېزىتىدە ئېلان قىلغان ماقالىسىدا، بۇ قارار لايىھىسىنى شەرھىلىگەن. لېنىن قۇرۇلتايدا، قوراللىق قوزغىلاڭ مەسىلىسى، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەتكە قاتنىشىش مەسىلىسى، دېخانلار ھەركىتىگە تۇتۇلىدىغان پوزىتسىيە مەسىلىسى، پارتىيە نىزامنامىسى ۋە باشقا بىر قاتار مەسىلىلەر ئۈستىدە نۇتۇق سۆزلىگەن. قۇرۇلتاينىڭ خاتىرىسىگە لېنىننىڭ جەمئىي 138 قېتىم سۆزلىگەن سۆزى ۋە تەكلىپلىرى پۈتۈلگەن.

قۇرۇلتايدا پارتىيە نىزامنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن: پارتىيە

نىزامنامىسىنىڭ 1 ـ ماددىسى (پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سالاھىيىتى توغرىسى-
دىكى ماددا) لېنىننىڭ يازغىنى بويىچە ماقۇللانغان؛ پارتىيىدە ساقلىنىپ
كەلگەن ئىككى مەركەز (مەركىزىي كومىتېت بىلەن مەركىزىي ئورگان
گېزىتى) تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلىپ، بىرلىككە كەلگەن رەھبەرلىك ئور-
گىنى — لېنىن باشچىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەسىس
قىلىندى؛ مەركىزىي كومىتېتنىڭ ھوقۇقى ۋە ئۇنىڭ يەرلىك كومىتېتلار
بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئېنىق بەلگىلەندى.

3 ـ قۇرۇلتاينىڭ خىزمەتلىرى ۋە ئەھمىيىتى توغرىسىدا لېنىننىڭ
«3 ـ قۇرۇلتاي» («لېنىن ئەسەرلىرى»، 8 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى،
412 — 418 ـ بەتلەر) دېگەن ئەسىرىگە ۋە «س ك پ (ب) تارىخى
قىسقىچە كۇرس»نىڭ 1954 ـ يىل خەلق نەشرىياتى نەشرى، 80 — 84 ـ
بەتلىرىگە قارالسۇن. — 901 ـ ، 1314 ـ بەتلەر.

225 بۇلىگىن ھەيئىتى — 1905 ـ يىل 2 ـ ئايدا چار پادىشانىڭ يارلىغى بىلەن
قۇرۇلغان، ئۇنىڭغا ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى ئا.گ.بۇلىگىن رەئىس بولغان.
بۇ ھەيئەت كېڭەش خاراكتېرىدىكى دولەت دۇماسى قۇرۇش ھەققىدىكى
قانۇن لايىھىسىنى ۋە دۇما سايلىمى نىزامىنى تۈزۈپ چىقىپ، 1905 ـ يىل
8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى (مىلادىنىڭ 19 ـ كۈنى) چار پادىشانىڭ يارلىغى
بىلەن بىللە ئېلان قىلغان. — 904 ـ بەت.

226 1905 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى پايلاقچىلار ئىدارىسىنىڭ جاسۇسى
پوپ گاپون قۇترىتىش مەقسىدىدە پېتېربۇرگ ئىشچىلىرىنىڭ تىنچلىق
قوشۇنىنى قىشلىق سارايغا بېسىپ كىرىپ پادىشاغا تەلەپنامە سۇنۇشقا
ئۇيۇشتۇردى. چار پادىشا ئارمىيىگە بۇيرۇق بېرىپ، قولىدا تۆمۈرنىڭ
سۇنۇغىمۇ بولمىغان ئىشچىلارنى ئوققا تۇتتى. چار ھۆكۈمىتىنىڭ زوراۋان-
لىقى پۈتۈن مەملىكەت ئىشچىلىرىنىڭ نارازىلىق بورىنىنى قوزغىدى.
1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى 1905 — 1907 ـ يىللاردىكى روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ
باشلىنىشى بولدى. — 923 ـ ، 1174 ـ ، 1238 ـ بەتلەر.

227 فرانكفۇرت پارلامېنتى — پۈتۈن گېرمانىيە ئاساسىي قانۇنىنى تۈزۈپ
چىقىش مەقسىدىدە، 1848 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى مايىن دەرياسى
بويىدىكى فرانكفۇرتتا چاقىرىلغان پۈتۈن گېرمانىيە مىللىي پارلامېنتىنى
كۆرسىتىدۇ. پارلامېنتنىڭ كۆپچىلىك ئەزالىرى لىبېرال بۇرژۇئازىيە ۋە-

كىللىرىدىن ۋە ئۇلارغا ئېقىندىغان بۇرژۇئا زىيالىلىرىدىن تەشكىل تاپقان. لىبېراللارنىڭ كوپچىلىگىنىڭ توخۇ يۇرەكلىگى ۋە مۇرەسسەچىلىگى شۇنىڭدەك ئۇششاق بۇرژۇئا سول قانىتىنىڭ تۇراقسىزلىغى ۋە قەتئىيەتسىزلىگى تۇپەيلىدىن، پارلامېنت گېرمانىيىنى ھەقىقى بىرلىككە كەلتۇرىدىغان ئورگان بولالمايلا قالماستىن، بەلكى ئەمەلىي ھوقۇقتىن ئايرىلىپ قالغان، ئاممىنى ئىنقىلاۋىي كۇرەشتىن چەتلەشكە يېتەكلەيدىغان نوقۇل بەس - مۇنازىرە كۇلۇبىغا ئايلىنىپ قالغان. 1849 - يىلى يازدا پارلامېنت ئۇز پائالىيىتىنى توختاتقان. — 924 - بەت.

228 «خەلق ۋەكىللەر يىغىنى ۋە بىزنىڭ تاكتىكىمىز» دىگەن ماقالىنى گرۇزىيە مېنشېۋىكلىرىنىڭ يولباشچىسى ژوردانىيە يازغان بولۇپ، «سوتسىيال دېموكراتلار» گېزىتىنىڭ 1905 - يىل 4 - ئاينىڭ 7 - كۇنى (مىلادى 20 - كۇنى) دىكى 1 - سانىغا بېسىلغان. لېنىننىڭ بۇ ماقالىنى تەنقىت قىلغانلىغى توغرىسىدا مۇشۇ تومنىڭ 970 — 978 - بەتلىرىگە قارالسۇن.

«سوتسىيال دېموكراتلار» گېزىتى («Социал - Демократ») مېنشېۋىكلەرنىڭ گېزىتى بولۇپ، 1905 - يىل 4 - ئايدىن 11 - ئايغىچە تىفلىستا گرۇزىن تىلىدا چىقىرىلغان، جەمى 6 سان چىققان، بۇ گېزىتكە ژوردانىيە رەھبەرلىك قىلغان. — 928 - بەت.

229 بۇ يەردە 19 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرى ۋە 20 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى 10 يىلدىكى يەرلىك ئاپتونومىيە لىبېراللىق ھەركىتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى د. ن. شىپوۋنىڭ "ئاساسىي قانۇنچىلىق" پۇروگراممىسى كوزدە تۇتۇلىدۇ، بۇ — پۇروگراممىنىڭ ماھىيىتى چار پادىشا مۇستەبىتلىكىنى ساقلاپ قېلىش، ئۇنىڭغا "چار پادىشا ئىنئام قىلىدىغان" ئاساسىي قانۇن بىلەن ئانچە - مۇنچىلا چەك قويۇشتىن ئىبارەت ئىدى. — 932 - بەت.

230 «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 - توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 32 - بەتكە قارالسۇن. — 941 - بەت.

231 «ۋەتەن ئوغلى» گېزىتى («Сын Отечества») لىبېراللارنىڭ گېزىتى بولۇپ، 1856 — 1900 - يىللىرى ۋە 1904 — 1905 - يىللىرى پېتېربۇرگدا چىقىرىلغان. بۇ گېزىتكە ئازاتچىلار ۋە ھەر خىل - ھەر رەڭدىكى نارودنىكلار ماقالا يېزىپ تۇرغان. بۇ گېزىت 1905 - يىل 11 - ئاينىڭ 28 - كۇنىدىن

باشلاپ سوتسيال ئىنقىلاپچىلار پارتىيىسىنىڭ ئورگان گېزىتى بولۇپ قالغان، شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى پېچەتلەنگەن.

«بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز» گېزىتى («Наша Жизнь») لىبېراللارنىڭ گېزىتى بولۇپ، 1904 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 1906 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىگىچە پېتېربۇرگدا ئارىلاپ چىقىپ تۇرغان.

«بىزنىڭ دەۋرىمىز» گېزىتى («Наши Дни») لىبېراللارنىڭ گېزىتى بولۇپ، 1904 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن 1905 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىگىچە پېتېربۇرگدا چىقىرىلغان؛ 1905 ـ يىل 12 ـ ئاي- نىڭ 20 ـ كۈنى قايتا چىقىرىلغان بولسىمۇ، لېكىن 2 سان بىلەنلا توختاپ قالغان.

«روسىيە خەۋەرلىرى»، 187 ـ ئىزاھقا قارالسۇن.

«ئازاتلىق» ژورنىلى، 223 ـ ئىزاھقا قارالسۇن. — 954 ـ بەت.

232 غىلاپ بەندىسى — چېخوپنىڭ شۇ ناملىق رومانىدىكى باش قەھرىمان، كونا قېلىپتىن چىقالمايدىغانلارنىڭ تىپى. — 957 ـ، 1200 ـ، 1243 ـ بەتلەر.

233 فرانز مېرىڭ تۈزگەن «كارل ماركس، فرېدرىخ ئېنگېلس، فېردىناند لاسساللارنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى»نىڭ 1902 ـ يىل شتۇتگارت نەشرىدىن ئېلىنغان. بۇ نەقىل توغرىسىدا «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 ـ توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 544 ـ بەتكە قارالسۇن. — 966 ـ بەت.

234 بۇ يەردە 1905 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى نىكولاي II نىڭ يەرلىك ئاپتونومىيە ئىدارىلىرىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قوبۇل قىلغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ۋەكىللەر ئۆمىكى 1905 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 6 — 7 ـ كۈنلىرى موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن يەرلىك ئاپتونومىيە ئىدارىلىرى بىلەن شەھەر- لىك دۇما ۋەكىللىرى يىغىنىدا ئاقسۆڭەكلەر ۋەكىللىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن سايلاپ چىقىلغان. خەلقتىن يۈز ئۆرۈپ چار پادىشا بىلەن تىل بىرىكتۈرۈش يولىدا مىڭبىر ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتكەن بۇرژۇئازىيىنىڭ بۇنداق ساتقىنلىقىنى لېنىن «بۇرژۇئازىيە ساتقىنلىقىنىڭ دەسلەپكى قەدەملىرى» ۋە «ئاق پەلەي كىيىۋالغان "ئىنقىلاپچىلار"» دېگەن 2 ماقالىسىدا سۆككەن («لېنىن ئەسەرلىرى»، 8 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 486 — 492 ـ، 493 — 497 ـ بەتلەرگە قارالسۇن). — 967 ـ بەت.

235 بۇ يەردە لىبېراللارغا تۈتۈلىدىغان پوزىتسىيە توغرىسىدا ستاروۋېر (مېنشېۋىك ئا.ن.پوترېسوۋنىڭ يالغان ئىسمى) روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ 2 - قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويغان ۋە مۇھاكىمە قىلىنىپ ماقۇللانغان قارار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. لېنىن «ئىشچى دېموكراتىيىچىلەر بىلەن بۇرژۇئا دېموكراتىيىچىلىرى» دېگەن ماقالىدا بۇ قارارنى تەنقىت قىلغان ئىدى («لېنىن ئەسەرلىرى»،8 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 53 — 62 - بەتلەرگە قاراڭ). — 969 - بەت.

236 بۇ يەردە ياپونىيە - روسىيە ئۇرۇشى مەزگىلىدە 1905 - يىل 5 - ئاينىڭ 27 - ، 28 - كۈنلىرى سۇسىما ئارىلى ئەتراپىدا ئېلىپ بېرىلغان چوڭ دېڭىز ئۇرۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇرۇش نەتىجىسىدە روسىيە كېمە ئەترىتى تارمار قىلىنغان. — 972 - بەت.

237 پارلامېنت مەستانىلىغى — ماركس بىلەن ئېنگېلس ئىشلەتكەن ئاتالغۇ بولۇپ، بۇنىڭدا پارلامېنت تۈزۈمىنى ھەممىگە قادىر، دەپ ئىشەنگۈچى ۋە پارلامېنت كۈرىشىنى ھەرقانداق شارائىتتا بىردىن - بىر ۋە ئاساسىي كۈرەش شەكلى، دەپ قارىغۇچى ئاغمىچىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئېنگېلس مۇنداق دەپ يازىدۇ: "پارلامېنت مەستانىلىغى" — بىر خىل ساقايماس كېسەل، "بۇ كېسەل بەختسىز كېسەلمەنلەرنى پۈتۈن دۇنيا، ئۇنىڭ تارىخى ۋە كەلگۈسى بىزنىڭ ئەزا بولۇشىمىز شەرىپىگە ئىگە بولغان ۋاكالەت ئورگىنىدىكى كۆپ سانلىقنىڭ ئاۋازىغا بويسۇندۇ ۋە شۇنىڭغا باغلىق بولىدۇ، دېگەن قالتىس ئىشەنچكە كامىل قىلىپ قويغان ئىدى" («ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 - توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 989 - بەتكە قاراڭ). — 976 - ، 1223 - ، 1300 - بەتلەر.

238 بۇ يەردە گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ 1895 - يىل 10 - ئاينىڭ 6 - كۈندىن 12 - كۈنگىچە برېسلاۋدا ئۆتكۈزۈلگەن قۇرۇلتىيىدا يەر پۇروگراممىسى لايىھىسى مۇزاكىرە قىلىنغاندا كېلىپ چىققان پىكىر ئىختىلاپلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەر پۇروگراممىسى لايىھىسىدە جىددى خاتالىقلار بار ئىدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭدا پۇرولېتارىيات پارتىيىسىنى "ئومۇمى خەلق" پارتىيىسىگە ئايلاندۇرۇش ئېغىشى بار ئىدى. ئاغمىچىلاردىن تاشقىرى، بېبېل بىلەن لىبكنېختمۇ بۇ پۇروگراممىنى ھىمايە قىلغان. يەر پۇروگراممىسى سېتكىن ۋە باشقا نۇرغۇن سوتسىيال دېمو-

كىراتلار تەرىپىدىن قاتتىق تەنقىت قىلىنغان. قۇرۇلتاي كوپ ئاۋاز بىلەن (63 ئاۋازغا قارشى 158 ئاۋاز بىلەن) بۇ يەر پۇروگىراممىسى لايىھىسىنى رەت قىلغان. — 979 - بەت.

239 بۇ يەردە نادېژدىن (ئې.ئو.زېلېنسكىنىڭ يالغان ئىسمى) نىڭ لېنىنىنىڭ «ئۇچقۇن» گېزىتى توغرىسىدىكى پىلانىغا قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن مەتبۇئاتتا ئېلان قىلغان سوزلىرى كوزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنداق گەپلەرنى لېنىن 1902 - يىلىلا «نىمە قىلىش كېرەك؟» دىگەن كىتاۋىدا تەنقىت قىلغان (مۇشۇ تومنىڭ 638-، 643-، 650 — 681-بەتلىرىگە قاراڭ). — 987 - بەت.

240 بۇ يەردە لېنىنىنىڭ بولشېۋىكلەرنىڭ «ئالغا» گېزىتىنىڭ 13 - ۋە 14 - سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان «سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ۋە ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي هوكۇمەت»، «پۇرولېتارىيات بىلەن دىخانلارنىڭ ئىنقىلاۋىي دېموكراتىك دىكتاتۇرىسى» دىگەن ئىككى ماقالىسى («لېنىن ئەسەرلىرى»، 8 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 247 — 262 - ، 263 — 273 - بەتلەرگە قاراڭ) كوزدە تۇتۇلىدۇ. — 1001 - بەت.

241 بۇ يەردە پارىژ كوممۇنىسىغا قاتناشقان بىر تۇركۇم بلانكىچىلار (1874 - يىلى لوندوندا ئېلان قىلغان خىتاپنامە — «كوممۇنا ئەزالىرىغا مۇراجەت» دىگەن كىتاپچە (ئېنگېلسنىڭ «مۇساپىرلار ئەسەرلىرى» دىگەن ماقالىلىرى ئىچىدىكى 2 - ماقالا «كوممۇنىدىكى بلانكىچى مۇساپىرلار پۇروگىراممىسى»غا قاراڭ، «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 - توم، ئۇيغۇرچە يېڭى يېزىق نەشرى، 991—1003 - بەتلەر) كوزدە تۇتۇلىدۇ. بلانكىچىلار، 65 - ئىزاھقا قاراڭ. — 1005 - بەت.

242 گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئېرفۇرت پۇروگىراممىسى 1891 - يىل 10 - ئايدا ئېرفۇرتتا ئوتكۇزۇلگەن قۇرۇلتايدا ماقۇللىنىپ، 1875 - يىلدىكى گوتا پۇروگىراممىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلگەن پۇروگىرامما. ئېرفۇرت پۇروگىراممىسى لاسسالچىلىق ئەقىدىلىرىنى چىقىرىپ تاشلىغانلىغى ئۇچۇن، گوتا پۇروگىراممىسىغا قارىغاندا بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن. لېكىن ئېرفۇرت پۇروگىراممىسىدا يەنە جىددى خاتالىقلار ساقلانغان، مۇھىمى، ئۇنىڭدا پۇرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ قائىدىلىرى ئېنىقغا ئېلىنمىغان، پادىشالىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، دېموكرا-

تنك جۇمھۇرىيەت قۇرۇش تەلـﯟى ئوتـتۇرىغا قويۇلـمـغان. ئېنـگېلس 1891 - يىلى 6 - ئايـدا بۇ پۇروگـرامـما لايىھـسىنى تەنـقىت قىلـغان («ماركـس - ئېنـگېلس ئەسەرلـرى»، 22 - توم، خەنـزۇچـە نەشـرى، 263 — 280 - بەتلەرگە قارالسۇن). — 1014 - بەت.

243 لېنىن «سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاپتىكى ئىككى تاكتىكىسى» دېگەن كىتاپنى يېزىش جەريانـىدا بۇ ئەسكەرتىشنى يازغـان، لېـكىن بۇ ئەسكەرتـىشنى ئايرىم بىر قەغەزگە يېزىپ، "10 - باپقا قوشۇلىدۇ" دەپ ئەسكەرتىپ قويغان. لېكىن بۇ كىتاپنىڭ بىرىنچى نەشرىگە بۇ ئەسـكەرتىش كىرگۈزۈلمگەن، 1926 - يىلى «لېنىن ئەسەر-لىرى توپلىمى» رۇسچە نەشرىنىڭ 5 - تومىدا تۇنجى قېتىم بېسىلغان. — 1015 - بەت.

244 ئېنگېلسنىڭ «كەلگۈسىدىكى ئىتالىيە ئىنقىلاﯟى ﯞە سوتسىيالىستلار پارتىيە-سى» («ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 4 - توم، خەنـزۇچە نەشرى، 288 — 292 - بەتلەر)گە قارالسۇن.

ئېنگېلس بۇ ماقالىنى ئىتالىيە ئەمگەكچى سوتسىيالىستلار پارتىيىسى-نىڭ رەھبىرى كۇلىشوﯞا بىلەن تۇراتىـنىڭ ئىلتىماسى بويىـچە يازغان، كۇلىشوﯞا بىلەن تۇراتـى 1894 - يىل 1 - ئايـنىڭ 19 - كۈنى ئېنـگېلسقا يازغان خېتىدە، ئېنگېلستىن شۇ چاغدىـكى ئىتالىـيىدە تەييارلـىنىۋاتقان ئىنقىلاپ كىرىزىسى توغرىسىدا پارتىيىـنىڭ تاكـتىكا مەسىلىسـىنى بايان قىلىپ بېرىشنى ئىلتىـماس قىلـغان. بۇ ماقالا 1894 - يىل 2 - ئايـنىڭ 1 - كۈنى ئېنـگېلسـنىڭ تۇراتىـغا يازغان خېـتى شەكـلىدە «ئىجـتىمائى ئوبزور» ژورنىلىنىڭ 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان، تەھـرىر بولۇمى بۇنىڭغا «كەلگۈسىدىكى ئىتالىيە ئىنقىلاﯞى ﯞە سوتسىيالىستـلار پارتىيىـسى» دەپ ماﯞزۇ قوشقان. — 1015 - بەت.

245 «پۇرولېتارلار» گېزىتىنىڭ 3 - سانىدا لېنىنـنىڭ «ﯞاقىتـلىق ئىنقـىلاﯞى ھوكۇمەت ھەققىدە» (2 - ماقالا) دېگەن ماقالىسى ئېلان قىلىنغان («لېنىن ئەسەرلىرى»، 8 - توم، خەنزۇچە نەشـرى، 430—449 - بەتلەرگە قارال-سۇن)، لېنىن بۇ ماقالىدا ئېنگېلسنىڭ «ھەركەتتىكى باكۇنىنچىلار. 1873 - يىلى يازدىكى ئىسپانىيە قوزغىلىڭى توغرىسىدا خاتىرىلەر» («ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 - توم، ئۇيغۇرچە يېڭى يېزىق نەشرى

948—978-بەتلەرگە قارالسۇن) دىگەن ئەسەرىنى نەقىل كەلتۈرگەن. ئېنگېلس بۇ ماقالىسىدا باكۇنىنچىلارنىڭ قارارىنى تەنقىت قىلغان. —1026-بەت.

246 ماركسنىڭ «(گېگېلنىڭ قانۇن پەلسەپىسىگە تەنقىت)گە مۇقەددىمە» («ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 15-بەت) دىگەن ئەسىرىگە قارالسۇن. — 1030-بەت.

247 «ئىنسانپەرۋەرلىك» گېزىتى («L'Humanité») — فرانسىيە سوتسىيالىستلار پارتىيىسىنىڭ ئورگان گېزىتى بولۇپ، ر.ژورېس تەرىپىدىن 1904-يىلى چىقىرىلغان. 1-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، بۇ گېزىت فرانسىيە سوتسىيالىستلار پارتىيىسىنىڭ ئوچىغا چىققان ئوڭ قاناتلىرىنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، سوتسىيال شوۋىنىزىملىق مەيدانىدا تۇرغان. سوتسىيالىستلار پارتىيىسىنىڭ 1920—يىلى 12-ئايدىكى قۇرۇلتىيىدا بولۇنۇش يۈز بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەي، فرانسىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغان. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ گېزىت فرانسىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئورگان گېزىتى بولۇپ قالغان. — 1033-بەت.

248 لۇئى ئۇگېن ۋارلىن — فرانسىيە ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ ۋە 1-ئىنتېرناتسونالنىڭ مەشھۇر پائالىيەتچىسى، تۈپلەش ئىشچىسى. مىللى قوغدىنىش ئارمىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋە 1871-يىلدىكى پارىژ كوممۇنىسىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1871-يىل 5-ئاينىڭ 28-كۈنى ۋېرسال ئەكسىلئىنقىلاپچىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. — 1048-بەت.

249 بۇ يەردە مېنشېۋىكلەرنىڭ 1905-يىلدىكى ۋەكىللەر يىغىنىدا ماقۇللانغان تەشكىلىي نىزامنامە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. لېنىن «چېكىنىشنىڭ ئۈچىنچى قەدىمى» ۋە «ئىشچىلارنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى بولۇنۇش ھەققىدە ئېيتقانلىرى» دىگەن كىتاپچىسى سوز بېشى» («لېنىن ئەسەرلىرى»، 8-توم، خەنزۇچە نەشرى، 511—520-بەتلەرگە ۋە 9-توم، خەنزۇچە نەشرى، 149—154-بەتلەرگە قارالسۇن) دىگەن ئەسەرلىرىدە بۇ نىزامنامىنى تەنقىت قىلغان ئىدى. — 1051-بەت.

250 بوناپارتچىلىق — چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ زورلۇقتا ۋە ئالدامچىلىققا تايىنىپ ھوكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشىنىڭ بىر خىل شەكلى بولۇپ، ئۇ 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىدىن كېيىن بوناپارت ناپولېون ھوكۈم سۈرگەن دەۋردە پەيدا بولغان، ناپولېون III ھوكۈم-

رانلىق قىلغان دەۋردە تېخىمۇ ئەۋج ئالغان. لېنىن مۇنداق دىگەن ئىدى: "بوناپارتچىلىق — پادىشالىق ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئىشەنچلىك تاياانچىسى بولغان ئۇرۇقداشلىق ياكى فېوداللىقتىن ئايرىلغاندىن كېيىن زامانىنىڭ رايىغا بېقىپ قوللانغان ۋاستە، بۇنداق پادىشالىق يىقىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن جېنىنىڭ بېرىچە تەكپۇكلۇقنى ساقلاشقا، ھوكۇم سۈرۈش ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە خوشامەتكويلۇق قىلىشقا، خەقنىڭ كوڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن پارا بېرىشكە، جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن پەقەت نەيزىگىلا تايىنىۋالماي، جەمىيەت چۇپرەندىلىرى بىلەن، ئاشكارا يانچۇقچىلار ۋە ئالدامچىلار بىلەنمۇ دوست بولۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ" («لېنىن ئەسەرلىرى»، 15 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 245 - بەتكە قارالسۇن). بوناپارتچە ھوكۇمرانلىق ئۇسۇلى — ھەرقايسى ئەللەردىكى بۇرژۇئازىيە ئادەتلىنىپ قالغان ھوكۇمرانلىق ئۇسۇلى. شۇنداقلا ئەكسىلئىنقىلاۋىي ھوكۇمرانلىقنىڭ مۇئەييەن باسقۇچتىكى ئاساسىي شەكلىدۇر. — 1051 - بەت.

251 ماركسنىڭ «1848 - يىلدىن 1850 - يىلغىچە فرانسىيىدە بولغان سىنىپىي كۈرەش» («ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 - توم، ئۇيغۇرچە نەشرى 809 - بەتكە قارالسۇن). — 1055 - بەت.

252 «تاڭ نۇرى» گېزىتى («Рассвет») — لىبېراللارنىڭ قانۇنلۇق گېزىتى بولۇپ، 1905 - يىل 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنىگىچە پېتېربۇرگدا چىقىرىلغان. — 1066 - بەت.

253 ئېنگېلسنىڭ «ھەركەتتىكى باكۇنىنچىلار. 1873 - يىلى يازدىكى ئىسپانىيە قوزغىلىڭى توغرىسىدا خاتىرىلەر» («ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 - توم، 948 — 978 - بەتلەرگە قارالسۇن)نىڭ رۇسچە تەرجىمىسى لېنىننىڭ تەھرىرلىگىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، 1905 - يىلى روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن جەنۋەدە كىتاپچە قىلىپ بېسىلغان، 1906 - يىلى پېتېربۇرگدا كوپەيتىپ بېسىلغان.

ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ «مەركىزىي كومىتېتنىڭ كوممۇنىزىمچىلار ئىتتىپاقىغا مۇراجىتى» («ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 - توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 645—665 - بەتلەرگە قارالسۇن) دىگەن

ئەسىرى 1850 ـ يىلى 3 ـ ئايدا يېزىلغان، 1906 ـ يىلى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ماركسنىڭ پېتېربۇرگدىكى «بولقا» نەشرىياتى نەشر قىلغان «كېيۇلىندىكى كوممۇنىستلار ئەنزىسىنى ئاشكارىلاش» دېگەن كىتاپچىسىغا قوشۇمچە قىلىپ كىرگۈزۈلگەن. — 1070 ـ بەت.

254 بۇ جۈملىدىن "بىز ئازاتچىلارنىڭ..... كورسىتىپ ئوتكەن ئىدۇق" دېگەن يەرگىچە بولغان ئابزاسلار (مۇشۇ تومنىڭ 1079 — 1082 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن) «سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاپتىكى ئىككى تاكتىكىسى» دېگەن كىتاپنىڭ بىرىنچى نەشرىگە كىرگۈزۈلمىگەن. 1940 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى «ھەقىقەت» گېزىتىنىڭ 112 ـ سانىدا تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىنغان. — 1078 ـ بەت.

255 بۇ يەردە 1848 ـ يىلدىكى فرانسىيە فېۋرال ئىنقىلاۋى كوزدە تۇتۇلىدۇ. 1848 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى فرانسىيە خەلقى فرانسىيە لۇئى فىلىپپ خاندانلىقىنى ئاغدۇرغان. — 1079 ـ بەت.

256 «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 ـ توم، ئۇيغۇرچە يېڭى يېزىق نەشرى، 548 — 744 ـ بەتلەرگە قارالسۇن. — 1079 ـ بەت.

257 ماركسنىڭ «كىرىزىس ۋە ئەكسلئىنقىلاپ» («ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 ـ توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 524 ـ بەت) دېگەن كىتاۋىغا قارالسۇن. — 1085 ـ بەت.

258 «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 5 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 45 ـ بەتكە قارالسۇن. — 1086 ـ بەت.

259 يۇقۇرىدىكى كىتاپ، 46 ـ بەتكە قارالسۇن. — 1087 ـ بەت.

260 يۇقۇرىدىكى كىتاپ، 14 ـ بەتكە قارالسۇن. — 1088 ـ بەت.

261 1848 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى بېرلىن پرولېتارىياتى بىلەن ئىنقىلاۋي ئامما قوزغىلاڭ كوتىرىپ، پرۇسسىيە ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن كوچا ئىستىھكامى جېڭى قىلغان؛ پرۇسسىيە بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋى ئەنە شۇ كۈنى باشلانغان. — 1088 ـ بەت.

262 ئېنگېلسنىڭ «بېرلىندا ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلاپ توغرىسىدىكى بەس ـ مۇنازىرە» («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 5 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 72 — 73 ـ بەتلەر) دېگەن ئەسەرىگە قارالسۇن. — 1089 ـ بەت.

263 ماركسنىڭ «فېوداللىق مەجبۇرىيەتنى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى قانۇن لايىھەسى» («ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 5 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 331 - بەت) دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن. — 1092 - بەت.

264 بۇ يەردە «كېۋلىن ئىشچىلار بىرلەشمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى» («Zeitung des Arbeiter-Vereins zu Köln») كوزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ گېزىت 1848 - يىل 4 - ئايدىن 10 - ئايغىچە جەمى 40 سان چىققان. كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى ئا.گوتشالك بىلەن ي.مول ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بۇ گېزىتكە تەھرىر بولغان. بۇ گېزىت كېۋلىن ئىشچىلار بىرلەشمىسى ۋە رېيىن ئۆلكىسىدىكى باشقا ئىشچىلار بىرلەشمىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى تونۇشتۇرغان. بۇ گېزىت توختىغاندىن كېيىن، كېۋلىن ئىشچىلار بىرلەشمىسى 1848 - يىل 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن ئېتىبارەن «ئەركىنلىك، مېھرىۋانلىق، ئەمگەك» دېگەن نام بىلەن يېڭى ئورگان گېزىتى چىقارغان، بۇ گېزىت ۋ. پرىنتس تەھرىرلىگىدە ھەپتىدە 2 قېتىم چىقىپ تۇرغان. ئۇ مۇشۇ نام بىلەن 1849 - يىل 6 - ئايغىچە چىقىپ تۇرغان، جەمى 32 سان چىققان. — 1094 - بەت.

265 1849 - يىل 5 - ئاينىڭ 3 - ، 8 - كۈنلىرى درېسدىندا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن. بۇنىڭغا ساكسونىيە پادىشاسى ئىمپېرىيە ئاساسىي قانۇنىنى ئېتىراپ قىلماي، ئەشەددىي ئەكسىيەتچى چىنىسكىنى باش ۋەزىرلىككە تەيىنلىگەنلىگى سەۋەپ بولغان. بۇرژۇئازىيە بىلەن ئۇششاق بۇرژۇئازىيە كۈرەشكە ئانچە قاتناشمىغان، ئىشچىلار بىلەن قول ھۈنەرۋەنلەر كوچا ئىستىھكامى جېڭىدە ئاساسىي رول ئوينىغان. قوزغىلاڭ ھۆكۈمەت ئارمىيىسى ۋە ساكسونىيىگە كەلگەن پرۇسسىيە ئارمىيىسى تەرىپىدىن باستۇرۇلغان. درېسدىن قوزغىلىڭى ئىمپېرىيە ئاساسىي قانۇنىنى قوغداش يولىدىكى كۈرەش ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەرگەن. بۇ كۈرەش 1849 - يىل 5 — 7 - ئايلاردا گېرمانىيىنىڭ جەنۇبى ۋە غەربىي قىسمىدا يۈز بېرىپ، دېموكراتىك كۈچلەرنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاياقلاشقان. — 1089 - بەت.

266 «يولداشلار» گېزىتى («Товарищ») — 1906 - يىل 3 - ئايدىن 1908 - يىل 1 - ئايغىچە پېتېربۇرگدا چىقىرىلغان، ئۇ كورۇنۇشتە ھېچقايسى پارتىيىگە خاس ئەمەستەك تۇرغىنى بىلەن، ئەمىلىيەتتە سولچى كادېتلار -

نىڭ ئورگان گېزىتى ئىدى. بۇ گېزىتنىڭ خىزمىتىگە مېنشېۋىكلەرمۇ قاتناشقان. — 1099 — ، 1257 — ، 1131 — بەتلەر.

267 ئې. ي. رېنان فرانسىيىلىك دىن تارىخچىسى، ئىدىيالىست پەيلاسوپ، خىرىستىيان دىنىنىڭ دەسلەپكى تارىخىغا ئائىت ئەسىرى بىلەن داڭ چىقارغان. — 1099 — بەت.

268 ئېنگېلسنىڭ «كوممۇنىزىمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ تارىخى توغرىسىدا» («ماركس — ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 4 — توم، خەنزۇچە نەشرى، 200 — 201 — بەتلەر) دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن. — 1099 — بەت.

269 خلېستاكوۋ — گوگولنىڭ «رېۋىزور» ناملىق كومېدىيىسىنىڭ باش قەھرى-مانى، ئۇستا ئالدامچى. كېيىن ئۇنىڭ ئېتى يالغانچى ۋە پوچى دېگەن سوزلەرنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ قالغان. — 1100 — بەت.

270 «ئالغا» گېزىتى («Вперёд») — بولشېۋىكلەرنىڭ مەخپى گېزىتى بولۇپ، 1905 — يىل 1 — ئاينىڭ 4 — كۈنىدىن 5 — ئاينىڭ 18 — كۈنىگىچە جەنۋەدە چىقىپ تۇرغان، جەمى 18 سان چىققان. لېنىن بۇ گېزىتنىڭ تەشكىلات-چىسى، ئىدىيىۋى ئىلھامچىسى ۋە يېتەكچىسى ئىدى. ۋ. ۋ. ۋورووۋسكى، م. س. ئولمىنسكى ۋە ئا. ۋ. لۇناچارسكىلارمۇ تەھرىر بولۇمىنىڭ ئەزاسى بولغان.

روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ 3 — قۇرۇل-تىيى مەخسۇس قارار ماقۇللاپ، «ئالغا» گېزىتى مېنشېۋىزىمغا قارشى تۇرۇش، پارتىيىۋىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كۈرىشى داۋامىدا، ئىنقى-لاۋىي ھەركەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تاكتىكا مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە شەرھلەش جەھەتتە ئاجايىپ رول ئوينىدى، دەپ كورسەت-كەن. — 1101 — ، 1320 — بەتلەر.

271 1905 — يىل 8 — ئاينىڭ 2 — كۈنى «پرولېتارلار» گېزىتىنىڭ 10 — سانىغا روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ ساراتوۋ كومىتېتى (ئۇ كېلىشتۈرمىچىلىك يولىنى تۇتقان) پارتىيىنىڭ 3 — قۇرۇلتىيى ۋە مېنشېۋىكلەر ۋەكىللەر يىغىنى توغرىسىدىكى يەكۈزمىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ماقۇللىغان قارار بېسىلغان. «پرولېتارلار» گېزىتى بۇ قارارنى ئېلان قىلغاندا، ئۇنىڭغا لېنىن يازغان خاتىمىنى قوشۇپ باسقان («لېنىن ئەسەرلىرى»، 16 — توم، رۇسچە نەشرى، 130 — بەتكە قارالسۇن). —

1102 ـ بەت.

272 1905 ـ يىل 10 ـ ئايدىكى پۈتۈن روسىيەدىكى سىياسىي ئىش تاشلاش كوزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ قېتىمقى ئىش تاشلاش 1905 — 1907 ـ يىللاردىكى بىرىنچى قېتىملىق روسىيە ئىنقىلاۋىدىكى ئاساسلىق ۋەقەلەرنىڭ بىرى بولدى، بۇ ۋەقە پرولېتارىيات ھەركىتىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى نامايەن قىلدى. ئىش تاشلاش ئاۋال موسكۋا ـ قازان تۆمۈريولىدا باشلىنىپ، تېز ئارىدا ئۇلغىيىپ پۈتۈن روسىيەدىكى زور ئىش تاشلاشقا ئايلاندى. ئىش تاشلاشقا قاتناشقانلارنىڭ سانى 2 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى. ئۆكتەبىردىكى ئىش تاشلاشنىڭ شوئارى مۇستەبىت تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، بۇلغىن دۇماسىنى پائال چەكلەش، ئاساسىي قانۇن چىقىرىش يىغىنىنى چاقىرىش ۋە دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇش بولدى. ئۆكتەبىردىكى سىياسىي ئىش تاشلاش بورىنى بۇلگىن دۇماسىنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، پرولېتارىياتنى دېكابىر قوراللىق قوزغىلىڭىنى كوتىرىشكە يېتەكلىدى. ئۆكتەبىر ئىش تاشلىشى توغرىسىدا لېنىننىڭ «پۈتۈن روسىيەدىكى سىياسىي ئىش تاشلاش» («لېنىن ئەسەرلىرى»، 9 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 377 — 380 ـ بەتلەر) دېگەن ماقالىسىغا قارالسۇن. — 1130 ـ ، 1151 ـ بەتلەر.

273 «ئىشچىلار ۋەكىللىرى سوۋېتى خەۋىرى» گېزىتى («Известия» «Совета Рабочих Депутатов») — پېتېربۇرگ ئىشچىلار ۋەكىللىرى سوۋېتىنىڭ رەسمىي ئورگان گېزىتى بولۇپ، 1905 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىگىچە ئاخبارات تەرىقىسىدە چىقىرىلىپ سوۋېت ھەركىتىنىڭ ئەھۋالىنى خەۋەر قىلىپ تۇرغان. بۇ گېزىتنىڭ تۇراقلىق تەھرىر بولۇمى يوق ئىدى. بۇ گېزىت جەمئىي 10 سان چىققان، 11 ـ سانى بېسىلىۋاتقان چاغدا ساقچىلار تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنغان. — 1130 ـ بەت.

274 كرونشتاتتىكى دېڭىز، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ئەسكەرلىرىنىڭ قوزغىلىڭى 1905 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى (مىلادى 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى) باشلانغان. قوزغىلاڭچىلار تۆۋەندىكى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان: ئومۇمىي سايلام ئاساسىدا ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭىشى چاقىرىپ، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىش، سۆز، يىغىن ئۆتكۈزۈش

ۋە تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش ئەركىنلىكىنى يولغا قويۇش، دېگەن. قۇرۇق-
لۇق ئارمىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش. كرونشتات قوزغى-
لىڭى 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى (مىلادى 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى) باستۇ-
رۇلغان. — 1139 - بەت.

275 «رۇس» گېزىتى («Русь») — لىبېرال بۇرژۇئازىيىنىڭ كۈندىلىك
گېزىتى بولۇپ، 1903 - يىل 12 - ئايدىن 1908 - يىل 6 - ئايغىچە پېتېر-
بۇرگدا قەرەلسىز چىقىپ تۇرغان ۋە «رۇس» گېزىتى، «ئوبزور» گېزىتى،
«20 - ئەسىر» گېزىتى دېگەن نامىلارنى قوللانغان. — 1139 - بەت.

276 چار پادىشا نىكولاي I نىڭ 1849 - يىلى ئەسكەر چىقىرىپ ۋېنگىرىيە
ئىنقىلاۋىنى باستۇرغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. — 1140 - بەت.

277 قەدىمقى رىملىقلار ھەر ئاينىڭ 1 - كۈنىنى ئاي بېشى دەپ ئاتىغان.
گرېكلاردا بۇنداق ئاتاش يوق. ئىشنى گرېك كالېندارىغىچە سورەش
دېگەن سوز مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشماسلىق، مەڭگۈ نەتىجە بەرمەسلىك
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. — 1151 - بەت.

278 «بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز» گېزىتى توغرىسىدا 231 - ئىزاھقا قارالسۇن. —
1153 - بەت.

279 رادىكال دېموكراتلار — 1905 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1906 - يىلىنىڭ
بېشىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئۇششاق بۇرژۇئازىيە تەشكىلاتى
بولۇپ، ئۇ كادېتلار بىلەن مېنشېۋىكلەر ئوتتۇرىسىدا بىتەرەپ يول تۇتقان.
رادىكال دېموكراتلار دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلسىمۇ، لېكىن پارلامېنت مەسئۇللۇغىدىكى ئىچكى
كابېنت مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان شارائىتتا، پادىشالىق ئاساسىي قانۇنلۇق
تۈزۈمگە يول قويغان؛ يەر مەسىلىسىدە خۇسۇسىي يەرلەرنى ئەڭ تۆۋەن
ھەق بىلەن سېتىۋېلىپ ئىشلىتىشنى قۇۋۋەتلىگەن. رادىكال دېموكرات-
لارنىڭ تەشكىلاتى ناھايىتى تېزلا تارقىلىپ كەتكەن، بۇ تەشكىلاتنىڭ
ئەزالىرى يېرىم كادېتلارنىڭ «ماۋزۇسىز» ناملىق ئورگان ژورنىلىغا ۋە
«يولداشلار» گېزىتىگە قاتناشقان. — 1153 - بەت.

280 جەڭگىۋار ئەترەتلەر بىرلەشمىسى — روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك
ئىشچىلار پارتىيىسى موسكۋا كومىتېتىنىڭ جەڭگىۋار ئەترىتىنىڭ،
سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى موسكۋا گۇرۇپپىسىنىڭ، سوتسىيال

ئىنقىلاپچىلار پارتىيىسى موسكۋا كومىتېتىنىڭ ۋە "ئەركىن رايونلار جەڭگىۋار ئەترىدى"، "داشۆبلەر جەڭگىۋار ئەترىدى"، "مەتبەئەچىلەر جەڭگىۋار ئەترىدى"، "كاۋكاز جەڭگىۋار ئەترىدى" دەپ ئاتالغانلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەركىپ تاپقان. — 1159 - بەت.

281 ماركس. «1848 - يىلدىن 1850 - يىلغىچە فرانسىيىدە بولغان سىنىپىي كۈرەش» («ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 - توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 666 - بەت) كە قاراڭسۇن. — 1160 - بەت.

282 ف.ۋ.دۇباسوۋ — روسىيە دېڭىز ئارمىيىسى شاڭجياڭى، 1905 - يىل 11 - ئايدا موسكۋادا ئۇلكە باشلىغى بولغان ۋە 1905 - يىلى موسكۋادا كوتىرىلگەن دېكابىر قوراللىق قوزغىلىڭىنى دەھشەتلىك باستۇرغان. — 1160 - ، 1253 - بەتلەر.

283 ن. ن. مالاخوۋ — روسىيە جياڭجۈنى، 1905 - يىل 2 - ئايدىن 1906 - يىل 1 - ئايغىچە موسكۋا ھەربى رايونىغا قوماندان بولغان ۋە 1905 - يىلى موسكۋادا كوتىرىلگەن دېكابىر قوراللىق قوزغىلىڭىنى دەھشەتلىك باستۇرغان. — 1164 - بەت.

284 ئېنگېلس. «گېرمانىيىدىكى ئىنقىلاپ ۋە ئەكسىلئىنقىلاپ» («ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 - توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1001—1002 - بەتلەر) قاراڭسۇن. «گېرمانىيىدىكى ئىنقىلاپ ۋە ئەكسىلئىنقىلاپ» — بىر يۈرۈش ماقالا بولۇپ، 1851 - يىل 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 1852 - يىل 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنىگىچە «نيۇ - يورك كۈندىلىك مۇنبىرى» گېزىتىدە. ماركسنىڭ نامىدا ئېلان قىلىنىپ تۇرغان؛ 1913 - يىلى ماركس بىلەن ئېنگېلس يېزىشقان خەت - چەكلەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنلا، ئاندىن بۇ ئەسەرنى ئېنگېلسنىڭ يازغانلىقى مەلۇم بولغان. — 1166 - بەت.

285 ئېنگېلس بۇ ئۇقتىسنەزەرنى نۇرغۇن ئەسەرلىرىدە، بولۇپمۇ «دېيۇرىڭغا قارشى» دىگەن ئەسىرىدە كەينى - كەينىدىن راۋاجلاندۇرغان. — 1166 - بەت.

286 ئېنگېلس ماركسنىڭ «1848 - يىلدىن 1850 - يىلغىچە فرانسىيىدە بولغان سىنىپىي كۈرەش» دىگەن كىتاۋىغا يازغان مۇقەددىمە («ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 22 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 591 — 612 - بەتلەر) كوزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ مۇقەددىمە 1895 - يىلى ئېلان قىلىنغاندا،

گېرمانيه سوتسيال دېموكراتلىرى بۆرمىلىغان. ئۇلار بۇ مۇۋەپپەقىيەتنى قوراللىق كۆرەشنى ۋە كوچا ئىستىھكاملىرى كۆرەشنى رەت قىلدۇ، دەپ چۈشەندۈرگەن.

لېنىن «روسيه ئىنقىلاۋى ۋە پرولېتارىياتنىڭ ۋەزىپىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە بۇ مەسىلە ئۈستىدە تەپسىلى توختالغان («لېنىن ئەسەرلىرى»، 10 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 119 — 120 - بەتلەرگە قاراڭسۇن). — 1167 - بەت.

287 1905 - يىل 12 - ئايدا لاتۋىيىدە يۈز بەرگەن ۋەقە كوزدە تۇتۇلدۇ، شۇ چاغدا لاتۋىيىدىكى نۇرغۇن شەھەرلەرنى، مەسىلەن، تۇكۇم، تالسى، رۇئېنى، ۋوردىرېشتات قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىنى قوزغىلاڭ كوتەرگەن ئىشچىلار، ياللانما دېخانلار ۋە دېخانلار ئاممىسىنىڭ قوراللىق قوشۇنى ئىشغال قىلغان ھەمدە چار پادىشا ئارمىيىسىگە قارشى پارتىزان ئۇرۇشى ئېلىپ بارغان. — 1168 - بەت.

288 سۋېابورگ ۋە كرونشتات قوزغىلاڭلىرى كوزدە تۇتۇلدۇ.

سۋېابورگ قوزغىلىڭى 1906 - يىل 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى (مىلادىنىڭ 30 - كۈنى) ئىستىخىيىلىك ھالدا پارتلىغان بولۇپ، كېيىن روسيه سوتسيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ ھەربى تەشكىلاتىدىكى پارتىيه ئەزالىرىدىن ئا. ئېمېلىيانوۋ ۋە ي. كوخانسكى رەھبەرلىك قىلغان. پېتېربۇرگ پارتكومى سۋېابورگدىكى ئەھۋالدىن ۋە قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلىشى مۇمكىنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، سۋېابورگقا دەرھال ۋەكىللەر ئۇمىگى ئەۋەتىش توغرىسىدا لېنىن تەييارلىغان قارار («لېنىن ئەسەرلىرى»، 11 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 114 - بەتكە قاراڭسۇن)نى ماقۇللىغان. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ 3 كۈن داۋام قىلغان. 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى (مىلادى 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى) بالتىق دېڭىز ھەربى كېمىلىرىنىڭ توپقا تۇتۇشى ئارقىسىدا، قوزغىلاڭ باستۇرۇلغان.

كرونشتات قوزغىلىڭى — 1906 - يىل 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى (مىلادى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى) سۋېابورگ قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا پارتلىغان. بۇ قوزغىلاڭمۇ 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى (مىلادى 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى) باستۇرۇلغان. — 1169 - بەت.

289 «پارتىيه خەۋىرى» («Партийные Известия») — روسيه سوتسيال

دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى بىرلەشكەن مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
ئورگان گېزىتى بولۇپ، پارتىيىنىڭ 4 - (بىرلەشكەن) قۇرۇلتىيى چاقى-
رىلىش هارپىسىدا پېتېربۇرگدا مەخپىي چىقىرىلغان، جەمى ئىككى سان —
1906 - يىل 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى بىر سان ۋە 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى بىر
سان چىققان، «پارتىيە خەۋىرى»نىڭ تەھرىر بولۇمى تەڭلىك پىرىنسىپى
بويىچە بولشېۋىكلەرنىڭ «پرولېتارلار» گېزىتى تەھرىر ھەيئىتى بىلەن
مېنشېۋىكلەرنىڭ يېڭى «ئۇچقۇن» گېزىتى تەھرىر ھەيئىتىدىن تەركىپ
تاپقان. تەھرىر بولۇمىگە بولشېۋىكلەرنىڭ ۋەكىللىرىدىن لېنىن، لۇنا-
چارسكىي قاتارلىقلار قاتناشقان.

«پارتىيە خەۋىرى»گە لېنىننىڭ «روسىيىنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى ۋە
ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ تاكتىكىسى» ۋە «روسىيە ئىنقىلاۋى ۋە پرولېتا-
رىياتىنىڭ ۋەزىپىلىرى» دېگەن ئىككى پارچە ماقالىسى بولشېۋىك دېگەن
ئىمزا بىلەن بېسىلغان. «لېنىن ئەسەرلىرى»، 10 - توم، خەنزۇچە
نەشرى، 89 — 95 - ، 113 — 123 - بەتلەرگە قارالسۇن. «پارتىيە
خەۋىرى» قۇرۇلتايدىن كېيىن توختىغان. — 1186 - بەت.

290 لېنىن يازغان «روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ
بىرلەشكەن قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلادى توغرىسىدا (پېتېربۇرگ ئىشچىلىرىغا
خەت)» («لېنىن ئەسەرلىرى»، 10 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 286 —
351 - بەتلەر) كوزدە تۇتۇلىدۇ. — 1186 - بەت.

291 روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ 4-(بىرلەش-
كەن) قۇرۇلتىيى كوزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ قۇرۇلتاي 1906 - يىل 4 - ئاينىڭ
23 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە ستوكھولمدا ئۆتكۈزۈلگەن.

قۇرۇلتايغا 57 يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتىدىن ئاۋاز بېرىش هوقۇقىغا
ئىگە 112 ۋەكىل ھەمدە پىكىر بايان قىلىش هوقۇقىغا ئىگە 22 ۋەكىل
قاتناشقان. بۇلاردىن تاشقىرى، قۇرۇلتايغا يەنە ھەرقايسى مىللەتنىڭ
سوتسىيال دېموكراتىك پارتىيىلىرىدىن: پولشا بىلەن لىتۋا سوتسىيال
دېموكراتلار پارتىيىسىدىن بۇند بىلەن لاتۋىيە سوتسىيال دېموكراتىك
ئىشچىلار پارتىيىسىدىن 3 تىن ۋەكىل، ئۇكرائىنا سوتسىيال دېموكراتىك
ئىشچىلار پارتىيىسى بىلەن فىنلاندىيە ئىشچىلار پارتىيىسىدىن بىردىن
ۋەكىل قاتناشقان، بۇلغارىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيە-

سىنىڭ ۋەكىلىمۇ قاتناشقان. قۇرۇلتايغا بولشېۋىكلەردىن 46 ۋەكىل، مېنشېۋىكلەردىن 62 ۋەكىل قاتناشقان. قۇرۇلتايدا تۆۋەندىكى ئاساسىي مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىنغان: يەر مەسىلىسى، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ۋە پرولېتارىياتنىڭ سىنىپىي ۋەزىپىسى ئۈستىدىكى مولچەر، دولەت دۇماسىغا تۇتۇلىدىغان پوزىتسىيە، تەشكىلىي مەسىلە. مۇشۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىدە بولشېۋىكلەر بىلەن مېنشېۋىكلەر ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۆرەش بولغان. لېنىن قۇرۇلتايدا يەر مەسىلىسى، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت مەسىلىسى، دولەت دۇماسى سايلىمىغا قارىتىلىدىغان تاكتىكا مەسىلىسى ۋە قوراللىق قوزغىلاڭ قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە دوكلات بەرگەن ۋە سۆزگە چىققان.

مېنشېۋىكلەر قۇرۇلتايدا كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلغان، گەرچە سەل-پەل كۆپ سانلىق بولغان بولسىمۇ، ئەمما قۇرۇلتاي قارارىنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلىگەن: نۇرغۇن مەسىلىلەردە، قۇرۇلتاي مېنشېۋىكلەرنىڭ قارارى (يەر پروگراممىسى ھەمدە دولەت دۇماسىغا تۇتۇلىدىغان پوزىتسىيە توغرىسىدىكى قارار ۋاھاكازا)نى ماقۇللىغان. قۇرۇلتاي لېنىن ئوتتۇرىغا قويغان پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ 1-ماددىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ لاياقىتى دېگەن ماددىنى ماقۇللىغان. قۇرۇلتاي پولشا بىلەن لىتۋادىكى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى، لاتۋىيىدىكى سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى قاتارلىق بىرنەچچە مىللەتنىڭ سوتسىيال دېموكراتىك تەشكىلاتلىرىنى روسسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ تەركىۋىي قىسمى دەپ ئېتىراپ قىلغان ھەمدە بۇندنىڭ روسسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىگە كىرىش مەسىلىسىنى ئالدىنالا قارار قىلغان.

قۇرۇلتاي سايلىغان مەركىزىي كومىتېت 3 نەپەر بولشېۋىك ۋە 7 نەپەر مېنشېۋىكتىن تەشكىل تاپقان، مەركىزىي كومىتېت ئورگان گېزىتى تەھرىر بولۇمىنىڭ ئەزالىرى بولسا پۈتۈنلەي مېنشېۋىكلەردىن بولغان.

قۇرۇلتاينىڭ خىزمىتى ئۈستىدىكى تەھلىل توغرىسىدا، لېنىننىڭ «روسسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ بىرلەشكەن قۇرۇلتىيى توغرىسىدا دوكلات» («لېنىن ئەسەرلىرى»، 10-توم، خەنزۇچە نەشرى، 286 — 351-بەتلەر) قا ۋە ستالىننىڭ «ھازىرقى

ۋەزىيەت ۋە ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ بىرلەشكەن قوزغىلىشى». «ئاپتورنىڭ 1 ـ تومغا كىرىش سوزى» («ستالىن ئەسەرلىرى»، 1 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى. 231 ـــ 253 ـ بەتلەر ۋە 7 ـــ 10 ـ بەتلەرگە قاراالسۇن). ـــ 1187 ـ ، 1251 ـ ، 1292 ـ ، 1314 ـ بەتلەر.

292 ماركسنىڭ 1868 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ل. كۇگېلمانغا يازغان خېتى («ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 4 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 368 ـــ 370 ـ بەتلەرگە قاراالسۇن) كوزدە تۇتۇلىدۇ. ـــ 1191 ـ بەت.

293 ماركسنىڭ 1866 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ل. كۇگېلمانغا يازغان خېتى («ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 4 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 361 ـ بەت)گە قاراالسۇن. ـــ 1192 ـ بەت.

294 ماركسنىڭ 1868 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ل. كۇگېلمانغا يازغان خېتى («ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 4 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 365 ـــ 366 ـ بەتلەر)گە قاراالسۇن. ـــ 1192 ـ بەت.

295 ماركسنىڭ 1868 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ل. كۇگېلمانغا يازغان خېتى («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 32 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى)گە قاراالسۇن. ـــ 1193 ـ بەت.

296 «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 ـ توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 854 ـــ 1021 ـ بەتلەرگە قاراالسۇن. ـــ 1194 ـ بەت.

297 ماركس ۋە ئېنگېلس «خەلققا مۇراجىئەتنامە (3)» («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 7 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 513 ـــ 514 ـ بەتلەر) ۋە ماركس: «1848 ـ يىلدىن 1850 ـ يىلغىچە فرانسىيىدە بولغان سىنىپىي كۈرەش» («ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 ـ توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 666 ـ بەت)كە قاراالسۇن. ـــ 1194 ـ بەت.

298 ماركسنىڭ 1866 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ل. كۇگېلمانغا يازغان خېتى («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 31 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 518 ـ بەت)گە قاراالسۇن. ـــ 1194 ـ بەت.

299 ماركسنىڭ 1869 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ل. كۇگېلمانغا يازغان خېتى («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 32 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى)گە قاراالسۇن. ـــ 1195 ـ بەت.

300 سومبارتچىلىق — لىبېرال بۇرژۇئازىيىنىڭ بىر ئېقىمى، گېرمانىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ چاكىنا ئىقتىساتشۇناسى ۋ.سومبارتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. لېنىن، سومبارت "ماركسنىڭ ئاتالغۇلىرىدىن پايدىلىنىپ، ماركسنىڭ ئايرىم نۇقتىنەزەرلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق، برېنتانوچىلىقنى ماركسىزىم قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۇنى ماركسىزىمنىڭ ئورنىغا قويىدى" دەپ يازغان («لېنىن ئەسەرلىرى»، 10 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 231 - بەتكە قارالسۇن). — 1196 - بەت.

301 ماركسنىڭ 1870 - يىل 9 - ئاينىڭ 6 — 9 - كۈنلىرى يازغان «خەلقارا ئىشچىلار جەمىيىتى باش ھەيئىتىنىڭ پرۇسسىيە - فرانسىيە ئۇرۇشى توغرىسىدىكى ئىككىنچى خىتاپنامىسى» («ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 - توم، ئۇيغۇرچە يېڭى يېزىق نەشرى، 580 — 595 - بەتلەرگە قارالسۇن) كۆزدە تۇتۇلىدۇ. — 1197 - ، 1271 - بەتلەر.

302 شېدرىننىڭ ھەجۋى ھېكايىسى «ئاجايىپ زېرەك ئېلىس بېلىقى»غا قارالسۇن، بۇ ھېكايىدە تولىمۇ ئېھتىياتچان، ساختىپەز، كۆرەشتىن قاچىدىغان شەخسلەر زاڭلىق قىلىنىدۇ. — 1200 - بەت.

303 ماركسنىڭ 1871 - يىل 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ل. كۇگېلمانغا يازغان خېتى («ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 4 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 395 - بەت)گە قارالسۇن. — 1201 - بەت.

304 ماركسنىڭ «فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش» («ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 - توم، ئۇيغۇرچە يېڭى يېزىق نەشرى، 548 — 684 - بەتلەر) دىگەن ئەسىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. — 1201 - بەت.

305 «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 4 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 393 - بەتكە قارالسۇن. — 1202 - بەت.

306 ماركسنىڭ 1871 - يىل 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ل. كۇگېلمانغا يازغان خېتى («ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 4 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 394 - بەت)گە قارالسۇن. — 1203 - بەت.

307 «ھازىرقى تۇرمۇش» («Современная Жизнь») — مېنشېۋىكلەرنىڭ ژورنىلى، 1906 - يىل 4 - ئايدىن 1907 - يىل 3 - ئايغىچە موسكۋادا چىقىپ تۇرغان.

«ئوبزور» — 1906 - ۋە 1907 - يىللىرى پېتېربۇرگدا چىققان مېنشې-

ۋىكلەرنىڭ توپلىمى، جەمى 3 كىتاپ چىققان. — 1205 - بەت.

308 سوتسىيال دېموكراتىك ئىتتىپاق — ئەنگلىيىدە 1884 - يىل 8 - ئايدا قۇرۇلغان سوتسىيالىستىك تەشكىلات. بۇ تەشكىلات تۈرلۈك سوتسىيالىزمچىلار، ئاساسلىغى زىيالىلار ئارىسىدىكى سوتسىيالىزمچىلار بىلەن بىرلەشكەن. ئىتتىپاقنىڭ رەھبەرلىگىنى ئاغمىچىلىق ۋە مەزھەپچىلىك سىياسەت يۈرگۈزگەن ھايىزمان باشچىلىغىدىكى ئىسلاھاتچىلار ئىلىكىگە ئېلىۋالغان. ئىتتىپاققا قاتناشقان بىر توپ ئىنقىلاۋىي ماركسىزىمچىلار (ئې. ماركس - ئەۋېلىڭ، ئېدۋارد. ئەۋېلىڭ، توم. مان قاتارلىقلار) ھايندمان لۇشيەنىنىڭ ئەكسىچە، ئامموۋى خاراكتېرلىق ئىشچىلار ھەرىكىتى بىلەن زىچ ئالاقە ئورنىتىش يولىدا كۈرەش ئېلىپ باردى. 1884 - يىلى كۈزدە ئىتتىپاق بۆلۈنۈپ، سول قاناتلار مۇستەقىل تەشكىلات — سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقنى قۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاغمىچىلارنىڭ سوتسىيال دېموكراتىك ئىتتىپاقتىكى تەسىرى كۈچەيدى. بىراق ئاممىنىڭ ئىنقىلاۋىي كەيپىياتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، ئىتتىپاقنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئاغمىچىلارنىڭ رەھبەرلىگىگە نارازى بولغان ئىنقىلاپچىلار توختىماي چىقىپ تۇردى. 1907 - يىلى ئىشچىلار ھەرىكىتى يۇقۇرى ئورلىگەن شارائىتتا، ئىتتىپاق سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى بولۇپ قايتا قۇرۇلدى. 1911 - يىلى يەنە مۇستەقىل ئىشچىلار پارتىيىسى ئىچىدىكى سولچىلار بىلەن بىرلىشىپ ئەنگلىيە سوتسىيالىستلار پارتىيىسى دەپ ئاتالدى. — 1207 - ، 1294 - بەتلەر.

309 ئېنگېلسنىڭ 1886 - يىل 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ف. ئا. سورگېغا يازغان خېتى («ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 4 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 456 - بەت) كە قارالسۇن. — 1207 - بەت.

310 «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 4 - توم، خەنزۇچە نەشرى. 460 — 461 - بەتلەرگە قارالسۇن. — 1207 - بەت.

311 "ئىشچىلار قۇرۇلتىيى" چاقىرىش دېگەن بۇ تەشەببۇسنى ئاكسېلرود ئوتتۇرىغا قويغان، بۇ باشقا مېنشېۋىكلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن، بۇنىڭدا روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ ئورنىغا سوتسىيال دېموكراتلار، سوتسىيال ئىنقىلاپچىلار ۋە ھوكۇمەتسىزلەر قاتناشقان "كەڭ كولەملىك ئىشچىلار پارتىيىسى" قۇرۇش مەقسەت قىلىنغان ئىدى.

روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ 5 - قۇرۇلتىيى (لوندون قۇرۇلتىيى) مېنشېۋىكلەرنىڭ بۇ تەشەببۇسىنى قەتئىي ئەيىپلەپ، بۇ تەشەببۇس پرولېتارىياتنىڭ ئېڭىنى ئوستۇرۇشكە زىيان يەتكۈزىدۇ دەپ كورسەتتى.

"ئىشچىلار قۇرۇلتىيى" ئۈستىدىكى تەنقىت توغرىسىدا «لېنىن ئەسەرلىرى»، 11 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 229 — 239، 324 — 347 - بەتلەر ۋە 12 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 300 — 303، 304 — 317 - بەتلەرگە قارالسۇن. — 1208 - ، 1325 - بەتلەر.

312 «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 4 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 458 — 459 - بەتلەر. — 1208 - بەت.

313 «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 35 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 191 - بەتكە قارالسۇن. — 1209 - بەت.

314 «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 4 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 457 - بەتكە قارالسۇن. — 1209 - بەت.

315 "ئەمگەك رىتسارلىرى" — "ئەمگەك رىتسارلىرى تۇەنى"نىڭ قىسقارتىلىپ ئاتىلىشى، 1869 - يىلى فىلادېلفىيىدە قۇرۇلغان ئامېرىكا ئىشچىلىرى تەشكىلاتى بولۇپ، 1878 - يىلدىن بۇرۇن مەخپىي تۈس ئالغان تەشكىلات ئىدى. ئەمگەك رىتسارلىرى تۇەنى ئاساسلىغى مەلىكىسىز ئىشچىلارنى، جۈملىدىن كوپلىگەن نېگىرلارنى بىرلەشتۈردى، ئۇنىڭ مەقسىدى — كوپېراتىپ ۋە ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش ھەمدە ئىشچىلارنىڭ ئۇرغۇن قوزغىلىشلىرىغا قاتنىشىش ئىدى. بىراق رىتسارلار تۇەنىنىڭ رەھبەرلىرى ئەمەلىيەتتە ئىشچىلارنىڭ سىياسى كۈرەشكە قاتنىشىشىنى رەت قىلىپ، سىنىپىي ھەمكارلىقنى قۇۋۋەتلىدى؛ 1886 - يىلى رىتسارلار تۇەنىنىڭ رەھبەرلىرى مەملىكەت خاراكتېرلىق ئىش تاشلاشقا قارشى تۇرۇپ، ئوز ئەزالىرىنى ئىش تاشلاشقا قاتناشتۇرمىدى. شۇنداقتىمۇ، رىتسارلار تۇەنىنىڭ ئادەتتىكى ئەزالىرى ئىش تاشلاشقا قاتنىشىۋەردى. شۇنىڭدىن كېيىن، رىتسارلار تۇەنى ئوزىنىڭ ئىشچىلار ئاممىسى ئارىسىدىكى تەسىرىدىن مەھرۇم بولۇپ، 90 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە پۈتۈنلەي پارچىلاندى. — 1209 - بەت.

316 «كېلىچەك» («Die Zukunft») — گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتىك

پارتىيىسىنىڭ بىر بولۇك ئەزالىرى چىقارغان سوتسىيال ئىسلاھاتچى ژورنال؛ 1877 - يىل 10 - ئايدىن 1878 - يىل 11 - ئايغىچە بىرلىندا چىقىپ تۇرغان. بۇ ژورنالنى ك. ھۆشبېرگ چىقارغان. ماركس بىلەن ئېنگېلس بۇ ژورنالنى پارتىيىنى ئىسلاھاتچىلىق يولىغا باشلىماقچى بولدى دەپ قاتتىق تەنقىت قىلغان ئىدى. — 1212 - بەت.

317 «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى». 4 - توم، خەنزۇچە نەشرى. 417 — 418 - بەتلەرگە قارالسۇن. — 1212 - بەت.

318 «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 34 - توم، خەنزۇچە نەشرى. 389 - بەتكە قارالسۇن. — 1214 - بەت.

319 «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 34 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 400 - بەتكە قارالسۇن.

تېكىستتە تىلغا ئېلىنغان بۇ خەتنىڭ ۋاقتى 1879 - يىل 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئىدى. — 1214 - بەت.

320 «سوتسىيال دېموكراتلار» گېزىتى («Der Sozialdemokrat») — گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ مەركىزىي ئورگان گېزىتى؛ سوتسىيالىستلارغا قارشى پەۋقۇلئاددە قانۇن كۈچكە ئىگە بولغان مەزگىلدە چىققان ھەپتىلىك گېزىت، 1879 - يىل 9 - ئايدىن 1888 - يىل 9 - ئايغىچە سيۇرىختا چىقىرىلغان، 1888 - يىل 10 - ئايدىن 1890 - يىل 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنىگىچە لوندوندا چىقىرىلغان، ماركس ۋە بۇ گېزىتكە ماقالا ئەۋەتىپ تۇرغان ئېنگېلس بۇ گېزىتنىڭ خاتالىقلىرىغا قارشى تۇرۇپ، بۇ گېزىتنىڭ پارتىيىنىڭ پرولېتارىياتلىق لۇشيەنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشقا ياردەم بەرگەن. — 1214 - بەت.

321 «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 34 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 449 - بەتكە قارالسۇن. — 1214 - بەت.

322 «ئىجتىمائى پەن ۋە ئىجتىمائى سىياسى يىلنامە» («Jahrbuch für Sozialwissenschaft und Sozialpolitik») كوزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنى 1879 - يىلدىن 1881 - يىلغىچە ك. ھۆشبېرگ سيۇرىختا چىقارغان سوتسىيال ئىسلاھاتچى ژورنال؛ بۇ ژورنال جەمى 3 سان چىققان. — 1215 - بەت.

323 «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 35 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 327 —

328 ـ بەتلەرگە قاراڭلار. — 1215 ـ بەت.

324 سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ گېرمانىيە ئىمپېرىيە پارلامېنتىدىكى تەشكىلاتىنىڭ دېڭىز قاتناش خىراجىتى مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئىختىلاۋى كوزدە تۇتۇلىدۇ. 1884 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، گېرمانىيىنىڭ باش ۋەزىرى بىسمارك گېرمانىيىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ۋە تالان ـ تاراج سىياسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مەقسىتىدە، شەرقىي ئاسىياغا، ئاۋستىرالىيىگە ۋە ئافرىقىغا قاتنايدىغان دېڭىز يولىنى ئېچىش يۈزىسىدىن، ئىمپېرىيە پارلامېنتىنىڭ خۇسۇسىي كارخانا ئىگىلىرىگە خىراجەت بېرىشىنى تەستىقلاشنى تەلەپ قىلغان، بۇ مەسىلە ئۈستىدە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئىمپېرىيە پارلامېنتىدىكى تەشكىلاتى ئارىسىدا قاتتىق ئىختىلاپ كېلىپ چىققان. ئىمپېرىيە پارلامېنتى بۇ مەسىلىنى رەسمىي مۇزاكىرە قىلىشتىن بۇرۇن، تەشكىلاتتىكى كوپ سانلىق ئۇكىچىلار كېمە شىركىتىگە خىراجەت بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان. 1885 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئىمپېرىيە پارلامېنتى بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلغاندا، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى تەشكىلاتىنىڭ ئوڭ قانىتى شەرقىي ئاسىيا بىلەن ئاۋستىرالىيىگە قاتنايدىغان دېڭىز يولىنى ئېچىشنى قۇۋۋەتلەپ ئاۋاز بەرگەن، بىراق ئافرىقىغا قاتنايدىغان دېڭىز يوللىرى بىلەن باشقا دېڭىز يوللىرىنى ئېچىشقا كەلگەندە، يېڭى كېمىلەرنىڭ گېرمانىيە كېمە سازلىق زاۋۇتلىرىدا ياسىلىشىنى شەرت قىلغان. ئىمپېرىيە پارلامېنتى بۇ تەكلىپنى قوبۇل كورمىگەن، شۇنىڭ بىلەن، تەشكىلاتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بارلىق خىراجەتكە قارشى ئاۋاز بەرگەن.

ئېنگېلس 1884 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ف. ئا. سورگېغا يازغان خېتىدە («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى». 36 ـ توم)، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى تەشكىلاتى ئوڭ قانىتىنىڭ ئاغمىچىلىق مەيدانىنى ئەيىپلىگەن. — 1216 ـ بەت.

325 ئېنگېلسنىڭ 1885 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ف. ئا. سورگېغا يازغان خېتى («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 36 ـ توم) كوزدە تۇتۇلىدۇ. — 1216 ـ بەت.

326 ئېنگېلسنىڭ 1887 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ف. ئا. سورگېغا يازغان خېتى («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 36 ـ توم) كوزدە تۇتۇ-

لىدۇ. — 1217 ـ بەت.

327 خەلقارا سوتسىيالىستىك ئىشچىلار قۇرۇلتىيى ۋە مۇمكىنچىلەر قۇرۇلتىيى كوزدە تۇتۇلىدۇ.

خەلقارا سوتسىيالىستىك ئىشچىلار قۇرۇلتىيى 1889 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە پارىژدا ئوتكۈزۈلدى، بۇ قۇرۇلتاي ئەمەلىيەتتە ئىككىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ قۇرۇلۇش قۇرۇلتىيى بولدى. قۇرۇلتاي ئوتكۈزۈلۈشتىن بۇرۇن، ماركسىزمچىلار ئېنگېلسنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكى ئاستىدا، فرانسىيە ئاغىمچىلىرىغا (مۇمكىنچىلەر) ۋە ئۇلارنىڭ ئەنگلىيە سوتسىيال دېموكراتلار ئىتتىپاقىدىكى ئەگەشكۈچىلىرىگە قارشى قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلدى. ئاغىمچىلار قۇرۇلتاينىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئوز قولىغا ئېلىۋېلىشقا ئۇرۇندى، مۇنداق قىلىشتىكى مەقسىدى قۇرۇلتاينىڭ رەھبەرلىك ئورنىنى تارتىۋېلىپ، ھەرقايسى سوتسىيالىستىك تەشكىلاتلارنىڭ ۋە ئىشچىلار تەشكىلاتلىرىنىڭ ماركسىزم ئاساسىدىكى يېڭى خەلقارالىق بىرلەشمىسىنى قۇرۇشنى توساش ئىدى. بىراق قۇرۇلتاي ماركسىزمچى پارتىيىلەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ئەھۋال ئاستىدا ئېچىلدى. قۇرۇلتاي 1889 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، يەنى باستىي تۈرمىسى ئېلىنغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى خاتىرىلەنگەن كۈنى ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى 20 مەملىكەتتىن كەلگەن 393 ۋەكىل قاتناشتى. مۇمكىنچىلەرنىڭ ئۇرۇنۇشلىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئۇلار ماركسىزملىق قۇرۇلتايغا قارشىلىق كورستىش ئۈچۈن، 1889 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى پارىژدا باشقا بىر قۇرۇلتاي ئاچتى. مۇمكىنچىلەرنىڭ قۇرۇلتىيىغا پەقەت چەتئەلدىن ئازغىنا ۋەكىل كەلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ كوپچىلىكىنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتى يالغاندىن ياسالغان ئىدى. — 1217 ـ بەت.

328 «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 37 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 128 — 129 ـ بەتلەرگە قارالسۇن. — 1217 ـ بەت.

329 يۇقۇرقى كىتاب، 193 ـ بەتكە قارالسۇن. — 1218 ـ بەت.

330 «1889 ـ يىلدىكى خەلقارا ئىشچىلار قۇرۇلتىيى. ‹ئادالەت› گېزىتىگە جاۋاپ» ۋە «1889 ـ يىلدىكى خەلقارا ئىشچىلار قۇرۇلتىيى. II. ‹سوتسىيال دېموكراتىك ئىتتىپاقنىڭ خىتاپنامىسى›گە جاۋاپ» دىگەن ئىككى ماقالا

(«ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 21 - توم، خەنزۇچە نەشرى. 573 — 585 -، 591 — 612 - بەتلەرگە قارالسۇن (كوزدە تۇتۇلدۇ. — 1218 - بەت.

331 «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 37 - توم، خەنزۇچە نەشرى. 222 — 223 - بەتلەرگە قارالسۇن. — 1218 - بەت.

332 «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 37 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 241 — 243 - بەتلەرگە قارالسۇن. — 1219 - بەت.

333 «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 37 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 245 - بەتكە قارالسۇن. — 1219 - بەت.

334 ئېنگېلسنىڭ 1888 - يىل 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ف. كېللىي - ۋىشنېۋىتسكى خانىمغا يازغان خېتى («ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 37 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 57 - بەت) گە قارالسۇن. — 1219 - بەت.

335 ئېنگېلسنىڭ 1893 - يىل 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ف. ئا. سورگېغا يازغان خېتى («ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 4 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 498 - بەت) گە قارالسۇن. — 1221 - بەت.

336 «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 4 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 510 — 511 - بەتلەرگە قارالسۇن. — 1221 - بەت.

337 ئېنگېلسنىڭ 1894 - يىل 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ف. ئا. سورگېغا يازغان خېتى («ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 39 - توم، خەنزۇچە نەشرى) گە قارالسۇن. — 1222 - بەت.

338 «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 34 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 391 - بەتكە قارالسۇن. — 1223 - بەت.

339 «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 3 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 21 — 22 - بەتلەرگە قارالسۇن. — 1224 - بەت.

340 «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 4 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 457 - بەتكە قارالسۇن. — 1225 - بەت.

341 دېكازۋىل ئىشچىلىرىنىڭ ئىش تاشلىشى دېگىنىمىز فرانسىيىنىڭ دېكازۋىل كومۈر كېنىدىكى ئىشچىلارنىڭ 1886 - يىل 1 - ئايدىكى ئىش تاشلىشى. بۇ قېتىمقى ئىش تاشلاش ھوكۇمەت ئارمىيىسى تەرىپىدىن باستۇرۇلدى. بۇرژۇئا پارلامېنت ئەزالىرى، جۈملىدىن رادىكاللار ھوكۇمەتنى قوللاپ، ئىش تاشلىغانلارنى باستۇرغانلارنى ھىمايە قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن،

ئىشچى پارلامېنت ئەزالىرى ئۇلاردىن ئايرىلىپ، پارلامېنتتا ئىشچىلارنىڭ مۇستەقىل تەشكىلاتىنى قۇردى. — 1226 - بەت.

342 ئېنگېلسنىڭ 1886 - يىل 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ف. ئا. سورگېغا يازغان خېتى («ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 36 - توم، خەنزۇچە نەشرى) گە قاراڭ. — 1226 - بەت.

343 لېنىننىڭ بۇ كىرىش سۆزىدىكى "1889 - يىلى ئەنگلىيىدە باشلاندى......" دېگەن سۆزنىڭ كېيىنكى قىسمى، 1907 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى بولشېۋىكلەرنىڭ «بىزنىڭ ئەكس سادايىمىز» دېگەن گېزىتىنىڭ 13 - سانىغا بېسىلىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق ئىلاۋە قوشۇلدى: "ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ ئۆزىنىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق دوستى ۋە سەپدىشى زورگېغا يازغان خەتلىرى ئۇزاق ئۆتمەي پ. داۋگ نەشرىياتى تەرىپىدىن چىقىرىلدى.

بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى زور قىممەتكە ئىگە بولغانلىقتىن، بىز مۇشۇ كىتابنىڭ رۇسچە تەرجىمىسىدە يېزىلغان كىرىش سۆزنىڭ ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ روسىيە ئىنقىلاۋىدىن كۈتكەن ئۈمىدى توغرىسىدىكى بىر ئابزاس سۆزىنى كۆچۈرۈپ باستۇق. ھازىر سۆزنى ئېنگېلسنىڭ فرانسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە گېرمانىيىدە ئىنقىلاپنىڭ يۈز بېرىش مۇمكىنلىكى توغرىسىدا ئېيتقان تېپىك ئىككى باھاسىدىن باشلايمىز". — 1227 - بەت.

344 «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 4 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 468 - بەتكە قاراڭ. — 1228 - بەت.

345 «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 38 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 181 - بەتكە قاراڭ. — 1228 - بەت.

346 1877 — 1878 - يىللاردىكى روسىيە - تۈركىيە ئۇرۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. — 1229 - بەت.

347 «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 34 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 275 - بەتكە قاراڭ. — 1229 - بەت.

348 يۇقۇرقى كىتاپ، 453 - بەت. — 1230 - بەت.

349 ئېنگېلس 1885 - يىل 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ۋ. ي. زاسۇلىچكە يازغان خېتىدە «بىزنىڭ پىكىر ئىختىلاپلىرىمىز» ۋە روسىيىدىكى ھازىرقى ئىنقى...

لاپىنىڭ خاراكتېرى ئۈستىدە توختالغان ئىدى. — 1230 ـ بەت.

350 ئېنگېلسنىڭ 1887 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ ۋە 9 ـ كۈنلىرى ف. ئا. سورگېغا يازغان خېتى («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 36 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى)گە قارالسۇن. — 1231 ـ بەت.

351 ئېنگېلسنىڭ 1887 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ف. ئا. سورگېغا يازغان خېتى («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 36 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى)گە قارالسۇن. — 1231 ـ بەت.

352 ئېنگېلسنىڭ «گېرمانىيىدىكى ئىمپېرىيە قانۇنىنى ھىمايە قىلىش ھەركىتى» دېگەن كىتاۋىدىكى «جۇمھۇرىيەت ئۈچۈن جان پىدا قىلىش كېرەك» دېگەن باپ («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 7 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 190 — 235 ـ بەتلەرگە قارالسۇن) كۆزدە تۇتۇلىدۇ. — 1232 ـ بەت.

353 «بايقۇتقا قارشى» دېگەن بۇ ماقالا 1907 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا «ئۈچىنچى دۇماغا بايقۇت قىلىش ھەققىدە» دېگەن كىتاپچىدا بېسىلدى. كىتاپچە پېتېربۇرگدا سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ مەخپىي باسمىخانىسىدا بېسىلىپ چىقتى، بىراق ئۇنىڭ مۇقاۋىسىدا ئەتەي: "موسكۋا، 1907 ـ يىل، گورىزۇنتوۋ باسمىخانىسى، تۆۋر كوچىسى 40 ـ نومۇر" دەپ يالغان باسما ئورنى كۆرسىتىلدى. 1907 ـ يىل 9 ـ ئايدا كىتاپچە مۇسادىرە قىلىندى. — 1234 ـ بەت.

354 1907 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 2 — 7 ـ كۈنلىرى فىنلاندىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئوقۇتقۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ 4 ـ قۇرۇلتىيى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قۇرۇلتايغا 2 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچىغا ۋاكالىتەن 82 ۋەكىل قاتناشتى. — 1234 ـ بەت.

355 **بۇلىگىن دۇماسى — چار ھۆكۈمىتى 1905 ـ يىلى قۇرماقچى بولغان** كېڭەش خاراكتېرلىق "ۋاكالەتلىك ئورگان". كېڭەش خاراكتېرلىق مەملىكەتلىك دۇما قۇرۇش لايىھىسى بىلەن دۇما سايلام نىزامىنى ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى بۇلىگىن رىياسەتچىلىكىدىكى كومىتېت تۈزۈپ چىققان ۋە ئۇنى 1905 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى (مىلادىيىنىڭ 19 ـ كۈنى) ئېلان قىلغان. بولشېۋىكلەر بۇلىگىن دۇماسىغا پائال تۈردە بايقۇت ئېلان قىلدى. "بۇلىگىن دۇماسى ئاخىرى چاقىرىلماي قالدى. ئۇنى تېخى

چاقىرىلماي تۇرۇپ ئىنقىلاپنىڭ بورىنى ئۇچۇرۇپ كەتتى.“ («لېنىن ئەسەرلىرى»، 23 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 253 ـ بەتكە قارالسۇن) — 1236 ـ ، 1328 ـ بەتلەر.

356 ۋىتتې دۇماسى — 1906 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى (مىلادى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى) ۋەزىرلەر كېڭىشىنىڭ رەئىسى س. ي. ۋىتتې تۈزگەن نىزامغا ئاساسەن چاقىرىلغان بىرىنچى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك دۇما. بىرىنچى دۇمانىڭ سايلام قانۇنى دېموكراتىيىگە قارشى چىققان بولسىمۇ، چار پادىشا ئۆزىگە پۈتۈنلەي ئىتائەت قىلىدىغان دۇما چاقىرمىدى. دۇمانىڭ زور كوپچىلىك ئەزالىرى ئاساسىي قانۇنچى دېموكراتلار بولدى، ئۇلار ئىسلاھات ئېلىپ بارىمىز (يەر ئىسلاھاتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) دېگەن يالغان ۋەدىلەر ئارقىلىق دېخانلارنىڭ ئىشەنچىگە ئىگە بولۇۋېلىشقا ئۇرۇندى. 1906 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى (مىلادىيىنىڭ 21 ـ كۈنى) دۇما چار ھوكۇمىتى تەرىپىدىن تارقىتىۋېتىلدى. — 1241 ـ ، 1328 ـ بەتلەر.

357 ئېنگېلسنىڭ «مۇساپىرلار ئەسەرلىرى» («ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 ـ توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1001 ـ بەت) گە قارالسۇن. — 1245 ـ بەت.

358 پارۋۇس — ئا. ل. گېلفاندنىڭ تەخەللۇسى. ئۇ — روسىيىلىك سەرگەردان، 90 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ سول قانىتىغا قاتنىشىپ، شۇنىڭدا خىزمەت ئىشلىگەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا روسىيىگە قايتىپ كېلىپ، روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ خىزمىتىگە قاتناشقان، كېيىنكى كۈنلەردە مېنشېۋىككە ئايلىنىپ كەتكەن. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئۇچىغا چىققان سوتسىيال شوۋىنىزىمچى بولغان. — 1249 ـ ، 1311 ـ بەتلەر.

359 مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئومۇمى ئۇقتۇرۇشى — «ھەرقايسى پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا يېزىلغان خەت» 1 ـ نومۇر. روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ مەركىزىي كومىتېتى ھەرقايسى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى دەرھال ھەركەتكە كېلىشكە چاقىرماي، مۇنداق قىلىشقا چاقىردى: ”كوتىرىلىۋاتقان ئاممىۋى ھەركەتنى قوللاش ۋە بۇ ھەركەتنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش ھەممىدە كەڭ ئاممىنىڭ پائال ۋە قەتئى قوللىشىغا ئېرىشىشكە تولۇق ئىشەنچ بارلىكى جايلاردا، قوزغىلىشنى دەرھال باشلاش ۋە ئەھۋالدىن مەركىزىي كومىتېتنى خەۋەردار قىلىش.“ —

1263 ـ بەت.

360 ماركسنىڭ 1869 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ل. كۈگېلمانغا يازغان خېتى («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 32 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى)گە قارالسۇن. — 1267 ـ بەت.

361 «پۇرولېتارلار» گېزىتى («Пролетарий») — بولشېۋىكلەرنىڭ روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ 4 ـ (بىرلەشكەن) قۇرۇلتىيىدىن كېيىن چىقارغان مەخپىي گېزىتى؛ 1906 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 1909 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىگىچە لېنىننىڭ تەھرىرلىكىدە چىقىپ تۇرغان. جەمى 50 سان چىققان. «پۇرولېتارلار» گېزىتى روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ موسكۋا ۋە پېتېربۇرگ كومىتېتلىرىنىڭ ئورگان گېزىتى دېگەن نام بىلەن چىقىپ تۇرغان، بىراق بەزى چاغلاردا يەنە موسكۋا ۋىلايىتى، پېرىم، كورسك ۋە قازان كومىتېتلىرىنىڭ ئورگان گېزىتى دېگەن نام بىلەنمۇ چىقىپ تۇرغان. «پۇرولېتارلار» گېزىتى ئەمەلىيەتتە بولشېۋىكلەرنىڭ ئورگان گېزىتى بولغان. «پۇرولېتارلار» گېزىتىنىڭ دەسلەپكى 20 سانى فىنلاندىيىدە چىققان. بۇ گېزىت 1908 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىگىچە جەنۋەدە، 1909 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن باشلاپ پارىژدا چىققان.

بۇ گېزىت لېنىننىڭ يۈزدىن ئارتۇق ماقالىسىنى ۋە قىسقا ئوبزورلىرىنى باسقان. ستولىپىن ئەكسىيەتچىلىكى دەۋرىدە، «پۇرولېتارلار» گېزىتى بولشېۋىكلەرنىڭ تەشكىلاتلىرىنى قوغداپ قېلىش ۋە مۇستەھكەملەشتە كورۈنەرلىك رول ئوينىغان. 1910 ـ يىل 1 ـ ئايدىكى روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا تروتسكىنىڭ يوشۇرۇن ۋەكىلى ۋە تۇقماقچىسى بولغان ياراشتۇرغۇچىلار بۇ گېزىتنى توختىتىش توغرىسىدا بىر ئامال قىلىپ قارار ماقۇللىغان. — 1275 ـ بەت.

362 «باراۋەرلىك» («Die Gleichheit») — گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ يېرىم ئايلىق ژورنىلى، شۇنداقلا گېرمانىيىدىكى ئايال ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ ئورگان ژورنىلى بولۇپ، 1890 ـ يىلدىن 1925 ـ يىلغىچە شتۇتگارتتا چىقىرىلغان؛ 1892 ـ يىلدىن 1917 ـ يىلغىچە كىلارا

سېتكىن مۇھەررىر بولغان. — 1289 - بەت.

363 ئېنگېلسنىڭ 1886 - يىل 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ف. ئا. سورگېغا يازغان خېتى («ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 36 - توم، خەنزۇچە نەشرى) گە قارالسۇن. — 1289 - بەت.

364 روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ 5 - قۇرۇلتىيى 1907 - يىل 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە لوندوندا ئۆتكۈزۈلگەن. قۇرۇلتايغا ئاۋاز بېرىش ۋە پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە 336 ۋەكىل قاتناشقان. بۇلار ئىچىدە بولشېۋىكلەردىن 105 ۋەكىل، مېنشېۋىكلەردىن 97 ۋەكىل، بۇندچىلاردىن 57 ۋەكىل، پولشا سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىدىن 44 ۋەكىل، لاتۋىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىدىن 29 ۋەكىل، "گۇرۇھسىز"لاردىن 4 ۋەكىل قاتناشقان. پولشا ۋەكىللىرى بىلەن لاتۋىيە ۋەكىللىرى بولشېۋىكلەرنى قوللىغانلىقتىن، بولشېۋىكلەر قۇرۇلتايدا مۇقىم كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلغان.

قۇرۇلتايدا تۆۋەندىكى مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى: (1) مەركىزىي كومىتېتنىڭ خىزمەت دوكلادى؛ (2) دۇمادىكى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەت دوكلادى ۋە دۇمادىكى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى؛ (3) بۇرژۇئا پارتىيىلىرىگە تۇتۇلىدىغان پوزىتسىيە؛ (4) دۆلەت دۇماسى؛ (5) "ئىشچىلار قۇرۇلتىيى" ۋە پارتىيىسىز ئىشچىلار تەشكىلاتلىرى؛ (6) ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە پارتىيە؛ (7) پارتىزانلىق ھەركىتى؛ (8) ئىشسىزلىق، ئىقتىسادىي كرىزىس ۋە بىرلىشىپ زاۋۇت تاقاش؛ (9) تەشكىلىي مەسىلىلەر؛ (10) شتۇتگارت خەلقارا قۇرۇلتىيى (1 - ماي، مىلىتارىزىم)؛ (11) ھەربىي قوشۇنلاردىكى خىزمەت؛ (12) باشقىلار. لېنىننىڭ بۇرژۇئا پارتىيىلىرىگە تۇتۇلىدىغان پوزىتسىيە مەسىلىسى توغرىسىدىكى دوكلادى بۇ قۇرۇلتايدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە بولدى. قۇرۇلتاي بارلىق پىرىنسىپال مەسىلىلەردە بولشېۋىكلەرنىڭ قارارلىرىنى ماقۇللىدى. قۇرۇلتاي مەركىزىي كومىتېتنى سايلاپ چىقتى، ئۇنىڭ تەركىۋىدە بولشېۋىكلەردىن 5 نەپەر، مېنشېۋىكلەردىن 4 نەپەر، پولشا سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىدىن 2 نەپەر، لاتۋىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىدىن 1 نەپەر كىشى بولدى، مەركىزىي كومىتېتنىڭ كاندىدات ئەزالىقىغا بولشېۋىكلەردىن 10 كىشى، مېنشېۋىكلەردىن 7

كىشى. پولشا سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىدىن 3 كىشى، لاتۋىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىدىن 2 كىشى سايلاندى.

قۇرۇلتاي بولشېۋىكلەرنىڭ پارتىيىدىكى ئاغمىچى گۇرۇھ — مېنشېۋىكلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى بىلەن ئاياقلاشتى. روسسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى 5 - قۇرۇلتىيىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا لېنىننىڭ «بۇرژۇئا پارتىيىلىرىگە تۇتۇلىدىغان پوزىتسىيە» دېگەن ئەسىرى («لېنىن ئەسەرلىرى»، 12 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 476 — 496 - بەتلەر)گە ۋە ستالىننىڭ «روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ لوندون قۇرۇلتىيى (بىر ۋەكىلنىڭ خاتىرىسى)» دېگەن ماقالىسى («ستالىن ئەسەرلىرى»، 2 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 49 — 75 - بەتلەر)غا قارالسۇن. — 1292 - ، 1315 - بەتلەر.

365 داشناقچىلار — ئەرمىنىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ مىللەتچى پارتىيىسى بولۇپ، 19 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىنىڭ بېشىدا پەيدا بولغان، ئۇ ئەرمىنىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايتتى، مىللى ئۇچمەنلىك پەيدا قىلىپ، ئەرمىنىيىدە مىللى بېكىنمىچىلىك سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئەرمىنىيىدىكى خەلق ئاممىسىنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتتىن ئايرىۋېتىش كويىدا بولغان.

1918 — 1920 - يىللاردا، داشناقچىلار ئەرمىنىيە بۇرژۇئا مىللەتچى ھوكۇمىتىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئەرمىنىيىنى ئەنگلىيە، فرانسىيە قوراللىق مۇداخىلىچىلىرىنىڭ ۋە روسىيە ئاق گۋاردىيىچىلىرىنىڭ سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرىدىغان تايانچ پونكىتىغا ئايلاندۇرغان.

داشناقچىلار ھوكۇمىتى 1920 - يىل 11 - ئايدا، قىزىل ئارمىيىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ئەرمىنىيە ئەمگەكچى خەلقىنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان. — 1294 - بەت.

366 ئەنگلىيە مۇستەقىل ئىشچىلار پارتىيىسى 1893 - يىلى قۇرۇلغان. كېر ھاردىي، ر. ماكدونالد قاتارلىقلار بۇ پارتىيىنىڭ باشلىقى ئىدى. لېنىن، مۇستەقىل ئىشچىلار پارتىيىسى ئۇ "سوتسىيالىزىمدىنلا 'مۇستەقىل' بولغان، ئەمما لىبېرالىزىمغا بولسا ئىنتايىن بېقىنىدىغان" "ئىزچىل تۈردە بۇرژۇئازىيىگە بېقىنىپ كەلگەن ئاغمىچى پارتىيە" دەپ كورسەتكەن («لېنىن ئەسەرلىرى»، 29 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 450 - بەتكە ۋە 18 - توم، خەنز-

زۇچە نەشرى، 354 ـ بەتكە قارالسۇن). بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، مۇستەقىل ئىشچىلار پارتىيىسى 1914 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى خىتاپنامە ئېلان قىلىپ، ئۇرۇشقا قارشى تۇرغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئانتانتا دۆلەتلىرىدىكى سوتسىيالىستلار پارتىيىسىنىڭ 1915 ـ يىل 2 ـ ئايدا لوندوندا ئۆتكۈزگەن ۋەكىللەر يىغىنىدا، مۇستەقىلچىلەر ۋەكىللەر يىغىنى ماقۇللىغان سوتسىيال شوۋىنىزىملىق قارارغا قوشۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، مۇستەقىلچىلەر پارتىيىسىنىڭ باشلىقلىرى تېچلىقپە- رەسلىك ئىبارىلىرىنى قالقان قىلىپ، سوتسىيال شوۋىنىزىمنى يولغا قويدى. 1919 ـ يىلى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسونال قۇرۇلغاندىن كېيىن، سولچى پارتىيە ئەزالىرى ئاممىسىنىڭ بېسىمى ئارقىسىدا، مۇستەقىل ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ باشلىقلىرى ئىككىنچى ئىنتېرناتسونالدىن قايتىپ چىقىش توغرىسىدا قارار ماقۇللىدى. 1921 ـ يىلى مۇستەقىلچىلەر ئاتال- مىش ئىككى يېرىمىنچى ئىنتېرناتسونالغا قاتناشتى، ئىككى يېرىمىنچى ئىنتېرناتسونال يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئۇلار ئىككىنچى ئىنتېرناتسونالغا قايتىپ كىردى. — 1294 ـ بەت.

367 1907 ـ يىلى، ئۇرۇق نەشرىياتى لېنىننىڭ «12 يىلدىن بۇيان» دېگەن ماقالىلار توپلىمى (3 توملۇق توپلام)نى نەشر قىلىشقا كىرىشتى. نەشر قىلىنماقچى بولغان 3 تومنىڭ 1 ـ تومنى ۋە 2 ـ تومنىڭ 1 ـ كىتابچىسىنىلا نەشر قىلدى. 1 ـ تومغا لېنىننىڭ «نارودنىكلىقنىڭ ئىقتىسادىي مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭ ستروۋې جاناپلىرىنىڭ كىتاۋىدا تەنقىت قىلىنىشى»، «روسسىيە سوتسىيال دېموكراتلىرىنىڭ ۋەزىپىسى»، «يەرلىك ئاپتونومىيە ئىدارى- لىرىگە زىيانكەشلىك قىلغۇچىلار ۋە لىبېرالىزىمنىڭ ھانىبالىلىرى»، «نېمە قىلىش كېرەك»، «بىر قەدەم ئالغا، ئىككى قەدەم ئارقىغا»، «يەرلىك ئاپتونومىيىچىلەر ھەركىتى ۋە ‹ئۇچقۇن› گېزىتىنىڭ پىلانى» ھەمدە «سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاپتىكى ئىككى تاكتىكىسى» دېگەن ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن. 1 ـ توم 1907 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا نەشر قىلىندى (مۇقاۋىغا 1908 ـ يىل دەپ بېسىلغان)، توم نەشردىن چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا مۇسادىرە قىلىندى، ئەمما ناھايىتى كۆپ قىسمى ساقلىنىپ قالدى ۋە داۋاملىق تۇردە مەخپىي تارقىتىلدى.

2-تومغا يەر مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئەسەرلەر كىرگۈزۈلمەكچى بولغان ئىدى. بۇ توپلامنىڭ 2-تومى نەشردىن تېخى تولۇق چىقىپ بولالمىدى. 1908-يىلىنىڭ بېشىدا، 2-تومنىڭ 1-كىتابچىسىلا نەشر قىلىندى، 1-كىتابچىغا لېنىننىڭ ئاشكارا ئېلان قىلىنغان «ئىقتىسادىي رومانتىزمغا باھا»، «1894 — 1895-يىللىرى پېرم ئۆلكىسىدىكى قول سانائىتىنى تەكشۈرۈش ھەمدە "قول ھۈنەر" سانائىتىدىكى ئومۇمى ئەھۋال»، «يەر مەسىلىسى ۋە "ماركسنى تەنقىت قىلغۇچىلار"» دېگەن ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن. 2-تومنىڭ 2-كىتابچىسى «سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ 1905 — 1907-يىللاردىكى بىرىنچى قېتىملىق روسىيە ئىنقىلاۋىدىكى يەر پۇروگراممىسى»نى مەزمۇن قىلغان. لېنىن 1-تومنىڭ 2-كىتابچىسى ئۈچۈن روسىيەدە يەرلەرنىڭ تەقسىم قىلىنىشى (1905-يىلدىكى يېڭى ئىستاتىستىكا ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن) ۋە يەرلەرنىڭ جايلارنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈلۈشى توغرىسىدا چوڭ ئەسەر يازماقچى بولغان.

بىراق، 2-تومنىڭ 2-كىتابچىسى نەشر قىلىنمىدى.

3-تومغا بولشېۋىكلەرنىڭ ئورگان گېزىتى بولغان «ئۈچقۇن»، «ئالغا»، «پۇرولېتارلار»، «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىگە بېسىلغان بەس-مۇنازىرە خاراكتېرلىق ماقالىلار بېسىلماقچى بولغان ئىدى. ئەكسىيەتچىلەرنىڭ زىيانكەشلىكى ئارقىسىدا، لېنىن 3-تومنى نەشر قىلدۇرالمىغان. — 1302-بەت.

368 «12 يىلدىن بۇيان» دېگەن ماقالىلار توپلىمىنىڭ 3-تومى كوزدە تۇتۇلدۇ، بۇ توم ساقچىلارنىڭ زىيانكەشلىكى ئارقىسىدا نەشر قىلىنمىغان. — 1312-بەت.

369 «يېڭى ھايات» («Новая Жизнь») گېزىتى بولشېۋىكلەرنىڭ تۇنجى ئاشكارا گېزىتى بولۇپ، 1905-يىل 11-ئاينىڭ 9-كۈنىدىن 12-ئاينىڭ 16-كۈنىگىچە پېتېربۇرگدا نەشر قىلىنغان. 1905-يىل 11-ئاينىڭ بېشىدا، لېنىن چەتئەلدىن پېتېربۇرگقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ گېزىت ئۇنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە چىقىرىلغان. «يېڭى ھايات» گېزىتى، ئەمەلىيەتتە، روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ ئورگان گېزىتى ئىدى. بۇ گېزىتكە ۋ. ۋ. ۋوروۋسكى، م. س.

ئولمىنسكى، ئا. ۋ. لۇناچارسكى قاتارلىقلار دائىم ماقالا يېزىپ تۇراتتى.
ئا. م. گوركى «يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ خىزمىتىگە پائال قاتناشقان
ھەمدە ماددى جەھەتتە ناھايىتى كوپ ياردەم بەرگەن. بۇ گېزىتنىڭ
كۇنلۇك تىراژى 80 مىڭغا يەتكەن.

«يېڭى ھايات» گېزىتى نۇرغۇن قېتىم زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. 27
سان ئىچىدە 15 سانى مۇسادىرە قىلىنىپ كويدۇرۇلدى. بۇ گېزىت 27 ـ
سانى چىقىرىلغاندىن كېيىن ھوكۇمەت تەرىپىدىن پېچەتلىۋېتىلدى. ئەڭ
ئاخىرقى سانى — 28 ـ سانى مەخپى چىقىرىلدى. — 1317 ـ بەت.

370 ۋ. ۋ. ۋوروۋسكىنىڭ «قايمۇقتۇرۇشنىڭ ئۇنۇمى» دىگەن ماقالىسىغا ياز-
غان بەت ئاستى ئىزاھى («لېنىن ئەسەرلىرى»، 8 ـ توم، خەنزۇچە
نەشرى، 218 ـ بەتكە قارالسۇن) كوزدە تۇتۇلدۇ. — 1320 ـ بەت.

371 بولشېۋىكلەرنىڭ "دۇمادا سولچىلار گۇرۇھىنىڭ ئىجرائى كومىتېتى"نى
قۇرۇش توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان شوئارى كوزدە تۇتۇلدۇ. بۇ
شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا، دۇمادىكى ئىشچىلار ۋەكىللىرىنىڭ مۇستەقىل
سىنىپى لۇشيەننى ئىزچىللاشتۇرۇشقا كاپالەت بېرىش، دىخانلار ۋەكىل-
لىرىنىڭ پائالىيىتىگە بولغان رەھبەرلىككە كاپالەت بېرىش ھەمدە ئۇلارنى
كادېتلارنىڭ تەسىرىدىن خالى قىلىش مەقسەت قىلىنغان. مېنشېۋىكلەر
بۇ شوئارغا قارشى چىقىپ، "مەملىكەتلىك ئوكتىچىلەر تەشكىلاتى"
قۇرۇشنى، يەنى ئىشچىلار ۋەكىللىرى بىلەن دىخانلار ۋەكىللىرىنى كادېت-
لارنى قوللايدىغان قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

1906 ـ يىل 7 ـ ئايدا، بىرىنچى دۇما تارقىتىۋېتىلگەندىن كېيىن،
"سولچىلار ئىجرائىي كومىتېتى" ئەمىلىيەتتە، سوتسىيال دېموكراتلار
پارتىيىسىنىڭ دۇمادىكى گۇرۇپپىسىنى مەركەز قىلغان ھالدا تەشكىل
قىلىندى. "سولچىلار ئىجرائىي كومىتېتى"نىڭ تەشەببۇسىغا ئاساسەن،
سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ دۇمادىكى گۇرۇپپىسى كومىتېتى
بىلەن ئەمگەكچىلەر كومىتېتى بىرلىشىپ «قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز ئارمىيە-
لىرىگە مۇراجەت» چىقاردى، پۇتۇن روسىيە دىخانلار جەمىيىتى، روسىيە
سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، سوت-
سىيال ئىنقىلاپچىلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، پۇتۇن روسىيە تومۇر-
يول ئىشچىلىرى ئۇيۇشمىسى ۋە پۇتۇن روسىيە ئوقۇتقۇچىلار بىرلەشمىسى

بىرلىشىپ «پۈتۈن مەملىكەت دېخانلىرىغا مۇراجەت» چىقاردى. بۇ ئىككى ھوججەت پۈتۈن خەلقنى ئىنقىلاۋىي كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، ھوكۇمەتكە قارشى تۇرۇشقا چاقىردى ۋە ئاساسىي قانۇن چىقىرىش كېڭىشى چاقىرىش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. — 1328 ـ بەت.

372 **«سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ 1905 — 1907 ـ يىللىرىدا بولغان بىرىنچى قېتىملىق روسىيە ئىنقىلاۋىدىكى يەر پۇروگىراممىسى»** دېگەن كىتاپنى لېنىن 1907 ـ يىل 11 — 12 ـ ئايلاردا يازغان. بۇ ئەسەر 1908 ـ يىلى «12 يىلدىن بۇيان» دېگەن ماقالىلار توپلىمىنىڭ 2 ـ تومىنىڭ 2 ـ قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن ئىدى. بىراق بۇ كىتاپ باسمىخانىدىكى چاغىدىلا ساقچىلار تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنىپ كويدۇرۇۋېتىلگەن. پەقەت بىرلا نۇسخىسى ساقلىنىپ قالغان، لېكىن ئۇنىڭمۇ ئاخىرقى قىسمىدىن بىرنەچچە بېتى يوق ئىدى. بۇ كىتاپ 1917 ـ يىلدىلا ف. ئىلىن (ن. لېنىن) «سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ 1905 — 1907 ـ يىللىرىدا بولغان بىرىنچى قېتىملىق روسىيە ئىنقىلاۋىدىكى يەر پۇروگىراممىسى» (پېتېر-بۇرگ تۇرمۇشى ۋە بىلىم نەشرىياتى نەشرى) دېگەن نام بىلەن تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان.

بۇ كىتاپنىڭ ئاخىرقى سوزىنى لېنىن 1917 ـ يىلى «سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ 1905 — 1907 ـ يىللىرىدا بولغان بىرىنچى قېتىملىق روسىيە ئىنقىلاۋىدىكى يەر پۇروگىراممىسى»نى نەشر قىلىش ۋاقتىدا يازغان. — 1332 ـ بەت.

373 رازۇۋايېۋ بىلەن كولۇپايېۋ شېدرىننىڭ «مېنرېبادىكى پانا جاي» رومانىدىكى شەخس، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان روسىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئىككى تىپى. — 1334 ـ بەت.

ئادەم ئىسملىكى

ئا

ئابراموۋ ياكوۋ ۋاسىلېيېۋىچ (Абамов, Яков Васильевич) (1858 — 1906) — 240-، 259-، 260-بەتلەر.

ئادامۇۋىچ (Адамович) (1871 — 1923) (ئەسلى ئىسمى ۋوروۋسكى ۋاسلاۋ ۋاسلاۋوۋىچ Воровский, Вацлав Вацлавович) — 674-بەت.

ئادلېر ۋىكتور (Adler, Victor) (1852 — 1918) — 163-، 1297-بەتلەر.

ئارنىم-سۇكوۋ ھېنرىش ئالېكساندېر (Arnim - Suckow, Heinrich Alexander) (1798 - 1861) — 1089-بەت.

ئاكىموۋ (Акимов) (1872 — 1921) (ئەسلى ئىسمى ماخنوۋېتس ۋلادىمىر پېتروۋىچ Махновец, Владимир Петрович) — 806-، 807 — 808-، 816 — 818-، 826-، 831 — 834-، 839-، 843 — 844-، 850-، 862-، 875-، 876-، 883-، 893-، 981-، 1064-بەتلەر.

ئاكسېلرود پاۋېل بورىسوۋىچ (Аксельрод, павел Борисович) (1850 — 1928) — 347-، 419-، 453 — 454-، 490-، 508-، 534-، 797 — 806-، 808 — 811-، 816 — 820-، 824 — 826-، 834 — 846-، 854-، 856-، 860-، 862-، 866 — 868-، 873-، 876 — 881-، 887-، 1239-، 1252-، 1308-، 1325-بەتلەر.

ئالېكساندروۋ (Александров) — 847-، 849-، 858-بەتلەر.

ئالېكساندر III (Александр III) (1845 — 1894) — 180-، 694-بەتلەر.

ئالېكسېيېۋ پېتر ئالېكسېيېۋىچ (Алексеев, Петр Алексеевич) (1849 — 1891) — 370-، 558-، 809-بەتلەر.

Auer، Ignaz) ئائۇئېر ئىگناز
1846 — 1907) — 603 - ، 1218 -
بەتلەر.

ب

باكۇنىن مىخائىل ئالېكساندىروۋىچ
Бакунин، Михаил Алекса-)
— (1876 — 1814 ндрович
380 - ، 422 - ، 1230 - بەتلەر.
Ballhorn، Jo-) بالھورن جوھان
(hann — 493 - بەت.
Bauer، Edgar) بائۇئېر ئېدگار
1890 — 1886) — 159 - بەت.
Bauer، Bruno) بائۇئېر برۇنو
1809 — 1882) — 159 - بەت.
Bebel August) بېبىل ئاۋگۇست
1840 — 1913) — 401 - ، 493 - ،
583 - ، 603 - ، 667 - ، 979 - ،
1213 — 1214 - ، 1217 - 1218 - ،
1226 - ، 1228 - ، 1287 - ، 1293 - ،
1299 - بەتلەر.
Becker،) بېكېر، جوھان فىلىپ
(1886 — 1809 Johann Philipp
— 1204 - ، 1232 - بەتلەر.
بېلتوۋ.ن. — پلېخانوۋقا قاراڭ.
بېلىنسكى ۋىسساريون گرىگورىيېۋىچ
Белинский، Виссарион Гри-)
— (1848 — 1811 горьевич

420 - بەت.
بېردىيېۋ نىكولاي ئالېكساندىروۋىچ
Бердяев، Николай Алек-)
— (1948 — 1874 сандрович
683 - ، 1303 - بەتلەر.
Bernstein،) بېرنشتېيىن ئېدۋارد
313 - ، — (1932 — 1850 Eduard
355 - ، 389 — 391 - ، 398 —
402 - ، 407 - ، 412 - ، 461 - ،
483 - ، 486 - ، 842 - ، 877 - ،
1046 - ، 1213 — 1214 - ، 1218 —
1219 - ، 1290 - بەتلەر.
بىبىكوۋ پېتر ئالېكسېيېۋىچ
Бибиков، Петр Алексеевич)
1832 — 1875) — 296 - بەت.
بىلانكى لۇئى ئاۋگۇست
Blanqui، Louis Auguste)
1805 — 1881) — 1201 - بەت.
Blos، Wilhelm) بلوس، ۋىلھېلم
1849 — 1927) — 22 - ، 49 - ،
بەتلەر.
Bracke، Wilhelm) براككې ۋىلھېلم
1842 — 1880) — 1214 - بەت.
Brousse، Paul) برۇسسې پائۇل
1844 — 1912) — 1218 - بەت.
بىرۇكېر (Брукэр 1877 - يىلى
تۇغۇلغان) (ئەسلى ئىسمى ماخنو-
Махно - ۋېتس لىدىيا پېترووۋنا
— (вец، Лидия Петровна

815 ـ ، 821 ـ ، 832 ـــ 833 ـ ،
883 ـ بەتلەر.
بسمارك ئوتتو (Bismarck Otto
1815ـــ1898) ـــ 335 ـ ، 1079 ـ ،
1231 ـ بەتلەر.
بوبورىكىن پېتر دمىترىيېۋىچ
(Боборыкин, Петр Дмитр-
иевич 1836 ـــ 1921) ـــ 251 ـ
بەت.
بورن ستېفان (Born, Stephan
1824ـــ1898) (ئەسلى ئىسمى بۇت-
تېرمىلش سىمون (Buttermilch,
Simon)ـــ1094ـــ1099 ـ بەتلەر.
بۇلگاكوۋ سېرگېي نىكولايېۋىچ
(Булгаков, Сергей Нико-
лаевич 1871 ـــ 1944) ـــ 292 ـ،
302 ـــ 303 ـ ، 306 ـ ، 326 ـ ،
414 ـ ، 683 ـ ، 1193 ـ ، 1303 ـ
بەتلەر.
بۇلىگىن ئالېكساندر گرىگورىيېۋىچ
(Булыгин, Александр Гри-
горьевич 1851 ـــ 1919) ـــ
965 ـ ، 976 ـ بەتلەر.
بۇرېنىن ۋىكتور پېتروۋىچ (Буре-
нин, Виктор Петрович
1841 ـــ 1926) ـــ 44 ـ ، 86 ـ
بەتلەر.
بۇرنس جون (Burns, John
1858 ـــ 1943) ـــ 1227 ـ بەت.

ب.ۋ ـــ ساۋىنكوۋغا قاراڭ.
بلان لۇئى (Blanc, Louis 1811 ـــ
1882)ـــ1098 ـ بەت.
بۈشنېر لۇدۋىگ (Büchner, Ludwig
1824 ـــ 1899) ـــ 1193 ـ بەت.

د

دانيېلسون نىكولاي فرانسېۋىچ
(Даниельсон, Николай
Францевич 1844 ـــ 1918
(تەخەللۇسى ن. ـــ ئون، H. - он)
نىكولاي-ئون (Николай—он)ـــ
239 ـ ، 282 ـ ، 294 ـ ، 317 ـ ،
325 ـ ، 1125 ـ بەتلەر.
دارۋىن چارلېس روبېرت
(Darwin, Charles Robert
1809 ـــ 1882) ـــ 3 ـ ، 16 ـ ،
27 ـ بەتلەر.
داۋىد ئېدۋارد (David, Eduard
1863 ـــ 1930) ـــ 401 ـ ، 733 ـ
بەتلەر.
دىتسگېن يوسىف (Dietzgen,
Josef 1828 ـــ 1888) ـــ 1192 ـ ،
1204 ـ بەتلەر.
دىل كارل (Diehl, Karl
1864 ـــ 1943) ـــ 317 ـ ، 321 ـ
بەتلەر.
دىۈرىڭ ئېۋگېن كارل (Dühring,

— (1921 — 1833 Eugen Karl
— 70 ، — 66 — 61 ، — 56 — 53
، — 1192 ، — 398 ، — 86 ، — 79
1212 ـ بەتلەر.
دۇباسوۋ فېدور ۋاسىلىيېۋىچ
Дубасов, Федор Василье-)
، — 1160 — (1912 — 1845 вич
— 1255 — 1253 ، — 1164 ، — 1163
بەتلەر.

ئې

ئېلم ئادولف فون (Elm, Adolf
— 875 — (1916 — 1857 Von
بەت.
ئېنگېلگارت ئالېكساندر نىكولايېۋىچ
Знгельгардт, Александр)
— (1893 — 1832 Николаевич
— 249 ، — 247 ، — 237 — 226
بەتلەر.
ئېنگېلس فرېدرىخ (Engels,
— (1895 — 1820 Friedrich
— 53 ، — 48 ، — 42 ، — 31 — 24
، — 80 ، — 79 ، — 70 — 61 ، — 56
، — 321 ، — 166 — 152 ، — 84 ، — 83
، — 391 ، — 355 ، — 354 ، — 343
، — 457 ، — 424 — 416 ، — 398
، — 1005 ، — 790 ، — 517 ، — 471
، — 1070 ، — 1026 ، — 1015 ، — 1014
، — 1192 ، — 1167 ، — 1099—1094
، — 1266 ، — 1244 ، — 1232—1204
1289 — ، 1342 ـ بەتلەر.

ف

فېيېرباخ لىۇدۋىگ (Feuerbach,
— 941 — (1872 — 1840 Ludwig
بەت.
فىگنېر ۋېرا نىكولايېۋنا (Фигнер,
Вера Николаевна — 1852
(1942 — 615 ـ بەت.
فىلارېت (1867 — 1782 Филарет)
(ئەسلى ئىسمى دروزدوۋ ۋاسىلىي
مىخايلوۋىچ Дроздов, Василий
780 — (Михайлович ـ بەت.
فېرېككى لۇئىس (Viereck, Louis
— 1225، — 1215 — (1921 — 1851
بەتلەر.
فولمار گېورگ ھېنرىش فون
Vollmar, Georg Heinrich)
، — 391 — (1922 — 1850 von
— 1221 ، — 1214 ، — 877 ، — 875
1222 — ، 1290 — ، 1299 ـ بەتلەر.
فومىن (1933 — 1873 Фомин)
(ئەسلى ئىسمى كروخمال ۋىكتور
نىكولايېۋىچ Крохмаль, Виктор
887 — (Николаевич ـ بەت.
فوركادې ئېۋگېن (Forcade,

- 318 — (1869 — 1820 Eugene
بەت.
فۇرىيې شارل (Fourier,
- 422 — (1837 — 1772 charles
بەت.

گ

گاپون گېورگىي ئاپوللونوۋىچ
Гапон, Георгий Аполло-)
- 961 — (1906 — 1870 нович
بەت.
گالۋانى لۇيگى (Galvani, Luigi
1737 — 1798) — 52 - بەت.
گېدې جۇلېس (Guesde, Jules
1845 — 1922) (ئەسلى ئىسمى
باسىلې ماتىيو Basile, Mathi-
(eu — 493 - ، 1299 - بەتلەر.
گېگېل گېورگ ۋىلھېلم فرىدرىخ
Hegel, Georg Wilhelm)
— (1831 — 1770 Friedrich
، - 61 ، - 57 ، - 54 — 52 ، - 9
- 890 ، - 421 ، - 156 ، - 64
بەتلەر.
گېرتسېن ئالېكساندر ئىۋانوۋىچ
Герцен, Александр Ива-)
- 420 — (1870 — 1812 нович
بەت.
گېرتسېنشتېين مىخائىل ياكوۋلېۋىچ
Герценштейн, Михаил)
— (1906 — 1859 Яковлевич
1091 - بەت.
گېورگې ھېنرى (George, Henry
- 1209 — 1207 — (1897 — 1839
بەتلەر.
گرېدېسكۇل نىكولاي ئاندرېيېۋىچ
Гредескул, Николай Анд-)
— (1864 реевич-يىلى تۇغۇلغان)
1076 - بەت.
گىركې (Gierke) — 1091 - بەت.
گولدبلات (Гольдблат 1879 —
1923) (ئەسلى ئىسمى گرىنبېرگ
ۋلادىمىر داۋىدوۋىچ Гринберг,
— (Владимир Давидович
840 - بەت.
گورې پائۇل (Göhre, Paul
- 866 — 865 — (1928 — 1864
بەتلەر.
گۇچكوۋ ئالېكساندر ئىۋانوۋىچ
Гучков, Александр Ивано-)
- 1131 — (1936 — 1862 вич
بەت.

خ

خالتۇرىن ستېپان نىكولايېۋىچ
Халтурин, Степан Нико-)
، - 558 — (1882 — 1857 лаевич

809 ـ بەتلەر.

ئى

ئىلوۋايسكى دمىترىي ئىۋانوۋىچ
Иловайский, Дмитрий)
— (1920 — 1832 Иванович
397 ـ بەت.
ئىۋانوۋ، ۋ.زاسۇلىچقا قاراڭ.
ئىۋانشىن ۋلادىمىر پاۋلوۋىچ
Иваншин, Владимир Пав-)
(1904 — 1869 ловичـ(تەخەل
لۇسى ۋ.ئى — ن (В.И — Н —
437 ـ ، 451 ـ ، 455 ـ ، 683 ـ
بەتلەر.

ج

جاك گۇستاف (Jaeckh, Gustav
1866 — 1907) — 1204 ـ بەت.

ك

ك. — كلاسونغا قاراڭ.
كابلۇكوۋ نىكولاي ئالېكسېيېۋىچ
Каблуков, Николай Алекс)
— (1919 — 1849 еевич
1091 ـ بەت.
كامېنسكى. ن. — پلېخانوۋقا قاراڭ.
كامىشانسكى، پ. ك.
— (Камышанский, П.К.)
1269 ـ بەت.
كامپخا ئۇسېن لۇدولف (-Camphau
— (1890 — 1803 sen, Ludolf
1085 ـ ، 1090 ـ بەتلەر.
كانىتس ئاۋگۇست (,Kanitz
— (1852 — 1783 August
1089 ـ بەت.
كارېيېۋ نىكولاي ئىۋانوۋىچ
Кареев, Николай Иванович)
1850 — 1913) — 19 ـ ، 464 ـ
بەتلەر.
كارسكى (Карский 1871 — 1942)
(ئەسلى ئىسمى توپۇرىدزې دىومىد
ئالېكساندروۋىچ ,Топуридзе
(Диомид Александрович
— 833 ـ بەت.
كارىشېۋ نىكولاي ئالېكساندروۋىچ
Карышев, Николай Алек-)
— (1905—1855 сандрович
232 ـ ، 233 ـ بەتلەر.
كاتكوۋ مىخائىل نىكىفوروۋىچ
Катков, Михаил Никифо-)
ـ 529 — (1887 — 1818 рович
بەت.
كائۇفمان ئالېكساندر ئاركادىيېۋىچ
Кауфман, Александр)
— (1919 — 1864 Аркадьевич

1336 ـ بەت.

كائۇتسكى كارل (Kautsky, Karl 1854 — 1938) — 3 ـ، 42 ـ، 49 ـ، 442 ـ، 493 ـ، 618 ـ، 791 ـ، 819 ـ، 870 — 875 ـ، 979 ـ، 1048 ـ، 1167 ـ، 1172 ـ، 1186 ـ، 1290 — 1295 ـ، 1325 ـ، 1343 ـ بەتلەر.

كېللېي ـ ۋىشنېۋېتسكىي خانىم، فلورېنسى (Kelley — Wischnewetzky, Florence 1859 — 1932) — 1208 ـ بەت.

كىرخمان يۇلىئۇس ھېرمان فون (Kirchmann, Julius Hermann von 1802 — 1884) — 302 ـ، 320 ـ بەتلەر.

كىزېۋېتتېر ئالېكساندر ئالېكساندروۋىچ (Кизеветтер, Александр Александрович 1866 — 1933) — 1268 ـ بەت.

كلاسسون روبېرت ئېدۇئاردوۋىچ (Классон, Роберт Эдуардович 1868 — 1926) (ك. k) — 1306 ـ بەت.

كلوپستوك فرىدرىخ گوتلىب (Klopstock, Friedrich Gottlieb 1724 — 1803) — 4 ـ بەت.

كرىچېۋسكىي بورىس نائۇموۋىچ (Кричевский, Борис Наумович 1866 — 1919) — 396 ـ، 399 ـ، 458 ـ، 464 ـ، 488 ـ، 518 ـ، 556 ـ، 568 ـ، 607 ـ، 628 ـ، 638 ـ، 656 ـ، 668 ـ، 683 ـ، 685 ـ، 847 — 850 ـ، 876 ـ، 981 ـ بەتلەر.

كرىۋېنكو سېرگېي نىكولايېۋىچ (Кривенко, Сергей Николаевич 1847 — 1906) — 1 ـ بەت.

كولتسوۋ، د. (Кольцов, Д.) (1863 — 1920) (ئەسلى ئىسمى گىنزبۇرگ بورىس ئابراموۋىچ Гинзбург, Борис Абрамович تەخەللۇسى ل. س. С. Л.: سېدوۋ، ل. (Седов, Л.) — 1099 ـ بەت.

كوستىچ (Костич 1879 — 1935) (ئەسلى ئىسمى زبوروۋسكى مىخائىل سولومونوۋىچ Зборовский, Михаил Соломонович) — 818 ـ بەت.

كۇگېلمان لۇدۋىگ (Kugelmann, Ludwig 1830 — 1902) — 1190 ـ، 1203 ـ، 1206 ـ، 1267 ـ بەتلەر.

كۇسكوۋا يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا (Кускова, Екатерина Дмитриевна 1869 — 1958) — 409 ـ بەت.

ل

لافارگ پائۇل (Lafargue، Paul
1842 — 1911) — 493 — ، 1221 —
بەتلەر.
لانگې فرىدرىخ ئالبېرت (Lange،
Friedrich Albert 1828 — 1875)
— 1193 — بەت.
لاسسال فېردىناند (Lassalle،
Ferdinand 1825 — 1864) —
341 — ، 383 — ، 398 — ، 447 — ،
1211 — بەتلەر.
لاۋروۋ پېتر لاۋروۋىچ (Лавров،
Петр Лаврович 1823 —
1900) — 186 — 188 — ، 191 —
195 — ، 607 — بەتلەر.
لېو XIII (Leo XIII) 1810—1903) —
1079 — بەت.
لېنسكى (Ленский 1880 — 1950)
(ئەسلى ئىسمى ۋىلېنسكى لېونىد
سېمېنوۋىچ Виленский، Леонид
Семенович) — 833 — بەت.
لىبېر (Либер 1880 — 1937)
(ئەسلى ئىسمى گولدمان مىخائىل
ئىساكوۋىچ Гольдман، Михаил
Исаакович) — 819 — ، 822 — ،
827 — 831 — ، 841 — بەتلەر.
لىبكنېخت ۋىلھېلم (Liebknecht
Wilhelm 1826 — 1900) —
137 — ، 460 — ، 516 — ، 583 — ،
1219 — 1231 — ، 1226 — بەتلەر.
ليۇكسېمبۇرگ، روزا (Luxemburg،
Rosa 1871 — 1919) (تەخەل-
لۇسى يۇنىيۇس Junius) —
1299 — بەت.

م

ماخوۋ (Махов 1871 — 1940)
(ئەسلى ئىسمى كالافاتى دمىترىي
پاۋلوۋىچ Калафати، Дмитрий
Павлович) — 880 — ، 891 —
بەتلەر.
مالاخوۋ نىكولاي نىكولايېۋىچ
(Малахов، Николай Нико-
лаевич 1827 — يىلى تۇغۇل-
غان) — 1164 — 1165 — بەتلەر.
مالتۇس توماس روبېرت (Malthus
Thomas Robert 1766 — 1834)
— 302 — بەت.
مان توم (Mann، Tom) 1856 —
1941) — 1228 — بەت.
ماننىڭ ھېنرى ئېدۋارد (Manning،
Henry Edward 1808—1892) —
1227 — بەت.
مانۇئىلوۋ ئالېكساندر ئاپوللونوۋىچ
(Мануилов، Александр

— (1929—1861 Аполлонович
1091 ـ بەت.
ماركس ـ ئاۋېلىڭ ئېلېنا (ـ Marx
(1898—1855 Aveling، Eleanor
(تۇسسى Tussy) — 1227 ـ بەت.
ماركس كارل (Marx، Karl
، ـ 11 — 2 — (1883 — 1818
— 48 ، ـ 44 — 39 ، ـ 33 — 16
، ـ 92 — 82 ، ـ 78 — 76 ، ـ 72
، ـ 128 ، ـ 106 — 101 ، ـ 96
، ـ 156 — 152 ، ـ 145 — 143
— 274 ، ـ 254 ، ـ 165 — 159
— 290 ، ـ 288 ، ـ 280 ، ـ 276
، ـ 318 — 307 ، ـ 302 ، ـ 301
، ـ 343 ، ـ 331 — 325 ، ـ 322
، ـ 391 ، ـ 383 ، ـ 357 — 354
، ـ 457 ، ـ 443 ، ـ 429 ، ـ 418
، ـ 924 ، ـ 790 ، ـ 668 ، ـ 517
، ـ 1004 ، ـ 967 — 966 ، ـ 941
، ـ 1055 ، ـ 1030 ، ـ 1015
— 1084 ، ـ 1079 ، ـ 1070
، ـ 1117 ، ـ 1099 ، ـ 1095
— 1190 ، ـ 1165 ، ـ 1124
، ـ 1206 — 1204 ، ـ 1203
، ـ 1231—1219 ، ـ 1215 — 1209
، ـ 1267 — 1266 ، ـ 1243
— 1341 ، ـ 1287 ، ـ 1271
1343 ـ بەتلەر.
مارتىنوۋ (1935—1865 Мартынов)
(ئەسلى ئىسمى پىكېر ئالېكساندر
Пикер، Александр سامويلوۋىچ
، ـ 457 — (Самойлович
— 482 ، ـ 476 ، ـ 470 — 469
— 500 ، ـ 496 — 489 ، ـ 488
— 516 ، ـ 508 ، ـ 507 ، ـ 503
— 533 ، ـ 525 — 523 ، ـ 518
، ـ 568 ، ـ 563 ، ـ 556 ، ـ 534
، ـ 679 ، ـ 668 ، ـ 656 ، ـ 638
، ـ 816 ، ـ 808 ، ـ 685 — 683
، ـ 875 ، ـ 845 ، ـ 839 ، ـ 820
، ـ 926 ، ـ 923 ، ـ 918 ، ـ 812
، ـ 998 — 996 ، ـ 981 ، ـ 939
، ـ 1031، ـ 1029، ـ 1007، ـ 1000
، ـ 1073 — 1070، ـ 1049 — 1048
— 1321، ـ 1084، ـ 1083 — 1081
1324 ـ بەتلەر.
مارتوۋ ل. (Мартов، л. 1873 —
(1923) (ئەسلى ئىسمى سېدېربائۇم
Цедербаум، يۇلىي ئوسىپوۋىچ
Юлий Осипович تەخەللۇسى
Нарцис نارتسىس تۇپورىلوۋ
، ـ 465 — (Тупорылов
، ـ 798 ، ـ 797 ، ـ 791 ، ـ 486
، ـ 834 — 809 ، ـ 806 ، ـ 802
، ـ 863 ، ـ 856 ، ـ 845 ، ـ 842
، ـ 887 ، ـ 881 — 876 ، ـ 867
، ـ 1257 ، ـ 1000 ، ـ 892 ، ـ 890
1281 ـ ، 1299 ـ بەتلەر.

ماسلوۋ پېتر پاۋلوۋىچ (Маслов، Петр Павлович 1867 — 1946) — 1193 — ، 1341 — 1343 — بەتلەر.

مايېر سىگمۇند (Mayer، Sigmund) — 49 — بەت.

مېدۋېدېۋ (Медведев 1866 — يىلى تۇغۇلغان) (ئەسلى ئىسمى نېكولايېۋ لېونىد ۋلادىمىروۋىچ Николаев، Леонид Владимирович) — 833 — بەت.

مېيېر روبېرت (Meyer، Robert 1855 — 1914) — 321 — بەت.

مېرىڭ فرانز (Mehring Franz 1846 — 1919) — 461 — ، 966 — ، 1084 — 1085 — ، 1094 — 1097 — ، 1204 — ، 1211 — 1213 — ، 1216 — ، 1219 — بەتلەر.

مېشېرسكى ۋلادىمىر پېتروۋىچ (Мещерский، Владимир Петрович 1839 — 1914) — 529 — بەت.

مىخايلوۋ نىكولاي نىكولايېۋىچ (Михайлов Николай Николаевич 1870 — 1905) — 438 — بەت.

مىخايلوۋ ئالېكساندىر دمىترىيېۋىچ (Михайлов، Александр Дмитриевич 1855 — 1884) — 615 — بەت.

مىخايلوۋسكى نىكولاي كونستانتىنوۋىچ (Михайловский، Николай Константинович 1842 — 1904) (تەخەللۇسى پوستورونني (Посторонний) — 1 — ، 113 — ، 143 — 145 — ، 204 — ، 228 — ، 239 — ، 258 — 270 — ، 464 — ، 682 — ، 1303 — بەتلەر.

مىلېران ئالېكساندىر ئېتيېننى (Millerand Alexandre Etienne 1859 — 1943) — 390 — ، 391 — ، 874 — ، 1048 — بەتلەر.

مىل جون ستۇئارت (Mill، John Stuart 1806 — 1873) — 298 — ، 302 — بەتلەر.

مىليۇكوۋ پاۋېل نىكولايېۋىچ (Милюков Павел Николаевич 1859 — 1943) — 1268 — ، 1269 — بەتلەر.

مىنسكى (Минский 1885 — 1937) (ئەسلى ئىسمى ۋىلېنكىن نىكولاي ماكسىموۋىچ Виленкин، Николай Максимович) — 204 — بەت.

مىشكىن ئىپولىت نىكىتىچ (Мышкин، Ипполит Никитич 1848 — 1885) — 558 — ،

615 ـ، 809 ـ بەتلەر.
مول يوسىپ (Moll, Joseph
1812 — 1849) — 1094 ـ بەت.
موست جوھان يوسىپ (Most, Johann Joseph
1846 — 1906) — 398 ـ، 461 ـ، 584 ـ، 1213 ـ
بەتلەر.
مورگان لېۋىس ھېنرى (Morgan, lewis Henry
1818 — 1881) — 26 ـ، 31 ـ
بەتلەر.
مۇلبېرگېر ئاردۇر (Mülberger, Arthur
1847 — 1907) — 398 ـ
بەت.

ن

ن.ن. — پروكوپوۋىچقا قاراڭ.
نادېژدىن، ل. (Надеждин, Л
1877 — 1905) (ئەسلى ئىسمى
زېلېنسكى يېۋگېنىي ئوسىپوۋىچ
Зеленский, Евгений Осипович) — 638 ـ، 643 ـ،
650 — 661 ـ، 670 — 678 ـ،
805 ـ، 987 ـ بەتلەر.
ناپولېون I (ناپولېون بوناپارت)
Napoléon I, Napoléon Bonaparte
1769 — 1821) — 60 ـ بەت.
نارتىس تۇپورىلوۋ — مارتوۋغا قاراڭ.
نايىت روبېرت (Knight, Robert)
— 516 — 517 ـ بەتلەر.
ن. ـ ئون — دانىيېلسونغا قاراڭ.
نىكولاي ـ ئون — دانىيېلسونغا
قاراڭ.
نىكولاي II (Николай II 1868 —
1918) (رومانوۋ نىكولاي ئالېك-
ساندروۋىچ Романов, Нико-
лай Александрович) —
694 ـ، 967 ـ، 976 ـ، 1078 ـ
بەتلەر.

ئو

ئوبولېنسكى ئىۋان مىخايلوۋىچ
Оболенский, Иван Михай-)
лович 1845 — 1910) — 782 ـ
بەت.
ئوۋېن روبېرت (Owen, Robert
1771 — 1858) — 422 ـ بەت.
ئوزېروۋ ئىۋان خرىستوفوروۋىچ
Озеров, Иван Христофо-)
рович 1869 — 1942) — 571 ـ
574 ـ بەتلەر.

پ

پارۋۇس (Парвус 1869 — 1924)
(ئەسلى ئىسمى گېلفاند ئالېكساندر
لازارېۋىچ Гельфанд, Алек-

сандр Лазаревич) — 1249، 1257 — ، 1311 — ، 1318 — بەتلەر.
پاۋلوۋىچ (Павлович 1870—1939)
(ئەسلى ئىسمى كراسكوۋ پيتر
ئانانيېۋىچ Красиков، Петр
Ананьевич) — 828 — 832 —
بەتلەر.
پېروۋسكايا سوفيا لۋوۋنا (Перовс-
кая، Софья Львовна
1853 — 1881) — 615 — بەت.
پېترۇنكېۋىچ ئىۋان ئىلئىچ (Петрун-
кевич Иван Ильич
1844—1928) — 967 — ، 1065 — ،
1090 — بەتلەر.
پىسارېۋ دمىترىي ئىۋانوۋىچ
(Писарев، Дмитрий Ива-
нович 1840 — 1868) — 668 —
بەت.
پلېخانوۋ گېورگىي ۋالېنتىنوۋىچ
(Плеханов، Георгий Вален-
тинович 1856 — 1918) —
(تەخەللۇسى بېلتوۋ ن؛
Бельтов Н.; ۋولگىن. ئا. Вол-
гин، А; كامېنسكى.ن Каменский.
Н.) — 83 — ، 102 — 104 — ،
123 — ، 162 — ، 254 — ، 262 — ،
264 — ، 274 — ، 326 — ، 356 — ،
395 — ، 453 — ، 464 — ، 459 —
494 — ، 518 — ، 555 — 559 — ،
615 — ، 668 — ، 798 — ، 801 — ،
816 — ، 833 — ، 840 — ، 845 — ،
880 — ، 882 — ، 883 — ، 887 — ،
888 — ، 1060 — ، 1071 — ،
1099 — ، 1120 — ، 1162 — ،
1197 — 1203 — ، 1205 — ،
1230 — ، 1237 — 1239 — ،
1251 — 1252 — ، 1292—1293 — ،
1310 — ، 1320—1322 — ، 1326 —
بەتلەر.
پراكتىك (ئەمەلىيەتچى Практик
1876 — يىلى تۇغۇلغان) (ئەسلى
ئىسمى ماكاد زيۇب مارك سائۇلوۋىچ
Макадзюб، Марк Саул-
ович) — 851 — ، 855 — بەتلەر.
پروكوپوۋىچ سېرگېي نىكولايېۋىچ
(Прокопович، Сегей Ни-
колаевич 1871 — 1955) (تە-
خەللۇسى ن.ن. N.N.) — 407 — ،
409 — ، 446 — ، 486 — ، 564 — ،
683 — ، 1066 — بەتلەر.
پرۇدون پېررې يوسېف (Prou-
dhon، Pierre — Joseph
1809 — 1865) — 18 — ، 265 — ،
316 — 317 — ، 444 — ، 1098 — ،
1201 — بەتلەر.
پونتىۋس پىلاتۇس (Pontius
Pilatus تەخمىنەن مىلادى 37 —
يىللىرى ئۆلگەن) — 297 — بەت.

پوپ ئادېلھېيد Popp, Adelheid)
1869 — 1939) — 1297 ـ بەت.
پوپوۋ Попов) 1876 — 1939)
(ئەسلى ئىسمى روزانوۋ ۋلادى-
مىر نىكولايېۋىچ Розанов,
— (Владимир Николаевич
808 ـ، 819 ـ، 820 ـ، 883 ـ،
888 ـ بەتلەر.
پوسادوۋسكى Посадовский)
1870 ـ يىلى تۇغۇلغان) (ئەسلى
ئىسمى ماندېلبېرگ ۋىكتور يېۋسې-
يېۋىچ Мандельберг, Виктор
Евсеевич) — 808 ـ، 839 ـ بەتلەر.
پوستورونىي — مىخايلوۋسكىغا قاراڭ.
پوترېسوۋ ئالېكساندىر نىكولايېۋىچ
(Потресов, Александр Ни-
колаевич 1896 — 1934) (تە-
خەللۇسى ستاروۋېر Старовер) —
402 ـ، 969 ـ، 981 ـ، 1021 ـ،
1060 ـ، 1074 ـ، 1306 ـ بەتلەر.
پەپلوۋ فرىتز Päplow, Fritz) —
1290 ـ بەت.

چ

چالمېرس توماس Chalmers,)
Thomas, 1780 — 1847) — 302 ـ
بەت.
چامپىون ھېنرى ھايدى Champion,)
Henry Hyde 1859 — 1928) —
1227 ـ بەت.
چېرېۋانىن ن. Череванин, Н.)
(ئەسلى ئىسمى 1868 — 1938)
لىپكىن فېدور ئاندرېيېۋىچ Лип-
кин, Федор Андреевич) —
1325 ـ بەت.
چېرنىشېۋسكى نىكولاي گاۋرىلوۋىچ
Чернышевский, Николай
Гаврилович 1828 — 1889) —
420 ـ بەت.

ر

ر. — رادچېنكوغا قاراڭ.
رادچېنكو ستېپان ئىۋانوۋىچ (Рад-
ченко, Степан Иванович
1868 — 1911) (ر.Р.) — 1306 ـ
بەت.
راۋ كارل ھېينرىش Rau, Karl)
Heinrich 1792 — 1870) —
321 ـ بەت.
رېنان ئېرنېست يوسېف Renan,)
Ernest Joseph 1823 — 1892) —
1099 ـ بەت.
رىكاردو داۋىد Ricardo, David)
1772 — 1823) — 298 ـ، 301 ـ،
1193 ـ بەتلەر.
رىتتىڭھائۇسېن مورىتز Ritting-)

(1814 — 1890 hausen، Moritz
618 ـ بەت.
رەم. (P.M.) — 460 ـ، 486 ـ،
495 ـ، 562 ـ، 683 ـ، 685 ـ
بەتلەر.
رود بېرتۇس ـ جاگېتزوۋ جوھان كارل
(Rodbertus - Jagetzow، Jo-
hann Karl 1805 — 1875) —
313 ـ، 318 ـ، 320 ـ بەتلەر.
رودىچېۋ فېدور ئىزمايلوۋىچ
(Родичев، Федор Измайло-
вич 1856 ـيىلى تۇغۇلغان) —
1065 ـ، 1090 ـ، 1091 ـ،
1153 ـ، 1256 ـ بەتلەر.
روگاچېۋ دمىتري مىخايلوۋىچ (Ро-
гачев، Dмитрий Михай-
лович 1851—1884)—615 ـبەت.
روسېنوۋ ئېمىل (Rosenow،Emil
1871 — 1904) — 865 ـ بەت.
روزانوۋ ۋاسىلىي ۋاسىلىيېۋىچ
(Розанов، Василий Васи-
льевич 1856 — 1919) — 204 ـ،
259 ـ بەتلەر.
رۇگې ئارنولد (Ruge، Arnold
1802 — 1880) — 50 ـ، 160 ـ
بەتلەر.
روسسو جان جاك (Rousseau،
Jean-Jacques 1712—1778) —
70 ـ بەت.
رۇسوۋ (Русов 1878 — 1911)
(ئەسلى ئىسمى كنۇنيانس بوگدان
مىرزادژانوۋىچ Кнунянц،
Богдан Мирзаджанович)—
833 ـ بەت.
روزۋېلت دېودور (Roosevelt،
Theodore 1858 — 1919) —
1291 ـ بەت.

س

سالتىكوۋ ـ شېدرىن مىخائىل يېۋگرا-
فوۋىچ (Салтыков - щедрин،
Михаил Евграфович 1826 —
1889) — 601 ـ بەت.
سارېۋ (Царев 1880 — 1937)
(ئەسلى ئىسمى لوكېرمان ئالېكساندر
ساموئيلوۋىچ Локерман، Алек-
сандр Самойлович) — 833 ـ
بەت.
ساۋىنكوۋ بورىس ۋىكتوروۋىچ
(Савинков، Борис Викто-
рович 1879 — 1925) (تەخەللۇ-
سى ب — ۋ. Б — в، روپشىن
Ропшин) — 551 ـ، 556 ـ،
593 — 599 ـ، 602 ـ، 612 ـ
بەتلەر.
ساي جان باپتىست (Say،Jean -
Baptiste 1767 - 1832) — 302 ـ

بەت.
سازونوۋ گېورگىي پېترووۋىچ
Сазонов,Георгий Петрович)
1857 ـ يىلى تۇغۇلغان) — 239 ـ
بەت.

سېدىر باتۇم. — مارتوۋغا قاراڭ.

سېرېبىر ياكوۋ يېسپېر ئالېكساند-
Серебряков, Еспер) رووۋىچ
(1921 — 1854 Александрович
— 615 ـ بەت.

Saint –) سېن ـ سىمون ھېنرى
—(1825 — 1760 Simon, Henri
422 ـ بەت.

Sindermann,) سىندېرمان كارل
1869 ـ يىلى تۇغۇلغان) — 1869 Carl
874 ـ بەت.

Senior,) سېنور ناسائۇ ۋىللىام
— 1790 Nassau William
(1864 — 309 ـ بەت.

سىسموندى جان ـ شارلېس ـ لېونارد
Sismondi,) سىسموندي دي
Jean – Charles – Leonard Si-
— 302 — (1842—1773 monde de
بەت.

سكالدىن (1902 — 1828 Скалдин)
(ئەسلى ئىسمى يېلېنېۋ فېدور
Еленев, Федор پاۋلوۋىچ
، ـ 226 — 206 — (Павлович
233 — 235 ـ بەتلەر.

سكۋورتسوۋ ئالېكساندر ئىۋانوۋىچ
Скворцов, Александр Ива-)
، ـ 110 — (1914 — 1848 нович
281 ـ ، 307 ـ بەتلەر.

Spencep, Her-) سپېنسېر ھېربېرت
— 8 ـ بەت. (1903 — 1820 bert

Smith, Adam) سىمىت ئادام
— 295 ، ـ 225 — (1790 — 1723
ـ 331 ، ـ 321 ، ـ 319 ، ـ 301
بەتلەر.

ست. — ستاركوۋغا قاراڭ.

ستاركوۋ ۋاسىلىي ۋاسىلىيېۋىچ
Старков, Василий Василь-)
(Ст .ست) (1925 — 1869 евич
— 1306 ـ بەت.

ستاروۋېر — پوتروسوۋغا قاراڭ.

ستاسيۇلېۋىچ مىخائىل ماتۋېيېۋىچ
Стасюлевич михаил Мат-)
— (1911 — 1826 веевич
224 ـ بەت.

ستېبۇت ئىۋان ئالېكساندرووۋىچ
Стеьут, Иван Александ-)
ـ 281 — (1923 — 1833 рович
بەت.

(1925 — 1871 Страхов) ستراخوۋ
(ئەسلى ئىسمى تاختارېۋ كونستانت-
Тахтарев, تىن مىخايلوۋىچ
Константин Михайло-
— 826 ـ بەت. (вич

ستىرنېر ماكس (Stirner, Max) (1806 — 1856) (ئەسلى ئىسمى شمىت كاسپار Schmidt Kaspar) — 380 - بەت.

ستروۋې پېتر بېرنگاردوۋىچ (Струве, Петр Бернгардович) (1870 — 1944) — 262 -، 270 -، 276 -، 292 -، 405 -، 446 -، 486 -، 674 -، 683 -، 900 -، 919 -، 956 -، 965 -، 987 — 993 -، 994 -، 1028 — 1033 -، 1063 -، 1065 -، 1075 — 1082 -، 1267 -، 1303 — 1308 -، 1329 - بەتلەر.

ستولىپىن پېتر ئاركادىيېۋىچ (Столыпин, Петр Аркадьевич) (1862 — 1911) — 276 -، 1253 — 1255 -، 1269 - بەتلەر.

سومبارت ۋېرنېر (Sombart, Werner) (1863 — 1941) — 1267 - بەت.

سورگې فرىدرىخ ئادولف (Sorge, Friedrich Adolph) (1828 — 1906) — 1204 -، 1205 -، 1208 -، 1211 -، 1213 -، 1215 — 1216 -، 1219 -، 1233 - بەتلەر.

سېتكىن كلارا (Zetkin, Clara) (1857 — 1933) — 1288 -، 1293 — 1300 - بەتلەر.

ت

تىيېر ئادولف (Thiers, Adolphe) (1779 — 1877) — 1079 - بەت.

تكاچېۋ پېتر نىكىتىچ (Ткачев, Петр Никитич) (1844 — 1885) — 671 - بەت.

تراۋىنسكى (Травинский) (1872 — 1959) (ئەسلى ئىسمى كرژىژانوۋسكى گلېب ماكسىمىليانوۋىچ Кржижановский, Глеб Максимилианович) — 887 - بەت.

ترېيچكې هېنرىش فون (Treitschke, Heinrich von) (1834 — 1896) — 1243 - بەت.

تروتسكى لېۋ داۋىدوۋىچ (Троцкий, Лев Давидович) (1879 — 1940) — 827 -، 887 -، 902 -، 981 - بەتلەر.

تروبېتسكوي سېرگېي نىكولايېۋىچ (Трубецкой, Сергей Николаевич) (1862 — 1905) — 1065 — 1091 - بەتلەر.

تۇگان - بارانوۋسكى مىخائىل ئىۋانوۋىچ (Туган - Барановский, Михаил Иванович

1865 — 1919) — 240 — ، 292 — ،
302 — ، 307 — ، 314 — ، 1303 —
بەتلەر.

تۈنېن جوھان ھېينرىش
Thünen, Johann Heinrich)
1783 — 1850) — 1193 — بەت.

تۇسسى — ماركس — ئاۋېلىڭغا قاراڭ.

Turati, Filippo) تۇراتى فىلىپپو
1857 — 1932) — 997 — ، 1015 —
بەتلەر.

ۋ

Wagner, Adolph) ۋاگنېر ئادولف
1835 — 1917) — 321 — بەت.

Vahlteich,) ۋالتېش كارل يۇلىۇس
Karl Julius 1839 — 1915) —
398 — بەت.

ۋانېيېۋ ئاناتولىي ئالېكساندروۋىچ
Ванеев, Анатолий Алек-)
сандрович 1872 — 1899) —
431 — ، 435 — بەتلەر.

Varlin,) ۋارلېن لۇئى ئېۋگېن
Louis Eugène 1839—1871) —
1048 — بەت.

ۋاسىلىيېۋ (Васильев 1873 — 1936)
(ئەسلى ئىسمى لېنگنىك فرىدرىخ
ۋىلگېلموۋىچ - Ленгник, Фри-
дрих Вильгельмович) —

887 — بەت.

ۋاسىلىيېۋ نىكىتا ۋاسىلىيېۋىچ (Василь-
ев, Никита Васильевич
1855 — يىلى تۇغۇلغان) — 571 —
بەت.

Webb, Beatrice) ۋېب بېئاترىسې
1858 — 1943) — 482 — ، 617 — ،
1268 — بەتلەر.

Weitling, Wil-) ۋېيتلىڭ ۋىلھېلم
helm 1808 — 1871) — 444 —
بەت.

ۋ. ئى — ن — ئىۋانشىنغا قاراڭ.

Woltmann,) ۋولتمان لىۇدۋىگ
Ludwig 1871 — 1907) — 458 —
بەت.

Webb, Sid-) ۋېب سىدنېي جامېس
ney James 1859 — 1947) —
482 — ، 617 — ، 1268 — بەتلەر.

Wilhelm II) ۋىلھېلم II
1859 — 1941) — 544 — بەت.

ۋىتتې سېرگېي يۇلىيېۋىچ
Витте, Сергей Юльевич)
1849 — 1915) — 377 — ، 538 —
بەتلەر.

ۋولگىن ئا. — پلېخانوۋغا قاراڭ.

Волынский) ۋولىنسكىي
1863 — 1926) (ئەسلى ئىسمى
فلېكسېر ئاكىم لۋوۋىچ ,Флексер
Аким Львович) — 259 — ،

260 ـ بەتلەر.
ۋورمىس ئالفونس ئېرنېستوۋىچ
Вормс, АльФонс Эрнесто-)
вич 1868 — 1937) — 571 ـ بەت.
ۋورونتسوۋ ۋاسىلىي پاۋلوۋىچ
Воронцов, Василий Пав-)
лович 1847 — 1918) (تەخەللۇ-
سى ۋ.ۋ. B.B.) — 45 ـ، 122 ـ،
228 ـ، 233 ـ، 239 ـ، 246 ـ،
249 ـ، 262 — 264 ـ، 270 ـ،
282 — 294 ـ، 317 ـ، 325 ـ،
439 — 441 ـ، 452 ـ، 458 ـ،
463 ـ، 1125 ـ بەتلەر.
ۋ.ۋ. — ۋورونتسوۋغا قاراڭ.
ۋىشنېۋېتسكى خانىم — كېلىلىي ـ
ۋىشنېۋېتزكى خانىمغا قاراڭ.

ش

شاپپېر كارل Schapper, Karl)
1812 — 1870) — 1094 ـ بەت.
شېدرىن — سالتىكوۋ شېدرىنگە قاراڭ.
شىپپىل ماكس Schippel, Max)
1859 — 1928) — 1218 ـ بەت.
شمىت پېتر پېتروۋىچ Шмидт Петр)
Петрович 1867 — 1906) —
1139 ـ بەت.
شرام كارل ئاۋگۇست Schramm,)
Karl August) — 461 ـ،
1213 ـ، 1215 ـ بەتلەر.
شۋېرىن ماكسىملىيان Schwerin,)
Maximilian 1804 — 1872) —
1089 — بەت.
شۋېيتسېر جوھان باپتىست
Schweitzer, Johann Baptist)
1833 — 1875) — 461 ـ بەت.
شۇلتس ـ دېلىچ ھېرمان
Schulze-Delitzsch, Hermann)
1808 — 1883) — 447 ـ بەت.
شۇلتس — گائېفېرنىتس گېرھارت
Schulze — Gaevernitz, Ger-)
hart 1864 — 1943) — 269 ـ بەت.

ي

يېرمولوۋ ئالېكسېي سېرگېيېۋىچ
Ермолов, Алексей Сергее-)
вич 1846 — 1917) — 123 ـ،
743 ـ بەتلەر.
يېگوروۋ Егоров) 1873 ـ يىلى
تۇغۇلغان) (ئەسلى ئىسمى لېۋىن
(يېفرېم ياكوۋلېۋىچ Левин,
Ефрем Яковлевич) — 799 ـ،
833 ـ، 840 ـ بەتلەر.
يۇژاكوۋ سېرگېي نىكولايېۋىچ
Южаков, Сергей Николае-)
вич 1849—1910) — 1 ـ، 89 ـ،
90 ـ، 122 ـ، 231 ـ، 239 ـ،

249 ـ، 262 ـ بەتلەر.

يۈزوۋ (Юзов 1848 — 1893)
(ئەسلى ئىسمى كابلىتس ئىوسىف
ئىۋانوۋىچ Каблиц, Иосиф
Иванович) — 239 ـ، 260 ـ،
262 ـ بەتلەر.

ز

زاسۇلىچ ۋېرا ئىۋانوۋنا
Засулич, Вера Ивановна)
1849—1919) (تەخەللۇسى ئىۋانوۋ
ۋ .В (Иванов, — 163 ـ،
251 ـ، 610 ـ، 872 ـ، 1230 ـ
بەتلەر.

زىبېر نىكولاي ئىۋانوۋىچ (Зiбер,
Николай Иванович 1888 —
1844) — 301 ـ بەت.

زېتز لۇئىسې (Zietz, Luise
1865 — 1922) — 1297 ـ بەت.

زۇباتوۋ سېرگېي ۋاسلىيېۋىچ (Зу-
батов, Сергей Васильевич
1864 — 1917) — 407 ـ، 446 ـ،
571 — 574 ـ بەتلەر.

ھ

ھابسبۇرگ خاندانلىغى (Habsbur-
ger) — 1194 ـ بەت.

ھانسېمان داۋىد يۇستۇس
Hansemann, David Justus)
1790 — 1864) — 1089 — 1091 ـ
بەتلەر.

ھاركۇرت ۋىللىام (Harcourt,
William 1827 — 1904) — 1079
بەت.

ھاسسېلمان ۋىلھېلم (Hasselmann,
Wilhelm 1844 ـ يىلى تۇغۇل-
غان) — 461 ـ، 584 ـ بەتلەر.

ھائۇپتمان گېرھارت (Hauptmann,
Gerhart 1862 — 1946) — 335ـ
بەت.

ھايندمان ھېنرى مايېر (Hyndman,
Henry Mayers 1842 ـ 1921)—
1218 ـ بەت.

ھاينې ھېنرىش (Heine, Heinrich
1797 — 1856) — 274 ـ بەت.

ھاينې ۋولفگانگ (Heine, wolfgang
1861 — 1944) — 866 — 869 ـ،
875 ـ بەتلەر.

ھېرۋې گۇستاف (Herve, Gustave
1871 — 1944) — 1298 — 1301 ـ
بەتلەر.

ھېركنېر ھېنرىش (Herkner,
Heinrich 1863 — 1932) —
321 ـ بەت.

ھېرتس فرىدرىخ ئوتتو (Hertz,
Friedrich Otto 1878 ـ يىلى

تۇغۇلغان) — 414 — بەت.

ھىللكۋىت مورىس (Hillquit, Morris 1869 — 1933) — 1205 — بەت.

ھىرش كارل (Hirsch, Karl 1841 — 1900) — 1213 — بەت.

ھىرش ماكس (Hirsch, Max 1832 — 1905) — 440 — بەت.

ھۆشبېرگ كارل (Höchberg, Karl 1853 — 1885) — 461 — ، 1211 — ، 1216 — بەتلەر.

ھوھېنزوللېرن خاندانلىغى (Hohen-zollern) — 1194 — بەت.

ژ

ژېلیابوۋ ئاندرېي ئىۋانوۋىچ (Желябов, Андрей Иванович 1850 — 1881) — 558 — ، 615 — ، 667 — ، 809 — بەتلەر.

ژورېس، جان (Jaurês, Jean 1859 — 1914) — 870 — ، 875 — ، 1033 — بەتلەر.

ژۇكوۋسكى يۇلىي گالاكتىونوۋىچ (Жуковский, Юлий Галактионович 1822—1907) — 5 — ، 64 — ، 65 — ، 72 — بەتلەر.

本书根据中共中央马克思、恩格斯、列宁、斯大林著作编译局翻译，人民出版社1972年10月第2版北京第2次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ئەسەرلىرى تەرجىمە ئىدارىسى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان، خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1972 ـ يىل 10 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان 2 ـ نەشرى، 1976 ـ يىل 5 ـ ئايدا بېسىلغان بېيجىڭ 2 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى 1 ـ توم

ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرى

مەركىزىي مىللەتلەر تەرجىمە ئىدارىسى تەرىپىدىن

تەرجىمە قىلىندى

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

شىنخۇا كىتاپخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ

مىللەتلەر باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

1986 ـ يىل 3 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى

1986 ـ يىل 3 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى

باھاسى: 5.30 يۈەن

列宁选集

第一卷

（维吾尔文）

中央马列著作毛泽东著作
民族语文翻译局译

民族出版社出版　新华书店发行
民族印刷厂印刷

开本：850×1168毫米1/32　印张：46 3/4
1986年3月第1版
1986年3月北京第1次印刷
印数：0001—4,300册　定价：（上、下册）5.30元
书号：M 1049（4）328